ئابلىز ھەسەن

# يۆتكىلىپ ئاقىدىغان دەريا



مىللەتلەر نەشرىياتى

责任编辑：穆罕默德·伊明　乔丰厚
封面设计：刘家峰

(010) 64228311

ISBN 7-105-05063-2

ISBN 7-105-05063-2/I · 1125
民文（维196）　定价：22.00元

9 787105 050635 >

15
1247.5
97

ئابلىز ھەسەن

# يۆتكىلىپ ئاقىدىغان دەريا

مىللەتلەر نەشرىياتى

责任编辑:穆罕默德·伊明　乔丰厚
责任校对:胡达拜地

**图书在版编目(CIP)数据**

改道的河/阿布力孜·艾山著. -北京:民族出版社,2002.6

ISBN 7-105-05063-2

Ⅰ.改…　Ⅱ.阿…　Ⅲ.长篇小说-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2002)第033708号

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街14号　邮编100013)
http://www.e56.com.cn
民族出版社微机照排　迪鑫印刷厂印刷
各地新华书店经销
2002年6月第1版　2006年6月北京第1次印刷
开本:850×1168毫米　1/32　印张:17　字数:544千字
印数:0001—3000册　定价:22.00元

---

该书如有印装质量问题,请与本社发行部联系退换
(维文室电话:64290862;发行部电话:64211734)

مەسئۇل مۇھەررىر: **مۇھەممەت ئىمىن، چياۋفېڭخۇ**
مەسئۇل كوررېكتـور: **خۇدابەردى خېلىل**
كىتاب ئىسمىنى يازغۇچى: **دولقۇن قادىر**

# يۈتكىلىپ ئاقىدىغان دەريا

## ئابلىز ھەسەن

**نەشر قىلغۇچى** : مىللەتلەر نەشرىياتى
**ئادرېسى** : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ
پوچتانومۇرى : 100013 ،تېلېفون نومۇرى :64290862-010
**تارقاتقۇچى** : مىللەتلەر نەشرىياتى شىنجاڭ خىزمەت پونكىتى
**تور ئادرېسى** : http://www.e56.com.cn
**باسقۇچى** : دىشىن باسما زاۋۇتى
**ساتقۇچى** : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
**نەشرى** : 2002-يىلى 6-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
**بېسىلىشى** : 2002-يىلى 6-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
**ئۆلچىمى** : 850×1168مم . 32 كەسلەم
**باسما تاۋىقى** : 17
**سانى** : 0001—3000
**باھاسى** : 22.00 يۈەن

# نەشرىياتتىن

يولداش ئابلىز ھەسەن 1939-يىل 9-ئاينىڭ 3-كۈنى تۇرپان يېڭى شەھەردە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ھەسەن ئاخۇن ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئىلىم-مەرىپەت باغچىسىدا تەربىيىلىنىشىگە ياخشى ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بولغان ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياشىغان تۇرپان يېڭى شەھەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەبىي مۇھىتى ئۆسمۈرلۈك چېغىدىن باشلاپلا تىرىشچان، زېرەك ئابلىزنىڭ سەبىي قەلبىدە بەدىئىي ئەدەبىياتقا بولغان ئىنتايىن زور قىزىقىشنى قوزغىغان ۋە كۈچلۈك ھەۋەس ئويغاتقان. ئۇ تۇرپان شەھەرلىك باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىن باشلاپ نۇرغۇن خەلق قوشاقلىرىنى، ئۆمەر مۇھەممەدى، ل. مۇتەللىپ، پوشكىن، لېرمونتوۋ قاتارلىق مەشھۇر شائىرلارنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىنى يادلىۋالغان، ئۆزىمۇ شېئىر-قوشاق يېزىشقا باشلىغان، بۇ ئۇمىدلىك غۇنچىنىڭ تالانتىنى بايقىغان ئۇستازلىرى ئۇنىڭغا قىزغىن ئىلھام بەرگەن ۋە شېئىرلىرىنى تاللاپ مەكتەپ قارا دوسكىسىدا ئېلان قىلغان.

يولداش ئابلىز ھەسەننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1955-يىلى «شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم») ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «شۇ يولدا» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلانغان. شۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە «شىنجاڭ گېزىتى»، «تارىم»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ سودا گېزىتى»، «يېڭى قاشتېشى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «بوستان»، «ئىلى دەرياسى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «تەڭرىتاغ»، «باينىغولىن گېزىتى»،

«تۇرپان گېزىتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا 400 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، داستان، ھېكايە، ئەدەبىي ئوبزورلىرى ئېلان قىلىنغان. 1988-يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «يۈرەك ساداسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى («ھايات قەدرى» ناملىق بىرلەشمە توپلام تەركىبىدە) نەشر قىلىندى. 1990-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «ھايات باھارى» ناملىق 2-شېئىرلار توپلىمى (بىرلەشمە) نەشر قىلىندى.

شائىر ئابلىز ھەسەن جۇڭگو قەلەمكەشلەر مەركىزى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ جۇڭگو ئىشچىلار نەشرىياتى تەرىپىدىن 1993-يىلى نەشر قىلىنغان «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرى قامۇسى»غا ۋە جىلىن خەلق نەشرىياتى 1992-يىلى نەشر قىلغان «ھازىرقى زامان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر شەخسلەر قامۇسى»نىڭ 3-تومىغا كىرگۈزۈلدى.

شائىر ئابلىز ھەسەن ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، «كرورەن» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ئالتاي ئورمانلىرىدا .................. (1)
ئىككىنچى باب تەلەيخان .......................... (36)
ئۈچىنچى باب چېگرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ............ (81)
تۆتىنچى باب ھەمدۇل پالۋان ...................... (130)
بەشىنچى باب ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ ئايلىنىشى ........ (180)
ئالتىنچى باب ھەقىقىتى كۆمۈلگەن ئادەملەر........ (218)
يەتتىنچى باب باغراشتىن چىققان”سۇ ئادىمى“ ... (257)
سەككىزىنچى باب ھوقۇق مالىمانچىلىقىدا .............. (307)
توققۇزىنچى باب ھىجران چۆلىدە .................. (345)
ئونىنچى باب پاجىئە ........................... (391)
ئون بىرىنچى باب رازىخاننىڭ رازىلىق خېتى ........ (438)
ئون ئىككىنچى باب داغدام يولدا جەم بولغانلار ........ (487)

# بىرىنچى باب

## ئالتاي ئورمانلىرىدا

ئالتاي ئورمانلىرى نامىڭ ياڭرىسا
قاناتلىق خىيالىم ساڭا ئۇچىدۇ.
قايىنغان قەلبىمنىڭ چوڭقۇرىدا سەن
قوغۇشۇن ئاسمىنىڭدىن سۇمرۇغ چۈشىدۇ.

— ئەدەبىي خاتىرەمدىن.

بىشىدىن كۆپ ئىشلارنى ئۆتكۈزگەن رازىخان ئوغلى باتۇر قادىر بىلەن قىزى تەلەيخاننى تۇرپانىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمىدە بېقىپ چوڭ قىلىپ ئوقۇتتى، ئازادلىقتىن كېيىن ئوغلىنى ھەربىي سەپكە ئۇزىتىپ قويدى. ئوغلى ھەربىي سەپتە يېتىلىپ يۈرۈپ ئاخىر ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ھەربىي لاگىرىدا مۇقىم تۇرۇپ قالدى. بۇ ھەربىي لاگىردا ئەسكەرلەرگە 55 ياشقا كىرگەن، چېچى مەزگىلسىز ئاقىرىشقا باشلىغان ئوفىتسىر شۈي خەيلۇڭ يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ئىسمىمۇ ھەربىي سەپتىكى سەرگۈزەشتىلىرىگە قوشۇلۇپ كوللېكتىپلىشىپ كەتكەن. ئۇ يېتەكچىلىك قىلىپ تۇرۇۋاتقان جاي ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئېگىز قاپتاللىرىدىن ئېقىپ ئۆلغىيىپ شارقىراپ چۈشىدىغان قىران دەرياسىنىڭ بويىدىكى بىر ئېگىز-رەك بۇرجەككە جايلاشقان. بۇ ھەربىي گازارما دەل-دەرەخلەرگە ئورىلىپ

دەريا بويى تەرەپكە تۆپتۆز سوزۇلۇپ كەتكەن ئاۋات بازاردىن ئانچە بەك
يىراق ئەمەس. يەرلىك ئاھالىلەر ئاغزىدا دەريانىڭ "ئالتۇن چايقىغان دەپ
رەم بولۇپ كەتكەن شوخ، تاتلىق، سوغۇق سۇلىرى ھەركۈنى ئەتىگەندە
ئۆملەپ يەر بېغىرلاپ ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىۋاتقان كوماندىر-جەڭ-
چىلەرنىڭ مەشىقىدەك رىتىملىق ئېقىپ تۇرىدۇ. ئۈزۈلمەس ئېقىن، ئۈزۈل-
مەس تىنىمسىز يېقىملىق شاۋقۇنلىرى كېچىلىرى پوستا مەزمۇت تۇرغان
روھى ئۈستۈن جەڭچىلەرنىڭ سەزگۈر قۇلىقىغا مۇقامى تۆۋەنرەك ئورۇنلى-
نىۋاتقان توختاپ قالمايدىغان ساز كۈيىدەك يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ.

بۈگۈن يەكشەنبە—جەڭچىلەرنىڭ ئىختىيارىي دەم ئېلىش كۈنى.
لېەنجاڭ لاۋشۈينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ھەر يەكشەنبە كۈنى
ھەربىر بەندىن بىردىن ئىككىگىچە جەڭچى ئۆز كوماندىرلىرىدىن رۇخسەت
ئېلىپ، نۆۋەتى بويىچە يەكشەنبە—ئارام ئېلىش كۈنى بازارغا بارىدۇ.
قالغان بارلىق كوماندىر-جەڭچىلەر يىراقتا بارماي گازارما ئەتراپىدا بىر
كۈنلۈك ئارامنى ئۆزلىرى خالىغان خىلمۇخىل مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن
كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىدۇ. بۈگۈن كەچتە يەكشەنبە قىلىپ بازاردىن قايتقان
قۇلىقى ئۇزۇن بىر جەڭچىنىڭ ئاغزىدىن: "بىزنىڭ لېەندۈيىمىزگە يۇقىرى
رەھبەرلىك يېڭى بىر ۋەزىپە تاپشۇرۇپتۇ" دېگەن ئادەتتىن تاشقىرى بىر
خەۋەر تارقالدى. ئەگەر بۇ يېڭى ھەربىي ۋەزىپە بولسا مەخپىيەتلىكى
ئىنتايىن چىڭ بولۇپ، مۇنداق ئاشكارا، تېز تارقىلىشى مۇمكىن ئەمەس
ئىدى، قاچان، قەيەرگە بېرىپ، ئورۇنلايدىغان قايسى ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى
بىلىۋېلىشقا تەقەززا بولۇپ تۇرغان بىر تۈركۈم كوماندىر-جەڭچىلەر لېەن
شتابىغا يېغىنىغا كىرىش ئالدىدا تۇرغان پەيجاڭ باتۇر قادىرنى گۈررىدە
ئورىۋېلىشتى.

—پەيجاڭ نەگە بارىدىكەنمىز؟

—نېمە ۋەزىپە ئىكەن ئۇ؟

—لېەن بويىچە ھەممىمىز بارامدۇق ياكى بىزنىڭ ئىزۋۇتلا بارامدۇ؟

باتۇر قادىر ئۆزىنى چۆرىدەپ ئورىۋالغان جەڭچىلەرنىڭ ھازىرلا
جاۋاب كۈتىدىغان زەنجىرسىمان ئۇلانما سوئاللىرىغا دەررۇلا جاۋاب بەر-

مەي:
—مەنمۇ سىلەر بىلەن ئوخشاش، يىغىنغا كىرىپ ئۇققاندىن كېيىن ئاندىن جاۋاب بېرەي، بۇگۈن نەگە بارىدىغانلىقىمىزنى شۇي ليەنجاڭ ئۇقتۇرماقچى،—دېدى-دە، ليەن شتابىغا قاراپ ماڭدى.
ليەن شتابى خام كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان ئاددىي، قاتار ئۆيلەرنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى چوڭراق بىر ئۆي بولۇپ، ئۇڭ يېنىدىكىسى قورال-ياراق ئىسكىلاتى قىلىنغان، سول يېنىدىكىسى ئارقا سەپ ئاشخانا ماددىي ئەشيالىرى ساقلىنىدىغان ئامبار ئىدى، قالغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى جەڭچى، كوماندىرلارنىڭ ياتىقى ئىدى. ليەن شتابىنىڭ ئۇدۇلىدا يەنە بىر قاتار ئۆيلەرمۇ جەڭچى-كوماندىرلارنىڭ ياتىقى. ئىشىكلىرى بىربىرىگە ئۇدۇل تۇرىدىغان بىر قەۋەتلىك بۇ ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى كەڭ، ئۇزۇنغا كەتكەن مەيدان بار ئىدى، يىغىلىش سىگنالى بېرىلگەن ھامان جەڭچىلەر ياتاقلىرىدىن ئالدىراپ يۈگۈرۈپ چىقىپ ئاشۇ چوڭ مەيداندا سەپ تارتىپ رەتلىك تىزىلاتتى.
باتۇر قادىر ليەن شتابىغا يىغىنغا كىردى. يىغىنغا ئىززەت كوماندىرلىرىنىڭ ھەممىسى قاتناشتى. بۇ كونا ليەندىن بىرقانچە ئوفىتسېر كەسىپ ئالماشتۇرۇپ يۆتكىلىپ كەتكەن بولغاچقا، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگىنى ليەندىكى خىزمەتنى كۆچەيتىش يۈزىسىدىن تۇەنجاڭ لاۋشۈينى بۇ ليەندىكى مۇۋەققەت ليەنجاڭى ھەم جىدداۋيۈەنى قىلىپ چۈشۈرگەن ئىدى. ئۇ يېڭى يۆتكىلىپ چۈشكەن بۇ كونا ليەندىكى ئۇيغۇر، قازاق جەڭچىلىرى بىلەنمۇ قىزغىن ئارىلىشىپ يۈرگەچكە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە دائىم ئىشلىتىلىدىغان بەزى گەپ-سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ھەرھالدا يامان ئەمەس ئاڭلاپ چۈشىنەلەيتتى. تىلى تولۇق كەلمىسىمۇ، ئۇيغۇر، قازاق جەڭچىلىرىگە ئۆز ئويىنى سۆزلەپ، ئانچە-مۇنچە ئۇقتۇرالايتتى. ئۇ يىغىنغا قاتناشقان ليەندىكى كادىرلىرىغا بىرقۇر قارىۋېلىپ، ئالدىن تەييارلىۋالغان خاتىرە تىزىسىغا قارىمايلا سۆزىنى باشلىدى:
—يولداشلار، خەلق ھۆكۈمىتى بىزنىڭ ليەندىكە ئالتاي تاغلىرىغا چىقىپ دەرەخ كېسىپ قىران دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن ئېقىتىپ

ئالتايغا ئېلىپ كېلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى.— ليەنجاڭ لاۋشۇي هەرقايسى ئىزۋۇت كوماندىرلىرىغا يەنە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،— بۇ ۋەزىپە ئۈچىنچى ئىزۋۇتقا تاپشۇرۇلدى،— ئۇ پەيجاڭ باتۇر قادىرغا نەق مەيداندا ئىمتىھان ئېلىش ئالدىدا تۇرغان هەربىي مۇئەللىمدەك يەر ئاستىدىن يەنە بىر قېتىم تىكىلىپ قارىدى،— مەنمۇ ئۈچىنچى ئىزۋۇت بىلەن بىرگە تاغقا چىقىمەن. ليەندۈيدە گاۋ شىمىن فۇليەنجاڭ هەرقايسىڭلار بىلەن بىرگە بولىدۇ.

ليەندۈي كادىرلىرىنىڭ يىغىنغا قاتنىشىشتىن ئىلگىرىكى جىددىيلىكى تۈگىدى. گاۋ شىمىن فۇليەنجاڭ يۇقىرىدىن قانداق جىددىي ۋەزىپە چۈشكەندۇ، دەپ تېڭىرقاپ قالغان ئىدى. لاۋشۈينىڭ يەتكۈزمە دوكلاتىنى ئاڭلاپ هېچقانداق بىڭىلىق هېس قىلمىدى. لاۋشۇي هەرقايسى ئىزۋۇت كوماندىرلىرىغا ئۆزى تاغقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئورۇنلايدىغان ۋەزىپىسىنى بۇيرۇق شەكلىدە بايان قىلدى.

يىغىنغا قاناشقان كوماندىرلار ليەنجاڭ لاۋشۈينىڭ سۆزلىرىنى ناهايىتى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى. ليەندۈيگە يۇقىرىدىن هېچقاچان بۇنداق ۋەزىپە چۈشمىگەن ئىدى. هەرقايسى ئىزۋۇت كوماندىرلىرى ليەندۈيگە چۈشۈرۈلگەن بۇ يېڭى ۋەزىپىنىڭ ئېغىرلىقىغا هېچبىر ۋايساپ كەتمىدى. پەقەت ”بۇ هەربىي ۋەزىپە ئەمەس، ئانچىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى ئىكەنغۇ؟“ دەپ قويىدى ئىچىدە. ليەنجاڭ لاۋشۇي بۇ يېڭى ۋەزىپىنىڭ ناهايىتى ئېغىر، لېكىن شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى بىرئاز سۆزلىدى. چۈشۈرۈلگەن بۇ يېڭى ۋەزىپىنىڭ ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلق هۆكۈمىتىنىڭ بىردەكلىكىنى ساقلاشتا، يەرلىك بىلەن هەربىيلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشتە، يەرلىك ئاھالىلەرگە ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ھەقىقەتەن ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر هېس قىلدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتتى. يىغىن بىر سائەتچە داۋاملىشىپ تۈگىگەندىن كېيىن بەزى ئىزۋۇت كوماندىرلىرى لاۋشۈينى زىچ ئورىۋېلىپ، بۇ يېڭى ۋەزىپە ھەققىدە بەس-بەس بىلەن سوئاللار سوراشقا باشلىدى. بەزى كوماندىرلار هەرقايسى

بەنجاگلارغا بۇ يېڭى ۋەزىپىنى يەتكۈزۈۋىدى، ھەرقايسى مىللەت جەڭچىلى-
رى ئىككىدىن، ئۈچتىن توپ-توپ بولۇشۇپ، مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە
كىرىشتى. بەزى جەڭچىلەر: "كۆرمىگەننى كۆرگىنىڭ — ئۆلمىگىنىڭ" دې-
گەن گەپ بار. كۆرمىگەن جايلارنى بىرەر قېتىم كۆرۈۋالمامدۇق؟ بىزمۇ
چىقساق بولاتتى، دەپ تەلەپ قويۇشقا باشلىدى. لېكىن ئورۇنلاشتۇرۇش
قەتئىي ئىدى، ليەنجاڭ لاۋ شۈي ئاغزاكى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، باتۇر قادىر
يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئۈچىنچى ئىزۋۇتتىكى كوماندىر-جەڭچىلەردىن
باشقىلىرىنىڭ تاغقا ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن چىقىشىغا قەتئىي رۇخسەت
قىلمىدى. پەقەت ئىككى نەپەر ھەربىي ئاشپەز تولۇقلانغان بولدى، ئۇلار
مىللىي جەڭچىلەر ئىدى. ئۇلار ئەتە تاغقا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلارنى
ئالتاي تاغلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك يېشىل مەنزىرىلىرى كۈتۈۋالىدۇ.

ئالتاي تاغلىرىدا ئالتۇن كۆپ، ئەمما كۆمۈر ئانچە جىق چىقمايدۇ.
ئالتاي شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆپىنچىسى ياغاچنى ئاساسلىق يېقىلغۇ قىلىدۇ.
ئالتاي تاغلىرىنىڭ زىچ ئورمانلىرىدىن كېسىلىشكە تېگىشلىك بولغان قېرى
دەرەخلەر — سامىرسىن، قارىغايلار كېسىلىپ تەپتەكشى پۇتالغاندىن كېيىن
يوغان ۋە ئۇزۇنراقلىرى ئىككى مېتىردىن قىلىپ ھەرىدىلىنىپ، خەنجەر
چوقۇلىق تىك قىيالاردىن مىڭ نەچچە مېتىر پەسلىكتە ئېقىۋاتقان قىران
دەرياسىغا بىر يولى تاشلىنىدۇ. ئورمان ئىشچىلىرى، ئىككىدىن، ئۈچتىن
گۇرۇپپا بولۇپ، دەريانىڭ ئىككى تەرىپىنى ئەگىپ تۆۋەنلەپ، ھەتتا دولقۇن-
لۇق سوغۇق دەرياغا شۇڭغۇپ چۈشۈپ، بىرەر نۇقتىدا لەيلەپ تۇرۇپ
قالغان يوغان قارىياغاچلارنى بادرا بىلەن ئىتتىرگەن پېتى تاغ تۆۋىنىگە
قاراپ ئېقىۋاتقان قايىنامغا چۈشۈرىدۇ. قايىنامغا چۈشكەن ياغاچلار خېلى
بىر يەرلەرگە قەدەر لەيلەپ ئاققاندىن كېيىن يا سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
بىرەر نۇقتىدا، يا دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا لەيلەپ توختاپ قالىدۇ.
ئورمان ئىشچىلىرى يەنە بادرىنى ئىشقا سېلىپ ياكى ئۆزلىرى سۇغا
چۈشۈپ، لەيلەپ توختاپ قالغان ياغاچ ماتېرىياللىرىنى دەريانىڭ ئوتتۇرى-
سىدىكى تۆۋەنگە — شىددەتلىك ئېقىۋاتقان سۇ قايىنىمىغا چۈشۈرىدۇ. بادرا
— ئادەمنىڭ توم بىلىكىدەك يوغان ئۇزۇن ياغاچ بولۇپ، ئۇچىغا ئۇچلۇق

تۆمۈر نەيزە ۋە ئىلمەك نەيزە ئورنىتىلغان. ئۇنىڭ بىلەن دەريادا لەيلەپ
ئاقماي تۇرۇپ قالغان ياغاچلارنى ئالدىغا، يەنى قايىنامغا ئىتتىرگىلىمۇ،
چوقۇپ سانجىپ ئالدىغا تارتىپ دەريانىڭ ئېقىش يولىغا راۋان چۈشۈرگىـ
لىمۇ بولىدۇ. بادرا—ئورمان ئىشچىلىرىنىڭ كېسىپ دەرياغا چۈشۈرۈلگەن
ياغاچلارنى سۇدا راۋان ئېقتىپ نىشان قىلىنغان مەنزىلگە ئېلىپ كېلىشتىـ
كى مۇھىم قوراللىرىدىن بىرى. لىيەنجاڭ لاۋشۈي يېتەكلەپ ماڭىدىغان
باتۇر قادىرنىڭ ئىزۋۇتىدىكى جەڭچىلەرگە ئون نەچچە بادرا، ئاشلىق
توشۇش ئۈچۈن ئۈچ ئۆكۈز، چوڭ ئون بەش ھەرە، ئون نەچچە پالتا
قاتارلىق ئەمگەك قوراللىرى تەييارلاپ قويۇلغان ئىدى. لىيەنجاڭ لاۋشۈي
ئالتايدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت خادىملىرى بىلەن ئالدىنئالا بىر قېتىم تاغقا
چىقىپ، كېسىلىدىغان، يەنى قۇرۇپ قالغان سامىرسىن، قىزىل قارىغاي،
تېرەكلەرگە بەلگە سېلىپ قويغان ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ يول باشلىغۇچى
بولۇشى تەبىئىي ئىدى. ئالتاي تاغلىرى پەلەمپەيسىمان ياكى تىك بولۇپ،
ماشىنا يولى يوق ئىدى: بەزى چاغلاردا ھەتتا يالغۇز ئاياغ يوللا بار ئىدى،
بۇنداق يولدا بىرلا ئادەم ئاران ماڭالايتتى. يەنە كېلىپ يۇقىرىغا ئۆرلەيدىـ
غان بولغاچقا، ئۈستىگە يېمەكلىك، ئۇن، گۈرۈچ قاتارلىقلار ئارتىلغان
ئۆكۈزلەرنى يالغۇز ئاياغ يول بىلەن تاغ باغرىلاپ يۇقىرىغا ئېلىپ چىقىش
ناھايىتى تەس ئىدى، تاغ باغرىلاپ يۇقىرىلىغانسېرى مىڭ نەچچە يۈز مېتىر
تۆۋەنلىكتە شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلەتـ
تى. سەللا ئېھتىياتسىزلىق قىلىنسا تاغنىڭ مىڭ نەچچە يۈز مېتىر تۆۋىنىگە
موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كېتىش خەۋپى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

لىيەنجاڭ لاۋشۈي بىلەن پەيجاڭ باتۇر قادىر يېتەكچىلىك قىلغان
ئۈچىنچى ئىزۋۇت دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە تاغقا قاراپ يۈرۈش قىلدى.
ئۈچىنچى ئىزۋۇتتا تۆت بەن بولۇپ ھەربىر بەندىن ئاجرىتىلغان بىر
جەڭچى بىلەن ئىككى ھەربىي ئاشپەزدىن تەشكىللەنگەن ترانسپورت گۇـ
رۇپپىسى ئەڭ ئالدىدا ماڭدى. بۇ گۇرۇپپا ئۈچ ئۆكۈزگە يېقىلغۇ ئوتۇندىن
باشقا بارلىق زۆرۈر لازىمەتلىكلەرنى، يەنى قازان-قومۇچ، ياغ، گۈرۈچ،
ئۇن...قاتارلىقلارنى ئارتىپ يولغا چىقتى. تۆت بەن تۆت مىلتىق ئېلىۋالـ

غان بولۇپ، ليەنجاڭ لاۋشۈي بىلەن باتۇر قادىرمۇ بىلگە يان قورال قىستۇرۇۋالغاندىن باشقا، قالغان جەڭچىلەرنىڭ قورال-ياراقلىرى پۈتۈنلەي ليەن ئىسكىلاتىغا ئۆتكۈزۈۋېتىلدى.

جەڭچىلەرنىڭ روھى ئۈستۈن ئىدى، ئۇلار بازارنىڭ كەينىدىكى يول بىلەن مېڭىپ رەتلىك تىزىلىپ قىران دەرياسى بويىغا كەلگەندە باتۇر قادىرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە جەڭچىلەر مېڭىشنى ئاستىلاتتى. ليەنجاڭ لاۋ-شۈي بارلىق جەڭچى-كوماندىرلارغا قاراپ، دەريانى قولى بىلەن كۆرسى-تىپ تۇرۇپ دېدى:

— تاغقا چىقىپ بەلگىلەنگەن دەرەخلەرنى كېسىپ، پارچىلاپ دەريادا ئېقىتىپ مەشەگە ئېلىپ كېلىمىز. بۇ يەر دەريادىكى ياغاچ ئامبىرى بولىدۇ.

قىران دەرياسى ئۈستىگە قوندۇرۇلغان ياغاچ كۆۋرۈك ئاستى يۇقىرى-دىن ئېقىپ كېلىۋاتقان ياغاچلارنى توختىتىۋالىدىغان چوڭ توساق بولۇپ، دەريا سۈيى تۆۋەنگە توسقۇنسىز دېگۈدەك دۆۋە-دۆۋە ياغاچلار ئاستىدىن كېچە-كۈندۈز ئېقىۋېرەتتى. لەيلەپ كەلگەن ئۇزۇن-قىسقا قۇرۇلۇش ۋە يېقىلغۇ ماتېرىياللىرى سۇ ئۈستىدە ۋە ئىككى قىرغاقتا تاغدەك دۆۋىلىنىپ، توشۇلۇش نۆۋىتىنى كۈتۈپ تۇراتتى. يالىڭاچلانغان يەرلىك ئاھالە ۋە ئۈستىدىكى ئىشلەپ چېنىقىپ كەتكەن قاۋۇل ئورمان ئىشچىلىرى ھە دەپ سۇ ئۈستىدە لەيلەپ توختاپ قالغان ياغاچلارنى كەڭ قىرغاققا ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ توشۇۋاتاتتى. ليەنجاڭ لاۋشۈينىڭ جەڭچىلەرنى تاغ ئورمىنىغا باشلاپ چىقىشتىن ئاۋۋال ياغاچ ئامبىرى قىلىنغان بۇ چوڭ دەريا كۆۋرۈكىگە ئېلىپ كېلىشى ئۇرۇش بولمىغان تىنچ شارائىتتا ئارمىيىنىڭ يەرلىك ھۆكۈ-مەت ۋە خەلق تاپشۇرغان ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەندىلا ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تېخىمۇ زور ئىشەنچىسى ۋە قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ زور ئىشەنچىسىدىن، قىزغىن ھىمايىسى-دىن ئايرىلغان ئارمىيىنىڭ مەڭگۈ يېڭىلمەس ئورۇندا مەزمۇت تۇرالمايدى-غانلىقىنى تونۇتۇش ئىدى، ئۇلار دەريا ياقىلاپ يۇقىرىغا ئىلگىرىلەۋەردى.

ئۈچ ئۆكۈزنى ھەيدەپ ماڭغان ترانسپورت گۇرۇپپىسى يەنىلا ئالدىدا ماڭدى. قالغان كوماندىر-جەڭچىلەر دەريا بويىدا قاتتىق ئىشلەۋاتقان ئورمان ئىشچىلىرىغا ياخشى تەسىر قالدۇرۇش ئۈچۈن كەڭرەك يولغا چىققاندا بەنلەر بويىچە ئۆچتىن-ئۆچتىن تەرتىپلىك تىزىلىپ مېڭىشتى. يول ماڭغانسېرى تارايماقتا ئىدى. شۇڭا ئۆچتىن ئەمەس، ئىككىدىن رەتلىك تىزىلىپ مېڭىشقا توغرا كەلدى. ئاخىرى بىر تەرىپى تاغ، يەنە بىر تەرىپى ھاڭ—خەتەرلىك يول ئالدىغا كەلگەندە ليەنجاڭ لاۋشۈي تاغقا بىخەتەر چىقىش ئۈچۈن بىردىن تىزىلىپ مېڭىشقا، ھەرقايسى بەنلەر مەلۇم ئارىلىق تاشلاپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئاستا-ئاستا مېڭىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار تاغ باغرىلاپ بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن قىيپاش كەتكەن تاغ يولى بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلار دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىنى بويلاپ ماڭغانلىقتىن، ئېگىزلىگەنسېرى چوڭ-كىچىك شارقىراتمىلىق دەريامۇ ئېگىز-لەيتتى. چۈشكە يېقىن ئۇلار بىلەن بىرگە ئېگىزلەپ بارغان دەريانىڭ كەڭ يېيىلغان مول ئوت-چۆپلۈك بويىغا كەلدى. دەريا بويى كەڭ ئوچۇق-چىلىق ئىدى، بۇ ئوچۇقچىلىقتىكى كەڭ سەينانى بىر ھەپتە بۇرۇن كېلىپ ياغاچ ئېقىتقان ئورمان ئىشچىلىرى چوڭ چۈشكۈن قىلغان ئىدى. بىرقانچە تاشلىق يەرنى ئورمان ئىشچىلىرى چوڭ-كىچىك تاشلارنى رەتلىك چۆرى-دەپ تىزىپ ئوچاق قىلغانلىقىنى قويۇق ئىستا قارىداپ كەتكەن تاشلار دۆۋىسىگە قاراپ ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولاتتى. ليەنجاڭ لاۋشۈي تەييار ئوچاق ئورنى بار بۇ دەريا بويىدا ئارام ئېلىشنى ۋە چۈشلۈك تاماق يېيىشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئاندىن ھەربىي تەلەپپۇزدا بۇيرۇق چۈشۈردى:

—ئىككى تەرەپكە پوس قويۇلسۇن!—دېدى جىددىي ھالدا. ئاندىن ئاۋازىنى بىرئاز پەسەيتىپ ئەسكەرتىپ قويدى،—ھوشيارلىقىمىزنى بوشاش-تۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ.

پەيجاڭ باتۇر قادىر ئىزۋوت بويىچە دەرھال بەنجاڭلارغا ليەنجاڭنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشنى تاپشۇرۇۋىدى، بەنجاڭلار ھەش-پەش دېگۈچە بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىپ، ئۆۋەت بويىچە بىرىنچى، ئىككىنچى بەندىن ئىككى جەڭچىنى ئۈچ يۈز مېتىرچە ئارىلىق تاشلاپ ئىككى تەرەپتىكى ئېگىزلىكتە

پوستا تۇرۇشقا بەلگىلىدى. قالغان جەگچىلەرنىڭ بەزىلىرى ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن دەريا سۇلىرى ئۇلغايغان چاغدا سۇلىرى يالاپ ئىز قالدۇرغان چوڭ خادا تاشلارغا يۆلىنىپ يېتىشتى. بەزىلىرى دەريا لېۋىگە سۇ ئىچكىلى كەتتى. ئۈچ ئۆكۈز ئۇششاق قورام تاشلار ئارىسىدىن ئۆسۈپ چىققان گىلەمدەك يېشىل بولۇق ئوت-چۆپلەر ئارىسىغا قويۇۋېتىلدى. ئاشپەزلەر تاماققا تۇتۇش قىلدى. بۇ يېقىن ئەتراپتا قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن دەرەخ شاخلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. بىرقانچە جەگچى بىر دەمدىلا قۇرۇپ قالغان دەرەخ شاخلىرى بىلەن قۇرۇق كۆتەكلەرنى ئوچاق ئالدىغا دۆۋىلەپ قويدى-دە، لىيەنجاڭ لاۋشۇيىنىڭ يېنىغا كەلدى، لاۋشۇي ئۈستى قۇرۇپ قالغان، ئاستى كۆكلەپ شاخلىغان بىر قېرى دەرەخ تۈۋىدە تاماقلىنىپ بولۇپلا تاغقا چىقىش ھەققىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى باتۇر قادىر بىلەن بىرگە مۇزاكىرە قىلدى. ئۇ ئىككى-ئۈچتىن بولۇشۇپ ئۆز يېنىغا كېلىۋاتقان جەگچىلەرنى كۆرۈپ، گېپىنى قىسقارتىپ ئاخىرلاشتۇر-دى-دە، جەگچىلەردىن:

—قانداق، ھاردىڭلارمۇ، قورسىقىڭلار راسا ئاچقاندۇ-ھە؟ —دەپ ھال سورىدى ۋە يېقىملىققىنە كۈلۈمسىرىدى.

—ھارمىدۇق! —دېيىشتى بەزى جەگچىلەر، لېكىن ئۇلارنىڭ چىرا-يىدىن ئېغىر دەرىجىدە ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى، شۇنداقتىمۇ جەگچىلەر لىيەنجاڭ لاۋشۇيگە يەر تېگىدىن تىكىلىپ قاراپ:

—ھارمىدۇق، قورسىقىمىز توق، بىزگە ھېكايە ئېيتىپ بەرسىڭىز، —دېيىشتى. لىيەنجاڭ لاۋشۇي ھەربىي كاكارى بار سېرىق شەپكىسىنى ئوڭ قولىغا ئېلىپ، ئاق ئارىلىغان چاچلىرىنى سول قولى بىلەن ئاستا يۇقىرىغا سىپاپ تۇرۇپ مەمنۇن بولغان ھالدا كۈلۈمسىرىدى. ئۆز كوماندىرىنىڭ ھاياتىغا قىزىققان جەگچىلەر ئارام ئېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرى ھەققىدە ھېكايە ئېيتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ جەڭ بىلەن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرى، كۆرگىنى، ئاڭلىغىنى ئاز ئەمەس. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە سۆزلەشنى ئانچە خالاپ كەتمەيتتى. ئۇ ياشقىنا بىر جەگچىنىڭ سەپداشلىرى بىلەن پىچىرلى-

شىپ بولۇپ يەتكۈزگەن تەلەپ-ئىنكاسىنى ئاڭلىدى.
— ليەنجاڭ، ئۆتكەن يىلى ليەنمىزگە كەلگەن بىر پولك كوماندىرى سىزنى ھېكايە ئېيتىشقا ئۇستا دەپ تىلغا ئالغان ئىدى، بۇ يەردىكى ياش جەڭچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى جەڭگە قاتنىشىپ باقمىغان. جەڭگە قاتناشقان كەچۈرمىشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.
سېرىق رېزىنكە ئايغىنى سىلىپ، ئىچىگە كىرىۋالغان ئۇششاق شېغىل، يىرىك قۇم، توپىلارنى تۆكۈۋاتقان لاۋشۇي ماقۇللۇقىنى كۆز ئىشارىسىدە بىلدۈرۈپ ئايغىنى كىيدى-دە، ھەرقايسى بەنلەردىن قىزنىقىپ كېلىپ ئەتراپىغا ئىختىيارىي يىغىلغان ئون نەچچە جەڭچىگە بىر قۇر سەپسېلىپ قاراپ چىقتى. بۇ جەڭچىلەر ئىچىدە يېشى بىرئاز چوڭراقلىرى گەنسۇ، خېنەن، ئەنخۇيدىن كەلگەن، مىللىي جەڭچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى غۇلجا، قۇرغاس، چۆچەك، تۇرپان قاتارلىق ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردىن كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇ يىل ھەربىي سەپتىن قايتىش ۋاقتى توشۇپ قالغانلىرىمۇ بار ئىدى. ھەممىسى ليەنجاڭ لاۋشۇينىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاشقا تەقەززا، بولۇپ، تەييار تاشلارنى دومىلىتىپ ليەنجاڭنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ ئورۇندۇق قىلىپ ئولتۇرۇشتى.
كەڭ يېيىلغان دەريا سۈيى پارقىراپ تۇرغان كۆن نۇرىدا كۈمۈشتەك چاقنايتتى. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان تىك خادا تاشلارغا ئۇرۇلغان كۈمۈش سۇلار شارقىراپ يېقىملىق كۈي ھاسىل قىلىپ تاغ تۈۋىنىگە تىنىمسىز ئاقماقتا ئىدى. ئون نەچچە چامدام يىراقلىقتا ئېسىلغان يوغان داشقازان ئاستىدا باياتىن ئېلىپ كېلىنگەن قۇرۇق ئوتۇنلار چاراسلاپ كۆيمەكتە ئىدى. ئاشپەزلەر ھە دەپ ئالدىراپ جەڭچىلەرنىڭ ئىسسىدە قالغۇدەك تاماق ئېتىش ئۈچۈن چوڭ داستا گۆرۈچ يۇيۇۋاتاتتى. ئۇششاق توغرالغان ئاق لوبو ۋە گۆشلەر تاغقا يۆرۈش قىلىش ئالدىدىلا تەييارلىنىپ بولغان ئىدى. لاۋشۇي تاماق پىشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى بوش ۋاقتىنى پايدىلىنىپ ئۆز يېنىدىكى ئارام ئېلىۋاتقان بىر تۈركۈم ياش جەڭچىلەرگە كۆرگەن-بىلگەنلىرى ھەققىدە ھېكايە ئېيتىپ بېرىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزى تۇرغان ليەندىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بولۇپ ھاياجانلانغان ھالدا بىر

كوماندىرىنى ئەسلەپ قالدى.
—ئازادلىقتىن ئىلگىرى بىزنىڭ لىيەندە شۈي خەيلۇڭ دېگەن بىر پەيجاڭ بار ئىدى، ئۇ يېتەكچىلىك قىلغان ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلماي قالمايتتۇق. شۇڭا ئۇنى ھەممەيلەن شۈي باتۇر دەپ ئاتايتتۇق. ئۇ جەڭگە كىرگەندە "ھەممىمىزدە جەزمەن ياۋنى يوقىتىشقا نىسبەتەن ئىشەنچ، جاسارەت بولۇش لازىم" دەيتتى... ئۇ چاغدا قورال-ياراقلىرىمىز، تۇرمۇش شارائىتىمىز، كىيىم-كېچەك ۋە تاماقلىرىمىز بەك ناچار ئىدى. ئۈستى-ئۈستىگە ياماق چۈشكەن كونا كىيىملەرنى كىيىپ يۈرۈپ جەڭ قىلاتتۇق. ئاياغلىرىمىز ناچار، ھەتتا يىرتىلىپ كېتىپ كىيگىلى بولمىغاندا يالىڭاياغ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ چاغدا يەيدىغىنىمىز، كىيىدىغىنىمىز، قورال-ياراقلىرىمىز بۈگۈنكىدەك ھەممە جەھەتتىن تەل ئەمەس ئىدى...
—لىيەنجاڭ، سىز دېگەن شۈي باتۇر ھازىر بارمۇ؟ سىز دەۋاتقان شۈي باتۇر ئۆزىڭىزمۇيە؟—دەپ ئۇنىڭ ھېكايىسىنى بۆلۈۋەتتى پەيجاڭ باتۇر قادىر:
—دەل ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن راست ھېكايە،—دېيىشتى ئاڭلاپ تۇرغانلار.
—ئۇ شۈي باتۇر مەن ئەمەس،—دېدى لىيەنجاڭ لاۋشۈي ئۆزىنى ئورىۋالغان جەڭچىلەرگە بىرمۇبىر كۆز يۈگۈرتىپ. ئۇ جەڭچىلەرنى خۇددى يوغان بىر ماگنىت ئەتراپىدىكى تۆمۈر پارچىلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ يىغىۋالغاندەك ئۆزىگە قارىتىۋالغان ئىدى. ئۇ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇشقا تەمشىلىپ تۇرۇۋىدى، قازان بېشىدىن چاقىرىغان ئاۋاز كەلدى.
—شۈي لىيەنجاڭ، تاماق پىشىپ قالدى،—دەپ تەڭلا ۋارقىرىدى ئىككى ئاشپەز بۇ تەرەپكە قاراپ ئىككى جەڭچى ھە دەپ چوڭ قازان ئاستىدىكى ئوتۇنلارنى كۆيمىگەن ئۇچىدىن تۇتۇپ، ئوچاقنىڭ نېرىسىدىكى دەرياغا قاراپ ئېقىۋاتقان كىچىك ئېرىقلارغا تاشلىغىلى تۇردى. لىيەنجاڭ ئاشپەزلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھېكايىسىنى توختاتتى. قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان جەڭچىلەر تاماق قاچىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئەتراپى شاخ-شۇمبىلار بىلەن قاشالىنىپ ئۈستى سىرىق رەخت بىلەن يېپىلغان

كۆچمە ئاشخانىغا كىلىپ نۆۋەتتى بويىچە تاماق ئىلىشقا باشلىدى.
قۇياش زۇمرەتتەك ئاسماندا ئالتۇن لىگەندەك چاقنايتتى. ئۇنىڭ تالا-تالا زەر نۇرلىرى كۆككە ئۆرلىگەن ئىگىز-ئىگىز قارىغاي، سامىرسىنلار-نىڭ ئۇستىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، دەريا بويىدىكى بۇ كەڭ سەيناغا چۈشۈپ تۇراتتى. تاماق يەۋاتقان جەڭچىلەر بۇگۈن قالتىس ئوچۇق كۆڭۈل بولدى، دەپ زەڭگەر ئاسمانغا قاراپ قوياتتى. ھىرىپ كەتكەن ئۈچ ئۆكۈزمۇ بولۇق ئۆسكەن ئوت-چۆپلەرنى يەپ بەش-ئالتە مىتىر يىراقلىققا كىتىپ قالغان ئىدى. ليەنجاڭ لاۋشۈي تاماق يەۋىتىپ، قول سائىتىگە قاراپ قويدى. ئۇ تاماقتىن كىيىنلا ئۈچىنچى ئىزۋۇتنى باشلاپ قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن ھەممە يىرى قويۇق ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان ئالتاي تاغلىرىنىڭ قىلچىقا چوققىسىدىكى ئىش مەيدانىغا تىززەك يىتىپ بىرىشنى ئويلايتتى.
يىشىللىققا چۆمۈلگەن تاغ باغرى باتۇر قادىرنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىۋالدى. ئۇ يىشىل ئورمانزارلىقلارغا تويماي قارايتتى. ئالتاي ئورمانلىرى زەنجىرسىمان تۇتاشقان بىر-بىرىدىن ئىگىز تاغ تىزمىسىنىڭ يان باغىرلىرىدا گىرەلىشىپ كەتكەن. چوققىدىن چوققىغا چىققانسىرى گىرۋەكلىرىنى چاچتەك زىچ ئورمان بەلباغلىرى قاپلىغان. باتۇر قادىر ئۆمرىدە مۇنداق قويۇق ئورمانلىقنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۇنىڭ بۇ ياپيىشىل زىمىننى كۆرۈشكە بىر جۈپ كۆزى يىتىشمەي قالدى. ئۇ قايسىبىر شائىرنىڭ ئالتاي ئورمانلىرىنى بىر كۆرۈپلا يىزىپ چىققان ”ئالتاي“ ناملىق شىئىرىنى ئىسىگە ئالدى. ئۇ بۇ شىئىر ئىلان قىلىنغان ھامان كۆچۈرۈۋىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي گىزىتتىن قىيىۋالغان. ئۇ بۇ شىئىرنى خاتىرىسىگە قىستۇرۇپ قويۇپ بىرقانچە قىتىم ئوقۇغاچقا، مىسرالىرى ئىسىدە ئىنىق ساقلىنىپ قالغان ئىدى:

بوسۇغاڭغا قەدەم باسسام ئالتاي، سەن—
ئىللىققىنا كۈلۈمسىرەپ قارايسەن.
قوينۇڭ تولغان ئالتۇن، كۈمۈش، مەدەنگە،
ئالتاي دىسەم كەڭ جاھانغا يارايسەن.

ئۆنچە-مارجان چاچرىماقتا قوينۇڭدىن،
ئەي كۆمۈش سۇ، قاياقلارغا تارايسەن.
پەرى قىزلار چاچلىرىدەك ياسىنىپ،
كەل جەڭچىم دەپ تىك چوققاڭدىن تۇۋلايسەن.
نىمە دىگەن يىشىل دۇنيا، تاڭ قالدىم،
ھەر باھاردا گۈللەپ بوستان ياسايسەن.
يان-يىنىڭدا كۆلگەن رەڭدار گۈل چىچەك،
ئالتاي خۇددى بىر جەننەتكە ئوخشايسەن.

باتۇر قادىر كۆڭلىدە: «شائىر ئالتاي ئورمانلىرىنىڭ بىر بۇرجىكىنى كۆرۈپلا يازغاندەك قىلىدۇ. ئورمانلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ بولالىغان بولسا قانچىلىك يازاتتىكىن. ھەقىقەتەن ئالتاي ئورمانلىرى يىشىل جەننەت-نىڭ ئۆزى ئىكەن...» دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ خىيال سۈرۈپ مىڭىپ ئەسكەرلەرنىڭ كەينىدە قالغانلىقىنى سەزدى-دە، تىز-تىز يۈگۈرۈپ يۈز نەچچە مىتىر ئالدىدىراق روھلۇق قەدەم بىسىپ كىتىۋاتقان جەڭچىلىرىگە يىتىشىۋالدى. ياغاچ كەسكىلى چىققان بۇ ئەسكەرلەر بەلگىلەنگەن تاغ ئورمىنىغا مۆلچەرلىگەن قەرەلىدە يىتىپ باردى. ئۇلار قىلچىقا چوققىسىغا چىقىپ ئەتىسى ئىشقا قىزغىن چۈشۈپ كەتتى.

× × ×

ھەش-پەش دىگۈچە يىرىم ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئالتاي تاغلىرىنىڭ سوۋىت ئىتتىپاقى ۋە موڭغۇلىيە سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى چىگرىسىغا ئانچە بەك يىراق بولمىغان قىلچىقا چوققىسىدىكى قويۇق ئورمانلىقتا ئەمگەك قىلىۋاتقان پىداكار جەڭچىلەر يىرىم ئاينىڭ قانداق كۆتۈپ كەت-كەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى. بۇ چوققىنىڭ ئەتراپى ئىنتايىن گۈزەل ئىدى. چوققىدىن تاغ تۈۋىنگە قارىسىڭىز كىچىكرەك ئۆستەڭدەك كۆرۈنگەن قىران دەرياسىنىڭ تۈۋەنگە ئىقىۋاتقان ئاپئاق ئىقىنى كۆنىنىڭ بۇلۇتلار ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كىتىشى ۋە قايتىپ چىقىشىغا ئەگىشىپ بەزىدە كۆكۈش، بەزىدە كۆمۈش لىنتىدەك جىلۋىلىنىدۇ. كۆككە بوي سوزغان

ھەيۋەتلىك سامىرسىن، قارىغايلار بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىپ تاغ باغرىغا گويا يېشىل تون كىيدۈرگەندەك كۆرۈنىدۇ. ئوت-چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن كەڭرى تاغ باغرىدا ساناقسىز قويلار بەھۇزۇر ئوتلايتتى. قىلجىقا چوققىسىنىڭ قەيىرىگىلا قەدەم باسسىڭىز گويا ياپيېشىل گىلەم ئۈستىدە مېڭىۋاتقاندەك ھېس قىلىسىز. چوققىدىن يەنە بىر چوققىغا چىقسىڭىز كۆزىڭىزگە ئۇنىڭدىنمۇ ئېگىز چوققا كۆرۈنىدۇ. بۇ پەلەمپەي چوققىلارنىڭ ئاخىرى تۈگىمەيدۇ. بۇ چوققىلارنىڭ تۆت ئەتراپى قېلىن ئورمانلىق بولۇپ، تۆۋىنىگە ماڭسىڭىز، قوڭغۇرىقى بار ئادەمسىز بىر ماگىزىن ئالدىغا كېلىپ قالىسىز. ئىشكىنى ئاستا ئېچىپ كىرسىڭىزلا بېشىڭىز ئۈستىدىكى ئېسىپ قويۇلغان قوڭغۇراق جىرىڭلىغان ھامان يەر تەكتىدىن بىر پىركازچىك سىزنى ھەيران قالدۇرغان ھالدا پەيدا بولۇپ قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. جەڭچىلەر بىر يەكشەنبە كۈنىنى قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ كەنتى بولغان سىمتاشتا ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئوغلاق تارتىشىنى تاماشا قىلغان، بۇ تاغلىق كەنتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغان ئىدى.

لىيەنجاڭ لاۋشۈي بىلەن پەيجاڭ باتۇر قادىر جەڭچىلەرنى يەنە ئاشۇ قىلجىقا چوققىسىغا باشلاپ چىقىپ تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى بېرىم ئاي بۇرۇن ئورۇنلاشقا تىرىشىۋاتاتتى. بەنلەر بويىچە ئەمگەك مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇلغان ئىدى. ئادەمنىڭ بېلىدىن يوغان سامىرسىن، قىزىل قارىغايلارنى قول ھەرىسىدە ھەرىدەپ يىقىتىش، ئاندىن شاخلىرىنى پۇتاپ ئۇزۇنلۇقىنى ئىككى مېتىردىن قىلىپ يەنە ھەرىدەپ پارچىلاش كېرەك، تاغ ئۈستىدىكى تەييارلانغان ۋە يەنە تەييارلىنىدىغان بۇ ياغاچلارنى مىڭ نەچچە مېتىر تاغ تۆۋىنىدىكى قىران دەرياسىغا تاشلاپ ئېقىتىپ، ئالتاي بازىرىغا ئېلىپ كېلىش—سۆزلىمەككە ئاسان، لېكىن بۇ ۋەزىپىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلىمەك ۋە ئورۇندىماق ناھايىتى قىيىن ئىدى. تۆت بەندىكى تېنى ناھايىتى ساغلام، قاۋۇل، ئەمگەكتە پىشقان، كۈچلۈك جەڭچىلەر تاللىنىپ ئېگىز دەرەخلەرنى ھەرىدەشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. لىيەنجاڭ لاۋشۈي ھەر كىمنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرىنى يىقىتىلغان دەرەخلەرنى ئىككى مېتىردىن قىلىپ پارچىلاشقا، بەزىلىرىنى ئۆتكۈر بىسلىق پالتىلار

بىلەن دەرەخ شاخلىرىنى پۇتاشقا سەپەرۋەر قىلىنۋىدى، ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشۈپ كەتتى. بەنجاڭلار لىيەنجاڭ لاۋشۈيدىن يولىيورۇق سوراپ تۇراتتى. ئىشلارنى لىيەنجاڭنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئورۇنلاشتۇراتتى. ئالتايدىكى ھەربىي گازارمىغا ئۇزۇق-تۈلۈك ئالغىلى كەتكەن ئىككى جەڭچى يېتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ، قىرىق نەچچە جەڭچىگە كۈندە ئۈچ ۋاق تاماق ئېتىۋاتقان ئىككى ھەربىي ئاشپەز ئۇلارنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۈرمەي، ئارقا سەپ پىداكارلىرى سۈپىتىدە قاتتىق ئىشلىمەكتە ئىدى.

ئالتاي تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېگىزلىكىگە جايلاشقان قىلىجىقا چوققىسىغا كۈن نۇرى ئەڭ ئالدىدا چۈشىدۇ، دېگەن گەپ بار. كۈن شەرقتىن، يەنى ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئېگىز چوققىسىدىن قىزغۇچ نۇرلىرىنى چېچىپ تولۇق چېھرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. كۈننىڭ پۈتۈن ئالەمنى يورۇتىدىغان سېخىي نۇرلىرى ئالدى بىلەن زەنجىرسىمان گىرەلەشكەن تىك چوققىلارنى يورۇتماقتا ئىدى. كۆپ ئۆتمەي تاغ باغرىنى قاپلىغان ئۆسكۈلەڭ دەل-دەرەخلەرنىڭ ئۇچى، ئاندىن قويۇق شاخلىرى كۈن نۇرىدا روشەن كۆرۈنۈشكە، چوققىلارغا گىرە سالغان ئاپئاق بۇلۇتلار ئاستا-ئاستا تارقىلىشقا باشلىدى! كۈننىڭ قىزىرىپ چىقىشى بىلەن تەڭ ئەتىگەندە بەھۇزۇر ئۇخلاۋاتقان بىرزىننەتلىق ياتاقتىكى جەڭچى-كوماندىرلارنىڭ ئورۇنىدىن تۇرۇشى ئۈچۈن چېلىنغان پۇشتەك ئاۋازى قىلىجىقا چوققىسىدىكى يېشىل ئورمانزارلىقنى بىردىنلا جانلاندۇرۇۋەتتى. ھەربىي سەپكە كىرىشتىن بۇرۇنلا ئۆز يېزىلىرىدا قىزغىن ئەمگەك قىلىپ پىشىپ كەتكەن ياشلار تاغ ئۈستىدىكى بۇ ئەمگەك مەيدانىدا ئۆز كارامىتىنى راسا كۆرسەتمەكتە ئىدى. لىيەنجاڭ لاۋشۈي بىلەن پەيجاڭ باتۇر قادىر بۇيرۇق چۈشۈرۈپلا قالماي، نەق مەيداندا كوماندىر-جەڭچىلەر بىلەن بىرگە قول سېلىپ ئەمگەك قىلاتتى. نۆۋەت بويىچە ھەرقايسى بەنلەرنى ئارىلاپ ئىشلەيتتى. لىيەنجاڭ لاۋشۈي ھەرقايسى بەنلەرنى ئارىلاپ تۆتىنچى بەندە ئەمگەك قىلماقچى بولۇپ، باتۇر قادىرنى بىرىنچى، ئىككىنچى بەنگەن بېرىشقا بۇيرۇدى. تۆتىنچى بەندىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مىللىي جەڭچىلەر ئىدى. ”ۋەزىپە ئېغىر، بىزمۇ ئاساسىي قاتلاملاردا ئەمگەك قىلمىساق بولمايدۇ“ دەيتتى ئۇ.

تۆتىنچى بەندىكى ئۇيغۇر، قازاق جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇچە خەت يازالمىغىنى بىلەن مەقسىتىنى ئاساسەن ئۇقتۇرالايتتى، ليەنجاڭ گەۋدىلىك كەلگەن بىر جەڭچى بىلەن بىرگە يوغان بىر قارىغاينى ئاستىدىن ھەردەشكە باشلىدى. جەڭچى دەسلەپ تەپتارتىپ، ئەيمىنىپ، ھودۇقتىبۇ، كىيىن بىلەكلىرىنى شىمايلاپ، قىزغىنلىق بىلەن ھەردەشكە كىرىشىپ كەتتى. تاغنىڭ ھاۋاسى سوغۇقراق بولسىمۇ، ھەرە بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان كوماندىر-جەڭچىلەر چاپانلىرىنى سېلىۋېتىپ، كۆڭلەكچان ئىشلەشكە باشلىدى. ليەنجاڭ لاۋشۈي يېشى ئەللىكدىن ئاشقىنىغا قارىماي، غەيرەتلىك ۋە چىداملىق ئىدى، ئۇ پۇشقاقلىرىنى يۇقىرىغا تۈرۈپ قويۇپ، يوغان دەرەخنىڭ ئاستى غولىغا يېرىم كىرگەن ھەرىنى نۆۋەتتە بويىچە ئالدىغا كۆچەپ تارتاتتى. ئۇنىڭ پاقالچىقىدىكى بولجۇڭ گۆشلىرىگە چۈشكەن تارتۇقلار ئەينى ۋاقىتتىكى جەڭ مەيدانلىرىدا ئوق تەگكەنلىكىنىڭ خاتىرىسى ئىكەنلىكىنى ئەتراپىدىكى كوماندىر-جەڭچىلەر بىلمەيتتى. ئۇرۇشتا بىرقانچە قېتىم ئوق تېگىپ ياردار بولغاندىن كېيىن ساقىيىپ قوشۇنغا قايتقان ليەنجاڭ لاۋشۈي ئۆزىگە ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئارمىيىدە ئوفىتسېرلار ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان ھامان ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ئۈلگە بولۇپ باشلامچىلىق قىلىشى لازىم، دەيتتى. تاغقا چىققان كوماندىر-جەڭچىلەر ئورماندا ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىپ، جاپالىق ئەمگەك قىلىۋاتقاچقا ئۇلارنى قاتتىق ھەربىي تەرتىپ بىلەن ئەمەس، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى بويىچە باشقۇرۇشقا توغرا كەلدى. جەڭچىلەرگە ھەر ئىككى سائەتتە بىر نۆۋەت يىگىرمە مىنۇتچە ئارام ئېلىش ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئازادە، روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. باتۇر قادىرنىڭ يىراقتىن ئارام ئېلىشقا چالغان پۇشتىكى ئاڭلانغان ھامان جەڭچىلەر ھەرە، پالتىلىرىنى يىقىتىلغان سامىرسىن دەرىخى ئۈستىگە قويۇپ، موخۇركا ئوراۋاتقان ليەنجاڭ لاۋشۈينىڭ يېنىغا چۆرىدەپ كېلىشكە باشلىدى. كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ ئىچىدە خەت-ساۋادى بار، كىتاب-ژۇرناللارنى ئۈزۈلدۈرمەي كۆرىدىغان، كىنولارنى كۆپرەك كۆرگەن بىرقىسىم جەڭچىلەرمۇ بار ئىدى. ليەنجاڭنى ئورىۋالغان جەڭچىلەر سوئال سوراشقا باشلىدى.

—ليەنجاڭ ئورمان ئىشچىلىرىنىڭ ھاياتى تەسۋىرلەنگەن چەت ئەل
كىنولىرىدىن دەرەخ كەسكۈچىلەرنىڭ توك ھەرىسىدە دەرەخلەرنى ناھايىتى
تېز كەسكەنلىكىنى كۆرگەن ئىدۇق. نېمىشقا بىزمۇ دەرەخلەرنى ئاشۇنداق
توك ھەرە بىلەن كەسمەي، بۇ گال ھەرىلەردە كېسىپ جاننى قىيناپ
يۈرىمىز؟—دېدى بىر جەڭچى پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى قول ياغلىقى
بىلەن ئاستا سۈرتۈۋېتىپ.
—بىر توك ھەرە بىلەن بىر سائەتتە يۈز ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلغىلى
بولىدۇ، دەيدۇ. بۇ گەپ راستمۇ؟—دەپ سورىدى مۇنداق كىنونى كۆرۈپ
باقمىغان بىر جەڭچى.
—ئۇ توك ھەرە دېگەن بىرنېمىنى يەنىلا ئادەم ئىشلىتىدىغاندۇ؟ ئادەم
باشقۇرمىسىمۇ، ئۆزلۈكىدىن دەرەخ كېسەلەمدىغاندۇيا؟—دەپ ھەزىل ئارى-
لاش سۆز قىلدى تۆتىنچى بەنىنىڭ سېمىز، گەۋدىلىك بىر بەنجاڭى.
ليەنجاڭ لاۋشۈي كوماندىر-جەڭچىلەر سورىغان سوئاللارغا جاۋاب
بەرمەي، ۋەزىيەتنى قانداق قىلىپ تېز ئورۇنداش توغرىلىق سۆزلىمەكچى
بولدىيۇ، لېكىن بۇ سوئاللارنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ يانداپ ئۆتۈپ كېتىشكە
بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ تۇرۇۋېدى، يەنە بىر جەڭچى سۆزلەشكە
باشلىدى:
—ئەگەر دۆلىتىمىزدە يۈز ئادەمنىڭ بىر ئادەم بىر سائەتتە قىلىپ
بولىدىغان توك ھەرە ئىشلىتىلسە، 650 مىليون خەلققە قىلىدىغان نېمە
ئىش قالىدۇ؟
—بولىدى، ھازىرچە توك ھەرە توغرىسىدا تالاش-تارتىش قىلماي
كۆز ئالدىمىزدىكى ۋەزىيەتنى قانداق قىلىپ تېز ۋە ياخشى ئورۇنداش
توغرىلىق باش قاتۇرايلى،—دېدى ليەنجاڭ لاۋشۈي ئىشقا چۈشۈشكە
تەييارلىنىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاخىرىنى بىرىنچى بەندىكى جەڭچىلەر
ھەرىدەپ يىقىتىۋاتقان سەككىز مېتىرچە ئېگىز، يوغان سامىرسىننىڭ قا-
راس-قۇرۇس قىلغان ئاۋازى بېسىپ كەتتى. بىرىنچى، ئىككىنچى بەندىكى
كوماندىر-جەڭچىلەر پەيجاڭ باتۇر قادىرنىڭ ئارام ئېلىش ئۈچۈن چالغان
پۈشتىكىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەۋاتاتتى، ئۈچىنچى،

تۆتىنچى بەندىكى جەڭچىلەر ئىشقا چۈشۈش پوشتىكىنىڭ چېلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرمايلا، لېيەنجاڭ بىلەن بىللە ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

ئارىدىن يەنە يېرىم ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بۇ قېتىم يۇقىرى رەھبەرلىك ئالتاي ئورمانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئۈچىنچى ئىنژۋۇتىن دوكلات قىلىش ئۈچۈن ئادەم كەلسۇن، دېگەن ئىكەن، لېيەنجاڭ لاۋشۈي باتۇر قادىرنى ئۈچ ئۆكۈز ۋە ئىككى جەڭچى بىلەن بىرگە ئالتاي بازىرىغا ئەۋەتتى. تاغقا قايتىشتا يەنە ئوزۇق-تۈلۈك ئېلىپ چىقىش كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ قايتىپ چىقىش قەرەلىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئەمگەك ئېغىر بولغانلىقتىن بەلگىلىمە بويىچە ئاشلىق ئەڭ قىس بولغان شارائىتتىمۇ قىرىق سەككىز جىڭدىن ئارتۇقراق تەمىنلىمەي بولمايتتى. يەرلىك ئاشلىق ماگىزىنلىرىدا بولسا ئاشلىق ناھايىتى قىس بولۇشىغا قارىماي ھەربىيلەرنىڭ ئاشلىق تەمىناتى تولۇق بېرىلمەكتە ئىدى. جەڭچىلەر بىرزىنىت يېپىلغان ئاشخاند-نىڭ ئالدىدا چوڭقۇر ئويغا پاتقان لېيەنجاڭ لاۋشۈينى ئورىۋېلىپ، ئۇنى ئۆتكەنكىدەك يەنە ھېكايە ئېيتىپ بېرىشكە قىستىدى.

— لېيەنجاڭ، يەنە ھېلىقى شۈي باتۇر ھەققىدىكى ھېكايىڭىزنى ئېيت-تىپ بەرسىڭىز، — دەپ چۇرقىراشتى بىر تۈركۈم جەڭچىلەر گويا مەسلى-ھەتلىشىۋالغاندەكلا. لېيەنجاڭ كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ ئۆتۈنۈشىگە رازىلىق-قىنى كۈلۈمسىرىشىدە ئىپادىلىدى.

— مەن تۇرغان ئىنژۋوتتا ھەققەتەن شۈي باتۇر ئىسىملىك بىر پەيجاڭىمىز بولغان. مېنىڭ ئىسمىم شۈي خەيلۇڭ ئەمەس، لىۋ خۇڭلى، — دېدى ئۇ ئەتراپىدىكى جەڭچىلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، — بىر كۈنى بىزنىڭ ئىنژۋوت دۈشمەنلەرنىڭ چىش-تىرنىقىغىچە قوراللانغان بىر لېيەنىگە ئۇچراپ قالدى. يېرىم سائەتچە ئېتىشقاندىن كېيىن شۈي پەيجاڭغا ئوق تەگدى. يارىدار بولغان شۈي پەيجاڭ دۈشمەنلەرنىڭ كۆپلۈ-كىنى، كەينىدىن يەنە بىر لېيەن كېلىۋاتقانلىقىنى پەملەپ، ماڭا: ”جەڭچى-لەرنى باشلاپ تېز چېكىنىپ چىقىپ كەت، مەن توسۇپ تۇرىمەن“ دەپ بۇيرۇق قىلدى. مەن ئۇ چاغدا بەنجاڭ ئىدىم. شۈي پەيجاڭ ماڭا بىر بوپكا ماتېرىيال-ھۆججەتلەرنى تاپشۇرۇپ: ”تېز چېكىنىڭلار! مەن مەشەدە

دۈشمەنلەرنى توسۇپ تۇرىمەن“ دېدى. ئۇنىڭ قولىدىن بوپكىسىنى ئېلىش- قا قولۇم بارمىدى، مەن بېشىمنى چايقاپ، بوپكىسىنى ئېلىشقا ۋە چېكىنىشكە ئۈندىمىدىم، ئۇ ماڭا ۋارقىراپ تۇرۇپ: ”بۇ ھەربىي بۇيرۇق، تېز چېكىنىڭ- لار!“ دېدى. مەن: ”سىزچۇ؟“ دېسەم ئۇ: ”مەن ئاراڭلاردا بولمىساممۇ مېنى بار دەپ ھېسابلاۋېرىڭلار!“—دېدى-دە، پىلىموتىنى دۈشمەن كېلى- ۋاتقان تەرەپكە توغرىلىدى. ۋاقىت غەنىيمەت ئىدى، بىر ئازمۇ بوشاڭلىق قىلىشقا بولمايتتى. مەن جەڭچىلەرنى باشلاپ چېكىنىپ، ئۆزىمىز ياخشى بىلىدىغان تونۇش، ئەپچىل تاغ باغرى يولىنى بويلاپ چوققىغا يامىشىپ چىقىپ كەتتۇق. خېلى ۋاقىتلارغىچە ئوق ئاۋازى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇردى. شۇ پەيجاڭ بىزنى قوغداپ قۇربان بولغاندىن كېيىن كوماندىر- جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى ھۆڭرەپ يىغلىشىپ كەتتى. رەھبەرلىك مېنى شۇ پەيجاڭنىڭ ئورنىغا رەسمىي پەيجاڭ قىلىپ بەلگىلىگەندىن كېيىن جەڭچىلەر شۇ پەيجاڭنىڭ: ”مەن ئاراڭلاردا بولمىساممۇ مېنى بار دەپ ھېسابلاۋېرىڭلار!“ دېگىنىنى ئەسلەپ مەن يوق چېغىمدا ئۆزئارا سۆھبەتلى- شىپ-سىرلىشىپ يۈرۈپ مېنى بىر ئېغىزدىن شۇ پەيجاڭ دەپ چاقىرايلى، دېگەن مەسلىھەتكە كەپتۇ. جەڭچى-كوماندىرلارنىڭ بۇ تەلىپى ئىدىيەم- دىن ئۆتمىسىمۇ، مېنى پارتىيىگە تونۇشتۇرغان مەرھۇم بىتەكچىمنى ئەس- لەش ئۈچۈن بۇنىڭغا ئانچە قارىشىلىق قىلمىدىم. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئىسمىم ئۆزگەردى. ئارخىپىمغىمۇ ”ئەسلى ئىسىم-فامىلىسى ليۇ خۇگلى، ئۆزگەرتىلگەن ئىسىم-فامىلىسى شۇي خەيلۇڭ“ دەپ يېزىپ قويۇلدى. شۇنداق قىلىپ ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى شۇ باتۇرنىڭ ئىسمى قوشۇنىمىزدا خۇددى ھايات كىشىدەك جاراڭلاپ تۇردى...

—يولداشلار، تاماق پىشتى!—دەپ ئۇنلۇك ۋارقىرىدى ئىككى ئاش- پەز گويا ئالدىن ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېكايە ئاڭلاۋاتقان جەڭچىلەر توپىغا قاراپ. لاۋشۇي لىەنجاڭ ھېكايىسىنى توختاتتى ۋە يان يانچۇقىدىن پۇشتىكىنى ئېلىپ، سوزۇپ، سوزۇپ ئۈچ قېتىم چالدى.

كۆن تاغ كەينىگە ئولتۇرغان ئىدى، كەچكە قىپقىزىل شەپەق نۇرلى-

ری تاغ چوققىسىنىڭ كەينىدىن تىك كۆتۈرۈلگەن قىلىچلارنىڭ بىسلىرىدەك يۇقىرىغا ئۆرلەپ غەرب ئاسمىنىنى چوغدەك قىزارتقۇەتكەن ئىدى.
ئىشتىن چۈشۈپ ئىختىيارىي ئارام ئېلىۋاتقان جەڭچى-كوماندىرلار ئاشخانا تەرەپكە ئىككى-ئۈچتىن كېلىشكە باشلىدى. كونامدىر-جەڭچىلەرنىڭ بىر قىسمى لاۋشۈي لېەنجاڭنىڭ ھېكايىسىغا قىزىقىپ، قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشقان ئىدى. ئاشخانا تەرەپتىن پولونىڭ مەزىلىك ھىدى كېلەتتى. ئاشخانا ئالدىغا يىغىلغان جەڭچىلەر قاچىلىرىنى تۇتۇپ رەتلىك تىزىلدى. دەل شۇ چاغدا تاغنىڭ تۆۋىنىدىن جەڭچىلەر تەرەپكە چىقىپ كېلىۋاتقان ئۆكۈزلەرنىڭ پۇشۇلدىغان ئاۋازى، كەينىدىن پەيجاڭ باتۇر قادىرنىڭ ھارغىن ئاۋازى ئاڭلاندى. كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى پەيجاڭ باتۇر قادىرنىڭ ئالدىغا قاراپ خۇشال يۈگۈرۈشتى.
پولو ئالدى بىلەن جاپا تارتقان ترانسپورت گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە، ئاندىن ھەرقايسى بەنلەرگە بۆلۈپ بېرىلدى. ترانسپورت گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن باتۇر قادىرنىڭ قاچىسىدىكى پولۇ ئۈستىگە ئۇنىمغانىغا قارىماي يوغان-يوغان ئۈچ پارچىدىن گۆش بېسىپ بېرىلدى. پەيجاڭ باتۇر قادىر لېەنجاڭ لاۋشۈيگە يۇقىرىنىڭ يېڭى يوليورۇقىنى يەتكۈزدى:
—بىزنىڭ دەرەخ كېسىشنى دەرھال توختىتىپ، تەييارلانغان ياغاچلارنى تاغ چوققىسىدىن دەريا بويىغا چۈشۈرۈپ بولۇپ، قايتىپ كېلىشىمىزنى ئۇقتۇردى.
—ياغاچلارنى دەريادا ئېقىتىپ، ئالتاي بازىرىغا يەتكۈزۈشكە باشقا لېەندىن ئادەم ئاجرىتامدىكەن؟
—يەرلىكتىن ئورمان ئىشچىلىرى بىزنىڭ ئورنىمىزغا ئالمىشىپ چىققۇدەك.
لېەنجاڭ لاۋشۈي ئالتايدىن ئورمان ئىشچىلىرى چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولدى. ئۇ يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى بويىچە كېسىلىپ بولغان دەرەخلەرنى دەريا بويىغا چۈشۈرۈش تەييارلىقىنى باشلاشنى بېكىتتى. ھەربىدەپ يىقىتىلغىنى بىلەن تېخى ئىككى-ئۈچ مېتىردىن قىلىپ ھەرىدەلمىگەن، چوڭ-كىچىك شاخلىرى پۇتالمىغان دەرەخلەر خېلى بار

ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر كۈن قاتتىق ئىشلەشكە توغرا كەلدى. ئەتىسى
چۈشتىن كېيىن بارلىق كوماندىر-جەڭچىلەر بەنلەر بويىچە يەنىلا يىقىتىل-
غان دەرەخلەرنى پۈتاش ۋە ھەرىدەش بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز
ئالتاي تاغلىرىنىڭ شىمالىدىن قازاننىڭ قارىسىدەك قاپقارا بۇلۇتلار دۆۋىسى
تۈرۈلۈپ-تۈرۈلۈپ قىلجىقا چوققىسىغا كېلىشكە باشلىدى. ئېگىز-ئېگىز
چوققىلارنى بىردەمدىلا قارا بۇلۇتلار قاپلاپ كەتتى. تۈرۈلۈپ-تۈرۈلۈپ
مېڭىۋاتقان قارا ئېقىم تېخىمۇ پەسلىمەكتە ئىدى. باياتىن پارقىراق سۈتتەك
نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش يۈزى تۇرخۇن مۇنارىدىن ئۇرغۇپ چىققان
قاپقارا ئىستەك تۈرمە بۇلۇتلار ئىچىدە قالدى. بىر چېتى سىياھدەك قارا
ئاسماندىن قىلجىقا چوققىسىغا قەدەر يالتىراق كۈمۈش قىلىچلارنىڭ بىسلى-
رىدەك ۋال-ۋۇل چاقنىغان چاقماق يولى جەڭچىلەر ئىشلەۋاتقان ئىش
مەيدانىنى كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان قىسقا ئارىلىقتا كۈمۈشتەك يورۇتۇ-
ۋەتتى. ئېگىز ئاسمان بىلەن بىرگە تاغ چوققىلىرى، بۈك ئورمانلار گۈلدۈر-
لەيتتى. نەم، سوغۇق شامال تەسىرىدە ئاسمان پەلەك ئۆسكەن دەرەخلەر-
نىڭ قويۇق شاخلىرى شالدىرلايتتى. يەنە بىرقانچەقېتىم ئۈستى-ئۈستىگە
قورقۇنچلۇق چاقماق چېقىپ، ياتاقلىرىغا بالدۇرراق كىرىش ئۈچۈن لەنجاڭ
لاۋشۈي بىلەن پەيجاڭ باتۇر قادىرنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرغان كوماند-
دىر-جەڭچىلەرنىڭ تەقەززا قىياپىتىنى يورۇتتى. دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ
شىلدىرلاشلىرى، گۈلدۈرمامىنىڭ تاغ ۋە ئورمانلىقلارنى زىلزىلىگە سېلىپ
گۈلدۈرلىشى تاغنىڭ تۆۋىنىدىكى دەريانىڭ بىلىنەر-بىلىنمەس ئاڭلىنىۋاتقان
شاۋقۇنلىرىنى بېسىپ كەتتى. دەسلەپ پۇرچاقتەك-پۇرچاقتەك مۆلدۈر يې-
غىپ، كېيىن شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىغاندا ليەنجاڭ لاۋشۈي بىلەن
باتۇر قادىر چوڭ قىيا تاش باغرىدا جەم بولۇپ مەسلىھەتلىشىپ جەڭچىلەر-
نى دەرھال ئىشنى توختىتىپ ياتاقلىرىغا قايتىش توغرىلىق بۇيرۇق چۈشۈر-
دى. كوماندىر-جەڭچىلەر تەرەپ-تەرەپتىن ياتاقلىرىغا قايتىپ كىرىشتى،
چېلەكلەپ يېغىۋاتقان يامغۇر قارا، كۆك، كۈل رەڭ تاشلار ئۈستىگە قامچا
ئۇرغاندەك تاراسلاپ چۈشەتتى. ھەر قېتىم چاقماق ۋال-ۋۇل قىلىپ چېقىل-
غىنىدا جەڭچىلەر ياتاق كۆزنەكلىرىدىن ئالتاي ئورمانلىرى ئۈستىدە لەي-

لەپ تۇرغان قاتمۇقات بۇلۇت پەردىسىگە ھەيران بولغان ھالدا قارىشاتتى. شىددەتلىك گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر بىر سائەتچە يېغىپ، بىردىنلا توختىدى. ئاسماندىكى قارا بۇلۇت كەلكۈنى شىددەتلىك سۈرۈلۈپ يىراقلاپ، ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى.

كۈن تارقىلىۋاتقان بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن پارقىراپ چىقتى. ئورمانزارلىق ئۈستىدىكى كۆك رەڭ پەردە ئاستا-ئاستا سۈرۈلۈپ، دەرەخلەرنىڭ يامغۇردا يۇيۇنغان قويۇق شاخلىرى كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە يېشىللاشتى. ھەممە جەڭچىلەر ياتاقلىرىدىن چىقىشىپ، قىلچىقا چوققىسىنىڭ يېشىل ئورمانزارلىقىنىڭ كۆركەم، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان گۈزەل مەنزىرىسىگە زوقلىنىپ قاراشتى. يامغۇردىن كېيىنكى نەم، سوغۇق ساپ ھاۋادىن سۈمۈرۈپ-سۈمۈرۈپ نەپەس ئېلىشتى، تەبىئەتنىڭ ئالتاي تاغلىرىغا، پايانسىز سوزۇلغان قويۇق ئورمانزارلىقتا بەخش ئەتكەن چەكسىز گۈزەللىك جەڭچى-كوماندىرلارنى قاتتىق مەپتۇن قىلىۋالدى. يامغۇر سۇلىرى تاغ تۆۋىنىگە شىرقىراپ ئاقاتتى. ئۇلار يامغۇر توختىغاندىن كېيىن ئوتتەك قىزغىنلىقى بىلەن ئىشقا كىرىشىپ، كەچ كىرىشتىن بۇرۇنلا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنداپ بولدى.

لىيەنجاڭ لاۋشۈي بىلەن باتۇر قادىر ئەتىكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن شۇ كۈنى كەچتە تۆت بەنىنىڭ كوماندىرلىرىنى يىغىنغا چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى بەنلەرنىڭ كوماندىرلىرى يىغىنغا، قوراللانغان ئىككى جەڭچى چوققىنىڭ ئىككى تەرىپىدە كېچىلىك پوستا تۇرۇشقا ماڭدى.

ئەتىسى قىلچىقا چوققىسىدىكى ئۈچىنچى ئىزۋۇت دەرەخ كېسىشنى توختاتتى. جەڭچىلەر يەنىلا بەنلەر بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەرقايسى بەنلەردىكى تېنى ساغلام، قاۋۇل، كۈچلۈكرەكلەر بىلەن تېنى ئاجىزراق، ئاغرىقچان، ياغاچ دومىلىتىش ئىقتىدارى تۆۋەنرەكلەر مۇۋاپىق تەڭشىلىپ تەشكىللەندى. ئۈچ مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئورمانلىقتىن كېسىلگەن دەرەخلەرنى دومىلىتىپ، قىران دەرياسىنىڭ بويىغا چۈشۈرۈش بىر قارىماققا ئاساندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە جەڭچى-كوماندىر-

لارنىڭ خېلى كۈچىنىشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئۈچ مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىن دوملىتىلغان ياغاچلار ئۈچ-تۆت يۈز مېتىر تۆۋەنلەپ، ئادەم بويى ئېگىز خادا تاشلارغا پۈتۈن ئېغىرلىقى بىلەن قاڭقىپ ئۇرۇلاتتى-دە، شۇ يەردە توسۇلۇپ توختاپ قالاتتى. يوغان-يوغان خادا تاشلارنىڭ باغرىدىكى ئويمانراق يەرلىرىنى دالدا قىلىپ مۆكۈنۈۋالغان ئىككىنچى بەندىكى جەڭچىلەر توسۇلۇپ قالغان ياغاچلارنى دوملىتىپ تىك قىياغا ئېلىپ چىقىپ يەنىمۇ تۆۋەنگە ئىتتىرىپ ئىرغىتاتتى. تىك قىيادىن ئىرغىتىلغان بۇ ياغاچلار يەنىمۇ تۆۋەنگە ئۇقتەك ئۇچۇپ چۈشەتتى-دە، تاغ تۆۋىنىدىكى يەنە بىر تەبىئىي توسالغۇغا ئۇچراپ توختاپ قالاتتى. بۇ ياغاچلارنى جەڭچىلەر يەنە بىر كۈچى بىلەن تۆۋەنگە ئىرغىتمىسا بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ ياغاچلار بىر-بىرلەپ دەريا بويىغا يېقىنلاشتۇرۇلاتتى. ياغاچ دوملىتىۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ تەنتەنىلىك ۋارقىراشلىرى يىراق-يېقىنغا ئاڭلىناتتى، يۇقىرىدىكى ۋارقىراش-چۇقىراشلار كەڭ، زىچ ئورمانلىققا يېيىلىپ، ئاندىن تۆۋەنگە كۈچسىز، بىلىنەر-بىلىنمەس يېنىپ كېلەتتى. لىيەنجاڭ لاۋشۈي خادا تاشقا تېگىپ توسۇلۇپ قالغان يوغان بىر ياغاچنى كۈچەپ ئىتتىرىش بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ يۇقىرىدىكى ئۈچ-تۆت جەڭچىنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭى ئىچىدە تولۇق ئاڭقىرالماي، ھە دەپ يوغان ياغاچ بىلەن ھەپىلىشىۋەردى. شۇ ئەسنادا ئېگىز چوققىدىن ئىرغىتىلغان يوغان بىر قارىياغاچ تاشتىن تاشقا شىددەتلىك سوقۇلۇپ تۆۋەنگە غۇلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. پەيجاڭ باتۇر قادىر خەۋپ ئاستىدا قالغان لىيەنجاڭ لاۋشۈينى كۆردى-دە، ئۆزى قىمىرلىتىۋاتقان ياغاچنى قويۇپ، چاقماقتەك تېزلىكتە ئېتىلىپ بېرىپ، لاۋشۈينى مۈرىسى بىلەن ئىتتىرىپ، دالدا خادا تاش تۈۋىگە يىقىتىۋەتتى. لىيەنجاڭ لاۋشۈينىڭ ئاق بېلىگە چۈشۈۋاتقان يوغان قارىياغاچ باياتىن لاۋشۈي دەسسەپ تۇرغان چوڭ قوڭغۇر ئۇيۇل تاشقا قەھرى بىلەن ئۇرۇلۇپ، يەنە كۆككە قاڭقىپ كۆتۈرۈلۈپ تاغ تۆۋىنىگە قۇيۇندەك چۈشۈپ كەتتى. ناۋادا باتۇر قادىر لاۋشۈينى خادا تاش يېنىغا تېزلىكتە ئىتتىرىپ يىقىتىۋەتمىگەن بولسا ئۇقتەك ئېتىلىپ چۈشكەن قارىياغاچتا تېنى ئىككى پارچە بولۇپ كېتەتتى. قورقۇپ

چىرايى تاتىرىپ كەتكەن جەڭچىلەر لىيەنجاڭ لاۋشۈينىڭ ئامان قالغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ، چىرايلىرىغا قان يۈگۈردى. باتۇر قادىر ياغاچ دومىلاتقان بىرىنچى بەندىكى تۆت جەڭچىنى ئاچچىقى بىلەن تىللىماقچى بولغان ئىدى، لىيەنجاڭ لاۋشۈي يىقىلغان يېرىدىن تەستە تۇرۇپ ئۇنى توسۇپ قالدى.

— خەۋپ-خەتەر ئۆتۈپ كەتتى، تىللىغان بىلەن ئىش ئورنىغا كەلمەيدۇ، مانا مەن ساق قالدىمغۇ، ئاچچىقلىنىپ ياخشى ئىشلەۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىپ قويمايلى، — دېدى ئۇ باتۇر قادىرنىڭ يېنىغا كېلىپ.

ئۈچىنچى ئىزۋوت قىلچىقا چوققىسىدىكى ئورمانزارلىقتىن ئۆزلىرى كەسكەن يوغان ياغاچلارنى قىران دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قىرغاققا چۈشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن ئەتىسى ئىككى سائەت يول يۈرۈپ، بۈك-باراقسانلىق دەريا بويىنى چۈشكۈن قىلدى. بۇ جايغا ترانسپورت گۇرۇپپىسى بالدۇر بېرىپ ئەتىگەنلىك ناشتا تەييارلىقىنى باشلىۋەتكەن ئىدى. جەڭچىلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىگە چايمۇ تەييارلىنىپ بولدى. ناشتىدىن كېيىن تاغ باغرىلاپ تۆۋەنگە ئېقىۋاتقان قىران دەرياسىنى بويلاپ ماڭسا ئالتايغا كەچرەك يېتىپ بارغىلى بولاتتى. تاغقا چىقماق قىيىن بولغىنى بىلەن تۆۋەنگە چۈشمەك ئاسان ئىدى، جەڭچىلەر مېڭىش ئارىلىقىدا دەريا بويىنى ئايلىنىپ، قىران دەرياسى بويلىرىنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىنى، ئەينەكتەك سۈزۈك سۇلىرىنىڭ شارقىراپ ھەيۋەتلىك ئېقىشىنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى.

× × ×

قىران دەرياسىنىڭ بۇ يۇقىرى ئېقىنى بىر كېڭىيىپ، بىر تارىيىپ، تۆۋەنگە شوخ ئاقاتتى. ياغاچتىن ياسالغان، ئۈستىگە توپا، شېغىل تاشلار بېسىلغان ئەنئەنىۋى كونا كۆۋرۈك ئاستى كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايتتى. كېڭەيگەن دەريا بويى مۇشۇ ياغاچ كۆۋرۈككە كەلگەندە تارىياتتى، دەريانىڭ تەكتىنى كۆرسەتمەيدىغان كۈچلۈك ئېقىن كۆۋرۈك ئاستىدىن شاۋقۇنسىز، جىمجىت ئۆتەتتى. تەلۋىلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان بۇ كۈچلۈك ئېقىن

كېڭىيىپ، ئەللىك مېتىرچە ئۇزاپ يىراقلىغاندىن كېيىن بەش-ئالتە مېتىر چوڭقۇرلۇقتا چۈشۈپ شارقىراتما ھاسىل قىلىپ، شىددەت بىلەن تېخىمۇ تۆۋەنلەيتتى. پەيجاڭ باتۇر قادىر ئىلى دەرياسى بويىدىن كەلگەن ياشراق، روھى كۆتۈرەڭگۈ جەڭچىلەر بىلەن بىرگە كۆۋرۈك يېنىدىكى شاۋقۇنى ئانچە كۈچلۈك بولمىغان سۇ ئېقىمىنى تاماشا قىلدى. 6-ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى قۇياش تىك كۆتۈرۈلەي دېگەندە ھاۋا خىلىلا ئىسسىپ كېتەتتى. ھاۋا قىزىپ تۇرغان چاغدا يەنە بىرقانچە ئۇيغۇر، قازاق جەڭچى چاپان، كۆڭلەكلىرىنى سېلىشىپ، چاقچاق قىلىشىپ كونا ياغاچ كۆۋرۈك يېنىغا كېلىشتى-دە، دەرياغا ئۆزلىرىنى تاشلاپ كۆۋرۈك ئاستىدىن بېلىقتەك شۇڭ-غۇپ ئۈزۈپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئىلى دەرياسى بويلىرىدىن كەلگەن بالىلار ناھايىتى قىزىقچى ۋە چاقچاقچى كېلىدۇ. شۇنداقلا كۆپىنچىسى سۇدا ئۈزۈشكە بېلىقتەك ماھىر، ئۇلار كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا دەريانىڭ ئېقىشىغا قاراۋاتقان پەيجاڭ باتۇر قادىرغا چاقچاق قىلغىلى تۇردى:

—پەيجاڭ، قېنى سىزمۇ سۇغا سەكرىمەمسىز؟

—قويۇڭلار ئاغىنىلەر، پەيجاڭغا دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، دۈشمەن-لەرنى يوقات، دېگەن بۇيرۇق كەلمىگۈچە ھەرگىز سۇغا چۈشمەيدۇ!

—پەيجاڭ سۇغا چۈشەلمەمدۇ...ھا...ھا...ھا...

باتۇر قادىر كۆۋرۈك ئاستىدىكى تىپتىنچ، شاۋقۇنسىز ئېقىۋاتقان ئۇلۇغ سۇغا سەپسېلىپ قارىدى. ئۇ كىچىك چېغىدا كارىز سۈيى تولدۇرۇلغان دولقۇنسىز تىنىق كۆلدە بىرقانچە قېتىم ئۈزگەن ئىدى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنى بىر كۆرستىپ قويماقچى بولۇپ كىيىم-كېچەكلىرىنى سالدى. كەينىدىن كېلىۋاتقان لىيەنجاڭ لاۋشۈينى كۆرمەي غەيرەتكە كېلىپ، كۆۋرۈك ئاستى-دىكى بىلىنەر-بىلىنمەس ئېقىۋاتقان، لېكىن ئاستىنقى ئېقىمى شىددەتلىك تېز سۇغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ دەريا سۈيىنىڭ بۇ ئېقىشىغا قاراپ دەريانىڭ چوڭقۇرلۇقىغا، كۈچلۈك سۇ بېسىمىغا ۋە ئىتتى-رىش كۈچىگە دەررۇ ھۆكۈم چىقىرىشى تەس. باتۇر قادىر سۇ ئۈستىدە دەريانىڭ ئېقىشىغا قاراپ پۇتلىرىنى جۈپلەپ بىرلا گۇپپاڭ سوققان بولدى. ئىككىنچى قېتىم سۇ ئۈستىگە كۆتۈرۈلەي دېگۈچە سۇ ئېقىمى ئۇنى ئالدىغا

ئىتتىرىپ تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا چۆشۈرۈۋەتتى، ئىككى پۇتىنى سۇ ئۈستىگە چىقىرالمىدى، ئىككى قولىنى ئېقىمغا قارشى كۆتۈرەي دېۋىدى، بېشى سۇ ئىچىگە چۆكۈپ كېتىپ، ئاغزىغا سۇ كىرىپ كەتتى. باتۇر قادىر ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىن ئۆزۈپ ئۆتكىچە يەنە بىرقانچە قېتىم ئۆز ئىرادىسىگە قارشى ھالدا سۇ ئىچىۋالدى. دەريانىڭ تەكتى چوڭقۇر، ئېقىمى ناھايىتى شىددەتلىك ئىدى. بېشى سۇ ئۈستىگە گاھ چىقىپ، گاھ چۆكۈپ كېتەتتى. ئىككى قىرغاقتىكى جەگچىلەرنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى. ئۇلار ۋارقىراپ-جارقىراپ باتۇر قادىرنى قىرغاققا ئۈزۈپ چىقىشقا دالالەت قىلاتتى. بىرىنىم مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە قۇتۇلدۇرۇۋالمىغاندا، تەلۋە سۇ ئېقىمى ئۇنى ئىتتىرىپ ئېقىتىپ، توپتوغرا بەش مىتىر تۆۋەنگە چۈشۈۋاتقان قورقۇنچلۇق شارقىراتمىغا تاشلايتتى. تۆتىنچى بەننىڭ بەنجاگى سۇغا چۆكۈش ئارىلىقىدىكى ئادەمنى ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرسا، چۆكۈپ كەتمەي لەيلەپ سۇ ئۈستىگە چىقىدۇ، دەپ ئاڭلىغان ئىدى، لېكىن ئۇ باتۇر قادىرنى ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇش گېپىنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمىدى. قىرغاقتىكى جەگچىلەر ئارىسىدىن ئۆز پەيجاگىنى ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرىدىغان بىرەرسىنىڭ چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ليەنجاڭ لاۋشۈي بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

—ئاۋۇ بادرىنى ئېلىپ كېلىڭلار،—دېدى ئۇ كىچىك بالىنىڭ بىلىكىدەك توملۇقتىكى ئۇزۇن ياغاچنى بىگىز قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ. باياتىن چاقچاق قىلغان بىر جەگچى قورققان ھالدا يۈگۈرۈپ بېرىپ، بادرىنى لاۋشۈيگە سۇنۇپ بەردى. لاۋشۈي شارقىراتمىغا ئۆتىدىغان سۇ يولىنىڭ ئوتتۇرىسىنى توساپ تۇرغان خادا تاشقا بۇ بادرىنىڭ ئۇچىنى ئارانلا تەگكۈزدى. باتۇر قادىر خېلىلا ھارغان ئىدى. ھاياتى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغانلىقىنى سۇ ئىچىدىلا ھېس قىلىپ بولغان ئىدى. ئۇ سۇنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى خادا تاشقا تېگىپ، سۇ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغان بادرىغا قولىنى سۇندى ۋە بېشىنى سۇ ئىچىدىن ئارانلا چىقىرىپ لاۋشۈي سۇنغان بادرىنىڭ ئۇچىنى جېنىنىڭ بارىچە چىڭ تۇتۇپ لەيلەپ قالدى. چىرايىغا قان يۈگۈرگەن ليەنجاڭ جەگچىلەر بىلەن بىرگە بادرىنى

ئاستا-ئاستا تارتىشقا باشلىدى. ھەش-بەش دېگۈچە دەريادا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىش خەۋپى كۆرۈنۈپلا تۇرغان باتۇر قادىر قايتىدىن ھاياتقا قايتىپ كەلدى.

لیەنجاڭ لاۋشۇي جەڭچىلەرگە تېز كىيىنىپ يولغا چىقىش توغرىلىق بۇيرۇق قىلدى. ئۆزى ئەڭ ئالدىدا ماڭدى. ئوڭغۇل-دوڭغۇل يوللاردا يالغۇز ئاياغ تاغ يولى گىرۋەكلىرىدە تۆت بەندىكى جەڭچىلەرنىڭ رەتلىك —تەپتەكشى تىزىلىپ مېڭىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لیەنجاڭ بىرىنچى بەننى ئالدىدا ماڭغۇزۇۋېتىپ، تۆتىنچى بەن ئۆتۈپ بولغۇچە كۆزىتىپ تۇردى ئاندىن بىر قېرى قارىغاي تۈۋىدە باتۇر قادىرنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇردى. باتۇر قادىر يالغۇز ئاياغ يولغا ياندىشىپ، تاغ گىرۋىكىدىن يۇقىرىغا تىك ئۆسكەن قېرى قارىغاي تۈۋىدە ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان لیەنجاڭنى كۆرمەي، ئۇدۇل ئۆتۈپ كېتىۋىدى، لیەنجاڭ ئۇنى چاقىردى.

—باتۇر قادىر ھەربىي بۇيرۇققا ناھايىتى ئىتائەتمەن ھەربىي ئىدى. ئۇ لاۋشۇينىڭ جىددىي بۇيرۇقنى ئاڭلاپ، ئورنىدا چىپپىدە توختىدى. لیەنجاڭ قارىغاي تۈۋىدىن ئاستا قوزغىلىپ، باتۇر قادىرنىڭ يېنىغا كەلدى.

—بىرەر پاجىئە يۈز بەرگەن بولسا قانداق قىلاتتىڭىز؟ جەڭچىلەرنى توسماي، تېخى ئۆزىڭىزمۇ باشباشتاقلىق قىلىپ دەرياغا چۈشۈپ، تۇنجۇ-قۇپ ئۆلگىلى تاس قالدىڭىز! ئەگەر راستىنلا شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەن بولسا مەن يۇقىرىغا، ئاتا-ئانىڭىز ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭىزغا قانداقچە جاۋاب بېرەلەيمەن؟ ئۇرۇشتا قۇربان بولۇش باشقا گەپ. ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ مەنىسىز ئۆلۈشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟!

—خاتالىقىمغا ئىقرارمەن، لیەنجاڭ!—باتۇر قادىر سېرىق ھەربىي شەپكىسىنى تېخى قۇرۇپ بولالمىغان بېشىغا باسۇرۇپ كىيىپ، خىجىللىقتا يەرگە قارىۋالدى.

—بۇ چوڭ ساۋاق بولسۇن، كوماندىر ھەربىي ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىشى لازىم. ھەربىي ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا تېخىمۇ شۇنداق. ھەرگىزمۇ تەۋەككۈلچىلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

باتۇر قادىر ئۆزىنىڭ باشباشتاقلىق قىلغانلىقىغا ئۆكۈنۈپ، ئوڭايسىز-

لىنىپ، بىردەم يەرگە قاراپ جىم تۇردى، ئاندىن جىددىي پەيتتە ئەقىل-پا-
راستىنى ئىشلىتىپ، ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغان لىيەنجاڭنىڭ چىرا-
يىغا قارىدى. لىيەنجاڭنىڭ قورۇق باسقان چىرايى خېلىلا جىق ئىش
كۆرگەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. باتۇر قادىر لىيەنجاڭنىڭ ئۆزىگە بەرگەن
تەنبىھ، ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى چىن كۆڭلىدىن توغرا ۋە ئورۇنلۇق دەپ
ھېسابلىدى. ئاندىن كېيىن ئۇلار تەڭ يۈگۈرۈپ، خېلى ئۇزاپ كەتكەن
تۆتىنچى بەننىڭ كەينىدىن يېتىشىۋالدى. جەڭچىلەر يولنىڭ ئەھۋالىغا
قاراپ بەزىدە بەنلەر بويىچە رەتلىك تىزىلىپ، بەزىدە ئىختىيارىي يېيىلىپ
ئارىلىق تاشلاپ مېڭىپ، بازارغا قايرىلىدىغان كەڭ تۈز يولغا چىقىش
ئېغىزىغا كەلدى. شۇ يەردە ئۇلارغا توختاپ قىسقا مۇددەت ئارام ئېلىشقا
بۇيرۇق بېرىلدى. لىيەنجاڭ لاۋشۈي بىلەن باتۇر قادىر چاپانلىرىنى سېلىشى-
ۋاتقان جەڭچىلەردىن يىراقلاپ بىرئاز يۇقىرىلىدى-دە، باش-كۆزلىرىنى
سوغۇق سۇدا يۇيۇشقا باشلىدى. ئاندىن كېيىن پايپاقلىرىنى سېلىپ،
پۇشقاقلىرىنى تۈرۈپ، دەريانىڭ قىرغىقىدىكى تېيىز يېرىگە چۈشۈپ، پۇتلى-
رىنى يۇيۇشتى. باتۇر قادىر پاقالچەكلىرىنى سۆيۈپ ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك
سۇدىن ئوچۇملاپ ئىچتى. مۇزدەك سۇ ئالتىنچى ئاينىڭ ئاخىرىدىكى
كۈننىڭ ئىسسىق ھارارىتىدە قىزىپ كەتكەن بەدىنىنى يايرىتىۋەتتى، ھار-
غىنلىق تۈگەپ، قالتىس ھۇزۇرلىنىش ھېس قىلدى. باتۇر قادىر سۇدىن
ئالدىراپ قايتىپ چىقتى-دە، قورۇق لۆڭگىسى بىلەن چېچىنى ئېرتىپ
تۇرۇپ، لىيەنجاڭ لاۋشۈيگە قاراپ دېدى:
—ئالتايغا كېلىپ باقمىغان كىشىلەر دۇنيادا ئالتاي سۈيىدەك سو-
غۇق، سۈپسۈزۈك تاتلىق سۇ بار دېسە، ئىشەنمەيدىكەن، دەيمەن. پاھ،
نېمە دېگەن سۈزۈك، مۇزدەك سوغۇق، تاتلىق سۇ بۇ!
—راست، ھەقىقەتەن سوغۇق، ئاجايىپ سۈزۈك، تاتلىق سۇ ئىكەن
بۇ!
—يەرلىك كىشىلەرنىڭ „ئالتۇن چايقىغان سۇ“ دەپ ئاتىشى بىكار
ئەمەستەك قىلىدۇ،—دېدى باتۇر قادىر كەڭ يېيىلىپ يېنىك ئۆركەشلەۋاتـ-
قان دەريا سۈيىگە قاراپ. ئۇ كىچىك چېغىدا بىر شائىرنىڭ ئوقۇش

كىتابىغا ئېلىنغان ”سىقىم تۇپرىقى ئالتۇن بىلەن تەڭ، ئاقىقان سۇلىرى ھەسەل بىلەن تەڭ“ دېگەن شېئىرىي مىسرالىرىنى ئېسىگە ئېلىپ ھاياجانلاندى. مۇشۇنداق سۈزۈك، تاتلىق ۋە خاسىيەتلىك سۇ ياشناتقان ئالتاي ئورمانلىرى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. ئۇ سۇدىن قىرغاققا چىقىپ، كەڭ ئورمانلىققا كۆز يۈگۈرتۈۋىتىپ، جەڭچىلەرنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش تاغ ئورمانلىرىغا قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى. جەڭچىلەر بىلەن بىرگە ياغاچلارنى كۆتۈرۈپ، شېغىل تاشلاردا تولا ماڭغانلىقتىن ئۇپراپ ئۇچى يىرتىلىپ كەتكەن پايپاقلىرىنى كىيىۋاتقان ليەنجاڭ لاۋشۈيمۇ دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاغ باغرىلاپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئېگىز ئۆرلەپ تاغ چوققىلىرىغا قەدەر كىرەلەشكەن سامىرسىن، قارىغايلارغا ھەۋەس بىلەن نەزەر سالدى:

— مېنىڭمۇ بىرىنچى قېتىم كېلىشىم، قانداق، ئالتاي ئورمانلىرى گۈزەلمىكەن؟ — ليەنجاڭ لاۋشۈي سۆزلەۋىتىپ سېرىق رېزىنكە ئايغىنى كىيىش ئارىلىقىدا قاداق باسقان پۇت بارماقلىرىنىڭ ئۇچى يىرتىلىپ كەتكەن پايپاقلىرىدىن چىقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى-دە، ئالدىراپ باتۇر قادىردىن يوشۇردى. باتۇر قادىر كىيىنىپ بولغان ئىدى. ئۇ ليەنجاڭنىڭ كۆز ئىشارىسى بويىچە ئارتۇقچە گەپ-سۆز قىلماي، ھەرقايسى بەنلەرگە رەتلىك تىزىلىپ، يولغا چىقىشقا بۇيرۇق بەردى.

ئۇلار تەكشى قەدەم تاشلاپ، ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن جەڭچىلەر قاتارىغا يېتىشىۋالدى-دە، كەڭ، ئوچۇق تۈز يولغا چىققاندا بەنلەر بويىچە تەرتىپلىك تىزىلىپ كەچ كىرگىچە ئالتاي بازىرىغا يېتىپ باردى. ئۇلارنى ئاشپەزلەر ئالاھىدە تەييارلىق قىلىپ، ئادەتتىكى كۈنلەرگە قارىغاندا جىق گۆش بېسىلغان مەززىلىك پولۇ ئېتىپ، توت كۆزى بىلەن قىزغىن كۈتۈپ تۇراتتى.

× × ×

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. باتۇر قادىر ليەنجاڭ لاۋشۈينىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن پارتىيىگە كىرگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئاشلىق مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچىدە ئاشلىق دۇكىنىغا تەقسىم قىلىنغان

ھاشىخان ئىسىملىك بىر قىزغا ئانچە چوڭ چىقىم تارتمايلا ئۆيلىنىپ بولۇپ قايتىپ كەلدى. ئۇ ئايالىنى، ئاپىسى بىلەن سىڭلىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەربىي سەپتىن يەرلىككە قايتىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇنىڭ ھەربىي سەپتىن قايتىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقتى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ئۇنى فۇلىيەنجاڭ قىلىپ ئۆستۈرۈشنى ئويلىشىۋاتقان چاغ ئىدى. ئۇ ليەنجاڭ لاۋشۈيگە، يۇقىرىغا ئۆز ئائىلىسىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى ئېيتتى. ئۇ بىرقانچە قېتىم يەرلىككە يۆتكىلىش توغرىلىق ئىلتىماس سۇنغان بولسىمۇ، رەھبەرلىكنىڭ ئايالىنى ئالتايغا يۆتكەپ قويۇشقا بولىدۇكى، ھەربىي سەپتىن قايتۇرۇشقا بولمايدۇ، دېگەن تەستىقى كەلدى. ئايالى ھاشىخان تۇغقاندىن كېيىن ئالتايدەك بارسا كەلمەس تاغ يۇرتىغا ھەرگىزمۇ بارمايدىغانلىقىنى، باتۇر قادىرنىڭ دەرھال كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلدى. باتۇر قادىر ئانىسى رازىخان بىلەن سىڭلىسى تەلەيخانغا بىرقانچە قېتىم خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ ئۈرۈمچىگە چىقىپ، ھاشىخاننىڭ خىزمەت قىلىشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ، بالىسى غالىب باتۇرغا قاراپ بېرىشىنى ئۆتۈندى. دۇنيادا ئوغلىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئانا يوق. رازىخان تەلەيخاننى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە چىقىپ، ھاشىخان بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈردى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي باتۇر قادىر ئانىسىدىن بىرمۇنچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ خەتلەردە تەلەيخان ھاشىخاننىڭ كېلىشەلمەيۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەلەيخاننىڭ بىر ئورۇس يىگىتى بىلەن مۇھەببەت باغلاپ، توي قىلىشقا ئالدىراۋاتقانلىقى ئېيتىلغان ئىدى. باتۇر قادىر سىڭلىسى تەلەيخانغا بىرقانچە قېتىم خەت يېزىپ، ئۇ ئورۇس يىگىتى بىلەن توي قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى قاتتىق تەكىتلىدى. باتۇر قادىر ئۈستى-ئۈستىگە بىرقانچە قېتىم يەنىلا كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئوخشاش مەزمۇندىكى خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ليەنجاڭ لاۋشۈيگە ئۆيىدىن خاتىرجەمسىزلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، يەرلىككە قايتىشنى يەنە تەلەپ قىلدى. ليەنجاڭ لاۋشۈي ئاخىر قوشۇلدى ۋە بۇ يىل ھەربىي سەپتىن قايتىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە تەستىقلىنىش ئېھتىمالى بولغان ھەربىيلەر تىزىملىكىگە

باتۇر قادىرنىمۇ كىرگۈزۈپ، يۇقىرىغا دوكلات يوللىدى. ھەربىي سەپتىن چېكىنىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانلار ئىچىدە گاۋ فۇليەنجاڭمۇ بار ئىدى. بىر ئايدىن كېيىن يۇقىرىدىن قوشۇلغانلىق تەستىقى كەلدى.

— ساڭا خۇش خەۋەر، باتۇر، — دېدى لاۋشۈي باتۇر قادىرنىڭ كەڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ، — سېنىڭ ئىلتىماسىڭ تەستىقلىنىپتۇ، ھەربىي سەپتىن قايتىدىغانلار ئىچىدە سېنىڭمۇ ئىسمىڭ بار ئىكەن.

باتۇر قادىر ئىچ-ئىچىدىن خۇشاللىنىدىيۇ، ليەنجاڭ لاۋشۈينىڭ شەپ-كىسىدىكى ھەربىي كاكارغا كۆزى چۈشۈپ كۆڭلى بىرئاز يېرىم بولدى، ئۇ ئەسلىدە ئائىلىسىدىن قايتىپ كېلىش توغرىلىق قايتا-قايتا خەت تاپشۇ-رۇۋالمىغان بولسا ھەربىي سەپتىن قايتىش ئىلتىماسى يازمىغان ۋە قوشۇن-دىن قايتمىغان بولار ئىدى، ئۇ ئەمدى ئەتىدىن باشلاپ، يان قورالى بىلەن بىرگە ھەربىي فورمىسىنى تاپشۇرۇپ، قايتىش تەييارلىقىنى باشلىۋې-تىدۇ. يۇقىرىنىڭ ئۇقتۇرۇشى بويىچە ھەربىي سەپتىن قايتىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ليەندۈيدە قالىدىغان يولداشلىرى بىلەن مەيۈسانە خوشلىشىپ، ئۆزئارا بىربىرىگە ئادرېس قالدۇرۇشماقتا ئىدى.

باتۇر قادىر ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان ليەنجاڭ لاۋشۈينىڭ يېنىغا — قىران دەرياسى بويىغا كەلدى. دەريا شاۋقۇنلۇق ئاقماقتا ئىدى. ليەنجاڭ ئۆزىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايۋاتقان باتۇر قادىرنىڭ مەيۈس چىرايىغا قاراپ ئېغىز ئاچتى.

— بىز چېگرا رايوندا بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئىنقىلابىي قۇربانلىرىمىز باشلاپ بەرگەن ئۇلۇغ ئىشلارنى داۋاملاشتۇرماقتىمىز، — دېدى ئۇ ئىككى قولنى كەينىگە قىلىپ، دەريانىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى يوغان خادا تاشقا ئۇرۇلۇپ ئويناقلاپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك كۈمۈش سۇ ئېقىنىغا قاراپ، — بىزنى كەڭ خەلققە بەخت-سائادەت يارىتىپ بېرىش نىشانىسى بىرلەشتۈرگەن. بىزنىڭ ئارقا تىرىكىمىز خەلق ئاممىسى بولغانلىقى ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەر-قانداق ئۆزگىرىشلىرىدىن قەتئىينەزەر، مەڭگۈ غالىب كېلىمىز. ئىلگىرى ئۆتكەن ئىنقىلاب قۇربانلىرى تارتقان جاپا-مۇشەققەتلەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە قەيەرگە بارمايلۇق، كەڭ خەلق مەنپەئىتى يولىدا ئانچىكى

قىينچىلىقلارنى كۆرۈپ ۋايساشقا، ئۆزىمىز ھەققىدە باش قاتۇرۇشقا قىلچە ئاساسىمىز يوق. يېڭى خىزمەت ئورۇنىغا بارغىنىڭىزدا بۇ نۇقتىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالما.

باتۇرقادىر لاۋشۈينىڭ سۈپسۈزۈك سۇنىڭ تېگىدىكى پارقىراق تاشـ ـتەك ئېنىق، دەريا دولقۇنىدەك جۇشقۇن سۆزلىرىنى قىمىرلىماي دىققەت قىلىپ ئاڭلىدى.

—سىزنى، تەلىمىڭىزنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايمەن،— دېدى باتۇر قادىر گاھ دەرياغا، گاھ لاۋشۈيگە قاراپ،— ئائىلەمدە كېلىشمەسلىك ۋە قىيىنچىلىق بولمىغان بولسا، ھەربىي سەپتىن ھەرگىزمۇ قايتمايتتىم. قايتىش ئۆز ئىرادەم بويىچە بولمىدى.

—ئائىلەڭدىكى كېلىشمەسلىكنى بولۇپمۇ ھازىرقى شارائىتتا سىڭلىڭـ ـنىڭ بىر ئورۇس يىگىتى بىلەن توي قىلىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى ئېغىر بېسىقلىق بىلەن توغرا بىر ياقلىق قىلارسەن،— دېدى لاۋشۈي ۋە باتۇر قادىرنىڭ ئۆزگىرىۋاتقان چىرايىغا سەپسېلىپ قارىدى. باتۇر قادىر خىجىل بولۇپ بۇلاقتەك قارا كۆزلىرىنى ئېتىك يەرگە قادىغىنىچە جىم تۇرۇپ قالدى.

—لىيەنجاڭ، مەن يەرلىككە ئالماشقاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ھەربىي سەپتە تۇرۇۋاتقاندەك جەڭگىۋارلىق بىلەن ئىشلەيمەن،— دېدى باتۇر قادىر لاۋشۈينىڭ ئەينى ۋاقىتتا پىلمۇت تۇتقان قولىنى قويۇۋېتىپ. ئۇلار ئەنە شۇنداق ئايرىلغۇسى كەلمىگەن كونا قەدىناسلاردەك بىر-بىرىگە كۆز ئۈزـ ـمەي قارىشىپ خوشلاشتى.

باتۇر قادىر ھەربىي سەپتىن رەسمىي قايتىش رەسمىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئايروپىلانغا بىلەت ئالدى. ئۇ ئانچە ئېغىر بولمىغان يۈك-تاقىسى بىلەن كىچىككىنە چامادانىنى ئېلىپ شىنجاڭ ئاۋئاتسىيە ئىدا- رىسىنىڭ ئايروپىلانغا ھاياجانىنى باسالمىغان ھالدا كۆلۈمسىرەپ چىقتى. كەينىدىن ئۆزى بىلەن بىرگە ھەربىي سەپتىن قايتىش تەلىپى تەستىقلانغان ئېگىز بويلۇق، ئورۇقراق كەلگەن، كۈلگىنىدە ئاسانلا كۆزى يۇمۇلۇپ كېتىدىغان گاۋ فۇلىيەنجاڭمۇ چىقتى. باتۇر قادىر ئايروپىلانغا چىقىپ بولۇپ

كەيىنگە بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، پەستە لاۋشۇي ھەربىي سەپتىن قايتقان جەڭچىلەرگە قولىنى پۇلاڭلىتىپ خوشلىشىۋېتىپتۇ.

—باتۇر قارىغىنا، ئەنە لاۋشۇي، ئۇ بىزنى ئۇزاتقىلى ئايرودرومغا كەپتۇ ئەمەسمۇ!

—ئايروپىلان ساقلاپ تۇرغان بولسا پەسكە چۈشۈپ لاۋشۇي بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈۋالغان بولساق بوپتۇكەن!—دېدى ئۇ گاۋ فۇليەنجاڭنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ. ۋاقىت رەھىمسىز ئىدى، باتۇر قادىر ئاخىرقى قېتىم قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ لاۋشۇي بىلەن ئايروپىلان ئۈستىدە خوشلاشتى. ئىشكى يېپىلغاندىن كېيىن، ئايروپىلان پەستە تۇرغانلارنى تېخىمۇ پەستە قالدۇرۇپ يەردىن تېز كۆتۈرۈلۈپ تەدرىجىي ئېگىزلەپ ئۇچۇپ كەتتى.

ئارىدىن يېرىم سائەتچە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى بىرئاز ئاينىشقا باشلىدى. ئايروپىلانغا ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم چۈشكەنلىكى ئۈچۈنمىكىن، بېشى قېيىپ كەتتى. ئۇ ئالدىدىكى ئۈستەلنىڭ قىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئايروپىلان دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىدى. كۆزىگە ئايروپىلاننىڭ سۈزۈك تاشئەينەكلىك دېرىزىسىدىن قارا ۋە كۆل رەڭ ئارىلاش بۇلۇتلاردىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. ئايروپىلان بارغانسېرى كۆككە ئېگىزلىمەكتە ئىدى. بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن ئايروپىلان تۆۋەنلەشكە باشلىدى. باتۇر قادىرنىڭ باش قېيىشى توختىدى. ئۇ ئوڭشالغاندىن كېيىن خىيالغا چۆكتى:

„مەن بارغاندىن كېيىن بىرىنچى بولۇپ ئانامدىن ھال-ئەھۋال سورايمەن. ئانام مېنىڭ تەلىپىم بويىچە ئالاھىدە كېلىپ بالام غالىبنى بېقىپ ئايالىمنىڭ نورمال خىزمەت ئىشلىشىگە ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. ئىككىنچى چوڭ ئىشىم بەڭباش سىڭلىمنىڭ ئۇ ئورۇس بىلەن توي قىلىشىنى توسۇش. خروششېۋ تەختكە چىققاندىن كېيىن جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتى يامانلاشتى، مۇندىن كېيىن باغانسېرى يامانلاشسا يامانلىشىدۇكى، ياخشىلىنىش بولمايدۇ. سىڭلىمنىڭ بۇ نۇقتىنى بىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئورۇس بىلەن توي قىلىدىغان بولسا، مېنىڭ خىزمىتىمنىڭ ئۆسۈشىگە، كەلگۈسى ئىستىقبالىمغا ئەڭ چوڭ پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ...“

—شىخەنزىگە كەلدۇق، ئەنە شىخەنزە كۆرۈندى،دېدى گاۋ فۇلىيەن-
جاڭ باتۇر قادىرنىڭ دىققىتىنى بۆلۈپ.

باتۇر قادىر ئايروپىلاندىكى ھەمراھى—سابىق فۇلىيەنجاڭنىڭ قولىنى ئايروپىلان دېرىزىسىنىڭ رەڭسىز تاشئەينىكىگە نوقۇپ ھاياجانلىنىپ ئۇنىڭ سۆزلەۋاتقانلىقىنى، ئۆزى ياقتۇرىدىغان خىزمەت ئورنىغا ئورۇنلىشىش تە-قەززاسىدا ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە دېرىزە ئەينىكىدىن تۆۋەنگە ئېڭىشىپ قارىدى. ئايروپىلان خېلىلا تۆۋەنلەپ ئۇچماقتا ئىدى. باتۇر قادىر يوغان-يوغان تاختا گىلەمدەك كۆرۈنگەن بېشىلزارلىقنى، ئارىلىق تاشلاپ قارا قويلاردەك ئالغا قاراپ مىدىرلاۋاتقان قارا ماشىنىلارنى كۆردى. ئايروپىلان شىخەنزە ئۈستىدىن ئۈرۈمچىگە قاراپ پەرۋاز قىلماقتا ئىدى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئايروپىلان غۇيۇلداپ پەسلەپ ئۇچۇپ ئۈرۈم-چى ئايرودرومىغا قوندى.

ئۈرۈمچى ئايرودرومى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ چېتىگە جايلاشقان. ئايرودرومدا يولۇچىلارنى ئۈرۈمچىنىڭ قەيېرىگە دېسە شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويىدىغان ئاپتوبۇسلار كۈتۈپ تۇراتتى. ئاپتوبۇس شوپۇرى تاماقلىنىۋاتقان بولغاچقا، يولۇچىلار ئون مىنۇتچە كۈتۈشكە توغرا كەلدى. باتۇر قادىرمۇ، گاۋ فۇلىيەنجاڭمۇ كېڭەيتىپ قۇرۇش ئالدىدا تۇرغان ئايرودرومنىڭ ئەتراپ-دىكى مەنزىرىلەرگە دىققەت قىلىدى. ھەر ئىككىسىنىڭ كاللىسىدا ئۆيلەر-رىگە يېتىپ بېرىپ بالا-چاقىلىرى بىلەن جەم بولۇش، گاۋ فۇلىيەنجاڭنىڭ بولسا قايسى ئىدارىگە تەقسىم قىلىنارمەن، دېگەن ئوي-خىيال قاناتلانماقتا ئىدى.

—باتۇر، سەن قايسى ئىدارىدە خىزمەت قىلىشنى ئويلاۋاتىسەن؟—دەپ سورىدى گاۋ فۇلىيەنجاڭ تەقەززالىق بىلەن ئاپتوبۇس شوپۇرىنى كۈتۈۋاتقان باتۇر قادىرغا قاراپ.

—تەشكىل نەگە تەقسىم قىلسا شۇ يەرگە، ھازىر ئويلاۋاتقىنىم بۇ ئەمەس، ئانام، سىڭلىم، ئايالىم ۋە بالام،—دېدى ئۇ چامادانىنى ئاپتوبۇس-نىڭ ئالدىغا تىرەپ تۇرۇپ.

—مەن قايسى ئىدارىگە تەقسىم قىلىنىپ قالارمەن، دەپ ئويلاۋاتىد-

مەن،—دېدى گاۋ فۇلیەنجاڭ غەمكىن ھالدا.
—بىز دۆلەت كادىرى، تەشكىل بىزنى نەگە قويۇشنى بىلىدۇ، بۇنىڭغىمۇ بىھۇدە ئويلىنىش كېتەمدۇ؟
—چەت ئەللەردە خىزمىتىنى يۆتكەپ تۇرغانلارنىڭ ئورنى ئۆسىدۇ، جۇڭگودا خىزمەت ئورنى يۆتكىلىپ تۇرغانلارنى نەس باسىدۇ، دېگەن گەپ بار. بۇ گەپ راست بولىدىغان بولسا تۆت-بەش يىلغىچە فۇلیەنجاڭ بولۇپ ئۆسمەي تۇرۇۋەرگىنىمگە ئوخشاش ئىش بولـۇپ قالارمـىكـىن، دەپ ئەنسىرەيمەن.
باتۇر قادىر ئۇنىڭ بۇ گېپىگە ئىپادە بىلدۈرمەي سوغۇق كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئايرىلىدىغان چېغىدا ئۆزىنىڭ بۇ سابىق فۇلیەنجاڭىغا زەرب بولۇپ قالىدىغان گەپنى دېيىشتىن يالتىيىپ قالدى. دەل شۇ چاغدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئاپتوبۇسنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر قېرى شوپۇر پەيدا بولدى. يولۇچىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئالدىرىشىپ ئاپتوبۇسقا چىقىشقا باشلىدى. باتۇر قادىر چىقىپ، ئاپتوبۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇندا ئولتۇرۇپ، ئالدىغا قارىدى. ئۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۇنى ئائىلىسىدە ئانىسى رازىخان، ئايالى ھاشىخان، ئوغلى غالىبجان، سىڭلىسى تەلەيخان تۆت كۆزى بىلەن زارىقىپ كۈتمەكتە ئىدى.

# ئىككىنچى باب

# تەلەيخان

ئۆتمۈشنىمۇ، كېلىچەكنىمۇ تەن ئالماي
يىگانە ھېس-تۇيغۇ—سۆيگۈدۇر.
—ئو. بالزاك

سۆيگۈ ئىنساننىڭ ھەممە زەئىپلىكلىرى ئىچىدىكى
ئەڭ قىزىقى ۋە ئەڭ كەچۈرۈشكە تېگىشلىكىدۇر.*
—ج. دىككىنس

1962-يىلى 1-ماي بايرىمى ھارپىسىدا قاتناش شىركىتى تەۋەسىدىكى ھەرقايسى ئائىلىلىكلەر ھويلا-ئاراملىرىنى سۈپۈرۈپ بايرامنى كۈتۈۋېلىش كەيپىياتىغا چۆمگەن، پەقەت باتۇر قادىرنىڭ ئائىلىسىدە ھېچبىر كۆڭۈل ئازادىلىكى يوق ئىدى. قايغۇ-غېمى چېچىدىن تولا رازىخان ھەربىي سەپتىن قايتىپ كېلىپ بىگى ئورۇنلاشقان ئوغلى باتۇر قادىرغا قاتتىق تاپىلاپ قىزى تەلەيخاننى زاۋۇتتىن چىقىپ كەتمەسلىككە، چېكىنىش پۇلى ئالماسلىققا كۆندۈرۈشنى بۇيرۇدى. باتۇر ئالتايدىن كۆپ قېتىملاپ خەت يېزىپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ھېچبىر رولى بولمىدى، ئالتايدىن قايتىپ

---

* ۋ. ۋورونتسوۋ «تەپەككۇر گۈلشەنى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988-يىل نەشرى، 557-558-بەتلەر.

كەلگەندىن كېيىنمۇ نۇرغۇن قېتىم نەسىھەت قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن گەرچە ئاكا-سىڭىللىق مۇناسىۋىتىدىن ئادا-جۇدا بولغانلىقنى خەققە ئاشكارا دېمىگەن بولسىمۇ كۆڭلىدە: "مېنىڭ مۇنداق سىڭلىم يوق" دەپ بىلەتتى. ئانا دېگەن ئانا-دە. ئانا بالىسىدىن ئايرىلىشقا قانداقمۇ چىدىسۇن؟ رازىخان ئوغلى باتۇرنى نەسىھەت قىلىشقا يەنە بۇيرۇۋاتىدۇ. باتۇرنىڭ ۋاقتىمۇ يوق ئىدى. ئەتىگەندە خادىملارنى تۆۋەنگە — يېزىغا چۈشۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ قەدەم-باسقۇچلىرى ھەققىدىكى يوليورۇقلارنى ئاڭلاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ يوليورۇق يەتكۈزۈش يىغىنىغا ۋاقتىدا قاتناشمىسا بولمايتتى. شۇڭا سىڭلىسىنىڭ يېنىغا — باسما زاۋۇتقا چۈشتىن كېيىن بارماقچى بولدى.

تەلەيخان باسما زاۋۇتتىن بەربىر ئايرىلىدىغان بولغانلىقتىن ئىشنىڭ خېمىغا يېتىپ قىلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، تۈنۈگۈنلا زاۋۇت باشلىقىغا دوقۇرۇلغان، ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالغان ئىدى. زاۋۇت باشلىقى چاڭ باۋشۇ: "يۇقىرى تەستىقلىمايدىغۇ" دېگەن پەرەز بىلەن ئۇنىڭ زاۋۇتتىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىش تەلىپىنى قاتناش شىركىتىگە ئىتتىرىپ قويىدى. چاڭ باۋشۇ تەرىپىدىن قىسقىلا يېزىلغان بىر پارچە قوشۇلغانلىق خېتىنى قولدا چىڭ تۇتقان تەلەيخان ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ، باسما زاۋۇتنى باشقۇرىدىغان قاتناش شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈم باشلىقى ئىشخانىسىغا ھېچبىر ئىجازەتسىزلا ئۇسۇپ كىرىپ كەلدى. لاۋگو تۆۋەنگە — يېزىغا چۈشۈرۈش يوليورۇقىنى يەتكۈزۈش يىغىنىغا كېچىكىپ قالغىنىغا جىلى بولۇپ ئالدىراۋاتاتتى. تەلەيخان ئۇنىڭ بىلەن دەلمۇدەل دوقۇرۇشۇپ قالدى. تەلەيخان لاۋگونى سىرتتىن ئاڭلىغان، ئەمما دېگەندەك ياخشى تونۇشمايدىغان بولغاچقا، بىرەر قېتىممۇ سۆزلىشىپ باقمىغان ئىدى. لاۋگو گازىر كۆزنى قىيسايتىپ ئوڭ مەڭزىدە ۋە ئوڭ قۇلىقىنىڭ ئاستىدا ئۆزىنىڭكىدەك كىچىككىنە مېڭى بار قىزغا زەڭ سېلىپ قارىغۇچە تەلەيخان قولىدىكى تۆت پۈكلەنگەن خەتنى بەردى. لاۋگو خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئالدىراشلىقتا گەپ-سۆزمۇ قىلمىدى. بىر ئېغىز گەپنىڭ دەررۇلا مىڭ ئېغىزغا ئايلىنىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ بولغان ئىدى. "تۆۋەنگە چۈشۈرۈش" يوليورۇقى-

ـدىن بىرئاز خەۋىرى بار لاۋگو يۇقىرى رەھبەرلىكتىن يوليورۇق سورىمايلا ھېلىقى خەتنىڭ ئاخىرىغا قول قويىدى: "بىرەر ئۇيغۇر چىقىپ كەتكەنگە جۇڭگودا ئادەم خوراپ قالىدىغان ئىش يوق، — دېدى ئۇ ئىچىدە، — جېدەللى توگىمەيدىغان بۇ خەقنىڭ نەچچىسى كەلسە، شۇنچىسىنى ھەيدەش كېرەك."

تەلەيخان لاۋگو قول قويغان زاۋۇتتىن چېكىنىش تەستىقنى ئالغانـدىن كېيىن قالغاچتەك ئۇچۇپ دېگۇدەك باسما زاۋۇتقا رەسمىيەت بېجىرگىلى كەتتى.

تەلەيخان ئانىسى رازىخان بىلەن بىرگە ئاكىسى باتۇر قادىرنىڭ ئۆيىدە ئولتۇراتتى. باتۇر قادىرنىڭ ئايالى ھاشىخان ئۆي تۇتۇشقا پۇختا، قاتتىق تەلەپچان، لېكىن ئۇششاق گېپى تولا ۋاتىلداق ئايال ئىدى، ئېغىر قېينىچىلىق ئادەمنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ. ئاشلىق نورمىسى يېتىشمەيۋاتـقاننىڭ ئۈستىگە تەلەيخاننىڭ ئۆزىگە سىپتا كەلگەن يارىشملىق كىيىم كىيىپ، تېخىنىكومغا ھەر قېتىم ئالدىراش مېڭىش ئارىلىقىدا قورسىقىم تويمىدى دەپ بوخچىسىغا يېرىم نان تىقىپ مېڭىشى، كىچىك بالىسىغا قارايدىغان رازىخاننىڭ گەپ تالىشىپ قالغىنىدا قىزى تەلەيخانغا دەررۇ يان بېسىپ، ئىشىكنى جالاققىدە قاتتىق يېپىشى باتۇر قادىرنى ئېغىر تەڭلىكتە قالدۇردى. ھاشىخان ئېرى باتۇر قادىرغا ئۇلار يوق چېغىدا: "ئۆيىدە بىكار يېتىپ نان يەيدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى، سىڭلىڭنى ئەمدى مەكتەپتىن توختىتىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇر، يا ئەرگە بەرگىن، كادىر بولمايمۇ ئەرگە تېگىپ ياخشى كۈن كەچۈرۈۋاتقانلار ئاز ئەمەسقۇ؟" دەپ دوق قىلاتتى. باتۇر قادىر ئايالى ھاشىخاننىڭ گېپىگە كىرىپ، مۇشەققەتتە رەھبەرلىككە يېلىنىپ يۈرۈپ، ئاخىر سىڭلىسىنى قاتناش باش شىركىتى قارىمىقىدىكى بۇ كىچىك بىر باسما زاۋۇتقا شاگىرت ئىشچىلىققا ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

شاگىرت ئىشچىنىڭ مائاشى ناھايىتى ئاز ئىدى. تەلەيخاننىڭ ھەرئايدا ئالىدىغان مائاشى ئۆزىگە ئارانلا يېتەتتى. تەلەيخاننىڭ تېخنىكومدىن توختـ ـتاپ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئۆيىدىكى خېلى بىر مەزگىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتـقان ئېغىر سۈركۈلۈشنى ئازايتىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتـ

تى. قەددى-قامىتى كېلىشكەن تەلەيخان ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم بىر قاتتىق توقالغا—ئانىسىنىمۇ ئاكىسىنىمۇ تەڭلىكتە قالدۇرغان قىيىن ئەھۋالغا دۇچ-كەلدى. ئۇ ئانىسىنىمۇ، ئاكىسىنىمۇ قىيىن ئاھۋالدا قالدۇرۇشنى خالىمايتتى. ئۇ بىرقانچە قېتىم ئىگىر نىزا-جاڭجالغا قاتناشقاندىن كېيىن جەڭگە-جېدەل چىقمايدىغان بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلدى. دەل شۇ پەيتتە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ياشاپ ئۇيغۇرلىشىپ قالغان ئوچۇق-يورۇق، يۇمشاق تەبىئەتلىك رۇس يىگىتى ئالېكسىي بىلەن تاسادىپىي تونۇشۇپ قالدى ۋە شۇ يىللا ئىگىر پاراكەندە بولۇپ يۈرگەن ئانىسىنىڭمۇ، خوتۇنىنىڭ سىزىپ بەرگەن سىزىقىدىن چىقمايدىغان ياۋاش ئاكىسىنىڭمۇ ماقۇللىقىنى ئالمايلا ئاددىيلا توي قىلىۋالدى. ھەمدە ئالېكسېينىڭ ئۆيىگە ئۈن-تىنسىزلا بېرىۋال-دى. ئۇ ھاشىخانىنىڭ دۆشكەلەشلىرىنى ئويلىغىنىدا ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە بىر مىنۇتمۇ تۇرغۇسى يوق ئىدى، ئەلۋەتتە ئانىسىغا تارتىشىدۇ، لېكىن ئانىسى-نىڭمۇ كۆڭلى، ھال-ئەھۋالى ياخشى بولمايۋاتقىنىدا ئۆزىگە قانداقمۇ قارىيا-لىسۇن؟ ئۇ: ”ئالېكسىي بىلەن بىللە چىقىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئولتۇراق-لىشىۋالغاندىن كېيىن كۆڭلىدە دېگۈدەك دەشنام يەيدىغان بىچارە ئانامنىمۇ ئاكامنىڭ ئايالىغا خار قىلماي، يېمەك-ئىچمەك، نېنى كەڭتاشا بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ چىقىپ كېتىمەن“ دەپ ئويلىدى، ئىگىر كۆڭلىدە قالغان ئادەمنىڭ قەلبىنى غەم-قايغۇ ئىگەللىۋالىدۇ. بۇ غەم-قايغۇدىن قۇتۇ-لۇش مۇددىتى شوپۇرنىڭ ماشىنىنى خوتتىن خوتقا يۆتكىگىنىدەك تېز بولمايدۇ. تەلەيخان ھازىر ئالكسىي بىلەن بىرگە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىش غېمىدە تەييارلىقىنى جىددىي ئېلىپ بارماقتا ئىدى.

رازىيخان ئوغلى باتۇر قادىرنى قىزى تەلەيخاننىڭ زاۋۇتتىن چېكىنىش ئىلتىماسىنى تېزرەك بېرىپ قايتۇرۇۋېلىشقا، ئۇنىڭ ئالېكسىيگە ئەگىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىشىنى نەسىھەت قىلىپ توسۇشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ھېچبىر خەۋىرى يوق ئىدى. چۈشتىن كېيىن ئوغلىمۇ، قىزىمۇ كەلمىگەچكە، ئۆزى پايپېتەك بولۇپ قىزى ئىشلەيدىغان باسما زاۋۇتقا كەلدى.

دائىرىسى كىچىك باسما زاۋۇتنىڭ ئىككى قاناتلىق كىچىك ئارقا

ئىشكى سوغ تەلەتلىك قىرى كىشىنىڭ يۇمۇۋالغان ئاغزىدەك ھىم ئېتىلگەن ئىدى. رازىخان ئىشكىنىڭ بىر قانىتىنى قىيا ئېچىشىغا ئىچىدىن تەلەيخاننى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى پەملىگەن ھېيت بارات ئىسىملىك بىر چوقۇر كىشى قايتىش ئىشارىسىنى قولى بىلەن ئىپادىلەپ:

—قىزلىرى ئەمدى بىزنىڭ زاۋۇتنىڭ ئادىمى ئەمەس، ئۇ بۈگۈن زاۋۇتتىن چىقىپ كەتتى،—دەپ ۋارقىرىدى، ئاندىن ئىشكنى غىچىرلىتىپ قاتتىق ياپتى. كۆڭلى پاراكەندە رازىخان بۇ چوقۇردىن قىزى ھەققىدىكى بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئېغىر غەم-غۇسسىگە چۈشۈپ، كەينىگە روھسىز ياندى. ئۇ چوڭ كوچىغا چىقىپ، بىرھازا يول يۈرگەندىن كېيىن بازارغا چىقتى، چوڭ كوچىنىڭ بۇرۇلىدىغان جايىدا توساتتىن مەركىزىي تۈرلۈك ماللار دۇكىنىدىن كىچىك سېرىق سومكىسىنى مۈرىسىگە ئېسىپ چىقىۋاتقان قىزى تەلەيخاننى ئۇچراتتى.

—ھەي، تەلەيخان، تەلەيخان!

تەلەيخان تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالغان ئانىسىنى كۆرۈپ، چېپپىدە توختىدى. رازىخان يول ئۈستىدىلا قىزىغا چېچىلىپ كەتتى:

—سەن بىر ئورۇسنى تېپىۋېلىپ، ئاناڭدىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇ؟ ئىدارەڭدىنمۇ ئايرىلىپ بىراقلا چىقىپ بوپسەن، قىزىم بولۇپ قالغىنىڭغا مىڭ لەنەت، يۈر ئۆيگە.

—ئانا، ئۆيگە چوقۇم بارىمەن. سەن مېڭىپ تۇرغىن. بىر مۇھىم ئىشىم بار ئىدى. ئانا...

شۇ ئەسنادا كوچا ئاپتوبۇسىدىن يىڭلا چۈشكەن ئۇزۇنتۇرا لاۋگو پەيدا بولۇپ قالدى. لاۋگو كۈتۈلمىگەندە رازىخان بىلەن تەلەيخاننىڭ قىزغىن، ئەمما جىددىي تەلەپپۇزدا سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى، تەلەيخاننىڭ ھە دەپ يىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى. رازىخان ئېگىز بويلۇق، ئورۇق كەلگەن لاۋگونىڭ ھىجىيىپ ياسىما كۈلكە بىلەن ئۆزىگە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بوينىنى تولغاپ، ئەتەي كۆرمەسكە سالدى. ئۇ كۆرمەسكە سالغىنى بىلەن لاۋگو ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ بولغان ئىدى. رازىخان ئويلىدى: „بۇ ئەبلەخ تېخىچە تىرىك ئىكەن-دە، ئەزرائىل نېمىشقا

مۇشۇنداق يامان ئادەملەرنىڭ جېنىنى بالدۇراق ئالمايدىغاندۇ؟ بۇ جوھۇت شۇنچە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ ئانچە قېرىماپتۇ، ھەيۋىسى ئۆتمۇشتىكىدەكلا، لېكىن مېنى ئۇ ھازىر بوزەك قىلالمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئەبلەخنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمىگىنىم ياخشى ئىدى...“ رازىخان چىرىپ چۈشۈپ كەتكەن كونا چىشلىرىنىڭ ئورنىغا سايپىرىق ئالتۇن يالىتقلىق يالغان چىش سېلىنىۋالغان، ھېجايغاق، ئېگىز بوي لاۋگونىڭ قورۇلغان لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ كۈلۈمسىرىشىگە پىسەنت قىلماي، قىزى تەلىيخانغا ”يۈر ئۆيگە“ دەپ تۇرۇشىغا تەلەيخان ئەجەبلەنگەن ھالدا يېقىنلىشىۋاتقان لاۋگونى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى:

—ئانا، بۇ كىشى بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ باقمىغان، شۇڭا تونۇمايسىز، بۇ كىشى ئىدارە ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى گو جۇرېن بولىدۇ،

—تەلەيخان سۆزىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولدىيۇ، ئانىسى رازىخاننىڭ ئۆزىدىگە ئالبىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چىپپىدە توختاپ قالدى. لاۋگو گازىر كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ گاھ تەلەيخانغا، گاھ رازىخانغا سىنچىلاپ قاراپ ھاڭ-تاڭ قالغان ھالدا تۆتۆتلەپ قالدى.

—تە...لەي...خان، تە-لەي...خان، شۇ...سىزنىڭ قىز...قىزىڭىزما شۇ، بۇ بۇ، تەلەيخان...

—مەن باتۇر قادىرنىڭ سىڭلىسى بولىمەن، تېخىچە بىلمەمسىز، ھە، راست، سىزنىڭمۇ يۆتكىلىپ كەلگىنىڭىزگە ئۇزۇن بولمىدى...شۇڭا...

—ئاز گەپ قىل، يۈر ئۆيگە!—رازىخان نۇرغۇن كىشىلەر ئۇزۇلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرۇۋاتقان چوڭ كوچىدا—يول ئاغزىدىكى بۇ كۆتۈلمىگەن ئۇچرىشىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئالدىراپ تەلەيخانغا ئۈنلۈك ۋارقىرىدى.

تەلەيخان ئالدىراش ئىدى. ئۇ ئانىسىغا كىچىك بالىدەك ئەركىلەپ يېلىنىپ ”ماگىزىنغا كىرىپ-چىقىدىغان مۇھىم ئىشىم بار، ھازىرلا كېلىمەن“ دەپ قويۇپ، كوچا بېكىتىدە قوزغىلىۋاتقان ئاپتوبۇسنىڭ يېپىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئارقىدىكى ئىشىكىگە شامالدەك تېز يۈگۈرۈپ كەتتى:

—ئانا، مەن ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن،—ئۇنىڭ ئاۋازىنى شامال

ئۇچۇرۇپ كەتتى. لاۋگو قىستاڭچىلىقتا كىشىلەرگە ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ تۇرغاچقا، بېشىدىن چۈشۈپ كېتەيلا دەپ قالغان قارا شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، رازىخاننىڭ ئالدىغا يېقىن كەلدى.

— سىلەر قاچان-شۇ-تارتىپ بۇ ياقىقا شۇ چىقتى، ھا...زىر شۇ نەدە ئولتۇرىدۇ شۇ، — لاۋگو يانچۇقىدىن پاپىروس ئېلىشقا تەمشىلىپ ئۇيغۇرچە-نى باغلاشتۇرالماي بۇزۇپ سۆزلەپ سوئالىغا ئۆزى بىلەن گەپلىشىشنى خالمايدىغانلىق ئىپادىسىنى كۆرسىتىۋاتقان رازىخاندىن جاۋاب كۈتمەكتە ئىدى.

— تېخىچە تىرىك ئىكەنسەن، ئۆلمىگۈر! — دېدى رازىخان تەرىنى تۈرۈپ، — سېنى ھېچكىم توسۇمىغاندىكىن، يولۇڭغا مېڭىۋەر! — رازىخان يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قاتتىق دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ھار ئالدى بولغاي، لاۋگونىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا كېتىپ قالدى. لاۋگو ئۇنىڭ كەينىدىن قارىسى كىشىلەر ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن يوقالغۇچە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ شۇ يەردە تۇرغىنىچە ئويلىدى: ”مەن نېمىشقا يەرگە قاققان قوزۇقتەك ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم؟ ئۇ نەدە ئولتۇرىدىغاندۇ؟ چوقۇم بىلىۋېلىشىم كېرەك؟“ لاۋگو قارا ئەستەر-لىك كۆك پەلتوسىنىڭ ئىككى يان يانچۇقىغا ئىككى قولىنى سېلىپ، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن قىسىلىپ ئۆتۈپ، ھە دەپ ئىز قوغلاپ ماڭدى. بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن كوچا ئاپتوبۇسى قاتناۋاتقان بۇ چوڭ كوچىغا تۇتىشىدىغان ئانچە كەڭ بولمىغان يان كوچىغا قايرىلدى. بۇ يان كوچىدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى. پۈتۈن دىققىتى بىلەن كۆزىتىۋاتقان لاۋگو يان كوچىغا قايرىلىدىغان دوقمۇشتىكى ماگىزىن ئىچىگە كىرىپ، تاماكا ئالغان بولۇپ ئالدىراپ كېتىۋاتقان رازىخاننى ئۈچ يېرى دەز كەتكەن دېرىزە ئەينىكىدىن كۆز ئۈزمەي كۆزەتتى. ئەللىك نەچچە مېتىرچە يۈرۈپ، قېرى قارىياغاچ يېنىدىكى ھويلىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئالدىراپ بايىقى ماگىزىندىن چىقىپ، ئۇدۇل ئانچە كەڭ بولمىغان يول چېتىدىكى قارىياغاچقا قاراپ ماڭدى. ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان سېمونت يولنىڭ سول تەرىپىدىكى ئېرىقتىن يېنىككىنە ئاتلاپ ئۆتتى. ئۇ دەسلەپ چېگىدىلىپ

كەتكەن يالغۇز ئاياغ يول بويلاپ، دەل قېرى قارىياغاچنىڭ يېنىدىكى كونا
قوش قاناتلىق ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئاستا توختىدى. مانا، ھويلىدىن
توققۇز ياشلارغا كىرگەن كۆزى يوغان، گېپى ئۇچۇق كىچىك بىر بالا
چىقتى. روھى كۆتۈرەڭگۈ بۇ بالا ئۆي ئىجارىسىنى قوشۇمچە كىرىم قىلىپ
كۈن كەچۈرىدىغان بىر قېرى مۇزدوزنىڭ نەۋرىسى ئىدى. مەكتەپ بۈگۈن
چۈشتىن كېيىن بالىلارنى بالدۇر قويۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ بالا مەكتەپ-
تىن ھېلىراقتا قايتىپ كەلگەن ئىدى. ھويلىدىن چىقىشىغا گويا ئۆزىنى
كۈتۈپ تۇرغاندەكلا ئۇنىڭ ئالدىغا ئالتۇن چىشلىق ھىجايغاق لاۋگو كەل-
دى. ئۇ بۇ بالىغا ئۇيغۇرچىنى بۇزۇپ سۆزلەپ، ئۇنىڭدىن رازىخاننىڭ
قايسى ئۆيدە ئولتۇرىدىغانلىقىنى سورىدى. لاۋگو بالىنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى
بويىچە ھويلىدىكى بىرىنچى ئۆيگە قېتىپ كەتكەن نەم يەرنى دەسسەپ،
قىيا ئېچىلىپ قالغان ئىشىكتىن شەپىسىز—جىمغىنە كىردى-دە، ئىشىكنى
بىلىنەر-بىلىنمەس تىرىقىدە ياپتى.
رازىخان ئۇزۇندىن بېرى ئۇچرىشىپ قېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ
باقمىغان لاۋگونىڭ ئىشىكنى ئېچىپ كېلىشىگە ھاڭ-تاڭ قالدى ۋە غەزەپ
بىلەن قايناپ كەتتى:
—نېمىشقا كىردىڭ؟ ئۆيدىن چىق، ئۆيدىن چىق، ئۆيۈمگە كىرىشكە
سېنىڭ نېمە ھەققىڭ بار، چاپسان چىقىپ كەت!
—تە...تەلەيخان شۇ سېنىڭ...سېنىڭ قىزىڭما؟—لاۋگونىڭ ئاۋا-
زى تىترەپ چىقتى.
—ھە، مېنىڭ قىزىم، بۇرۇنقى سەن پەيدا قىلغان رەسۋاچىلىقنى
ئويلاپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كۈن كەچۈرۈپ كەلدىم. ئۆلۈۋال-
ماقچىمۇ بولدۇم. لېكىن ماڭا ئۆلۈۋېلىشمۇ تەس كەلدى...
—چوڭلا قىز بولۇپ قاپتۇ، ھې...ھى...ھى...بىلگەن بولسام قى-
زىمغا بۇرۇنلا قارىغان بولار ئىكەنمەن،—دېدى لاۋگو ئاپتوبۇس بېكىتى
يېنىدا باياتىن ئۇچراتقان تەلەيخاننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ. ئۇ خۇددى
ئۆزىنىڭكىدەك گازىر كۆزى، سوزۇنچاق قېشى، ئوڭ مەڭزىدە ۋە ئوڭ
قۇلىقىنىڭ ئاستىدا تۇرپاننىڭ چىلگە قونىقىدەك چوڭلۇقتىكى قارا مارجان-

ـدەك مېگى بار تەلەيخاننىڭ ئۆز قىزى ئىكەنلىكىنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلىشى ئىدى. ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان كىشىلەرمۇ ”تەلەيخان لاۋگوننىڭ قىزى ئىكەن“ دېسە، ئۇلارغا بىر قاراپلا بۇ گەپنىڭ راستلىقىغا شۈبھىسىز ئىشىنىشى مۇمكىن ئىدى. قىرىنداشلىق ھېس قوزغالغان لاۋگو كۆڭلىدە سىرتقا چىقارماي ”قىزىم تەلەيخان“ دەپ مىيىقىدا كۈلۈمسىرەشكە باشلىۋىدى، رازىخان ”تېخىچە بۇتتەك ئۆرە تۇرغان لاۋگو مېنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ“ دەپ ئويلاپ ئاچچىقلاشقا باشلىدى:

—سەن باتۇرنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈردۈڭ، سېنىڭ بىزنىڭ ئەۋلادىمىزغا قان قەرزىڭ بار، سېنىڭ قاتىللىقىڭنى ھېچكىم ئۇمىغاچقا، سەن دەۋر سۈرۈپ ياخشى ياشاپ كەلدىڭ، بىز بولساق، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خورلۇقتا ياشىدۇق، بىز سېنى بۇرۇنلا تونۇمايتتۇقمۇ؟ بىز ساڭا ھېچبىر يامانلىق قىلمىغان، بىزنى نېمىشقا قەستلىدىڭ؟—رازىخان ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قايناپ، تەمترەپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمايۋاتقان لاۋگوغا سوئال ياغدۇرۇۋەتتى. لاۋگو ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئاچچىقىنى يۇتۇپ كەلگەن رازىخاننىڭ ”بىز“ دېگىنىدە ئۆزىنى، ئوغلى باتۇر قادىرنى، مەرھۇم يولدىـ شى قادىر ھەمدۇللايېۋنى كۆزدە تۇتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنى بىگۇناھ ئادەم دەپ ئاقلاپ ئىسپاتلاشقا ئۇرۇندى. ئۇ ھودۇقۇپ تەمترەپ ئوڭ قولنى پەلتۇسىنىڭ يان يانچۇقىدىن چىقاردى، ئالقىنىنى ئېچىپ، ئۆزىنى ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىغان ئادەمدەك كۆرسىتىپ، ئاستا دۇدۇقلىدى:

—نەدىكى گەپنى قىلىسىز شۇ رازىخان، شۇ، مەن...مە...ن شۇ يەنئەندىن كەلگەن شۇ...كا...كادىرلارنى شۇ لەنجۇغىچە ئۇزاتتى شۇ، يولدىشىڭىزنىڭ ئىشىنى شۇ مەن ئۇقمايدۇ شۇ، سىز...سىز شۇ نەدىكى گەپلەرنى قىلدى شۇ.

—مەن بۇرۇن سېنى قىزىمنىڭ ئاتىسى دەپ ئاشكارىلىيالمىغان. ھازىرمۇ قىزىم تەلەيخاننى سەن لاۋگوننىڭ قىزى دەپ دەررۇ ئاشكارىلىيالـ مايمەن. سەن لاۋگونى تەلەيخاننىڭ ئاتىسى دەپ ئاشكارىلىسام ئوغلۇم باتۇر قادىر ۋە قىزىم تەلەيخان ئاچچىقىدا ئۆلۈۋېلىشتىن يانمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغلۇم ۋە قىزىم ئالدىدا، تۇغقانلىرىم ئالدىدا، قوشنىلىرىم ئالدىدا

مەن قانداقمۇ باش كۆتۈرۈپ يۈرەلەيمەن؟ سەن ئائىلەمنى، مېنى خاراب قىلدىڭ، ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنمە، ماڭ، يوقال، ئۆيدىن چىق!

لاۋگو يا گەپ قىلالماي، يا چىقىپ كېتەلمەي تۇرغىنىدا سىرتتا گۈركىرىگەن ماشىنا ئاۋازى ئاڭلاندى، رازىخان كونا كارىۋاتقا يۆلىنىپ تۇرۇپ ماشىنا ئاۋازىنى زەڭ سېلىپ تىڭشىدى. مانا ماشىنا ئاۋازى جىمىقتى. رازىخان شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ كەلگەنلىكىنى پەملەپ، لاۋگوغا قىلىدىغان ئاچچىق گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا كىچىككىنە بىر سېۋەت تۇخۇم كۆتۈرۈپ، كىيىملىرى ماي يۇقى شوپۇر لاۋلىيۇ كىرىپ كەلدى-دە، رازىخان بىلەن لاۋگونىڭ ئۈچ مېتىرچە ئارىلىق قالدۇرۇپ، ئۆرە تۇرغىنىنى كۆردى.

—ۋوي گو جۇرىن، سىزمۇ بۇ يەردە ئىكەنسىز، قاراڭ، باتۇر ئاخۇنغا تەربىيە بېرىپ، رازىخاننى كېلىنى بىلەن ياخشى ئەپلەشتۈرۈپ قويىدىغانغا بىرمۇ ئادەم چىقمىغىنىنى...

—ياراشتۇرۇپ قويىدىغانغا ئەھۋال ئىگەللىگىلى كېلىشىم. بۇلارغا يامان بوپتۇ. خېلى جىق ئەھۋال ئىگەللەپ ئەمدى قايتاي دەپ تۇرۇشۇم،—لاۋگو خەنزۇچە روھلۇقراق سۆزلەپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي مەڭدەپ قالغان رازىخانغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى.

—مەن تۈنۈگۈن كورلىدىن كەلدىم. قاراشەھەردە كىرەم توختى ئىسىملىك بىر چوڭ بالىنى ماشىنامغا سېلىۋالغان ئىدىم. مانا بۇ بىر سېۋەت تۇخۇمنى كىرەم توختىنىڭ قاراشەھەردىكى تۇغقانلىرى ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي يوللۇق تۇتتى. يېرىمىنى ئېلىپ كېلىشىم،—لاۋلىيۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، يېرىم سېۋەت تۇخۇمنى رازىخاننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى-دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، مەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن ماللارنى بېسىپ ئېلىپ كېلىشكە چېگرىغا بەلگىلىنىپتىمەن. ئەتە يولغا چىقماقچى ئىدىم. شۇڭا ھازىرلا ماي ئىسكىلاتىغا بارمىسام بولمايدۇ، خوش، كېيىن يەنە كېلەرمەن.

—رەھمەت سىزگە لاۋلىيۇ، ئاق يول بولغاي.

—مەنمۇ چىقاي،—دېدى لاۋگو چوڭ ھويلىغا جايلاشقان قولۇم-

قوشنىلىرى كۆپ بۇ ئۆيدە ، رىخان بىلەن گەپلىشىشتىن ئەنسىرەپ.
رازىخان ھەر ئىككىسىنى سىرتقا چىقماي ھويلا ئىچىدىلا ئۇزاتتى. ئۇ شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ لاۋگوغا: ”قانداق ئىش بۇ، ئۆيدىن ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنىمۇ سىغدۇرماي قوغلاپ چىقىرامدىغان، تازا قاملاشمىغان ئىش بوپتۇ، باتۇر ئاخۇنغا خىزمەت ئىشلەڭ، ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنى ئۆز ئۆيىگە ئەكىلىۋالسۇن“ دېگىنىنى ۋە لاۋگوننىڭ ”كېلىنى ئوسال ئايال ئوخشايدۇ“ دېگەن سۆزىنى زەڭ قويۇپ ئاڭلاپ بولۇپ، ئاستا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.
ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەت تۇپەيلى بالىنىڭ ئاتا-ئانىغا بولغان چەكسىز مېھرى بالاغەتكە يېتىشكە ئەگىشىپ تەدرىجىي تارىيىپ بارىدۇ، لېكىن يوقالمايدۇ. رازىخان ئوغلى باتۇر قادىرنىڭ ئۆيىدە ئاش-تاماق ئېتىپ، نەۋرىسىنى بېقىپ، بىر ئاي ئۆتەر-ئۆتمەيلا كېلىنى ھاشخان تەرىپىدىن يەكلىنىپ قالدى. ھاشخان قاراشەھەرگە تەۋە قارىبۇلاق يېزىسىدىكى تاغىسىنىڭ قىزى ئايشەمخاننى بالىسىنى بېقىپ بېرىشكە چاقىرتىۋالغان ئىدى، رازىخان ئوغلىنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىپ چىقىپ بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. شىركەت رەھبەرلىكىنىڭ، ئۆزلىرىگە كۆڭلى-يېقىن شوي خەيلۇڭنىڭ خىزمەت ئىشلىشى ۋە قولۇم-قوشنىلىرىنىڭ دەۋەت قىلىشى نەتىجىسىدە ئوغلى باتۇر قادىر بىلەن كېلىنى ھاشخان ئانىسى رازىخاننى ئۆزرىخانلىق ئېيتىپ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۆيىگە ئەكىلىۋالدى.
ئادەم ئۆزىنىڭ كىمدىن، قاچان ۋە قايسى جايدا ئاپىرىدە بولۇشىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ. تەلەيخان بەدەن قۇرۇلۇشى كېلىشكەن چىرايلىق قىز، ئۇ لاۋگوننىڭ ئەينى ۋاقىتتا رازىخانغا مەجبۇرىي زورلۇق قىلىشى بىلەن ئاپىرىدە بولغان ۋە مۇشەققەتلىك، ئېغىر قارا يىلدا تۇغۇلغان. رازىخان ھازىرغىچە تەلەيخاننى تۇغقانلىقىنى ھار ئېلىپ، ئىنس-جىنغا تىنماي كەلمەكتە. تەلەيخان بەربىر رازىخاننىڭ ئۆز قىزى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئانا-بالىلىق مېھىر-مۇھەببەت تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق ئېغىر سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىشى مۇقەررەر ئىدى. خېلى بىر مەزگىلگىچە زادىلا

ئۇچرىتىپ باقمىغان ۋە ئۇچرىشىپ قېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان لاۋگونىڭ تاسادىپىي ئۇچراپ قېلىشى، يەنە كېلىپ ئوغلى باتۇر قادىر بار قاتناش شىركىتىگە گويا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا يۆتكىلىپ كېلىشى رازىخاننى ئېغىر بىئارام قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزى تەلەيخان ئۆزىچىلا ياتلىق بولۇۋېلىپ، رۇس يىگىتى ئالېكسېي بىلەن بىرگە سوۋېت ئىتتىپاقىغا مېڭىش تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈشكە ئالدىرىماقتا ئىدى.

× × ×

تەلەيخان يولدىشى ئالېكسېينىڭ ھەر كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسىغا نېمە ئۈچۈن قاترايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئالېكسېينىڭ تاپىلاپ قويۇشى بويىچە ھە، دەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا مېڭىش تەرەددۇتىنى جىددىي ئىشلىدى. ئالدى بىلەن ئۆي سەرەمجانلىرىنى يىغىشتۇرۇدى. ئۆزى بىر تەرەپ قىلىپ كېتەلەيدىغان تەييارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بولدى. لېنىنگرادتا ئىشلەنگەن ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرىدىغان مىس ساماۋەر، توك ئوچقى، چوڭ چويۈن مەشلىرىدىن تارتىپ قەدىمىي ئىشكاپ، ئورۇندۇق، كىيىم ئاسقۇ، رېشىلە ھەتتا ئارتۇقچە يۈك دەپ ھېسابلانغان كىيىم-كېچەكلىرىگىچە ھەممىسىنى ساتتى. سېتىشمۇ ئاسان توختىمىدى. بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدىغانلار كۆپ بولۇپ، ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ مۈلۈكلىرىنى سېتىشقا مەجبۇر ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدىغانلار ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگودىكى بارلىق شەخسىي مۈلۈكلىرىنى قانداق قىلىپ ئايروپلانغا ياكى ماشىنىغا ئەمەس، ئىككى يانچۇقىغا سىغدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلىۋاتقان چاغ ئىدى. ھەرقايسى كوچىلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدىغانلارنىڭ سودا-سېتىق بازىرى قايناپ كەتكەن، تەلەيخاننىڭ نەرسە-كېرەكلىرى بىر ھامالنىڭ ياردىمىدە مىڭ تەسلىكتە سېتىلىپ بولدى.

تەلەيخان ئوتتۇرا بويلۇق، مەڭزىدە ۋە ئوڭ قۇلىقىنىڭ تېگىدە كىچىككىنە قارا مېڭى بار، زىلۋا، بۇغداي ئۆڭلۈك قىز. بېلى ئىنچىكە بولغاچقا، ئاق ئىپەك كۆڭلىكى ئۈستىگە ئالتۇندەك ساپسېرىق پۇپايكا كىيىۋالغان بولسىمۇ، ئالمىدەك كۆكسى يەنىلا كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. تىزىنى

ئارانلا يىپىسپ تۇرغان ئاپئاق ئىپەك كۆڭلىكى ئەت رەڭ ئۇزۇن پايپىقىغا تازا ماس كەلگەن بولۇپ، تەلەيخاننىڭ جىلۋىدار ھۆسنى-جامالىنى گۈلدەك ئېچىپ تۇراتتى. ئۇن نەچچە مېتىر يىراقلىقتىن كېلىۋاتقاندىمۇ ئۇنىڭ تاتلىق ئاۋىغىنىڭ تاقىلدىشىدىن تەلەيخان ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ مەلۇم بولاتتى. ئۇ ئادەتتە بېشىغا ياغلىق ئارتماي، بوينىغا چىگىۋالاتتى. كىشىلەر كۆرسە ”ياساتقان چېچىنى خالايىققا كۆرسىتىش ئۈچۈن بېشىغا ياغلىق چەگمىسە كېرەك“ دەپ ئويلاپ قالاتتى. ئۆلچەپ تىكىلگەن ھەرقانداق كىيىم ئۇنىڭغا بەكمۇ يارىشاتتى. چىرايى ئايدەك چىرايلىق بولغىنى بىلەن كۆزى كىچىك بولۇپ، كۈلگەندە كۆزلىرى يۇمۇلۇپلا كېتەتتى. ئوڭ مەڭزىدىكى تۇرپاننىڭ چىلگە قونىقىدەك كىچىككىنە مېڭى بىلەن ئوڭ قۇلىقىنىڭ ئاستىدىكى كىچىككىنە مېڭى ھەرقېتىم كۈلگىنىدە رىتىملىق تەۋرىنەتتى. تۇنجى قاراشتا، ئۇ كۆرۈنگەنلا كىشىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل كۆرۈن-مەسلىككە، يانتۇ كۆرۈنۈشكە تىرىشقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇ كىشىلەرگە كۆپىنچە يەر ئاستىدىن يانتۇ قارىۋالغاندىن كېيىن كۆزىنى قاچۇراتتى. بۇ تەلەيخاننىڭ كۆزىدە بىرەر ئەيىب بولغانلىقتىن ئەمەس، ئۇ ئون نەچچە يىشىدىن باشلاپ، ئۆزىنى ئاشۇنداق ئادەتلەندۈرگەن. بۇ قىزنى تۇنجى كۆرگەن كىشىلەر ”ئېھتىمال، بۇ گازىر كۆز قىز ئۆيغۇرلىشىپ قالغان خەنزۇ قىزى بولسا كېرەك“ دەپ ئويلاپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەلەيخان خەنزۇ تىلىدا ئۆز مەقسىتىنى تولۇق ئۇقتۇرالايتتى.

تەلەيخان سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىشنىڭ پۈتۈن تەييارلىقلىرىنى تۈگى-تىپ، ئالېكسىينى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغىنىدا ھويلا دەرۋازىسىنىڭ كىچىك ئىشىكىنى كىمدۇر بىرى تاقىلدىتىپ ئۇرغىلى تۇردى. تەلەيخان ناھايىتى ئالدىراشلىق بىلەن ئىچكىرىكى ئۆيدىن كارىدورغا چىقىپ، تامغا قاتتىق چاپلاشقان ھالدا قۇلىقىنى يېقىپ، كارىدور دېرىزىدىن كىمنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا ئالدىرىدى. ئالېكسىي دەرۋازىنى ئۇرغىنىدا رۇس چېركاۋلىرىنىڭ قوڭغۇرىقىنى داراڭلاتقىنىدەك ئاۋاز چىقىراتتى. ھا-زىرقى تاقىلدىغان ئاۋاز ئالېكسىينىڭكىگە ئوخشىمايتتى، كۆپ ئۆتمەي، غەزەپ بىلەن چاقىرىغان ئاۋازمۇ ئاڭلاندى:

—تەلەيخان، ھەي تەلەيخان!...

تەلەيخان دەررۇلا ‹‹ھە، بۇ ئانام ئىكەن،—دېدى ئىچىدە جىددىيلە-شىپ،—قانداق قىلىش كېرەك؟›› ئۇ دەرھال كارىدورنىڭ ھاكلىرى ئۆ-گۈپ سويۇلۇپ كەتكەن تېمىغا يۆلىنىپ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ ئالاقزادە بولغان ھالدا تەمتىرەپ كىيىندى-دە، ئۆيدىن چىقىپ كارىدور ئارقىلىق ئارقا ھويلىغا چىقتى. ئۇ كونىراپ كەتكەن يېرىم بورا بىلەن قاشالانغان ئاددىي كىچىك ھاجەتخانىغا يىقىن پاكار يان تامدىن بىرقانچە كېسەكنى قومۇرۇپ ئېلىپ تامنى پەسلەتتى ۋە مىڭ تەسلىكتە ئارتىلىپ چەبدەسلىك بىلەن تار يان تامدىن قىڭغىيىپ كوچىغا چۈشتى. قولىدىكى قازان شەھرىدە ئىشلەنگەن كىچىك سومكى-نىڭ ئاغزىنى ئېتىپ قويدى. ئۇ ھەرقايسى ئۆيلەرنى، ھەتتا ئۆيلىرىدىكى چامادان-ساندۇقلىرىغا قەدەر ھەممىسىنى قۇلۇپلاپ، چىققاندىن كېيىن، ئاچقۇچلىرىنى ئاشۇ سومكىغا سېلىپ قويغان، ئۇ ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن قەدىمىنى تېزلەتتى.

تەلەيخان چوڭ كوچىغا چىقتى. ئۇ ئالېكسىينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى-نىڭ ئۇرۇمچىدىكى كونسۇلخانىسىدىن چىقىپ، ئۇدۇل ئۆيگە قايتمىغىنىغا قاراپ، چوقۇم ئاتىسى ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ ئۆيىگە كەتكەن، دەپ پەرەز قىلدى. ئۇنىڭ پەرىزى توغرا ئىدى.

تەلەيخان گويا كەينىدىن جىنىنى ئالىدىغان بىر ئەزرائىل قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك، ھودۇققان ھالدا قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئالېكسىينىڭ ئىككىن-چى ئۆيىگە—ئاتىسى ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ كىچىك ھويلىسى بار ئۆيىگە كەلدى. ئۇ ئالدىراشلىقتا ئېتىلمەي قالغان ھويلا ئىشىكىنى ئاستا ئاچتى. ئالېكسىي ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا مېڭىشنىڭ جىددىي تەييار-لىقلىرىنى ئىشلەپ ھېرىپ-چارچاپ كەتكەن بولسا، ئۇخلاۋاتقان بولۇشى ياكى دەم ئېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئېھتىمال، سوۋېت گرازدانلىرى يىغىلىپ، ئۆز ۋەتىنىگە قايتىش خۇشاللىقلىرىنى داغدۇغىلىق ھالدا ئورتاقلى-شىپ، كەيپ سۈرۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، ئۇلارغا كاشىلا بولۇپ قالماي، دەپ ئويلىدى. ئۇ پۈتۈننىڭ ئۇچىدا ئاستا دەسسەپ مېڭىپ، ئۆينىڭ قىيا

ئوچۇق ئىشكى يېنىدا توختىدى. ۋە كەچكۈز غازڭىدەك ساپسېرىق چاچلىق ئىككى باشنىڭ بىربىرىگە يانتۇ قارىشىپ، ھە دەپ ئېمىلەرنىدۇر سۆزلىشى-ۋاتقانلىقىنى كۆردى. بىرى ئېۋان ئىۋانوۋىچ، يەنە بىرى ئوغلى ئالېكسېي ئىدى. تۆت بۇرجەكلىك قەشقەر نەقىشى ئىشلەنگەن گۆش رەڭلىك ئۈستەلدە بېلىق گۆشى كونسېرۋاسى قويۇلغان بىر تەخسە سەي بىلەن بىر بوتۇلكا ۋوتكا ئاق ھارىقى ۋە غازنىڭ بويىندەك ئۇزۇن غەيرىي رەڭلىك يەنە بىر بوتۇلكا ئۈزۈم ھارىقى تىكلىنىپ تۇراتتى. تەلەيخان تۆۋەندىكى سوئال-جاۋابلارنى ئېنىقراق ئاڭلىيالمىغان بولسىمۇ ھەرھالدا مەزمۇنىنى ئاڭقىرالىدى.

—سەن ئۇنى بىللە ئېلىپ كېتىمەن، دەۋاتامسەن؟—ئىۋان ئېۋانو-ۋىچنىڭ ئاۋازى بىرئاز قوپال، قاتتىق يۆتىلىش بىلەن قوشۇلۇپ چىققان كېيىنكى سۆزىنى تەلەيخان ئېنىق ئاڭقىرالمىدى. ”قېنى ئەمدى ئالېكسېي قانداق جاۋاب بېرەركىن؟“ دەپ جاۋاب ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ قۇلىقىنى تېخىمۇ دىڭ تۇتتى: ”ئالېكسېي مېنىڭ بۇ يەردە قېلىشىمغا ھەرگىزمۇ قوشۇلمايدۇ. مېنى ئۇ چوقۇم ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ كېتىدۇ، ئۇ ئاللىقاچان مېنى ئېلىپ كېتىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان“—تەلەيخاننىڭ خىيا-لىنى ئالېكسېينىڭ ئىشەنچكە تولغان ئاۋازى بۆلىۋەتتى.

—ھە، ئۇنىڭ مەندىن زادىلا ئايرىلغۇسى يوق، ئۇ مەن بىلەن بىللە كەتمەكچى،—ئالېكسېينىڭ ئاۋازى جاراڭلىق ئەمەس ئىدى، لېكىن جاۋابى-دا قەتئىيلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ھەرھالدا ئاتىسىنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلاش نىيىتىدە سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېمەي، دۇدۇقلىغان بولۇپ ئاستا ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

تەلەيخان ئالېكسېينىڭ بۇ جاۋابىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ، خۇ-شاللىقىدا كۈلۈۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئاخىرىدا ئۇ يەنە نېمە چىقار، دېگەن خىيالنىڭ قوماندىسىدا خۇشاللىقىنى ئىچىگە يۇتۇشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما ئاتا-بالا ئىككىسىنىڭ ئەزمىلىك بىلەن قىلىۋاتقان سۇس سۆھبىتى بىردىنلا جانلىنىپ، ئالدىنئالا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا رۇسچىغا ئايلىنىپ كەتتى:

—ھەر-ھەر دۇنيايىمىزنى ئېلىپ كېتەلمەيۋاتقان تۇرساق، جىندەك چاپلىشىۋېلىپ ئۆزىچىلا تېگىشىۋالغان بىر ئازدۇرغاق ئۇيغۇر ئايالنى ئېلىپ كېتىمەن، دېگىنىڭ نېمىسى؟—ئىۋان ئىۋانوۋىچ خىقراپ قالدى. ئۇنىڭ چېكىسىدىكى تومۇرلار كۆپۈپ، يۈزى قىزىرىپ، ھاسىرىغان ھالدا ئوغلىغا ھومىيىپ، يەر تېگىدىن قارايتتى،—مەن موسكۋاغا بارغاندىن كېيىن تىرناقتا توختايدىغان چىرايلىق رۇس قىزلىرىدىن ئېلىپ بېرىمەن. بىزنىڭ ئۇلۇغ سلاۋيان—رۇس مىللىتى ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ رۇس قىزلىرى شۇنچىۋالا نۇرغۇن تۇرسا جۇڭگودىن تەلەيخاندەك ئۆز كۈنىنى ئېلىشنىمۇ ئۇقمايدىغان بىر دۆت، ئەركە نايناقنى روسىيىگە ئايالىم دەپ ئېلىپ بېرىش نېمىدىگەن ئەخمەقلىق!

ئىۋان ئىۋانوۋىچ بىر ئاز قىزىپ قالغان، ئۇ غاز بويىنىنى سوزۇپ ئوغلىغا قايناپ سۆزلەيتتى. ئاستى قىزىل سىردا سىرلانغان تاختايلىق ئۆيدە ئۇ ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا ماڭاتتى. تومپىيىپ تۇرغان قورسىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بەك سېمىزمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىسسىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ توپچىسىنى يېشىۋەتتى. قېرىشقاندەك ئۇزۇن گالستۇكى ئۇ ياققا-بۇ ياققا ماڭغىنىدا پۇلاڭلاپ ئىچىنى پۇشۇرغىنى ئۈچۈن گالستۇكىنىمۇ يېشىپ كارىۋاتقا تاشلىۋەتتى. ئۇ ئالېكسېيگە تۇغقانلىرىنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى لېنىن رەھبەرلىك قىلغان سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچراپ ھەرقايسى سەپلەر بويىچە ئومۇميۈزلۈك تارمار بولغاندىن كېيىن قېچىپ چىققان دوتوۋقا ئەگىشىپ شىنجاڭغا چىققانلىقىنى، ئۆز ئانىسىنىڭ يىغلىق بولۇۋاتقان مەزگىللەردە تاسادىپىي پۇلاڭچىلىققا ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى تەكرارلاشنى خالىمىدى. ھەتتا ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئۆز ئاتىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا لېنىن رەھبەرلىك قىلغان سوۋېت قىزىل ھاكىمىيىتى چىقارغان ئومۇمىي كەچۈرۈم قىلىش ئۇقتۇرۇشىغىمۇ قەتئىي ئىشەنمەسلىكىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا مەڭگۈ قايتماسلىقنى تاپىلىغان ۋەسىيىتىنىمۇ ئېيتمىدى. شارائىت ئۆزگەرگەن، جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتى يامانلىشىۋاتقان ئەھۋالدا ئىۋان ئىۋانوۋىچ دەسلەپ ئاۋستىرالىيىگە كېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ۋەزىيەت ئۆزگەرگەندىن كېيىن

ئاخىر سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىشنى توغرا تاپتى. ناھايىتى نەپىس، سۇپەتلىك ئىشلەنگەن بۇلۇڭ ئۇستەلدە چوڭ ئۇرال رادىئوسى تۇراتتى. قەشقەرچە نەقىشلەنگەن ئۇستەل، بۇلۇڭ ئۇستەل قاتارلىق ئۆي سايمانلىرىنىڭ ئورنى ئاللىقاچان بەلگىلىنىپ بولغان. ئۇ سايمانلار شىنجاڭدا قالدىغان، يېقىن ئۆتكەن، ئۆزىگە يوللۇق تۇتقانلارغا ۋە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قىزغىن ئارىلىشىپ يۈرگەن يېقىن ئادەملىرىگە سوۋغا قىلىشقا قالدۇرۇلغان ئىدى. ئۆيدىكى نەپىس ئىشلەنگەن كەڭ ۋە خېلى ئۇزۇن ھەشەمەتلىك خوتەن گىلەمى ئاللىقاچان سېتىلىپ بولغان. ئۆي ئومۇمەن قۇرۇقدىلىپ قالغان ئىدى. ئۇ ئوغلىغا رۇس تىلىدا ئۇنلۇكرەك خىقراپ سۆزلەپ، ئەتە شىمال تەرەپكە ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قىلىدىغان سەپىرىنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى ئويلاۋېتىپ، ئوغلىدىن يەنە بىر نۆۋەت سوراپ قالدى:

—ئوغلۇم، تەلەيخان قالسا قانداق؟—ئۇ ئوغلى ئالېكسىينى چېكىپ باقماقچى بولغاندەك ئارىسالدا قىياپەتتە سورىدى.

ئالېكسي ئاتىسىنىڭ: ”تەلەيخاننى ئېلىپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققان ھامان سېنى ئۆزۈم ئۆيلەپ قويىمەن، غەم قىلما“ دېگىنىگە قەتئىي ئۇنۇمىدى.

—ئوغلۇم،—دېدى ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئوغلىنىڭ جاھىللىق قىلىۋاتقىنىغا تىت-تىت بولۇپ،—گېپىمنى ئاڭلا، سەپىرىمىز يىراق، موسكۋادىن ئايرىلغىلى ئۇزۇن يىللار بولدى، بەزى تۇغقانلىرىمىزنى ھازىر ھايات ياشاۋاتىدۇ، دەپ قارىغاندىمۇ ئۇلارنى ئىزدەش ئۈچۈن خېلى كۆپ ئاۋارىچىلىقلارغا دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇكىمىزمۇ ئاز ئەمەس. سۆرەپ يۈرگەن ئايالىڭ تەلەيخاننىڭ بۇ چوڭ سەپەردە ئۆزىمىزگە ئېغىر يۈك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆردۈڭمۇ؟

—ئاتا، مەن تەلەيخاننى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنى ئېغىر يۈك دېيىش توغرا كەلسە، ئۇ زادىلا ئايرىلغىلى بولمايدىغان قىممەتلىك يۈك.

—ۋوي ئوغلۇم، نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟ روسىيىگە چىققاندىن كېيىن ھامان ئۆي-ئوچاقلىق بولۇۋالغىلى بولىدىغۇ؟—ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئوغلى ئالېكسىينىڭ قەتئىيلىك چاقناپ تۇرغان چېقىر كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىيال-

ماي، ئەندىشىسىنى تۆۋەنرەك مۇقامدا بىلدۈردى،— بۇ چاپلاندۇقنى ئېلىپ
چىقىپ كېتىپ، كېيىن پۇشايمان قىلغىنىڭ بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ جۇمۇ؟
— مەن سىزنىڭ روسىيىگە چىقىپ كېتىش نىيىتىگە كەلگىنىڭىزنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ۋەدە بېرىپ قويۇپتىمەن. بولمىسا ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن جۇڭگودا قېلىشنىمۇ خالايتتىم. ئاتا، بىزنى توغرا چۈشىنىڭ!
ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئوغلى ئالېكسىينىڭ مۇنداق قەتئىيەتلىكنى كۈتمى-گەن ئىدى. ئۇ بىر چاغلاردا بىر ئۇيغۇر تونۇشىنىڭ: "خوتۇن كىشى قىممەتلىك يۈك" دېگىنىنى ئېسىگە ئالدى. لېكىن ئۇ ئوغلى ئالېكسىينىڭ گەپلىرىگە قايىل ئەمەس ئىدى. ئۇ ئوغلىنى گەپ-سۆز بىلەن تەلەيخاندىن تايدۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن باشقا بىر چارە ئويلاپ تېپىش نىيىتىگە كېلىپ ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. ئۆيدە بىر مىنۇتچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئىۋان ئىۋانوۋىچ شالاڭلىشىپ قالغان ئاقۇچ سېرىق چاچلىق سوزۇنچاق بېشىنى چاڭگاللىغان ھالدا ئوغلىنى قانداق قىلىپ تەلەيخاندىن ئايرىۋېتىش ھەققىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى.
— ئاتا، بىز تېخى داغدۇغىلىق توي مۇراسىمى ئۆتكۈزمەيلا تۇرمۇش قۇردۇق. بىز كېتىشتىن ئاۋۋال ئېلىپ كېتەلمەيدىغان نەرسىلىرىمىزنى باشقىلارغا بىكارغا بېرىۋەتكەندىن كۆرە تەلەيخاننىڭ ئانىسىغا قالدۇرۇپ قويساق ياخشى بولاتتى!— دېدى ئالېكسىي ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا ئاتىسىغا قاراپ. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئالدىدا رازىخاننى قېيىن ئانام دېيىشكە پېتىنالمىدى.
— بولىدۇ ئوغلۇم، سېتىپ بولالمىغان بەزى نەرسىلىرىمىزنى قالدۇ-رۇپ قويايلى،— دېدى ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئوغلى ئالېكسىينىڭ كۆڭلىنى ياساپ. ھەر ئىككىسىنىڭ بىر بىرىگە زىت، قولاشمىغان سۆھبىتى بىردىنلا ئۈزۈلۈپ قالدى. ئالېكسىنى ئىزدەپ كەلگەن، ئالېكسىينى دەپ كۈرمىڭ جاپالارنى تارتىشقا تەييالانغان تەلەيخان تاقالمىغان كىچىك قوش قاناتلىق ئىشىكنى ئۈچ قېتىم ئاستا چەكتى. ئۇ ئۆيدىكى ئىجازەتنى كۈتۈپ تۇرمايلا بۆسۈپ كىردى. تەلەيخان ئاتا-بالا ئىككىيلەننىڭ ئېھتىيات قىلىپ ئۆزى ھەققىدە رۇسچە نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپا-قىغا قاچان ماڭىدىغانلىقىنى كونكرېت بىلىش مەقسىتىدە ئۆيگە كىرگىنىدە

ئاتا-بالا ئىككىسى بىرئاز تەمتىرىگەن ھالدا تەلەيخانغا قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى.

—ئۆيگىمۇ يالغان ئېيتقان بارمۇ ئالېكسىي؟، ۋاقىتىدا كەلمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن ئىزدەپ كەلدىم.

تېنى ئاجىز، ئېگىز بويلۇق ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئۇشتۇمتۇت ئۆيگە كىرىپ كەلگەن تەلەيخاننى كۆرۈپ بىرئاز ھودۇقتى ۋە زورۇقۇپ كۈلۈمسى-رىدى. ئۇ قورۇپ قالاي دەپ قالغان دەرەخنىڭ كەچكۈزدە يەرگە چۈشۈ-ۋاتقان يوپۇرماقلىرىدەك سارغۇچ چاچلىرىنى قاماللاپ ئولتۇرۇپ ئوغلىغا ئىشارە قىلىۋىدى، ئوغلى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئېغىز ئاچتى:

—ئاتام ئاناڭغا ئايرىلىش ئالدىدا ئۆيدىكى نەرسە-كېرەكلەرنى قالدۇ-رىدىغانلىقىنى ئېيتتى. تەييارلىقىمىز تۈگەيلا دەپ قالدى، سەنمۇ كېتىش تەييارلىقىنى قىلىۋەر، ئۆيگە ھېچكىم كىرمىسۇن، ئۆيگە بېرىپ ئىشىكنى چىڭ تاقاپ، ئاناڭغا ييىغلىۋاتقان ئۇزۇن خېتىڭنىڭ ئاخىرىغا ئاتامنىڭ سوۋغا قالدۇرىدىغانلىقىنىمۇ قوشۇپ قويغىن.

—سەپەرگە چىقىدىغان كىشىنىڭ تەقەززالىقى قالتىس بولىدۇ. تەلەي-خان تېز ماڭساق بولاتتى، دەپ تىت-تىت بولاتتى. ئالېكسىي خەقتىن ئالىدىغان ئېلىشىمىز تېخى تۈگىمىدى، بىر قانچەيلەننىڭ ئۆيگە بېرىپ كېلەي، دەپ ئورنىدىن تۇردى. تەلەيخانمۇ ئالېكسىي بىلەن تەڭلا قوزغال-دى. ئالېكسىيمۇ تەلەيخانغا ماسلىشىپ ئالدىرىغان بولدى. ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئۇيغۇرچە، رۇسچە، خەنزۇچە ”تېز بولۇڭلار!“ دەپ ئالدىراتقان بولۇپ ۋارقىرىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك يېنىغا كەلگىچە ئۇلار ئەركە ياۋا توشقانلاردەك تېز ھەرىكەتكە كېلىپ ھويلىدىن چىقىپ بولغان ئىدى.

ئىۋان ئىۋانوۋىچ قوش قاناتلىق كۆلرەڭ ئىشىكنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتتى. ئىككى قاناتلىق دېرىزىلەرنىمۇ كەڭ ئېچىۋەتتى. ماي ئېيىنىڭ نەم ھاۋاسى تاماكا ئىسىغا تولغان ئۆينىڭ ھاۋاسىنى سالقىنداتتى ۋە گۈپۈلدەپ تۇرغان ئاچچىق پۇراقنى بىردەمدىلا يوقاتتى. ئۇن نەچچە مىنۇت ئۆتمەيلا ئورۇق-راق كەلگەن، ئېگىز بويلۇق لاۋگو ئىۋان ئىۋانوۋىچنى ئىزدەپ كىرىپ كەلدى. ئۇنى ئىۋانوۋىچ ئېلىپ كېتەلمەيدىغان بىرقىسىم مال-مۈلۈكلىرىنى

سېتىش ھېسابىدا قالدۇرۇش ئۇچۇن چاقىرتقان ئىدى.

— ھە، ئىۋان ئىۋانوۋىچ، سىز ھېلىمۇ ياخشى، بار ئىكەنسىز، مەن تېخى سىزنى كونسۇلخانىغا كېتىپ قالمىغىيدى، دەپ ئالدىراپ كېلىشىم.

ئىۋان ئىۋانوۋىچ تەكشى قىرقىلغان كەكە ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ قەدىناس دوستىغا خۇش چىراي ئاچتى.

لاۋگو سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئىۋان ئىۋانوۋىچ رەتسىز ئۆيدىن يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسە ئىزدەۋاتقان چاغدا تەلەيخانىنىڭ زاۋۇتتىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىش ئىلتىماسىغا قول قويغان كۈنىنىڭ ئەتىسى رازىخانىنى كۆرگەنلىكىنى خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا ئېسىگە ئالدى. ئۇ شۇ كۈنى رازىخانىنىڭ ئۆزىگە غەزەپ ئوتى چاقناپ تۇرغان كۆزىدە قاراپ: ”تېخىچە تىرىك ئىكەنسەن، ئۆلمىگۈر“ دېگىنىنى ئاڭلاپ ۋە ئۆيىگە كىر-گەن چېغىدىكى قەھر-غەزىپىنى ئويلاپ ھودۇقۇپ قىلىدىغان گېپىنى تاپال-ماي كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولغان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، كېچىچە ئۇخلىيالماي چىققان ئىدى. ئۇ باتۇر قادىرنىڭ ھەربىي سەپتىن قايتىپ كېلىپ، قاتناش شىركىتىگە ئىشقا چۈشكەنلىكىنى بىلسىمۇ، لېكىن رازىخان-نىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى. لاۋگو ساقالسىز ئۇچلۇق ئېڭىكىنى تۇتۇتقىنىچە يۇقىرىقىلارنى ئويلاۋېرىپ، ئۆزد-نىڭ قايسى ئۆيدە ئىكەنلىكىنى ئونتۇپ قالغىلى تاسلا قالدى. ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ قاتتىق يۆتىلىپ، قولدا ۋوتكا ھارىقىنى كۆتۈرگەن ھالدا ئۆزىگە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىنلا بىر چاغلاردىكى قەدىناس دوستىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن بۇ ئۆيگە كىرگەنلى-كىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ئۆزىدىكى پەرىشانلىقنى ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە ئىۋان ئىۋانوۋىچقا بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشماقتا ئىدى.

دۇنيادا كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى چوقۇم يا ماددىي، يا مەنىۋى جەھەتتىكى پايدا-زىيان مۇناسىۋىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلار بىربىد-رى بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ بىربىرىنى ئىزدىشىدە چوقۇم بىر مۇددىئا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. لېكىن بۇ يوشۇرۇنغان مۇددىئانى نەق مەيداندا كىشىلەر ئانچە سورۇشتۇرۇپ كەتمەيدۇ. ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ

ئوغلىنى يولغا سېلىشى ۋە ئۆزىنىڭمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا مېڭىشتىن بۇرۇن ھەرىكەتلىنىشى مەلۇم مۇددىئالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىدەك لاۋگونىڭمۇ بۇ ئۆيگە كېلىشى خوشلىشىۋېلىشتىنمۇ باشقا مەنىلەرگە ئىگە ئىدى. ئىۋان ئىۋانوۋىچ بىر چاغلاردا ياخشى ئۆتتۇشكەن، ئازادلىقتىن كېيىن بولسا ئىزدەشمەس بولۇۋالغان بۇ دوستىنى قىزغىن قارشى ئالدى.

ۋاقتىدا كەپسىز، لاۋگو، ئېلىپ كېتىشكە ئەپسىز بىر قىسىم مال-مۈلۈكلىرىمنى ئۆتكەن ھەپتە ئېيتقىنىمدەك سىزگە قالدۇرۇپ قوياي دىگەن ئىدىم، بۇ ئۈمىدىمنى يەردە قويماپسىز،— ياسما كۆلۈمسىرەش بىلەن قىزغىن ئىپادە كۆرسەتكەن ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىچىپ بولالمىغان ھارىقىدىن بىر رومكا توشقۇزۇپ قويدى ۋە لاۋگوغا ھۆرمەت بىلەن تۇتتى. لاۋگو قورۇلۇپ قالغان چىرايىنى ئىچىپ قەدىناسىنىڭ ھارىقىنى تۈزۈت قىلىپ تۇرمايلا ئالدى ۋە بىر يولى كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇ ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشىنى كۈتمەيلا تۆرگە ئۆتۈپ باياتىن ئالكسىي ئولتۇرغان ئورۇندۇقنى تارتىپ ئەكىلىپ ئولتۇردى.

—سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىدىغىنىڭلار مۇقىملىشىپ بوپتۇ. مۇبارەك بولغاي. دۆلەتتىن دۆلەتكە ئۆتۈپ ساياھەتچىدەك ياشاش پەقەت دۆلەتمەن كىشىلەرنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ.

ئىۋان ئىۋانوۋىچ مەمنۇنلۇقنى باش ئىشارىسىدە بىلدۈردى.

—مەن سىزدىن بىر نەرسىنى ئۆتۈنەتتىم. ئۇ سىزنىڭ قولىڭىزدىن كېلىدىغان ئىش.

—نىمە ئىش ئۇ سىزگە روسىيىدىن مال ئەۋەتىدىغان ئىشمۇ ياكى ۋىزا، پاسپورت ھەل قىلىپ بېرىدىغان ئىشمۇ؟—ئىۋان ئىۋانوۋىچ سوزۇق بېشىنى كۆتۈرۈپ، ھەيرانلىقتا چېقىر كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، ئۆزىگە بېلىنىۋاتقان لاۋگوغا تىكتى. ”ئۇ مەندىن نېمىنى سورايدىغاندۇ؟ بىر چاغلاردا قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن پۇل سورامدۇ-يا؟ ياق، سىزنىڭ قولىڭىزدىن كېلىدىغان ئىش دىگىنىگە قارىغاندا ئۇنىڭ مەندىن سورايدىغان نەرسىسى باشقا بىر نىمە، قېنى دەپ باقمسۇنمۇ؟...ئاڭلاپ باقاي. “ ئاڭغىچە لاۋگو ئېغىز ئاچتى:

—مەنمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتەي دېۋىدىم. ئۇ يەرگە چىققاندا يەكلىنىپ قالمەنمىكىن، دەپ بۇرۇن بۇ ئىشقا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەي يۈرۈپتىمەن. ئەمدى سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، سىز روسىيىگە بارغاندىن كېيىن ئۇ يەردە بۇ يەردىنمۇ ياخشىراق كۈن كەچۈرۈشكە بولامدۇ-بولمامدۇ؟ بىر خەت يېزىۋەتكەن بولسىڭىز،—لاۋگو چېكىپ بولغان تاماكىسىنىڭ قالدۇقىنى ئۈستەل ئۈستىدىكى كۈلدانغا قويۇپ، قولى بىلەن يىمىرىپ چوغىنى ئۆچۈرۈۋەتتى. ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىنكى تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىن ھۆكۈم قىلالمايۋاتقىنىدا ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغىنىدا تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشنى خالىمايتتى. پەقەت ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشىگە تىلىنىڭ ئۇچىدا ”ھە“ دەپ قويسا ئۇنىڭدىن ئاسان قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىنى، بەلكى ئۆزىدىن مىننەتدار بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، تېزلا ۋەدە بېرىۋەتتى.

—بولىدۇ، سىز ئېلىپ كېتىشكە ئەپسىز مۈلكۈمنى بىر ياقلىق قىلىپ بېرىدىغانلا بولسىڭىز، مەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىن سىزگە ھەمدەمدە بولۇپ ئۇچۇر بېرىمەن. ھېچ بولمىغاندا سىزگە ۋىزا ئەۋەتىش قولۇمدىن كېلىدۇ.

لاۋگو بەتىنكىسىنىڭ ئۇچىنى قىزىل سىردا سىرلانغان پولدا رىتىملىق تاقىلدىتىپ ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ بۇ جاۋابىغا ئۆزىنىڭ مەمنۇنلۇقىنى ئىپادىلىدى. ئۇ ئەسلى بىر ئامال قىلىپ، شياڭگاڭغا ياكى تەيۋەنگە چىقىپ كېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، تۇتۇلۇپ قالغىنىدا ئاقىۋىتىنىڭ يامان بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، دۆلەت سىرتىغا چىقىپ كېتىشنى خېلى بىر مەزگىل خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى. ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ تەلەيخانىنىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن توساتتىن ئۆزىدىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىش ئويى تۇغۇلدى. ئۇ ئۆزىگە قارىغاندا ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ قېرى، كېسەلچان ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. قېرىپ قالغان بۇ رۇس بۇرادەرىنىڭ يەنە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يىغقان نۇرغۇن مال-دۇنياسىنىڭ بارلىقىمۇ ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان

ئىدى. تەلەيخاننىڭ ئۆز قىزى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كەينىدىن چىقىپ كېتىپ ئالېكسىيگە تۇيدۇرماي ئىۋان ئىۋانوۋىچنى جاي- لىۋېتىپ، ئۇنىڭ مال-دۇنياسىغا ئىگە بولۇۋالسام غەم-ئەندىشىسىز، باياشات ئۆتەلەيمەن، دەپ ھېسابلىدى. ئۇ رازىخاندىن ئۆزىگە كېلىش ئالدىدا تۇرغان غايەت زور تەھدىتنى ھېس قىلغان ئىدى، ”بەزى ئىشلىرىم پاش بولۇپ قالىدىغان بولسا...“ ئۇ چوڭقۇر ئويلىنىۋېتىپ، يۈرىكىنىڭ گۈپۈل- دەپ قاتتىق سوقۇشقا باشلىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ”جەزمەن چىقىپ كېتىشنىڭ ئامالىنى قىلىشىم كېرەك، نېمىشقا بۇرۇنلا بۇنداق ئويلىمىغان بولغىيتتىم؟ ...“ لاۋگونىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولماقتا ئىدى. ھازىرچۇ؟ ھازىر ئۇنىڭ يا سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىرەرمۇ تۇغقىنى يوق، يا قانۇنلۇق پاسپورتى يوق، ئۇ بۇرۇن سوۋېت پاسپورتى ئېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈر- مىگەن ئىدى، جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتى يامانلىشىۋاتقان ھازىرقى ئەھ- ۋالدا بۇ يەردىن ئەمدى سوۋېت پاسپورتى ھەل قىلغىلى بولمايتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋىزا كەلگەن ھالەتتىمۇ چېگرىدىن چىقىپ كېتىش ئاسانغا توختىمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەۋەككۇل قىلىپ، ئىۋان ئىۋانوۋىچنى ئالاھىدە ئىزدەپ قويغىلى كەلدى. ئۇ ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ مىجەزى چۈس ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ تەلەيخاننى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ ئوغلى ئالېكسىي- گە بىرقانچە قېتىم دۇق قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ قالغان ئىدى، ئۇ بۇ قېتىمقى كۆرۈنۈشتە ئالېكسىيگە يان باسقان بولۇپ بۇرۇندىن تارتىپ خېلى يېقىن ئۆتكەن ئىۋان ئىۋانوۋىچقا سۆز ئاچتى:

—ئاڭلىسام، ئوغلىڭىزنىڭ ئايىلىنى ئېلىپ كېتىشكە قوشۇلمايۋېتىپ- سىز،—لاۋگونىڭ گېپى تېخى تۈگىمىگەن ئىدى، ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ تاشلىدى.

—مەن ئوغلۇمنىڭ نەدىكى بىر چاپلاندۇق ئۇيغۇر ئايال بىلەن توي قىلىشىغا بۇرۇنلا قوشۇلمىغان. كېيىن قوشۇلمايمۇ بولمىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئايالىنى روسىيىگە ئېلىپ كېتىشكە يول قويمايمەن.

—دۇنيادا بالىسىنىڭ بەختىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئاتا يوق. بىر

ئوبدان ئۆتۈۋاتقان ئائىلىنى بۇزۇۋېتىش—ئوغلىڭىزنىڭ مەيدانىدىن قارد-غاندا ئاقىلانىلىق ئەمەسقۇ دەيمەن،—دېدى لاۋگو تاماكىسىغا ئوت تۇتاش-تۇرۇۋېتىپ، ئاندىن ئۆزىگە قانداق جاۋاب بېرىش ئۈستىدە ئويلاۋاتقان قەدىناسىنىڭ شۈكلەپ قالغان چىرايىغا يەر تېگىدىن سەپسېلىپ قارىدى.

—لايىق دېگەن روسىيىدە. سىز سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىر ئەرگە يەتتە ئايال توغرا كېلىدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ-قانداق؟

لاۋگو غۇرۇرلۇق ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ جاۋابىغا ئىنكاس قايتۇرۇشنى خالىمىدى بولغاي، ئاغزىدىن قويۇق تاماكا تۈتۈنى چىقىرىپ، كۆز قىرىدا هاراق بوتۇلكىسىغا قاراپ قويۇپ، ئوڭايسىزلانغىچە جىم ئولتۇرىدى.

—نەدىكى گەپلەرنى قىلىشىپ كەتتۇق،—دېدى لاۋگو ئۆزىگە قۇيۇ-لۇۋاتقان هاراقنىڭ چوڭ رومكىغا بېلىق كۆزىدەك لىق تولدۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ،—ئېلىپ كېتىشكە ئەپسىز بولغان مولوكلىرىڭىز ئۈچۈن ئازراق پۇل ئېلىپ كەلدىم،—سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرماي ئىچكى يانچۇقى-دىن بىر باغلام پۇلنى ئېلىپ ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ ئالدىغا سۇرۇپ قويدى.

—رەھمەت سىزگە لاۋگو، سەپىرىمىزنىڭ جىددىي تەييارلىقىنى بۇ هىممىتىڭىز بىلەن خېلىلا ئاسانلاشتۇردىڭىز.

—بىز بۇرۇن خېلىلا يېقىن ئۆتكەن، شۇ يېقىندارچىلىقىمىزنىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغان چېغىڭىزدا بايا ئېيتقاندەك ماڭا ۋىزا ئەۋەتىشنى ئۇنتۇپ قالمىسىڭىزلا بولىدۇ. بەرگەن پۇلۇمنى ئاز كۆرسى-ڭىز كېتىدىغان چېغىڭىزدا قالغان قىسمىنى ھەل قىلىپ بېرىمەن. ياخشىلى-قىڭىزنى بولسا ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن.

ئىۋان ئىۋانوۋىچ بىر تۇتام پۇلنى كۆرۈپ مىيىقىدا كۈلۈمسىرىۋىدى، چېقىر كۆزلىرى مەمنۇنلۇقنى ئىپادىلەپ پارقىراپ كەتتى. ئۇ لاۋگونىڭ ئۆزىگە قانداقتۇر دەيدىغان گېپى بارلىقىنى سەزدى-يۇ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ سورىماي قويدى.

لاۋگو ئىۋان ئىۋانوۋىچقا تەلەيخانىنى بىللە ئېلىپ چىقىپ كېتىش توغرىلىق يەنە گەپ ئاچسام بەكلا لاۋزىلىشىپ قالىمەن، دەپ ئويلاپ،

بۇ ھەقتە ئارىسالدا بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنگەن قەدىناسىغا گەپ ئېچىشنى خالىمىغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە ئۇنىڭدىن بىرەر گەپ چىقىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇردى. چۈنكى ئۇنىڭ مېڭىسىدىن تەلەيخان بىردەممۇ نېرى كەتمەيتتى. ئىۋان ئىۋانوۋىچ لاۋگونىڭ چىرايىدىن كۆڭلىدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى ئازراق سېزىپ قالدى.

—مەيلى، تەلەيخاننى ئېلىپ كەتسەكمۇ كېتەيلى. ئوغلۇم پاسپورتىمۇ ئېلىپ بوپتۇ. ئەمما قىزىق ئىش، ئىدارىدە بىر باشلىق بولۇپ تۇرۇقلۇق، نەدىكى بىر ئايالغا بۇنچىۋالا كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىشىڭىز نېمىدىن، قەدەناس لاۋگو؟—دېدى ئىۋان ئىۋانوۋىچ ھەيران بولۇپ.

—مۇنداقلا دەپ قويغان گەپ،—دېدى لاۋگو گەپ ياساپ،—بىر ئوبدان ئۆتتۈۋاتقان ئوغلىڭىزنىڭ تۇرمۇشىغا ھەۋىسىم كېلىپ، ئوغلىڭىز دېيەلمەيۋاتقان گەپنى سىزگە يەتكۈزۈپ قويدۇم.

ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ قولىقىغا لاۋگونىڭ گېپى كىرىپمۇ قويمىدى. ئۇ ئالدىكى پۇلنى ئېلىپ ساناپ تۇرمايلا، ئۆيىنىڭ تۆرىدىكى چامدانغا سالدى. كېتىدىغان چېغىدا يەنە قانچىلىك پۇل بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ لاۋگونىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاۋاتقاندەك، ئارىلاپ-ئارىلاپ، ھە، دەپ قوياتتى. ئۇ لاۋگونىڭ ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزىگە قىلغان ئازدۇر-كۆپتۇر ياخشىلىقلىرىغا جاۋابەن ئالدىن كۆڭلىگە پۈككەن، ئېلىپ كېتەلمەيدىغان، سېتىشقا ئۇلگۈرەلمىگەن بەزى ئېغىر-ئارتۇق نەرسىلىرىنى تەقدىم قىلدى.

ئۇلار بىر سائەتتىن ئارتۇقراق قىزغىن سۆھبەتلەشتى ۋە ئارقا-ئارقىدىن بىرقانچە رومكا ھاراق ئىچىشىپ ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئىۋان ئىۋانوۋىچ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى كونسۇلخانىسىغا، لاۋگو قاتناش شىركىتىگە كەتتى...

تەلەيخان يولدىشى ئالېكسىينىڭ تاپىلاپ قويۇشى بويىچە ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ ھويلىسىدىن چىقىپ، ئۇدۇل ئۆز ئۆيىگە كەلدى. رازىخان ئاللىقاچان كېتىپ قالغان ئىدى. ئۇ بۈگۈن كەچكىچە قالماي، بۇ ئۆيدىن

يۆتكىلىپ بولىدىغان نەرسە-كېرەكلىرىنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ، خاتىرجەم بولغان ھالدا خەت يېزىشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ خېتى ئۇزۇن ئىدى. ئۇ بىر سائەتنىڭ ئىچىدىلا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى. ئانىسىغا خەت يېزىش ئۇچۇن ئۇنچىلىك ۋاقىت ئاجراتمىسا بولامدۇ؟ ئەتە ئۇ بۇ يەردىن ئايرىلىدۇ. كېيىنكى ھەپتىدە كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىدۇ. ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارەنلىرىدىن ئايرىلىدۇ.

تەلەيخان يېزىپ بولغان ئۇزۇن خېتىنى دېرىزە تەكچىسىگە تاشلاپ قويدى، بىردەمدىن كېيىن، يەنە قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك پوپايكىسىنىڭ يان يانچۇقىغا سېلىۋالدى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا باغاندىن كېيىنكى ئۇزۇن-دىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بەختلىك تۇمۇش ھەققىدىكى تاتلىق خىياللارغا غەرق بولۇپ كەتتى: ”رەھمەتلىك ئاتام دۇنيا بويىچە تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەت-سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلغان بولغىيدى-ھە! ئاتامنىڭ ئانا مەكتىپى—ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئۇنىڭ ئورنىدا چوقۇم بېرىپ زىيارەت قىلىمەن. مەن نېمە دېگەن بەختلىك-ھە! رەھمەتلىك ئاتام: قىز تۇغۇلسا تەلەيخان قويايلى، ئوغۇل تۇغۇلسا باتۇر ياكى غالىبجان...دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن، تەلىيىم نېمە دېگەن ئوك، سوۋېت ئىتتىپاقىغا باغاندىن كېيىن چوقۇم ئاپامنى ۋە ئاكامنى ئاش، ياغ، نان، گۆش نورمىسىز، ئىنتايىن مول، باياشات سوتسىيالىستىك دۆلەتكە يۆتكىۋالىمەن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققان ھامان مېنىڭلا ئەمەس، ئاپام بىلەن ئاكامنىڭمۇ تەلىيى ئوڭ بولىدۇ، ئالدى بىلەن ئاپامنى، ئاندىن ئاكامنى يۆتكىۋالىمەن...“

تەلەيخان دېرىزىنى ئېچىۋېتىپ، كىچىك ئورۇندۇققا يۆلەنگەن ھالدا تاتلىق خىياللارغا بېرىلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قىلىدىغان سەپىرىدىن باشقا خۇشاللىق يوق ئىدى. ئۇ ماڭىدىغان ۋاقىت-قەرەلىنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە. ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپا-قىغا مېڭىش ئىنتىزارلىقى تۆپەيلى بىر سائەت بىر كۈندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزلۈكسىز پىكىر قىلاتتى. كەلگۈسى تەلىيى، بەختىنى توسقۇنسىز خىيال قىلاتتى. ئۇنىڭ پىكىر-خىياللىرى چۇلۇۋۇرىنى تارتمىسا تىنىمسىز

چاپىدىغان ئۇچقۇر ئاتتەك ياكى توسقىلى بولمايدىغان بەگباش سۇدەك توختىمايتتى. ئۇ ئالېكسىي ئەينى ۋاقىتتا ئاتىسىدىن يالغۇرۇپ ئېلىۋېلىپ ئۆزىگە تەقدىم قىلغان ئوتتۇرانچى بارمىقىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆرۈۋې-تىپ، بىردىنلا يولدىشى ئالېكسىي بىلەن تاسادىپىي تونۇشقان ۋاقىتتىكى بىرسىگە زادىلا دېگىلى بولمايدىغان تاتلىق مىنۇتلارنى ئەسلەپ كەتتى:

× × ×

شەھەرنىڭ بىرئاز چېتىگىرەك جايلاشقان، ياشلار كۆپرەك كىرىپ تۇرىدىغان دوستلۇق كۇتۇپخانىسى دوستلۇق كىنوخانىسىغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. دوستلۇق كىنوخانىسىدا كەچتە قويۇلىدىغان ئەزەربەيجاننىڭ ”ئارـ شىن مال ئالان“ فىلىمىنى كۆرگۈچى بىر تۈركۈم تاماشىبىنلار كىنو قويۇلۇش ۋاقىت-قەرەلىنىڭ توشمىغانلىقى سەۋەبلىك بۇ كۇتۇپخانىغا يىـ غىلغان ئىدى. كۇتۇپخانا كىنو كۇلۇبىنىڭ ئوڭ يېنىغا جايلاشقان بولۇپ، قوش قاناتلىق ئىشىكتىن كىرگىندە، توغرىسىغا كارىدور، كارىدورنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىرقانچە كەڭ-ئازادە، پاكىز، ئەينەكلىك، يورۇق ئۆيلەر بار ئىدى، بۇ ئۆيلەر رۇس تىلى ئۆگىنىش سىنىپى، رومان ئوقۇش ئۆيى، گېزىت-ژۇرناللار ئۆيى قاتارلىق بىرقانچە ئۆيلەرگە بۆلۈنگەن، سول تەرىپىـ دىكى ئۆيلەرگە بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىقىدىغان سان-ساناقسىز رەڭـ لىك رەسىملىك ژۇرناللار، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان ھەرقايسى مىللەتلەر تىل-يېزىقىدىكى رەسىملىك ژۇرنال، ماتېرىياللار جاي-جايىغا رەتلىك تىزىپ قويۇلغان ئىدى.

تەلەيخان ”ئارشىن مال ئالان“ فىلىمىنى ئىككى نۆۋەت كۆرۈپ بولغان بولسىمۇ، بۇدا يەنە بىر كۆرۈشكە ھەممىدىن بۇرۇن كېلىپ بولغان ئىدى. كىنو قويۇلۇش ۋاقتىنى ساقلاپ-ساقلاپ ئاخىر ئايلىنىپ دوستلۇق كۇتۇپخانىسى ئالدىغا كېلىپ قالدى. بۈگۈنكى كىنونى كۆرمەكچى بولغان ياشلار توپ-توپى بىلەن كىنوخانا تەرەپكە توپلانماقتا ئىدى. ئۇ، يان تەرەپكە قايرىلىپ، ياشلارنىڭ دائىم يىغىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئۆيى — دوستلۇق كۇتۇپخانىسىغا كىردى.

تەلەيخان رەسىملىك ژۇرناللار بۆلۈمىگە كىرىپ كەلگەندە ياش يىـ

گىتلەرنىڭ دىققىتىنى دەرروۋلا ئۆزىگە تارتتى. بىرمۇنچە ئۇيغۇر، قازاق، تاتار قىزلىرىمۇ ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن مۇنداقلا قاراپ قويدىيۇ، كۆزىنى ئۇزەر چاغدا ھەسەت ئوتىدا پۇچىلىنىپ، چىرايلىرى ئۆڭۈپ كەتتى.

تەلەيخان ھەقىقەتەن چىرايلىق ياسانغان ئىدى. ئۇ ئانچە تەمتىرەپ كەتمەيلا رەڭلىك رەسىملىك ژۇرنال كۆرۈۋاتقان بىر توپ ياش قىز-يىگىتلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئۇ ئاشۇ بىر توپ ياشلار ئىچىدىن ئىنتايىن پۇزۇر كاستۇم كىيگەن، چىپار گالستۇك تاقىغان بىر رۇس يىگىتنىڭ ئۆز يېنىدىكى بىر ياش يىگىتكە قىزغىن ھالدا "كولوكول"— ھەجۋىي ژۇرنىلىدىكى بەزى كۆرۈنۈشلەرنى رۇسچە چۈشەندۈرۈۋېتىپ، سۆزىنى بىراقلا ئۇيغۇرچىغا يۆتكىگەنلىكىنى ۋە ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە يوشۇرۇن مۇھەببەت كۆزىدە باققانلىقىنى بايقاپ قالدى. "نېمە دېگەن كېلىشكەن يىگىت، ئۆزى رۇس بولسىمۇ، ئۇيغۇرچىنى سۇدەك بىلىدىكەن..." تەلەيخان مېڭىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە بۇ خىياللارنى ئۆتكۈزگەچ تۇتاش ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ بولدى. سېرىق چاچلىق يىگىت بىر قولىنى ئورۇندۇقنىڭ قىرغىقىغا ئۇزاتقان ئىدى، ئۇنىڭ قولىغا يۇمشاق ۋە ئىسسىق بىرنەرسە تەگكەندەك بولدى. يېنىغا قارىۋىدى، ھېلىقى ئۆزىنىڭ كۆزى چۈشكەن قىز— تەلەيخان بولۇپ، چىقتى.

— كەچۈرۈڭ، قولۇم تېگىپ كەتتى، بىلمەي قاپتىمەن،— يىگىت قاتتىق ئوڭايسىزلاندى.

— ھېچ ۋەقەسى يوق،— دېدى تەلەيخان ئۆزىدىن ئەپۇ سوراۋاتقان ئوچۇق چىراي رۇس يىگىتكە قاراپ.

— ئولتۇرۇڭ،— قىزغىن تەكلىپ قىلدى ئوچۇق چىراي يىگىت.

تەلەيخان يەۋالىدىغاندەك ئۆزىگە قىزغىن تەلمۈرۈۋاتقان ئۇ يىگىتنىڭ ئورۇن بوشاتقىنىغا نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئۆرە تۇرۇۋەردى. ژۇرنال كۆرۈۋاتقان ئۇ يىگىت تەلەيخاننىڭ ئورۇندۇققا يېقىنراق كېلىپ ئولتۇرۇشقا ئىككىلىنىۋاتقانلىقىنى، ئورۇندۇقنىڭ گىرۋىكىنى ئىككى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۇچۇن بىر قولىدىكى كىنو بېلىتىنى يان يانچۇقىغا سالغانلىقىنى، ئۇ يانچۇقىدىن بولسا كۆك رەڭ قول ياغلىقىنىڭ بىر ئۇچى چىقىپ تۇرغانلىقىنى

ئېنىق كۆردى. رۇس يىگىت يېنىدىكى دوستىغا قىز تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇنىڭ كىنو بېلىتىنى ئېلىۋېلىشنى ئىشارە قىلدى.

—«ئارىشىن مال ئالان»نى كۆرگىلى كەلدىڭىزغۇ دەيمەن؟

تەلەيخان يالت ئېتىپ قىيا باقتىيۇ، ئۇنىڭچىقماي تارتىنىپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇ جاۋاب بەرمىگىنى بىلەن ژۇرنالدىكى رەسىملەرگە ئېگىشىپ ئۆزىنىڭ كۆرۈشكە قىزغىن ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ قويدى. رۇس يىگىت كۆرۈۋاتقان يەنە بىر ژۇرنالدا گوگولنىڭ «رېۋىزور» كومېدىيەسىنىڭ موسكۋا تىياتىرى سەھنىسىدە قويۇلغان ئەمەلىي كۆرۈنۈشلىرى بار ئىدى. بۇ ژۇرنالدا موسكۋا تىياتىرىنىڭ ئاتاقلىق ئۇيغۇر دىرىژورى ئەزىز دۇگاشېۋنىڭ ناھايىتى كۆركەم چوڭ سەھنىدە كومپوزىتورلار كوللېكتىپىغا تەنتەنىلىك ھالدا يۈكسەك تالانتىنى جارى قىلىپ رېژىسسورلۇق قىلىۋاتقان قالتىس ھەيۋەتلىك بەدىئىي كۆرۈنۈشمۇ بار ئىدى. ئۇلار پۈتۈن دىققىتى بىلەن رەسىم كۆرۈۋاتقاندا رۇس يىگىتنىڭ دوستى تەلەيخاننىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ كەلدى. رۇس يىگىت چاندۇرماي ژۇرنالنى ۋاراقلاپ تەلەيخاننىڭ دىققىتىنى تارتماقتا ئىدى. دوستى تەلەيخاننىڭ يان يانچۇقىدىن ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇرغان قول ياغلىقىنى تۇيدۇرماي ئاستا تارتتى. ياغلىق يېرىم-ياتا چىقار-چىقمايلا كىنو بېلىتى يەرگە چۈشتى. شۇ ئارىدا كىنوخانىنىڭ كىنو قويۇش ۋاقتى توشقانلىقىنى خەۋەر قىلىپ چالغان قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلاندى.

كۇتۇپخانىدىكى نۇرغۇن ياشلار ئالدىراپ-تېنەپ كىتاب-ژۇرناللارنى تاشلاپ قويۇپ، كىنوخانىغا يۈگۈردى. تەلەيخانمۇ ئالدىرىغان پېتى ژۇرنال كۆرۈۋاتقان رۇس يىگىت بىلەن خوشلىشا-خوشلاشمايلا كۇتۇپخانىدىن چىقىپ كەتتىيۇ تېز يېتىپ كىردى.

—مېنىڭ كىنو بېلىتىم چۈشۈپ قاپتۇ، ھازىرلا بار ئىدى،—دېدى تەلەيخان ۋە ھە دەپ ئورۇندۇقلارنى قوزغاپ، ژۇرنال كۆرۈۋاتقانلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. بېلەتنى بولسا بايىقى رۇس يىگىتنىڭ دوستى ئېلىۋېلىپ، يانچۇقىغا سېلىپ بولغان ئىدى. كىنو كۆرۈشكە تەقەززار بولۇپ تۇرغان تەلەيخانغا رۇس يىگىت ئۆزىنىڭ كىنو بېلىتىنى تەڭلىدى:

—سىزچۇ، سىز...،—دېدى تەلەيخان ھاياجانلانغان ھالدا دۇدۇقلا-پ. ئۇ بېلەتنى ئالايمۇ-ئالمايمۇ، دەپ تۇرغىنىدا، ئۇ يىگىت ناھايىتى ئىشەنچلىك ھالدا:

—مەن كەينىڭىزدىن كىرىمەن،—دېدى ۋە ئۆزىمۇ كىنو كۆرۈشكە ئالدىرىغان بولۇپ ئۆزىگە ئوڭايسىزلىنىپ قاراۋاتقان ساددا تەلەيخاننى ئىشەندۈردى:

—رەھمەت سىزگە،—دېدى تەلەيخان بېلەتنى قولىغا ئېلىپ،—ھە، راستلا، سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى بىلىشكە بولامدىكىن؟

—ئىسمىم ئالېكسىي، ئاپام ئۇيغۇر بولغاچقا، ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلى-شىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن.

تەلەيخان ئىنتايىن مەمنۇن بولغان ھالدا كەينىگە ئۇدا ئۈچ قېتىم قارىدى. ئالېكسىي دېگەن ئىسىمنى ئىچىدە ئاۋازسىز بىر-ئىككى قېتىم تەكرارلىدى. ئالېكسىي ئۇنى ئاللىقاچان ياقتۇرۇپ قالغان ئىدى، ئۇ يېنىدىكى دوستى بىلەن بىللە بىر بېلەت ئالغان ئىدى، ئالېكسىي دوستىدىن تەلەيخان ئېلىپ كەتكەن بېلەتنىڭ جۈپىنى ئالدى. دوستى بولسا تەلەيخاندىن ئوغرىلىۋالغان تاق بېلەت بىلەن كىنوغا كىردىغان بولۇپ، كۈتۈپخانىدىن بىللە چىقىشتى.

تەلەيخان كۇلۇبقا كىرىپ بولغان ئىدى ئالېكسىي كىنو باشلىنىشقا ئازلا ۋاقىت قالغاندا كىنوخانىنىڭ يان ئىشىكىدىن كىردى. قولىدا قول چىراغ تۇتقان تەمكىن ياش ئايال ئالېكسىينى تەلەيخان ئولتۇرغان رەت ئورۇندۇقىغا باشلاپ كەلدى ۋە رۇسچە نېمىلەرنىدۇر دېدى. ئالېكسىي خىجىل بولغان قىياپەتتە تەلەيخاننىڭ يېنىدىكى بوش ئورۇندۇققا ئولتۇر-دى.

تەلەيخان يېڭى تونۇشقان بۇ رۇس يىگىتنىڭ ئۆز يېنىدىكى بوش ئورۇندۇققا ئولتۇرغىنىدىن ئانچە ھودۇقۇپ كەتمىدى. پەقەت: ”كېلىنىڭ“ دەپلا قويدى. ئالېكسىي دەسلەپ بىرئاز تارتىنغاندەك قىلدى، كېيىن كىنو فىلىمىنىڭ يۇمۇرلۇقلىقى ھەققىدە ئۇزۇنغىچە كونا قەدىناسلارچە سۆزلىشىپ كەتتى. كىنو رۇسچە بولغىنى ئۈچۈن ئالېكسىيگە كۆپرەك بوش ئاۋازدا

چۈشەندۈرۈش، سۆزلىشىش پۇرسىتى تۇغۇلغان ئىدى. ئالېكسىي كىنو قويۇلۇۋاتقاندا قولنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، قىزغىن تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئەمما قىزغىن سۆز قىلىۋاتقىنىدا قولى تەلەيخاننىڭ زىلۋا بىلىكىگە ئانچە-مۇنچە تېگىپ كەتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ ئۆزىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىۋاتاتتى، تاكى كىنو تۈگىگىچە ئۇ ھودۇقۇپ تۇرغان تەلەيخانغا بىرئازمۇ ئەدەبسىزلىك قىلمىدى.

كىنو ئاياغلاشقاندا كىنوخانىنىڭ ئىككى يان ئىشىكىدىن تاماشىبىنلار بىربىرىنى قىستاپ ئالدىراپ سىرتقا چىقىشقا باشلىدى. ئاخىر ھەممە تاماشىبىنلار كىنوخانىدىن چىقىپ بولدى. تەلەيخان بىلەن ئالېكسىيمۇ كىنوخانىدىن ئەڭ ئاخىرىدا بىللە سىرتقا چىقىشتى.

تۇنجى مۇھەببەت—يىگىت-قىزلارنىڭ بىر-بىرىنى تۇنجى قېتىم ياقتۇرۇپ قېلىشى، مەلۇم مەزگىل ئۇچرىشىپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە بولىدۇ. بەزىدە تۇنجى مۇھەببەت تاسادىپىيمۇ بولىدۇ. تۇنجى ياقتۇرۇپ قېلىش ئاشكارىلىنىش جەھەتتىن كۆپىنچە يىگىتلەرگە تەۋە، خۇپىيانىلىقى جەھەتىدىن قىزلارغا تەۋە. قىزلار ئۆز مۇھەببىتىنى ئاشكارىلاشتا يىگىتلەرگە ئوخشاش تەشەببۇسكار ئەمەس. بۇ قىزلارنىڭ ئۆز تەبىئىتىگە خاس تارتىنچاقلىقىنىڭ نەتىجىسى. تۇنجى مۇھەببەتكە قەدەم قويغان يىگىت-قىزلارنىڭ سۆز-ھەرىكىتى يۈكسەك ئەقلىي چۈشەنچە پەللىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن سۆيگۈ ھېسسىياتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدۇ. بۇ تۇنجى سۆيگۈ ھېسسىياتىنى يىگىتمۇ ئاشكارا ئىپادىلىمىسە، قىزمۇ ھېچنېمە دېمىسە، تەبىئىي ھالدا تەدرىجىي يوقىلىدۇ. تۇنجى مۇھەببەت—ئۆزىنى ئاشكارىلاشنى چاقىرىدىغان لاۋۇلداپ كۆيۈش ئالدىدىكى ئۇچقۇندۇر. ئالېكسىي بىلەن تەلەيخاننىڭ قەلبى ئەنە شۇنداق بىر-بىرىنى ئاشكارىلاشنى چاقىرىۋاتقان ئوت ئېلىش ئالدىدىكى ئۇچقۇن ئىدى.

ئالېكسىي بىلەن تەلەيخان كىنوخانىدىن ئەڭ ئاخىرىدا چىققانلىقى ئۈچۈن مىغ-مىغ ئادەملەر چوڭ كوچىدا ھەر تەرەپكە تارقىلىشىپ شالاڭلىماقتا ئىدى. ئالېكسىي تەلەيخاننى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغاچ ئاتىسىنىڭ ئورۇس بولغىنى بىلەن خېلى بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئاپىسىنىڭ ئۇيغۇر

ئىكەنلىكىنى، ئاتىسىنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىللە ياشىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇيغۇرچە بىمالال سۆزلىيەلەيدىغانلىقىنى، هازىر كىتابخانىدا رۇسچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە كىتابلارنى ساتىدىغان پرىكازچىك بولۇپلا قالماي، تەتقىقات ماقالىلىرى يازالايدىغانلىقىنى، تەرجىمانلىقمۇ قىلالايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ كۆپرەك ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تەلەيخاننىڭ ئۆزىگە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. يېقىن كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا قىزغىن سۆھبىتى يىراق يوللارنىمۇ يېقىن قىلىۋېتىدۇ. بىرهازا يول يۈرگەن بولسىمۇ يول ئۇلارغا هېچقانچە بىلىنىپ كەتمىدى. پەقەت تەلەيخاننىڭ ئۆيى جايلاشقان تار كوچا ئاغزىغا كەلگەندىلا، ئىلاجسىز توختاشتى. ئالېكسىي ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان هالدا تەلەيخاننى شەنبە كۈنى كەچتە قويۇلىدىغان ئىككى سېرىيىلىك هىندىستان كىنو فىلمى ”سەرگەردان“نى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى. تەلەيخان زاۋۇتتىن ئۆيگە قايتىپ بېرىپ، ئانچە هايال بولمايلا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئالېكسىي ئانغىچە ”خوش“ دەپ هوددىقان هالدا قولىنى ئۇزاتتى. يىگىت-قىزلارنىڭ بىربىرىگە ئىنتىلگەن هالدا قىزغىنلىق بىلەن قول بېرىپ كۆرۈشۈشىنى كىنولاردا كۆرگىنى بىلەن بېشىدىن هېچبىر ئىسسىق-سوغۇق ئۆتمىگەن تەلەيخانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بىر چوڭ يېڭىلىق ئىدى. ئەتراپتا ئۇنىڭ سۆز-هەرىكىتىنى كۆزىتىدىغان هېچكىم بولمىغىنى ئۈچۈن تارتىنىپ ئاستا قول بەردىيۇ، تېزلا تارتىۋالدى-دە، ”خوش“ دېيىشكە ئاران ئۈلگۈردى. قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ خىجىللىقتىن تېزلا پەيدا بولغان يۈزىنىڭ شەلپەردەك قىزىرىشىنى ئالېكسىيدىن يوشۇرۇپ قالدى. ئالېكسىي قاراڭغۇلۇققا كىرىپ كەتكەن بېلى ئىنچىكە، هەرىكىتى چاققان قىزنىڭ ئاياغ تىۋىشى يوقالغانغا قەدەر ساقلاپ تۇرۇپ، ئاخىرى مەمنۇن بولغان هالدا ئۆيىگە قايتتى.

× × ×

تەلەيخان ”سەرگەردان“ كىنو فىلمىنى ئالېكسىي بىلەن بىللە كۆرۈشكە ۋەدىلەشكەن شەنبە كۈنىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. كېچىلىرى ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا

سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان نەچچە ئونلاپ رومانلارنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن توگەل ئوقۇپ چىققان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رومانلىرى-دىكى ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدىن كېيىنكى قايناق تۇرمۇش ۋە مۇھەببەت ئۇنىڭ نەزەرىدە هازىرقى تۇرمۇشدا ئەمەلىيلەشمەكتە ئىدى. ئۇ ياشلىق هېسى يالقۇنجاپ تۇرغان قەلبىدىكى بەخت تەسەۋۋۇرىنى ئۆزىنىڭ هازىرقى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن هالقىغان هالدا قىرىق نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە سوۋېت ئىتتىپاقى رومانلىرىدىكى ياش پېرسوناژلارنىڭ بەختلىك جۇشقۇن مۇھەببەت تۇرمۇشى يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، تېگى-تەكتى يوق، ئويلى-غانسېرى ئۇلغىيىدىغان توگىمەس خىياللارغا بېرىلگەن ئىدى. قىزلار قىز-غىن هېسسىياتقا باي ياش چېغىدا هامان چوڭ ئالدىنىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. ئۇلار يۈرىكىدىكى جۇش ئۇرۇپ دولقۇنلىنىۋاتقان سۆيگۈ هېسسى-ياتىنى ئوغۇللارغا كۆپ هالدا دۇدۇقلاپ-تەمتىرەپ يۈز تۇرانە ئېيتالماي-دۇ. لېكىن سۆيگۈنى هېس قىلىشى، يوشۇرۇن كۆزىتىشى ئوغۇللاردىن ئارتۇقراقتۇر. قەلبىدە تۇنجى قېتىم ياقتۇرۇپ قېلىش هىسسىياتى قوزغالغان تەلەيخانغا هازىر ئۇيغۇر تىلىنى سۇدەك بىلىدىغان ۋە سۆزلىيەلەيدىغان ئالېكسىينىڭ سىزنى ياخشى كۆرىمەن دېگەن بىرەر ئېغىز سۆزى كېرەك ئەمەس، ئۆزى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن هەرقانداق ئەهۋال ئاستىدا مەڭگۈ ئايرىلماي بىرگە بولسام، هازىرقى هاياتىمنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رومانلىرىدا تەسۋىرلەنگەن بەختلىك ياشلارنىڭ تۇرمۇشىدەك قىلىچە جاپا-مۇشەققەت تارتماي خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزەلەيمەن، دەپ ئويلايتتى هەم بۇنىڭغا تولۇق ئىشىنەتتى.

ئالېكسي بالدۇرراق كېلىپ، بىر جۈپ كىنو بېلىتىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن تەلەيخاننى تەلمۈرۈپ بىر سائەتتىن ئارتۇقراق كۈتتى. ئۇ شۇ تاپتا تەلەيخاننىڭ ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ جەزمەن كېلىدىغانلىقىنى بىلگىنى ئۈچۈن بىر سائەت ئەمەس، ئون سائەتلەپ كۈتۈشكە تەييار ئىدى. ئۇ تۇنجى مۇهەببەت هەققىدە قايسى بىر يازغۇچىنىڭ: مۇھەببەت — هاياتنىڭ تەلپى، قەلبنىڭ بۇيرۇقىدۇر، دېگەن هېكمەتلىك سۆزىنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرمەكتە ئىدى. ئۇ كۆڭلى چۈشۈپ تۇنجى قېتىم ياخشى

كۆرۈپ قالغان تەلەيخان بىلەن توي قىلىشتا ئېھتىمالى بولغان بولغۇسى توسقۇنلۇقنىڭ ھەر تەرەپتىن كېلىدىغانلىقىنى ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ تەلەي-خانغا بولغان جۇشقۇن مۇھەببىتى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان دەريا تاشقى-نىدەك ئۇلغىيىپ بارماقتا ئىدى. ئەنە، بەدەن قۇرۇلۇشى كېلىشكەن، مېڭىشى كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان قىزغىن كۆڭۈل—تەلەيخان كەل-دى. تۇخۇمنىڭ سېرىقىدەك پارقىراپ تۇرغان سېرىق قۇلاقچا پوپايكا كىيگەن تەلەيخان ئۆتكەن نۆۋەت ئۇچراشقانلىقى ئۈچۈن مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ، ئانچە تارتىنمىغان ھالدا ئۆزىنى ساقلاۋاتقان ئالىكسىينىڭ ئالدىغا دادىل قەدەم تاشلاپ كەلدى ۋە جۈپ-جۈپ بولۇپ قولتۇقلىشىپ بىللە كېتىۋاتقان ئوغۇل-قىزلارنىڭ قاتارىغا بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ تەبىئىي ھالدا قوشۇلۇۋېلىشتى. ئۇلار كىنوخانا ئالدىغا كېتىۋېتىپ، بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلىشمىدى. ھەر ئىككىسىلا مېڭىسىدە پىشۇرۇپ ئاللىقاچان ئويلاپ بولغان گەپ-سۆزلىرىنى تاماشىبىنلار دائىم توپلىشىۋالىدىغان كىنوخانا ئالدىدا ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا دېيىشىپ، ئەتراپتىكىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزلىرىگە بىھۇدە قارىتىۋېلىشنىڭ قىلچە پايدىسى يوقلىقىنى بۇرۇنلا ھېس قىلىپ بولۇشقان ئىدى. ياشلارنى ئالاھىدە قىزىقتۇرىدىغان بۇ ئىككى سېرىيلىك ھىندىستان فىلىمى ئۇلارنىڭ قەلب ھېسسىياتىنى ئالماشتۇرۇشقا ناھايىتى ماس كەلگىنى ئۈچۈن كىنو تۈگىگەنگە قەدەر كۆزى ئېكراندا، كۆڭلى بىر-بىردە بولدى، ئارىلاپ قىزغىن پاراڭلىشىپمۇ قويدى. شۇڭا ئۇلارغا بۇ كىنو بىردەمدىلا تۈگىگەندەك تۇيۇلدى.

كەچكى ھاۋا سالقىن ئىدى. ئاۋغۇست ئېيىنىڭ بىرىنچى ھەپتىسى كىلىماتى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان تاغلىق شەھەردە ھاۋا قالتىس بولىدۇ. كۈندۈزى خېلى ئىسسىق، كېچىسى كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان يېقىملىق، سالقىن، غۇر-غۇر شامال ئادەمنى سەگىتىپ بىر خىل سوقۇپ تۇرىدۇ. يامغۇر ياغسا ھاۋانى يۇيۇپ تازىلايدۇ. تۈنۈگۈن كەچ يامغۇر ياغقانلىقى ئۈچۈن بۈگۈن ھاۋا ئېچىلىپ كەتكەن بىلەن خېلىلا سالقىن ئىدى. روھى كۆتۈرەڭگۈ كەلگەن تەلەيخان كەڭ كوچىدىكى يېنىپ تۇرغان ئېلېكتىر چىراغلىرى يورۇقىدا ئالىكسىي بىلەن يانمۇيان ماڭدى. ئۆيىگە قايتىش

ئۈچۈن ئالېكسېينىڭ كىچىك ئۆيى ئالدىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. تەلەيخان ھەركۈنى دېگۈدەك ئۆزىدىن ئەندىشە قىلىپ يۈرۈيدىغان مېھرىبان ئاپىسىنىڭ بۈگۈنمۇ ئىزدەپ قەيەرلەردىدۇر ئاۋارە بولۇپ يۈرۈشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى-دە، قەدىمىنى ماڭغانسېرى تېز-تېز ئېلىپ، چاپسانراق ئۆيىگە يېتىۋېلىشنى ئويلىدى ۋە ئالدىغا ئۆتۈپ بولۇپ، كەينىگە قاراپ قول ئىشارىسى قىلىپ ئالېكسېينىمۇ تېز مېڭىشقا ئۈندىدى. ئالېكسېي تار كوچا ئاغزىغا كەلگەندە تەلەيخاننى توسۇپ، ئۆيىگە كىرىپ بىر پىيالە چاي ئىچىپ كېتىشكە قىستىدى. ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالغان تەلەيخان نائىلاج قاتتىق يېلىنىپ تۇرۇۋالغان ئالېكسېيگە ئەگىشىپ، تار كوچىغا كىردى. بۇ تار كوچا كىتابخانا بىلەن ئۆي ئىدارىسىگە قاراشلىق قاتار ئۆيلەرنى ئايرىپ تۇراتتى. كۆپ ئۆتمەي ئالېكسېي ئىككى ئېغىزلىق ئۆينىڭ ئىشكىنى ئېچىپ ئېلېكتر چىرىغىنى ياندۇرۇپ، ئۆينى سۈتتەك يورۇتۇۋەتتى ۋە تەلەيخاننى ھەددىدىن زىيادە قىزغىنلىق بىلەن ئۆز ياتىقىغا باشلاپ كىردى.

كىچىك ئاشخانا ئۆينىڭ تۈزۈلۈشى بەكمۇ ئاددىي ئىدى. قىزىل سىردا سىرلانغان كونا ئۈستەل ئۈستىدە بىرنەچچە رەڭسىز ئىستاكان، بىر چايداننى چۆرىدىگەن ھالدا بىرنەچچە ئەينەك تەخسە، چىنە-چەينەك تۇراتتى. ئىچكىرىلەپ ئىككىنچى ئۆيگە كىرگەندە ئۆز تۇرمۇشىنى سەرەمجانلاشتۇرۇشنى بىلمەيدىغان بىر ئاۋارە بويتاقنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىنى دەررۇلا ھېس قىلغىلى بولاتتى. بۇلۇڭدىكى يالغۇز كەڭ كارىۋاتنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئۈچ سىرتمىلىق يوغان ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە بىر توك چەينىكى بولۇپ، روسچە كىتابلار توپا چاڭلار قونغان دېرىزىگە تىرەلگەن ئۈستەلنىڭ بىر چېتىگە تىرەپ قويۇلغان ئىدى. تامنىڭ ئۇزۇنىسىغا تىرەلگەن ئۈستى كەڭرەك تۆمۈر كارىۋاتقا بىر قېلىن كۆرپە سېلىنغان بولۇپ، ئۈستى يېشىل ئەدىيال بىلەن تاكى كارىۋاتنىڭ تېگىدىكى قۇرۇق ھاراق بوتۇلكىلىرىنى يوشۇرالىغۇدەك دەرىجىدە تۆۋەن چۈشۈرۈلگەن، يوتقىنى رەتلىك يىغىلمىغان، ماموق ياستۇق كارىۋاتنىڭ بېشىغا يانتۇ تاشلانغان ئىدى.

ئالېكسېي يىغىلمىغان يوتقاننى كەينىگىرەك سۈرۈۋېتىپ، تارتىنىپ نېمە

قىلىشىنى ۋە نېمە دېيىشىنى بىلمەي ھودۇقۇپ تۇرغان تەلەيخاننى كارىۋاتـ
نىڭ قىرىغا ئاران ئولتۇرغۇزدى ۋە توك چەينىكىگە سۇ ئېلىپ كىرىش
ئۈچۈن ئاشخانا ئۆيىگە ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ئەيمىنىپ تۇغان تەلەيخان
كارىۋاتقا يانداش تام ئۈستىدىكى جازىغا ئېلىنغان رۇس شائىرلىرى پوشـ
كىن، لېرمونتوۋلارنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ، ئاشخانا ئۆيىدـ
دىن سىرتتىكى ئىشىكنىڭ ”جاقىلدە“ ئېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىدى ۋە ئارقىـ
دىنلا توك چەينىكنى كۆتۈرۈپ خۇشال-خۇرام كىرىۋاتقان ئالېكسىينى
كۆردى. ئۆزىنى بىئارام ھېس قىلىۋاتقان تەلەيخان تاشقىرىقى ئىشىكنىڭ
ئېتىلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ تېخىمۇ ھودۇقۇشقا باشلىدى. لېكىن ئالېكسىي
پەرۋاسىز ھالدا ئۈستەل ئۈستىگە قويغان توك چەينىكىگە توك ئۇلىدى.
—ئالېكسىي، سىزگە رەھمەت، چاي قاينىتىمەن، دەپ ئاۋارىمۇ بولـ
ماڭ، ياتىقىڭىزنى بۈگۈن كۆرۈۋالدىم. ئەمدى قايتاي،—دېدى تەلەيخان
زور تەشۋىش ئىچىدە.
—ئالدىرىماڭ، مەن ئاپىرىپ قويىمەن،—دېدى ئالېكسىي ۋە ئۈسـ
تەلنىڭ ئاستىنقى سىرتمىسىنى تارتىپ ئېچىپ ئىككى قۇتا بېلىق كونسىرـ
ۋاسىنى تەلەيخاننىڭ ئالدىغا قويدى. ئالېكسىي ئۆزىدىن قورۇنۇۋاتقان زور
ھودۇقۇش ئىچىدىكى تەلەيخاننىڭ مىدالىيون ئاسقان ئالدى ئوچۇق مەيـ
دىسى بىلەن ئالمىدەك كۆكسىنى يارىشىملىق ئالتۇن رەڭلىك پوپايىكىسىدـ
نىڭ ياقىسى بىلەن يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچىدە ئويلىدى: ”توۋا
ئۇيغۇر قىزى شەلپەردەك قىزىرىپ، تارتىنىپ تۇرغاندا ئەجەپمۇ چىرايلىق
بولۇپ كېتىدىكىنا!...“ ئۇ ئۆز ياتىقى بولغانلىقى ئۈچۈن تارتىنىپ تۇرمايـ
لا تەلەيخاننىڭ يېنىغا كېلىپ مۇلايىملىق بىلەن ئولتۇردى.
—تەلەيخان، بەختىڭنى تاپساڭ، قولىغا بۇ ئالتۇن ئۈزۈكنى سېلىپ
قويغىن، دەپ رەھمەتلىك ئاپام ماڭا ۋەسىيەت قىلغان ئىدى، مانا ئەمدى
بۇ ئاپامنىڭ تەۋەررۇكى ئۆز ئىگىسىنى تاپتى،—ئالېكسىي قولىدىكى ئالدىن
تەييارلىۋالغان بىر ساپسېرىق ئالتۇن ئۈزۈكنى تەلەيخاننىڭ يوپۇرماقتەك
تىترەۋاتقان نازۇك قولىنى تۇتۇپ، ئوتتۇرانچى بارمىقىغا زورمۇزور سېلىپ
قويدى ۋە تۆۋەنگە ئېگىشكەن بېشىنى سىلاپ، ئاندىن ئىنچىكە بېلىگە گىرە

سىلىپ، ئاستا بېشىنى ئۆزىگە تارتىپ، بولۇق چېچى يېپىۋالغان خۇشبۇي ھىدلىق مەڭزىگە سۆيدى.

—ئالىكسىي، بۇ نېمە دېگەن سەتچىلىك؟ ماڭا .چېقىلماڭ،— تەلەيخان ئۆزىگە قادىلىپ تۇرغان تەقەززا كۆزلەرگە يەر تېگىدىن يانتۇ قاردىيۇ، تېزلا يەرگە قارىۋالدى،— ھايا، نومۇس قىلماي قىلىۋاتقان قىلىقىنى...

—مۇھەببەت ئىزا تارتىشنى، ھايانى ئۇقمايدۇ، سىز بەربىر مېنىڭ. ماڭا ئىشىنىڭ. سىزنى مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ھەرگىزمۇ خەق ئالدىدا بالاغا قويمايمەن.

تەلەيخان دەسلەپكى سۆيۈشتىن مەستخۇش بولۇپ تۇرغان ئالىكسىينىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ ئاجراپ ئورنىدىن تۇرغان ئىدى، ئالىكسىي ئۇنىڭ ئىنچىكە، نازۇك بېلىدىن چىڭ قۇچاقلىغان پېتى يوپكىسىنىڭ ئىككى توپچىسىنى قولى بىلەن يىمىرىپ ئۈزۈۋەتتى. ھودۇقۇپ، ئالاقزادە بولۇپ كېتىۋاتقان تەلەيخاننىڭ قىزىل تار يوپكىسى بىراقلا سىيرىلىپ توق ئەتلىك يوتىسىنى بويلاپ يەرگە چۈشۈپ كېتىپ، قىسقا روباشكىسى بىلەن قالدى. تەلەيخان ئاجىز، زىلۋا بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق غەيرىي قول تېگىپ باقمىغان نازۇك بىلىكىنىڭ يۇقىرىقى توق بولجۇك گۆشلىرى ئالدىغا ئاستا-ئاستا سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان ئالېكسىيدىن قورۇنۇپ، كەينىگە داجىۋاتقىنىدا تىك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئالمىدەك كۆكرىكىنى يېرىم يوشۇرۇپ ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەن ئىدى. تەلەيخانغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىنتىلىپ ئالدىغا سوزۇلۇۋاتقان جۇشقۇن ھېسسىياتلىق ئالېكسىي كۆن نۇرلۇق چىراغنى بىردىنلا ئۆچۈرۈپ، كارىۋات بېشىدىكى كەپەرنىڭ بېشىدەك كىچىك لامپۇچكىنى يورۇتقان ئىدى، ئۆي قاراڭغۇلىشىپ، كارىۋاتنىڭ بېشىلا غۇۋا يورۇدى. ئۆزى خالاپ كىرگەن ئۆيدە ۋارقىراپ-جارقىراشنىڭ ئۆزىگە سەتچىلىك ئىلىپ كېلىدىغانلىقىنى پەملىگەن تەلەيخان يەرگە ئېڭىشىپ، تار يوپكىسىنى زىلۋا قولىنى سوزۇپ ئالغۇچە ئالېكسىي ئۇنى كۆچلۈك قوللىرى بىلەن كارىۋاتنىڭ تۆرۈلۈپ كەتكەن يېشىل ئەدىيالى ئۈستىگە ئاستا-ئاستا ئاۋايلاپ ياتقۇزدى.

— ئالبكسي، سىز مېنى بەربىر ئالدىغان بولغاندىكىن، ھازىر ماڭا چېقىلماڭ...

— تەلىيىم، مەن سىزنى ئەبەدىي سۆيىمەن، ماڭا ئىشىنىڭ.

— مەن بەربىر سىز بىلەن بىر ئۆيدە بىرگە بولىمەن، ئەمەسمۇ؟ شۇڭا...

— شۇنداق بولغاندىكىن...، — ئالبكسي تەلەيخانغا گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاستىدىكى تەلەيخاننىڭ قارشىلىق كۆرستىۋاتقان يالىڭاچ بىر پۈتى ئۇسەلگە تىرىلىپ، ئۇستىدىكى شىڭىلداۋاتقان توك چەينىكىنى يەرگە ئۆرۈۋېتىشكە تاسلا قالدى. تەلەيخان ھودۇقۇپ قورۇنغان ھالدا: «بۇ نېمە دېگەن سەتچىلىك؟» دەپ ھاسىراپ پىچىرلىدى. ئۇ سول قولى ۋە كۆكرىكىدە ئىچكى مايكىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىككى كۆكسىنى بېسىپ ئوڭ قولىدا كىيىمىنى سىلىۋاتقان ئالبكسىينى پۈتۈن كۈچ بىلەن كەينىگە ئىنجىقلاپ ئىتتىرگەن بولسىمۇ ئۆرە بولالمىدى. ئۇنىڭ كېچىسى يول يۈرۈپ سوغۇق تەگكەن ئوچۇق يوتىسىغا ئالبكسىينىڭ ئىسسىق يوتىسى تەگدى. تەلەيخان قارشىلىق كۆرستىشتىن ھارغان بىر جۈپ زىلۋا قولىنى خۇددى ئۆزىنى ئەمەستەك ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى. ئۇ ئوڭ تەرەپكە قاچۇرغان لەۋلىرىنى سۆيۈشتىن پەيدا بولغان ئۇلۇغ-كىچىك تىنىقتا جاۋابەن بىرىنچى قېتىم ئالبكسىينىڭ تېگىدە ئۆز ئىرادىسىگە بويسۇنمىغىنى ھالدا چوڭقۇر نەپەس ئېلىشقا باشلىدى. پۇرۇقلاپ قايناۋاتقان توك چەينىكىدىكى قىزىق سۇ ھورى توك چەينىكىنىڭ قاپقىقىنى گاھ ئېچىپ، گاھ يېپىپ، پۇرۇقلاپ تۇراتتى. ئالبكسي بىلەن تەلەيخان ياتقان پۇرژىنلىق كارىۋاتنىڭ ئارىلاپ رىتىملىق غىچىرلىشى ئۆيدىن سىرتقا ئاڭلانمايتتى. ئاڭلانغىنى بىلەنمۇ بۇ پىنھان كېچىدە ئۆي ئىچىدىكى ئاۋازلارنى زەڭ سېلىپ ئاڭلايدىغان ھېچكىم يوق ئىدى...

× × ×

تەلەيخان ئالبكسي بىلەن تونۇشقان بىرسىگە زادىلا دېگىلى بولمايدىغان ئۇنتۇلغۇسىز ئۇ تاتلىق ئاي-كۈنلەرنى ئەسلەپ ئۆزلۈكىدىن مېڭىدا كۈلۈمسىرىدى. دەل شۇ چاغدا ھويلىنىڭ كىچىك دەرۋازىسىنىڭ بىر

قانتىنى ئېچىپ، ئالېكسىي كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدە ئاتىسى ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئۇنى ساقلاپ تۇرغاندەك قىياپەتتە بىردەم ئۇ ياققا، بىردەم بۇ ياققا ماڭاتتى. ئالېكسىي ئالدىراپ-تېنەپ ئۆيدىكى ئانچە ئېغىر بولمىغان كىچىك ساندۇق، چامدان ۋە باشقا نەرسە-كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ سىرتتا بىلىنەر-بىلىنمەس ئاۋاز چىقىرىپ كېلىۋاتقان پىكاپنىڭ ئالدىغا چىقتى. تەلەيخانمۇ تەمتىرىگەن هالدا يۈگۈر-يېتىم ئىشلارغا ناهايىتى قىزغىن ماسلاشقان بولدى. ئاخىرىدا ئاپىسى رازىخانغا يازغان ئۇزۇن خېتىنى قوشنىسىنىڭ قولاپلاقلىق ئۆيىنىڭ يوچۇقىدىن ئىچكىرىسىگە تاشلىدى. ئۇ قوشنىسىنىڭ بۇ خەتنى ئاپىسىغا چوقۇم يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ئالېكسىي هويلا دەرۋازىسىدىن چىقىۋېتىپ، ئاتىسى ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ تاپشۇرۇشى بويىچە تەلەيخانغا ئىشەنچلىك هالدا مۇنداق دېدى:

—بۇ كىچىك سومكىنى سىز ئېلىۋېلىڭ، هە، راست، بۇ سومكىنى يېنىڭىزدىن هەرگىز ئايرىماڭ، جۇمۇ؟—ئالېكسىي هەرىكىتى چاققان، قەددى-مى يېنىك تەلەيخانغا ئارتۇقچە گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى هېس قىلدۇرماسلىق ئۈچۈن مىيىقىدا كۈلۈمسىرىدى. ئەسلىدە بۇ سومكىنى يېنىدىن ئايرىماسلىقنى ئىۋان ئىۋانوۋىچ قاتتىق جېكىلىگەن بولغاچقا، ئاتىسىنىڭ بۇ تەلىپىنى تەلەيخانغا قايتىلىغان ئىدى. ئۇ ئاتىسى ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ: ”بۇ سومكىنى تەلەيخان كۆتۈرۈۋالسۇن ۋە يېنىدىن زادىلا ئايرىمىسۇن“ دەپ تاپىلىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئۇقمايتتى.

—ماقۇل،—تەلەيخان سومكىنى ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى ۋە ئاتا-بالا ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە قاتتىق ئىشەنگەنلىكىگە ناهايىتى مەمنۇن بولۇپ مىيىقىدا كۈلۈمسىرىدى. سېرىق رەڭلىك خۇرۇم سومكا كىچىك، ئەمما خېلى ئېغىر ئىدى. ئۇنىڭ كىچىك بولسىمۇ، لېكىن خېلىلا ئېغىر بۇ سېرىق رەڭلىك خۇرۇم سومكا ئىچىدە نېمىلەر بارلىقىنى، قانچىلىك دۇنيا بارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈشكە تەلەيخاننىڭمۇ، ئالېكسىينىڭمۇ نەدە ۋاقتى بولسۇن؟ ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتكەن روهى كۆتۈرەڭگۈ تەلەيخان بۇ قولاپلاقلىق سېرىق سومكىدا ئۆزىگە قېيىن ئاتا بولغان ۋە ئۆزىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقان ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ ئۇزۇنتۇرا

لاۋگو بىلەن بىرلىشىپ، 30-يىللاردا قۇمۇل، تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى
قاتناشقۇچىلىرىنى ۋەھشىيلەرچە باستۇرغىنىدا ئاددىي پۇقرالارنى قاقتى-
سوقتى قىلىپ، بۇلاپ تاپقان دۇنيالىرى بارلىقىنى زادىلا بىلمەيتتى. ئالتۇن-
مۇ، كۈمۈشمۇ، بۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا باغاندا ئالېكسىي ئېچىپ كۆرسەت-
سىمۇ كېچىككەن بولامتىم؟ ئالېكسىي ماڭا ئىشىنىپ بەرگەن بولغاندىكىن،
ئېچىپ يۈرۈش، ئاچقۇچىنى بەر، ئېچىپ كۆرۈپ باقاي دېيىش ياخشى
ئەمەس. ئۇلار ئىشەنمىسە ھەرگىزمۇ ماڭا بەرمەيتتى...ئۇلار ماڭا شۇقەدەر
ئىشەنگەن يەردە مەن بۇ سومكىنى سوراپ، ئېچىپ يۈرسەم ئۇلارنىڭ
ماڭا گۇمانىنى قوزغاپ قويۇشۇم مۇمكىن...“ ئۇ ھويلىنىڭ كىچىك دەرۋا-
زىسىدىن چىقىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئالېكسىي بىلەن بىللە كۆڭۈللۈك ئۆتكەن،
دەسلەپ تۇرمۇش قۇرغان قەدىناس ئۆيىگە ئاخىرقى قېتىم كەينىگە بۇرۇ-
لۇپ بىر پەس قارىۋالدى. ”بىچارە ئاپام كېلىپ كىرمەي كېتىدىغان ئۆي،
قەدىرلىكىم ئالېكسىي بىلەن مەن بىر مەزگىل بىللە ئۆتكەن ئۆي، جاندىن
كەچمىگۈچە جانانغا يەتمەس، دېگەن گەپ بار. مەن سەندىن كېچىۋاتىد-
مەن. ئاھ، ئاپا، سەن مۇشۇ تاپتا كەلسەڭ، ئىشنى بۇزسەن، مېنىڭ
سوۋېت ئىتتىپاقىغا، نان، ئاش—يېمەكلىك كەڭتاشا، ئويۇن، كۈلكە،
بەخت يۇرتىغا بېرىشىمغا كاشىلا قىلىسەن، قۇدرىتىم بولسا، رازى بولساڭ
ئىدىڭ، سېنىمۇ ئېلىپ كەتسەم بولاتتى. يېمەك-ئىچمىكى نۇرمىسىز، ھەتتا
پۇلسىزمۇ بەختلىك تۇرمۇش قۇرغىلى بولىدىغان، پاراغەتلىك ياشايدىغان
سوتسىيالىستىك دۆلەتكە، كوممۇنىزمغا كۆچۈۋاتقان دۆلەتكە كېتىۋاتقىنىمغا
پۇتلىكاشاڭ بولماسلىقىڭ ئۈچۈن مەن سەن بىلەن خەت يۈزىدىلا خوشلا-
شتىم. سېنى چوقۇم بىر يىلغا قالمايلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ
كېتىمەن...“

تەلەيخاننىڭ بۇ ئوي-خىياللىرى ئاسمانغا ئۇچۇپ كەتتى. ئالېكسىي
ئالدىراتتى بولغاي، ئۇ سومكىنى كۆتۈرۈپ، قارا رەڭلىك پىكاپقا ئىۋان
ئىۋانوۋىچنىڭ كەينىدىن سوڭدىشىپ كىردى. ئالېكسىي كىرىپ بولۇپ
پىكاپنىڭ ئىشىكىنى قاتتىق ياپقاندىن كېيىن پىكاپ بۇرۇنقىدەك بىلىنەر-بى-
لىنمەس ئاۋاز چىقىرىپ، چوڭ يولغا چىقتى-دە، خۇددى كەينىدىن ساقچى

ماشىنىسى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك غۇيۇلداپ ئالغا يۈرۈپ كەتتى.

× × ×

رازىخان قىزى تەلەيخاننىڭ ئالىكسىي ۋە ئاتىسى ئىۋان ئىۋانوۋىچ بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىش ئۈچۈن شىمالغا، يەنى قورغاسقا مېڭىپ بولغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئوغلى باتۇر قادىر بىلەن كېلىنى ھاشىخان ئۆز ئىدارىلىرىگە ئىشقا كەتتى. ئۆز قىزىغا كۆيۈمچان رازىخان نەۋرىسى غالىبجاننى كۆتۈرۈپ قىزى تەلەيخاننى ئىزدەپ يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولدى-يۇ، بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن قىزىنىڭ ئۆيىگە بىھۇدە ئاۋارە بولۇپ بېرىشتىن يالتىيىپ قالدى. قىرىق ئالتە ياشقا كىرگەن رازىخاننىڭ ئانچە قېرىماي تۇرۇپلا مەزگىلسىز ئاقىرىشقا باشلىغان چېچى غەم-غۇسسىدە ئۆتكەن ھاياتىنىڭ يالدامىسى ئىدى. كىشلەر پېشانىسىدە پەيدا بولۇۋاتقان قورۇقلارنى كۆرۈپ كۆڭلى غەشلىك-كە تولغان بۇ دەردمەن ئايالنىڭ نۇرغۇن جەۋر-جاپالار تارتقانلىقىنى ھېس قىلالايتتى. شۇ تاپتا قىزىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە پاراكەندە بولۇۋاتقان بىچارە ئايالنىڭ كۆزىگە تەلەيخاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىش ئۈچۈن شىمالغا مېڭىش تەرەددۇتىدىكى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئالدىرىغان تەنتەك قىياپىتىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. دەل شۇ چاغدا ھويلىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكى ”تاق-تاق“ ئۇرۇلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. رازىخان نەۋرىسى ئۇخلاۋاتقان كارىۋاتتىن ئالدىراش چۈشۈپ ئۆيدە كىيىدىغان كونا كالىچىنىڭ بىر پېيىنى كىيىپ، بىر پېيىنى ئىزدەپ ئاۋارە بولمايلا يالاڭداق يۈگۈرۈپ ھويلىغا چىقتى. ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ ھويلىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكىنى ئۈلۈغ ئېچىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەتمىش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، يۈز-كۆزىنى ئۈرۈك قېقىدەك قورۇق باسقان بويى پاكارراق بىر ئايال تۇراتتى. بۇ ئايالنىڭ قولىدا ئاغزى ھىم ئېتىلگەن بىر ئاق كونۋېرت تۇراتتى.

—ئادەم قېرىغان چاغدا بالا باققۇچى بولۇپ قالىدىكەن، قىزلىرى بۇرناكۈن بۇ خەتنى ھويلامغا تاشلاپ قويۇپتىكەن. ئەكىلىپ بېرىشكە زادىلا ۋاقتىم بولمىدى...

— ئۇ...ئۇ كەتتىما؟ — رازىخان ھاڭ-تاڭ قالغان ھالدا قايتىشقا ئالدىراۋاتقان قېرى ئايالدىن تۆۋەن ئاۋازدا دۇدۇقلاپ سورىدى.

— ھە، قىزلىرى ئالېكسىي ۋە ئاتىسى بىلەن بىرگە بورناكون سوۋېتكە مېڭىپ كەتتى. ئۆيۈمدە ئاپامغا قالدۇرۇلغان بەزى جابدۇقلار بار، ئاپاملار كۆچۈپ كېلىدۇ، دېگەندەك قىلىۋاتقان. بۈگۈن ئەتىگەن ئۇيغۇرچە بىلىدىغان لاۋگو دېگەن بىرسى خوتۇنى ۋە ئىككى بالىسى بىلەن بىرگە كۆچۈپ كەلدى.

رازىخان ياشانغان ئايالنىڭ قورۇلۇپ قالغان ئاجىز قولىدىن خەتنى ئېلىۋېتىپ، لاۋگونىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى. ئولتۇرسا-قوپسا يەنە شۇ لاۋگونىڭ گېپى. رازىخان خەت ئېلىپ كەلگەن ئايالنى ئۆيگە ”كىرسىلە“ دېگۈچە ئۇ ئايال: ”خوش، نەۋرىلىرىم ئۆيدە قالدى، ئۆيلىرىگە كىرسەم ھايال بولۇپ قالغۇدەكمەن. تېز قايتمىسام نەۋرىلىرىم ئۆينى بېشىغا كىيىدۇ“ دەپ رازىخان بىلەن يېرىم-ياتا خوشلىشىپلا كېتىپ قالدى.

رازىخان بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ تەلەيخاننىڭ خېتىنى پۈكلەپ خىيال سۈرگىنىچە ئۆيگە كىردى. نەۋرىسى غالىبجان يوتقىنىنى تېپىپ ئېچىۋېتىپ ئوڭغا قىمىرلاپ ئۆرۈلۈۋىدى، رازىخان تۆرۈلۈپ سول تەرىپىگە يىغىلىپ قالغان يوتقانىنى ئۈستىگە يېپىپ قويدى. ئۇ ئوغلى باتۇر قادىرنىڭ تامغا تىرەپ كارىۋاتقا يانداپ قويۇلغان كونا ئۈستەلگە جەينىكىنى قويۇپ قىزىنىڭ ئۆزىگە يېزىپ قالدۇرغان خېتىنى كونۋېرتىدىن ئاستا سۇغۇرۇپ ئالدى-دە، ئالدىراپ ئوقۇشقا باشلىدى. تەلەيخاننىڭ ئاپىسىغا ئايرىلىش ئالدىدىكى خېتى مۇنداق باشلانغان ئىدى:

”قەدىرلىك ئاپا، قەدىرلىك ئاكا،

مەن سىلەر بىلەن خوشلاشمايلا ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ماڭدىم. سىلەر بىلەن خوشلاشمىغانلىقىمنىڭ سەۋەبى ماڭمۇ، سىلەرگىمۇ ئايدىڭ. سىلەرنىڭ مېنى توسۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىشىمگە يول قويمايدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن. ئاپا، مەن ساڭا، بولۇپمۇ ئاكام بىلەن ئاچامغا ئېغىر يۈك بولۇپ قالدىم. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان

چېغىمدا خاتىرەمگە قايسىبىر شائىرنىڭ مۇنۇ ئۈچ كۇپلېت شېئىرىنى كۆچۈرۈۋالغان ئىدىم.

دىيارنىڭ قىزى سەن، ئوغلى سەن،
تۇغۇلدۇڭ، دېمەك چوڭ بولسەن.
جان ئاتاڭ، جان ئاناڭ ئەجرىدە
بېقىلىپ زور كۈچكە تولسەن.
ئالدىڭدا كۆپ ئىشلار، سىناقلار،
ۋايىغا يەتكەندە بىلسەن.
تۇرمۇشۇڭ ماشىنا: تېز ماڭار،
پەخەس بول، چىڭ تۇت، باش رولى سەن.
تۆكمىسەڭ تەر نەدە ھالاۋەت،
تۈگمەس بەختىنىڭ ئۈلى سەن.
بوش تۇرساڭ قاچىدۇ سائادەت،
ئاھ، ئۇچاغ كىمگە يۈك بولسەن؟

بۇ شېئىر مېنىڭ يىگىرمە ئۈچ ياشلىق ھاياتىمنى ئەڭ توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپتۇ. مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئېغىر يۈك بولۇپ قالدىم. ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەن مەندەك يېرىم يېتىم قىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا چوڭ بولغاندىن كېيىن سىلەرگە تايىنىۋالماي مۇستەقىل ياشاش، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش زۆرۈر. كىشىلەر پەقەت ئۆزىگە تايىنىپ، ئۆز تىرىشچانلىد- قىغا تايىنىپلا بەختلىك بولالايدۇ. مەن تۇغۇلغاندا ئاتام ماڭا تەلەيخان دېگەن ئىسىم قويغان بولسىمۇ ماڭا ھازىرغىچە ئاتام نىيەت قىلغان تەلەي نېسىپ بولمىدى. دۇنيادا ئۆز تىرىشچانلىقىدىن ئايرىلغان تەلەي بولمايدى- غانلىقىنى چۈشەنگەن چېغىمدا مۇسۇلمانلىشىپ قالغان رۇس يىگىتى ئالېك- سېي بىلەن تونۇشۇپ قالدىم ۋە ئېغىر كۈندە قالغان چېغىمدا ماڭا بىردىنبىر ئەسقاتقان بۇ رۇس يىگىتى بىلەن سىلەرنىمۇ ئاۋارە قىلماي ھېچبىر چىقىمسىزلا توي قىلىۋالدىم. ئاتىسىدىن كىچىك قېلىپ قېقىندى-

سوقۇندى بولۇپ مىڭ بىر مۇشەققەت تارتقان مەندەك يېرىم يېتىم بىچارە ئاجىزەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ يىگىت بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ يېمەك-ئىچمەكى كەڭ بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىشنى تەلىيىمنىڭ ئوڭ كەلگەنلىكى دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق تەلەي، ئامەت ھەممىلا كىشىگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. سېنىڭ مەن تۆپەيلى ئاكام بىلەن ئاچامدىن ئازار يېيىشىڭگە چىداپ تۇرالمايمەن. گەپ قىلسام جېدەل-ماجىرا تېخىمۇ كۆچىيىدۇ، كۆندە دېگۈدەك جېدەل-ماجىرا بېسىقمايدىغان بۇ ئۆيدىن چىقىپ، ئالېكسېي بىلەن بىرگە سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىشىمنى قىزىمنىڭ تەلىيى دەپ بىلىپ مەندىن خاتىرجەم بولغىن. مەن بارغاندىن كېيىن سېنى يېنىمغا ئەكىلىۋېلىش ئامالىنى قىلىمەن. ئاكامغىمۇ ئامال يوق. خوتۇنىنىڭ گېپىگە كىرمىسە بولمايدۇ. مەن كەتكەندىن كېيىن ئۇلار ئۆيدە مەندىن ئىبارەت بىر يۈكنىڭ ئازايغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئارام تاپار...“ رازىخان قىزى تەلەيخاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا مېڭىش ئالدىدىكى ئۆزىگە ۋە ئاكىسى باتۇر قادىرغا يازغان خوشلىشىش خېتىنى ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ھويلا ئىشىكىنىڭ تاراققىدە ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ دەرھال خەتنى پۈكلەپ يانچۇقىغا سېلىۋېلىپ، ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن بېشىنى سوزۇپ ھويلىغا قارىدى. ھويلا ئىشىكىنى يېپىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئوغلى باتۇر قادىر ئالاقزادە بولغان ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا كۆڭلى پەرىشان ھالەتتە تۇرغان ئاپىسى رازىخانغا دۇدۇقلاپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئاپا، تەلەينىڭ ئەخمەقلىقىنى قارىمامدىغان، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا مېڭىپ كېتىپتۇ. جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتى يامانلىشىۋاتقان ھازىرقى پەيتتە كەم ئەقىللىق قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ماڭغىنى نېمىسى؟ بۇ ئىش ئۆزى بىلەنلا كەتمەيدۇ. بىزگىمۇ چاتاق. چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر دېگەن بەدنامغا قالىدىغان بولدۇق. مەن بۇرۇنلا ئۇنى ئۇ ئورۇس بىلەن بىللە يۈرمە، دەپ توسقان بولساممۇ، ئۇ قىلچە گەپ يېمىدى، ئۇ مېنىڭ سىڭلىم ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن مەن ئادا-جۇدا بولغان دېسەممۇ تەشكىل ئىشەنمەيدۇ. تەلەي ئاخىر بىزگە بىر بالا تېپىپ بېرىدىغان بولدى...

—بالام، ئۇ كېتىپ بوپتۇ، ھەرقانچە سۆزلىسەڭمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. يولنى توسقان بولساقمۇ، كېتىپ بوپتۇ. كەينىدىن قوغلاپ بارساقمۇ ئۇنى يولدىن توسۇۋالالمايمىز. مېنى ئارام ئالغىلى قوي،-دېدى رازىخان ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ. باتۇر قادىر ئۆيگە ئېلىپ كەلگەن ”تەلەيخاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا مېڭىپ كەتكەنلىك خەۋىرىدىن ئاپام ھاڭ-تاڭ قالدۇ“ دەپ ئويلىغان ئىدى. رازىخان باياتىن قىزى تەلەيخاننىڭ خېتىنى ئوقۇغان بولغاچقا، ئوغلىنىڭ ئاچچىقلىنىپ ئېيتقان ۋەھىملىك گەپ-سۆزلىرىگە ئانچە ئەجەبلىنىپ ۋايساپ كەتمىدى. باتۇر قادىر سىڭلىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىپ قالغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن ئالاھىدە ئاپىسىنى خەۋەرلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىدارىسىدىن رۇخسەت سوراپ كەلگەن ئىدى، ئاپىسىنىڭ خېلى خاتىرجەم تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئارتۇق گەپ قىلماي ئالدىراش ئىدارىسىگە خىزمەتكە كەتتى. رازىخان ئوغلى باتۇر قادىرنىڭ ئۆيدە بەھۇزۇر ئۇخلاۋاتقان نەۋرىسى غالىبجاننىڭ يېنىدا ھەسرەتلىك خىيال سۈرۈپ تەنھا قالدى.

رازىخان قىزى تەلەيخاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا مېڭىشىنى توغرا تاپمىدى، شۇنداقلا ئوغلى ۋە كېلىنى ئالدىدا قىزىنى تىللاپ-قارغاشنىمۇ خالىمىدى. ئۇ قىزىنىڭ ئالېكسېي بىلەن بىرگە سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىشىنى ”قىزىمنىڭ تەلىيىنىڭ ئوڭدىن كەلگەنلىكى“ دەپ ھېسابلىمايتتى. ئۇ: ”قىزىمنىڭ خېتىنى ئوغلۇم ۋە كېلىنىم كۆرمىگىنى ياخشى. كۆرسە تېخىمۇ كۆپ گەپ-سۆز بولىدۇ، يەنىلا ئېغىر غەم-غۇسسە، پاراكەندىچىلىكتە ئۆتىدىغان گەپ“ دەپ ئويلىدى-دە، خەتنى ھويلىدىكى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ يوشۇرۇپ قويدى.

تەلەيخان سوۋېت ئىتتىپاقىغا ماڭغاندىن كېيىن رازىخان ئېغىر ھەسرەت ئىچىدە قالدى، ئوغلى باتۇر قادىر پاراكەندە بولۇپ ئاچچىق يۇتۇپ يۈردى، كېلىنى ھاشىخان: ”ئۆيدە بىكار نان يەيدىغان بىر ئادەم ئازايدى“ دەپ ناھايىتى خۇشاللاندى. ئۆي ئىچىدىكى جېدەل-ماجىرا، ۋەھىمە تەلەيخاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا مېڭىشىغا ئەگىشىپ كۈنسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى.

ھەقىقى شائىر، ھەقىقى شېئىر!
دەل ئۆزى

## ئۈچىنچى باب

# چىگرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە

چۆل-جەزىرە، دەشتۇ سەھرا ئىچىدە قالدىم نائىلاج،
ئاھ قاچان بىر يول تېپىپ قوشۇلاي قاتارىمەن.*

—ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

ئىنسان ئۆز ھاياتىنى ئۆزى توغرا دەپ تاپقان مەقسەت يولىدا كۆتكەن نەرسىسگە ئېرىشىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئىزدىنىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئىزدىنىش يولى ئۆزىنىڭ تاللىشىغا تەۋە تېخى بېسىپ باقمىغان، ئالدىن كۆرۈپ بېقىشقا مۇۋەپپەق بولمىغان يولدۇر. مانا، ئۈرۈمچىدىن شىمالىي شىنجاڭغا سوزۇلغان يوللار ئېگىز ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن ئايروپىلاندىن قارىغاندا ئىختىيارىي تاشلانغان پايانى يوق ناھايىتى يوغان توم قارا ئارقانغا ئوخشايدۇ. بۇ مايلىق تاشيولدىن ئەتىگەندە غۇلجىغا، مايتاغقا، قاراماينغا، ئالتايغا قاراپ ماڭىدىغان چوڭ-كىچىك قارا ماشىنىلار تىنىمسىز ئۆتۈپ تۇرىدۇ. كەچ، ئۇزۇن بۇ مايلىق تاشيوللارنى شوپۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەڭ ياخشى، ئىشەنچلىك، ئۆز ماھارىتىنى

* «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986-يىل 1-ئاي 1-نەشرى، 33-بەت.

كۆرستىدىغان پائالىيەت سەھنىسى دېسمۇ بولىدۇ.چۈشتىن كېيىن بولسا قاراماي، مايتاغ تەرەپتىن ماي بېسىپ كېلىدىغان ماشىنىلار كۆپرەك، غەيرىتى تولۇپ تاشقان بەزى شوپۇرلار بولسا ھەتتا كېچىسىمۇ ئۈزلۈكسىز مېڭىپ تۇرغان بولغاچقا، ئۇرۇمچىگە كۈن چىقار-چىقمايلا يېتىپ كېلىشىدۇ. بۈگۈن ئەتىگەن كۈن چىقىشى بىلەن تەڭ شىمالىي شىنجاڭغا قاراپ سوزۇلغان بۇ تاشيولدا ئۇرۇمچىدىن چىققان چوڭ-كىچىك قارا ماشىنىلار ئادەتتىكى كۈنلەرگە قارىغاندا كۆپرەك ئىدى.

قارا ماشىنىلار بىلەن بىرگە قاتار-قاتار ئاپتوبۇسلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى نەچچە يۈز مېتىر ئارىلىق تاشلاپ ماي يېيىتىلغان قاپقارا تاشيولدا تېز سۈرئەتتە كېتىپ بارماقتا. قارشى تەرەپتىن ئېغىر تېپتىكى ماي باك ئاپتوموبىللىرى قويۇق ئىس چىقىرىپ گۈركىرەپ، بۇ يولۇچىلار ئاپتوبۇسى يېنىدىن ئوقتەك ئۆتمەكتە. ئاپتوبۇسلار تۈركۈمى ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى گىراژدانلىرى چۈشكەن ئالدىنقى بىرىنچى ئاپتوبۇستا سابىق كاپىتان ئىۋان ئىۋانوۋىچ، ئوغلى ئالېكسىي، ئۇنىڭ يېنىدا بولسا خوتۇنى تەلەيخان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىش غەلبىسى خۇشاللىقىنىڭ غەرق مەستلىكىدە كۈلۈشمەكتە. بەزىلىرى بولسا ئاپتوبۇس دېرىزىلىرىنىڭ ئەينەكلىرىنى قايرىپ سۈرۈپ، باشلىرىنى چىقىرىشىپ، ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغ باغرىغا، چىمەن باغلارغا، كەڭ-كەڭ كەتكەن سالا ئېتىزلارغا زوقمەنلىك بىلەن قاراشماقتا. „بۇ يەرلەردە بىز ئولتۇراقلىشىپ ياشىغان، ئەمدى بىز بۇ يەرلەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىپ بارىمىز-ھە؟“ دېدى بىرى يېنىدىكىلەرگە. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغانلارنىڭ كۆڭلى بىرئاز يېرىم بولدى بولغاي، ئويۇن-كۈلكە بىر پەس توختىدى. تەلەيخانمۇ بۇ سۆز تەسىر قىلماي قالمىدى. ئۇ ئالېكسىي بىلەن بولغان قىزغىن سۆھبىتىنى توختىتىپ، خۇددى قىممەتلىك بىر نەرسىنى يوقىتىپ قويغان كىشىدەك بېشىنى دېرىزە سىرتىغا چىقىرىپ، ئۇ ياققا-بۇ ياققا قارىغان بولدى. ئۇنىڭ خىيالى بۆلۈنۈشكە باشلىدى. كىچىكىدىن بىرگە بولغان يەرلەر، شەھەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئاۋات كوچىلىرى، چوڭقۇر بىپايان تۇرپان ئويمانلىقى، مانا كۆز ئالدىدىكى تەڭرىتاغ تىزمىلىرى...نېمە دېگەن چىرايلىق، گۈزەل تۇپراق؟

بۇ يەرلەردىن ئايرىلىشقا تەلەيخاننى ھېچكىم مەجبۇرلىمىغان ئىدىغۇ؟ نې-مىشقا ئايرىلىش توغرا كېلىپ قالدى؟ تەلەيخاننىڭ ئالېكسىيگە بولغان مۇھەببىتى، ئۇنىڭ بەختلىك تۇرمۇش قۇرۇش ئىستىكى، ھە دېسىلا ھەممە جەھەتتىن شەرت-شارائىتى مول، كىشىلەر كۆرۈپ باقمىغان ”جەننەت-بې-ھىش“ دەپ ئاتىلىدىغان بەختلىك ھاياتقا قىزغىن ئىنتىلىش ھېسى ئۇنى بۇ يەردىن ئايرىماقتا. ئۆزىنىڭ ئاپىسىدىنمۇ، ئاكىسىدىنمۇ ئايرىماقتا. ”بۇ يەرلەردە بىز ياشىغان. ئەمدى بىز بۇ يەرلەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىپ بارىمىز“—تەلەيخان بىراۋنىڭ بۇ گەپ-سۆزىنى ئىچىدە يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى.

ئالېكسي كۈلگەن پېتى تەلەيخاننىڭ دېرىزە سىرتىغا چىقىرىلغان ئاجىز، زىلۋا ئىككى بىلىكىنى تۇتتى. تەلەيخان ئۆزىگە مەھلىيا بولۇپ تۇرغان ئالېكسېينىڭ سىلىندىر مېيىدەك ساپسېرىق چاچلىرىنى، خۇشاللىقىدا مۇشۇكنىڭ كۆزلىرىدەك يۇمۇلىدىغان چېقىر كۆزلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن بايىقى ئويلىغان خىياللىرى قېچىپ كەتتى.

تەلەيخان مۇشۇ تاپتا ئالېكسېينىڭ جىمىكى چاقچاقلىرىغا رازى. قىزغىن سۆزلەر، يېقىملىق بېقىشلار قول ۋە بەدەن ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن بۇ ئىككىسىنىڭ يېقىنلىقتىكى ئەمەلىي كۆرۈنۈشلىرى ئاپتوبۇس ئىچىدىكى يولۇچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئالېكسي نېمىدۇر بىر ئىش بىلەن تەلەيخاننىڭ يېنىدىن قوزغىلىپ ئاتىسى ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ يېنىغا كەتكەندىن كېيىن تەلەيخان بىلەن ئالېكسىيگە زەڭ سېلىپ كەلگەن يىگىرمە تۆت ياشلار چامىسىدىكى قەددى-قامىتى ئېگىزرەك، گەۋدىلىك كەلگەن بىر ئۇيغۇر يىگىت توساتتىن تەلەيخانغا تارتىنىپراق تۇرۇپ سۆز ئاچتى.

—بۇ رۇس يىگىتى كىم بولىدۇ؟ نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟

—ئىسمى ئالېكسي، مېنىڭ يولدىشىم،—تەلەيخان قىزغىن جاۋاب بېرىۋېتىپ، يېنىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە ئەجەبلىنىپ قاراۋاتقانلىقىنى پەملەپ دېگىنىگە پۇشايمان قىلىپ، بىردەم جىم بولۇۋالدى-دە، جاۋابىنى ئاخىرلاش-تۇردى،—ئاپىسى ئۇيغۇر، مۇسۇلمان، بىز سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىۋاتىمىز.

— ھە، يولىمىز بىر ئىكەن، مېنىڭ ئىسمىم كېرەم توختى، فرونزىغا كېتىۋاتىمەن. ئاتام كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاتامنىڭ قىرغىزىستاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان تۇغقانلىرى كۆپ قېتىم ۋىزا ئەۋەتتى. ئەسلى بارغۇم يوق ئىدى. تۇغقانلىرىم كەلگىن، دەپ خەت يېزىۋەرگەندىن كېيىن مەيلى باراي دەپ كېتىۋاتىمەن.

ھەرقانداق ئادەم تونۇمىغان ئادەمگە ئۆزى ھەققىدە يالغان سۆز قىلىسا بولۇۋېرىدۇ. قىلچە تونۇشلۇق بولمىغان ئادەمنىڭ گېپىنىڭ راست-يالغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە تىڭشىغۇچىنىڭ نەدە ۋاقتى بولسۇن؟ كېرەم توختى ئاپتوبۇستىكى ئايال سەپەرداشى تەلەيخانغا قىزىقىپ قېلىپ ئۆزى ئالدى بىلەن گەپ ئاچتى. لېكىن ئۇ ئاتىسى توختى قۇتلۇق كېسەل بولۇپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆگەي ئاكىسى قىيۇم توختى بىلەن زىتلىشىپ قالغانلىقىنى، تۇساتتىن كېلىپ قالغان سوۋېت ئىتتىپاقىغا چاقىرتىلغان ۋىزىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۆگەي ئاكىسى قىيۇم توختىدىن رەنجىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىشقا پېتىنالمىدى. ئۇ ئاكىسىدىن رەنجىپ يامانلاپ، ئىلاجىسىز سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىشتىن نومۇس قىلىپ يالغان گەپ قىلغان ئىدى.

تەلەيخان ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان، ئورۇنلۇق گەپ قىلىدىغان، خېلى بىلىمى باردەك كۆرۈنگەن، چىرايىدىن بىرئاز غەمكىنلىك ئەكس ئېتىپ تۇرغان بۇ كېرەم توختىغا بىر گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا بۇ سۆزلىشىشلەرنى ئاتىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، زىيادە سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىۋاتقان ئالېكسىي كېلىپ قالدى. ئۇنى ئىۋانوۋىچ مۈرىسىدىن نىقتاپ تۇرۇپ تەلەيخاننىڭ يېنىغا بېرىشقا دەۋەت قىلغانلىقىنى يېنىدىكى يولۇچىلار سېزىپ قېلىپ، تەلەيخان تەرەپكە نەزەر تاشلىدى. تەلەيخان ئۆز يېنىغا ئولتۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقان ئالېكسىيگە بۇرۇلۇپ مۈرىسىنى تۇتقىنىچە ئىتتىك تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى.

— بۇ كىشىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدىكەن، ئالېكسىي. بىزگە ھەمراھ بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدىغانلار بۇ ئاپتوبۇستا خېلى كۆپتەك قىلىدۇ، — دېدى تەلەيخان بارماق قولى بىلەن كېرەم توختىنى كۆرسىتىپ.

ئالېكسېي بۇ يېڭى تونۇشقا باش ئىشارىسى قىلىپ كۈلۈمسىرىدى. ئاندىن ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ قەيەردە ئولتۇرىدىغانلىقىنى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورىدى. كېرەم توختى ئېنىق جاۋاب بەرمەي، ئۇ يەردىن، بۇ يەردىن گەپ قىلغىلى تۇرغان ئىدى، ئالېكسېي ئۇنىڭ گەپلىرىگە قىلچە قىزىقىش بىلدۈرمىدى. تەلەيخان بىر ئاز ئوڭايسىزلاندى ۋە تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغان كېرەم توختىدىن ۋە ئۆزىگە تىكىلىپ قاراۋاتقان باشقا يولۇچىلاردىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، يېنىك سىلكىنىپ مېڭىۋاتقان ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسىدىن ئاپتوبۇسقا قارشى شامالدەك تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قارا ماشىنىلارغا قارىدى. ئالېكسېيمۇ تەلەيخانغا ياندى-شىپ سىرتقا باقتى. بەزىدە تىك قادالغان چېقىر كۆزلەر، بۇلاق كۆزلەر بىربىرىگە ئىنتايىن رازىلىق بەرگىنى ھالدا ئۇدۇل شىمالغا ئۇمتۇلمەكتە. قاتار-قاتار ئاپتوبۇسلار شىمالغا قاراپ قاپقارا ماي يېپىتىلغان تاشيولدا يەنىلا شامالدەك تېز كېتىپ بارماقتا. ئاپتوبۇس ئىچىدە ئۆزئارا پىچىرلىشىپ سۆزلىشىشلەر، كىچىك بوۋاقلارنىڭ ئانىلىرىغا ئېسىلىپ يىغلاشلىرى، قېرى ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ تەمكىن خىيال سۈرۈپ بولۇپ ئاپتوبۇس دېرىزى-لىرىدىن باشلىرىنى چىقىرىشىپ سىرتقا قاراشلىرى داۋاملاشماقتا.

× × ×

چېگرىدىن بىر يېرىم كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر ئاددىي مېھمانخانىدا سەھەردە بىر تۈركۈم مېھمانلارنىڭ روھى ھالىتىدە بىر چوڭ جىددىيلىك يۈز بەردى. بۇ مېھمانخانىدا ياتقانلارنىڭ تولىسى ئاخشام بولۇشچە ھاراق ئىچكەنلىكى ئۈچۈن چالا ئۇيقۇدا ئىدى. پەقەت بىر كۈتكۈچى قىزنىڭ ئالدىراشلىقتا 14-ۋە 15-ياتاقتىكى مېھمانخانىغا بىر ئىشنى خەۋەرلەندۈرۈش ئۈچۈن مېھمانخانا كارىدورىدا تېتىك قەدەملەر بىلەن مېڭىۋاتقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا پۈتۈن مېھمانخانا جىمجىتلىققا چۆككەن ئىدى. بۇ جىددىيلىكنى كۈتكۈچى قىزنىڭ ئۈچ مېھمانغا يەتكۈزگەن خەۋىرى پەيدا قىلدى. بۇ ئۈچ مېھمان—ئېگىز بويلۇق، ئۆزىگە يارىشا ئۇزۇن ئاچ سېرىق ھەڭلىك پەلتۇ كىيگەن ئورا كۆزلۈك ئىۋان ئىۋانوۋىچ، تېخى كىيىملىرىنى تولۇق كىيىپ بولالمىغان، پۈت، قولى جىددىي ھەرىكەت ھالىتىدىكى

ئالاقزادە تەلەيخان، بىر قولى ئىشىك تارتقۇچتا، يەنە بىر قولى بىر ئاز كىچىكرەك ئەپچىل سېرىق خۇرۇم چامادان تۇتقان، ھە دەپ ”تېز، تېز!“ دەۋاتقان ئالېكسېي، بۇ ئۈچەيلەننىڭ دىققىتىگە جىددىي تېلېفون كەلگەن. تېلېفوندا ئېيتىلىشىچە، بەلگىلەنگەن چەكلىك مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنىڭ جۇڭگو چېگرىسىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىشى تەلەپ قىلىنغان. ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئىۋان ئىۋانوۋىچ ھېلىقى دۇنيالىرى قاچىلانغان كىچىك سېرىق سومكىنى تەلەيخاننىڭ ئۇخلاپ ياتقان يېرىدىن ئاللىقاچان ئېلىۋالغان ئىدى. ئۇ ئالېكسېيگىمۇ تۇيدۇرماي قىممەت باھالىق مال ۋە ئالتۇن قاچىلانغان كىچىك سومكىنى ئۆزىنىڭ تۇخۇم سېرىقىدەك سېرىق چامادانىنىڭ ئىچىگە ئاران سىغدۇردى. ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتىدىن سوۋېت چېگرىسىغا قەدەر ئالېكسېيگە ئەگىشىپ كەلگەن تەلەيخان ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ بۇ خۇپىيانە ئىشىدىن بىخەۋەر، ناھايىتى خۇشال ئىدى. ”مانا ئەمدى نان، يېمەكلىك كەڭتاشا سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدىغان ۋاقتىمىز يېقىنلاشتى“ دەپ بىردىنبىر سۆيۈنگەن ئادىمى ئالېكسېيگە مېيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قىلىدىغان قىلىق تاپالماي ئۇنىڭ مۈرىسىگە زىلۋا قولىنى ئارتىپ، تېخى يېنىككىنە ئۇرۇپمۇ قويدى. تۈگمەس شېرىن خىياللارنى تولا ئويلاۋېرىپ بەك كەچ ئۇخلىغىنى ئۈچۈن بۈگۈن ھەممىدىن كېيىن ئويغاندىيۇ، سەھەر تۇرالمىغىنىغا چۆچۈپ كېتىپ، راسا ئالدىراپ، چالا-بۇلا كىيىندى، ئۇ ”چېگرىدىن چىقىش ۋاقتىمىز توشۇپ قالدى“ دېگەن سۆزگە بىنائەن ياتاقتىن يۈگۈرۈپ چىققان پېتى ئۇلارغا يېتىشىۋالدى. بىر قولىدا چاپىنى، يەنە بىر قولىدا ئۆزىنى گۈزەل كۆرسىتىدىغان ئالدى ئوچۇق سېرىق پوپايكىسى ئۇنى ئالاقزادە ھالىتىدە كېتىۋاتقاندىمۇ گۈزەل كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئاخىرقى رەسمىيەتلەرنى تۈگىتىپ، دەل سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىدىغان چېغىدا ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئوغلى ئالېكسېي بىلەن ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ كەلگەن تەلەيخانغا ۋارقىرىدى.

—ھېلىقى سېرىق سومكىنى ئالدىڭلارمۇ؟—ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ ئۇزۇنچاق يۈزى پۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ ھېچنېمىنى بىلمىگەن كىشى بولۇپ،

ناھايىتى ئالاقزادە بولغان ھالدا ئوغلى ئالېكسىيگە تەرىنى تۈردى.
— ھە، راست، سېرىق سومكا يوققۇ؟ — ئالېكسىيمۇ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋاپادار سۆيگىنىنىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالغانلىقىنى، تاتىرىپ كەتكەن يۈزىدە بىرئازمۇ قان دىدارى قالمىغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ بىرىدىغان جاۋابىغا قايتۇرما بۇيرۇق ئالېكسىينىڭ مېڭىسىدە ئاللىقاچان تەييارلىنىپ بولغان ئىدى. مانا ئۇلارنى ئېلىپ كېتىدىغان پىكاپمۇ كەلدى.
— ئاپلا، سېرىق سومكا مېھمانخانىدا ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ، — دۇدۇقلاپ جاۋاب بەردى تەلەيخان.
— ئۇ سېرىق سومكىدا نېمىلەر بارلىقىنى سەن بىلمەمسەن؟ مەن ساڭا جىكىلەپ ئېيتقان ئەمەسمىدىم؟ — ئالېكسىي قاپىقىنى تۈرۈپ بىراقلا سەنگە چۈشتى، — تېز بېرىپ ئۇ سېرىق سومكىنى ئېلىپ كەل!
— شىنجاڭدا ئۆزۈن يىل تۇرۇپ تاپقان ئاساسلىق بايلىقىمىزنىڭ ھەممىسى شۇنىڭدا تۇرسا، قۇرۇق قول بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قانداق بارغىلى بولىدۇ؟ تېز بولۇڭلار، تېز! — ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئوغلى ئالېكسىيگە قەھرى غەزىپى بىلەن ۋارقىرىدى. تەلەيخان يولدىشى ئالېكسىينى ھېچقاچان مۇنداق ئېغىر ھاقارەتكە قويمىغان ئىدى. شۇڭا يولدىشى ئالدىدا تۆگەتكۈسىز خىجالەتتە قالدى. يۈزىدە قان دىدارى قالمىغان تەلەيخان ئالېكسىينى ئاۋارە قىلىشنى خالىمىدى. مېھمانخانىغا ئۆزىلا بارماقچى بولدى. ئۇ «كىم بىلىدۇ، مېھمانخانىدىكىلەر ئۇنتۇلۇپ قالغان سومكىنى تېپىۋېلىپ، مېنىڭ كېلىشىمنى كۈتۈۋاتقاندۇ؟» دەپ ئويلايتتى. ئۇ ناھايىتى ئالدىرىغان ھالدا:
— مەن ئۆزەملا ئەپكېلەي! — دىدى-دە، پايپاسلاپ كەينىگە چاپتى. ئۇ شۇ قەدەر تېز يۈگۈردىكى، قارىسى بىردەمدىلا كۆزدىن يوقالدى.
ئىۋان ئىۋانوۋىچ بىلەن ئالېكسىي سېرىق سومكىنى ئېلىپ كېلمەن دەپ يۈگۈرۈپ كەتكەن تەلەيخاننىڭ قارىسى قاتار-قاتار دەرەخلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ يوقالغاندىن كېيىن بىربىرىگە ئوخشاش بولمىغان نەزەردە قاراشتى.
— ئاتا، ئۇنى يۈگۈرتۈپ ئاۋارە قىلغىچە پىكاپ بولغاندىن كېيىن

كەينىمىزگە يېنىپ سېرىق سومكىنىمۇ، تەلەيخاننىمۇ بىللە ئېلىپ كەلمەمدۇق، ئالدىمىزدا پىكاپ تۇرسا خىيالىمىزغىمۇ كەلمەپتۇ-ھە؟—دېدى ئالېكسسې پىكاپقا يۆلىنىپ تۇرۇپ.

—قېنى، ئانداق بولسا پىكاپقا چىقايلى،—دېدى ئېۋان ئېۋانوۋىچ.

ئۇ ئالېكسېينىڭ كەينىدىن پىكاپقا چىقتى-دە، تۇرۇپ خەنزۇچە، تۇرۇپ رۇسچە سۆزلەۋاتقان بۇ ئىككىسىنىڭ چىراي شەكلىدىكى ئۆزگىرىشلىرىگە ھەيران قېلىۋاتقان شوپۇرغا تەلەيخاننى ساقلىماي ئۇدۇل مېڭىۋېرىشكە بۇيرۇدى.

—ئاتا، ئۇنى ساقلايلى، سېرىق سومكىنىڭ قالغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟—دەپ ۋارقىرىدى ئالېكسسې پىكاپنىڭ قارا دېرىزىسىدىن تەلەيخان كەتكەن تەرەپكە قاراپ.

ئۇ ئالتۇن سومكا مانا بۇ يەردە، ئوغلۇم،—دېدى ئېۋان ئېۋانوۋىچ يېنىدىكى چامداننى كۆرسىتىپ،—تەلەيخان ئەمدى ساڭا لايىق ئەمەس. تۇرمۇشۇڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندا ئۆزۈم كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى ئورۇنلاشتۇرىمەن، غەم قىلما.

ئالېكسسې ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ ئەگىشىپ سوۋېت چېگرىسىغا قەدەر كەلگەن ۋە ئۆزىگە مەڭگۈ ھەمراھ بولماقچى بولغان تەلەيخاندىن ئايرىلىپ قالغىنىغا يىغلاپ تاشلىمىدىيۇ، ”ئاتا، بۇ ئىشىڭىز زادى بولمىدى!“ دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ تەلەيخاننى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققاندا يۆلەپ بولۇپ قالدۇ، دەپ ئېلىپ كەتمەي قالدۇرۇپ قويۇش نىيىتىگە ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، قارشى چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئاتا دېگەن ئاتا-دە، ئالېكسسې ئاتىسىغا بۇ مەسىلىدە قارشى چىقىشقا ئاجىزلىق قىلدى. چۈنكى ئېۋان ئېۋانوۋىچنىڭ ھازىرقى ئەلپازىدا قەتئىيلىك روشەن سېزىلىپ تۇراتتى. پىكاپ تېز ماڭغانلىقى ئۈچۈن بىردەمدىلا دېگۈدەك چېگرا ئېغىزىغا يېتىپ باردى. ئۇلار كىچىك سېرىق چامادان، بوخچىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، پىكاپتىن چۈشۈپ، يەنە بىر پىكاپقا ئالماشتى. رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولغان ھامان مەخسۇس بەلگىلەنگەن يېپيېڭى پىكاپقا ئولتۇرۇپ، غەربكە —سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا ماڭدى.

ئىۋان ئىۋانوۋىچ تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇۋېتىپ، ئوغلى ئالېكسېيگە
كۆلۈمسىرىدى ۋە كۆلۈپ تۇرۇپ ”رەقىبىڭنى ئالدىساڭ خوش بولىسەن،
ياخشى كۆرگىنىڭنى ئالدىساڭ قۇش بولىسەن“ — دېدى كۆڭلىدە. ئۇ ھەر
قېتىم بىرەر ئىشتىن غەلىبە قىلغىنىدا تەنتەنىلىك ھالدا تاماكىغا ئوت
تۇتاشتۇرۇپ، ئاغزىدىن دۈگىلەك شار شەكلىدە قويۇق ئىس چىقىرىپ
پۈۋدىۋېتەتتى. ئۇ بۈگۈنمۇ شۇنداق قىلدى. مېڭىپ بولغان پىكاپنىڭ
ئەينەكلىك دېرىزىسىدىن ئالېكسېي بېشىنى چىقىرىپ كەينىگە قارىدى.
ئۇنىڭ كەينىگە قارىشىدا نېمە مەنە بولۇشى مۇمكىن؟ ئۆزىگە بىھۇدە
ئەگەشكەن تەلەيسىز تەلەيخان كېلىۋاتامدىكىن، دەپ قاراۋاتقاندۇ؟ غاز
بويۇنلۇق ئىۋان ئىۋانوۋىچ بولسا سوۋېت چېگرىسىغا — ئالدىغا تەلپۈنۈپ
قاراۋاتىدۇ. ئوغلى ئالېكسېينىڭ پىكاپنىڭ دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ
قارىشىغا بۇ قېتىم بىرنېمە دېگۈسى كەلمىدى. ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئويلىدى:
”ياشلار — ئارزۇ، ھەۋەسلەر ئېقىمىنىڭ بىھۇدە ئەسىرى. ئوغلۇم ئالېكسېي
ياش. ئاپىسىنىڭ جۇڭگودا جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگىنىگە قارى-
ماستىن، يەنىلا جۇڭگوغا — كەينىگە قاراۋاتىدۇ. مەيلىلا، مۇھەببەت، ئەقى-
دە، ھەۋەس، ئارزۇ-ئىستەكلەر ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، يۆتكىلىپ تۇرىدىغان
تىنىمسىز نەرسىلەر. مېنىڭ بېشىمدىنمۇ بۇرۇن ئۆتۈپ بولغان. ئىنسان
ئۆز بېشىغا كەلگەندىلا تولۇق بىلىشى مۇمكىن بولغان نەرسىلەر ئازمۇ؟
...“ پىكاپنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، تۆۋەن سىگنال بېرىشى ئىۋان
ئىۋانوۋىچنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇنىڭ چېقىر كۆزلىرى كۆزەتتە تۇرغان
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرقانچە ئوفىتسېر-جەڭچىلىرىگە چۈشتى.
ئۇ نېمىدىدۇ ئوڭايسىزلىنىپ، چېگرا ئەسكەرلىرىدىن كۆزىنى قاچۇردى.
ئىختىيارسىز تۆۋەنلىگەن قوللىرىغا سوغۇقلا بىر نەسە تەگدى، چۆچۈپ
قارىغان ئىدى، ھېلىقى تەلەيخانغا بېرىپ قويۇپ، تويدۇرماي ئېلىۋالغان
سېرىق خۇرۇم سومكا قاچىلانغان سېرىق چامادان ئىكەن. ئىۋان ئىۋانوۋىچ
جانلىنىپ كەتتى، 30-يىللاردا، ياش ۋاقتىدا جۇڭگوغا كېلىپ، ھازىرغا
قەدەر يىغقان ئاساسلىق دۇنياسى ئاشۇ ئالتۇن رەڭلىك سومكىدا ئىكەنلىكى-
نى، بۇ بايلىقنىڭ نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلەتتى. شۇڭا

ئىچىدە مىيىقىدا كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ مىيىقىدا كۈلۈمسىرىشىنى ھېچكىم، ھەتتا ئوغلى ئالېكسىيمۇ سەزمىدى. يالغۇز كۆلكە ئۇزاق داۋام قىلالمايدۇ. يوشۇرۇن كۈلكە چىن، ھەقىقىي، ئەمما تەمسىزدۇر. ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈلۈمسىرىشىدىن ھېچكىم، ھەتتا ئۆز ئوغلىنىڭمۇ بىخەۋەر ئىكەنلىكىدىن ئازابلاندى بولغاي، كۈلۈمسىرىشىنى توختاتتى. بىر قولىدا ھېلىقى سىرىق چامادانىنى، يەنە بىر قولىدا ئوغلى ئالېكسىينىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ، ئاخىرى ئۇمۇ پىكاپنىڭ دېرىزىسىدىن كەينىگە قاراشقا ئۈلگۈردى. قاتار-قاتار دەل-دەرەخلەرنىڭ قويۇق يوپۇرماقلىق شاخلىرى كۆچىسىز، قىيپاش غەربىي شىمال شامىلىدا تىنىمسىز ھالدا لىپىلىن ۋەتىنىنىڭ ۋەكىلى بولمىغان ئىشى يوق كىشىلەر شىنجاڭدىن چىقىپ كەتسۇن دېگەندەك قىلىپ دولقۇنلۇق سادا چىقىرىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ بايىقى يوشۇرۇن مىيىقىدا كۈلۈمسىرىشى بىردىنلا خاپىلىققا ئۆزگەردى. كۆزىنى دەل-دەرەخلەردىن قاچۇرۇپ: ”ئاھ، رەنجىشى كۆپ كەڭ دۇنيا“ دېدى ئىچىدە. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىنكى ھاياتىنىڭ ھەرگىزمۇ 30-يىللاردا شىنجاڭدىكى ئۆتكۈزگەن ھاياتىدەك كەيپى-ساپالىق، مەئىشەتلىك، ئۆزىچە ئىچىدە دائىم تەكرارلايدىغان بەختلىك ھايات بولۇپ قېلىشىدىن بىرئاز گۇمانلاندى ۋە بېشىنى تۇتۇپ، پىكاپ ئىچىدە يەنىمۇ تۈگمەس چوڭقۇر ئويلارغا كەتتى: ”بىر بولسا تەقدىرىم ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. چېگرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئالدى بىلەن فانفىلوۋقا بارسام، بىر-ئىككى كۈن ئارام ئالغاندىن كېيىن ئالموتاغا بېرىپ، بىرەر ھەپتە تۇرۇپ، ئاندىن ئايروپىلاندا موسكۋاغا ئۇچسام، قولۇمدىكى ئادرېسلار بويىچە موسكۋادىكى تۇغقانلارنى ئىزدەپ تاپسام، ئوغلۇم ئالېكسىينى ئۆيلەسەم ۋە مەنمۇ ئۆيلەنسەم، دۇنيانىڭ ھەرقانداق سىياسىي، ھەربىي ئىشلىرىغا مەڭگۈ ئارىلاشمىسام، خالىغىنىمچە ساياھەت قىلىپ بەختلىك ياشىسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى-ھە! جۇڭگودىن تاپقان تەئەللۇقاتىم ھەرقانداق دۆلەتنى ساياھەت قىلىشىمغا، نېمىنى خالىسام شۇنى قىلىشىمغا يېتىپ ئاشىدۇ...“ ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ شېرىن خىياللىرىنى پىكاپنىڭ بېغىرەك دېرىزە ئەينىكىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، سىرتقا قاراۋاتقان ئوغلى ئالېكسىينىڭ

جاراڭلىق ئاۋازى بۆلۈۋەتتى:
—ئاتا، چېگرىدىن ئۆتتۇق، سوۋېت ئىتتىپاقىغا كىردۇق.
—ھە، روسىيە زېمىنى، روسىيە زېمىنى!—دېدى چېقىر كۆزلىرىنى سىرتقا تىكىپ ئىۋان ئىۋانوۋىچ. ئۇ پىكاپنىڭ ئۆزى ئۆزۈندىن بېرى ئۆتتۇپ كېتىشكە تەقەززا بولۇپ كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا—روسىيە تۇپرىقىغا كىرگەنلىكىگە خۇرسىنىپ، سىلىق مېڭىۋاتقان بۇ يېڭى پىكاپنىڭ دېرىزە ئەينىكىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈۋېتىپ، چېگرىنىڭ ئالدى تەرىپىگە، ئالاتاۋنىڭ ئاپئاق چاچتەك قارغا كۆمۈلگەن كۆمۈش چوققىلىرى ئېتىكىدىكى كەڭ بىپايان دالاغا قارىدى. مانا قورغاس چېگرا ئېغىزى. ئۇزۇن كەتكەن سايلىق، ئەنە ئادىمى شالاڭ قورغاس يېزىسى. ئۇلار پەنجىم يېزىسىغا كەلگەندە پىكاپتىن ئاپتوبۇسقا ئالماشتى. شىنجاڭدىن قانۇنىي رەسمىيەتلەر بىلەن چىققان سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلار قورغاس يېزىسى بىلەن پەنجىم يېزىسىدا خېلى كۆپ ئىدى. ئۇلار جۇڭگودىن ئېلىپ چىققان مال-مۈلۈكلىرى بىلەن بىللە ھەدەپ ياركەنتكە، جۇنجا ناھىيىسىگە، بايسىيت يېزىسىغا قاراپ مېڭىشقا قىزغىن ئىنتىلەتتى. چېلەك رايونى ئۇيغۇرلار تېخىمۇ كۆپ ئولتۇراقلاشقان جاي بولۇپ، بۇ جايدىن چوڭ، گۈزەل شەھەر ئالموتاغا، ئارالسكى رايونىغا تېز يېتىپ بېرىش بۇ يېڭى يولۇچىلار ئۈچۈن تېخىمۇ قېيىن ئىدى. قىياپىتى تۇپتىن ئۆزگىرىپ كەتكەن بۇ جايغا كېلىپ ھاڭۋېقىپ قالغان ئىۋان ئىۋانوۋىچ بىلەن ئالېكسىي پەنجىم يېزىسى بىلەن ياركەنت شەھىرى ئارىلىقىدا توختاپ قالدى. ئىۋان ئىۋانوۋىچ خىلۋەتتىكى بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلىشىپ تاماقلىنىپ بولغاندىن كېيىن موسكۋاغا بېرىش ئۈچۈن بېسىپ ئۆتىدىغان كۈيىبىشېۋ، ساراتوۋ، مىچورىن، تولا شەھەرلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئەنسىز خىياللارغا چۆمۈپ ئولتۇرغىنىدا ئوغلى ئالېكسىينىڭ مۇقامى تۆۋەنرەك ئۆتتۈنۈش ئاھاڭىدىكى سۆزلىرىنى يەنە ئاڭلاشقا توغرا كەلدى.
—ئاتا، تېزىملاش ئورنىدا ئۇنى بىر-ئىككى كۈن ساقلايلى، ئۇ كەينىمىزدىن كېلىپ قالىدىغاندەكلا تۇرىدۇ،—دېدى ئوغلى ئالېكسىي ئاتىسىنىڭ ئورۇق مۈرىسىدىن تۇتۇپ يېلىنىپ.

—ياق، ئوغلۇم، ئۇ ھەرگىزمۇ بۇ يەرگە كېلەلمەيدۇ، ئۇنىڭ چىگرىدىن چىقىش ۋىزىسى بىزدە تۇرسا، قانداقمۇ كېلەلىسۇن. بولدى، تەلەيخانىنى ئۇنتۇپ كەت. ئۇ ئۆز زېمىنىمىزدا بىزگە كېرەكسىز يۈك.

—ئاتا، سىز...سىز...—ئالېكسىي ئاتىسىنى ھاقارەتلەشكە پىتىنالماي، ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدى.

ئۇيغۇرلاردا: ”ئۆزەڭنىڭ يولىنى ئاتاڭغا بەرمە“ دېگەن ماقال بار. بۇ ئۆز يولۇڭ توغرا بولسا ئاتاڭنىڭ يولىغا كىرمە، دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرسە كېرەك. دۇنيادا ئاتىنىڭ كۆرسىتىپ بەرگەن سىزىقىدىن چىقىپ كېتىدىغان باللارمۇ بار. ئەمەلىيەتتە بولسا ئاتىنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن سىزىقىدىن چىقىپ كېتىش بەك تەس. ئالېكسىي ھازىرقى ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ئاتىسى ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ ئاللىقاچان بەلگىلەپ قويغان سىزىقىدىن چىقىپ كېتىشكە، ئاتىسىدىن بىراقلا ۋاز كېچىشكە قادىر ئەمەس ئىدى. ئاتىسىدىن ئايرىلىپ جۇڭگوغا قايتىپ كېتىشكە تېخىمۇ بولمايتتى. تەلەيخانىنى—ئۆزىگە ئۆمۈر بويى ھەمراھ بولۇشنى راۋا كۆرگەن يولدىشىنى شۇ قەدەر داغدا قالدۇرۇپ بولۇپ، ئاخىر يەنە ئۇنىڭ ئالدىغا تەلمۈرۈپ بارسا، شەخسىي تەقدىرى قانداق بولىدۇ؟ تەلەيخانىنىڭ ئۆزىگە قارىتا مۇھەببىتى بۇرۇنقىدەك بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ”تەلەيخانىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ چىقىپ كېتىمىز، دەپ قالدۇرۇپ قويغان مەن ئەمەس، ئاتام ئىدى، دېسەم تەلەيخانىلا ئەمەس، باشقا كىشىلەرمۇ ئىشەنمەسلىكى تۇرغان گەپ...“ ئالېكسىي ئۇنداقمۇ ئويلاپ، مۇنداقمۇ ئويلاپ، بېشى راسا قاتتى-دە، ئاخىر تەقدىرگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

چوڭ-كىچىك قىزىقارلىق ۋەقەلىكلەرنىڭ مەنبەسى بولغان قايناق تۇرمۇش پايانى يوق دېڭىزدەك كەڭ، چوڭقۇر بولۇپ، تىنىمسىز ھەرىكەتلىنىدىغان پائالىيەتچان ئادەمنى دەۋر قىلغىنى ھالدا گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسىيىپ ئۈزلۈكسىز دولقۇنلىنىپ يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. تۇرمۇش ھەرقانچە كەڭ، چوڭقۇر، رەڭدار بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە مەۋجۇدىيەت ئېڭى، پائالىيىتى ئوخشاش بولمىغان شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ

تۇردۇ. ياشلىق چېغىدىكى ياخشى كۆرگەن تۇنجى سۆيگىنى تەلەيخان بىلەن ئۇيغۇرلىشىپ قالغان دېسمۇ بولىدىغان رۇس يىگىتى ئالېكسىينىڭ ئۆزئارا قىزغىن مۇھەببىتى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەدرىجىي يامانلىشىۋاتقان مۇئەييەن شارائىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىدى. قىياپىتى ھېچقانداق مەخپىي سىياسىي تۈس ئالمىغان ئادەتتىكى قىز—تەلەيخانىنىڭ تۇنجى ياقتۇرۇپ قالغان رۇس يىگىتى ئالېسكىي بىلەن بىرگە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىشىنى ئىككى دۆلەتنىڭ قانۇنى يول قويغىنى بىلەن ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ چىرىگەن ئەخلەت ئاستىدىكى گرانىت تاشتەك قېتىپ كەتكەن ئىدىيىسى يول قويمىدى. ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئوغلى ئالېكسىيگە دائىم: ”ئاپاڭ جۇڭگودا جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، مەن ياشىنىپ قالدىم. ئەيسانىڭ دەرگاھىغا كېتىشتىن ئاۋۋال قېقىپ قويغان قوزۇقتەك جۇڭگودا تۇرۇۋەرمەي، تىرىك چېغىمىزدا ئۆزىمىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئۆتكەن ئۇلۇغ رۇس زېمىنىغا كېتىۋېلىشىمىز لازىم،“ دەيتتى. مانا، ئۇلار تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەت—سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىغا قەدەم قويدى.

ئالېكسىينىڭ كۆڭلى ناھايىتى بىئارام ئىدى. ئۇ ئۆرۈمچىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈپلا كۆڭلى چۈشۈپ قالغان ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالىغا ئۈمىدسىز قارىغان ۋاپادار ئاپىسى رازىخاننىڭ قاتتىق توسۇشى ۋە نارازىلىقىغا قارىماي، ئۆزى بىلەن بىرگە ئانچە شاۋقۇن-سۈرەنسىز بولمىغان ئاددىيغىنا مەرىكە ئۆتكۈزۈپ توي قىلغان تەلەيخاندىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ئېغىر ھەسرەتلىنەتتى. ئۇلار—ئاتا-بالا—ئىككىسى تىزىملاش رەسمىيەتلىرى ۋە سەپەر ھارۋۇقى تۈپەيلى فانفىلوۋقا، يەنى ئۇيغۇرلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان ياركەنتكە يېقىن جايدا ئۆزلىرى خالىمىغىنىغا قارىماي ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدى.

ياركەنتكە كېلىپ ئىككىنچى كۈنى سەپەر ئۈستىدە ئانچىكى تونۇشۇپ قالغان كېرەم توختى قاتارلىق بىر توپ كىشىلەرمۇ ئۇلار چۈشكەن مېھمانخانىغا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئىزدەپ تېپىپ كىرىپ ئورۇنلاشتى. جۇڭگودىن قانۇنىي رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ چىققان سوۋېت گراژدانلىرى كۈندىن كۈنگە كۆپىيىپ، ئالموتاغا قاتنايدىغان ئاپتوبۇسلار يېتىشمەيۋاتاتتى. 1962-يىلى 5-ئاينىڭ 29-كۈنىگە كەلگەندە شىنجاڭدىن ئۆتمىگىلىغان

كىشىلەر كەينى-كەينىدىن چېگرىدىن ئۆتۈپ، ئالېكسېي، ئىۋان ئىۋانوۋىچ،
كىرەم توختى قاتارلىقلار تۇرۇپ قالغان فانفىلوۋقىمۇ يامراپ كېلىشكە
باشلىدى ۋە قاتناشنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. شۇ تۈپەيلى يەرلىك
دائىرىلەر جۇڭگودىن چىققان بارلىق كىشىلەرنى قايتا تىزىملاش، جاي-
جايلارغا تارقاق ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرى بىلەن بەنت بولۇپ كەتتى. ئۇلار
يەنىلا مەركىزىي شەھەرلەرگە كىرىش نۆۋىتىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا توغرا
كەلدى. ئىۋان ئىۋانوۋىچ بىر ئامال قىلىپ، شىنجاڭدىن خۇددى ئۆزىگە
ئەگىشىپ دېگۈدەكلا چىققان كىشىلەر توپىغا قوشۇلماي، ئۇلاردىن ئايرىم
هالدا بۇرۇنراق ئالموتاغا، ئاندىن تاشكەنت، موسكۋاغا بېرىۋېلىشنى ئويلايت-
تى. ئۇلار — ئاتا-بالا ئۆزلىرى زادىلا كۈتمىگەن بۇ بىھۇدە كۈتۈپ تۇرۇش-
لارغا چىدىماي، ئىچى تىت-تىت بولۇپ، ئاچچىقلانسىمۇ، بۇ ئاچچىقنى
سىرتقا چىقىرىشقا دەررۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. ئاخىر ئىۋان ئىۋانوۋىچ
چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئوغلى ئالېكسېينى مەخپىي رەۋىشتە بىرقانچە ئادرېسلار
بىلەن تەمىنلەپ موسكۋاغا ئەۋەتتى. ئىۋان ئىۋانوۋىچ: "ئوغلۇم ئالېكسېي
موسكۋاغا باغاندىن كېيىن يا هايات قالغان تۇغقانلىرى، يا سوۋېت هۆكۈمى-
تى ئۆزىنى بىۋاستە چاقىرىپ بۇ يەردىن تېز ئېلىپ كېتىدۇ" دەپ
ئىشىنەتتى. ئۇ جۇڭگودىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ چىققاندىن كېيىنكى
يولۇققان كۈتۈلمىگەن ئاۋارىچىلىقلارغا ئاچچىقى كېلىپ، چېكى يوق ئويلا-
رنى ئويلاۋەرگەنلىكتىن بىر چاغلاردىكى يۈرەك ئاغرىقى تەگەشكە باشلىدى.
يەتمىش ياشتىن هالقىغان ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ سالامەتلىكىدە مەلۇم
ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. ئەمما يەتمىش ئىككى ياشقا كىرگەن
ئىۋان ئىۋانوۋىچ 50-يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ئېغىر كېسەلگە گىرىپتا بولمى-
دى. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇ ئۆزىنى كۈتۈشنى هەممىدىن ئەلا بىلدى. ئۇنىڭ
تۇرمۇشى خېلىلا هاللىق ئىدى. ئادەتتە يېنىك زۇكام بولۇپ قالغان
چاغلىرىدىمۇ ئېرىنمەي دوختۇرخانىغا قاترايتتى. بىر قېتىم دوختۇر ئۇنى
تەكشۈرۈپ ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى،
ئۇنىڭغا ئارتۇقچە چارچىماسلىقنى، بىهۇدە خاپا بولۇپ يۈرمەسلىكنى،
بىرەر ئىشقا يولۇققاندا بەكمۇ هاياجانلىنىپ هەرىكەت قىلماسلىقنى تەۋسىيە

قىلدى. ياشانغان ئادەم ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ناچارلاشقانلىقىنى، كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلىغىنىدا روھى چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە ھەتتا ئۆزىنىڭ قاچان ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭغا قارايدىغان يېقىن ئادەم يوق. سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۇ يېڭى چىققان بولغاچقا، دوختۇرخانىنىڭ نەدىلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئوغلى ئالېكسىينى موسكۋاغا ئەۋەتىۋەتكەچكە، يالغۇز قېلىپ، ئىچى پۇشۇپ زېرىكىپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. ئۇ ياتاقتا بەزىدە قاتتىق يۆتىلەتتى، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ ئەسنەيتتى" ئۇيقۇدىن يېڭى تۇرغاندا كۆز قىرى تارىيىپ كۆزى قاراڭغۇلىشاتتى، بەزىدە ئاق بەلغەم تۈكۈرەتتى. ئۇ جۇڭگودا ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى ھالاۋەت كۆرۈپ باياشاد ياشىغاچقا، ئوروق تېنى يەتمىش يىلغىچە چىداشلىق بېرىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ يىل يەتمىش ئىككى ياشقا كىردى. ئىككى يىلدىن بېرى چاپلاشقان يۈرەك كېسىلى ئۇنىڭ روھىنى چۈشۈرۈپ زەئىپ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇ ئۆزىنىڭ روھىنى كۆتۈرۈشكە تەقەززا ئىدى. روھى سۇنۇق ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئۈرۈمچىدە شېرىن خىياللارنى سۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققىنىدا ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋېلىشلارغا ئېرىشىمەن، دەپ ئويلىغان ئىدى. يولۇققان ھازىرقى بىھۇدە ئاۋارىچىلىقلارغا ئاچچىقىنى باسالماي قېيىداپ تۇرغىنىدا بىرىنچى قەۋەتتىكى مېھمانخانا ياتىقىغا يولدا قىسقا بىر مەزگىل سەپەرداش بولغان كېرەم توختى قاتارلىقلار كىرىپ كەلدى.

—يولداش ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئەپەندى، سىزمۇ تۇرۇپ قاپسىز، بىزمۇ تۇرۇپ قالدۇق. ئىچ پۇشۇقمىزنى بىرئاز چىقىرايلى، دەپ كىرىپ قالدۇق، —دېدى ئىگىز بويلۇق ئاق پىشماق كېرەم توختى تۈزۈت قىلىپ، ئۇنىڭ قولىدا يېڭىلا سېتىۋالغان ئىككى قۇتا بېلىق كونسېرۋاسى تۇراتتى. ئۇ روھىي ناھايىتى تۆۋەن ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ بۇلۇڭدىكى كارىۋىتى ئالدىدىكى قىزىل سىرلانغان ئۈستەل ئۈستىگە ئىككى قۇتا بېلىق كونسېرۋاسىنى قويۇشقا ئوتتۇرا بويلۇق ياڭيۇ بۇرۇن تۇردى راخمان دېگەن بىرسى ئىككى بوتۇلكا ۋوتكا ھارىقىنى كۆل رەڭ سومكىسىدىن چىقىرىپ، ئۈستەل ئۈستىدىكى ئىككى قۇتا بېلىق كونسېرۋاسى يېنىغا ئاستا قويۇپ قويدى.

ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ ھاراققا ئانچە تاۋى يوق ئىدى. لېكىن ”سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ خىتا قىپتىمەن“ دېگەن ئويىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىچى تىت-تىت بولۇپ تۇرغىنىدا پەيدا بولغان ئۇستەل ئۇستىدىكى ئىككى بوتۇلكا ۋوتكا ھارىقىغا كۆزى چۈشۈپ، ئىچىشنى رەت قىلىش نىيىتىدىن يېنىپ، مەي ئىچىش مايىللىقىنى سۇنغان، قورۇق چۈشكەن ياڭاقتەك يۈزىدە ئېنىق ئىپادىلىدى.

ئادەملەرنىڭ ھاراق ئىچىشتىكى تۈپ مەقسىتى ھەرخىل بولىدۇ. خۇددى دۇنيادىكى بارلىق جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئۆزىگە يارىشا ھەرخىل مەقسىتى بولغىنىدەك. بەزىلەر ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئىچىشىدۇ. بەزىلەر دەرد-ھەسرىتى ۋە ئاچچىقىنى بېسىش، كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىچىشىدۇ. بەزىلەر بىرەر ئىشتا مۇۋەپپەقى-يەت قازانسا، خۇشاللانغاندا، مېھمىنى كەلگەندە ئىچىشىدۇ. سوۋېت ئىتتى-پاقىغا چىقىپ كېتىش سەپىردە بولسا ئىۋان ئىۋانوۋىچ بىلەن ئالېكسىيگە خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا ھەمراھ بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققان كىرەم توختى قاتارلىق ئۈچەيلەننىڭ ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ ياتىقىغا كىرىپ ھاراق ئىچىش مەقسىتى ئۆزلىرىگە ئايان ئىدى. ئۇلار ئاۋۋال ئاپتوبۇستا تەلەيخان بىلەن، كېيىن بولسا ئالېكسىي بىلەن تونۇشۇپ، دەسلەپ ھەيران قالغان، كېيىن ئۇلارنىڭ يېقىنلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ، ”نېمە دېگەن ياخشى، بەختلىك، ئىناق ئائىلە-ھە؟“ دەپ ھەۋەسلەنگەن ئىدى. بۇ ئۈچەيلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققاندىن كېيىن كۆردىكى، ”سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىۋاتىمىز“ دەپ يولدىشى ئالېكسىينى ناھايىتى ئىشەنچلىك بىلەن قىلچە تەپتارتماي ئۆزلىرىگە تونۇشتۇرغان ئۈرۈك رەڭلىك قىسقا چاپان كىيگەن تەنتەنە ھالىتىدىكى تەلەيخاننىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قارىسىمۇ يوق، ئۇلار ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي دېگۈدەك بىربىرىگە قارىشىپ، قويىدى، بىردىنلا ئۇلاردا گويا تېپىشماقتەك تۇيۇلغان بۇ مەسىلىنىڭ تېگى-تەكتىنى ئېنىقلاش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. ئۇلار ئىۋان ئىۋانوۋىچ بىلەن ئوغلى ئالېكسىينىڭ ئۆزلىرىگە شۇ قەدەر ساداقەتمەنلىكىنى تولۇق بىلدۈرۈپ كەلگەن ئايال تەلەيخاننى جۇڭگودا قالدۇرۇپ، مال-دۇنياغا لىق تولغان چوڭ-كىچىك

ئىككى چامادانىنى ئېلىپ چىققانلىقىغا گۇمانى قوزغالماي قالمىدى. ئۇلار قاتتىق گۇمانلانغانلىقتىن كىرەم توختى قاتارلىق ئۈچەيلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىۋان ئىۋانوۋىچ بىلەن ئالېكسېيدىن بىرئاز كېچىكىپرەك چىققان بولسىمۇ، سوراپ بىلىپ كۆزىتىپ، تېز ماڭغاچقا، ئۇلارغا ئاسانلا يېتىشىۋالدى، ئۇلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سوڭدىشىپ، ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ ياتىقىغا قىزغىن، ئوچۇق چىراي خۇش قىياپەتتە زاكوسكىسى تەييار ئىككى بوتۇلكا هاراق كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىشتى. تاۋى ئانچە يوق بولۇشىغا قارىماي ئىچى پۇشۇپ تۇرغان ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئۈستەلنىڭ بىر تارتمىسىنى ئاستا تارتىپ، ئېچىپ، بىر دانە تېگى سەل ئويمانراق كۆك رەڭلىك مېتال تەخسە بىلەن بىر جۈپ ئاق چوكا ۋە ئىككى رەڭسىز ئىستاكاننى ئېلىپ، ئۈستەل ئۈستىگە قويدى. بۇ مەي ئىچىسەك ئىچىشەيلى، دېگەن ئىپادىنى هېچقانداق گەپ-سۆزسىزلا بىلدۈرگەن هېسابتا ئىدى. كېرەم توختى بىردەمدىلا ئېلىپ كىرگەن زاكوسكىلارنى ئۈستەل ئۈستىدىكى تەخسىسىگە تۆكۈپ، ئىككى دانە قۇرۇق ئەينەك قۇتىنى چاي ئىچىش ئۈچۈن تەييارلىدى. ياتاقنىڭ شەرق تەرەپكە قارىغان كەڭ دېرىزىسىنىڭ ئۇ يېقىدا يوغان قىزىل چايدان تۇراتتى، كېرەم توختى ئىككى ئىستاكاننىڭ بىرىگە دەسلەپ يېرىم هاراق قۇيۇپ، ئۇ هاراقنى يەنە بىر ئىستانكانغا تەڭمۇتەڭ قىلىپ بۆلدى-دە، بىرىنى روهىي كەيپىياتى تۆۋەن، ئاغرىپ قالغان ئۆچكىدەك جىم ئولتۇرغان ئىۋان ئىۋانوۋىچقا هۆرمەت بىلەن تۇتتى:

—قېنى، جۇڭگودىلا ئەمەس، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققاندىن كېيىنمۇ بىرگە هەمراھ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى، —كېرەم توختى روهىي كۆتۈرەڭگۈ هالدا سۆزلەپ تۇرۇپ، روهىي چۈشكۈن ئىۋان ئىۋانوۋىچ بىلەن رومكا سوقۇشتۇرۇپ، مەينى بىر يولىلا ئىچىۋەتتى.

—سىلەر قەيەرگە كېتىۋاتىسىلەر؟—دەپ سورىدى ئىۋان ئىۋانوۋىچ كىرەم توختى قاتارلىق ئۈچەيلەنگە قىزىقىپ، ئۇ غاز بويىنىنى سوزۇپ ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم سىنچىلاپ قارىدى. ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئۇلاردىن سورىغان سوئالىغا جاۋاب كۈتۈپ تۇرمايلا قولىدىكى مەينى ئاستا سۈمۈرۈپ

ئېچتى. دوغلاق كەلگەن پاكارراق بىرسى ”فرونزىغا“ دېگۇچە كىرەم توختى ئالدىراپ ئىشەنچلىك ھالدا:

—تاشكەنتكە كېتىۋاتىمىز. بىزمۇ سىزلەرگە ئوخشاشلا ۋاقتىنچە بۇ يەردە تۇرۇپ قالدۇق. ۋاقتى كەلگەندە بىز سىز بىلەن ئالموتاغىچە بىللە سەپەرداش بولىمىز تېخى، —دېدى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە تاغدىن، باغدىن قۇرۇق گەپ قىلىپ، ئاخىر ئۇچ كۈن بۇرۇنلا دېگۇدەك شىنجاڭدىن ھېچبىر رەسمىيەتسىز سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققان نەچچە ئونمىڭلىغان كىشىلەر ھەققىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىگە ئۆتكەن بۇ جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ قەيەرلەرگە ئورۇنلىشىشى ھەققىدە ھەرقايسىسى ئۆز پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىدى. تۆتەيلەن ھە-ھۇ دەپ بىر بوتۇلكىنى ئېچىپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر بوتۇلكىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئېچىۋېرىپ، يەنە بىر بوتۇلكا بىرئاز يېرىملىغاندا كىرەم توختى يەنە بىر دوستىنى ئەگەشتۈرۈپ سىرتقا چىقتى. ئۇ دوستى يوشۇرۇن ئىشارەت قىلىپ، كىرەم توختىنى يەنە ھاراق ئەكىلىشكە بىللە چىقىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى.

قوش قانات دەرۋازىسى كەڭ ئوچۇق ھويلىدا كىرىۋاتقان-چىقىۋاتقان كىشىلەر ناھايىتى تولا ئىدى. تۈن باشلانغىنىغا قارىماي، بۇ يەر ئاۋات ئىدى. دوغلاقراق كەلگەن بىرەيلەن دەرۋازىدىن چىقىپ ئۇدۇل كېچىدىمۇ ئېچىلىدىغان يوپيورۇق ماگىزىنغا ئىتتىك ماڭدى. كىرەم توختى ئالدىدىراق ماڭغان ھېلىقى دوستىغا يېتىشىۋېلىپ:

—بۇ قېرى يالغۇزمۇ نېمە؟ ھېلىقى ئالىكسىي كۆرۈنمەيدىغۇ؟ دەپ ئاستا پىچىرلىدى.

—سوراپ باقمىز؟ ئەگەر ئوغلى ئالىكسىي بولمىسا تېخىمۇ ياخشى، بوگۇنلا جايلىۋېتىمىز.

—ئۇنداق قىلساق، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق بولۇپ قالامدۇ؟—دەپ پىچىرلىدى ئۆزلىرىگە پەرۋاسىز، ئالدىراش ئۆتۈۋاتقان كىشىلەر توپىدىن چەتنەپ ئۆزىنى قاراڭغۇ تەرەپكە ئالغان ئېھتىياتچان كىرەم توختى.

—ئاداش، بۇ قېرىنى پاك ھېسابلامسەن؟ بۇ قېرى قايسى بۇلاڭچى-

دىن كەم؟ — دوغلاق كەلگىنى ئۆزىگە مۇتلەق تونۇشلۇقى بولمىغان بۇ زېمىندا ئۆزىنى ئەركىن ھېس قىلغاچقا، كېرەم توختىنغا ئوخشاش ئېغىر بېسىق، تەمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ گېپىگە قارىغاندا ئۇنىڭ قولىدىن ھەربالا كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس ئىدى. ئۇلار ماگىزىندىن يۇمشاق بولكا، ئىككى بوتۇلكا ھاراق ۋە بېلىق كونسېرۋاسى سېتىۋېلىپ ئارقا-ئالدىغا قارىماي تېز مېڭىپ، ئىۋان ئىۋانوۋىچ بار ھېلىقى ياتاققا قايتىپ كىرىشتى.

چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، روھى تۆۋەن، زەئىپ ئىۋان ئىۋانوۋىچ غەم-غۇسسىگە تولغىنى ھالدا كېرەم توختىنىنىڭ يەنە بىر دوستى تۇردى راخمان بىلەن مەي ئىچىشىپ قىزغىن سۆھبەتلىشىۋاتاتتى. ئۇلار كىرگەندىن كېيىن داۋاملىشىۋاتقان قىزغىن سۆھبەت بىردىنلا توختىدى.

ۋاھ، كۆڭلىمىزدىكىنى تېپىپسىلەر، بىز ساڭا كېرەم تاپقاق دەپ لەقەم قويۇپ قويساق تازا ياراشقۇدەك جۇمۇ، كېرەم ئاداش، — تۇردى راخمان ئورنىدىن تۇرغان پېتى كېرەم توختىنىنىڭ قولىدىن ئىككى بوتۇلكا ھاراق بىلەن بولكا — نانلارنى ئېلىپ ئۈستەل ئۈستىگە ئاستا دەلدەڭشىپ تۇرۇپ قويدى. دوغلاق كەلگىنى بىردەمدىلا بىر قۇتىنى چېقىپ،، زاكوسكا قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كىرگەن كونسېرۋا بېلىقنى تەخسىگە تۆكۈۋىدى، بىرنەچچە توغرام گۆش پولىغا چۈشۈپ كەتتى.

— بولدى، ئەمدى ئىچمىسەممۇ بولار؟ — كېرەم ئاخۇن، قېرىغاندا ئېغىر كېلىدۇ. سىلەر ئىچسەڭلار ئىچىڭلار. مەيلى، ئىختىيارىي ئىچىڭلار، مەن ئىچمەيلا قوياي.

— سوۋېت ئىتتىپاقىغا تىنچ-ئامان قايتىپ چىققانلىقىمىزنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئىچەيلى! — دېدى ھاراقنى كۆپ ئىچكەنلىكى ئۈچۈن ”تۇردى ئەرلاڭ“ دەپ نام ئالغان تەمبەللىكرەك تۇردى راخمان.

— تىنچ-ئامان قايتىپ چىققانلىقىمىز راست. لېكىن بىز شىنجاڭدىن بالدۇرراق قايتىپ چىققان بولساق، ياخشى بولار ئىكەندۇق. شىنجاڭدىن رەسمىيەتسىزلا ئېقىپ چىققانلارنىڭ كۆپىيىشى بىزنىڭ موسكۋاغا مېڭىشىمىزغا كۈتۈلمىگەندە مۇشۇنداق ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈردى ئەمەسمۇ، ئا-

غىنىلەر؟

— چاتاق يوق، ئىۋان ئىۋانوۋىچ، ئادەم غەم يېيىش ئۈچۈن تۇغۇلمىغان. غەم قىلساقمۇ، غەم قىلمىساقمۇ بەرىبىر، ھەرقايسىمىز جۇڭگودىن تىنچ-ئامان قايتىپ چىقتۇقمۇ، دېمەك، بارىدىغان مەنزىلىمىزگە ھامان يېتىمىز.

ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئۆزىگە قەدەھ سۇنغان كېرەم توختىنىڭ غەمگە تولغان كۆڭلىگە ئۈمىد نۇرى بېغىشلايدىغان سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىچمەيمەن، دەپ تۇرۇپ، يەنە بىرقانچە رومكىنى ئۈستى-ئۈستىگە ئارتۇق ئىچىۋەتتى.

كىشىلەرنىڭ ھەربىر سۆز، ھەرىكىتىدە، قەدىمىدە چوڭ-كىچىك مۇددىئا بولىدۇ. ئادەملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيادىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ بىربىرىگە يېقىنلىشىشى ياكى يىراقلىشىشى، ھەتتا بىربىرىگە يېقىنلىشىشتىن قارشى تەرەپكە ئۆتۈشى، ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن قارشىلىق كۆرستىشلىرى ئۇلارنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدىكى مۇقەددەس مەنپەئىتىنى دەۋر قىلىدۇ. مۇددىئانى كۆزلىمەيدىغان بىرمۇ سۆز، ھەرىكەت يوق. سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىۋېتىش سەپىرىدە تەلەيخان بىلەن ئاپتوبۇستا تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغان كېرەم توختى قاتارلىق بۇ ئۈچەيلەننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققاندىن كېيىنمۇ ئۆزئارا قىلىنىۋاتقان سۆھبىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى تەلەيخان بىلەن ئالېكسىي توغرىسىدا ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىش قىزغىنلىقى شۇقەدەر يۇقىرى بولغان سەپەردىشى تەلەيخاننىڭ چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىدە، يەنى شىنجاڭدا قېپقالغانلىقى بۇ ئۈچەيلەننى تېخىمۇ قىزىقتۇردى. قېلىپىسىز خىش بولماس، سەۋەبسىز ئىش دېگەن گەپ بار. ئۇلار ئاخىر تەلەيخاننىڭ جۇڭگودا قېپقالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىش قىزغىنلىقى يۇقىرى تەلەيخاندىن ئەمەس، بەلكى ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ ئالدامچىلىق بىلەن تولغان قارا نىيىتىدىن ئىزدەپ تاپقاندىن كېيىن بۇ ئۈچەيلەن ئىۋان ئىۋانوۋىچقا كۆڭلىدە قاتتىق غەزەپلىنىشتى. ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ تەلەيخاننى ئالاھىدە ئۇزىۇمچىدىن چېگرىغا قەدەر ئېلىپ كېلىپ، ئاخىرى تاشلىۋەتكەنلىكىگە غەزەپلەنگەن كېرەم توختى ئىككى

دوستىغا ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىن ئېلىپ چىققان يۇكتاقلىرىدا ئاشۇ بىچارە ئايالنىڭ بىرئاز بولسىمۇ مال-مۈلكى يوق دەپ ئويلامسىلەر؟ دەپ سورىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ دەر گۇمان كۆڭلىگە جىن كىردى. بۇ ئۇچەيلەننىڭمۇ كۆڭلىگە بىربىرىگە ئورتاق بولغان مەلۇم مۇددىئا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئوغلى ئالېكسىينىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ ئۆز ئاغزىدىن گەپ ئېلىپ بىلىپ بولغاندىن كېيىن تاق قالغانلىقىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، ماھىرلىق بىلەن قول سالماقچى بولۇشتى. سەپىرى ۋاقتىنچە توختاپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىچى تىت-تىت بولۇپ تۇرغان پەيتتە "سوۋېت ئىتتىپاقىغا تىنچ-ئامان قايتىپ چىققانلىق غەلىبىسى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرۈش" ئەڭ ياخشى راۋان چارە ئىدى. مەست بولغاندا تۈيدۈرماي كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ھە، دەپ ھاراق ئىچىشنى ئۇلار قىزغىن داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى.

ئۇلار بىر ھازا ئىچىشتى. مېھمانخانا ياتىقىدىكى بۇ مەي ئىچىش جەريانى دەسلەپتە ھەممىسى ئۆزلىرىنى ئۆزئارا تونۇشتۇرۇش، ماختاش بولدى. كېيىن ئۆزلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققاندىن كېيىنكى ئۆز قابىلىيىتىگە يارىشا ئورۇنلىشىش ئېھتىمالى بولغان خىزمەت ئورۇنلىرى توغرىسىدىمۇ كەڭ توختىلىشتى. ئىچىۋېرىپ كەيپى خېلى كۆتۈرۈلگەندە جۇڭگونى ھاقارەتلەيدىغان گەپ-سۆزلەرمۇ بولۇندى. ئالدى بىلەن ئىۋان ئىۋانوۋىچ جۇڭگونى تىللاشقا باشلىدى. كېيىن توختى بىلەن تۇردى راخمان شىنجاڭدا تۇغۇلغان، جۇڭگودا ئۇزۇن مۇددەت ياشىغانلىقى ئۈچۈن تۇغۇلغان ئۆز ۋەتىنىنى، يۇرتىنى تىللاشنى چىن كۆڭلىدىن خالىمايتتى. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۇغقانلىرى بىلەن جەم بولۇپ كۆرۈشۈش مەقسىتىدە بۇياققا چىققان بولغاچقا بۇ يەردىكى جۇڭگونى تىللايدىغان، جۇڭگونى يامانلايدىغان گەپ-سۆزلەرگە ئانچە دىققەت قىلمىغىنى ھالدا سالقىن پوزىتسىيە تۇتتى. بۇگۈنكى ھاراق ئىچىش سورۇنىدا ئىۋان ئىۋانوۋىچنى گۇمانلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭ جۇڭگو ھەققىدىكى رەنجىشكە تولغان يامان گەپ-سۆزلىرىگە قوشۇلماي سالقىن پوزىتسىيە تۇتۇشقا بولمايتتى. شۇڭا ئۇچەيلەن تىل ئۇچىدا بولسىمۇ ئىۋان ئىۋانو-

ۋىچقا قوشۇلۇپ، جۇڭگونى بىرقانچە قېتىم تىللىغان بولدى. ئىۋان ئىۋانو-
ۋىچ ”بولدى، ئىچمەيمەن“ دەپ تۇرۇپ، يەنە بىرقانچە رومكىنى ئارتۇق
كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن مەست بولۇشقا باشلىدى. ئېغىر مەست بولغىنىدا
كېرەم توختى قاتارلىقلارنىڭ ئۆزىگە تۇتقان ھۆرمەت ھارىقىنىمۇ كۆتۈرۈ-
ۋەتكەندىن كېيىن كارىۋاتقا قىڭغىيىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى: ”مەن
ئۈرۈمچىدىمۇ مۇنچىۋالا جىق ئىچكەن ئەمەس. پەقەت سىلەر ئېيتقان
سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ چىققانلىقىمىزنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن جىق ئىچى-
ۋەتتىم. لېكىن قىلچە مەست بولمىدىم... ئوغلۇم ئالېكسىي كەلسىلا موسك-
ۋاغا كېتىمەن. دۇنيادا بىرلا... بىرلا... يالغۇز ئوغلۇم ئالېكسىي، ئا... ئا.
.. ئالېكسىي ئوغلۇم، سەن... ن... نەدە سەن؟...“ ئۇنىڭ كېيىنكى خىرقى-
رىغان ئاۋازى نەپەس قىسىلىقى تۈپەيلى تېخىمۇ تۆۋەنلەشكە باشلىدى.
ئۇ بېشىنى خۇددى گېلىدا ئۇستىخان تۇرۇپ قالغان ئىتتەك ئۇ ياققا-بۇ
ياققا سىلكىپ قوياتتى. ئۇ گويا نەرسە-كېرەك قاچىلانغان تار، ئۇزۇن تاغار
تىك قويۇلغاندا ئۆز ئېغىرلىقىنى كۆتۈرەلمەي يىقىلغىنىدەك، كارىۋاتقا
قىڭغىيىپ يېتىپ قالدى. چىرايىدىكى قىزىللىق ئاللىقاچان تۈگىگەن يۈزى
تاتىرىپ كەتكەن. ئۇ مۇشۇ مەست ھالىتىدە ئورنىدىن زادىلا قوزغىلالمايت-
تى. ئورۇق، ئۇزۇن پۇتلىرى ئېغىرلىشىپ، يەرنى دەسسىيەلمەيتتى. ھاراق-
نىڭ تەسىرىدە كارىۋاتقا چاپلاشقان پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ ماغدۇرىدىن
كەتكەن ئىدى. ئىۋان ئىۋانوۋىچ چالا ئۆلۈكتەك ياتقىنىدا بىللە مەي
ئىچىشكەن ھېلىقى كېرەم توختى قاتارلىق ئۈچەيلەننىڭ بىربىرىنى كۆزد-
تىپ قوغداپ سىرتقا چىقىپ-كىرىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەتىۋارلىق مال-دۇنيا-
لىرى قاچىلانغان چاققانغىنە ئېغىر سېرىق چامادانىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن-
لىكىنى، ياتاقنىڭ ئېلېكتر چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ، ئۆزىنى ھاراق بۇسى
بىلەن تاماكا ئىسى قاپلىغان ياتاقتا تاق يېتى قالدۇرۇپ قويۇرۇقلىرىنى
تىكىۋەتكەنلىكىنى سەزمىدى. ئۆز خۇدىنى يوقاتقان ئۇ ئېغىر مەستىنىڭ
ئۇخلاۋاتقىنىدا بىرەر نەرسىنى سېزىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ”سو-
ۋېت ئىتتىپاقىغا چىققان ھامان ئىشلىرىم دەررۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ“
دەپ ئويلىغان ئىدى، ئەمەلىيەتتە ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشمىگەنلى-

كى ئۇچۇن ئويلاۋېرىپ، بىر كىچە ئۇخلىماي چىقتى. ئىگىز ئىچىشتىن كېيىنكى كەلگەن قاتتىق ئۇيقۇ ئۇنى ئەنە شۇنداق چالا ئۆلۈك هالىتىگە كەلتۈرۈپ تۈگەشتۈرۈپ قويغان ئىدى...

× × ×

تەلەيخان هاسىراپ-هۆمۈدەپ مېهمانخانىغا كىردى. ئۇ مېهمانخانىنىڭ تار، ئۇزۇن كەتكەن كارىدورىغا كىرىش بىلەنلا بىر توپ جامائەتچىلىكنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئىنكاسىنى ئاڭلىدى.

— مانا، هېلىقى ئايال كەپتۇ.

— ئۆزى كەپتۇ، دەل ئۆزى!

بۇ گەپلەرگە پىسەنت قىلماي، ئۆزى ياتقان ئۆيگە كىردى. ئۇرۇن-كۆرپىلەر رەتسىز، قالايمىقان، نۇرغۇن نەرسە-كېرەكلەر بۇزۇپ چېچىلغاندەك تۇراتتى. تاماكا قالدۇقلىرى بىلەن يىرتىلغان ئۇششاق-چۇششەك قەغەز پارچىلىرى ئۆينى ئېغىلدەك قىلىۋەتكەن ئىدى. تەلەيخان هېلىقى سېرىق سومكىنى ئاختۇرۇپ يىغىلمىغان رەتسىز ئۇرۇن-كۆرپىلەرنى بىر ئۇ ياققا، بىر بۇ ياققا ئاتاتتى، ياستۇقلارنىڭ بىرقانچىسى تېخى يەردە ياتاتتى. كەتكىچە ئىشىك تاقالمىغان، مېهمانخانا كۈتكۈچىسىگە بىر ئاچقۇچنىڭ يوقالغانلىق رەسمىيىتىنى بېجىرمىگەن، مېهمانخانا ئۆيى ئوغرى كىرىپ قالايمىقان قىلىۋەتكەنگە ئوخشايتتى. تەلەيخاننىڭ بۇ مېهمانخانا ياتقى هەققىدە ئويلاشقا نەدە ۋاقتى بولسۇن. خىيالىدىمۇ يوق، پەقەت هېلىقى كىچىككىنە سېرىق سومكىنى ئىزدىمەكتە.

كۆپ ئۆتمەي ئاق خالاتلىق، پاكىز، رەتلىك كىيىنگەن شاڭخەي پوسۇندىكى بىر خەنزۇ قىزى كىرىپ كەلدى. قولىدا مېهمان كۈتكۈچىلەرنىڭ بىر خاتىرە دەپتىرى تۇراتتى. كىيىشى، يۈرۈش-تۇرۇشى كىشىدە دەررۇ يېقىملىق هېس پەيدا قىلىدىغان سۈپەتكە ئىگە بولۇشىغا قارىماي چىرايى جىددىي، كۆزىدە قەتئىيلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ رەسمىي بېيجىڭ تەلەپپۇزىدا تەلەيخانغا گەپ قىلدى:

— سىلەر قانداقچە سوۋېت ئىتتىپاقى گراژدانى، مېهمانخانىنى مۇندافمۇ رەسۋا قىلىۋېتەمسىلەر؟

— كەچۈرۈڭ، بىر سومكام ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ؟ ئىزدەپ تاپالمايۋاتىمەن. سىلەر ئېلىپ قويدۇڭلارمۇ يا؟

— يوقسۇ، بىز جۇڭگولۇقلار چەت ئەللىكلەرنىڭ ھېچنېمىسىگە مۇھتاج ئەمەسمىز، — مېھمان كۈتكۈچى قىزنىڭ سۆزى قەتئىي، سالماق ئىدى، تەلەيخان ئوڭايسىزلانغان ھالدا قولىدىكى ئالدىراشلىقتا ئەتىگىنى كىيىشكە ئۈلگۈرمىگەن چاپىنىنىڭ يانچۇقلىرىنى تەمتىرىگەن ھالدا ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ياتاق ئىچىدىكى بىر ئۈستەل ئاچقۇچى كەم تاپشۇرۇلغان بولۇپ بۇ ئاچقۇچ ئاللىقاچان يولدا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئالدىراشلىقتا تەلەيخاننىڭ بىلەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ھېلىقى مېھمان كۈتكۈچى قىزغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئەپۇ سوراپ يېلىندى. ئىش ئەپۇ سوراش بىلەنلا تۈگىمىدى. تەلەيخان ئىشخانىغا چاقىرتىلدى. ئىشخانىدا ھېسابات دەپتىرى ئوچۇق تۇراتتى. يولدىشى ئالېكسىينىڭ، قېيىن ئاتىسى ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ مېھمانخانا ئىچىنى، ياتاقلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ بىزەپ قىلىۋەتكەنلىكى ۋە بىر ئاچقۇچنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن جەرىمانە قويۇلىدىغانلىقى ئېيتىلغاندا ئوڭايسىزلانغان تەلەيخاننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۈچەيلەنگە ۋاكالىتەن تەلەيخاننىڭ ئۆزى يالغۇز ئاگاھلاندۇرۇش تەنقىدى ئاڭلىدى. ھېلىمۇ ياخشى، چاپان يانچۇقىدىن بىرئاز پۇل چىقتى. ئايال كىشىگە نىسبەتەن بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئوڭايسىزلىق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ چەت ئەلگە — سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدىغان بىر تەنتەنىلىك ئايال ئەڭ ئاددىيسى ئۆزى يىتتۈرۈپ قويغان بىر ئاچقۇچنىڭ پۇلىنى تۆلىيەلمىسە بۇ قانداق بولغىنى؟

تەلەيخان مېھمانخانا خادىملىرىغا ئۆزلىرىنىڭ ئالدىراشلىقتا بەزى رەسمىيەتلەرنى ئادا قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى بۇنىڭدىن ناھايىتى ئوڭايسىزلانغانلىقىنى، ئەپۇ سورايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مىڭ بىر خىجالەتچىلىكتە مېھمانخانىدىن چىقتى. ”ئاھ، ئالېكسىي مېنى قانچىلىك كۈتۈپ كەتكەندۇ؟ ئۇلارنى يەنە ساقلىتىپ قويدۇم. بەلكى خاپىمۇ بولغاندۇ؟ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىن مەن ئالېكسىينىڭ كۆڭلىنى چوقۇم ئېلىۋالىمەن. مېنىڭ كېچىككىشىم ئۆز-ئۆزۈمدىن بولغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ

نەرسىسىنى ئىزدەش، بولمىسا مەن مۇنچىۋالا كىچىكەتتىممۇ؟ بولدىلا، نېمىلا بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىن كۆرمەيمەنمۇ؟ ئۇلار مېنى ھەر نېمە دېسە ھەقلىق. قالغان كۆڭۈلنى ئېلىشىپلىش تەس، ئەمما ھامان ئېلىشالغىلى بولىدۇ..." تەلەيخان ئويلىغانسېرى قەدىمىنى تېزلىتىپ ھە، دەپ ئالدىغا قارايتتى. ئويلا-ئويلا ئاخىرى يۇگۇرۇشكە باشلىدى. ئۇ ئادەت-تىكى تېز قەدىمىنىڭ يۇگۇرۇش ھالىتىگە ئۆتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى. قاچان ھاسىراپ، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك نەپەس ئېلىشى قىيىنلاشقاندىلا ئۆزىنىڭ تۇگىمەس خىيالىنىڭ قوماندىسىدا مېڭىش سۈرئىتىنى تېزلەتكەنلىكىنى بايقىدى. روجەكلىك تانكىست ئايىغى، قولىدى-كى يېنىك چاپىنى. ھەتتا ئۇچىسىدىكى ئىچكى كىيىمى قىزىل روباشكىسى-نى خىرە كۆرسىتىپ تۇرىدىغان نېپىز قىسقا ئاق يىپەك كۆڭلىكىمۇ بىر تۇننا يۇكتەك ئېغىر تۇيۇلاتتى. مېھمانخانا بىلەن پىكاپ تۇرغان يەرنىڭ ئارىلىقى ئۇنىڭغا بەك ھېرىپ چارچاپ كەتكەنلىكى ئۇچۇن خۇددى تەكلى-ماكان چۆلىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدەك يىراق، جۇڭغارىيە تۈزلەڭلىكىدەك پايانسىز تۈگىمەس يولدەك بىلىنىپ كەتتى. ماغدۇرى كېتىپ، يۇگۇرۇش ئىمكانىيىتى-تى قالمىغاندا قەدىمىنى ئاستىلىتىشقا مەجبۇر بولدى. ۋە "ئۇھ..." دەپ يەرگە قارىدى. تەلەيخاننىڭ قاتتىق يۇگۇرۇپ ئېغىر چارچاشتا قاراڭغۇلاش-قان كۆزلىرى ئۆزى مېڭىۋاتقان تۈپتۈز يولدا كىچىك پىكاپ چاقىنىڭ ھېلىلا ماڭغان روشەن ئىزىغا چۈشتى. ئۇ بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى. چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى. ئۇنىڭ كېلىشكەن يوپيۇمىلاق يۈزى بۇرۇنلا ئېغىر ھارغىنلىقتا تامدەك ئاقىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى. ھەقىقەتەن پىكاپنىڭ ئۇدۇل سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە مېڭىپ بولغانلىقىنى، بۇ يولدا ئېشەك، ئات، ھارۋا ماڭمايدىغانلىقى، ھەتتا ئادەتتىكى قارا ماشىنىلارمۇ ئاسانلىقچە ماڭماي-دىغانلىقى ئۈچۈن پىكاپ چاقى قالدۇرغان مايلىق تاشيولدىكى ئىزلارنىڭ شۇ پېتى ئۆچمەي بۇزۇلماي ناھايىتى ئېنىق تۇرغانلىقىنى كۆردى:

تەلەيخان قەددىنى روسلاپ، ئېغىر بىر تىندى. قاپقارا ماي يېيىشلىغان تاشيولغا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قارىدى. ھېلىراقتا قارا پىكاپ كەيندىن

قويۇق ئىس چىقىرىپ مۇشۇ تاشيولدىن يۈرۈپ كەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى.
— لەۋزىدە تۇرمايدىغان ۋىجدانسىزلار! — تەلەيخان تاشيولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ ئاچچىق سۆزى قەھرى-غەزەپكە تولغان يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىقتى. ئۇنىڭ قەھرى-غەزىپىنىڭ گۈلدۈرمامىسى بولغان ۋارقىرىشىنى ئاڭلايدىغان ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. ئالدانغان شەخس ئالدىغۇچىغا قانچە چوڭقۇر ئىشەنسە، ئالدانغانلىقىنى بىلگەن ھامان غەزەپ-نەپرىتى شۇنچە ئاشىدۇ. تەلەيخان بايىقىدەك قاتتىق يۈگۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن، قەدىمىنى ئۆز مەيلىچە ئىختىيارىي تاشلاپ ئاستا ماڭغاچقا، ئېغىر ھارغىنلىقتا تاتىرىپ كەتكەن يۇملاق يۈزى ئاستا-ئاستا ئاناردەك قىزىرىشقا، قان يۈگۈرۈشكە باشلىدى، ئۈرۈك رەڭلىك چاپىنىنى بىلىكىگە ئارتىپ، سول قولنى ئىختىيارىي تاشلاپ نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاۋاتاتتى. زىلۋا كەلگەن ئاجىز قوللىرىنى بايىقى يۈگۈرۈشتە مايلىق بولغا بىرقانچە قېتىم يىقىلغانلىقى ئۈچۈن پاسكىنا ماي يۇقۇندىلىرى قارا قىلىۋەتكەن، تانكىسىت ئايغىمۇ يىرتىلغان، يەرگە قاتتىق تىرەلگەن جەينىكى قازاننىڭ قارىسىدەك قاپقارا ماي داغلىرى بىلەن بولغانغان. سېرىق پوپايكىسىنىڭمۇ بىرقانچە يېرى ماي، توپىغا مىلىنىپ بولغان. قولىدىكى چاپىنىدىن باشقا پۈتۈن كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ ماي توپىغا مىلىنىپ بولغانلىقىنى ئويلاشقا ۋاقتى يوق. ئۇ يەنىلا ئالىكسىي ۋە قېرى ئاتىسىنى ئۇۋان ئۇۋانوۋىچنىڭ ساقلاپ تۇرىمىز، دەپ يالغان ئېيتىپ شۇقەدەر تېز كېتىپ قالغانلىقىغا، ساقلاپ تۇرىمىز دەپ ئۆزىنى ئۇستىلىق بىلەن ئالدىغانلىقىغا غەزەپلىنىۋاتاتتى. ئۇ ئۆز ئىچىدە نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاۋاتقىنىدا تۇساتتىن بىراۋنىڭ چاقىرىغان قوپاللىقى يوق تەھدىتسىز ئاۋازى ئاڭلاندى:
— يوداش، نەگە كېتىۋاتىسىز؟ بۇ يەر — چېگرا. مېڭىشقا بولمايدۇ.
تەلەيخان ئۇشتۇمتۇتلا ئويلىمىغان يەردىن ئۈچ نەپەر قوراللىق ھەربىينىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆردى.
— مەن سوۋېت ئىتتىپاقى گراژدانى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتمەكچى ئىدىم. يولدىشىم ھېلىراقتا چىقىپ كېتىپتۇ.
— سوۋېت ئىتتىپاقىغا؟ — ئۈچ ھەربىي تەلەيخاننىڭ بۇ جاۋابىغا ھەيـ

ـران بولۇپ قايتا سورىدى، — سوۋېت ئىتتىپاقىغا؟ قېنى، رەسمىيەت بېجىرـ
دىڭىزمۇ؟

تەلەيخان ئەھۋالنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى. يېنىدا يە پاسپورت،
يە بىرەر ئالاقە، تونۇشتۇرۇش يوق ئىدى. ئالېكسىي بىلەن ئىۋان ئىۋانوۋىچ
ئۆزىگە تەۋە پاسپورت ۋە ئالاقىنىمۇ بىللە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. تەلەيخان
ھەرقانچە سۆز قىلسىمۇ، سۆزى ئاقمىدى. قوراللىق ئۈچ ئەسكەر دەررۇ
كەينىگە قايتىشنى، بولمىسا تەدبىر كۆرىدىغانلىقىنى ئۇچۇق ئېيتتى. تەلەيـ
خان ئاخىر كەينىگە ياندى. ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىش
ھەققىدىكى مەسىلىنى ئەينەن دېيىشى ئالېكسىي ۋە ئىۋان ئىۋانوۋىچقا
سۆيۈنگەنلىكتىن ئەمەس، ئۆزىنى ئالدىغان، ئۇلۇغ رۇس مىللىتىنىڭ پەخـ
رىي ئادەملىرى دەپ ئۆزىنى ماختاشقان بۇ كىشىلەرنىڭ تەلەتىگە بىر
قارىۋېلىش، دېيەرلىك دەرىجىدە غەزىپىنى ئېيتىۋېلىش ئۈچۈن ئىدى، نەددـ
مۇ مۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن؟ كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ قۇلىقىغا قورالانـ
غان ئىككى خەنزۇ، بىر ئۇيغۇرنىڭ قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇلار يېقىن
ئەتراپنى تەكشۈرۈپ چارلاپ يۈرگەن چېگرا خەلق ئەسكەرلىرى لو ۋېنچى،
ۋاڭ دويى، قېيۇم توختى قاتارلىقلار ئىدى. قېيۇم توختى ئىسمىلىك
تەمبەلرەك بىرسى قوپاللىق بىلەن يەنە ۋارقىرىدى:

— توختا!

تەلەيخان قورقمىدىيۇ، بۇ قوپال بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىپ، دەررۇ
توختىدى. ئۈچ خەلق ئەسكىرى يوشۇرۇنۇۋالغان قىرى دەرەخ تۈۋىدىن
قوپۇپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قوراللىرىنى تەڭلەپ پالاقشىپ يۈگۈرۈپ
كەلدى. قېيۇم توختى ئۈستى-ئۈستىگە سوئال سوراپ چالۋاقايتتى.

— نېمە ئادەم سەن؟

— ...

— نەدىن كەلدىڭ، چېگرىدىن ئۆتتۈڭمۇيە؟ — دېۋەيلەپ كەلدى قېـ
يۇم توختى ۋە يېنىدىكىلەرگە قاراپ تەلەيخاننى بىگىز قولى بىلەن كۆرسىـ
تىپ، — ئۇيغۇرمۇ، خەنزۇمۇ بۇ؟ نېمىشقا گەپ قىلمايدۇ، گاچا ئوخشىماـ
دۇ؟ — دېدى. ئۇيغۇرچىنى چالا بىلىدىغان ۋاڭ دويى گۇمانىي كۆزىدە

تەلەيخانغا تىكىلىپ قاراپ:
— چەت ئەل ئىشپيونى!— دەپ تۆۋەن ئاۋازدا بىلجىرلىدى.
تەلەيخان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ھاڭۋېقىپ بۇ سوئاللارنىڭ قايسىسىغا ئاۋۋال جاۋاب بېرىشنى بىلمەي گاڭگىراپ بېشى قاتقان ھالدا ئۇرۇق رەڭلىك چاپىنىنىڭ پېشىنى سىقىملاپ تۇرۇپ قالدى.
— گاچمۇ سەن؟ جاۋاب بەر!
— مەن جۇڭگو ئادىمى، يولدىشىم سوۋېت ئىتتىپاقلىق. يولدىشىم بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتمەكچى ئىدىم. يولدىشىم كېتىپ قاپتۇ!— ئۆيغۇرچە جاۋاب بەردى ئۇ.
— جۇڭگو ئادىمى، ئەمما سوۋېتكە چىقىپ كەتمەكچىمىش، كۆتەر كەشىڭنى!
— بىز بۇ يەردە بىكار تۇرغىنىمىز يوق، سەندەكلەرنى تۇتىمىز، دەپ پوستا تۇرۇۋاتىمىز،— دېدى قېيىم توختى ۋە تەلەيخانىنىڭ سۆزىنى يىنىددىكى لو ۋىنچىغا چالا تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئۇ خەنزۇچىنى يازالمىغىنى بىلەن ئۆز مەقسىتىنى سۆزلەپ خېلى ياخشى ئۇقتۇرالايتتى.
قېيۇم توختى ئەسلى قاراشەھەر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا ئانچە يىراق بولمىغان ئادىمى شالاڭراق قارىبۇلاق يېزىسىدا، يەنى قىزىلبايىراق گوڭشېسىدا تۇغۇلغان. ئۆز ئاتىسى ھەيدەر ھاجى ئازادلىقتىن بۇرۇن، يەنى 1940-يىلى ئايالى ئايىسخان بىلەن قاتتىق سوقۇشۇپ قېلىپ، ئايال تەرەپ تۇغقانلىرىنىڭمۇ ئېغىر تىل-ھاقارىتىگە قالغاندىن كېيىن ھەج قىلىپ كېلىمەن، دېگەن بانا-سەۋەب بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىغا كەتتى ۋە شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. ئايىسخان قىزى ھاشىخان ۋە ئىككى ياشلىق ئوغلى قېيۇم بىلەن بىرگە تۇل قالغان پېتى خېلى بىر مەزگىلگىچە قىيىنچىلىق تارتىپ كۈن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ھەرقايسى تەرەپ يىراق-يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ ھە، ھۇ دېيىشى بويىچە ئايىسخان ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن ھوشۇر قارى بىلەن ئانچە چوڭ شەپە چىقارمايلا بىر ئىمامغا نىكا ئوقۇتۇپ، توي قىلىشۋالدى. ئۇن ياشقا كىرگەن رازاقنىڭ ئاپا جەمەت تۇغقانلىرى ”بىز بىلەن ھېچقانداق مەسلىھەتلەشمەيلا توي قىلىشۋاپتۇ“ دەپ

ھوشۇر قارىدىن قاتتىق رەنجىدى ۋە ئوغلى رازاقنى كۆزدىن قاچۇرۇپ تۇرپانغا ئېلىپ كېتىپ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە چوڭ قىلدى. ئايىسخان ئۆگەي ئوغلى رازاق ھوشۇرنىڭ بۇ ئۆيگە يېقىن يولمىغىنىغا ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئەپسۇسكى ئۇ ھوشۇر قارى بىلەن ئون نەچچە يىل بىر ئۆيدە ئەر-خوتۇن بولۇپ ئۆتۈپ، بىرەرمۇ بالا يۈزى كۆرمىدى. شۇنچە يىل ئۆي تۇتۇپمۇ بالا يۈزى كۆرمىگەچكە ئۇلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا كۈندە دېگۈدەك بىر-بىرىنى قاتتىق ئەيىبلەشتى. ئايىسخان گەپكە خېلى ئۇستا، جاۋلىداق ئايال ئىدى. ئۇ ھوشۇر قارىنى ”ئۆيدە تۇرماي، دائىم سودىگەرچىلىك قىلىمەن، دەپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە يورغۇلايسەن، بالا دېگەننى تىلەپ تېپىۋالىدىغان ئاقچى ئەمەس، بەرگۈسى كەلسە، خۇدايىم بېرىدۇ، سەندەك بېلى بوش ئىمانسىزغا خۇدايىم بالا بېرەمتى؟“ دەپ گەپكە راسا تويغۇزۇپ قويىدى. ھوشۇر قارىنىڭ ھاشىخانىغا، قېيۇمغا قىلغان ئاتىدارچىلىقى نەدە قالدى، ئۇلارمۇ، ھە دەپ ئاپىسىغا بولۇشۇپ، ھوشۇر قارىنى يەكلەپ، ”ئۆگەي ئاتىمۇ ئاتا بولامدىغان“ بىز بېقىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويساق، بېشىمىزغا چىققىلى تۇردى“ دەپ دوق قىلغىلى تۇردى. كۈندە دېگۈدەك جېدەل-ماجىرا بولۇپ تۇرىدىغان بۇ ئائىلىدىكى زىددىيەت يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن بىر يىلى ھوشۇر قارى بىر پېشكەللىككە ئۇچراپ، تۇرمىگە كىرىپ كەتكەن ئىدى، ئايىسخان دەۋا قىلىپ يۈرۈپ ئوڭايلا ئاجرىشىۋالدى.

تۇرمۇشنىڭ قېلىپى يوق. بىرسى چالما ئىكەن دەپ تاشلىۋەتسە، يەنە بىرسى ئالما ئىكەن، دەپ تاشلىنىپ قالغان يېرىدىن ئەتىۋارلاپ ئېلىۋالىدىغان ئىشلار كۆپ ئۇچرايدۇ. ساڭا سەت كۆرۈنگىنى بىلەن ئىككىنچى بىراۋغا چىرايلىق كۆرۈنىدۇ-دە. شائىرلارنىڭ:

ئالەمدە يوق گۈزەللىم سەن مېھرىڭ دېگىز باقساڭ ھەر،
ئۆز كۆزۈمدە كۆرسە كىمكى كۆرەر جاھاندا بىر ئالمىنى.

دەپ يېزىشلىرىغا ھەيران قالغۇچىلىقى يوق، ئەجەپلىنىپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ.

دىغان ئىشلار. ئايىسخان تۆرمىگە كىرىپ كەتكەن ھوشۇر قارىدىن ئاجرى-
شىپ كەتكەندىن كېيىن تۇل قىلىپ ئوغلى بىلەن بىر مەزگىل تىنچ ھايات
كەچۈردى. ئوغلى قىيۇم خېلى چوڭ بولۇپ قالغان ئىدى، قىزى ھاشىخان
ئۈرۈمچىگە—ئاشلىق مەكتىپىگە ئوقۇشقا كەتتى. قارىبۇلاق يېزىسىدىكىلەر،
ھەتتا تۇغقانلىرىمۇ ئىككى نۆۋەت ئەرگە تېگىپ ئاجراشقان ئايىسخان
ئۈستىدىن سۆز-چۆچەك قىلىپ، يۇرت ئىچىدە ئىناۋىتىنى قويمىدى. ئاي-
ىسخان جەنۇبقا قارىغاندا شىمالنىڭ تۇرمۇشى ياخشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
تۇرمۇشى بولسا ھەر جەھەتتىن تېخىمۇ ياخشى دەپ بىلەتتى. قىزى
ھاشىخان ئۈرۈمچىدە ئاشلىق مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن يىلى ئىشقا ئورۇنلى-
شىشنى، بولۇپمۇ چوڭ شەھەر بولغان ئۈرۈمچىدە ئىشقا ئورۇنلىشىۋېلىشنى
كۆزدە تۇتۇپ، باتۇر قادىرغا قاراشەھەردىكى ئاپىسى، ئۇكىسى ۋە باشقا
تۇغقانلىرىغا ھېچبىر مەسلىھەت سالمايلا ياتلىق بولۇپ كەتتى. ھاشىخان
ھېچبىر مەسلىھەتسىزلا باتۇر قادىر بىلەن توي قىلىۋالغاندىن كېيىن بۇ
كۆتۈلمىگەن خەۋەرنى ئاڭلاش ئاپىسى بىلەن ئۇكىسىغا ناھايىتى ئېغىر
كەلدى، بۇلا ئەمەس، بۇ ئىش تۈپەيلى .قارىبۇلاق يېزىسىدىكى بەزى
قولۇم-قوشنىلىرى بىلەن بەزى تۇغقانلىرىنىڭ تەنە-تاپىلىرىنى ئاڭلاشقا
توغرا كەلدى. ئاخىر ئۇلار ئىككىسى قارىبۇلاق يېزىسىدىكىلەرنىڭ تاپا-تە-
نىلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆي-جايىنى بىر يېقىن تۇغقىنىنىڭ بالا-چا-
قىلىرىغا ۋاقىتلىق قالدۇرۇپ، ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈپ چىقتى.
ئايىسخان قورغاستا ئۆزىگە قىلچە تونۇشلۇقى بولمىغان كىشىلەردىن
ھېچقانداق تاپا-تەنىلەر ئاڭلىمىدى، بەلكى قىرغىزىستاندا ئولتۇراقلىشىپ
قالغان تۇغقانلىرى بار كېرەم توختىنىڭ ئاتىسى توختى قۇتلۇق بىلەن
توي قىلىۋالدى. ئايىسخان بۇ يېڭى ئېرى توختى قۇتلۇقنىڭ ئىشەنچىسىگە
ئېرىشىش ئۈچۈن ئوغلىنىڭ ئىسمىنى ئۇنىمىغىنىغا قارىماي يېلىنىپ يۈرۈپ
قىيۇم توختىغا ئۆزگەرتتى. قىيۇم توختى بىلەن كېرەم توختىلار قىسقا بىر
مەزگىل خۇددى بىر ئاتا-بىر ئانىدىن تۇغۇلغان بىر قورساق ئاكا-ئۇكىلار-
دەك ئىناق بولۇپ كەتتى. ئايىسخان ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئىككى ئەردىن
قالغان بىساتىنى يىغىپ سېتىپ توختى قۇتلۇق بىلەن بىرگە سوۋېت

ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىشىنىمۇ، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ ھەج قىلىپ كېلىشىنىمۇ ئويلاپ باقتى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئوي-خىيالى بىلەن خۇشاللىقى ئۇزاققا بارمىدى. توختى قۇتلۇقنىڭ يۈرەك سانجىقى ئاغرىقى قوزغىلىپ ئۇشتۇمتۇت ۋاپات بولۇپ كەتتى. قېيۇم توختى ئۆگەي ئاتىسى توختى قۇتلۇقنىڭ داۋالىنىشقىمۇ ئۇلگۈرەلمەي ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆگەي ئۆكىسى كېرەم توختىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. ئاچچىقىغا پايلىمىغان كېرەم توختى نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغىنىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىرغى-زىستان جۇمھۇرىيىتىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاتا جەمەت تۇغقانلىرىنىڭ ھايات ئىكەنلىك خەۋىرى كەلدى، نىيەت بەزىدە ئەمەلگە ئېشىپمۇ قالىدۇ. ئارقىدىنلا فرۇنزى شەھىرىدىكى ئاشۇ تۇغقانلىرىدىن چاقىرتىلغان ۋىزا كېلىپ قالدى. ئۇ ئاخىر ئۆزىگە بۆلۈپ بېرىلگەن ئازغىنا تەئەللۇقاتىنى ئېلىپ مەرھۇم ئاتىسىنىڭ تۇغقانلىرىنى ئىزدەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتتى. قېيۇم توختى بولسا يېزا ئاكتىپى، گۇڭشېغا بىۋاستە قاراشلىق خەلق ئەسكىرى بولۇپ چېگرىغا ئانچە يىراق بولمىغان بۇ رايوندا ئاپىسى ئايىسخان بىلەن قالدى.

چېگرىغا يېقىن جايلار قاتتىق تەكشۈرۈلەتتى. پومېشچىك قالپىقى بارلارنىڭ بۇ يەرلەرگە كېلىشى قاتتىق مەنئى قىلىنغان ئىدى. ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچى قالپىقى بارلارنىڭ، تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرەش قىلىنغان گۇمانلىق كىشىلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ خەلق ئەسكەرلىرى بۇ يەرلەرنى نۆۋەت بىلەن كېچە-كۈندۈز چارلايتتى.

بۈگۈن قېيۇم توختى قاتارلىق ئۈچەيلەن يۈرۈش مەنئى قىلىنغان جايلارنى چارلاۋېتىپ، كۆتۈلمىگەندە ئاۋارە چىراي، خۇددى تۈرمىدىن قېچىپ چىققان جىنايەتچىگە ئوخشاپراق قالغان، لېكىن ھېچقانداق قور-قۇش ئالامىتى بولمىغان تەلەيخاننى كەڭ ئوچۇقچىلىقتا ئۇچراتتى. مانا ئۇ ئۆزىچە ”مۇھىم چەت ئەل ئىشپىيونى“ دەپ گۇمان قىلغان تەلەيخاننى ئاپتومات بىلەن ھەيۋە قىلىپ دۆشكەللەپ ئېلىپ مېڭىۋاتىدۇ. ئۇ ئۈرۈمچى-دىكى ئۆزىدىن بىر ياش چوڭ ئاچىسى ھاشىخاننىڭ قېيىن سىڭلىسىنى

—يەنى باتۇر قادىرنىڭ سىڭلىسىنى ئېلىپ كېتىپ بارغانلىقىنى ئۇقمايتتى. ئاچىسى ھاشىخان ئۇرۇمچىدە ئاشلىق مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاشلىق ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ ھە-ھۇ دەپ تېپىشتۇرۇشى بويىچە باتۇر قادىرغا ياتلىق بولدىغان چاغدا ئالدىراشلىقتا تويىغا ئۇلارنى ۋاقتىدا ئېيتىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. مەسلىھەتلەشمەيلا توي قىلغانلىقىنىڭ ئۆزى ھاشىخانىنىڭ ئاپىسى ئايىسخان بىلەن ئۇكىسى قېيۇم توختىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن ئىدى. ئۇلار ھاشىخانىنى قاتتىق ئەيىبلەپ: ”ئۇ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، بىزدىن بىسوراق توي قىلىۋاپتۇ، بىزگە ھېچقانداق مەسلىھەتى بولمىغان بۇ تويىغا قايسى يۈزىمىزنى كۆتۈرۈپ بارىدىكەنمىز؟“ دەپ بارماي قويىدى. باتۇر قادىر بىلەن ھاشىخان توي قىلغاندىن كېيىن ھاشىخان نۇرغۇن قېتىم خەت-چەك يازغان بولسىمۇ، كەلگەن-كەتكەنلەردىن سۆز ئېيتىپ بەرگەن، خالتا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، قېيۇم توختى ئاچىسىغا قاتتىق قېيداپ، سۇغا چۆككەن تاشتەك جىم يۈرۈۋەردى. شۇڭا ئۇ ھاشىخانىنىڭ يولدىشى باتۇر قادىرنىمۇ، قېيىن سىڭلىسى تەلەيخانىنىمۇ بىلمەيتتى.

—تېز ماڭ،—دېدى مىلتىقىنى دىۋەيلەپ خۇددى ئاتىدىغان ئەلپازدا ھەيۋە قىلىپ قېيۇم توختى. تەلەيخان كەينىگە بىر قارىۋالغۇچە مۇرىسىگە ئاپتوماتنىڭ قوندىقى تەگدى—تەلەيخان مۇرىسىنى تۇتقىنىچە ئالدىغا يىقىلىپ چۆشكىلى تاسلا قالدى. غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ، چىرايى تاتارغان تەلەيخان ئىلاجىسىز زورۇقۇپ قەدىمىنى تېزلىتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار بىر ھازا يول يۈرگەندىن كېيىن ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان مەھەللىنىڭ بىر قەۋەتلىك ئادەتتىكى قاتار، بىر بىرىگە تۇتاشقان كونا ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. تەلەيخانىنى ئۇرغان ھېلىقى قوپال، تەمبەلرەك كەلگەن قېيۇم توختى ئالدىراپ، بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى چەكمەيلا قىيا ئاچتى ۋە بىرقانچە قېتىم ئىشلەتكەنلىكى ئۇچۇن ئۆزىگە ياد بولۇپ كەتكەن سۆزنى دەپ مەقسىتىنى ئۇقتۇردى:

—دوكلات، تۇەنجاڭ، بىر نەپەر سوۋېت ئىشپىيونىنى تۇتۇپ كەلدۇق.

—تۇرۇپ تۇرۇڭلار.

—تەلەيخان ياندىكى ئۆيدە تۇرۇپ بۇ سۆزلەرنى غۇۋا ئاڭلىدى.

ئۆي ئىچىدىكى تېلېفون ئاۋازلىرىمۇ بىلىنەر-بىلىنمەس ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەمما كەلگەن تېلېفوننىڭ مەزمۇنىنى بىلگىلى بولمايتتى. قېيۇم توختى ئۇنى بىرەر مەخپىيلىكنى بىلىپ قالمىسۇن، دەپ ياندىكى ئۆيگە سولاپ قويۇپ، ئىشكىنى ھەم يېپىۋەتتى.

ئۇلار تەلەيخاننى ئۆز ئالدىغا ھەدەپ سوراق قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇرۇك رەڭلىك چاپىنىنى ئۇنىڭ قولىدىن سىلكىپ تارتىۋالدى ۋە يانچۇقلىد-رىنى ئاختۇرۇشقا كىرىشتى. بىرەر ھۆججەت چىقىپ قالار، دەپ ئويلىدى بولغاي، ھەممە يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ چىقتى. چاپان يانچۇقىدىن قاچان سېلىپ قويغانلىقى، بىر كىچىك كونا كىنىشكا چىقتى. بۇ باسما زاۋۇت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىق كىنىشكىسى ئىدى. ئاق-قارىنى بىرئاز پەرق ئېتىدىغان خەلق ئەسكىرى لو ۋىنچى كىنىشكىدىكى بىر سۈرەتكە، بىر تەلەيخانغا قاراپ، باياتىن ئۇنىڭغا يان قورال تەڭلىگەنلىكىگە بىر ئاز ئوڭايسىزلاندى بولغاي، قېيۇم توختى بىلەن ۋاڭ دويىنى باشلاپ، كىنىش-كىنى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. سىرتتا ئۇلارنىڭ نېمىلەرنىدۇر پىچىر-لاشقىنى، قېيۇم توختىنىڭ قارشى ئاۋازى بىلىنەر-بىلىنمەس ئاڭلىناتتى.

بۇ — قاماقخانا ئەمەس، ئادەتتىكى خەۋەرلىشىش-ئىش بېجىرىش ئۆيى ئىدى. تەلەيخان ئۆزىنى ئوڭشاپ، ئۈستەلگە يۆلەنگەن ھالدا ياغاچ ئورۇن-دۇقتا ھېچقانداق قورقۇنچ ئالامىتى يوق خاتىرجەم ئولتۇردى. ئۆينىڭ تاملىرىغا ھوشيارلىقنى ئاشۇرۇشقا دائىر رەسىملەر ئېسىلغان، ئۇدۇلدىكى تامغا داھىيلارنىڭ رەسىمى ئېسىلغان بولۇپ، چەتتىكى بىر رەسىم ئورنى بوش قالغان، رەسىم ئىزى، رەسىم جازىسى ئورنىتىشقا قېقىلغان مىخ تۆشۈكلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تەلەيخان ھەممە ياقنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈردىيۇ، كۆڭلى پەرىشان بولۇۋاتقىنى ئۈچۈن ئۆي كۆرۈنۈش-لىرىگە ئارتۇق دىققەت قىلمىدى. ئۇ بايىقى ئورۇندا نىكىتا سېرگېيېۋىچ خرۇششېۋنىڭ سۈرىتى بولۇپ، ئۇ سۈرەتنىڭ نېمە ئۈچۈن ئېلىۋېتىلگەنلىد-كىنى ئۇ بىلمەيتتى. تېخى تۈنۈگۈنلا ماۋ زېدۇڭ بىلەن خرۇششېۋنىڭ بىللە چۈشكەن سۈرىتى چاپلانغان تامدا ھېچنېمە يوق. تەلەيخاننىڭ نەزەرىدە خرۇششېۋنىڭ 1959-يىلى جۇڭگوغا كەلگىنىدە چۈشكەن سۈرەتلىرىنىڭ

تامدىن ئېلىۋېتىلگەنلىكىنى ئويلاشقا ۋاقتى يوق. ئۇنىڭ مېڭىسىدە نە
خەلقئارا ۋەقەلىكلەر بولسۇن؟ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بولسا ئادەملەر ئارىسىدا،
بولۇپمۇ ئاپىسىنىڭ، ئاكىسى باتۇر قادىرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ قاتتىق
ئوڭايسىزلىنىۋاتقان ئەڭ چوڭ ئالدانغانلىق بىئەپ تەقدىرىنى قەيەرگە
قويۇش كېرەك، دېگەن مەسلە تۇراتتى. ئۇنىڭ تەقەززا بولۇپ تۇرغىنى
قانداق قىلىپ بولسۇن، ئاپىسىنىڭ يېنىغا قايتىۋېلىشلا ئەمەس، ئاپىسىنىڭ
يۈزىگە قانداق قاراش، بەختسىز ھاياتىدىكى يېقىمسىز ۋەقەلىكلەر توغرىلىق
نېمە دەپ جاۋاب بېرىش كېرەك، دېگەن مەسلە ئۇنىڭ مېڭىسىنى چۇلغى-
ۋالغان ئىدى. ”مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا“ دېگەن
ماقال بار. ئاپام ھەرقانچە خاپا بولغان تەقدىردىمۇ مەن بالىسى بولغىنىم
ئۈچۈن ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا-ئاستا ئۇنتۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.
مەن بەرىبىر كۆڭلىنى ئېلىۋالىمەن“ دەپ ئويلىدى ئۇ ياغاچ ئورۇندۇقتا
ئولتۇرۇۋېتىپ.

ئىشىك ئاۋازسىز دېگۈدەكلا يېنىككىنە ئېچىلدى. سىرتتىن سالاپەت-
لىك، ئۆزىنى تۇختاتقان تەرجىمان رازاق ھوشۇر كىرىپ كەلدى. ئۇ
شىمالىي شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن خىزمەت تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى
بولۇپ، بۇ ئۆمەككە ئالتايدىكى ھەربىي قىسىمدىن يەرلىككە ئالماشقان
شۆي خەيلۇڭ يېتەكچىلىك قىلاتتى. تەرجىمان رازاق ھوشۇر قاتارلىقلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ خىزمەت تەكشۈرۈش ئۆمىكى ھەرقايسى جايلاردىكى
خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ، بىرقانچە يېڭى مەسىلىلەرگە يولۇققاچقا، ئۆمەك
باشلىقى لاۋشۆي ناھايىتى ئالدىراش ئىدى. تەلەيخاننى يالاپ ئېلىپ
كەلگەن قىيۇم توختى قاتارلىقلار ئالدى بىلەن شۆي تۇەنجاڭغا دوكلات
قىلىۋىدى، يۇقىرىغا خىزمەت دوكلاتى تىزىسى يېزىۋاتقان ئېغىر بېسىق،
تەمكىن شۆي خەيلۇڭ ئالدىراش بولغانلىقتىن تەرجىمان رازاق ھوشۇرنى
چاقىرىپ، ئۇنىڭ يۈرەكلىك ھالدا بىر ياقلىق قىلىشىنى بۇيرۇدى. رازاق
ھوشۇر تەرجىمە قىلىشقا تېگىشلىك بىرمۇنچە ماتېرىياللارنى رەتلەپ، تەر-
جىمە قىلىپ بولغانلىرىنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈشنى كېيىنگە قالدۇردى.
ئۇ ئىشخانىسىدىن چىقىپ، ”سوۋېت ئىشپيونى“ دەپ تونۇلۇپ يالاپ

ئېلىپ كېلىنگەن ئايالنى كۆرۈپ بېقىش، ئەھۋال ئىگەللەش ئۇيىدا تەلەيخاننى سولاپ قويغان ئۆيگە كىرگەن ئىدى. ئۇ تەلەيخاننى كۆرۈپ، ھەيران قالغان ھالدا بىر مىنۇتچە گەپ قىلالماي دۇدۇقلاپ قالدى. ئۇ تەلەيخاننى، ھەقىقەتەن چىن كۆڭلىدىن ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ خېلى بىرمەزگىل قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان تەلەيخاندىن ئۈمىد ئۈزەلمەي ئاۋارە بولۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئۇزۇندىن بېرى ساقلاپ كەلگەن سۆيگۈ ئەقىدىسىنىڭ تۈرتكىسىدە بەرگەن توي قىلىش تەكلىپى تەلەيخاننىڭ قوپاللىق بىلەن رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. بۇ چاغدا ھاشىخان قېيىن ئاپىسى رازىخاننى ۋە قېيىن سىڭلىسى تەلەيخاننى يەكلەپ، ئۇلارنى ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلاپ، قاراشەھەرنىڭ باغراش كۆلىگە ئانچە يىراق بولمىغان قارىبۇلاق يېزىسىدىكى تاغىسىنىڭ قىزى ئايشەمخاننى بالا بېقىشقا ئەكىلىۋالغان ئىدى. رازاق ھوشۇر تەلەيخاننىڭ قوپال رەددىيىسىگە ئۇچراپ خىجىلچىلىقتا ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي ئايشەمخان بىلەن ئانچە تارتىنىشىپ تۇرمايلا توي قىلىۋالدى. مانا، كۆز ئالدىدا بۇرۇن ئۆزىنى رەھىمسىز ھالدا قىلچە مەنسىتمىگەن تەلەيخان تۇرىدۇ. ئۇ بۇرۇن تەلەيخاننى نەقەدەر ياخشى كۆرگەن-ھە؟ ئۇ تەلەيخاننىڭ بۇرۇن ئۆزىنى مەنسىتمەي بىرقانچە يىگىتلەر ئالدىدا ”مەندىن باشقا سىزگە تېخىچە بىرەرمۇ لايىق چىقمىدىمۇ؟“ دەپ دۇق قىلغىنىنى ئەسلىگىنىدە ھازىرقى ئوڭايسىز ھالەتتە تۇرغان تەلەيخانغا ھەرنېمە دېسە ھەقلىق ئىدى. لېكىن رازاق ھوشۇر دوستى باتۇر قادىرنىڭ يۈزىنى دەپ، بىچارە ھالەتتە ئوڭايسىزلىنىپ ئولتۇرغان تەلەيخانغا بىرئازمۇ يامان گەپ قىلىشنى خالىمىدى. رازاق ھوشۇر ئۆزىگە تونۇش بولغان تەلەيخاننى جۇڭگو-سوۋېت چېگرىسىغا يېقىن بۇ جايدا مۇنداق زەئىپ، روھىي چۈشكۈن ھالدا ئۇچرىتىپ قالارمەن، دەپ ئويلىغان ئەمەس. ئۇ بىرەر ئىشقا ھەيران قالسا ياكى مېڭىسىدە بىرەر يېڭى پىكىر تۇغۇلسا چاپىنىنىڭ مەيدە يانچۇقىنى ئوڭ قولىدا سىلاپ تۆۋەنگە چۈشۈرەتتى. رازاق ھوشۇر مەيدە يانچۇقىنى ئالقىنى بىلەن سىلاۋېتىپ، ھېلىلا خەلق ئەسكىرى قىيۇم توختى قاتارلىقلار نەزەربەنت قىلىپ يالاپ ئېلىپ كەلگەن تەلەيخاننىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن

بىرىلگەن ئەزالىق كىنىشكىسىنى ئىسىگە ئالدى-دە، ئوڭ قولىنىڭ بىر جۈپ بارمىقىنى قايچا قىلىپ مەيدە يانچۇقىدىن سۇغۇرۇپ ئالدى. رازاق ھوشۇر ئۆزىنى ئىنتايىن پاكىز تۇتقان، ساقال-بۇرۇتلىرىنى ئالغان، بۇ كۆڭلەكتە كاستۇم كىيىسە كىشلەرگە غەيرىي كۆرۈنىدىغانلىقى ئۈچۈن تۆت يانچۇقلۇق ئادەتتىكىچە كۆل رەڭ كادىرلىق چاپىنى كىيگەن ئىدى، كۆل رەڭ سارجىدىن تىكىلگەن شەپكىسى ئۇستا ساتىراش ئەتىگەن ياساپ قويغان قارا چېچىنى ئارانلا يېپىپ، ئۇنى خۇددى توي قىلىش ئالدىدا تۇرغان ياپياش يىگىتتەك كۆرسىتەتتى. شۇڭا ئىغىر روھىي چۈشكۈنلۈككە ئۇچراپ ئۆزىنى يوقاتقانلىقىغا قارىماي ئۆزىنى خاتىرجەم كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتقان تەلەيخان ئۇشتۇمتۇت ئۆز كۆز ئالدىدا پەيدا بولغان روھى كۆتۈرەڭگۈ رازاق ھوشۇرنى كۆردى.

—سىز تەلەيخانغۇ دەيمەن...

—سىز...سىز...—تەلەيخان بۇ تاسادىپىي ئۇچرىشىشتىن ھاڭ-تاڭ قىلىپ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى-يۇ، ئاغزىغا گەپ كەلمىدى.

—مەن ئاكىڭىز باتۇرنىڭ دوستى زاراق بولىمەن. ئۇنتۇپ قالمىغانسىز. مەن تونۇگۈن خىزمەت تەكشۈرۈش ئۆمىكى بىلەن بىللە كېلىشىم. ئاپىڭىز، ئاكىڭىز ۋە پۈتۈن تۇغقانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى مەشەدە تۇرسا، سىزنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىڭىزنى ۋە ئاپا ۋە ئاكىڭىزنى، تۇغقانلىرىڭىزنى تاشلاپ، چەت ئەلگە چىقىپ كېتىمەن دەپ قىلغان سەپىرىڭىز توغرا ئەمەس. خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر ئىككى ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا خىلاپ، سىزگە ئەڭ ياخشى مەسلىھەت: دەررۇ ئۆرۈمچىگە، ئاپىڭىزنىڭ يېنىغا قايتىڭ،—بۇغداي ئۆڭلۈك رازاق ھوشۇر مەيدە يانچۇقىدىن باياتىن ئالغان تەلەيخاننىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىقى كىنىشكىسىنى ئوڭايسىز ھالەتتە تۇرغان تەلەيخاننىڭ يوپۇرماقتەك تىترەپ تۇرغان ئوڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

تەلەيخان نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. رازاقىغا ئۇ نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ ئىككى قېتىم مۇھەببەت خېتى يازغاندا، چىرايىنى تۇرۇپ ئالايغان ئەمەسمىدى؟ ئىككىنچى قېتىم شېئىر يېزىپ سۇنغاندا ئالمىغانلىقى

ئۈچۈن يان يانچۇقىغا سېلىپمۇ قويغان. ئۇ شېئىر مانا ھېلىمۇ ئېسىدە تۇرۇپتۇ:

قىلمىدىڭ گۈلۈمگە قىلچە ئېتىبار،
تۇتساممۇ ئالمىدىڭ—مەيلى ئىختىيار.
سېنىڭ ھەرنېمەڭدىن ئەڭ چىرايلىقى
قالدى ياخشى خۇلقىڭ بولۇپ يادىكار.

”مەندەك بىر قەدىرسىز قىزغا بۇ شېئىر ئۆز جايىدىلا ئىسراپ بولۇپ كەتكەن ئىكەن. زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل، باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس، دېگەن مۇشۇ-دە. ئۇتتۇرا تېخنىكومدىكى قىز دوستلىرىمغا مەسلىھەت سېلىدۇقىدىم، تووا، يىگىت چىقمىغاندەك مۇشۇ قېرى يىگىتنىمۇ ئېرىم دەپ سۆرەپ يۈرەمسەن؟ دېگەن ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن مەندىن چوڭراق. يېشى چوڭ بولسا نېمە بوپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسام بوپتۇكەن. چوڭ يىگىلىپتىمەن. ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە چوڭ يىگىلىش دېگەن شۇ ئىكەن...“

رازاق ھوشۇر ئېغىر كۆڭلىدە قالغان تەلەيخانغا ئاكسى بىلەن بۇرۇندىن تارتىپ ياخشى ئۆتۈۋاتقانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەينى ۋاقىتتىكى مۇھەببىتى يۈزىسىدىن ئىچ ئاغرىتىپ ئارامسىزلانغان قەلبىگە تېگىپ كېتىدىغان سۆز قىلمىدى. ئۇ: ”قايتىپ كېتىدىغانغا پۇلىڭىز يېتەمدۇ، ياردىمىم كېرەكمۇ؟“ دەپ سورىماقچى بولۇپ تۇراتتى. بىرسى سىرتتىن كىرىپ ئىشخانىدىن چاقىرتقانلىقىنى ئېيتتى.

تەلەيخان غەيرەتلىنىپ رازاق ھوشۇر بىلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ رازاق ھوشۇردىن ”قايتسام بولامدۇ؟“ دەپ سورىماقچى ئىدى، رازاق ھوشۇر ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم ئاپىسىنىڭ يېنىغا، ئۈرۈمچىگە قايتىش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىپ ئالدىراش چىقىپ كەتتى.

ئۈرۈمچىگە قانداق قايتىش كېرەك؟ بۇ ”قورۇق قاقشال بولۇپ قالدۇق، ئوتتۇنچى ئاپىرىپ ساتسۇن“ دېگەننىڭ ئۆزى-دە. يېنىدا پۇل

تۈگۈل، ئاشلىق بىلتىمۇ يوق، ”ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ“ دەپ ئىشەنگەن ئادىمى، سۆيۈملۈكى ئالىكسىي ھەممىنى سۆپۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن، رازاق ھوشۇردىن بىرنېمە سوراش ئەپسىز. ”توشقاننى قومۇش ئۆلتۈرەر، ئادەمنى نومۇس“ دېگەن گەپ بار. تەلەيخان ياراتمىغان ئادەمدىن ھازىر بىرنېمە سوراشنى راۋا كۆرمىدى. ئۇ بۇرۇن رازاق ھوشۇرنى كۆزگە ئىلمىغان. بىرنېمە سورىمايمۇ خىجىلچىلىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك ھالەتكە كەلگەن تۇرسا، قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن. دۇنيادا نېمە قاتتىق؟ يوقسۇزلۇق قاتتىق. تەلەيخان ئۆزى تېپىۋالغان يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى ئىچىدىن چىقارماي، ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئۆيىدىن ئاستا چىقتى.

—خەير، خوش، يەنە كۆرۈشەرمىز، ئاپىڭىزغا، ئاكىڭىزغا سالام دەڭ.

—رەھمەت سىزگە، —دېدى تەلەيخان ئۆيىدىن چىقىۋېتىپ. ئۇ قاتار ئۆيلەردىن بىرئاز يىراقلىشىپ ئوچۇقچىلىققا چىقتى.

تەلەيخاننى قايسى تۇرمىگە ئەۋەتىدىكىن، دەپ ئويلاپ سىرتتا تام تۈۋىدە خۇددى پوستا تۇرغاندەك ئۇ ياققا-بۇ ياققا ئېغىر قەدەم بېسىپ، ئايلىنىۋاتقان قېيۇم توختى: ”خەير، خوش،...“ دېگەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ھاڭ-تاڭ قالغىنى ھالدا ۋاڭ دوبى بىلەن لو ۋىنچىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلار رازاق ھوشۇرنىڭ تەلەيخاننى ئۈزىتىپ بولۇپ، ئۆزلىرىگە گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۈن-تىنسىزلا مېڭىپ يىراقلاپ يول چېتىدىكى دەرەخزارلىققا كىرىپ كەتتى.

ئۇلار ئىككى كىشى ئارانلا ماڭغىلى بولىدىغان دەرەخزارلىقتىكى چىغىر يولدا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ سۆزلىشىپ ماڭدى.

—ئۈرۈمچىدىن كەلگەن رازاق دېگەن ئادەم ھېچقانچە سوراق سورىمايلا قويۇۋەتكىنى نېمىسى؟ —دېدى ۋاڭ دوبى ئاپتوماتىنى مۈرىسىگە ئېسىپ ئۆزىگە ياندىشىپ كېتىۋاتقان قېيۇم توختىغا.

—ئاداش، بىز يە شۈي خەيلۇڭ دېگەن ئۆمەك باشلىقىغا دېمەپتۇق. ئەمدى دېگەننىڭ نېمە پايدىسى؟ —دېدى ئۇلارغا يۈگۈرۈپ يېتىشىۋالغان لو ۋىنچى.

—سوۋېت ئىتتپاقىغا چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنغان بىر ئايال ئىشپىيوننى تۇتۇپ ئېلىپ كەلسەك قويۇۋەتكىنىنى قارىمامسىلەر؟ بۇ ئىشنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش كېرەك،—دېدى قېيۇم توختى. ئۆزىنى سالماق تۇتقان رازاق هوشۇر قاراشەھەردىكى ئانا جەمەت تۇغقىنى ئايشەمخاننىڭ يولدىشى ئىـ ـكەنلىكىنى قېيۇم توختى بىلمەيتتى. تەلەيخان بىلەن قىزغىن خوشلاشقان بۇ تەرجىماننىڭ بۇرۇن ھەرھالدا ئۆگەي بولسىمۇ ئۆزىگە ئاكا ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى. قېيۇم توختى ”ئۇ ئايال ئىشپىيونمۇ-ئەمەسمۇ؟ بىز نېمىنى بىلىمىز؟ بىلمەي يالاپ ئېلىپ كەلگىنىمىز خاتا بولدىمۇ تېخى“ دەپ غۇدۇڭشىپ كېتىۋاتقان يېنىدىكىلەرگە غۇدۇرىغان پېتى كەينىگە قارىـ ـماي مېڭىپ كەتتى.

تەلەيخانمۇ ئىلاجى بار قەدىمىنى بارغانسېرى تېزلىتىپ رازاق هوشۇر بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان چاغدىكى خىجىلچىلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئالدىراپ ئالدىغا قاراپ كېتىۋەردى. رازاق هوشۇر بولسا تەلەيخاننى ئېچىنىـ ـغان هالدا ئۇزىتىپ بولۇپ، ئۇنى يالاپ ئېلىپ كەلگەن ئۇچەيلەن ئۆزىدىن يىراقلاپ كېتىپ قالغاندىن كېيىن شۇي خەيلۇڭنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. تەلەيخان بىر هازا ماڭغاندىن كېيىن قانداقتۇ كەينىگە قارىغۇسى كەلدىيۇ، رازاق نېمە دەپ قالاركىن، دەپ قارىيالمىدى. دۇنيادا بۇنداقمۇ تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىش ۋە ئادەمنىڭ يۈزىنى يەرگە قارىتىـ ـدىغان خىجىلچىلىق بولىدىكەن. ئۇ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ ئوڭايسىزلىنىپ مېڭىپ ئاخىر كەينىگە قارىدى. يىراقتا، يەنىلا قاتار-قاتار ئۆيلەرنىڭ يېنىدا ئىشخانىغا كىرىپ ئىشىنى تۈگىتىپ چىققان رازاق هوشۇر يالغۇز مەزمۇت ئۆرە هالدا تەلەيخانغا قاراپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ بىرەر سۆزى بارمىدۇ يا؟ ياق، ئەگەر بولسا ئاشۇ ساقلاپ قالغان بىرەر ئېغىز سۆزىنى ئېيتىشقا ئۇنى بىمالال چاقىرغان بولاتتى. ئىككىنچى قېتىم قارىۋىـ ـدى، رازاقنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. بەلكىم يەنە تېلېفون كەلگەندۇ؟ تەلەيخان ئۇنى ئويلا، بۇنى ئويلا، ئۇرۇك رەڭلىك چاپىنىنى بىلىكىگە ئارتىپ، نەگە بېرىشىنى بىلمەي، بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ ئالدىغا مېڭىۋەردى، ئۇ بايىقى رازاق هوشۇر كىرىپ كەتكەن قاتار ئۆيلەردىن

خېلىلا يىراقلاشقان ئىدى.

× × ×

تەلەيخان قاپقارا ماي يېيىتىلغان ئۇزۇن تاشيولغا چىقتى. بۇ شىمالغا سوزۇلغان ئاساسىي تاشيول ئىدى. بەشىنچى خوتتا كېتىۋاتقان قارا ماشىنىلار ئۇزۇنغا كەتكەن تاشيولدا شامالدەك ئۇچۇپ دېگۈدەك كېتىۋاتاتتى. تەلەيخان ھازىرقى نىيىتى بويىچە ئۇرۇمچىگە—ئاپىسىنىڭ يېنىغا يېتىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. ئەمما قانداق قىلىپ ئۇرۇمچىگە يېتىپ بېرىۋالغىلى بولىدۇ؟ ئۇ ئۇرۇمچىگە كېتىۋاتقان قارا يۈك ماشىنىلارنىڭ كەينىدىن كۆز ئۇزمەي قاراپ ماڭدى. ئېغىر يۈك بېسىپ كېتىۋاتقان قارا ماشىنىلارنىڭ ئۆزگە قىلچە تونۇشلۇقى بولمىغان شوپۇرلىرىدىن بىرەر رەھىمدىل ئۇيغۇر چىقىپ قالار، دېگەن ئۈمىدتە ئويغا كەلدى. ئۇ ئۇرۇمچىگە مېڭىۋاتقان قارا ماشىنىلارنىڭ بىرەرىنى يولنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ توسۇپ گەپ قىلىپ كۆرمەكچى بولدى.

يىراقتىن كونىراپ كەتكەن "ستالىن" (ZNC) ماركىلىق بىر ماشىنا غۇيۇلداپ كەلمەكتە. تەلەيخان "تەلىيىمگە يارىشا مېنى سېلىۋالار" دەپ ئويلاپ يولنىڭ مەركىزىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان قارا ماشىنىغا قول ئىشارىسى قىلدى. ماشىنا بەختىگە يارىشا ئۇن نەچچە مېتىر يىراقلىقتا گۈرۈلدىگەن پېتى ئاستا توختىدى-كابىنكا ئىچىدىن قويۇق تاماكا ئىسى كۆتۈرۈلدى. ئاندىن ئوچۇق دېرىزىسىدىن يۈز-كۆزى كۆمۈردەك قارايغان، قوللىرى ماي يۇقى بىر شوپۇر بېشىنى چىقىرىپ، كەينىگە تەلمۈرۈپ قارىدى. ئەگەر ماشىنىنى ئايال كىشى ئەمەس، بىرەر مۇساپىر ئەركىشى توسقان بولسا مۇنداق تېز توختىشى ناتايىن ئىدى. تەلەيخان ماشىنىنىڭ توختىغىنىغا ئىنتايىن خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن يايراپ كەتتى. ئۇ يىرتىلىپ تۆكەي دەپ قالغان يارىشىملىق كونا تانكىستكا ئايىغىنىڭ تاشيولدا ئۇرۇلۇپ-چۇۋۇلۇشىغا قارىماستىن كابىنكا يېنىغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن يۈگۈرۈپ كەلدى. "ھېلىمۇ ياخشى، ئۇيغۇر ئىكەن" دېدى ئىچىدە ۋە خۇشاللىقىدا ھاسىراپ ئارانلا سۆز قىلالىدى:

—يولداش، مېنى ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ قويسىڭىز، ماشىنىڭىزغا چۈ-

شۇۋالسام...

يۈز-كۆزى كۆمۈردەك قارىيىپ كەتكەن قارا ماي يۇقى شوپۇرنىڭ ئاپئاق چىشى بىلەن پارقىراق مايغا تولغان كۆزى ئۇنىڭ تەلەيخاننى كۆرۈپ خۇشاللىنىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. تەلەيخان قاتتىق يۈگۈ-رۈشتىن ھېرىپ ھاسراپ چوڭ-چوڭ نەپەس ئالماقتا. ئۇنىڭ تۇخۇم سېرىقىدەك ساپسېرىق نېپىز پوپايكىسىنىڭ ئالدى ئوچۇق ياقىسى تۆۋەدىن كۆرۈنۈپ قالغان ئالمىدەك كۆكسىنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا سىنچىلاپ قاراۋاتقان شوپۇر دۇدۇقلاپ سۆز قىلدى.

—نەگە دېسىڭىز، شۇ يەرگە ئاپىرىپ قوياي. ئەمما سىزگە بىر تەلىپىم بار، ماقۇل بولامسىز؟

—نېمە تەلەپ ئۇ؟ راستىنى ئېيتسام مەندە ھازىر پۇل يوق، ئۇرۇم-چىگە بارغاندا قانچە پۇل دېسىڭىز تۆلۋېتەلەيمەن،—تەلەيخان شوپۇرنىڭ گويا ئۆزىگە يەۋالغۇدەك ئەسەبىيلىك بىلەن كۆز تىكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇپۇل-توپۇل ئېچىلىپ قالغان كۆكسىنى پوپايكىسىنىڭ ياقىسىنى تارتىپ يېپىۋالدى.

—سۆزىنى ياساپ-تۈزەپ ئېيتىشقا ۋاقتىم يوق، قىزچاق،—شوپۇر مەغرۇرانە ھالدا گېپىنىڭ ئاشكارىسىنى ئېيتتى،—مېنىڭ ئايالىم يوق، بويتاق مەن. ماڭا...

تەلەيخاننىڭ بايىقى خۇشاللىقى بىردىنلا شوپۇرغا غەزەپلىنىشكە ئۆز-گەردى،—يېشى قىرىقتىن ئاشقان، ماي يۇقى يۈز-كۆزلىرىنى ساقال-بۇرۇت باسقان خۇش چىراي كېلەڭسىز شوپۇر يەردە تۇرغان ھېلىلا كۈندەك ئېچىلىپ تۇرغان چىرايلىق ئايالنىڭ ئۆزىگە بىردىنلا ئالىيىپ نەپرەت بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى-دە، گېپىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرۈشكە جۈرئەت قىلا-لماي، قاتتىق ئوڭايسىزلانغان ھالدا مېڭىپ كەتتى. تەلەيخان يەنىلا مايلىق تاشيولدا يالغۇز پىيادە قالدى.

تەلەيخان ئۇدۇل مېڭىپ بىرەر سائەت ئۆتۈپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قالدى. پۇتى يولدا بولغىنى بىلەن مېڭىسى قايناپ تۇرغان پىكىر-ھېسلارغا بەنت ئىدى. ئۇ تاشيولنىڭ بويىدىكى بىر بۇلاق بويىغا كەلدى. بۇلاق

بېشىدا يوغان بىر تاش بولۇپ نۇرغۇن يولۇچىلار ماشىنا توختىتىغان ھامان شۇ بۇلاق بېشىغا كېلىپ سۇ ئىچىپ بولۇپ، ئاشۇ تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشكەن، بۇ بۇلاق سۈيى يولۇچىلارغا ئۇسسۇزلۇق، تاتلىق چاي بولغان. تەلەيخانمۇ مانا بۇلاق بېشىغا كەلدى. تەرلەپ كەتكەن يۈز-كۆزى-نى سوغۇق سۇدا يۇيۇپ راھەتلەندى. ئېگىز تاغنىڭ يۈرىكىدىن تاش-قۇم قاتلىمىنى يېرىپ سىرغىپ ئۇرغۇپ يىغىلىپ چىققان سوغ سۇ شىرقىراپ تۆۋەنگە تىنىمسىز ئېقىپ تۇراتتى. ئۇ ھېلىقى تاش ئۈستىدە تەنھا ئولتۇرۇپ بۇلاق سۈيىگە تولۇپ تاشقان ھەۋەس بىلەن قارىدى. بۇلاق سۈيىنىڭ بىرقانچە ئېقىش يولى بولۇپ، ھازىرقى يولى تۆۋەن تەرەپكە، يانتۇ، ئەگمەچ تولغىنىپ چۈشۈپ كەتكەن. بۇرۇنقى ئېقىش يولى ئۇدۇل بولۇپ، ئۇ ئېقىندا ھازىر بىر يۇتۇممۇ سۇ يوق. تېخى بۇلاق سۈيى يان تەرەپتىنمۇ ئاققان. ھازىر بولسا ھەر ئىككىلىلا ئېقىندا سۇ يوق، قۇرۇق. تەلەيخان ھەتتا مۇشۇ كىچىككىنە بۇلاق سۈيىنىڭمۇ بىرقانچە ئۇن يىللار داۋامىدا يۆتكىلىپ-يۆتكىلىپ ئاققانلىقىنى، ئېقىن يولىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ، تىنىمسىز ئاققانلىقىنى بايقىدى. ”كىچىككىنە بۇلاقمۇ يول تېپىپ ئېقىشنى بىلگەن يەردە مەن نېمە ئۈچۈن يول تاپالماي يولدا پىيادە تەمتىرەپ يۈرىمەن؟...“ ئۇ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇزۇن، پايانسىز مايلىق تاشيولغا قارىدى. ئۈزلۈكسىز سۇ ئۆرلەپ تۇرىدىغان تىنىمسىز بۇلاق بېشىدا ئۇ چوڭقۇر خىيالغا كەتتى. ياشلىق تۇرمۇشىدىكى كىچىككىنە خاتالىقمۇ ئادەم-نى نۇرغۇن بەختسىزلىكلەرگە مۇپتىلا قىلىشى مۇقەررەر. تەلەيخان يەنىلا رازاق ھوشۇرنى ئەسلىدى: ئۇ رازاق ھوشۇر بىلەن تۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە چىققان يىلى ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە بويىغا يېتىپ قالغاندا تونۇشقان. ئۇ چاغلاردا رازاق ھوشۇر ئۆزىگە كۆپ يولۇقاتتى. ئۇ ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە بىرەر زۆرۈر ئىشى بولمىسىمۇ بېرىۋالاتتى. ئۇ تەلەيخانغا شۇ يىللىرى شۇنچە يېقىنلىششىنى ئويلىغان بولسىمۇ، تەلەيخاننىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالالمىدى. رازىخان رازاق ھوشۇرنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرەتتى، بىر كۈنى ئۇ رازاق ھوشۇرغا قىزى تەلەيخان توغرىلىق كايىپ: ”كىچىك بالا نېمە دېگەن ئەقىلسىز؟ بىر ئورۇس بالىسىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئەگىشىپ يۈرىدۇ، ھەر

شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇنى باشقۇرۇش تەس بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، گەپ قىلسام قىزىم گېپىمگە كىرىدىغاندەك ئەمەس" دەپ ھالىنى ئېيتتى. رازى-خاننىڭ بۇ كايىشىنى ئاڭلىغان رازاق ھوشۇر ئاخىر تەلەيخانغا بولغان ئەقىدىسىنى، ئۆزۈندىن بىرى قەلبىدە ئۇرغۇپ تۇرغان مۇھەببىتىنى توخ-تاتتى. كۆڭلى بىراۋغا چۈشۈپ قالغاندا ئىككىنچى بىراۋنىڭ سۆيگۈ ئەقد-دىسىنىڭ خارلىنىشى مۇقەررەر. كونىلارنىڭ: "مەندىن ياخشىنى تاپساڭ، ئۇنتۇپ قالارسەن، مەندىن ياماننى تاپساڭ ئەسكە ئالارسەن" دېگىنى نەقەدەر ئورۇنلۇق-ھە؟ ئۇ رازاق ھوشۇرنى بۇ يەردە ئۇچرىتىشتىن بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ توي قىلىپ يېڭىلگەنلىكىنى ئېقرار قىلىپ ئۆتكۈنگەن ئىدى. ھازىر ئۆزىگە بۇرۇن ئەقدە باغلىغان رازاق ھوشۇرنى ئەسلىمەكتە.

تەلەيخاننىڭ كەچۈرمىشلىرى نۇرغۇن ئىدى، بۇلاق بېشىدا ئۇ بېشىد-دىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەسلەپمۇ تۈگىتەلمەيتتى. رازاق ھوشۇرغا مۇشۇنداق بىچارە، زەئىپ، روھىي چۈشكۈن ھالەتتە كۆرۈنۈشمۇ ھاڭغا دومىلاپ چۈشۈپ ئۆلگەن بىلەن باراۋەر ئىدى. كىرىۋالاي دېسە، يەر قاتتىق، ئاسمانغا چىقىۋالاي دېسە، قانىتى يوق. ئۆز بەختىنى ئۆزى يوقاتقان بىر ئاجىزە. ئۇ بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ ئاخىر بۇلاق بېشىدىن ماي يېپىتىلغان تاشيولغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئويلايتتى: "مۇشۇ ھالىتىم بىلەن ئاپامنىڭ يېنىغا قانداق بارىمەن؟ ئاكامنىڭ يۈزىگە قانداق قارىيالايمەن؟ ئاكامنىڭ يولدىشى ھاشىخان دېگەن بىرنېمە بىلەن ئاپامنىڭ زىددىيىتىمۇ ئاز ئەمەس؟ ئاپام ۋە مەن ئاكامغا بىھۇدە يۈك بولۇپ قالغانلى-قىمىز ئۈچۈن ئاكامنىڭ مەسلىھەتى بويىچە كېلىنى ۋە نەۋرىسى بار چوڭ ئۆيدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئايرىم ئۆي تۇتقان ئەمەسمۇ؟ ھازىر ئۇرۇمچىگە بارغىنىم بىلەنمۇ مېنى باسما زاۋۇت قايتا ئىشقا ئالامدۇ؟ ئاشلىق نورمىسى يېتىشمەيۋاتقان يەنە شۇ ئاكامنىڭ ئۆيىگە قايسى يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ بارد-مەن؟ ئەتراپتىكى خەق: بىر ئورۇسقا تېگىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ چىقىپ كېتەلمەي قايتىپ كەلگەن شەرمەندە ئايالنى كىممۇ خوتۇنلۇققا ئالار؟ دېمەسمۇ؟ تېخى باياتىنلا تونۇمىغان بىرى مېنى كۆرە-كۆرمەيلا "سوۋېت ئىشپىيونى" دەۋاتامدۇ؟ ھازىرقى نەق ئەھۋالنى

كۆزدە تۇتقاندا ئۇرۇمچىگە يېتىشىپلىشمۇ بىرگەپ. يانچۇقتا بىر پۇڭمۇ بولمىسا، نە ئاشلىق بىلىتى، ماڭا بىرلا يول قاپتۇ..“ — تەلەيخان ئۇرۇمچىدە چېغىدا ئۆزىدىن چوڭ بەزى ئاياللارنىڭ قانداق قىلغاندا تېز ئۆلۈۋالغىلى بولىدىغانلىق توغرىسىدىكى يېقىمسىز پاراڭلارغا داخىل بولغان ئىدى. بەزى ئاياللار: بوينىغا ئۇزۇلمەس ئىنچىكە سىرتماق سېلىپ ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىش ئۇسۇلىدا جان تېز چىقىدىكەن، دېسە، بەزىلىرى ماشىنا چاقى باش ۋە يۈرەكنى بېسىپ ئۆتسە جان ئۈزۈش ۋاقتى بىر مىنۇتقىمۇ كەتمەيدۇ، دېگەن ئىدى. تەلەيخانغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىدىغانغا نەدە ئارغامچا بولسۇن؟ ئۇ ماي يېيىتىلغان سېمونت تاشيولدا بەك تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى تاشلاش نىيىتىگە كېلىپ، ماشىنىلار ئۆتۈپ تۇرىدىغان تاشيول ئالدىغا كەلدى. تەلەيخان يەنە مۇنۇلارنى ئويلىدى: ئادەم ياششى، ئۆلۈۋالماسلىقى كېرەك. ھايات ئادەم ئۆلگەندە قايتا تىرىلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ھەممىدىن قەدىرلىك. ھەقىقىي ئادەم ئەڭ چىدامىلىقتۇر. ئۇ ئۇزاق ۋاقىت ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرد-ئەلەم ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە چىدىغان يەردە ئىككى-ئۈچ مىنۇتلۇق ئۆلۈمگىمۇ چىداشلىق بېرەلەيدۇ. بۇ چىداشلىق بىرشىنى بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم كونكرېت شارائىتتا ئوبيېكتىپ ھالدا ئۆزى خالاپ تاللىۋېلىشقا مەجبۇر بولۇشى مۇمكىن.

بۇ تاشيولدا بىر بولسا، ئەتىگەنلىكى، بىر بولسا چۈشتىن كېيىن قارا ماشىنىلار ئۆتىدۇ. باشقا ۋاقىتلاردا ئۆتىدىغان قارا ماشىنىلار ناھايىتى شالاڭ. يېقىنلا بىر يەردە تاشقى سودا ئىسكىلاتى بولۇپ، كىرگەن ماشىنىلار يۈك قاچىلاپ بولغاندىن كېيىنلا توختىماي مېڭىشى كېرەك ئىدى. شوپۇرلار يۈك قاچىلاشتىن بۇرۇن بېكەت ئاشخانىسىدا بەھوزۇر تاماقلىناتتى. ئىسكىلاتتىن ئانچە يىراق بولمىغان يول ئۈستىدىكى بېكەت ئاشخانىسىدىن چىقىدىغان شوپۇرلارمۇ ناھايىتى ئاز، ئۇلار بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرالمايتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يوغانباش كۆل رەڭ چوڭ ماشىنىلىرى گۈركىرەپ كېلىپ ئېغىر تېپتىكى پولات-تۆمۈر ماتېرىياللىرىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىنلا قاتتىق سىلكىنىپ مېڭىپ شىمالغا — سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ

كېتەتتى. ”ئازاد“ ماركىلىق ماشىنىلار ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ پولات-تۆمۈر ماتېرىياللىرىنى بېسىپ ئۈرۈمچىگە يول ئالاتتى. تەلەيخان ئۆمرىدە بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغان بولغاچقا، بۇ يەرنىڭ ھېچنېمىسىنى بىلمەيتتى. پەقەت بۇ تەرەپتىن ئۇ تەرەپكە ئۆتىدىغان ماشىنىلار ئاز، ئۇ تەرەپتىن بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقان ماشىنىلار بىرئاز كۆپرەك ئىكەنلىكىنىلا ھېس قىلىپ بولغان ئىدى. شۇڭا ئۆزىگە ئۆلۈم بەخش ئېتىدىغان بىرەر قارا ماشىنىنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن يېرىم سائەتتىن ئارتۇقراق كۈتتى. بۇ يېرىم سائەت ئۇنىڭغا يېرىم ئايدەك بىلىندى.

چىڭقى چۈش ۋاقتى ئۆتتى. قىزىپ كۈمۈش نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش غەربكە قايرىلىشقا باشلىدى. ۋاقىت توختاۋسىز ئۆتۈۋاتاتتى. ئەتىگەندىن بېرى ھېچنېمە يېمىگەن تەلەيخان ھارغىن كۆزلىرىنى يىراق تاشيولغا تىكىپ ئۆزىگە قاراپ مىدىرلاۋاتقان بىر قارا چېكىتنى كۆردى. بۇ چېكىت بارا-بارا قوڭغۇزدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى... ھە، مانا بىر قارا ماشىنا كېلىۋاتىدۇ. يالغۇز ماشىنا نېمانچە ئاستا ماڭىدىغاندۇ؟ بىر ھازا ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن پولات-تۆمۈر ماتېرىياللىرىنى بولۇشىچە باسقان بىر كونا ”ئازاد“ ماركىلىق ماشىنىسى ئىنجىقلاپ غىڭشىپ دىگۇدەك يېقىنلىشىشقا باشلىدى. ئەگەر بۇ ماشىنا شامالدەك تېز كېلىدىغان بولسا ئۆزىنى چاق ئالدىغا تاشلىسا شوپۇر توختىتىمەن دەپمۇ توختىتالمىغان بولاتتى. تەلەيخان بارلىق كۈچىنى يىغىپ ماشىنىنىڭ ئالدىغا—مېڭىۋاتقان توغرا يولغا يۈگۈردى-دە، يول ئۈستىدە دۈم يېتىۋالدى. تەلەيخان تاشيولغا چاپلىشىپ يېتىۋېلىپ ماشىنىنىڭ ئۆزىنى تېزرەك بېسىپ ئۆتۈشىنى كۈتكەنىنى بىلەن ئېغىر ماشىنا ئۆزىدىن ئىككى-ئۈچ مېتىر يىراقراق يەردە، گۈركىرەپ توختىدى.

—ئۆلىدىغان يەر تېپىلمىغاندەك، ماشىنام ئالدىدا ياتقىنىنى،—ماشىنا كابىنكىسىدىن بىر قېرى خەنزۇ شوپۇر سەكرەپ چۈشۈپ غودۇڭشىغان ھالدا ئۆلۈكتەك ياتقان تەلەيخاننىڭ ئالدىغا كەلدى،—مەن ھەيدىگەن بۇ ماشىنا ئادەم تۈگۈل بىرەر قوڭغۇزنىمۇ بېسىپ ئۆلتۈرۈپ باقمىغان، قانداق ئادەم بۇ، جاندىن تويغان بولسىمۇ تاشيولدا يېتىۋالغىنى نېمىسى؟

شوپۇر بېشىنى ئېچىگە تىقىپ مىدىرلاپمۇ قويمىغان يولدىكى گەۋدىگە ئېڭىشىپ قاراپ: ”ۋوي، بۇ بىر ئۇيغۇر ئايال ئىكەنغۇ؟“ دەۋەتتى. هاڭ-تاڭ قېلىپ. تەلەيخان شوپۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ: ”بۇ ئاۋاز ماڭا قانداقتۇ تونۇشتەكلا قىلىدىغۇ؟“ دەپ ئويلىدى ئىچىدە ۋە بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ شوپۇرغا قارىدى. يۈزى يۇمىلاق، يۇمۇق كۆز، ئوتتۇرا بوي، ئۇچىسىغا قارىغا قانتىسىدەك قاپقارا شوپۇرلۇق كىيىمى كىيگەن، پۈتۈن كىيىم-كېچەك-لىرى ماي يۇقى، تېنىدىن دەررۇلا بىنزىن گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرىدىغان رەھمىدىلرەك كۆرۈنۈشتىكى بىر شوپۇر، يەنى ليۇ خۇڭيۈەن تۇراتتى.
—بىزگە كۆمۈر چۈشۈرۈپ بەرگەن قاتناش شىركىتىدىكى ليۇ خۇڭ-يۈەن دېگەن شوپۇر سىزمۇ-ئەمەس؟
—هە، مەن شۇ، مەن شۇ،—دېدى شوپۇر لاۋليۇ ئورنىدىن تۇرۇ-ۋاتقان تەلەيخانغا ئەجەبلىنىپ قاراپ،—بۇ خەتەرلىك چېگرا رايونغا سىزنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى، نېمىشقا بۇ يەرلەردە يۈرىسىز؟ تېخى سىز بۇ تۈپتۈز يولدا كۈپكۈندۈزدە ئۆلۈۋالماقچىما؟
—بۇنى سورىماڭ، مەن بىر ئېغىز گەپ بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولالا-مايمەن.
—باياتىن بېكەت ئاشخانىسىدا رازاق بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ئىدىم. ئۇ تامىقىنى يەپ بولۇپ گەپ ئارىلاپ يولدا بىر ئادەم ماشىناڭنى توسۇپ قالغۇدەك بولسا ئېلىۋېلىڭ، دەپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى. بۇ چېگرىدا ئۇزاقراق سۆزلىشىش ئەپسىز. مەنمۇ ئېنىق سورىۋالماپتىمەن، يۈرۈڭ، ماشىنىغا چىقىڭ. ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتەي.
تەلەيخان تېخىچە بىر خىل گۇكىرەپ تۇرغان قارا ماشىنىنىڭ كابىنى-كىسىگە ئېسىلىپ ئاستا چىقتى. شوپۇر لاۋليۇ ھەم كابىنكىگە سول تەرەپتىن چەبدەسلىك بىلەن كابىنكىنىڭ ھەر ئىككى ئىشىكىنى ئېچىلىپ كەتمىسۇن دەپ قاتتىق ياپتى. كابىنكىنىڭ ماتېرىيال قويىدىغان يېرىدە ”خەلق گېزىتى“گە ئورالغان بەش-ئالتە موما تۇراتتى. لاۋليۇ ماشىنىسىنى ئاستا ھەيدەۋېتىپ، تەلەيخاننىڭ مومىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ”يەڭ“ دېدى. ۋە ئېسىقلىق تۇرغان سۇ قاچىسىنى كۆز ئىشارىسى-

دە كۆرسىتىپ قويدى. قورسىقىنىڭ ئاچلىقى ئادەتتىكى ئەھۋالدا تارتىنىش-تىن ئۈستۈن تۇردۇ. تەلەيخان ئەتىگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە ھېچنېمە يېمىگەن بولغاچقا، بۇ مومىلارنى بىردەمدىلا يەپ بولۇشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئاشلىقنىڭ كۈندىن كۈنگە قىس بولۇۋاتقانلىقىنى نانغا تەقەززا كىشىنىڭ قورسىقىلا ياخشى بىلەلەيدۇ. تەلەيخان بىردەمدىلا بىر مومىنى سوقۇۋەتتى. ئىككىنچى مومىغا قول ئۇزىتىشتىن ئاۋۋال شوپۇر لاۋلىيۇنى گەپكە سالدى. لاۋلىيۇ ئۆزىنىڭ شاڭخەيدە تۇغۇلغىنىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئەھۋالىنى ئۇ يەردىن-بۇ يەردىن سۆزلەشكە باشلىدى. لاۋلىيۇ تەلەيخاننىڭ بىر ئورۇس يىگىتى بىلەن بىرگە يۈرۈۋاتىدۇ، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ھەمىشە يولدا يۈرگەچكە تەلەيخاننىڭ ئىچكى دۇنياسى-دىن ئانچە بەك خەۋىرى يوق ئىدى. رازىخان بىلەن كۆرۈشۈپ قالغان چاغلاردا شوپۇر لاۋلىيۇ تەلەيخان توغرىلىق رازىخاندىن بۇ گەپلەرنى سوراپ يۈرۈش ئۆزىگە نىسبەتەن ئەپسىز ئىدى. توشۇيدىغان يۈك كۆپەيگەنسېرى لاۋلىيۇنىڭ مېڭىشى شۇنچە تېز، شەھەردە تۇرۇش ۋاقتى ئاز ئىدى. ئۇ تەلەيخاندىن بىرسىنىڭ ئۆزىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كەتمەكچى بول-غانلىقىنى، لېكىن چېگرىغا بارغاندا كۆز بويامچىلىق قىلىپ، ئۆزلىرىلا كېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ تەلەيخاننىڭ بىھۇدە قۇرۇق خىياللارغا بېرىلىپ، ئېغىر دەرىجىدە ئالدىنىپ قالغانلىقىغا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ماشىنىنى ھەيدەۋېتىپ ئويلاشقا باشلىدى: „بىچارە قىز قۇرۇق خىياللارغا بېرىلىپ، ئۆز ئاپىسىدىن، ئاكىسىدىنمۇ ئايرىلىشقا تاسلا قاپتۇ، تاشمۇ چۈش-كەن يېرىدە ئېغىر، دېگەن گەپ بار. تۇغۇلغان يۇرتىدىن ئايرىلىپ قانداق ياشىغىلى بولىدۇ؟ ھەي ئەخمەق قىز، تېخى زاۋۇتتىنمۇ ئايرىلىپتۇ. رازىخان قىزى تەلەيخاننىڭ بۇ يەرلەردە تەمتىرەپ، ئاۋارە بولۇپ يۈرگىنىنى ئاڭلىسا قانچىلىك ئازابلىنار؟ ھېلىمۇ ياخشى، مەن ئۇچراپ قاپتىمەن. ماشىنا ئالدىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋېلىش نىيىتى نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق؟..“ شوپۇر لاۋلىيۇ ئويلاۋېرىپ، ئۆزىنىڭ ئائىلىۋى تەقدىرى ھەققىدىكى ئويلىرى بىلەن تەلەيخاننىڭ تەنتەك خىياللىرىنى سېلىشتۇردى-دە، ھەيران قالغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

—قىزىق ئىش، سىز ئاپىڭىز بىلەن ئاكىڭىزنى تاشلاپ سوۋېت ئىتتپاقىغا چىقىپ كېتىش كويىدا ئاۋارە، مەن ئايرىلىپ كەتكەن ئۇكام لىۋ خۇگلى بىلەن ئوغلۇمنى ئىزدەش بىلەن ئاۋارە، لېكىن ئۇلار يوق. سىز بولسىڭىز مەن بىلەن ئۇرۇمچىگە كېتىۋاتىسىز.

—ئۇلار نەدە، سىزدىن رەنجىپ چىقىپ كەتكەنمۇ؟—تەلەيخان موما يەۋېتىپ، لاۋلىيۇنىڭ گېپىگە ھەيران قېلىپ سورىدى. ئۇ: مېنىڭلا ئەمەس، بەش تونىنا يۈك سۆرەيدىغان شوپۇرنىڭمۇ ئۆزىگە دەردى يېتىپ ئاشىدىكەن، دەپ قىزىققىنى ھالدا جاۋاب كۈتمەكتە ئىدى.

—ياق، ئۇلار مەندىن رەنجىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ئەمەس. ھازىر ئۇكام بىلەن ئوغلۇمنى بارمۇ، دېيەلمەيمەن، يوقمۇ دېيەلمەيمەن. ماڭا خۇددى ئۇلار باردەكلا قىلىدۇ. بىر تەرەپتىن ئۇكام لىۋ خۇگلى ”ئاكا! “ دەپ ماڭا يۈگۈرۈپ كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئوغلۇم ئاتا!—دەپ ماڭا ئېسىلىدىغاندەكلا تۇرىدۇ. ئادەملەر كۆرۈشمىگىنىگە نۇرغۇن يىل بولغان تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشسە، ئۆز ھاياجىنىنى باسالمايدۇ. مەسىلەن، سىزمۇ ئايرىلغىنىڭىزغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ئاپىڭىزنى كۆرگىنىڭىزدە قالتىس ھاياجانلىنىپ كېتىسىز...

تەلەيخان ماي يېيىلغان قاپقارا سېمونت يولدا گۈركىرەپ كېتىۋاتقان قارا ماشىنا كابىنكىسىدا شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ قىلغان گەپ-سۆزلىرىنى زەڭ سېلىپ ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئاپىسىنى ئەسلىدى: ”ئاپامنىڭ ئالدىدا چوڭ گۇناھ قىلدىم. لېكىن قايتىپ كەلسەم، ئىشىنىمەنكى ئاپام مېنى ھەرگىز ھەيدىۋەتمەيدۇ، ئاپامنىڭ گېپىنى ئەمدى ھەرگىز يىرمايمەن ئاپامنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىمەن...“

كەچ كىردى، يولنىڭ كۆز يېتىم يىراقلىقتىكى غەربىي شىمال تاغ چوققىسىغا قىڭغايغان قۇياش ئاسماننىڭ غەربىي گۈمبىزىنى چوغدەك قىزارتىشقا، ئاستا-ئاستا قارايتىپ يېتىشقا باشلىدى. لاۋلىيۇ قارىيىۋاتقان ئالدىدىكى يولدىن كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ چىراغ ياندۇرغانلىقىنى كۆردى-دە، ئۇقتەك كېتىۋاتقان ماشىنىسىنىڭ چىرىغىنى ۋاللىدە يورۇتتى. ماشىنا چىراغ نۇرى چاقناپ يورۇتقان كۆز ئالدىدىكى مايلىق كەڭ ئۇزۇن سېمونت

تاشيولنى بويلاپ شىددەتلىك گۈركىرەپ ئالدىغا ئىلگىرىلىمەكتە. تەلەيخان ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەتلەنگىنى بىلەنمۇ زادىلا ئورنىغا كەلمەيدىغان غەشلىك خىياللىرىنى چىراغ يورۇقىدا ئۆزگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان يوللارغا يۆتكەپ، ئاپىسى بىلەن كۆرۈشىدىغان قۇتلۇق كۈننىڭ خۇشاللىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكتە.

شۇنداق قىلىپ، تەلەيخان ئۈرۈمچىدىن بۇ يەرگە قانچە خۇشال كەلگەن بولسا، شۇنچە پەرىشان ۋە مەيۇس ھالەتتە، غەمكىن ۋە ئېغىر ھەسرەت ئىچىدە ئۈرۈمچىگە كېتىۋاتماقتا ئىدى.

# تۆتىنچى باب

# ھەمدۇل پالۋان

—ئۆلۈمدىن قورقىدىغانلار
بۇ دۇنىياغا كەلمىسۇن.*

—ئەپلاتۇن

تۇرمۇش ھەمىشە كىشىنىڭ رايى بويىچە كۆڭۈللۈك، خاتىرجەم تىنچ ئۆتۈۋەرمەيدۇ. تۇغۇلغان ئىكەن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خۇشاللىقى بىلەن قايغۇ-ھەسرىتى ئالمىشىپ تۇرىدىغان مەزمۇنى مول كەچۈرمىشلەرگە ئىگە كۈنلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ. رازىخان ئوغلى باتۇرنىڭ ئائىلىسىدە تاماق يېتىپ، نەۋرىسىنى ئەتىۋارلاپ بېقىپ ياخشى ئىشلىگەن بولسىمۇ، كېلىنى ھاشىخاننىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمىدى. ئوغلى ئايالى بىلەن ئاپىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەڭلىكتە قالدى. ئۇ ھەربىي سەپتىن قايتىدىغان چېغىدا بۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەل-تۈرمىگەن ئىدى، ئايالى ھاشىخان دەسلەپ: ”ئاپاڭنىڭ ئەتكەن تاماقلىرى بەتتام، لاۋزا ئىكەن، قازانغا ياغنى شۇنچە جىق قۇيسىمۇ، ئەتكەن تامىقى

* سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى موسكۋا كىنو ستودىيىسى ئىشلىگەن ”پەرھاد-شىرىن“ كىنو فىلمىدىن،

مايسىز، قولى خور بولغاچقا، ئاشلىق نورمىمىز يېتىشمەي ئىغىر كۈنگە قېلىۋاتىمىز“ دەپ باتۇر قادىرنىڭ چىشىغا تېگىپ دوق قىلغىلى تۇردى، كېيىنرەك ئۇ تەپتارتماي رازىخانغا توغرىدىن توغرا توك تېگىشكە باشلىدى. ھەر قېتىم ئىشىك جالاق-جۇلۇق يېپىلغاندا رازىخاننىڭ كۆڭلى ئىيتىپ تۈگەتكۈسىز دەردكە تولۇپ كېتەتتى. ”بالا تۇغۇپ بېقىپ چوڭ قىلغىنىمىنىڭ جاجىسىنى كۆرۈۋاتىمەنمۇ نىمە؟“ دەپ قوياتتى ئىچىدە. رازىخان كېلىنىنىڭ ئۆزىنى خورلاۋاتقانلىقىغا چىداپ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەن، تاكاللاشسام بۇ كېلىن يالغۇز ئوغلۇمنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدۇ، دەپ قۇلىقىنى يوپۇرۇپ تىنچ ئۆتۈۋاتقان ئىدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن باتۇرنىڭ ئايالى ئىشتىن چۈشۈپ كېلىپ ئۆزى بىلەن يوقلاڭ بىر ئىشنى بانا قىلىپ گەپ تالىشىپ قالدى. ھەرقانداق ئادەم ئۆز ئىززەت-ھۆرمىتىنىڭ يەرگە ئۇرۇلۇشىنى خالىمايدۇ. ھاشىخاننىڭ ئۆزىنى كەمسىتىپ قوپال تىللار بىلەن ھاقارەتلىشىگە چىداپ تۇرالمىغان رازىخان ئوغلىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەي يېلىنىپ ئۆزىنى بۇرۇنقى ئۆيىگە كۆچۈرۈپ قويۇشىنى تەلەپ قىلدى. باتۇر قادىر ئايالى ھاشىخان بىلەن قاتتىق تاكاللاشقاندىن كېيىن ئاپىسىنى يەنە بىر قېتىم كۆڭلى ئۇنىمىغان ھالدا ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلىشىپ ياشايدىغان شەھەر چېتىدىكى بىر مەھەللىگە كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى.

رازىخان يۇرتىغا كېتىشنى ئويلىغان ئىدى. يۇرتىدىكى يىراق-يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ: ”ئوغلى ۋە كېلىنى بىلەن پېتىشماي قايتىپ كەپتۇ، بۇ تول خوتۇن ياخشى بولسا قىزى بىر ئورۇسقا تېگىپ، چەت ئەلگە چىقىپ كېتەرمىدى“ دەپ سۆز-چۆچەك قىلىشىدىن ئەندىشە قىلدى. ئويلاپ-ئويلاپ ئۆزى ھەققىدىكى سۆز-چۆچەكلەرنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىغا ئۆزىدە ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ كېتىش قارارىغا كەلدى. ئۆيىدە بىر كونا كارىۋات، قادىر ھەمدۇللايېۋتىن قالغان قەلەي ساندۇق، ئۈچ ئەدىيال ۋە بىرقانچە ياستۇق، رەختىنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن ئىككى يوتقان، ئۈچ كۆرپىدىن باشقا تىلغا ئالارلىق ئۆي بىساتى يوق. مەرھۇم يولدىشى قادىر ھەمدۇللايېۋتىن قالغان ئىران گىلىمى ۋە پۇلغا يارايدىغان نەرسە-كېرەكلەر ئوغلى

باتۇر قادىرنى ئۆيلەيدىغان چېغىدا ئىشلىتىپ بولۇنغان، قالغان مال-مۈ-
لۈكلىرى تەبئىيلا ئوغلى باتۇر قادىر بىلەن كېلىنى ھاشىخاننىڭ ئۆي
بىساتىغا قوشۇلۇپ بولغان ئىدى. قىزى تەلەيخاننىڭ ئۆزىنى يېمەكلىك
مول، نورمىسىز، پاراۋان دۆلەتكە—سوۋېت ئىتتىپاقىغا چوقۇم ئېلىپ چىقىپ
كېتىمەن، دەپ يېزىپ قالدۇرغان خېتىمۇ رازىخاننىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىش
ئىرادىسىگە قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمىدى. بىر كۈنى كەچ ئۆيىدىكى پۇلغا
يارايدىغانلىكى نەرسىلەرنى قانداق سېتىش توغرىلىق غەمگە چۆكۈپ تۇر-
غىنىدا توساتتىن ئىشىكنى قاتتىق ئۇرغان ۋە ئارقىدىنلا ”ئاپا!“ دېگەن
ناھايىتى تونۇش، يىغلامسىراپ چاقىرغان ئۈنلۈك ئاۋاز ئاڭلاندى. رازىخان
ئالدىراش ئايىغىنى كىيىشنىمۇ ئۇنتۇپ، يۈگۈرگەن پېتى بېرىپ ئىشىكنى
ئاچتى.

—ئاپا، ئۇلار مېنى ئالداپتۇ!...—تەلەيخان ئارانلا شۇ بىر گېپىنى
تەكرارلاپ، ئاپىسىغا ئېسىلىپ ھۆ تارتىپ يىغلاپ كەتتى.

—ئاخىر قايتىپ كەپسەن، قىزىم،—رازىخان قىزىنى قۇچاقلىغان
پېتى ئۆيىگە باشلاپ كىردى. ئۇلار بىر ھازا يىغلىشىپ بىر-بىرىنى قويۇۋەت-
مەي دىدارلىشىپ، تەلەيخاننىڭ كەينىدىن ئۇنچىقماي ئاستا كىرىپ كېلى-
ۋاتقان تەمكىن شوپۇر لاۋلىيۇنى كۆرمىدى.

—قىزىڭىز ھېلىمۇ ياخشى ماڭا ئۇچراپ قالدى. بولمىسا چاتاق بولار
ئىكەندۇق،—دېدى لاۋلىيۇ غاڭزىسىغا موخۇركا بېسىۋېتىپ، رازىخان بۇ
گەپنى ئاڭلاپ قۇچىقىدا يىغلاۋاتقان تەلەيخاننى قويۇۋېتىپ، شوپۇر لاۋلىيۇ-
نى قىزغىن ھالدا تۆرگە تەكلىپ قىلدى.

—قىزىمنى سىز ئەكەلگەنمىدىڭىز، بۇ ياخشىلىقىڭىزنى قانداقمۇ قاي-
تۇرارمىز؟—دېدى رازىخان خۇشاللىق بىلەن كۆز يېشىنى ئېرتىپ ۋە
ھارغىن قىزىنى بۇيرۇماي ئۆزىلا چايدانغا بىر ئوچۇم چاي سېلىپ، ئۈچ
پىيالە تەييارلىدى. تەلەيخانمۇ، شوپۇر لاۋلىيۇمۇ ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي
رازىخانغا كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىشتى. رازىخان سوۋۇپ قالغان
يېرىم قازان قوناق جىگموملىرىنى لىگەنگە ئېلىپ، قىزى بىلەن لاۋلىيۇنىڭ
ئالدىدىكى كونا ئۈستەلگە قويدى. ئاشلىق پونكىتى ئاق ئاشلىق بېتىشمەي-

ۋاقانلىقى ئۇچۇن يۈزدە يۈز قوناق ئۇنى سېتىپ بېرىۋاتاتتى. كەڭ-تاشا تەمىنلەشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. تېخى بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە بۇ قوناق جىگمومىلىرى قورسىقى دېيەرلىك تويمايۋاتقان شەھەر ئاھالىلىرى ئۈچۈن غەنىيمەت ئىدى. ئۇلار بىر سائەتچە قىزغىن ئەھۋاللاشتى. شوپۇر لاۋلىيۇ رازىخانغا قىزى تەلەيخاننىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇشىنى، شەھەردىن يۇرتىغا قايتىپ كەتمەسلىكىنى تاپىلىدى.

—مەن لاۋگوغا دەپ باقىدۇ. تەلەيخاننى باسما زاۋۇتقا قايتا ئالدۇ ياكى بىزنىڭ ئىدارىدە رېمونتچىلارغا قوشۇلۇپ ئىشلەپ تۇرار،—دېدى لاۋلىيۇ غەمخورانە قىياپەتتە تەلەيخانغا قاراپ. رازىخان شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ لاۋگونى تىلغا ئېلىشى بىلەن تېنى شۈركىنىپ كەتتى-يۇ، تاماكا چېكىۋاتقان لاۋلىيۇ بىلەن موما يەۋاتقان قىزى تەلەيخانغا سەزدۇرمىدى. شوپۇر لاۋلىيۇ ئانا-بالا ئوبدان مۇڭدىشىۋالسۇن دەپ پىغا-زارە بىلەن خۇشاللىققا چۆمۈلگەن بۇ ئۆيدىن بالدۇرلا كېتىشكە ئىجازەت سورىدى ۋە ئەتە ئىشتىن بالدۇرراق چۈشۈپ، چوقۇم كېلىپ، تەلەيخاننىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى توغرىسىدا ئېنىق بىر ئۇچۇر بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى.

لاۋلىيۇ ئەتىسى كېلىمەن دېگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، رازىخاننىڭ ئۆيىگە دېگەن قەرەلىدە كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى. رازىخان تۈنۈگۈن قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىلمىغان ھالدا كۆز يۇممای كىچىچە قىزى تەلەيخان بىلەن قىزغىن مۇڭدىشىپ، تاڭ سەھەردە ئۇخلاپ قالغان ئىدى. دەسلەپ قىزىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىگە خۇشاللىنىپ، تاڭ سەھەردە ئۇخلىغان رازىخان، كېيىن ئويغۇ باسقان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قىزى تەلەيخان ئويغاندى. ئۇلار ئەتىگەنلىك چېيىنى چۈشتە ئىچىپ، تۈگمەيدىغان ئۆي ئىشىنى سەرەمجانلاشتۇردى. شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ كېلىشىگە ئۈلگۈرتۈپ، قوناق ئۇنى بىلەن ئازراق ئاق ئۇن ئارىلاشتۇرۇلغان خېمىر يۇغۇرۇپ كېسىپ لەگمەن ئەتتى. تەلەيخان چوڭ-كىچىك ئىككى ئۆينى چاققانلىق بىلەن سۇ چېچىپ سۈپۈرۈپ جانان چىنىدەك پاكىز قىلىۋەتتى.

—مەن چېگراغا مال توشۇپ بولۇپ قايتىپ كەلدى. ئىدارىدە مەسىلە ھەل قىلدى تۈزۈك كادىر قالماپتۇ،—دېدى لاۋلىيۇ ئۇيغۇر تىلىنى

چالا-بۇلا ئۆزلەشتۈرگىنى بويىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرغان ھالدا، — ئوغلىڭىز باتۇر ئاخۇنمۇ، لاۋگومۇ يۇقىرى ئەۋەتتى بويىچە يېزا ياردەم بېرىشكە قاراشەھەر يېزىلىرىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، ھازىر بىر خىش زاۋۇتى بىلەن مەن سۆزلەشتى. قىزىڭىز خىش زاۋۇت ئىشلە تۇرسا،...
لاۋلىيۇ ھەرھالدا بۇ ئۆيگە ئىشەنچلىك بىر خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى. لاۋلىيۇ شوپۇر بولغاچقا، خىش زاۋۇتى بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىش قىلىشقا تەقەززا بولۇپ تۇرغان تەلەيخان خىش زاۋۇتىدا ئىشلەيدۇ. بۇ باشقا كۆپ چۈشكەن قىيىنچىلىق مەزگىلىدىكى ئاسان قولغا كەلمەيدىغان بىر كاتتا ئامەت. ئۇچەيلەن بىربىرى بىلەن بۇ ئاددىي ئۆيدە تاماقلىنىشنىڭ ئالدى-كەينىدە قىزغىن سۆھبەتلەشتى.
لاۋلىيۇ قايتماقچى بولۇۋىدى، رازىخان ئۇنىڭ كەينىدىن ئىشىك يېنىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇ ئەتراپتىكى خۇلۇم-قوشنىلىرى بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ”ئېرى يوق بۇ تۇل خوتۇن كۆپكۆندىزدىلا تونۇمايدىغان بىر خەنزۇنى ئۆز ئۆيىدىن ئالاھىدە ئۇزىتىپ چىقتى، نېمە ئالاقىسى باردۇ؟“ دەپ ئارتۇقچە گۇمانلىنىپ سۆز-چۆچەك قىلىشىدىن قورقتى بولغاي، تالاغىچە ئۇزىتىپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئۆزىدە چوڭ خاتىرجەملىك ھېس قىلدى. ئۇ كارىۋىتىغا چىقىپ تەلەيخاننىڭ ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئىشقا ئورۇنلىشىش تەلىپى ھەل بولغانلىقىنى ئويلاپ ئۆز-ئۆزىدىن مەمنۇن بولۇپ خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتتى.
ئاۋغۇست ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئەتىگەنلىكى تاغ ئېدىرى تەرەپتىن غۇرغۇر شامال ئۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇرۇمچى دەرياسىنىڭ ھازىرقى ئورنى سېمونت، قۇم، شېغىللىق ئۇزۇنچاق دائىرە بولۇپ، كۆچلۈك ئېقىن سۇ سېمونت-بېتونلاشتۇرۇلغان چوڭ تىك قىيا ئۆستەڭگە باشلىۋېتىلگەن بولغاچقا، بۇ كەڭ ئۇزۇن سەينا قۇم تاسقايدىغان ئىشچىلارنىڭ ئىش مەيدانىغا ئايلانغان ئىدى. بىرقانچە يىل بۇرۇن بۇ يەرلەردە، قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك قۇم، تاش تەييارلايدىغان ئىشچىلار گۇرۇپپىلىرى ھەرقايسى تەرەپلەرگە بۆلۈنۈپ ئىشلەيتتى. ھازىر ئۇ يەردە-بۇ يەردە ئاندا-ساندا كۆزگە چېلىقىد-

دۇ. ئېگىز تاغدىن قىزىرىپ چىققان قۇياش نۇرلىرى ئالدى بىلەن قىيپاش
كەتكەن ئېدىرلىقنى، ئالدى بىلەن شۇ ئېدىرلىقتىكى ئېگىزرەك بىرقانچە
خىش زاۋۇتلىرى خۇمدانلىرىنى يورۇتىدۇ. كېلىدىغانلارنىڭ ئۆيى يىراق
بولغانلىقتىن بۇ جاي سەھەردە ئادەمسىز رايوندەك كۆرۈنىدۇ. قۇياش
چىقىپ بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ئىشلەيدىغان ئىشچىلار ئاندا-ساندا پەيدا
بولۇشقا باشلايدۇ.

رازىخان قىزى تەلەيخان بىلەن بىرگە ئەنە شۇ چوخچىيىپ تۇرغان
بىرقانچە خۇمدانلىرى بار خىش زاۋۇتىغا كىردى.

خىش زاۋۇتى شەھەرگە تەۋە تاغ باغرىدىكى ئەنە شۇ ئېگىز-پەس
ئېدىرلىققا جايلاشقان، چەتتىرەك ئون نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە بار، يېرى
ئوڭغۇل-دوڭغۇل، ئازراق قۇم قاتلىمىمۇ بار سېرىق توپىلىق يانتۇ تەكشى-
لىك ئىدى. بۇ يانتۇ تەكشىلىكتە يىگىرمە نەچچە خۇمدان بولۇپ، ھازىر
ئالتە خۇمداننىڭ تۈرخۇنىدىن قويۇق ئىس چىقىۋاتاتتى. قالغان خۇمدانلار
يىل بېشىدىلا ئىشتىن توختىغان. بۇ ئېغىر قىيىنچىلىق يىللىرى شەھەر
قۇرۇلۇشى قىسقارغانلىقتىن بۇ خىش زاۋۇتى خۇمدانلىرىنىڭ يېرىمىدىن
كۆپرەكى خىش قۇيۇشتىن توختاپ ئادەم كىرگۈسىمۇ كەلمەيدىغان ئۈستى
ھۆتمىتۆشۈك گۈمبەزلىك كىچىك غارغا ئوخشاپ قالغان ئىدى.

تەلەيخان ياش بولغانلىقتىن تېتىك ئىدى. ئۇ ئاپىسىنى ئىشلىمىگىن،
ئىش ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ، ئىشلەپ پۇل تېپىپ سېنى باقالايمەن، دەپ
يالۋۇرغان بولسىمۇ، رازىخان زادىلا ئۇنىمىدى. ھەرقايسى تۇغقانلىرى
تەرەپ-تەرەپتىن پۇل ۋە ئاشلىق بېلىتى ئەۋەتىپ تۇراتتى. تۇغقانلىرىمۇ
تۇرمۇشتا قىيىنچىلىق تارتىپ، ئۆز ھال-ئەھۋالى بىلەن بولۇپ كەتتى
بولغاي، بىر مەزگىل ھېچنېمە ئەۋەتمەي، قويدى. ئوغلى باتۇر قادىر
بولغاندىكىن، نېمە قىيىنچىلىق تارتاتتى، دېدىمىكىن، پۇل ئەۋەتىش تۈگۈل
ھال سوراش خېتىمۇ ئەۋەتىشمىدى، رازىخان ئۆز ئوغلى باتۇر قادىردىن
ئېغىر رەنجىگەن ئىدى، پۇلنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان نەرسە يوق ئىكەن،
دەيتتى. ئۇ قىزى تەلەيخانغا ھەمكارلىشىپ ئىشلىسە جىقراق پۇل كېلىدى-
غانلىقىنى پەملەپ، قىزى ئىشلىمە، دەپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، خىش

زاۋۇتىغا تەلەيخان بىلەن بىللە كەلدى.

بىر سىمىناغا بۆلۈنگەن رازىخان بىلەن تەلەيخانغا سوۋۇغان خۇمدان-
دىن سىرتقا پىششىق خىش يۆتكەپ توشۇش ۋەزىپىسى بېرىلدى. مىڭ
خىشنى بىرلىك قىلىپ خۇمداندىن قانچىلىك جىق خىش يۆتكىسە شۇنچە-
لىك ھەق بېرىلەتتى. ۋەزىپە-ئىش ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. دەسلەپكى كۈنى
بولغاچقا، تەلەيخانغا بەكمۇ ئېغىر بىلىنىپ كەتمىدى. كۆز پەسلى باشلىنىپ
قالغاچقا، ھاۋا ئانچە ئىسسىق ئەمەس ئىدى. لېكىن خۇمدان سوۋۇپ قالدى،
دېگەن ھالەتتىمۇ كېچىچە پىشۇرۇلۇپ بولۇنغان يۇقىرى ھارارەتلىك خىش-
لارنىڭ ئىسسىقلىقى قولنى كۆيدۈرەلمىگىنى بىلەن خېلىلا قىزىق. خۇمدان
ئىچى ئاچچىق بۇسقا تولغان ئىدى. تەلەيخاننىڭ روھىي تەييارلىقى بولغاچ-
قا، كونا چاپان، ئىشتان كىيىۋالغان، ئۇ بىرىنچى بولۇپ خۇمداندىكى
رەتلىك تىزىلغان ئىسسىق خىشلارنى ئېگىلگە تاقاشقىچە تىزىپ كۆتۈرۈپ،
سىرتقا ئېلىپ چىقىپ بەلگىلەنگەن جايغا تىزىپ قويۇشقا باشلىدى. رازى-
خان دەسلەپتە قىزى ئېلىپ چىققان خىشلارنى يەرگە رەتلىك تىزدى،
كېيىن ئۆزىمۇ قىزى بىلەن بىرگە خۇمدانغا چۈشۈپ، يەر ئۈستىگە خىش
ئېلىپ چىقىشقا باشلىدى.

رازىخان بىلەن تەلەيخان خىش زاۋۇتىدا ئىككى ھەپتە ئىشلىدى.
بىرىنچى ئايدىن بېرى قاتتىق ئىشلەۋاتقانلىقى ئۈچۈن ھەر ئىككىسىنىڭ
يۇمشاق قوللىرى كۆيۈپ قاربداپ، قاپىرىپ كەتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ
چىرايى تاتىرىپ، تېنى ئورۇقلاپ، خىش زاۋۇتىدا ئىشلەۋاتقان باشقا ئايال-
لاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىشكە باشلىدى. ئۇلار ھەقىقەتەن خىش زاۋۇتىدا
خىش توشۇشتا قاتتىق زورۇقتى. يېڭى سوۋۇغان خۇمدان ئىچىدىن خىش
ئېلىپ چىقىش ئېغىر تۇيۇلدى. يەيدىغىنى قارا ئاشلىق بولۇشىغا قارىماي،
ئاشلىق نورمىسى يېتىشمىگەنلىكتىن ماغدۇرسىزلىنىشى تەبىئىي ئىدى.

يىراقتىن بىر ئاپتوموبىلنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. گۈركى-
رىگەن بۇ ئاۋاز تېخىمۇ يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن
كېيىن گۈركىرىگەن ماشىنا ئاۋازى توختىدى. رازىخان بۇ لاۋلىيۇنىڭ
ئىككىنچى قېتىم خىش زاۋۇتىغا كۆمۈر ئېلىپ كېلىشى بولسا كېرەك، دەپ

ئويلىدى. دېگەندەك لاۋلىيۇ خىش زاۋۇتىغا يەنە بىر ماشىنا كۆمۈر ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئورۇق يۈزىنى كۆمۈر چاڭلىرى قارىدىتىۋەتكەن لاۋلىيۇ ماي يۇقى قوللىرىنى پەلەمپەيدىن چىقىرىپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا يېرىمى قۇرۇپ قالغان قېرى قارىياغاچ تېگىدە دەم ئېلىۋاتقان رازىخان بىلەن تەلەيخاننىڭ ئالدىغا كۈلۈمسىرەپ كەلدى.

—رازىخان، سىلەرگە بىر خۇش خەۋەر بار، ئوغلىڭىز باتۇر ئاخۇن قاراشەھەردىن قايتىپ كەپتۇ...

—ئاكام قايتىپ كەپتۇما؟—تەلەيخان قېرى قارىياغاچ تۈۋىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئاكىسى باتۇر قادىرغا زور ئۈمىد باغلىغان ئىدى. لاۋلىيۇ بىر رازىخانغا، بىر تەلەيخانغا ئۈمىدلىك بېقىپ، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

—بۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم، سىلەرنىڭ خىش زاۋۇتىدا ئىش-لەۋاتقانلىقىڭلارنى ئېيتتىم. سىزدەك تاغ سۈپەت يۆلەك بىر ئوغۇل تۇرغان يەردە ئاپىڭىز بىلەن سىڭلىڭىزنىڭ ئېغىر قىينچىلىق تارتىپ، خۇمداندا كۆيۈپ-پىشىپ ئىشلەۋاتقانلىقىغا قانداق چىداپ تۇرالايسىز؟ دەررۇ ئۇلارنى ئەكىلىۋېلىڭ، دېدىم. ئوغلىڭىز سىلەرنىڭ خۇمداندا ئىشلەۋاتقانلىقىڭلارنى ئاڭلاپ، سىلەرنى ئۆيىگە ئەكىلىۋېلىشقا، تەلەيخاننى باشقا زاۋۇتقا ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشقا ئالاھىدە كەپتۇ،—دېدى.

رازىخان شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ بۇ يېڭى خوش خەۋىرىگە ئانچە خۇشال بولۇپ كەتمىدى. ئۇ ئوغلى باتۇر قادىرنىڭ ئۆزىگە غەمخورلۇق قىلمەن، دەپ كېلىنى ھاشىخانغا سەت كۆرۈنۈپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. تەلەيخان بولسا نېرى-بېرىسىنى ئويلىماستىنلا ئاكىسىنىڭ ياردىمى بىلەن باشقا زاۋۇتقا قايتا ئورۇنلىشىۋېلىشقا ئالدىرايتتى.

—ئەتە يەكشەنبە كۈنى باتۇر قادىر ئەتىگەندە سىلەرنى ئىزدەپ كەلمەكچى. ئىشقا چىقماي ئۆيدە ساقلاپ تۇرۇڭلار. مەن كەتتىم،—دېدى شوپۇر لاۋلىيۇ ماي يۇقى پەلىيىنى سول قولدا سىقىمداپ ئوڭ قولىغا ئۇرۇپ. ئۇ كۆمۈرى چۈشۈرۈلۈپ بولاي دەپ قالغان ماشىنىسىنىڭ ئالدىغا خۇددى ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك ئاستا قەدەم تاشلاپ كىتىپ قالدى.

تۇرمۇشتا ئوگۇشسىزلىقتا ئۇچراپ، ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالغان ھەس-رەتلىك كىشىنىڭ قەلبىگە ھەر قىسما ئوي-خىياللار كېلىدۇ. تەلەيخان ئەنە شۇ ئوگۇشسىزلىقتا ئۇچرىغانلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنى دۇنياغا ئارتۇقچە تۇغۇلۇپ قالغان ئادەمدەك ھېس قىلدى. ئۇ: ”ئاتام ھايات بولغان بولسا مۇنداق ئېغىر كۈنگە قالمايتتىم“ دەپ ئويلايتتى كۆڭلىدە. ئۇ ياغاچتەك قورۇلۇپ قالغان ئاپىسىغا قاراپ كۆڭلى بۇزۇلغىنىدا ئاپىسىغا تۇيدۇرماي پىنھان جايغا بېرىپ بىر ھازا يىغلىۋالاتتى. تېخى ياش—كىچىك—تۇرۇپ، ئادەتتىكى قىرىق ياشلىق ئاياللارمۇ كۆرۈپ باقمىغان ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرمەكتە ئىدى. يوقسۇزلۇق، ئاكىسىنىڭ تەرسا ئايالى ھاشىخاننىڭ خورلىشى، ئالېكسىيگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ خارلىنىشى، شۇ ۋەجىدىن ئاپىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان نارازىلىقى ۋە ئاكىسى باتۇر قادىرنىڭ ئاكا-سىڭىللىقتىن ئادا-جۇدا بولۇشى، ۋەيران بولغان ئۆز ئائىلىسى، چېگىردا ئالدىنىشى تەلەيخانغا ناھايىتى ئېغىر كەلگەن ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى، شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ ياردىمى بىلەن خىش زاۋۇتىغا ئىشقا كىردى. ئۇ ئىشقا كىرگەنلىكى ئۈچۈن روھى جەھەتتە ئۆزىنى بىرئاز يېنىك ھېس قىلدى. خىش زاۋۇتىنىڭ ئىشى ئېغىر بولغانلىقتىن، ئورۇقلاپ خېلىلا قارىداپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۈزەللىكى سۇنۇشقا باشلىغان ئىدى. ئاكىسى باتۇر قادىرنىڭ دوستى رازاق ھوشۇرنى ئەسلەپ: ”بۇرۇنلا ئاپامنىڭ رايىغا بېقىپ، بېشى چوڭ بولسىمۇ چوڭ كۆرمەي، رازاق بىلەن تۇرمۇش قۇرۇۋالغان بولسام ياخشى بولار ئىكەندۇق“ دەپ ئويلىدى. ھازىر پۇشايمىنىنى ئالدىغان قاچا يوق ئىدى، ئۇ ئاپىسى ۋە ئاكىسى بولسىمۇ، يوقسۇزلۇق تۈپەيلى غېرىپسىنىپ قالدى. ئۇ: ”ئاتىسى يوق، ئاپىسى يوق، بۇ دۇنيادا خار ئىكەن“ دېگەن ناخشىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئاتا-ئانىسىغا ئوخشاش تۇغقانلىرىنىڭ يوقلۇقىغا ھەسرەتلەندى. ئاتام ياكى ئاتامنىڭ بىرەر ئۇكىسى بولغان بولسا مۇنداق موھتاجلىق كۈنگە قالمايتتۇق دەپ ئويلايتتى. تەلەيخان ئاكىسى باتۇر قادىردىن باشقا تۇغقانلىرىنى بىلمەيتتى. تۇغقانلىرىغىمۇ پۇل لازىم-دە، ئۇ ھاشىخانغا، رازاق ھوشۇر بىلەن يولدىشى ئايشەمخانغا مۇشۇ ئاۋارە چىراي سولغۇن ھالىتىدە قايتا ئۇچرىشىپ قېلىش-

تىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلاتتى. ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە ”بېشىمىزغا ئېغىر كۈن چۈشتى“ دەپ يېلىنىپ بېرىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. تۇرمۇش دولقۇنلىرى ئۇلارنى چايقاپ ئىتتىرىپ، مۇشۇ ئېدىرلىققا چىقىرىپ قويغان ئىدى، بۈگۈن يەكشەنبە كۈنى ئۇلار ئەسلى ئارام ئالىدىغان كۈن بولسىمۇ، ئىشقا چىقىش كېرەك ئىدى. تەلەيخان خىش زاۋۇتىغا ئىشقا چىققىلى ئۇنۇمىدى، ئاكام ”ئالاھىدە قاراشەھەردىن بىزنى دەپ كەلگەن تۇرسا، ساقلاپ تۇرايلى“ دەپ ئاپىسى رازىخاننى بۈگۈنچە ئىشقا چىقماي ئارام ئېلىشقا قايىل قىلدى.

تەلەيخان ئەتىگەن تۇرۇپ ئاپىسى بىلەن بىرگە ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئاپىسىنىڭ كىرقاتلىرىنى يۇيۇشقا تەييارلىدى، ئاندىن ئۆزىنىڭمۇ يۇيۇقسىز كىيىم-كېچەكلىرىنى بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ يانچۇقلىرىنى قۇرۇقداپ تەقلەۋېتىپ، ئۆزىگە يارىشىملىق بولغان ئۆرۈك رەڭلىك چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن ئىچكى ئەستىرىگە ئىلىنىپ قالغان ھىلال ئاي سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈكنى تېپىۋالدى.

تەلەيخان ئالېكسىي ئۆزىگە بۇرۇن ياخشى ئۆتكەن چېغىدا تەقدىم قىلغان بۇ ئالتۇن ئۈزۈكنى قولىغا ئېلىپ، قورغاستىن قايتىۋېتىپ، يول ئۈستىدە ئالېكسىيگە قاتتىق نەپرەتلىنىپ تاشلىۋېتىشنىمۇ ئويلىغىنىغا قارىماستىن بۇ قېتىم خۇشاللىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ روھسىز كۆزلىرى بىرئاز روھلاندى، چۈشكۈن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈشى قانداقتۇ ئالېكسىيگە قىزغىن ھېسسىياتتا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرمەيتتى، ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئالېكسىينى سېغىنىش تۈپەيلى پەيدا بولغان بولماستىن، ئانا-بالىنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىدىكى قىيىنچىلىقىغا كىچىككىنە بولسىمۇ، بىر ياماق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتىن پەيدا بولغان كۈلۈمسىرەش ئىدى.

— ئاپا، سىزگە دېمىگەن بىر نەرسە بار ئىدى. بۇ ئۈزۈكنى سېتىپ ئۆيگە خىراجەت قىلساق، قانداق؟ — تەلەيخان ئۈچ بارماق قولى بىلەن تۇتۇپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ۋە خۇددى كىچىك بالىلاردەك تاقلاپ رازىخاننىڭ ئالدىغا كەلدى. رازىخان ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن

ئۇستەلنى يىغىشتۇرۇپ سول قولىدا لوڭگىنى، ئوڭ قولىدا ئىككى چىنىنى تۇتۇپ مېڭىشقا تەمشىلىۋېتىپ، قىزى تەلەيخاننىڭ ئۆزىگە كۆرسىتىشكە ئېلىپ كېلىۋاتقان ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆردى. رازىخان كۆزىگە ئىشەنمىگەن ھالدا قىزىنىڭ قولىدىكى كىچىككىنە ھىلال ئاي سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن ئۈزۈكنى قولىغا ئېلىپ كۆزىنى يوغان ئېچىپ، يەنە بىر قېتىم قاراپ چىقتى-دە، ھاڭ-تاڭ قالدى. ئوڭ قولىدىكى ھېلىلا چاي ئىچكەن ئىككى چىنە قولىدىن يەرگە چۈشۈپ تۆت پارچە بولۇپ كەتتى.

— ئاپا، چىنە-قاچىلارنى مەن ھېلىلا يىغىشتۇرۇۋەتتىم. نېمە بولدى سىزگە

— ھېچنېمە بولمىدى بالام، بېشىم بىرئاز ئايلىنىپ قالدى. مىجەزىم يوق،— دىدى رازىخان كارىۋاتنىڭ چېتىگە يۆلىنىپ. تەلەيخان چۆچۈگەن ھالدا ئاپىسىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، يىغىپ قويۇلغان يوتقان-كۆرپە ئۈستىدىكى بىر ياستۇقنى ئېلىپ ئاپىسىنىڭ قىڭغىيىپ يېتىشى ئۈچۈن كارىۋاتنىڭ چېتىگە قويدى. ئۇ ئاپىسىنى يېرىم ئايدىن بېرى خىش زاۋۇتىدا قاتتىق ئىشلەپ ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن، دەپ ھېسابلىدى.

رازىخان مۇشۇ تاپتا قىزىنىڭ ئۆزىنى تەنھا قالدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلدى، لېكىن چىقىپ تۇرغىن دېيىشكە پېتىنالمىدى. تۇساتتىن قىزى ئاكىسىنى ئىزدەپ تېپىپ ئۆزلىرىنىڭ باسما زاۋۇتقا قايتا ئورۇنلىشىش ئىمكانىيىتى بار-يوقلۇقى ھەققىدە ئەھۋال ئۇقۇشقا چىقىپ كەتتى، رازىخان ئۆيلىگەندەك تەنھا قالدى. ئۇ خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۆزى بىلەن ئۆزى سىردىشىپ ئىچىنى بوشىتىۋالدى.

كەچ كىردى، تەلەيخان ئىشىكنى تىرىققىدە ئېچىپ خۇش چىراي كىرىپ كەلدى. ئۇ ئاپىسىغا قاراشەھەردىن قايتىپ كەلگەن ئاكىسىنىڭ زاۋۇت باشلىقلىرى بىلەن سۆزلىشىشكە كەتكەنلىكىنى، ئەتە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ ئۆزلىرىنى بۇ كىچىككىنە تار ئۆيدىن كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېتىشكە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ خىش زاۋۇتىدا قاتتىق ئىشلەپ يېرىم ئاينى چالا ئۇيقۇدا ئېغىر غەم-غۇسسە بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىدى، بۈگۈن ئۇ ئاكىسىدىن ئۈمىدلىنىپ بالدۇرلا خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتتى.

رازىخانىنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدىكى چىرايى قالمىغان ئىدى، يۈزى يۇمۇلاق بولسىمۇ لېكىن كۆز ئەتراپى ۋە پېشانىسىگە بىرمۇنچە قورۇقلار چۈشكەن، چىچىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئاق ئارىلىغان، قىزغۇچ لەۋلىرى قانسىرىغانىدەك بىرئاز ئاقىرىپ قالغان، لېكىن قويۇق قارا قېشى شالاڭلىمىغان ئىدى. پېشانىسىگە چۈشكەن قورۇقلار ئۇنىڭ ھەركۈنى دېگۈدەك كۆپ ئويلايدىغانلىقىنى، تولاراق بىھۇدە ھەسرەتلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. ئۇ ئالتۇن ئۈزۈكنى سىقىمداپ تۇرۇپ، بۇ ئۈزۈككە باغلىنىشلىق بار قېيىناتىسى ھەمدۇل پالۋان بىلەن يولدىشى قادىر ھەمدۇللايېۋقا، ئىۋان ئىۋانوۋىچ بىلەن لاۋگوغا ئالاقىدار ئەينى يىللاردىكى بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئەسلەپ كەتتى.

× × ×

بۇ ۋەقەلەر 30-يىللارنىڭ باشلىرىدا ھوشۇر قارىنىڭ شاگىخەيدىكى تۆرلىماللار سودا سارىيىدىن سېتىۋالغان ماللىرىنى لاۋلىيۇنىڭ ماشىنىسىغا كىرا قىلىپ شىنجاڭغا سەپەر قىلىشى بىلەن باشلىنىدۇ. تىرىشچان ھوشۇر قارى سودا سەپىرىگە ھېرىسمەن ئادەم. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەچكە سودىغا، مال يۆتكەشكە ماھىر، ئۇ خېلىلا تەرەققىيپەرۋەر ياش سودىگەر بولۇپ، خەنزۇچىنى تولۇق يازالمىغىنى بىلەن بىمالال سۆزلەپ دېمەكچى بولغان مۇددىئاسىنى ئۇقتۇرالايتتى. كىچىك چېغىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ "قۇرئان" ساۋاتى بار، نامازدا ئوقۇلىدىغان ئايەتلەرنى تولۇق بىلىدۇ، ئۇ سەپەر ئۈستىدە شوپۇر لاۋلىيۇغا مۇسۇلمانلارغا ئۇچراشقىنىدا كۆپرەك دېيىلىدىغان بەزى قىسقا سۆزلەرنى، تىلغا ئاسان كېلىدىغان ئايەت ئاتالغۇلىرىنى تەكرار ئۆگىتىپ قويىدى. "مۇسۇلمانلارنى كۆرگىنىڭدە ئىمان ئېيتىپ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، لائىلاھە ئىللەللا...، دېسەڭ سېنى مۇسۇلمانلار يەكلىمەيدۇ" دېدى. ھوشۇرقارىنى ئادەملەرگە قولىدىن ھېچقانداق يامانلىق كەلمەيدىغان ياۋاش، تۈز كۆڭۈل شوپۇر بىخەتەر يول يۈرۈپ مەمنۇن قىلماقتا. ماي يۇقى پەلەيلىرىنى سېلىۋېتىپ رولنى چىڭ تۇتۇپ ھەيدەۋاتقان ماشىنىدىكى ماللارنىڭ بىر قىسمى كابىنىكىدا ئولتۇرغان ھوشۇر قارىنىڭ ئۈرۈمچى،

قاراشەھەر ۋە قەشقەردىكى بىرقانچە ھاللىق تۇغقانلىرىغا تەۋە ئىدى. ھو-شۇرقارى يولدا كۆتۈلمىگەن بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇقۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھە دەپ لاۋلىيۇنى ئىمكان قەدەر ماشىنىسىنى تېز ھەيدەشكە، كىچىك بېكەتلەردە توختىماسلىققا بۇيرۇدى. ئۇ ھەر قېتىم چوڭ بېكەتلەردە توختىغاندا ئاندا-ساندا ئۇچرىغان بەزى خەنزۇ تونۇش سودى-گەرلەردىن يېڭى مىش-مىش خەۋەرلەرنى ئاڭلايتتى. بۇ يىقمىسىز، قور-قۇنچلۇق خەۋەرلەرنى ئاڭلىغىنىدا چىرايى تاتىرىپ، روھىي تېخىمۇ چۈشۈپ كېتەتتى.

ئۇلار شۇ مېڭىشى بىلەن بىر تالاي يوللارنى بېسىپ ئاخىر لەنجۇغا كەلگەندە شىنجاڭغا ئېلىپ ماڭغان ماللىرىنىڭ يېرىمىنى بىر سودىگەرگە ساتتى. سودىگەرلەر ئىنتايىن سەزگۈر كېلىدۇ. ھوشۇرقارى بۇ قايتىش سەپىرىدە ھەربىر قونالغۇ—بېكەتكە چۈشكەندە تاماقلىنىشتىن ئاۋۋال بى-رەر-ئىككى سائەت يوقاپ كېتەتتى. ھەممىدىن خەۋەردار سودىگەرلەردىن يېڭىدىن يېڭى ئۆزگىرىۋاتقان ۋەزىيەت توغرىلىق گەپ تىڭ-تىڭلايتتى. جيۇچۇەنگە كەلگىچە قالغان ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك سېتىپ بولدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر قاپ مالنى سېتىۋېتىش ئۈچۈن خېرىدار ئىزدەش ئارىلىقىدا ھوشۇر قارى گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتتى.

—لاۋلىيۇ، ئەمدى قايتىسىڭىزمۇ بولىدۇ. شىنجاڭدا ئۇرۇش بولۇۋېتىپ-تۇ، بىرەر خېيىم-خەتەرگە يولۇقۇپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن مەشەدىنلا قايتقىنىڭىز تۈزۈكتەك تۇرىدۇ،—دېدى ۋە لاۋلىيۇنى چۈشكەن بېكەتتە يالغۇز قالدۇرۇپ خېرىدار ئۇقۇشقىلى بېكەت سارىيىدىن ئالدىراش چىقىپ كەتتى.

لاۋلىيۇ بېكەت سارىيىنىڭ ياتىقىدا يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ، سىرتقا تاماق-لىنىشقا چىقىش ئارىلىقىدا ھوشۇر قارىنىڭ ”شىنجاڭغا چىقماي مەشەدىن قايتىسىڭىزمۇ بولىدۇ“ دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەتتى. يول ئازابىنى يەتكىچە تارتقان شوپۇرغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۆز ئائىلىسىگە مۇددەتتىن ئىلگىرى قايتىش چوڭ خۇشاللىق ئىدى. ئۇ تاڭ يورۇشىغىلا شاڭخەيگە قاراپ يولغا چىقىش نىيىتىگە كەلدى.

ھوشۇرقارى چىقىپ كېتىپ كۆپ ئۆتمەي بېكەت سارىيىدا ئۇشتۇمتۇت پاتىپاراقچىلىق يۈز بەردى. ئادەملەر ئالاقزادە بولۇشۇپ بۆرىدىن ئۈركۈگەن قويلاردەك ھەر تەرەپكە پىتراپ قېچىشاتتى. بەزىلەر قورقۇپ رەڭگى ئۆچكەن ھالدا سارايىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن سىرتقا قېچىشسا، بەزىلىرى چەبدەسلىك بىلەن تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ يوشۇرۇنىدىغان پاناھلىق جاي ئىزدىمەكتە. لاۋليۇ سىرتتا نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلەلمەي، بەخىرامان ياتاقتىن چىقىپ توپا-توزان باسقان قارا ماشىنىسى ئالدىغا كېلىشكە بىر توپ قوراللىق كىشى چوڭ دەرۋازىدىن بۆسۈپ كىردى. باياتىن ھوشۇر قارى ”شىنجاڭدا ئۇرۇش بولۇۋېتىپتۇ، دېگەنىدەك قىلىۋېدى، بۇ ئۇرۇش بۇ يەرگىمۇ يېتىپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟“ دەپ ئويلىدى لاۋليۇ قورقۇپ، قوراللىق كىشىلەر لاۋليۇ يېقىنلىشىۋاتقان بۇ قارا ماشىنىنىڭ كابىنكىسىنى، ئاندىن ئۈستىنى تەكشۈرۈپ، بىر تەرسا باشلىقىغا بىر ماشىنا مال تالونى بىلەن يوغان بىر قاپ مالدىن باشقا ھېچنېمە يوقلۇقىنى ئېيتتى، باشلىق چالۋاقاپ لاۋليۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ھەي كاپىر، ماشىناڭدىكى شۇنچە جىق ماللار قېنى، نەگە چۈشۈردۈڭ؟

— ماشىنىدىكى ماللارنى... ماشىنىدىكى ماللارنى...— لاۋليۇ دىر-دىر تىترەپ قورقۇپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى. ئۇ ئۆزىنى سوراققا تارتقان تەرسا باشلىقنىڭ ئۆزىنى ”كاپىر“ دېگىنىگە قاراپ، مۇسۇلمان دەپ بىلدى ۋە يولدا بىللە كېلىۋېتىپ ھوشۇر قارى ئۆگىتىپ قويغان ”لائىلاھە... ئىللەللا..“ دېگەن ئايەتلەرنى قالايمىقان تەكرارلاۋەردى. تەرسا باشلىق ”ئېتىپ تاشلاڭلار“ دەي دەپ تۇرۇشىغا ئېگىز بويلۇق، ئورۇق بىرى ئۇنىڭ يېنىغا ياندىشىپ كېلىپ، ”باياتىن ئۇ بىزنى كۆرۈپ لائىلاھە دەپ ئىمان ئېيتتى، مۇسۇلماندەك قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ گەپ يەيدىغان ئاددىي يۇۋاش شوپۇر ئىكەن، بىللە ئېلىپ كېتەيلى“ دەپ پىچىرلىدى. بۇ ئېگىز بويلۇق، ئورۇق كىشى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بولۇۋاتىدۇ، دەپ ئاڭلاپ يالغاندىن مۇسۇلمان بولۇۋېلىپ، شىنجاڭغا چىقىۋاتقان بىر تۈركۈم قوراللىق كىشىلەر توپىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان ئۇزۇنتۇرا لاۋگو ئىدى. يىگىرمە

ئۆچ ياشقا قاراپ مېڭىۋاتقان ھوشيار، سەگەك لاۋگو ھېلىقى تەرسا باشلىق
بىلەن بىللە يول باشلاشقا يامان، قىلمەن دېگىنىنى قىلالايدىغان، ئۆز
ئەتراپىدىكى قوراللىق كىشىلەرنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ ماڭالايدىغان ئىقتى-
دارغا ئىگە ئىدى. بېكەتتە ساق ئىككىلا ماشىنا قاپتۇ. بىرقانچە ماشىنا
بۇزۇق بولۇپ، رېمونت قىلىنىشنى كۈتۈپ يېتىپتۇ. قالغان قارا ماشىنىلار
بۇزۇق بەزى سايمانلىرى ئالماشتۇرۇلغاندىن كېيىن بىرەر كۈن ئارام ئېلىشقا
تېگىشلىك بولسىمۇ بۇلاڭچىلىق شەپىسىنى ئالدىن ئاڭلىۋالغان بولغاچقا،
بالدۇرلا ئۆزلىرى بىلىدىغان بىرەر خەۋپسىزرەك جايغا قۇيرۇقىنى تىكىۋېتىپ-
تۇ. شوپۇر لاۋلىيۇ ”قانداق قىلىپ، قۇرۇق قول ماشىنىسىنى ھەيدەپ
شاڭخەيگە قايتىپ كېتەرمەن؟“ دەپ ئويلاپ تۇرغىنىدا توساتتىن ناھىيە
بازىرىدىن يىراق، ئادىمى شالاڭ بېكەتتە بۇ پاتىپاراقچىلىققا يولۇقۇپ،
مەجبۇرىي ھالدا تەرتىپسىز قوراللانغان يىگىرمە نەچچە كىشى بىلەن
يۈك-تاقلارنى بېسىپ شوپۇر بولغىنى بىلەن بىر قېتىممۇ كېلىپ باقمىغان
شىنجاڭغا تۇنجى قېتىم سەپەر قىلدى.

بۇ دەل ما بۇفاڭ بىلەن ما جۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا سۈركۈلۈش
بولۇۋاتقان، خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل-تۇرپان دېھقانلىرى
قوزغىلىڭى گەنسۇ ئۆلكىسىگە زور تەسىر كۆرسىتىۋاتقان چاغ ئىدى. شوپۇر
ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بۇ مالىمانچىلىقتا نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدى.
ئۇ شۇ تۇرقىدا ئۆزىگە قوپاللىق قىلغان تارسا ئادەملەرگە قارشىلىق كۆرسى-
تىشكە پېتىنالمىدى. مال توشۇشقا قارىغاندا نەدىن پەيدا بولغانلىقى نامەلۇم
بولغان، ھەربىي ئىنتىزامدىن مۇتلەق خەۋىرى يوق بۇ چېچىلاڭغۇ قوراللىق
كىشىلەرنى توشۇش ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ
بۇيرۇقىغا ھە دېمەي ئامال يوق ئىدى. بۇنداق مالىمانچىلىق ھۆكۈم
سۈرگەن ئەنسىز يىللاردا قورالى بار ھەرقانداق ئادەم ئۆزى خوش كۆرمى-
گەن بىرەر-ئىككى ئادەمنى، بويسۇنماي بويۇن تولغاپ قارشىلىق كۆرسەت-
كەنلەرنى ئېتىپ تاشلاش كىچىك باللارنىڭ رەگەتكە بىلەن قۇشقاچلارنى
ئېتىپ چۈشۈرگىنىدەك ئويۇن ئورنىدىكى ئىش ئىدى. ھېچكىم زادىلا
سورىمايتتى. يولدا شوپۇرنىڭ قەدرىنى شۇ ماشىنىغا چۈشكەن يولۇچىلار-

دىن ئارتۇقراق بىلىدىغان ئادەم يوق. لاۋلىيۇنى ماشىنىدىكىلەرنىڭ ھەممى-سى دىگۇدەك قەدىرلەپ ئۇستام دەپ ھۆرمەتلەشكە باشلىدى. ماشىنىدىكى بۇ قورالىق كىشىلەرنىڭ بىرەرسىمۇ ماشىنا ھەيدەشنى بىلمەيتتى. شۇڭا لاۋلىيۇ ھەرقايسى بېكەتلەرگە چۈشكەندە ئالدى بىلەن لاۋلىيۇنى ياخشى تاماقلاندۇرۇپ، ئۇنىڭدىن بىرەر مىنۇتمۇ ئايرىلمىدى. ئايرىلىشقا توغرا كەلگەندە كەينىگە كىشى قويۇپ، بۇ شوپۇرنى قاچۇرۇپ قويماڭلار، دەپ مەخپىي تاپىلاپ تۇردى. ئۇلار كېچىسى چۈشكەنلا يېرىدە پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى، ئۇلار ھەر قېتىم قېچىپ كېتىشكە ئەپلىك بازار سىرتىدىكى چەت جايلارغا كىرىپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلغاندا يانچۇقلىرىنى تولدۇراتتى. ئۇلار ما جۇڭيىڭنىڭ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا 3000 كىشىلىك قوشۇن باشلاپ چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، خېلى بۇرۇنلا تەييارلىق كۆرۈۋاتقان بىر توپ تەرتىپسىز قوراللىق كىشىلەر ئىدى. ئۇلار قوزغىلاڭچى دېھقانلارنى كۆرسە، سىلەرنى ھىمايە قىلغىلى چىقتۇق، دەپ زور ھۆرمەتكە ئېرىشسە كېچىسى ئۇدۇل ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ نۇرغۇن پۇل-پۈچەك، ئالتۇن، كۈمۈشكە ئېرىشەتتى-دە، تېزلا غايىپ بو-لۇپ كېتەتتى. ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ بارغانلا يېرىدە پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ ئادەملىرى زور ۋەھىمە ئىچىدە قالغان تۇرپانغا كەلدى. كۆڭلى دەككە-دۈككىگە چۈشكەن لاۋلىيۇ كەچقۇرۇنلۇقى ماشىنى-سىنى تۇرپاندىكى بازارغا كىرىش ئېغىزىدىكى ساراي ئالدىغا گۈرۈلدىتىپ ئېلىپ كېلىشكە توساتتىن ”تاڭ-تۇڭ، تاڭ-تۇڭ“ ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازلى-رى ئاڭلاندى. مىلتىقلارنىڭ نەدىن ئېتىلغانلىقى نامەلۇم. ئاۋازنىڭ ئۈن-لۈكلۈكىگە قارىغاندا ماشىنىدىكىلەرنى ئۈركۈتۈش ئۈچۈن ئاسمانغا قارى-تىپ ئېتىلغانلىقى ئېنىق ئىدى. ھېلىقى تەرسا باشلىق كابىنكىدىن سەك-رەپ چۈشۈپ، بۇيرۇق قىلىشقا تەمشەلگىنىدە، لاۋگو شوپۇر لاۋلىيۇغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن پىچىرلىدى:

—سېنى ئىككىنچى قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالاي، ساراي ئىچىگە كىرىپ، تېز يوشۇرۇنۇۋال. ئەتە كەچ سېنى سارايىنىڭ مال ئامبىرى يېنىدا ساقلايمەن.

لاۋليۇ تېزلا كابىنكىدىن چۈشۈپ ئۆزىنى بىر قاراڭغۇ بۇلۇڭغا ئالدى. شوپۇرغىمۇ جان لازىم-دە. ئۇ لاۋگونىڭ بىر ئامال قىلىپ، ئۆزىنىڭ ياردىمىدە ئۈرۈمچىگە چىقىۋېلىش ۋە ماشىنىغا ئىگە بولۇۋېلىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى ئۇقمايتتى.

لاۋگو قازاننىڭ قارىسىدەك قاپقاراڭغۇدا ئۆزى بىلەن بىرگە كەلگەن ھېلىقى تەرسا باشلىقتا ئارقا تەرەپتىن تۇيدۇرماي تاپانچىسىدىن ئوق ئۈزدى. شوپۇر لاۋليۇ بۇ قېتىم قاراڭغۇدا ئوقنى كىم ئاتقانلىقىنى، كىم ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى تۇيۇمىدى. ئۇ ئىلاجى بار بۇ ئەجەل قورغىنىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تام ياقىلاپ يۈگۈردى. ئۇ لاۋگونىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ قالدىم، دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ كىمنىڭ كىمنى ئاتقانلىقىنى پەملەشكىمۇ، نەگە بېرىپ نەدە تۇختايدىغانلىقىنى ئويلاشقىمۇ رەۋىتى يوق ئىدى. ئانغىچە چىش-تىرنىقىغىچە قوراللانغان بىر توپ ئەسكەرلەر كونا مىلتىقلىرىنى تاشلاپ ماشىنىدىن قېچىشقا تەمشىلىۋاتقان بۇ بىر توپ ئادەملەرنى قورشىۋالدى. كەينىدىنلا بىر رۇس ئوفىتسېر بىرنەچچە مۇھاپىزەتچىسىنى باشلاپ كېلىپ، قول چىرىغىنى ياندۇرۇپ ماشىنا يېنىدا قانغا مىلىنىپ ياتقان بىر جەسەتنى كۆردى.

—ھۆرمەتلىك تۈەنجاڭ، بىز شېڭ دۇبەن جانابلىرىغا تاۋاپ قىلغىلى ماڭغان ئادەملەر بولىمىز. ماۋۇ ئۆلۈك ياتقىنى بىزنى سىلەرگە ئوق چىقىرىشقا بۇيرۇغان ئىدى، مەن ئۇنى مەشەدىلا ئېتىپ تاشلىدىم.—لاۋگو بىردەمدىلا قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، تەزىم قىلىپ، ئالدىن تەييارلىۋالغان چىڭ چىگىلگەن بىر تۈگۈچ ياغلىقنى ھېلىقى ئورۇسقا سۇندى. مۇرىسىدىكى چار روسىيە پاگونلىرىنى يوشۇرۇپ تۇرغان، قىسقا كەكە ساقاللىق بار ئىۋان ئىۋانوۋىچ چىڭ چىگىلگەن تۈگۈچ ياغلىقنى ئالدى-دە، مىلتىقنى تاشلاشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ماشىنا ئۈستىدىكى قورالىق كىشلەرنىڭ بىرىنى تاپانچىسى بىلەن ئېتىپ تاشلىدى ۋە ئەسكەرلىرىگە قالغان بۇ بىر توپ قورالىق كىشلەرنىڭ قوراللىرىنى يىغىۋېلىپ، ئۇلارنى يالاپ، ئېلىپ مېڭىشقا بۇيرۇدى. بۇ قورال كۆتۈرۈپ قارشىلىق قىلغانلار نەق مەيداندا ئېتىپ تاشلىنىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى، ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئىشەنچىسى-

گە ئېرىشكەن لاۋگونى بولسا ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ قوماندانلىق شتابىغا ئېلىپ كەتتى.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 22-يىلى باش باهار ھارپىسى تۇرپاندا كۆپىنچە قار ياغمايدىغانلىقى ئۈچۈن، سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى. قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتقان بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە ئىشى بولمىغان كىشىلەر ئادەتتە ئۆيلىرىدىن ئاسانلىقچە سىرتقا چىقمايتتى. بۈگۈن ئەتىگەن قانداقتۇ كىشىلەر ئۇۋىسى چۇۋۇۋېتىلگەن چۈمۈلىلەردەك ئالدىراپ شەھەردىن سىرتقا ئاقاتتى. دۇكانلار تاقاق، يايمىچىلارمۇ يوق دېيەرلىك، سودىگەرلەرنىڭ قولىقى ھەممىدىن ئۇزۇن. ئۇلار بىرنەچچە كۈن بۇرۇنلا ئۆزئارا كۇسۇرلىشىپ: ”قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا ئۈرۈمچىدىن چوڭ بىر قوشۇن چۈشكۈدەك، ئۇلارنىڭ ئالدىنقى قىسمى داۋانچىڭدىن ئۆتۈپ ھە دەپ تۇرپان بىلەن پىچانغا يوپۇرۇلۇپ كېلىۋېتىپتۇ“، ”ئۇلار كىرگەنلا ئادەمنى ئۆلتۈرىدىكەن“ دېگەن قورقۇنچلۇق خەۋەرنى بىربىرىگە يەتكۈزۈشۈپ بازارنى تاشلاپ شەھەردىن ئارىلىقى يىراق، ئادىمى شالاڭ يېزىلارغا قېچىشماقتا ئىدى. لاۋلىيۇ سەپەر ئۈستىدە بىخەتەر يول يۈرۈشكە دىققەت قىلىپ يولۇقۇپ قېلىش ئېهتىمالى بولغان بۇنداق چوڭ پاتپاراقچىلىقنىڭ يۈز بېرىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى، ئۇ ماشىنىسىدىن تۈگۈل جېنىدىن ئايرىلىشقا تاسلا قالدى. ئۇ تۈنۈگۈن بىر ئۇيغۇر سارايۋەننىڭ ياردىمىدە مۆكۈنۈپ پەرىشان ھالەتتە بىر كېچىنى تىنچ ئۆتكۈزدى. بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە بازاردىكى ھەممىلا ئادەم جان قايغۇسىدا يۈرگەچكە، ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى بىلەن كارى يوق ئىدى. ئۇ ئەتىسى سەھەر تۇرپان بازىرىدىن قېچىپ چىقتى ۋە قەيەرگىدۇر ئالدىراپ بىر-بىرىگە يېقىن ئارىلىق تاشلاپ كېتىۋاتقان روھلۇق كىشىلەر توپىغا ئەگىشىپ قوشۇلۇۋالدى. قىرىلاردىن بىرقانچىسى قىلچە تەپتارتماي ۋە قورقماي، ئۆزلىرىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقان شوپۇر لاۋلىيۇنى بىر قۇملۇققا كەلگەندە چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈپ قۇملۇققا كۆمۈۋېتىشنى ئويلىدىيۇ، قول سېلىشتىن ئاۋۋال يۇرت چوڭلىرىدىن بىرى بولغان قىسقا قارا ساقاللىق ئوتتۇرا بويلۇق ھەمدۇل پالۋانغا مەسلىھەت سالدى:

— پالۋان ھاجىم، كۆرۈپ باقسىلا، بىزگە بىر كۇففار قوشۇلۇۋاپتۇ، مەشەدىلا جايلىۋېتىمىزمۇ؟ قانداق قىلساق بولار؟

بېشى يوغان، يۈزى يۇمىلاق، قىسقا قارا ساقاللىق، ئوتتۇرا بويلۇق روھىي ئۇستۇن بىر كىشى بىرنەچچە ئادەمنىڭ ھەمراھلىقىدا كىشىلەر توپىنىڭ ئاخىرىغا كەلدى. شوپۇر لاۋلىۇ ئۆزىگە يېقىنلىشىۋاتقان پالۋان ھاجىم دېگەن كىشىنى كۆرۈپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ خۇددى مۇسۇلمانلاردەك چاندۇرماي، سالام ئىشارىسى بىلەن بىرگە يولدا ھوشۇر قارى ئۆگىتىپ قويغان ”ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، لائىلاھە ئىللەلا...“ دېگەن سۆزلەرنى بىرقانچە قېتىم ئۈنلۈك تەكرارلىدى. پالۋان ھاجىم لاۋلىۇغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل سەپسېلىپ قارىدى. پۇتىدا كونا خەي، قىشلىق پاختىلىق چاپان ۋە ئىشتىنى ئۆڭۈپ كەتكەن، ماي يۇقى، ئاۋارە چىراي دەردمەن بۇ خەنزۇ شوپۇرنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا قول تەگكۈزۈش تۇگۇل تىل تەگكۈزگۇسىمۇ كەلمەيتتى. ئۇ تېخى خەنزۇ تۇرۇپ ”ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، لائىلاھە ئىللەللا..“ دەۋاتامدۇ؟ پالۋان ھاجىم ئۆز ئادەملىرىگە بۇ ئاددىي پۇقراغا چېقىلماسلىقنى تاپىلاپ، ئالدىراپ ئالدىغا ئىلگىرىلەپ مېڭىپ كەتتى.

پالۋان ھاجىمنىڭ ئەسلى ئىسمى ئۆز يۇرتىدىكىلەرگە ئۆزىنىڭ ئۇچۇق-يورۇقلۇقى بىلەن تونۇش بولۇپ كەتكەن، چىقىشقاق يۇرت چوڭقى ھەمدۇل پالۋان بولۇپ، ئوۋ مىلتىقى بىلەن تاغدا قوي بېقىپ، ئوۋچىلىق قىلىپ داڭق چىقارغان. كىچىك چېغىدا دادىسى بىلەن بىرگە سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەچكە، ھاجىم دېگەن سۆز ئۇنىڭغا ئومۇمىيۈزلۈك سىڭىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ خېلىلا زېرەك، قىلمەن دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغان كۆڭلى ئاق ئادەم بولۇپ، خوجنىياز ھاجى، مەقسۇت مۇھىتى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، تۆمۈر جىسا، پولات قارى قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر قوزغىلاڭچى رەھبەرلەر بىلەن تونۇشقانىدى، خەلقنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە چاقىرىق قىلغان دىنىي مۆتىۋەر ھەمدۇللا داموللام بىلەنمۇ قويۇق ئالاقىسى بار ئىدى. ئۇ شۇ چاغدىكى تۇرپان ئامبىلى خۇ دارىن بىلەن تىغمۇتىغ قارشىلىشىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ دەسلەپتە ئوۋ مىلتىقى

بىلەن جەڭگە قاتنىشىپ، ئۇلجا ئالغان ئوق-مىلتىقلىرى بىلەن قوراللانغان يەتمىش نەچچە پالۋانغا باش بولۇپ، ھەرقايسى تاغ-ئېدىرلارنى ئايلىنىپ يۈردى. بۇ چوڭ بىر گۇرۇپپا پالۋانلار بەزىدە كۆپىيىپ، بەزىدە ئازىيىپ قالاتتى. بىرنەچچە ئادەم يىگىدىن ئۆلەرنىڭ سىپىگە قوشۇلغىنىدا ھەممىسى دىگۈدەك روھلىنىپ كېتەتتى. بىرقانچە ئادەم تۇيۇقسىز يوقاپ كەتسە روھىي چۈشۈپ كېتەتتى. قۇمۇلدىكى قوزغىلاڭ خەۋىرى بۇ يەرگە چاقماق تېزلىكىدە يېتىپ كەلگەن ھامان يەتمىش نەچچە ئادەمدىن بىراقلا كۆپىيىپ توقسان نەچچە پالۋانغا ئىگە بىر زەربدار ئەترەتكە ئايلانغان بولدى. لېكىن بۇ جايدىن يۆتكىلىدىغان چاغدا يىگىرمە نەچچە پالۋان ئايرىلىپ قىلىپ ھەر قايسىسى ھەر تەرەپكە بېشىنى ئېلىپ تارقىلىپ كېتىشتى. بەزىلىرى ئېتىمىز ئوروق، ئاغرىقچان، يىراقتا سەپەر قىلىش ئۈچۈن يورغا ئېتىمىز يوق دېسە، بەزىلىرى ئۆيىمىزدىكى بالا-چاقىمىزنىڭ ھال-ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالمىساق بولمايدۇ، دېيىشەتتى. بەزىلىرى بۇ ئايغىچ چىقمايدىغان ئىنقىلابقا قاتنىشىپ ئۆلگەندىن كۆرە ھەرقايسىمىز ئۆز يۇرتلىرىمىزغا قايتىدىغىنىمىز تۈزۈك، دەپ قېچىپ كېتىشتى. ھەمدۇل پالۋان قەتئىي ئىدى. ئۇ يەتمىش نەچچە پالۋانغا باش بولۇپ بۇ قوزغىلاڭغا قەتئىي ھالدا قەسەم بېرىپ قاتناشقان ئىدى.

جىن شۇرېن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، چىش-تىرنىقىغىچە قوراللانغان ئاق ئورۇس ئەسكەرلەر ئارىلاش ھەربىي قوشۇنغا شېڭ شىسەينى قوماندان قىلىپ بەلگىلەپ، تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىرىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى.

شېڭ شىسەينىڭ قوراللىرى خىل، كۈچلۈك قوشۇنغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى ھەر تەرەپكە ئالاقىچە ئەۋەتىپ، جايلاردىكى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ھەرىكەتلىنىۋاتقان قوزغىلاڭچى پالۋانلارنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە توقسۇن ناھىيىسىگە توپلىنىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ھەمدۇل پالۋان توقسۇن ناھىيىسىگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن يەتمىش نەچچە پالۋانغا يېتەرلىك ئوزۇق-تۈلۈك، تېمەن ئات، يەم-بوغۇز تەييارلاپ دېگەن قەرەلدە توقسۇن ناھىيىسىگە يېتىپ بېرىش تەييارلىقىنى باشلىۋەتتى.

بۇگۈن ئۇلارغا تەبىئىي ھالدا شوپۇر لاۋليۇ ئۇچراپ قالدى. لاۋليۇ بۇ
ئائىلىدە ئۆرۈمچىدىن چۈشكەن خەنزۇچە بىلىدىغان ھەمدۇل پالۋاننىڭ
ئوغلى قادىرنى كۆرۈپ ئىچ-ئىچىدىن خۇشاللاندى ۋە كىچىكچە ئۆز سەرگۈ-
زەشتلىرى بىلەن دەرد-ئەلىمىنى تۆكۈپ بۇ چوڭ ئائىلىنىڭ ئۆزىگە نىسبە-
تەن خەيرخالىقىنى ئاشۇرۇۋەتتى. يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەن تەرەققىيپەر-
ۋەر قادىر ھەمدۇللا شوپۇر لاۋليۇ بىلەن بىمالال خەنزۇچە سۆزلىشىپ
قىزغىن مۇڭداشتى.
ھەمدۇل پالۋان قوزغىلاڭچىلارغا سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن بالا-چا-
قىلىرى ۋە ئورۇق-تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشىش، قالدى-قاتتى ئىشلىرىنى
سەرەمجانلاشتۇرۇش ۋاقتى بەردى. توقسۇن ناھىيىسىگە ۋاقتىدا يېتىپ
بېرىش ئۈچۈن خوشلىشىش ۋاقتىنى ئۇزارتىشقا بولمايتتى. ۋاقىت—
ئالتۇندىن قىممەت، جان بىلەن تەڭ قەدىرلىك ئىدى. ئەپسۇسكى خوشلى-
شىش ۋاقتى ئۇزۇنراق بولۇپ كەتتى. ھەمدۇل پالۋان چوڭ ئۆيدە بالا-چا-
قىلىرى، تۇغاقانلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ۋەسىيەت قىلدى، ھەمدۇل پالۋان-
نىڭ ئەتىۋالىق يالغۇز ئوغلى قادىر ھەمدۇللا ئۆرۈمچىدە ئوقۇۋاتاتتى.
كېلىنى رازىخان بۇ چوڭ ئائىلىدە ئىككى ياشلىق ئوغلى باتۇر قادىرنى
بېقىپ ئۆي ئىشلىرى بىلەن بەنت ئىدى. يولدىشى قادىر ھەمدۇللا ئۆرۈم-
چىدە ما جۇڭيىڭ بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولۇۋاتقاند-
لىقتىن مەكتەپتىن توختاپ، مەخپىي ھالدا تۇرپانغا كەلگەن، ئۇ خەنزۇچە
بىمالال سۆزلىيەلەيتتى. ئۆزىدىن ئالتە ياش چوڭ يۇرتدىشى ئابدۇخالىق
ئۇيغۇردىن خەنزۇچە خەتلەرنى ھەرخىل يېزىلىش شەكىللىرىنى سوراپ
بىلىۋالغان، مەقسۇت مۇھىتى، تۆمۈر جىسالار بىلەنمۇ بىرقانچە قېتىم
قىزغىن سۆھبەتتە بولغان زېرەك تىرىشچانلاردىن ئىدى. ئۇ بۇ قېتىم
قوزغىلاڭغا قاتنىشىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالغىنىغا قارىماي، ئاتىسى ھەمدۇل
پالۋان يىراق كەلگۈسىنى ئويلىدى بولغاي، زادىلا ئۇنۇمىدى.
—ئوغلۇم، قوزغىلاڭغا مەنلا قاتنىشاي، سەن يەنە ئۆرۈمچىگە كەت-
كىن. تۇغقانلارنىڭ ئۆيىدە تۇرغىن. زامان تىنچىپ مەكتەپ دەرس باشلى-
سا، ئەجەب ئەمەس. چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ، دېگەن گەپ بار. ئۆرۈمچىدە

تۇرغىنىڭ ياخشى،—دېدى ھەمدۇل پالۋان. ئۇ لاۋلىيۇغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،—بۇ خەنزۇ مۇساپىر ئىكەن. بېشىغا كۈن چۈشۈپتۇ، ئۇ بىزلەرنى ياخشى ئادەملەر ئىكەن، دەپ بىلگەچكە، ئارىمىزغا ئۆزى قوشۇلۇۋاپتۇ. مەن كەتكەندىن كېيىن بۇ خەنزۇنى ئۇرماي-تىللىماي يولغا سېلىڭلار. ئۆز يۇرتى شاڭخەيگە تىنچ-ئامان كېتىۋالسۇن.

ھەمدۇل پالۋان ئوغلى قادىر ھەمدۇللاغا، ئۇن بەش ياشلىق قىزى توختىخانغا، كېلىنى رازىخانغا بىرمۇبىر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ھەمدۇل پالۋاننىڭ تۇرپاندىن چىقىپ كەتمەسلىكىنى، كارىزغا چۈشۈپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ جاھاننىڭ تىنچىپ قېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشنى ئۆتۈنگەن ئىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ سەردارىغا ئايلانغان ھەمدۇل پالۋان تۇغقانلىرىنىڭ بۇ ئۆتۈنۈشلىرىنى ئاڭلىمىدى. ئۇ تۆمۈر جىسا بىلەن ئۆزىنىڭ تۇرپان ئامبىلى خۇ دارىنىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالغانلىقىنى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن تۆمۈر جىسانى چېپىپ ئۆلتۈرگەن يەردە تونۇۋېلىنمىغان بولسا ئۆزىنىڭمۇ جەزمەن ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆلسەم جەڭدە شېھىت بولاي دەپ توقسۇن ناھىيىسىگە بېرىش نىيىتىدىن قەتئىي يانمىدى.

ئۆيدە ئولتۇرغان بارلىق تۇغقانلىرى ھەمدۇل پالۋاننىڭ ئايرىلىش ئالدىدىكى ھەربىر سۆزىنى بۆلۈۋەتمەي دىققەت بىلەن ئاڭلىدى. ئايرىلىدىغان ئادەمنىڭ سۆزى قىممەتلىك بولىدۇ. ھەمدۇل پالۋاننىڭ گېپى بويىچە بىر دەمدىلا شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ ئۈستىبېشى يېڭىلاندى. ھەمدۇل پالۋان بۈگۈن كەچتە يەتمىش نەچچە پالۋان بىلەن بىرگە توقسۇن ناھىيىسىگە يۈرۈش قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئۇزىتىش يۈزىسىدىن چوڭ بىر قوشقار سويۇلغان ئىدى. پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر بىر داستىخانغا جەم بولۇشۇپ، قانغۇچە مۇڭداشتى. شوپۇر لاۋلىيۇ تارتىنىپ داستىخانغا يېقىن كېلىشكە پېتىنالمىدى. شۇڭا قادىر ھەمدۇللانىڭ ئىشارىسى بىلەن رازىخان لاۋلىيۇغا ئايرىم تاماق ۋە چاي ئەكىلىپ بەردى. ھەمدۇل پالۋان بىراۋنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالماي دەپ قاراڭغۇ چۈشكەندە سەپەر قىلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى ۋە قىشلىق ئۇزۇن يەكتىكىنى كىيىپ ھويلىغا چىقتى. ئۇ ئەسلى

تونۇگۇن كەچتە يولغا چىقىپ كەتمەكچى بولغان ئىدى، ھەر قانچە ئالدىرىسىمۇ، زادىلا مۇمكىن بولمىدى. ئۇنىڭ توقسۇنغا باشلاپ بارىدىغان يەتمىش نەچچە پالۋاندىن تەشكىللەنگەن قوشۇنى كىچىككىنە كىچىككەن ئىدى.

—مېنى ئۆزىتىش ئۈچۈن ھويلىدىن سىرتقا بىھۇدە ئاۋارە بولۇپ چىقماڭلار. ھېچكىم تويۇمسۇن،—دېدى ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراۋاتقانلارغا. ئۇ مىلتىقنى مۈرىسىدىن ئارتىلدۇرۇۋېتىپ، ئاتقا مىنىشتىن ئاۋۋال لاۋليۇغا بىر تۇتام پۇل بەردى ۋە شاگىخەيگە كېتىۋېلىش ئۈچۈن يول خىراجىتى بولۇپ قالسۇن، دېدى. ئايالى ۋە ئوغلى ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ باققان بولسىمۇ ھەمدۇل پالۋان ئۇنۇمىغاندىن كېيىن كېلىنى رازىخان ئوتتۇرانچى بارمىقىدىن پارقىراپ تۇرغان سېرىق ئالتۇن ئۈزۈكنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئىككى قولىدا قېيىن ئاتىسى ھەمدۇل پالۋانغا ھۆرمەت بىلەن تۇتتى.

—قەدىرلىك ئاتا، بۇ ئۈزۈك تويلۇقۇمغا ئېلىپ بەرگەن ئوغۇللىرى قادىرنىڭ ماڭا تۇتقان يالدامىسى ئىدى، ۋاقىتلىرى يەتكەندە ھەر ئۈچىمىز-نى دائىم ئەسلەپ تۇرۇشلىرى ئۈچۈن يوللۇق سوۋغىتىدە قوبۇل قىلغايلا.

ھەمدۇل پالۋان قەدىرلىك ئوغلىنىڭ ۋاپادارى بولغان كېلىنىنىڭ ئۆزىنى قەدىرلەپ تۇتقان بۇ يوللۇقنى ئېلىشنى رەت قىلىشقا تەمشەلدىيۇ، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ ئويلىغىنىنى دېدى:

—رەھمەت قىزىم، رەھمەت، ماڭا تېگىل بولدى. بۇ ئالتۇن ئۈزۈك سىزدە قالغىنى ياخشى، مەن ماڭاي،—ھەمدۇل پالۋان ياۋاش، مۇلايىم كېلىنىگە مەمنۇنلۇقنى بىلدۈرۈپ كۆلۈمسىرىدى.

قاراڭغۇ چۈشكىنى بىلەن يېقىندا تۇرغان ئادەم ۋە نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولاتتى. رازىخان قۇچىقىدىكى ئىككى ياشلىق ئوغلى باتۇر قادىرنىڭ ئوڭ قولىغا ئۈزۈكنى ئاۋايلاپ تۇتقۇزۇپ، بالا بىلەن بىرگە ئۆزىگە رەت قىلىش جاۋابىنى بەرگەن ھەمدۇل پاۋالغان يىلىنغان ھالدا ھۆرمەت بىلەن تەڭلىدى.

—قەدىرلىك ئاتا، سىلىگە ھازىر كۆڭلۈمدىكى راست گەپنى قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىۋاتىمەن، بۇ ئۈزۈك سىلىگە ھەرگىز ئارتۇقچىلىق قىلمايدۇ.

ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك. سەپەر ئۈستىدە سىلىگە ھامان بىر كۈنى ئەسقېتىپ قالىدۇ. ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويارلار.

ھەمدۇل پالۋان بۇ قېتىم ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تىكىلىپ قاراپ تۇرغان كېلىنى رازىخانىنىڭ پەرىشان كۆڭلىنى، سۇلغۇن چىرايىنى كۆرۈپ، يوللۇق تۇتقان ئۈزۈكنى قوبۇل قىلىش تەلىپىنى رەت قىلىشقا پېتىنالمىدى. شوپۇر لاۋلىيۇمۇ، قادىرمۇ، باشقا تۇغقانلىرىمۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قاتتىق تەسىرلىنىشتى. ئۇ كېلىنى رازىخانىنىڭ قەتئىي ھالدا ئۆزىگە رازىمەنلىك بىلەن تۇتقان يوللۇقنى ئالدى ۋە نەۋرىسى باتۇر قادىرنى قولىغا ئېلىپ سۆيۈپ قويدى. ئۇ پارقىراپ تۇرغان ئالتۇن ئۈزۈكنى چىمچىلاق قولىغا سېلىپ مەن كەتكەندىن كېيىن رازىخانغا تېخىمۇ ياخشىراق ئالتۇن ئۈزۈك ئەتكۈزۈپ بېرىڭلار، دېگەندەك قىلىپ، ئىشارە بىلدۈردى-دە، ئاخىرقى يۈرەك سۆزىنى قىلدى.

—ئىرادىلىك ئەر ھەرگىزمۇ ئۆز يولىدىن قايتمايدۇ. مەن تاغدىكى پالۋانلار بىلەن بىرگە يېغىلىققا قاتناشقان ئادەم. ئۈرۈمچىدىن چۈشكەن ئەسكەرلەر مېنى كۆرسە ھەرگىزمۇ ساق قويمايدۇ. ئۆيدە يېتىپ ئۆلگىچە جەڭدە شېھىت بولغىنىم ياخشى. ئوغلۇم قادىرنى ئۈرۈمچىگە، ماۋۇ مۇساپىر لاۋلىيۇنى شاڭخەيگە يولغا سېلىپ قويۇڭلار. بولدى مېنى توسماڭلار. خوش،—دېدى-دە، ئاتقا مىنىپ ھويلىدىن تېز چىقىپ كەتتى. ھەممىسى دەرۋازىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ قول پۇلاڭلىتىپ، ئۇنى غەمكىن، مەيۈس ھالدا كۆز يېشى قىلىپ ئۇزىتىپ قويدى.

ھەمدۇل پالۋان كەتكەندىن كېيىن قادىر ھەمدۇللا بىلەن رازىخان خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە نۆۋەت بىلەن ئۆيگە كىرىپ-چىقىپ يۈرۈپ، ھەمدۇل پالۋان ئۇزاپ كەتكەنگە قەدەر قاراپ تۇردى. ئۇلارنىڭ ئاتىمىز قاچان قايتىپ كېلەر، دەپ تەلمۈرۈپ تۇرغان چىرايىنى قارا بۇلۇت قوينىنى يېرىپ چىققان ئاپئاق ئاي بىردەم يورۇتتى-دە، يەنە بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئەتىسى ئايالى، كېلىنى قاتارلىق ئاساسلىق تۇغقانلىرى ھەمدۇل پالۋاننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە قادىر ھەمدۇللانى ئۈرۈمچىگە، شوپۇر

لاۋليۇنى شاخخەيگە ئۇزىتىپ قويدى. رازىخان ئوغلى باتۇر قادىرنى قۇچقىغا ئېلىپ، ئېرى قادىر ھەمدۇللانىڭ ئورۇمچىگە مېڭىشىغا ئانچە رازى بولمىغان ھالدا مەيۈسلىنىپ كۆز يېشى قىلدى. قادىر ھەمدۇللانىڭ يوكى ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ھامان سەپەر قىلىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن رازىخان تونۇگۈن ئەتىگەن يەنە بىر تونۇر ئاق نان يېقىپ قويغان ئىدى، قوي مېيى ئارىلاش يېقىلغان ناننىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ھەر ئىككىسىگە تەڭ بۆلۈپ يوللۇق تۇتتى، ئەمما قادىر ھەمدۇللا سومكىسىغا ناندىن ئىككىنىلا سېلىۋېلىپ قالغىنىنى شوپۇر لاۋليۇغا خىجىل بولۇپ ئالمىغىنىغا قارىماي، زورلاپ بېرىۋەتتى. لاۋليۇ نان قاچىلانغان يوغان سومكىنى يەرگە قويۇپ، تېخىچە ماي ھىدى كەتمىگەن ئىككى قولىنى جۈپلەپ تۆگۈپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

—سىلەرنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭلارنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، رەھمەت سىلەرگە،—دېدى-دە، ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا كەينىگە قاراپ-قاراپ قويۇپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

× × ×

زوراۋانلىق قىلىچى دەھشەتلىك ئوينىتىلغان زېمىندا ئالەمنى مالەم قىلىدىغان غەزەپ-نەپرەت گۈلدۈرمامىسى ۋەھىملىك سۈكۈت جىمجىتلىقىغا ئورۇن بېرىدۇ. تۇرپان ۋادىسى ئەنە شۇ سۈكۈت جىمجىتلىقىغا چۆككەن ئىدى.

باش باھار ئەتىگەنلىكى ناھايىتى سوغۇق، تىنىمسىز سوققان شىمالنىڭ سوغۇق شامىلى ئەخلەت-چاۋا، چاڭ-توزانلارنى ئۇچۇرتۇپ، زېمىننى قىشنىڭ ئېغىر ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىشقا باشلىدى. يىل بويى قار ياغمايدىغان قۇرۇق تۇپراقنىڭ ئۈستىدىكى ئېتىزلارغا تۇتىشىپ كەتكەن ئېرىق-ئۆستەڭلەردە توڭ مۇزلار قارىداپ ئېرىشكە باشلىدى. ئادەملەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدىغان بۇ جايدا بىر ھەپتىدىن بۇيانقى پاتپاراقچىلىقتىن كېيىن كىشىلەرنى ۋەھىمگە سالىدىغان چوڭ جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە. بۇ —شىڭ شىسەي باشلاپ كەلگەن ئاق ئورۇس باندىتلىرى ئارىلاش قوشۇننىڭ توقسۇن ناھىيىسىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن يۈرۈش

قىلىش ئالدىدىكى چوڭ جىمجىتلىق ئىدى.
بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا يۆتكەلگەندە، كىشلەر يېڭى جاي-نىڭ ئەھۋالىغا ئۆز ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرۇشقا ياكى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىدۇ. تۇرمۇشتا ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ كىيىملىرىنى تېز ئالماشتۇرۇۋالغىنىدەك ئەھۋالنى كۆزىتىپ مەۋقەسىنى سەزدۇرمەي تېز ئۆزگەرتىۋالىدىغان كىشىلەرمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەھۋالنى كۆزىتىشكە ماھىر لاۋگو بىر تۇگۇچ ئالتۇن بەرگەنلىكى ئۈچۈن توقسۇن ناھىيىسىگە يۈرۈش قىلىش ئالدىدا تۇرغان قوشۇنىڭ قوماندانلىق شتابىدا ئادەم ئۆلتۈرۈشتىكى رەھىمسىزلىكى بىلەن زور ئىناۋەتكە ئېرىشكەن ئاچچىقى يامان مەسلىھەتچى ئىۋان ئىۋانوۋىچ قاتارلىقلارنىڭ قىزغىن كۈتىۋېلىشىغا ئېرىشتى. لاۋگو بىر ئۇچرىشىش بىلەنلا ئىۋان ئىۋانوۋىچقا يېقىپ قالغان ئىدى. لاۋگو ئۇيغۇرچە بىلىدىغان خۇيزۇلار ئارىسىدىمۇ بىر مەزگىل ياشىغاچقا، بۇزۇپ بولسىمۇ ئانچە-مۇنچە ئۇيغۇرچە گەپ-سۆزلەرنى سۆزلىيەلەيتتى. ”لائىلاھەئىللەللا..“، ”خۇدا، رەسۇلىللا...“ دېگەن سۆزلەرنى ئېنىق تەلەپپۇز قىلالايتتى، ھەتتا ”ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمان مەن“ دەپمۇ قويالايتتى. ئۇرۇمچىدىن چۈشكەن جازا ئەترىتىگە لاۋگودەك بىرنەچچە ئادەم بەك ئېھتىياجلىق ئىدى. لاۋگونىڭ قوراللىق ئادەملىرى قورالسىزلاندۇرۇلۇپ، قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا كەلگەن ھەرقايسى قىسىملارنىڭ جازا ئەترەتلىرىگە چېچىۋېتىلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، تۆمۈر جىسا، پولات قادىر...قاتارلىق قوزغىلاڭچىلارنى چېپىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئالدىراپ-تېنەپ شۇ كۈنىلا توقسۇن ناھىيىسىگە يېتىپ باردى.
قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چىش-تىرنىقىغىچە قوراللانغان شېڭ شىسەي قوشۇنى يېتىپ كەلگىچە جەڭ قىلىپ توقسۇندىن ئايرىلىپ، بارىكۆلگە ۋە كورلا، قاراشەھەر تەرەپكە يۈرۈپ كەتكەن ئىدى. ھەمدۇل پالۋان ئولجا ئېلىنغان قورال-ياراقلار بىلەن قوراللانغان يەتمىش نەچچە پالۋاننى باشلاپ كېچىكىپ تاغقا چىقىپ توقسۇن ناھىيىسىگە كەلگىنىدە شېڭ شىسەي-ئاق ئورۇس قوشۇنلىرى تەرەپ-تەرەپتىن قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بىگۇناھ پۇقرالارنى كۆرگەنلا

يەردە ئېتىپ-چېپىپ ئادەمسىز رايونغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن جەسەتلەر كوچىلاردا ئىگىسىز ياتقان قىيامەتلىك دۇنياغا ئايلانغان ئىدى. چەت-يىراق يېزىلارغا قېچىپ بېرىۋالغان، كارىزلارغا چۈشۈۋالغان كىشىلەرلا ئامان قالغان بولۇپ، مۇنداق كەڭ كۆلەملىك ئېتىش-چېپىش ئاياغلاشقان بولسىمۇ، مۆكۈنۈۋالغانلار يۈرىكى ئالاقزادە بولۇپ تالا-تۈزگە چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتقىنىدا ھەمدۇل پالۋان باشلاپ كەلگەن قوراللىق يەتمىش نەچچە پالۋان ھارغىن ئاتلىرىنى يۇشقۇرتۇپ، مەجبۇرىي چاپتۇرۇپ بازاردىن ئانچە يىراق بولمىغان چەتتىكى بىر قونالغۇ ھويلىغا چۈشتى.

بۇ قونالغۇ چوڭ ھويلا دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك، ئاغزىدىن ”لائىلاھە...“نى چۈشۈرمەيدىغان بىر دۆلەتمەن ئائىلىگە، يەنى ھوشۇر قارىغا تەۋە ئىدى. ھوشۇر قارى تۇرپاندا چوڭ يىغىلىق بولغان مەزگىلدە سودا ئىشلىرى ئۈچۈن ئىچكىرىگە، يەنى شاڭخەيگە كەتكەنچە قايتىپ كەلمىگەن ئىدى. قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن چۈشكەن شىڭ شىسەي باشچىلىقىدىكى قوراللىق ئەسكەرلەر بۇ ناھىيىدىكى بايلارنى ئالاھىدە سۈرۈشتۈرۈپ ھوشۇر قارىنى ”قورسىقىدا جىن بولمىسا نېمىشقا ھازىرغىچە قېچىپ كېتىپ كەلمەي يۈرىدۇ“ دەپ گۇمانلىنىپ بۇ ھويلىنى بۇلاشقا بانا-سەۋەب تاپتى ۋە ھويلىنى ئوڭتەي-توڭتەي قىلىپ بۇلىدى. ھوشۇر قارىنىڭ بىر ياشلىق ئوغلى رازاق ئاپىسى گۈلخان بىلەن بىرگە تۇرپاندا ئىدى. ھويلىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانلار ۋە ئەتراپىدىكى بارلىق قولۇم-قوشنىلارمۇ قاتتىق ئۇرۇش بولغۇدەك، شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى ئادەم ئۆلتۈرگىلى كېلىدىكەن، دېگەن خەۋەرنى ئالدىنئالا ئاڭلىۋېلىپ، ھەممىسى ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن مال-مۈلۈكلىرىنى شۇ پېتىلا قالدۇرۇپ، ياقا يۇرتلارغا، كورلا، قاراشەھەر تەرەپلەرگە قېچىپ كەتكەن ئىدى. كەڭ كۆلەملىك زور قىرغىنچىلىق ئاياغلاشقاندىن كېيىن شىڭ شىسەي باشلاپ كەلگەن جازا ئەترىتى بىلەن ئاق ئورۇس ئەسكەرلەر ”چاپ-چاپ“ قىلىپ ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ھويلىنى بۇلاپ قۇرۇقداپ قويغاندىن كېيىن ھېچكىم بۇ چوڭ ھويلىغا كىرىشكە پېتىنالمىغان ئىدى.

توقسۇن ناھىيىسىگە توپلانغان قوزغىلاڭچىلار بىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ،

دەپ ئويلىغان ھەمدۇل پالۋان تاڭغا يېقىن بولۇپ ئۆتكەن قىرغىنچىلىقتىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا دەرۋازىسى كەڭ ئوچۇق بۇ ھويلا ئالدىغا كېلىپ، غايەت زور قورقۇنچلۇق ۋەھىمە سەزدى. ”يولدا ئاتقا مىنەي دەپ تۇرسام، بىر چىپار مۈشۈك ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى، شۇ چاغدىلا ئاگاھ بولغان بولسام خەتىرى زور ۋەھىمىلىك بۇ سەپەرگە زادىلا چىقمىغان بولار ئىكەنمەن، خەپ بۇ ھويلا نېمىشقا جىمجىت، لېكىن دەرۋازىسى ھاڭدەك ئوچۇق؟“ دەپ ئويلىدى ھەمدۇل پالۋان ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپ. ھېرىپ كەتكەن ئاتلار پۇشقۇرۇپ كىشنەيتتى. پالۋانلارمۇ كېچىچە يول يۈرۈپ راسا چارچىغان. بۇ ئىگىسى يوق ھويلىدا ئارام ئالماي بولمايتتى. شۇڭا ھەمدۇل پالۋان قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بۇيرۇق قىلغۇچە ئادەملىرى ئاتلىرىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، بۇ ھاڭدەك ئوچۇق تەييار قونالغۇ ھويلىغا كىرىپ بولدى.

ھەمدۇل پالۋان ئادەملىرىگە ئۆزى بىلەن بىرگە بامدات نامىزىنى ئوقۇشقا بۇيرۇدى. ئاندىن ئىشەنچىلىك بىر ئالاقچى ئادىمىنى بازارغا بېرىپ ئەھۋال ئىگەللەشكە ئەۋەتتى. تاڭمۇ يورۇپ شەرقتىن قىزىرىپ كۈن چىقىشقا ئاز قالغاندا ئەۋەتكەن ئالاقچى زور ۋەھىمە، ئالاقزادىلىككە چۈمگەن ھالدا ئىۋان ئىشانوۋىچ بىلەن لاگونى ۋە بېشىغا ئاپپاق سەللە ئورىغان بىر پاكار ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ، بۇ كېلەڭسىز چوڭ ھويلا دەرۋازىسى ئالدىدا توختاپ، بىردەم تۇردى، ئاندىن ئۇلارغا بىرنېمىلەر دېدى-دە، ئالدىراش ھەمدۇل پالۋان تۇرىدىغان چەتتىكى بىر ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن بايىقى كىشى ھودۇقۇشنى تۈگىتىپ، چىرايى خېلى ئېچىلغان ھالدا ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن ھېلىقى ئۈچ ئادەمنى ھەمدۇل پالۋان تۇرىدىغان مەخسۇس ئۆيگە باشلاپ كىردى. بۇ ئۆي ئۇلارنىڭ قوماندانلىق شتابى ئىدى.

—بىز شۇ شېڭ زىنخۈي جانابلىرىنىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن شۇ ئەلچىلىرى بولىدۇ شۇ،—دېدى لاۋگو يېرىم ئۇيغۇرچە، يېرىم خەنزۇچە سۆزلەپ،—مانا شۇ مۆتىۋەر يۇرت بېشى شۇ موللامۇ تۇرۇپتۇ شۇ، بىز پۇقرالارنى شۇ بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى توپلاڭچىلارنى شۇ يوق قىلدۇ شۇ،

يۇرتنى تىنچ-ئامان قىلدى. سىلەر شۇ چاپسان قورال-ياراقلارنى شۇ بىر ئۆيگە يىغىپ، شۇ قۇلۇپلاپ ئاچقۇچنى بىزگە تاپشۇرسا شۇ سىلەرگە چېقىلمايدۇ شۇ. ئات-ئۇلاق شۇ يېمەكلىكىڭلار ئۆزۈڭلارغا قالىدۇ. نەدىن كەلدى شۇ شەگە كەتسەڭلار يول ئوچۇق شۇ، بۇ قوماندان شىڭ زىخۇي جانابلىرىنىڭ سىلەرگە كۆرسەتكەن ئەڭ يوغان غەمخورلۇقى شۇ.

ھەمدۇل پالۋان بۇ ئۈچ ئادەمنى ئۇزۇن ياغاچ ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ئۇلارغا يەر تېگىدىن كۆز ئالايتىپ قارىدى. ئۈچ ئەلچى شۈك تۇردى. ھەمدۇل پالۋان بېلىدىكى تاپانچىنى ئالقىنى بىلەن بېسىپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

—يۇرتىمىزدىكىلەر بىزنى ياۋا چوشقا، تۈلكە، بۆرىلەرنى ئېتىشتا مەرگەن دەپ ئاتىغان، بىز ئەسلى ئادەم ئۆلتۈرىدىغان پالۋان ئەمەس ئىدۇق. بىز ھەقىقەت ئىزدەپ، يۇرتىمىزدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئاخىر سىلەرگە دوقۇرۇشۇپ قالدۇق،— ھەمدۇل پالۋان كۆڭلى يېرىم بولۇپ، يېنىدىكى ئىككى ھەربىي مەسلىھەتچىسىگە قارىۋېلىپ، سۆزىنى ئۇنلۇكرەك قىلىپ داۋاملاشتۇردى،— ئۇرۇشساق، سىلەرنىڭ ئوقۇڭلاردا شېھىت بولۇشىمىز تۇرغان گەپ، لېكىن ھەربىرىمىزنىڭ سىلەرنىڭ ئونڭلارغا، ھەتتا يۈزۈڭلەرگە تېتىيالىغۇچىلىكىمىز بار. ئاللا يولىدا سىلەر بىلەن جەڭ قىلساق، بىلىپ قىلىڭلاركى، بىز شېھىت بولۇشتىن ئاۋۋال سىلەر گۆرگە كىرىپ بولىسىلەر.

—بوقسۇ، يوقسۇ، بىز سىلەر بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلمىدۇق. يۇرت تىنچلاندى، سىلەرنىڭ قورال-يارىقىڭلارنى يىغىشتۇرۇپ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىپ، يۇرتىڭلارغا تىنچ-ئامان قايتىپ، خوتۇن، بالا-چاقاڭلار بىلەن جەم بولۇشۇڭلارنى تىلەپ كەلدۇق،— دېدى ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئۇيغۇرچە سۆزلەپ يېلىنغان ھالدا ئېگىلىپ تۇرۇپ،— يۇرتىڭلارغا تىنچ-ئامان قايتساڭلار، خوتۇن، بالا-چاقاڭلارمۇ خۇش بولىدۇ. قوماندانىمىز شىڭ زىخۇي جانابلىرىمۇ ناھايىتى خۇش بولىدۇ.

—بىزنى سىلەرگە شۇ ئىشىنىپ، ئالاھىدە شىڭ زىخۇي جانابلىرى ئەۋەتتى شۇ،— دەپ قوشۇپ قويدى لاۋگو ۋە گازىر كۆزىنى ھېلىقى پاكار

موللىغا قىسسىپ، ”سەنمۇ بىرنىمە دېگىن“ دېگەندەك قىلىپ قارىدى.

— بىزنى جانابى قوماندان شېڭ شىسەي جانابلىرى ئەۋەتكەن، بەرھەق راست،— دەپ تەستىقلىدى ھېلىقى پاكار موللا يۆتىلىپ تۇرۇپ، — ”قۇرئان“دا ”ئاللا بۇزغۇنچىلارنى كەچۈرمەيدۇ“ دېيىلگەن. ھەرقايسىڭىز ئاللانىڭ يولىغا كىرىپ، پىرقە بولدىن چەتنىمەي، يۇرت-ماكانىمىزغا ساق-سالامەت قايتىپ تىنچ ئۆتۈشىمىز لازىم.

— يۇرتىمىزغا بىزنىڭ ساق-سالامەت قايتىشىمىزغا كىم كاپالەتلىك قىلىدۇ،— دېدى ھەمدۇل پالۋان ئىككىلىنىپ بىرئاز يۇمشاپ.

— قورال-يارىقىڭلارنى يىغىشتۇرۇپ بىزگە تولۇق تاپشۇرۇپ بەرسەڭلەرلا، شېڭ شىسەي جانابلىرىنىڭ ئۆزى چوشتىن كېيىن بۇ يەرگە كېلىپ، كاپالەت بېرىپ، زىياپەت بىلەن ئۇزىتىپ قويىدۇ،— دېدى ئۇ ۋان ئۇۋانوۋىچ خۇش چىراي ئېچىپ ھەمدۇل پالۋان بىلەن يېنىدىكى ئىككى ھەربىي مەسلىھەتچىسىگە يېلىنغان قىياپەتتە.

ھەمدۇل پالۋان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ قالدى. ئاق سەللە ئورىغان ھېلىقى موللا كىشى ئارىلاپ سۆز قىستۇرۇپ: ”دۆلەتنىڭ ئەمر-پەرمانىنى قوبۇل ئەتمەك ۋاجىپ“ دەپ تۇردى. لاۋگونىڭ يىقىملىق مۇئامىلىسى ئۇ ۋان ئۇۋانوۋىچنىڭ ھەربىي فورمىسىز، ئاددىي كىيىنگەن تەھدىتسىز قىياپىتى ۋە ئۇيغۇرچە سۆزلىشى، پاكار موللىنىڭ ”قۇرئان“دىن سۆز-ۋەز ئېيتىپ ”ئەمر ۋاجىپ“ دەپ ئارىلاپ ئايەت ئوقۇشى ھەمدۇل پالۋاننىڭ يېنىدىكى قوراللىق ئىككى ھەربىي مەسلىھەتچىسىگىمۇ خېلى ياخشى تەسىر قىلدى بولغاي، قورال-ياراقلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆيلىرىگە تىنچ-ئامان قايتىۋېلىش قىياپىتىنى ئىپادىلەشكە باشلىدى. ھەمدۇل پالۋان سول قولىدا بىلىكىدىكى ئالتۇن چىشلاردەك پارقىراپ تۇرغان تاپانچا ئوقى بىلەن بەلبېغىنى تۇتۇپ، ئوڭ قولىنى ئۇستەل ئۇستىگە قويىۋېتىپ، لاۋگونىڭ گازىر كۆزلىرىگە تىكىپ قارىدى. لاۋگو يۇمۇق گازىر كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ يەرگە قاراش ئارىلىقىدا ھەمدۇل پالۋاننىڭ قولىنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىدا پارقىراپ تۇرغان ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆرۈپ قالدى. ھەمدۇل پالۋان كېلىنىنى رازىخان يوللۇق تۇتقان ئالتۇن ئۈزۈككە لاۋگونىڭ كۆزى چۈش-

كەنلىكىنى سەزمىدى ۋە ئۇۋان ئۇۋانوۋىچ بىلەن ھېلىقى موللىغا گۇمانسىراپ قارىدى. ئۇ ئۆزىچە ئۇلارنىڭ قىياپىتىنى تەھلىل قىلىپ مۇنداق ئويلىدى: ”ئورۇسمۇ دىنسىز، كاپىر، ئورۇستىن بىزگە قاچان ياخشىلىق كەلگەن؟ ھە، راست، ئوغلۇم قادىر روسىيىنى ماختىغاندەك قىلغان. لېنىن دېگەن بىر ئورۇسنى ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتكەن. لى داجاۋ دېگەن بىر خەنزۇنىمۇ ماختاپ ئالاھىدە تىلغا ئالغان ئىدى. ”ل“ ئىسىملىك ئادەملەر قايسى مىللەتتىن بولسۇن، ياخشى كىشىلەرمۇ يا؟ مەھەللىمىزدە بۇرۇن لېتىپ مەزىن ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن. ئۇ ئادەممۇ ئىنتايىن ياۋاش، ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى. ئاتامغا داۋانچىڭدا ئۇچرىغان سودىگەر قېرى لى لەنتاڭمۇ گېپىدە تۇرىدىغان، راست گەپ قىلىدىغان ئادەم. ئىمان ئېيتقان ئاق كۆڭۈل ياۋاش بەندە شوپۇرنىڭمۇ ئىسمى ل، يەنى لىۇ خۇگيۇەن ئەمەسمىدى؟ شوپۇر لاۋلىۇ ھەقىقەتەن ئاق كۆڭۈل، ياۋاش ئادەم...“ ھەمدۇل پالۋان قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈشتىن ئاۋۋالراق ئۈرۈمچىگە چىقىپ كەتكەن بىر مويسىپىت كىشىنىڭ ”دەستىسى يوق پىچاقنى تۇتماسلىق كېرەك“ دېگەن بىر ھېكمەتلىك سۆزىنى ئېسىگە ئالدى. ھەرنېمە ئويلىغان بىلەن ھەمدۇل پالۋان كېچىككەن ئىدى. ئۇ يېنىدىكى ھەربىي مەسلىھەتچىلەرنىڭ رايى بويىچە چۈشتىن كېيىن بارلىق قورال-ياراقلارنى بىر ئۆيگە يىغىپ تاپشۇرۇۋېتىدىغانلىقنى ئېيتتى. شېڭ شىسەينىڭ قوماندانلىق شتابىدىن كەلگەن لاۋگو قاتارلىق ئۈچ كىشىمۇ بۇ پالۋانلارنى ئۆيلىرىگە زىياپەت بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن بەش-ئالتە قوي ئەۋەتىدىغانلىقنى ۋەدە قىلىشىپ، ناھايىتى مەمنۇنلۇق بىلدۈرۈپ، خۇشال ھالدا كېتىپ قالدى.

مەغلۇپ بولىدىغان قوشۇننىڭ ئادەملىرى مەغلۇبىيىتى يېقىنلاشقانسېرى ئىنتايىن تەرتىپسىز، چېچىلاڭغۇ، گۇمانخور، بىر بىرىگە ئىشەنمەس، روھىي چۈشكۈن كېلىدۇ. ھەمدۇل پالۋان بىلەن ئىككى ھەربىي مەسلىھەتچى تاسادىپىي، ھەش-پەش دېگىچە كېلىپ-كېتىپ قالغان ھېلىقى ئۈچ ئادەمنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈپ، دەسلەپ ھاڭۋېقىپ بىربىرىگە گۇمانلىق قارىشىپ ئۆزئارا پىچىرلاشتى. سىرتتا نېمە ئەھۋال بولغانلىقنى بىلەلمىگەن

پالۋانلار ئۈچتىن، تۆتتىن توپ-توپ بولۇشۇپ، باشلىقىدىن يېڭى گەپ ئاڭلاش مەقسىتىدە ھەمدۇل پالۋان تۇرغان ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۆرە تۇرۇشتى. كۆپ ئۆتمەي ھەمدۇل پالۋان قوماندانلىق شتابى قىلىنغان ئۆيدىن روھىي چۈشكەن ئىككى ھەربىي مەسلىھەتچىسى بىلەن بىرگە ئاستا چىقتى. ھەمدۇل پالۋانمۇ، روھىي چۈشكەن ئىككى ھەربىي مەسلىھەتچىسىمۇ بىلىدىكى تاپانچىسىنى ۋە تىزىق ئوقلۇق بەلبېغىنى بەللىرىدىن يېشى، بىر قولىدا چاڭگاللاپ تۇتقان ھالدا كۆرۈندى. ئاندىن ھەمدۇل پالۋان ئۆزىگە ئەگىشىپ كەلگەن پالۋانلارغا بىرقۇر قارىۋالغاندىن كېيىن سۆز قىلدى:

—پالۋانلار، بازارغا ئەھۋال ئىگەللەش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئادىمىمىزگە بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان ھېلىقى ئۈچ ئادەم ئۇچراپتۇ. بۇ ئۈچ ئادەم شېڭ زىخۇي ئۆزى بىزگە ئالاھىدە ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئىكەن. شېڭ زىخۇي يۇرتلارنىڭ تىنچلانغانلىقىنى، بىزنىڭ قورال-ياراقلارنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆز يۇرتلىرىمىزغا قايتىپ كېتىشىمىز كېرەكلىكىنى ئالاھىدە ئىلتىماس قىلىپ كەپتۇ. بىزنى شېڭ زىخۇي چۈشتىن كېيىن ئالاھىدە ئۆزى كېلىپ بىزلەرگە زىياپەت بېرىپ ئۇزىتىپ قويماقچى. ئاتلىرىمىزغا ياخشى بوغۇز بېرىپ، يۇرتىمىزغا قايتىپ كېتىشىمىزگە تەييارلىنايلى. قورال-ياراقلار ھويلىنىڭ كەينىدىكى بىرىنچى ئۆيگە يىغىۋېلىنىپ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. كىم قورالنى تاپشۇرمىسا، ئاقىۋىتىگە ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ!—ھەمدۇل پالۋان ئالدى بىلەن ئۆزى ئون نەچچە يىلدىن بېرى ئوۋ مىلتىقى تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن چەبدەس قولىدىكى ئوقلۇق رىمىن ۋە تاپانچىسىنى بېنىدىكى روھىي چۈشۈپ بېشىنى كۆتۈرەلمەيۋاتقان بىر ھەربىي مەسلىھەتچىسگە بەردى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن ئۆز تەقدىرىگە باغلىنىشلىقى بولغان ئەھۋالنىڭ بىردىنلا ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئالدىراپ-تېنەپ، نەيزىلىرى دات بېسىپ كەتكەن كونا-يېڭى مىلتىقلىرىنى ئوقلىرى بىلەن بىرگە تاپشۇرۇشقا باشلىدى. بىرقانچىسى نەق مەيداندا قاتتىق غۇدۇڭشۇپ قارشىلىق كۆرسەتكەن ئىدى، كۆپچىلىكنىڭ تەرەپ-تەرەپتىن قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ جىم بولدى. توپ-توپ بولۇپ پىچىر-

لىشۋاتقانلارنىڭ كۆڭلىدە قارشىلىق كۆرسىتىش ئەمەس، قانداق قىلىپ بولمىسۇن تىنچ-ئامان ئۆيگە قايتىۋېلىش، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، خوتۇن، بالا-چاقىلىرى بىلەن جەم بولۇش ئۈمىدى دولقۇنلىماقتا ئىدى. كۆپچىلىك-نىڭ باشتىكى ئىنقىلابقا قاتنىشىش رايى تولۇق يېنىپ بولغان ئىدى.

پالۋانلار ئۆزلىرىگە بېرىلىدىغان چوڭ زىياپەتنى كۈتۈۋېرىپ، قورسى-قى راسا ئاچقاندىن كېيىن ھەربىرى ئۆز قاچىلىرىغا ھويلا ئاشخانىسىدىكى چوڭ ئىدىشتىن يىلمان بولۇپ قالغان سۇ ئېلىپ ئاياللىرى بىلەن تۇغقانلى-رى يوللۇق تۇتقان ئاپئاق بىقسىپقالغان نانلىرىنى يىلمان سۇغا چىلاپ قورساق تويغۇزۇشقا باشلىدى. چالا تەرجىمان بولۇپ كەلگەن لاۋگو: بىز يېتىپ كەلگىچە ھېچكىم ھويلىدىن تالاغا چىقمىسۇن، دېگەچكە، ھويلىغا چۈشكەن پالۋانلارنىڭ بىرەرسىمۇ سىرتقا چىقمىدى.

چۈشتىن كېيىن ئۈستى ئوچۇق بىر قارا ئاپتوموبىل ئەنسىز گۈركى-رەپ ھويلىنىڭ ئارقا ئىشىكى ئالدىدا توختىدى. چىش-تىرنىقىغىچە قورال-لانغان ئەسكەرلەر قوراللىرىنى كەينىگە ئارتقان ھالدا پالۋانلار تاپشۇرغان بارلىق قورال-ياراقلارنى ھويلىنىڭ ئارقا تەرەپ كىچىك ئۆيىدىن كۆتۈرۈ-شۈپ چىقىپ، ناھايىتى تېزلىكتە ماشىنىسىغا بېسىشقا باشلىدى. بىردەمدىلا پىيادە بىر ئىزۋوت ئەسكەر قوراللىرىنى ھازىرلا ئېتىپ تاشلايدىغاندەك بەتلەپ، پۈتۈن ھويلىنى ئىككى قات قورشاپ بولدى. قوراللىق ئەسكەرلەر كەينى-كەينىدىن كۆپەيمەكتە ئىدى. چوڭ ھويلا بىردەمدىلا قاتمۇقات قورشاۋدا قالدى. نەدىندۇ پەيدا بولغان بىرقانچە قوي سەكرىشىپ ھويلىغا كىرگىنىدە ئۆزگىرىۋاتقان تەشۋىشلىك ھالەتتىن گاڭگىراپ قالغان بىر توپ قورالسىز پالۋانلارنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈردى. "شىڭ زىخۇي جانابلىرى بىزنى ئۇزىتىدىغان زىياپەتكە قوي ئەۋەتىپتۇ ئەمەسمۇ؟" دېيىشتى ئۇلار. بىر ھەربىي مەسلىھەتچىنى ئورىۋالغان بىرقانچەيلەن خۇشاللىقىدا "يۇرتى-مىزغا تىنچ-ئامان قايتىدىغان بولدۇق" دەپ بىر-بىرلىرىنى ئۆزئارا تەبرىك-لەشتى. يەنە بىر ھەربىي مەسلىھەتچى دەرگۇمان بولۇپ ھەمدۇل پالۋاننىڭ يېنىغا كېلىۋىدى، ھەمدۇل پالۋان شىڭ شىسەينىڭ قوراللىق ئەسكەرلىرى-نىڭ سىرتتىكى ھەرىكىتىنى كۆزىتىۋېتىپ چىرايىنى تۈردى. ئۇ ھەربىي

مەسلىھەتچى ”ئالدىنىپ قاپتۇق“ دېيىشكە ئارانلا ئۈلگۈردى. ھەمدۇل پالۋان توساتتىن ئۇ ھەربىي مەسلىھەتچىسى بىلەن بىرگە ھويلىنىڭ چېتىدىكى قورال-ياراق تاپشۇرۇلغان كىچىك ئۆي تەرەپتىن قاتتىق چىقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈشۈپ، تار چىغىر يول بىلەن قورال-ياراق يۆتكەپ كېتىلىپ قۇرۇقدىلىپ قالغان ئۆي ئالدىغا كەلگىنىدە چىش-تىرنىقىغىچە قوراللانغان ئاق ئورۇس ئەسكەرلەر بىلەن لاۋگونى، كەينىدىن قىلىچ تۇتقان بىرقانچە مۇھاپىزەتچىنى كۆردى. لاۋگومۇ غىلاپى يوق بىر قىلىچ تۇتقان ئىدى. ئۇ ئۇيغۇرچىنى بۇزۇپ، ئۈنلۈك ۋارقىرىدى.

—سىلەر شۇ بىزدىن ئايىنغان نەسلىداش ئورۇقلار. سىلەر شۇ ئۆزۈڭلارغا بەخت ئاتا قىلغۇچىنى شۇ تونۇماي كەلدىڭلار. جەننەتتىكلەرگە كىرگىنىڭلەردە خۇدايىڭلارغا دەپ قويۇڭلار شۇ. بۇ يەرلەر شۇ بىزنىڭ قەبرىستانلىقىمىز بولسا بولىدۇكى، سىلەردەك ئايىنغان توپلاڭچىلارنىڭ زېمىنى بولۇشىغا شۇ ھەرگىز يول قويمايمىز.

ھەمدۇل پالۋان قورال-ياراقلار توشۇلۇپ بولغاندىن كېيىن چەتتىكى كىچىك ئۆينىڭ يېنىدا كاللىسى ئېلىنغان ھېلىقى پاكار موللىنىڭ قانغا بويالغان-چۇۋۇلۇپ كەتكەن سەللىسىنى كۆردى. بىردەمدىلا يۈزىدە قان دىدارى قالمىغان پالۋانلار قېچىش ئۈچۈن دەرۋازا ئالدىغا كۆچىنىڭ بارىچە يۈگۈرگەن ئىدى، دەرۋازىدىن نەيزە، مىلتىق، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ بەتلىگەن ئەسكەرلەر ئۈن-تىنسىز يۈگۈرۈپ كىرىپ قورالسىز پالۋانلارنى چېپىشقا، نەيزە سانجىشقا باشلىدى. بەزى پالۋانلار ئايەت ئوقۇپ ”لائىلاھە ئىللەللا“ دېيىشكە ئۈلگۈرەلمىدى. ھەمدۇل پالۋانمۇ ئىچىدە ”لائىلاھە.. .“ دېيىشكە لاۋگو ھەمدۇل پالۋاننىڭ ئالتۇن ئۆزۈكى بار ئوڭ قولنى ئەڭ ئالدى بىلەن چېپىپ تاشلىدى. يەنە بىرى ئىككى رەت كۆكرىكىگە نەيزە ئۇردى. ھەمدۇل پالۋان قورال-ياراقلارنى تاپشۇرۇۋېتىشنىڭ خاتا بولغانلىقىنى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. قىيا-چىيا، ئىڭراش، جان تالىشىپ ۋارقىراشلار بىردەمدىلا پۈتۈن ھويلىنى بىر ئالدى. بۇ قىيا-چىيالارنى ئاڭلايدىغان بىرمۇ پۇقرا يوق، بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ھويلا ئەراپىنى، بۇ تەرەپكە كېلىش يولى ئېغىزلىرىنى قوراللىق ئەسكەرلەر توساق

قۇرۇپ، بىرەر ئىنسان تۇرماق ھايۋانلارنىمۇ ئۆتكۈمەي قورشاپ بولغان ئىدى. ھەتتا گۇۋاھچى بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئۇۋان ئۇۋانوۋىچ بىلەن لاۋگونى باشلاپ كەلگەن ئاق سەللىلىك ھېلىقى پاكار مولللىنىڭ كالىسىنى ئالدى بىلەن چېپىپ جىنىدىن جۇدا قىلغان ئىدى. لاۋگو ھەمدۆل پالۋاننىڭ چېپىپ تاشلانغان قولىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكنى تارتىپ چىقارالماي جىلى بولۇپ يەرگە چۈشكەن بۇ جانسىز قولنى قەھرى-غەزىپى بىلەن چېپىۋېرىپ، پارچە-پارچە قىلىۋەتتى. ئۆلگەن ئادەمنىڭ قولىدىن ئۈلجا تارتىۋېلىشمۇ ئۇنىڭغا ئاسان چۈشمىدى بولغاي، چېپىپ پارچە-پارچە قىلىۋېتىلگەن قولدىن قانغا مىلىنىپ كەتكەن ئالتۇن ئۈزۈكنى قولغا ئالغاندىن كېيىنلا كۆڭلى ئەمىن تاپتى. ئۇۋان ئۇۋانوۋىچمۇ پالۋانلارنىڭ قانغا مىلەنگەن جەسەتلىرىنى ئارىلاپ ئۈلجا ئىزدەپ يۈرمەكتە ئىدى.

يېرىم سائەت ئىچىدە پۈتۈن ھويلا-ئۆيلەر قانغا بويىلىپ ھويلىنىڭ ئارقا ئىشىكى بىلەن دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىقىش ئېغىزى قېچىشقا يۈگۈرگەن پالۋانلارنىڭ جەسەتلىرى بىلەن تولۇپ كەتتى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسى بىرئاز ئويمان بولغانلىقتىن جەسەتلەردىن سىرغىپ چىققان قانلار يېرىم ئىلىك قان كۆلچىكى ھاسىل قىلىپ بىر ھەيتىگىچە تامچا سۈمۈ كۆرمىگەن چىلان رەڭ توپىلىق يەر قاتلىمىغا سىڭمەكتە ئىدى. ئۇرۇشقا قاتنىشىپ باقمىغان، ئادەم ئۆلتۈرۈپ باقمىغان ھەرقانداق ئەسكەر بۇ پاجىئەلىك مەنزىرىنى كۆرگىنىدە ئەندىكمەي، قېنى شۈركەنمەي قالمايتتى. ۋۇجۇدىدا دەررۇ دەپ بېرەلمەيدىغان بىر قورقۇنچ ھېس قىلىشى تەبىئىي ئىدى. لېكىن بۇ ئەسكەرلەر ئۇرۇشقا قاتنىشىپ باققان، بەلكى ئادەم ئۆلتۈرۈپ باققان بولغاچقا، ئۆزلىرىدە ھېچقانداق قورقۇنچ ھېس قىلىشمىدى. لاۋگو بىلەن ئۇۋان ئۇۋانوۋىچ قاتارلىقلار ياتقان جەسەتلەرنى بىرمۇبىر ئاختۇرۇپ، ئېلىپ كەتكىلى بولىدىغان قىممىتى بارلىكى نەرسىلەرنى سومكىلىرىغا، يانچۇقلىرىغا سېلىپ بۇ زور قىرغىنچىلىقنى تېزلا ئاياغلاشتۇرۇپ كېتىپ قالدى.

جەسەتلەر مەسچىت جامائەتچىلىكىگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن ئىدى، جامائەت ئەتىگەن بامدات نامىزىدىن يېنىپلا ”شېھىت بولغانلارنىڭ جەستى“ دەپ ئاتالغان بۇ پالۋانلارنىڭ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن پارچ-پارچە مېيىتلىرى-

نى توقسۇننىڭ جىگدە دېگەن يېرىگە ئاپىرىپ، چوڭ ئورا كولاپ، يىغا-زارە ئىچىدە بىر يولى كۆمۈۋېتىشتى.
شېڭ شېسەي جىددىي خەۋەر ئاڭلىدى بولغاي، توقسۇندىكى زور قىرغىنچىلىقنى تېز تۈگىتىپ، قوشۇنلىرىنى باشلاپ، تېزلا ئۈرۈمچىگە قايت-تى. چالا تەرجىمان ۋە ھەربىي مەسلىھەتچى بولۇپ سوكۇلداپ يۈرگەن ئىۋان ئىۋانووۋىچ بىلەن بىرگە لاۋگومۇ توقسۇندا قىلىشنى خالىماي كەينى-دىن بىرئاز غۇدۇرىغان بولدى ۋە كېتىش تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدى.
ئىۋان ئىۋانووۋىچ بىلەن لاۋگو بىر مەزگىل يالغۇزسىراپ قالدى. ئۇلار بىربىرىگە تۇيدۇرماي، تۇيۇقسىز بىلمەسكە سېلىشىپ جىق ئالتۇن، كۆ-مۈش، پۇل يىغىۋالغان ئىدى. لاۋگو ئالتۇن ئۈزۈك بىلەن ئاياللارنى ئاسان قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، دەپ ئويلاپ بۇ ئۈزۈكلەرنى ئىۋان ئىۋانووۋىچتىن يوشۇرسا، ئىۋان ئىۋانووۋىچمۇ لاۋگودىن جىق نەرسىلەرنى يوشۇردى. ئىۋان ئىۋانووۋىچ بىر ئامال قىلىپ لاۋگونى ئادەم يوق، پىنھان بىر جايغا باشلاپ ئاپىرىپ ئۇن-تىنسىز بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈپ يىغقان ئالتۇنلىرىنى ئېلىۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، خۇددى لاۋگو تۇيۇپ قالغاندەك توپتىن ئايرىلمىدى. لاۋگومۇ بىر ئامال قىلىپ، ئىۋان ئىۋانووۋىچنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ يىغقان بايلىقىنى ئېلىۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، قورقۇپ، تىترەپ جۈرئەت قىلالا-مىدى. ئىۋان ئىۋانووۋىچ بىلەن لاۋگو توقسۇندا قېلىشنى خالىماي، شېڭ دۇبەننىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىگە ئەگىشىپ ئۇدۇل ئۈرۈمچىگە قاراپ قويرۇق-لىرىنى تىكىۋېتىشتى.

× × ×

شوپۇر لاۋلىيۇ ھەمدۇل پالۋان توقسۇن ناھىيىسىگە سەپەر قىلغاندىن كېيىن قادىر ھەمدۇللا ۋە ئۇنىڭ ئايالى رازىخان قاتارلىقلار بىلەن خوشلى-شىپ يولغا چىقتى. ئۇ شوپۇر بولغىنى ئۈچۈن شاڭخەيگە بىر ئامال قىلىپ قايتىپ كېتەلەيمەن دەپ ئۆز-ئۆزىگە قاتتىق ئىشىنىپ سەپەر قىلدى. ئۇ شاڭخەيگە قايتىپ بېرىپ بالا-چاقىلىرىم بىلەن جەم بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقانداق ئىشلىرىغا بەنت بولماي تىنچ-ئامان ياشايمەن دەپ ئويلىدى. ئۇ پىچان، قۇمۇلغا ماڭىدىغان ئات، ھارۋا، ماشىنا يولىغا پىيادە مېڭىپ

بېكەتتىن خېلىلا يىراق يەردە توختىدى. بۇ ئۇزۇن تاشيولدىن ئات، هارۋىلار كۆپرەك، قارا ماشىنىلار ئاندا-ساندا ئۆتەتتى. ئۇ ئۇيغۇر هارۋىكەشلىرىنىڭ خەيرخالىقىغا ئىرىشىپ هارۋىلىرىغا چىقىۋالدى. ئۇچرىغان يۈك ئاپتوموبىللىرىغا چۈشۈپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ شوپۇر ۋە تېخنىكىسى يۇقىرى رېمونتچى بولغانلىقتىن سەپىرى گەنسۇغىچە ئوڭۇشلۇق داۋاملاشتى. تۇرمۇش دولقۇنى ئۇنى بىردەم ئۇ ياققا، بىردەم بۇ ياققا ئىتتىرىپ، شاڭخەيگە قايتىپ كېتىشكە يول قويمىدى. قولىدا هېچنېمىسى بولمىغانلىقتىن ئۇ يەردە، بۇ يەردە ئىشلەشكە، ئەمگەك قىلىپ تۇرمۇش، يول خىراجىتى تېپىشقا مەجبۇر ئىدى. يالغۇز پىيادە يول يۈرگەن چاغلىرىدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قارا ماشىنىلارنى قول كۆتۈرۈپ توسۇغىنىدا شوپۇرلىرى ئۇنىڭغا يولنىڭ چېتىگە چىق دەپ ۋارقىرايتتى. بولۇپمۇ تاغلىق رايونلارغا كەلگەندە شوپۇرلار توساتتىن پەيدا بولۇپ قالىدىغان بۇلاڭچىلىقتا ئۇچراپ قېلىشتىن ئۆلگىدەك قورقۇپ، يۈك باسقان قارا ماشىنىسىنى توختاتماي شامالدەك ئۆتۈپ كېتەتتى. چاتىقى چىقىپ، يېرىم يولدا توختاپ قالغان بەزى قارا ماشىنىلارنىڭ يېنىغا كەلگىنىدە شوپۇرلىرى كىيىمى جۇلجۇل، ئاۋارە چىراي لاۋلىيۇغا دەسلەپ يەر تېگىدىن گۇمان بىلەن قاراپ كۆزگە ئىلمىغان هالدا ماشىنىسىغا يېقىن يولاتمايتتى. رادىئاتورىغا بىرقانچە چېلەك سۇ ئەكىلىپ بېرىپ يېلىنىپ ماشىنىسىغا سېلىنىۋېلىشنى ئۆتۈنگىنىدە بەزى رەھىمدىل شوپۇرلار ماقۇلمۇ بولاتتى. بۇزۇلغان جايلىرىنى ئوڭشاپ بېرىپ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكىنىدە بەزى شوپۇرلار قايىل بولۇپ خېلى يىراق جايلارغىچە كابىنكىسىگە سېلىۋالاتتى. لاۋلىيۇنىڭ شاڭخەيگە قايتىش قەدىمى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئەنە شۇنداق تىنىمسىز داۋاملىشىپ تۇردى. بەزىدە هەتتا شاڭخەيگە قاراپ ئەمەس، شىنجاڭغا قاراپ مېڭىشقىمۇ توغرا كەلدى. تۇرمۇش ئۇنى ئۆزىنىڭ شاڭخەيدە قالغان خوتۇنى، يالغۇز قىزى ۋە يالغۇز ئوغلى بىلەن جەم بولۇش ئىرادىسىگە بويسۇنمىغان هالدا هەرتەرەپكە تاشلايتتى. شوپۇر لاۋلىيۇ ئاخىر مىڭ بىر مۇشەققەتتە جېڭجۇ شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى بىر قاتناش بېكىتىگە كەلدى.

جېڭجۇ شەھىرى خېنەن ئۆلكىسى بويىچىلا ئەمەس، مەملىكەت

بويىچمۇ ئاۋات داڭلىق شەھەر. پويىزدا مېڭىشقا توغرا كەلسە، ھەر تەرەپتىن كېلىدىغان كېلىۋاتقان سان-ساناقسىز يولۇچىلار مەيلى شاڭخەيـ گە، نەنجىڭگە ياكى بېيجىڭ، شەرقىي شىمال رايونلىرىغا بېرىشقا بولسۇن، بۇ ئاۋات شەھەردىن ئۆتمەي قالمايتتى. لاۋلىۋ بىر شوپۇرنىڭ ياردىمى بىلەن يەر-جاھاننى ياپىېشىللىق قاپلىغان 5-ئاينىڭ باشلىرىدا شاڭخەي، نەنجىڭ شەھەرلىرىدىن ۋە شەندۇڭ، خېبېي ئۆلكىلىرىدىن كېلىدىغان چوڭ-كىچىك ماشىنىلار توختاپ ئۆتىدىغان بۇ بېكەتكە كەلگىنىدە ئۇنىڭغا بىرمۇ تونۇش ئۇچرىمىدى. كەچقۇرۇنلۇقى بىرقۇر كىيىم-كېچەكلىرى ۋە بىرقانچە كۇلۇچ، ماشىنا زاپچاسلىرى قاچىلانغان قارا سومكىسىنى كۆتۈ- رۈپ، جىڭموما ۋە كالا گۆشى، شورپا ساتىدىغان چەتتىكى بىر ئاشپۇزۇلغا كىردى. بۇ ئاشخانا كارىدورى بىر ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۈچ ئۆيگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئالدىنقى ئىككى ئۆيى مەي ئىچىشىۋاتقان خېرىدارلار بىلەن لىق تولغان ئىدى. لاۋلىۋ بۇ ھاللىق ئادەملەر سورۇنىغا قوشۇلۇشقا قۇربى يەتمەيتتى. شۇڭا ئۇقۇشماي كىرىپ قالغىنىغا ئۆكۈنۈپ چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىۋىدى، ئاشپەزلەردىن بىرى ئۇنى ئىچكىرىكى ئۆيگە زورمۇزور باشلاپ كىردى، ئۇ ئاشپەز لاۋلىۋنى ماي يۇقى قوللىرىغا قاراپ چوقۇم ماشىنا ھەيدەيدىغان كەلگەن شوپۇر دەپ بىلىپ ئالاھىدە ئىززەت-ھۆرمەت قىلماقتا ئىدى.

ئىچكىرىكى ئۆيدە شوپۇر لاۋلىۋ ئۆزىدىن بەش-ئالتە ياش كىچىك، لېكىن روھى ئۇستىۈن بىر تونۇش شوپۇرنى كۆردى. بۇ شوپۇر بۇرۇن شاڭخەيدە لاۋلىۋ بىلەن بىر قاتناش شىركىتى سىستېمىسىدا رېمونت سېخىدا بىر مەزگىل بىللە ئىشلىگەن، كېيىن شوپۇرلۇققا چىققان ياش ئۇستا ئىدى، ئۇ يۈك بېسىپ شىنجاڭغا چىقىپ كېتىپ ئالتە ئايغىچە يا ئۆلۈكىدىن يا تىرىكىدىن خەۋىرى بولمىغان شوپۇر لاۋلىۋنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالدى ۋە ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي ھال-ئەھۋال سوراپ كەتتى.

— لاۋلىۋ ئاكا، تىرىك ئىكەنسىز، نەلەردە يۈردىڭىز، ماشىنىڭىز قېنى؟

— ياش ئۇستا لاۋلىۋنىڭ روھىي چۈشكۈن، غەمكىن چىرايىغا كۆز يۈگۈر- تۈپ، لاۋلىۋنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ غەش قىلىدىغان بىربىرىگە ئۇلانغان

سوئاللىرىنى سوراشتىن يالتىيىپ ناھايىتى تېزلىكتە ئاشپەزگە بىر تەخسە سەي، جىگموما ۋە بىر قاچا كالا گۆشى بويرۇپ قويۇپ، ھاراق ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتتى.

لاۋلىيۇنىڭ روھىي چۈشكۈن ئىدى، ئۇ بۇرۇن بىللە ئىشلىگەن شوپۇر ياڭ ئۇستىنى شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بۇ ئاشخانىدا ئۇچرىتىپ قېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى، ئۆزىنىڭ شاڭخەيدە قالغان ئايالى، يالغۇز قىزى، يالغۇز ئوغلى ليۇ شۇەن ۋە ئۇكىسى ليو خۇڭلىنىڭ ھال-ئەھۋالىدىن رەسمىي ئۇچۇر بېرىدىغان بىر كەسىپدىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىغا مەمنۇن بولۇپ ئازراق كۆڭلى ئېچىلغاندەك بولدى.

شوپۇر ياڭ كۆپ ئۆتمەي بىر بوتۇلكا ھاراق كۆتۈرۈپ، ئاشخانىغا كىرىپ كەلدى. بوينى قىسقىراق كەلگەن سېمىز شوپۇر ياڭ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشىغا ئۇنىڭ كەينىدىن ئىككى ئاشپەز ئالدىن تەييارلانغان بىر قاچا كالا گۆشى، شورپا ۋە جىگموما، چاي ئېلىپ كىردى ۋە ھازىرلا گۆشلۈك سەي ئېلىپ كىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ۋارقىراپ ئاشخانىنى چاڭ كەلتۈرگىنىچە چىقىپ كېتىشتى.

—لاۋليۇ ئاكا، قېنى تاماق يەڭ. تارتىنماڭ. بىز خېلى بۇرۇنلا ئاكا-ئۇكىدەك بولۇپ كەتكەن قېرىنداشلار. كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بوپتۇ. قانغۇچە مۇڭدىشۋالايلى. ئەتە بېيجىڭغا ماڭىمەن. سىزچۇ، سىز...شاڭ-خەيگىما؟—ياڭ شوپۇر لاۋليۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ، قىلد-ۋاتقان گېپىنى بىردىنلا توختىتىۋالدى.

—ياڭ ئۇستام، مەن شىنجاڭدىن كېلىشىم كۆرگەن-بىلگەنلىرىمنى دېگىلى تۈرسام بىرقانچە كېچە-كۈندۈزدىمۇ تۈگىمەيدۇ. ھازىر ئۆيۈمگە، ئايالىم ۋە پەرزەنتلىرىم بار شاڭخەيگە كېتىۋاتىمەن. ئۆيۈمدىكىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ ئۇچۇقراق بىرنېمە دېمەيسىزغۇ؟

ياڭ ئۇستا ئالدى بىلەن شوپۇر لاۋليۇنى تاماققا زورلىدى. لاۋليۇ ھەمدۇل پالۋاننىڭ ئۆيىدىن ئايرىلغاندىن بېرى ھازىرغىچە مۇنداق گۆش-لۈك، مەززىلىك تاماق يېمىگەن ئىدى. ئۇ ياڭ شوپۇردىن مەمنۇن بولغان ھالدا بەھۇزۇر تاماقلاندى. گۆشلۈك سەي كەلگىچە ياڭ شوپۇر ھۆرمەتلەپ

تۇتقان مەيدىن ئىككى رومكا كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭغا هاراق ئىچمىگىلى ئۇزۇن بولغان ئىدى. كۈتكۈچى ئاشپەز ئالدىغا تارتقان كۆل رەڭ پەرتۇقـنى ئۇستىگىرەك تارتىپ ۋارقىرىغىنىچە دەملەنگەن كىچىك بىر چۆگۈن چاي ۋە بىر تەخسە مەززىلىك گۆشلۈك سەي ئېلىپ كىردى ۋە ئۇلارنى كەڭ-كۇشادە سۆزلىشىۋالسۇن دېگەندەك قىلىپ، تېزلا چىقىپ كەتتى.

—ياڭ ئۇكا، يىرىم يىلدىن بېرى مەن ئۆيۈمنىڭ ئەهۋالىدىن سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئۇكام ليۇ خۇگلىنىڭ ئەهۋالىدىنمۇ هېچبىر خەۋەر ئالالمـدىم. ئايالىم، قىزىم ۋە ئوغلۇم ليۇ شۇەينىڭ ئەهۋالى قانداقراق؟ ئۇلار مېنىڭ ئۆيگە تېز، ۋاقتىدا يېنىپ كېلەلمىگىنىمگە قانچىلىك ئاچچىقى كەلگەندۇ-هە؟

شوپۇر ياڭ ئۇچۇر ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ تۇرغان لاۋليۇنىڭ سوئالـلىرىغا جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال لىق تولدۇرۇپ بىر رومكا مەي ئىچىۋەتتى، ئاندىن لاۋليۇنىڭ كۆزىگە بىر قارىۋالدى-دە، گېپىنى دۇدۇقلاپ باشلىدى:

—لاۋليۇ ئاكا، سىز شىنجاڭغا سەپەر قىلىپ شاڭخەيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن جاهان بىر ئايغىچە تىنچ ئۆتكەن بولدى. كېيىن سىز بىلەن سۆزلەشكەن خوجايىن لاۋليۇ كەلمەيدىغان بولدى، ماشىنىمىزنى ئېلىپ كوممۇنىستلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ماشىنىمىزنى تۆلىسۇن دەپ ئۆيىۋاقىڭىزنى بالا-چاقىڭىز بىلەن قوشۇپ ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى. ئوغلىڭىز ليۇ شۇەي بۇ ئېغىر خورلۇققا چىدىماي سىزنى ئىزدەپ شاڭخەيدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى. ياپونلارنىڭ تەهدىتىگە ئۇچرىغان ئۇ خوجايىنلار ئاخىر ئۆي-بىساتىڭىزنى سېتىپ، ئايالىڭىزنى دەپسەندە قىلىپ ۋە قىزىڭىزنى بۇلاپ شياڭگاڭغا چىقىپ كەتتى،—شوپۇر ياڭ سۆزلەۋېتىپ، شوپۇر لاۋليۇنىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سۆزلەيمۇ-سۆزلـمەيمۇ دەپ ئارىسالدا بولدىيۇ غەيرەتكە كېلىپ، گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇۋەردى،—هەقىقىي ئەهۋال شۇنداق. بىز ئىشلىگەن قاتناش شىركىتى هازىر يوق. شىركەت ئورنى هازىر بىر ياپونلۇق كاپىتالىستنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇ يەرلەرگە: ”جۇڭگولۇقلار كىرىشكە رۇخسەت يوق“ دېگەن خەت تاختىسى ئېسىقلىق. تېخى ئېلىشمىز بار دەيدىغان بەزى كىچىك

كاپىتالىستلار سىزنى، ئوغلىڭىز لىۇ شۇەينى ۋە ئۇكىڭىز لىۇ خۇڭلىنى ئىزدەپ-سوراپ يۈرگۈدەك. ئۇكىڭىز لىۇ خۇڭلى تۇتۇۋېلىنغان تەقدىردە تۈرمىگە تاشلىنىش ئېھتىمالىنى سېزىپ، دەل ۋاقتىدا يوشۇرۇنچە شاڭخەيدىن چىقىپ كەتكەن. مەنمۇ شەھەردىن بالدۇرلا چىقىپ كەتتىم. شاڭخەي شەھىرى قالايمىقانلىشىپ كۈندە دېگۈدەك پاتپاراقچىلىق يۈز بېرىپ تۇرغاچقا، قايتىپ بارغۇم كەلمىدى. ھېلىمۇ ياخشى مەن سىزگە ئۇچراپ قاپتىمەن. بۇ ئەھۋاللارنى دېمىگەن بولسام، سىزمۇ خەۋەرسىز شۇ پېتى شاڭخەيگە باغان بولسىڭىز، ساقچى ئىتلارغا دەل يەم بولغان بولاتتىڭىز، ئەڭ ياخشىسى، لاۋلىۇ، سىز يېقىنقى يىللاردا شاڭخەيگە بارماڭ. خالىسىڭىز، مەن بىلەن بىللە يۈرۈڭ، سىزنى بېيجىڭغا ئاپىرىپ قوياي. بېيجىڭ شەھىرى شاڭخەيگە قارىغاندا سىز ئۈچۈن تىنچ ماكان بولۇشى مۇمكىن. سىزنىڭچە قانداق، لاۋلىۇ؟

لاۋلىۇ ئائىسى ھەققىدىكى بۇ كۆڭۈلسىز خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى. كىشى ئۈچۈن تىرىپىرەڭ بولۇپ كەتكەن ۋەيران ئائىلىسىنىڭ ئېچىنىشلىق خەۋىرىنى ئاڭلاشتىنمۇ ئېغىر دەرد-ئەلەم بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئۇدۇل كەلگەن ھارىقىنى ھايالسىز، تەكەللۇپىمۇ قىلماي، ئۇن-تىنسىزلا كۆتۈرۈۋەتتى.

—ئۇكام ياڭ، سىز بىلەن بۇ بېكەت يېنىدىكى ئاشپۇزۇلدا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغىنىم ناھايىتى ياخشى بولدى. سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالمىغان بولسام، مەنمۇ دوزاخ ئاغزىغا—مېنى ئىزدەپ يۈرگەن باي غوجامنىڭ لالمىلىرى ئالدىغا بېرىپ قالغان بولار ئىكەنمەن. مېنى ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن ئوغلۇم لىۇ شۇەي نەلەردە يۈرىدىغاندۇ، ئۇكام لىۇ خۇڭلى بىلەن ئوغلۇم لىۇ شۇەي ھازىر نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇ؟ ئايالىممۇ، قىزىممۇ، ئوغلۇممۇ بولمىسا شاڭخەيدە نېمىمۇ قىلارمەن؟ مەن سىز دېگەندەك شاڭخەيگە بارمايمەن. لېكىن يۈك بولۇپ بېيجىڭغىمۇ بارغۇم يوق. ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلقى تۆت، دېگەن گەپ بار. سىزگە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرگەندىن كۆرە ئۇكام بىلەن ئوغلۇمنىڭ دېرىكىنى قىلىشىم، تاپالمىسام قايتا شىنجاڭغا چىقىپ كەتكىنىم تۈزۈك،—لاۋلىۇ سۆزلەۋېتىپ،

ئۆزىگە قويۇلغان يەنە بىر رومكا هاراقنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى.
ئۇلار يېرىم مىنۇتچە بىربىرىگە يەر ئاستىدىن تىكىلىپ قارىشىپ گەپ-سۆز قىلىشمىدى. هاراق ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن لاۋلىيۇ ئورۇندىن تۇرۇپ چوڭ سومكىسىنى ئېلىپ ياڭ شوپۇرغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى. شوپۇر ياڭ ئۇنىڭ جاهىللىق بىلەن ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئۇنى قاتناش بېكىتىنىڭ ئۆزى چۈشكەن ياتىقىغا ئېلىپ كەتتى. ۋە نەگىلا بولمىسۇن مەن يولغا سېلىپ قويىمەن، دەپ ۋەدە قىلدى.
ئەتىسى لاۋلىيۇ غەربكە، شوپۇر ياڭ بېيپىڭغا مېڭىپ كەتتى. شوپۇر ياڭ مېڭىشتىن ئاۋۋال شوپۇر لاۋلىيۇغا ئالمايمەن دېگىنىگە قارىماي بىرئاز پۇل بەردى، بۇ ئۇنىڭ ئوتتۇز ياشقا كىرە-كىرمەيلا ئېغىر كۈنگە قالغان لاۋلىيۇغا تۇتقان يوللۇقى ئىدى. شوپۇر ياڭ ئۇقۇشۇپ يۈرۈپ لاۋلىيۇنى بىر قارا ماشىنىغا سېلىپ قويدى. شوپۇر لاۋلىيۇ ئويلىدى: ”مەن چوقۇم ئۇكام لىيۇ خۇگىلىنى، ئوغلۇم لىيۇ شۇەينى تېپىپ، ئۇلار بىلەن بىللە بولىمەن. ناۋادا تاپالمىسام شىنجاڭغا چىقىپ مېنى يولغا سېلىپ قويغان هەمدۇل پالۋاننى، يا ئوغلى قادىر هەمدۇللايېۋنى تاپىمەن. مېنى بىر پېشكەللىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ قاچۇرۇۋەتكەن لاۋگو ئۇچراپ قالسا تېخىمۇ ياخشى. شوپۇرلۇق هۈنىرىم بولغىنى ئۈچۈن هامان جان بېقىپ كېتەلەيمەن. ئۇكام ۋە ئوغلۇم مېنى شىنجاڭغا چىقىپ كەتكەن دەپ بىلىپ مېنى ئىزدەۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن...“
ماشىنىدىن ئايرىلىپ قالغان لاۋلىيۇ ۋەيران بولغان ئائىلىسىنى ئويلاپ ئەنە شۇنداق هەر قىسما غەم-قايغۇ، خىياللاردا بولۇپ ئون نەچچە يىلنى ئۇكىسى لىيۇ خۇگىلى بىلەن ئوغلى لىيۇ شۇەينى ئىزدەش هەلەكچىلىكى بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ شوپۇرلارغا يالىنىپ يۈرۈپ بارمىغان يېرى قالمىدى. ئۇ ئاخىر شىنجاڭنى سېغىنىدى. ئۇ شىنجاڭغا چىققاندا يەرلىك ئاهالىلەرنىڭ، هەمدۇل پالۋان بىلەن ئوغلى قادىر هەمدۇللايېۋنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشكەنلىكىنى هاياجانلىنىپ ئېسىگە ئالدى. رازىخان بىلەن قادىر هەمدۇللايېۋنىڭ ئاق نان يوللۇق تۇتقانلىقى هازىرقىدەك ئېسىدە ئىدى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى سەپەردىشى سودىگەر هوشۇر قارىنىمۇ ئېسىگە

ئالدى. ئۇ ئاخىر ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭغا كېلىپ تەرتىپكە سېلىنغان كونا قاتناش شىركىتىگە شوپۇر بولۇپ كىردى. ئۇ يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى ھەمدۇل پالۋان بىلەن قادىر ھەمدۇللايېۋ ۋە ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل، ياۋاش ئايالى رازىخان،ھوشۇر قارىلارنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئادەمگەرچىلىكىدىن تەسىرلىنىپ،شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىپ قېلىش قارارىغا كەلگەن ئىدى.

× × ×

ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان قادىر ھەمدۇللا جەنۇبىي شىنجاڭدىن چىققان مۇساپىرلار بىلەن ئالاقىسى بار بەزى تونۇش-بىلىشلىرىنىڭ ئاغزىدىن: "ئاق ئورۇس ئەسكەرلەر توقسۇن خەلقىنى قىرغىن قىپتۇ" دېگەن خەۋەرنى چالا-پۇچۇق ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆز ئاتىسى ھەمدۇل پالۋاننىڭ شېنىڭ دۇبەن باشلاپ بارغان ئاق ئورۇس ئەسكەرلەر تەرىپىدىن ۋەھشىيانە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى. سودىگەر ھوشۇر قارى چوڭقۇر، ئەتراپلىق ئويلانغاندىن كېيىن ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت چېكىپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن قادىر ھەمدۇللاغا ئاتىسىنىڭ قەتل قىلىنغانلىقىنى ئىككى ئاي كېچىكتۈرۈپ خەۋەر قىلدى. قادىر ھەمدۇللا ئاتىسى ھەمدۇل پالۋاننىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ياتىقىدا يېرىم كېچىگىچە كۆز يېشى قىلىپ چىقتى. ئۇ ساۋاقداشلىرىغا: "ئاتام تۇرپاندا ئاغرىپ قېلىپ ساقىيالماي ۋاپات بولۇپ كېتىپتۇ" دەپ يالغان ئېيتتى. "ئاتامنى ئاق ئورۇس ئەسكەرلەر ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ" دېسە، ئۆزىگە ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. ساۋاقداشلىرى: "ئاتاڭ ئاللىقاچان دەپنە قىلىنىپ بوپتۇ، تۇرپانغا تەتىلدە بارساڭمۇ بولىدۇ، ھازىر ئىمتىھان بېرىدىغان ۋاقىت يېقىنلىشىپ قالدى. ئاتاڭنىڭ قەبرىسىنى يوقلاشقا تەتىلدە بىراقلا بارغىن" دەپ مەسلىھەت بېرىشتى. مەكتەپ رەھبەرلىكىمۇ ئىمتىھان يېقىنلىشىپ قالدى دەپ رۇخسەت قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەتىل بولغاندا تۇرپاندا قالغان يولدىشى رازىخاننى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ، ئىككىسى بىللە توخسۇن ناھىيىسىنىڭ ئىلانلىق يېزىسىغا يۈرۈپ كەتتى.

ھەمدۇل پالۋاننىڭ جەستى شېنىڭ دۇبەن باشلاپ كەلگەن ئاق

ئورۇس ئەسكەرلەرنىڭ قانلىق قىلىچىدا قۇربان بولغان يەتمىش نەچچە قوزغىلاڭچىنىڭ جەستى بىلەن بىللە توقسۇن ناھىيىسىنىڭ جىگدە دېگەن يېرىگە كۆمۈۋېتىلگەن ئىدى. شېھىت بولغان بۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ تۇرپان، پىچان ۋە قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى تۇغقانلىرى جىگدىگە كېلىپ، ئالدىن چوڭقۇر ئويۇلغان بۇ ئازگالنى ئېچىپ قۇربان بولغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ جەسەتلىرىنى كولاپ ئېلىپ كېتىمىز، دېگەن بولسىمۇ، يەرلىك دىنىي ئۆلىمالار: ”قەيەرلا بولمىسۇن، ئاللانىڭ يېرى، ئېلىپ كەتمىگىنىڭلار ياخشى“ دەپ نەسىھەت قىلىپ يەرلىكنى ئېچىشقا يول قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن كىچىك بالىنىڭ بېلىدەك يوغان، قۇرۇق شاخلىرى كۆل رەڭ قۇملۇقلارغا سايە تاشلاپ تۇرغان جىگدىزارلىقتىكى ئازگال ئويمانلىق ئېچىلماي شېھىتلەر قەبرىستانلىقى سۈپىتىدە شۇ پېتى قالدى.

بوران ئاغزى دەپ ئاتىلىدىغان توخسۇن ناھىيىسىنىڭ 7-ئاينىڭ ئاخىرىدىكى كۈمۈش ئاپتىپى جىگدىزارلىقنىڭ جەنۇبىدىكى قىزغۇچ قۇم دۆڭلىرىنى ئوتتەك قىزدۇراتتى. ئىلانلىق تەرەپكە سوزۇلغان جىگدە دەرەخلىرىنىڭ قويۇق شاخلىرى شىمالدىن سوققان ئەنسىز شاماللارنىڭ قوپال يەلپۈشىدە جەنۇبقا قىڭغىيىپ شۈمشىيىپ قالغان ئىدى. ئىلانلىق تەرەپكە تەپتەكشى قاتار قويۇلغان جىگدە دەرەخلىرىدىن بىر چاقىرىم نېرىغىراق سوزۇلغان قۇم ئارىلاش شېغىل تاشلىق ھارۋا يولى بازارغا تۇتىشىدىغان چوڭ يولدىن خېلىلا يىراق ئىدى. بۇ جىگدىزارلىقتىن ۋەھىمە ھېس قىلغاچقىمىكىن، ئات، ئېشەك، كالا ھارۋىلىق كىشىلەر بۇ يولدا ئاسانلىقچە ماڭمايتتى. چىڭقى چۈش مەزگىلىدىكى ئوتتەك قىزىپ كەتكەن قىزغۇچ قۇم دۆۋىلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىسسىق ھاۋا سۈتتەك ئاق ئاسماندىكى چاقناق قۇياش ئاپتىپىنىڭ چوغدەك قىزدۇرۇشىدا ھارغىن كۆزلەرگە ئىمىر-چىمىر كۆرۈنەتتى. مەكتەپتىكى تەرەققىپەرۋەر ساۋاقداشلىرىنى دوراپ بېشىغا چاچ قويۇۋالغان يىگىرمە بەش ياشلىق قادىر ھەمدۇللا يازنىڭ تومۇز ئاپتىپىدا ئىسسىقداپ كېتىپ ئۈچىسىدىكى كۆك چاپىنىنى سېلىپ، ئوڭ بىلىكىگە ئارتىۋالدى-دە، قېرى-چۆرىلەر ئېيتىپ بەرگەن بىر قېرى جىگدە دەرىخىنىڭ يېنىدا ئېشەك ھارۋىسىنى توختاتتى. ئېشەكمۇ تازا ھارغان بولسا

كېرەك، توختىغان يېرىدە قىمىرلىماي ئىتائەتمەنلىك بىلەن جىم تۇردى. بېشىغا سۈتتەك ئاق ياغلىق ئارتقان رازىخان ئاپئاق كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى يىغىپ چىڭ تۇتۇپ هارۋىدىن ئاستا سۇرۇلۇپ قۇم ئارىلاش چىڭدالغان شېغىل تاشلىق يول چېتىگە يېنىككىنە سىيرىلىپ چۈشتى. ئۇ توي قىلغىنىغا ئۈچ يىل بولغان بولسىمۇ، تولۇنئايدەك چىرايى ياتلىق بولمىغان قىز بالىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ كونىلارنىڭ ئېيتىشى بويىچە ئايال كىشىنىڭ قەبرىستانلىققا دۇئا-تىلاۋەت قىلغىلى بېرىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭمۇ بارغۇسى كەلگەچكە، يولدىشى قادىر هەمدۇللاغا كونىلارنىڭ ئېيتقىنىنى دېمىدى. بېشىغا ئۇ ماتەم بەلگىسىنى بىلدۈرىدىغان بۇ ئاق ياغلىق چېگىپلا قالماي، ئاپئاق كۆڭلەك كىيىۋالغان ئىدى. ئۇ قېيىناتىسى هەمدۇل پالۋاننى ئېسىگە ئېلىپ، دېمى ئىچىگە چۈشكەن هالدا قادىر هەمدۇللا بىلەن بىرگە قەبرى جىگدە دەرىخىنىڭ يېنىدىكى ئوت-چۆپلەر قويۇق ئۆسۈپ كەتكەن ئازگالغا قارىدى. بۇ ئازگال هېچبىر قەبرىستانلىققا ئوخشىمايتتى. ئۇ قېيىناتىسى هەمدۇل پالۋاننى توخسۇن ناهىيىسىگە سەپەرگە ئۇزاتقاندىكى غەمكىن روهىي هالىتىنى ئېسىگە ئېلىۋىدى، بولاقتەك قاپقارا كۆزلىرىدە ئىختىيارسىز ياش ئەگىدى. ئۇ: ”قېيناتامنى ماگمىغانلىرى ياخشى دەپ نېمىشقا چىڭ تۇرۇپ توسۇۋالمىغاندىمەن؟ توسۇۋالغىنىم بىلەنمۇ پالۋان دەپ داڭقى چىققان قېيناتام مەندەك ئاجىزە كېلىنىنىڭ توسۇۋېلىشىغا ئۇنىمايدىغاندەك ئەمەس ئىدى...“ دەپ ئويلىدى. ئۇ قېيناتىسىنىڭ يولغا چىقىش ئالدىدا: ”ئوغۇل بالا هەرگىزمۇ ئۆز يولىدىن قايتمايدۇ...ئۆيدە يېتىپ ئۆلگىچە جەڭدە شېهىت بولغىنىم ياخشى. مېنى توسماڭلار...“ دېگىنىنى ئېسىگە ئېلىپ، قەبرى جىگدە دەرىخى يېنىدا سول قولىنى يانتۇ ئۆسكەن يوغان شاخ غولىغا تىرەپ هەسرەتلىك خىياللارغا چۆمگەن قادىر هەمدۇللانىڭ يېنىغا كەلدى. كۆپىنچە هاللاردا هەسرەتكە چۆمگەن ئەركىشى ئايال كىشىدەك ئاسان يىغلىمايدۇ. قادىر هەمدۇللا جىگدىزارلىقتىكى نامسىز شېهىتلەر قەبرىستانلىقىدا ئاتىسىنى ئەسلەپ چوڭقۇر ئاه ئۇردى، ئەمما يىغلىمىدى. ئۇ مىلتىقى بىلەن تۇرپاندا پالۋان دەپ داڭقى چىقارغان چەۋانداز ئاتىسىنىڭ مۇنداق پاجىئەلىك تەقدىرىگە

يولۇقۇشنى ئۇنىڭ يەيدىغان رىسقىنىڭ تۈگىگەنلىكى دەپ ھېسابلىمايتتى. چۈنكى يېشى ھەمدۇل پالۋانىنىڭكىدىن خېلىلا چوڭ كىشىلەر كۆز ئالدىدا بەخىرامان ياشاپ-كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئويلىدى: ”ئاتام ئۆزى ئۈچۈنلا ياشىمىدى، ئۇ ھېچبىر تۇسالغۇسىز جەننەتكە كىرىشكە ھەقلىق. ئاتام باشقىلارنىڭ تەقدىرى، ھاياتى ئۈچۈن شېھىت بولغان ئىكەن، باشقىلار تەرىپىدىن ئەسلىنىش لازىم. ئەمما ھازىر ئاتامنى، ئاتامنىڭ سەپداشلىرىنى ئۆزىمىزدىن باشقا ھېچكىم ئەسلەپمۇ قويماپتۇ. بۇمۇ قەبرىستانلىق بولدىمۇ؟ بىر-ئىككى يىل ئۆتەر-ئۆتمەيلا قۇم كۆچكۈنى تىندۇرۇۋېتىدىغان كۆرۈمسىز ئازگالنىڭ ئۆزى. چوقۇم ئىسمى — جىسمى بار نامسىز شېھىتلەر قەبرىستانلىقى ياساش كېرەك. ئۆلۈپ كەتكەنلەر بۇ دۇنياغا قايتا تىرىلىپ كەلمەيدۇ. ئادەم ھاياتىنىڭ قەدىر-قىممىتى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىدا. ئۆمرىدە جىق ئىش قىلىشنى نىيەت قىلغان ئادەم ھامان بىر كۈنى ئۆلىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تۇرغىنىدا ياشاشقا ئالدىرايدىغان بولىدۇ. بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويمايدۇ. رەھمەتلىك ئاتام بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويمىغىنى ئۈچۈن 100 يىل ياشىدى، دېيىشكىمۇ بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ياش ئۆلۈپ كەتتى. ئاللا ياخشى ئادەملەرنى ئاۋۋال ئېلىپ كېتىدۇ، دېگەن دەپ راستىمىدۇ؟...“

— نېمانچە جىم بولۇپ كەتتىڭىز؟ ئاتىمىزنىڭ روھىغا دۇئا قىلايلى، — دېدى رازىخان چوڭقۇر ئويغا چۆمگەن قادىر ھەمدۇللانىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ، ئاتىسى كۆمۈلگەن ئازگالدىن كۆزىنى ئۈزمەي خىيال سۈرۈۋاتقان قادىر ھەمدۇللا ئاتىسىنى ئېسىگە ئېلىپ ئازگالنىڭ شەرق تەرىپىدە تىزلىنىپ تۇرۇپ غەربكە قاراپ كىچىك چېغىدا يادلىۋالغان ”قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەد“ دەپ باشلىنىدىغان بىرلا ئايەتنى ئىچىدە ئۈچ قېتىم ئوقۇپ بولۇپ ئاتىسىغا دۇئا قىلدى. ئۇلار ھەمدۇل پالۋان كۆمۈلگەن ئازگالنى يېرىم سائەتچە ئايلىنىپ بولۇپ جەنۇبقا كېڭەيگەن قۇم بارخانلىرىغا مەيۈسكۈك بىلەن قارىدى. ھاۋا تىنجىق ئىدى. تەرلەپ كەتكەنلىكتىن ئاپئاق كۆڭلىكى بەدىنىگە چاپلىشىپ قالغان ئىدى. تۇغقىنى بېرىپ تۇرغان ئېشەك ھارۋىسى يېنىغا كېلىپ قايتىش نىيىتىدە ئوتلاۋاتقان ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ

ھارۋىنى يولنىڭ قىرىدىكى دۆڭگە يېقىن قىلىۋىدى، رازىخان ئەپچىللىك بىلەن ھارۋىغا چىقتى. ئېشەك نەدىن كەلگەن بولسا شۇ تەرەپكە قاراپ تېز يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار كەينىگە بۇرۇلۇپ ھەمدۇل پالۋان كۆمۈلگەن ئازگالغا بىرقانچە قېتىم ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ قارىدى. ئەر-ئايال ئىككىسى-نىڭ ئاتىسى ۋە ئاتىسىنىڭ سەپداشلىرى دەپنە قىلىنغان توخسۇن بازىرى-دىن يىراق بولغان جىگدىگە كېلىشى ئوڭاي ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئاتىسى دەپنە قىلىنغان جىگىزارلىقتىكى ئازگالغا قايرىلىپ قاراپ كۆزلىرىدىن يۆت-كەنگە قەدەر ئۈنچىقماي ئۈن-تىنسىز ماڭدى. مايسىراپ كەتكەن ياغاچ ھارۋا چاقلىرىنىڭ رىتىملىق غىچىرلىشى ئۇلارغا خۇددى ئاتىسىنىڭ: "بالى-لىرىم، خوش، مەن سىلەرنى يېقىندا ئىزدەپ بارىمەن" دەپ تۈۋلاۋاتقىنى-دەك تۇيۇلاتتى. قادىر ھەمدۇللا كېتىۋېتىپ، بۇ يىل ياكى كېلەر يىلى ئاتىسى كۆمۈلگەن نامسىز شېھىتلەر قەبرىستانلىقىغا ئۆلمەس ئابىدە خاتىرە تېشى ئورنىتىشنى نىيەت قىلدى. شېئىر-قوشاق توقۇش ھەۋىسى يېتىلگەن بولغاچقا، ئاتىسى توغرىلىق مەرسىيە يېزىپ قالدۇرۇشنىمۇ خىيالىدىن ئۆت-كۈزدى: "قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئىشنى قىلىش كېرەك" دېدى ئۇ. ھارۋا ئۆز يولىغا چىققاندا مېڭىسىگە تاسادىپىي كېلىپ قالغان "ئاھ، ئايرىلىپ ئاتامدىن مەن ۋىجدانى پاك، قۇرۇق قالدىم" دېگەن بىر جۈملىنى تولۇق يادلىۋالدى. بۇ جۈملە ئاتىسى كۆمۈلگەن ئازگالغا قارىغىنىدا مېڭىسىگە كىرىۋالغان ئىدى. قايتىشىدا ياد بولۇپ كەتتى.

—بازار يولىغا يېقىنلاشتۇق،—دېدى رازىخان ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ. ئېشەك ئۆيىگە يېقىنلاشقانسېرى پۇشۇلداپ ياغاچ ھارۋىنى ئىتتىك سۆرەيتتى. بىرقانچە ئاتلىقلار ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. قادىر ھەمدۇللا خىيالىنى يىغىپ، كۈتۈلمىگەن بىرەر ھادىسىگە يولۇقۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئېشەكنىڭ چۇل-ۋۇرىنى تارتىپ، ھارۋىنىڭ مېڭىشىنى ئاستىلاتتى. ئۇلار چۈشتىن كېيىن بىر ھازا يول يۈرۈپ، كۈن پەسلەپ غەربكە قايرىلغاندا تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ باردى ۋە يىراق-يېقىندىن كېلىپ كەڭ باراڭلىق ھويلىسى بار ئۆيىگە جەم بولغان تۇغقانلىرى بىلەن دىدارلىشىپ مەرھۇم ئاتىسى ھەمدۇل پالۋان ھەققىدە كەڭ-كۇشادە مۇڭداشتى. ئۇلار يېرىم كېچە بولغاندا ئاندىن

يېتىشتى. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن قادىر ھەمدۇللا بىلەن رازىخان توخسۇندىكى تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشىپ تۇرپانغا كەتتى.

قادىر ھەمدۇللا تۇرپانغا كېلىپ ئالدى بىلەن ئەمچەكتىن ئايرىلغان ئىككى ياشلىق ئوغلى باتۇر قادىرنى قۇچىقىغا ئالدى: ”ئوغلۇم، سېنى كۆرسەم، تەگبىر ئېيتىپ ساڭا باتۇر دەپ ئىسىم قويغان ئاتام كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ، سەن چوڭ بولغاندا چوقۇم ئاتام ۋە مەن كۈتكەن ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشىسەن...“ دېدى ئۇ ئوغلىنى ئەركىلىتىپ. ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى باتۇر قادىر ئاتىسىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلىپ كۈلۈمسىرەش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ بوم ئاۋازىدىن قورقۇپ يۇلقۇنۇپ ئاپىسى رازىخانغا ئىنتىلدى. قادىر ھەمدۇللا ئوغلىنى رازىخانغا بېرىپ، سىڭگىم، ئاستانە، باغىر، چاتقال، يار يېزىسىدىن كەلگەن تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشتى، قىزغىن سۆھبەتلەشتى. مەرھۇم ئاتىسىنىڭ توخسۇن ناھىيىسىدە ئاق ئورۇس ئەسكەرلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى سۆھبەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولدى. ھەممىسى بىلگەن، ئاڭلىغانلىرىنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەشتى. قادىر ھەمدۇللا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىنى كۆڭلىدە دەڭسەپ كۆرۈپ بىر رومان ياكى پوۋېستقا يەتكۈدەك دەسمايىگە ئىگە بولغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇ پاجىئەلىك تەقدىرگە ئۇچرىغان ئاتىسى ھەمدۇل پالۋاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان نامسىز شېھىتلەر ھەققىدە يىرىك بىر ئەدەبىي ئەسەر يېزىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ توخسۇندا مېڭىسىگە كىرىۋالغان بىرىنچى مىسراسى ئاساسىدا تەزىيەنامىلىك مەرسىيە يېزىپ چىقتى. مەرسىيىنى خوتەن قەغىزىگە ئاققا كۆچۈرۈپ بولۇپ، تۇغقانلىرىغا ئوقۇپ بېرىۋېدى، ئاستانە بىلەن بۇيلۇقتىن كەلگەن تۇغقانلىرى بەس-بەس بىلەن تالىشىپ كۆچۈرۈۋېلىشتى. مەرسىيىنىڭ دەسلەپكى مىسرالىرى مۇنداق باشلانغان ئىدى:

ئاھ، ئايرىلىپ ئاتامدىن مەن ۋىجدانى پاك قۇرۇق قالدىم،
ئۆز بۇرچۇمنى قىلىپ ئادا ئوغۇل يۈزى يورۇق قالدىم.
پاك بولۇشنى قىلىپ نىيەت پاك پېتىچە كەتتى ئۇنىسىز،

دىدارىنى ئەسلەپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كۆزى يۇمۇق قالدىم.
چوڭ ئانامنىڭ قورسىقىدا پەرىشتىلىك سۈپىتىنى
تەقدىم ئەتكەن پاك زات دېسەم خاتاسىز دەل ئۇلۇق قالدىم.
ۋارىسى مەن پاك ئاتامنىڭ، قەدىمىدە سۈتتەك كۆڭلى
پاك نىيىتى تامغىسىغا بولۇپ قان رەڭ سۇرۇق قالدىم.
ياش كۆزۈمنى ئاچسام ئازگال، ماتەم مۇڭى قۇلىقىمدا
كۆز يېشىمدا لاي ئېتىپ مەن ياساي قەبرە تولۇق، قالدىم.
پاك نىيىتى تامغىسىغا بولۇپ قان رەڭ سۇرۇق قالدىم.
ئۆز بۇرچۇمنى قىلىپ ئادا ئوغۇل يۈزى يورۇق قالدىم.

ئۇ ئايالى رازىخان بىلەن ئوغلى باتۇر قادىرنى ئېلىپ، بۇيلۇق، سەيدىخان تېغى، قوشدۆڭ، لۇزۇن، بۇلاق كەنتلىرىنى ئايلىنىپ چىقىپ بىرمۇنچە ماتېرىياللارنى يىغىپ توپلاپ، بۇ يىلقى تەتىل تۇرمۇشىنى مەنىلىك ئۆتكۈزگەن بولدى ۋە 8-ئاينىڭ ئاخىرى ئايالى رازىخان بىلەن ئوغلى باتۇر قادىرنى تۇرپاندا قالدۇرۇپ، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە چىقىپ كەتتى.

كىشىلەر ئۆز تۇرمۇشىدا ھەرخىل تاسادىپىيلىقلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەزمۇنى تۈپتىن ئوخشاش بولمىغان بۇ تاسادىپىيلىقلار ئۇلارغا ياخشىلىق ئېلىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن، يامانلىق ئېلىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. قادىر ھەمدۇللا ئىنتايىن زېرەك، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى يۇقىرى، يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىشى تېز، تىرىشچان ئىدى. ئۇ مەكتەپتە ئىككىنچى يىلىمۇ ياخشى ئوقۇغاچقا، ئىمتىھاندىن ئەلا ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇشقا تاللانغانىدى ۋە 1934-يىلى كۈزدە تاشكەنتكە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. بۇ ”12-ئاپرېل“ ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى قادىر ھەمدۇللانىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئەڭ چوڭ تاسادىپىيلىق بولۇپ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇشتىن ئىبارەت بۇ كاتتا پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان. ئىدى. ئۇ خەنزۇچە بىمالال سۆزلىيەلەيدىغان ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشتىن تاشقىرى مىڭدىن ئارتۇق خەتنى تونۇپ

ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن ئىدى، تاشكەنتكە مېڭىش-
تىن ئىلگىرى يەنىمۇ پىششىقلاپ ئۆگىنىش ئۈچۈن لۇغەت ئېلىۋالدى.
شۇنداقلا سلاۋيان يېزىقىنى پىششىقلاپ ئۆگىنىش پۇرسىتىنىڭ يېتىپ
كەلگەنلىكىگە ئىچ-ئىچىدىن خۇشاللاندى. دوستلىرى ئۇنى: ”رۇسىيىدە
ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەر بولۇۋېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىدۇق. ئۆز كۆزۈڭ بىلەن
كۆرۈپ كېلىپ بىزگە دەپ بېرەرسەن. سېنى تەبرىكلەيمىز. ئاداش، قوش
تىللىق مۇتەخەسسىس بولۇپ كېلىدىغان بولدۇڭ، بەك تەلەيلىك ئىكەن-
سەن...“ دەپ قىزغىن ئۇزىتىپ قويۇشتى. شۇنداق قىلىپ مەرھۇم
ھەمدۇل پالۋاننىڭ ئوغلى قادىر ھەمدۇللا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا كەتتى.

## بەشىنچى باب

# ئالتۇن ئۆزۈكنىڭ ئايلىنىشى

ۋاي ئىسىت، شىجائەتلىك ئادەملەرنىڭ
ئۆلۈپ كېتىشى، تەييارتاپلارنىڭ هايات
قېلىشى ئەجەب بىر ئىش ئىكەن.*

—لۇشۈن

تارىم دەرياسىنىڭ لاي-لاتقىلىق ئېقىمى تەكلىماكاندىن ئىبارەت قۇم باسقان بىپايان چوڭ زېمىندا هەر يۈز يىلدا بىر قېتىم تەبىئىي يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. بۇ—ئاجايىپ تەبىئەت ئۆزگىرىشى بولۇپ، يۈز ياشتىن ئاشقان، ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرگەن كىشىلەر ئاز ۋە تارقاق ياشىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماددىي ئىسپاتلار يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شىددەتلىك قۇم كۆچكۈنىگە ئۇچراپ، قۇملار ئاستىدا قالغانلىقتىن، بۇ گەپكە كىشىلەرنىڭ ئىشىنىشىمۇ مۇمكىن، ئىشەنمەسلىكىمۇ مۇمكىن. چۈنكى كىشىلەر كۆپىنچە ئاڭلىغىنىغا قارىغاندا كۆرگىنىگە كۆپرەك ئىشىنىدۇ. ئۇلار تەبىئەتنىڭ هەر-خىل ئاجايىپ ئۆزگىرىشلىرىگە، تاغلارنىڭ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈشىگە، دەريا-لارنىڭ ئېقىش يولىنى ئۆزگەرتىشىگە گېئولوگلار بىلەن ئارخېئولوگلارنىڭ

* «لۇشۈن مەكتۇپلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1974-يىل 11-ئاي 1-نەشرى، 118-بەت.

كۆزىدە قاراپ كەتمەيدۇ. تېخى پاكار تاغلارنىڭ ئۆسۈشىنى، دەريالارنىڭ يۆتكىلىپ ئېقىشىنى كىم كۆرۈپتۇ، دەپ ئىشەنمەي سوئال قويۇشمۇ مۇمكىن، لېكىن جەمئىيەتتىكى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشكە كىشىلەرنىڭ ئىشەنمەسلىكى زادىلا مۇمكىن ئەمەس.

ھەمدۇل پالۋان خوجىنىياز ھاجىغا ئەگىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شېڭ دۇبەننىڭ جازا ئەترىتى تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى، ھەمدۇل پالۋاننىڭ ئوغلى قادىر ھەمدۇللايېۋ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇپ 1936-يىلى شىنجاڭغا قايتىپ كەلگىنىدە ئاتىسىنىڭ قاتىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنىدى. ئادەملەردىن تەشكىل تاپقان جەمئىيەت ئۆزگىرىشى نەقەدەر تېز-ھە؟ ئۇ خۇددى يۆتكىلىپ ئاقىدىغان دەرياغا ئوخشايدۇ. بۇ دەريا تېخىمۇ تېز يۆتكىلىپ ئاقماقتا.

قادىر ھەمدۇللايېۋ قاتارلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ھەر-مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قارشى ئېلىش يىغىنى ئۈرۈمچى شەھرىدە تەنتەنىلىك ئېچىلدى. يىغىنغا ئالاھىدە شېڭ دۇبەن، خوجىنىياز ھاجى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش كونسولى ئافرىسېۋ قاتارلىقلار قاتناشتى. رەھبەرلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ قايتىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشتىكى مۇھىم كۈچ، ”ئالتە بۈيۈك سىياسەت“نى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ تايانچىلىرى دەپ قىزغىن مەدھىيىلەشتى. ھەمدۇللايېۋ رۇسچە، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە بىلىدىغان، نۇتۇق قابىلىيىتى يۇقىرى زىيالىي بولۇشىغا قارىماي، يىگى كەلگەنلىكى ئۈچۈن دەسلەپكى قەدەمدە ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەندى. باشلىقلىرى خىزمەت ئالدىراش دەپ ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىغا بېرىپ كېلىشىگىمۇ رۇخسەت قىلمىدى. لېكىن ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە ئايالى ۋە ئوغلى ئۈرۈمچىگە چىقسا ئۆي ھەل قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قادىر ھەمدۇللايېۋ تونۇش-بىلىشلەردىن گەپ ئېيتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى، تۇغقانلىرىنىڭ تېزلىكتە ئايالى رازىخان بىلەن ئوغلى باتۇر قادىرنى ئۈرۈمچىگە ئەچىقىپ قويۇشنى تاپىلىدى. شۇنداق قىلىپ، قادىر ھەمدۇللايېۋ ئايالى رازىخان

ۋە ئوغلى باتۇر قادىر بىلەن بىرگە مەكتەپتىن ئانچە يىراق بولمىغان دەرۋازىسى يوق بۇ كېلەڭسىز قورۇغا كۆچتى. ئۇلارنى بۇ قورۇغا لاۋگو باشلاپ كىرىدى.

— مەن شۇ ئۆي-جاي ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ شۇ، ئىسمىم لاۋگو، — دېدى ئۇ گازىر كۆزىنى ھەر ئىككىسىگە قىسىپ ئويىنىتىپ، — يۇقىرى ماڭا سىلەرگە ئۆي تېپىپ بېرىشمنى بىر ھەپتە بۇرۇنلا ئېيتقان شۇ، ئۇرۇشتىن كېيىن شەھەرگە كېلىدۇ ئادەملەر كۆپەيگەنلىكتىن ئۆي تەقسىم قىلماق قىيىن بولۇپ كەتتى شۇ، ئەسلىدە سىزگە ئوخشاش سوۋېت دۆلەتتە ئوقۇپ كەلدى چوڭ كادىرلارغا مۇنداق ئاددىي ئۆيلەر مۇۋاپىق بولامدۇ شۇ؟

ئۇلار قورۇ ئىچىگە كىردى. قادىر ھەمدۇللايېۋ لاۋگونىڭ بۇزۇپ بولسىمۇ ئۇيغۇرچە سۆزلەۋاتقانلىقىغا ھەۋەسلەندى ۋە:

— سىزمۇ مۇشۇ قورودا ئولتۇرامسىز، بالا-چاقىڭىز مەشەدىمۇ؟ — دەپ قىزىقىپ سورىدى. لاۋگو بۇ سوئالنى ئاڭلاپ بىرئاز تەمتىرەپ قالدى-يۇ، سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

— مەنمۇ مەشەدە ئولتۇرىمەن شۇ، يىگى كۆچۈپ كەلدىم شۇ، بالا-چاقام يوق، ئۇرۇشنىڭ كاساپىتى دېمەمسىز؟ يۇرتۇم گەنسۇغا بېرىپ قايتىپ كەلسەم شۇ، ئۇرۇمچىدىكى ئۇرۇش-مالىماچىلىقتا ئايالىم ۋە ئىككى بالام ئۆلۈپ كېتىپتۇ شۇ، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ”ئالتايىسكى“ شەھەرگە كىرمىگەن بولسا شۇ، پۈتۈن ئۇرۇمچى ئادەملىرى قىرىلىپ تۈگىگەن بولاتتى، — لاۋگونىڭ كۆڭلى بىرئاز يېرىم بولدى. ئۇ يالغان ئېيتىشقا ئۇستا ئىدى. توخسۇندىكى قىرغىنچىلىقتا قاتنىشىدىغان شىڭ زىخۇي قىسىملىرىغا چېچۋېتىلگەن لاۋگونىڭ ھېلىقى قوراللىق ئادەملىرىدىن بىرقانچىسى قې-چىپ كېتىپ، ئۇرۇمچىنى قورشىۋالغان ما جۇڭيىڭ قوشۇنىغا قوشۇلۇۋال-غان ئىدى، توخسۇندا ھەمدۇل پالۋان قاتارلىق يەتمىش نەچچە قوزغىلاڭ-چىنى ئۆلتۈرۈشكە ئۆزلىرى بىۋاستە قاتنىشىپ، شىڭ شىسەينىڭ ماختىشى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ئىۋان ئىۋانوۋىچ بىلەن لاۋگو خەۋپسىرەپ خوتۇن، بالا-چاقىلىرىنى غەم قىلىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇرۇمچىگە چىققان ئىدى. كۈتۈلمىگەندە ما جۇڭيىڭ قوشۇنىغا قوشۇلۇۋالغان ھېلىقى

بىرقانچە قوراللىق كىشى لاۋگوننىڭ ئۆيىنى بۇلاپ، خوتۇنى ۋە بىر بالىسىنى چېپىپ تاشلىغاندىن كېيىن ئىۋان ئىۋانوۋىچنىمۇ تىنچ قويمىدى. كەچقۇرۇن كىرگەن ھەرىكەتتى چاقاقان بۇ قوراللىق كىشىلەر ئۇنىڭ يىغقان ئالتۇنلىرىنى ئىزدەپ تاپالمىغاندىن كېيىن يولدىشىنى، يەنى ئالېكسىينىڭ ئاپىسىنى ئۆلتۈرۈپ، تېزلا كۆزىدىن غايىب بولدى. بۇ قوش پاجىئە ھەر ئىككىسىگە ناھايىتى ئېغىر كەلدى. ئەقلى-ھوشى جايىدا، تېمەن ئىۋان ئىۋانوۋىچقا تېخىمۇ ئېغىر كەلدى. ئىۋان ئىۋانوۋىچ بۇرۇن رۇسىيىدە ئۆزىنىڭ ئاتا جەمەت يىراق بىر تۇغقىنىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، شىنجاڭغا قېچىپ چىقىدىغان چېغىدا ئۇ ئايالى: سەندىن ئايرىلسام ئايرىلىمەنكى، شىنجاڭغا چىقمايمەن، دەپ بىر قىزى بىلەن بىرگە موسكۋاغا كەتكەن چېغىدىمۇ ئۆزىگە مۇنچىلىك ئېغىر تۇيۇلمىغان ئىدى. ئۇ ھەشەمەتلىك ئۆيدە ئوغلى ئالېكسىي بىلەن بىر مەزگىل ھەسرەت-نادامەت ئىچىدە ئۆتتى. ئۇنىڭ غەمكىن تۇرمۇشى، بولۇپمۇ ئايالىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى ئۇنى ئاستا-ئاستا سوزۇلۇپ قوزغىلىدىغان يۇرەك ئاغرىقىغا گىرىپتار قىلدى. ئۇ سوزۇنچاق يۈزىدە قورۇقلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ غەمگە چۆكۈپ، ھەسرەت-نادامەتتە ئاھ ئۇرۇپ يۈرگىنى بىلەن چىقىش يولى كەڭ ئىدى. ئۇمۇ، لاۋگومۇ شىڭ شىسەينى تونۇيتتى. ئۇ جاھاننىڭ رەيتايىغا كىرىپ، شىڭ دۇبەننىڭ چاپارمەنلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە تېزلا ئېرىشتى. ئىۋان ئىۋانوۋىچ سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان قاچاق ئوفتسېردىن بىر دوملاپلا كوممۇنىزمنى ھىمايە قىلىدىغان سوۋېتپەرەس خادىمغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ شىڭ دۇبەننى، سوۋېت ئىتتىپاقىنى مەدھىيىلەيدىغان سۆزلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئىۋان ئىۋانوۋىچ بىلەن تەڭ ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان لاۋگومۇ ئولتۇرسا-قوپسا سوۋېت ئىتتىپاقىنى، شىڭ دۇبەننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش يولىنى تىنماي ماختايتتى.

قادىر ھەمدۇللايېۋ بەزى ئۇچرىشىپ قېلىشلاردا ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى قىزغىن ماختىغانلىقىغا دىققەت قىلدى، بولۇپمۇ لاۋگونىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، 8-ئارمىينى ھىمايە قىلىدىغان

سۆزلىرىنى بىر قانچە قېتىم ئاڭلىدى. قادىر ھەمدۇللايېۋ بوگوئىمۇ لاۋگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ماختىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىچ-ئىچىدىن مەمنۇن بولۇپ كۈلۈمسىرىدى، لېكىن بالا-چاقىسى ھالاك بولغان كىشىنىڭ ئالدىدا ئارتۇقچە كۈلۈمسىرەشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، كۆڭلىدە ئوڭايسىزلىنىپ جىم بولدى. دېمىسىمۇ ئورۇمچىدە ئۆي ناھايىتى قىس بولغانلىقتىن يېڭى كەلگەنلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش خېلىلا قىيىن ئىدى. مەكتەپتە بىرمۇ بوش ئۆي-قورو يوق. رازىخان دەرۋازىسى يوق بۇ كېلەڭسىز قورودا ئولتۇرغانلار ئىچىدە ئۆزىگە قوشنا بولىدىغان بىرمۇ ئۇيغۇر يوقلۇقىغا ئەجەبلىنىپ قادىر ھەمدۇللايېۋقا بىرنېمە دەي دېدىيۇ ئاغزىدىن چىقىرالمىدى. قادىر ھەمدۇللايېۋ بولسا ئۈچ مىللەت تىلىنى سۇدەك بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن رازىخاندەك ئەجەبلىنىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە خۇشال بولۇپ كەتتى. بۇنداق ۋاراڭ-چۇرۇڭ يوق پىنھان جايدا ماقالە يېزىش نېمە دېگەن كۆڭۈللۈك دەيتتى ئۇ ئىچىدە.

ئاشخانىسىنى قوشقاندا ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي ئۈچ جانلا بار ئائىلىگە تارلىق قىلمىدى. بىر ئۆي مېھمانخانا قىلىندى. ئىككىنچى ئۆي كىچىكرەك بولۇپ، ئۇنىڭغا كىتاب جاھازىسى بىلەن بىر كارىۋات، ئۈستەل بىلەن ئىككى ئورۇندۇق ئارانلا سىغدى. بۇ قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ دەرس تەييار-لايدىغان، يېزىقچىلىق قىلىدىغان مەخسۇس ئۆيى ئىدى. ئۇ بوش ۋاقىت تاپسىلا تىنىم تاپماي ئايالىغا سوۋېت ئىتتىپاقىدا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى، كۆرگەن يېڭىلىقلارنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرەتتى. ھەتتا سوۋېت كىشىلىرىنىڭ، ئۆزلىرىگە ئوخشاش ياش ئەر-ئاياللارنىڭ كىيىنىشى-دىن تارتىپ، يۈرۈش-تۇرۇشلىرىغىچە ھېكايە قىلىپ بېرەتتى. ھەمدۇللايېۋ ھەر كۈنى دېگۈدەك سوۋېت ئاياللىرىنىڭ يارىشىملىق كىيىنىشلىرىنى ماخ-تاپ، ئايالى رازىخاندا يېڭىچە كىيىم كىيىش ئىستىكىنى تۇرغۇزۇشقا باشلى-دى. ئۇ رازىخاننى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ قايتىپ كەلگەن بەزى ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بىللە ئېلىپ باردى. ئايرىم ئۆيلەردە، بولۇۋاتقان سۆھبەتلەر، ئاياللىرى ۋە ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ كىيىنىشلىرى، يۈرۈش-تۇرۇش ھەرىكەتلىرى رازىخاننى تەسىرلەندۈرمەي قالمىدى. ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى

يۇرتىدىن ھەر ئايدا دېگۇدەك پۇل-خالتا ئەۋەتىپ تۇراتتى. بۇ پۇللارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزلىرىنىڭ مەسلىھەتلىشىپ بىرلىككە كېلىشى بويىچە ئۆي ياساشقىلا ئەمەس، يېڭىچە كىيىنىشكە، مەدەنىي ھاياتىغىمۇ سەرپ قىلىندى. دېمىسىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ئىختىساسلىق خادىم كاس-تۇم-بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقاپ، ئۇستۇن قىياپەتتە ئولتۇرىغا چىقىشى كېرەك ئىدى. رازىخانمۇ ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە يېزا ئاياللىرى سىياقىدىلا بارسام قاملاشماس دەپ ئويلاپ، ئۆزىگە يارىشىملىق بىرمۇنچە كىيىم سېتىۋالدى، بەزى كىيىملىرىنى مەخسۇس ئۆلچىتىپ كىيىم تىككۈچىگە تىكتۈردى. ئۇ پوپايكا، بولۇپمۇ يوپكا، كوپتا، روباشكا، مەيدىسى بىرئاز كەڭ-ئوچۇق قىسقا كۆڭلەكلەرنى بۇرۇن كىيىپ باقمىغان ئىدى. ئۇ ئېرىنىڭ ئۆزى ئاپئاق ۋە ھاۋارەڭ كۆڭلەك كىيگەن چاغدا كۆرسە، يېنىش-لاپ-يېنىشلاپ زەڭ سېلىپ قاراپ، خۇرسىنغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئۆزىگە مەخسۇس ئۆلچىتىپ، سۈتتەك ئاپئاق، نېپىز فاڭچۇدىن كۆڭلەك تىكتۈردى. مەيدىسى كەڭرەك ئوچۇق ھاۋارەڭ كۆڭلەك يۇيرۇتۇپ قويدى. ئۇ ئېرىنىڭ رايىغا باقمىغان ئايال ياخشى ئايال ئەمەس، دەپ ئۆي ئىچىدە ئەستايىدىل ئويلىناتتى.

قادىر ھەمدۇللايېۋ بىر كۈنى ئەتىگەندە خىزمەتكە مېڭىش ئالدىدا رازىخانغا بۈگۈن چۈشتىن كېيىن بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە بىللە بارىدىغانلىقىد-نى، چۈشتىن بۇرۇنراق تاماقلىنىشقا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۆي ئىشى تۈگەيدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. رازىخان ئۆينىڭ دۆۋىلىنىپ قالغان ئىشلىرىنى ئالدىرىغان ھالدا سەرەمجان-لاشتۇرۇپ بولۇپ، ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈشكە باشلىدى.

ئالتە ئائىلە ئولتۇراقلاشقان دەرۋازىسى يوق بىرئاز تار، ئۇزۇن ھويلى-نىڭ ئاخىرقى چېتىگە جايلاشقان بۇ ئۆي ئالدى سەيناسى بىرئاز چوڭ بولۇپ، بىرئاز شامال چىقسىلا ئەخلەت-چاۋارلار بۇ سەيناغا ئاسان يىغىلى-ۋالاتتى. رازىخان ئۆيدىن ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈشكە چىققاندا ئەتراپتا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىنى راسا ئۇنتۇغان ھالدا ئېگىشىپ يەر سۈپۈرۈۋاتقاندا، ئەدەبسىز شامال ئۇنىڭ تىزىنى ئارانلا يېپىپ تۇرغان

يارىشملىق ئاپئاق كۆڭلىكىنى تېخىمۇ يۇقىرىغا قايرىۋەتتى. مەيىن شامال تۇپەيلى ئۇنىڭ زىلۋا كەلگەن توق ئەتلىك يوتىسى تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. رازىخان يارىشملىق تىكىلگەن قىسقا كۆڭلىكىنىڭ تىزىدىن يۇقىرىغا پۈكلىنىپ قالغان تۆۋەن پېشىنى تىزىنىڭ تۆۋىنىگە چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدى-دە، چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. قاچان پەيدا بولۇپ قالدىكى، باياتىن قارىسىمۇ كۆرۈنمىگەن ئورۇق، ئېگىز، گازىر كۆز لاۋگو مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ ئۆزىگە ھەۋەسلىنىپ گەپ ئېچىشقا تەمشىلىۋىدى، رازىخان تېخى سۇپۇرۇپ بولالـ مىغان يېرىنى شۇ پېتى قالدۇرۇپ، سۇپۇرگىسىنى پۇلاڭلاتقان ھالدا ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئانغىچە ئۇيقۇسىدىن ئەمدىلا ئويغانغان بەش ياشلىق ئوغلى باتۇر قادىر كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئاستا سىرتقا چىقتى. لاۋگو ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىشكە ئالدىراۋاتقان رازىخاندىن:

—رازىخان، قادىر ئاخۇن شۇ بارمۇ؟—دەپ سورىۋىدى، ئۇ خوشـ ياقمىغان ھالدا تەتۈر قاراپ چىرايىنىمۇ ئاچماي:

—خىزمەتكە كەتتى، ئۆيدە يوق،—دەپلا قويدى ۋە ئوغلى باتۇر قادىرنى يېتىلگەن پېتى ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. لاۋگو بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ، بىر ھازاغىچە رازىخاننىڭ يېقىملىق قىياپىتىنى ھاياجانلانغان ھالدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كېيىن ئىتتىك قەدەم تاشلاپ، ئىشىغا كەتتى. كۆڭلى بولسا رازىخاندا ئىدى.

رازىخان ئۆيىگە كىرىپ: ”بۇ قوشنا ماڭا نېمىشقا مۇنچىۋالا كۆز تىكىپ، ئادەمنى يەۋالغۇدەك قارايدىغاندۇ؟“ دەپ ھەيران بولغان ھالدا تاماق ئېتىشكە باشلىدى. چۈشتىن كېيىن ئېرى بىلەن بىرگە بىر يەرگە مېھمان بولۇپ بارىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئېرىمنى ساقلىتىپ، ۋاقتىنى كۆپ ئالماي دەپ، بالدۇرلا چىرايلىق كىيىنىۋالغان، سېرىق گۈلنىڭ چېچىكىدەك ساپسېرىق پوپايكىسىنى ئىشىك يېنىدىكى ياغاچ قوزۇققا ئېـ سىپ، ئېلىپ بارىدىغان لازىمەتلىكلەرنى تەقمۇتەق قىلىپ قويغان ئىدى. ”لاۋگونىڭ يەر سۈپۈرۈۋاتقىنىمدا ئۇنچىقماي ئۇزۇنغىچە ماڭا يەر تېگىدىن زەڭ سېلىپ قارىشىدا چوقۇم بىر سەۋەب بار، دەپ ئويلىدى. لېكىن بۇ

ئايغى چىقمايدىغان ئەنسىز ئويلىرىنى ئىرى قادىر ھەمدۇللايېۋقا ئوچۇق ئېيتىشقا پېتىنالمىدى. ”سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يېڭى قايتىپ كەلدى، خاتىر-جەم خىزمەت قىلىۋاتقان، كىتاب يېزىۋاتقان ئىرىمنى ئارتۇقچە ئورۇنسىز ھالدا پاراكەندە قىلىپ يۈرمەي“ دەپ ئويلىدى. بۇ دەرۋازىسى يوق كېلەڭسىز ھويلا ئۇنىڭ كۆڭلىگە دەسلەپتىلا ياقمىغان ئىدى. ئۇ ”مۇبادا بۇ قوپال، كونا كېلەڭسىز ھويلىغا دەسلەپتىلا كۆچۈپ كەلمىگەن بولساق، بىرنېمىسى بىرنېمە بۇ تەلەتى سۆرۈن كىشى بىلەن تونۇشمىغان بولاتتۇق، بۇ ئادەم ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ“ دېگەن ئويلاردا بولۇپ، تاماق ئېتىشكە ئالدىراش كىرىشىپ كەتتى.

رازىخان چۈش بولاي دېگەندە سەي قورۇپ بولۇپ گۈرۈچنى دۈملەپ قويدى ۋە ئىشىك ئالدىنى يېڭىباشتىن پاكىز سۈپۈردى ۋە ئىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئىشىك ئالدىدا بىردەم تۇردى. ئاندىن مېھمانخانىغا كىرىپ، ئوغلىنىڭ قادىر ھەمدۇللايېۋ ئاچماق ياغاچتا ياساپ بەرگەن يالغان تاپانچىسىنى ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ كېيىم-كېچەك ساندۇقىدىن ئۇ-زۇن ئەت رەڭ پايپىقىنى ئېلىپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن تولۇق ئەتلىك يوتىسىغا قەدەر تارتىپ كىيدى. يېڭى قارا ئايغىنى مايلاپ كارىۋات ئاستىغا قويۇپ قويغان ئىدى. ئىرىنىڭ ئايغىنى مايلاپ پارقىرىتىۋەتسە ئۆي ئىشى ۋاقتىنچە تۈگىگەن ھېسابتا بولاتتى. ئۇ ئىشىك يېنىغا كېلىپ ئىرىنىڭ سىرتتا يەنە شۇ ھېلىقى لاۋگو بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئىشىك قىيا ئوچۇق ئىدى.

—لاۋگو، سىز نېمانچە ئالدىراش بولۇپ كەتتىڭىز؟.

—ئۈرۈمچىگە كېلىدىغانلار يەنە كۆپەيدى، خوتۇن، بالا-چاقىسى بارلارغا شۇ ئۆي ھەل قىلدى ئۈچۈن ئالدىرايدۇ، شۇ، ئۆي بەر دەيدىغانلار جىق تۇرسا مەن ئالدىرىمايدۇ بولامدۇ شۇ؟

—ئۇلار قەيەردىن كېلىدىكەن؟

—سوۋېت ئىتتىپاقىدىن، يەنە تېخى يەنئەندىن كەلدىلەرمۇ بار شۇ. بېشىم تازا گاڭگىرايدۇ شۇ.

قادىر ھەمدۇللايېۋ ”يەنئەندىن“ دېگەن سۆزنى كۆڭلىدە يەنە بىر

قېتىم سوزۇپ تەكرارلىدى ۋە ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ”ئۆيگە
كىرمەمسىز؟“ دېدى-دە، لاۋگونىڭ خوش دېگەن جاۋابىنى ئاڭلاپ، ئىچىد-
ده يەنە سوزۇپ-سوزۇپ ”يەنئەن“ دېگەن سۆزنى تەكرارلىدى. ئۇ
ئىشىكنى ئېچىپ تەييار تاماقنىڭ ئۈستىگە كىردى. ئۇلار ئادەتتە مېھمان
كەلمىگەندە ئاشخانا قىلىنغان ئوتتۇرىدىكى ئۆيىنىڭ تېمىغا ئۇزۇنىغا تاقاپ،
رەتلىك قويۇلغان ئۈستەلگە يۆلىنىپ، بىللە تاماقلىناتتى. قادىر ھەمدۇللايېۋ
تاماقلىنىۋاتقاندا رازىخان تامىقىنىمۇ يېمەي ئالدى بىلەن ئۇنىڭ بىر ئايىغى-
نى سېلىپ، قارا چوتكىدا مايلاشقا باشلىدى.
—بولدى—بولدى، ئۆزۈم مايلايمەن، تامىقىڭىزنى يەۋېرىڭ،—
دېدى قادىر ھەمدۇللايېۋ ئايىغى سېلىنمىغان ئوڭ پۇتىنى كارىۋاتقا سېلىن-
غان ئەدىيالنىڭ تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرغان بۇرجىكىگە ئۇرۇپ.
—ئوتنىڭ ياخشى بولۇشى ئوتۇندىن، ئەرنىڭ ياخشى بولۇشى
خوتۇندىن دېگەن گەپ بار. سىرتقا چىققاندا كىيگەن كىيىمىڭىز ھەر
جەھەتتىن نامىڭىزغا لايىق بولمىسا كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ، تامىقىمنى
بىردەمدىلا يەپ بولىمەن، گېپىمگە كىرىڭ، ھازىلار مايلاپ بولىمەن.
قادىر ھەمدۇللايېۋ تاماق يەۋېتىپ كۆزىنى يوغان ئېچىپ، يەرگە
ئېڭىشتى-دە، ئوڭ پۇتىدىكى ئايىغىنىڭ بوغۇچىنى يېشىۋاتقان ئايالىغا قاراپ
كۈلۈمسىرىدى. بۇ ئايالىغا رازىلىق بەرگەنلىكىنىڭ ئىشارىسى ئىدى. ئۇ
ئايالى رازىخاننىڭ چەۋەر قولىدا مايلىنىپ پارقىرىتىۋېتىلگەن بىر جۈپ
ئايىغىنى كىيىپ، كىتاب جازىسى بار مەخسۇس ئۆيگە يېڭى ماتېرىيال
كۆرگىلى كىرىپ كەتتى. بارىدىغان يەرگە مېڭىش ئۈچۈن يەنە بىرئاز
ۋاقىت بار ئىدى، رازىخان ئوغلى باتۇر قادىرغىمۇ يېڭى كىيىم كىيگۈزۈپ،
يۈز-كۆزىنى سوپۇنلاپ يۇيۇپ پارقىرىتىۋەتتى. بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن
قادىر ھەمدۇللايېۋ كاستۇم، بۇرۇلكىلىرىنى كىيىپ، قىزغۇچ يىپشىل گالستۇ-
كىنى تاقاپ، گويا ئالىملارنىڭ چوڭ يىغىنىغا بارىدىغاندەك روھلۇق قىياپەتتە
كوچىغا چىقتى.
ئۇلار ئۆيگە كەچ قايتىپ كەلدى. ئوغلى باتۇر قادىر ئۇخلاپ
قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئىككىسى نۆۋەتلىشىپ ھاپاش قىلىپ كۆتۈرۈپ

ئېلىپ كېلىشكە توغرا كەلدى. رازىخان ئالدى بىلەن ئىشكىنى ئېچىپ، ئۆيگە كىردى ۋە ئۇستەل تارتمىسىنى تارتىپ ئىچىدىن يېرىم تال شامنى ئېلىپ ياندۇرۇپ ئېرى ۋە ئوغلىنى مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى. رازىخان ھەش-پەش دېگۈچە ئورۇن سېلىپ بولۇپ، ئوغلىنى ھەمدۇللايېۋنىڭ مۈرىسىدىن ئاۋايلاپ ئېلىپ ياتقۇزدى. ئۇ خۇددى ئاتىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ئوغلىنىڭ قويۇق قېشى ئاستىدىكى يۇمۇلغان بىر جۈپ كۆزىگە تىكىلىپ بىردەم قارىۋالغاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ يېنىدا ئېرىنىڭ يوقلۇقىنى، ئېرىنىڭ نېرىقى مەخسۇس ئۆيىدە سەرەڭگە چېقىپ شام ياندۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. رازىخان باتۇر قادىرنى قارا بېسىپ قالمىسۇن دەپ ئۈچ تارتىپ كۆيۈۋاتقان شامنى ئۆچۈرمەيلا، بىر پىچاقنى ياستۇقى ئاستىغا قويۇپ قويۇپ، قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ مەخسۇس ئۆيىگە كىردى.

—يەنە بىرنېمە يېزىۋاتامسىز؟

—يازمايچۇ، ئابدۇللا داموللا قاتارلىق يولداشلارنىڭ «جاھانگىرلىك ۋە شىنجاڭدا مىللەت مەسىلىسى» ناملىق كىتابى بېسىلىپ چىقىپتۇ. يېزىش ئىقتىدىرى بار ئادەم ئۆمۈرنى ھەرگىز بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك كېرەك، بۈگۈن مەغرۇپ سەئىدى، ئابدۇللا داموللا، خېلىل ساتتارلار بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم. ئۇلار يەنئەندىن چىن يۈن ئەپەندىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

—سىياسىي ئىشلاردىن ئۆزىڭىزنى چەتكە ئالالمىغان چېغىڭىزدىمۇ دەرس ئۆتۈشتە، سۆھبەتلەردە تەمكىنرەك بولغىنىڭىز ياخشىراق. ئانا-بالا ئىككىمىزنى يالغۇز قالدۇرۇپ، يىراققا كەتمەڭ يەنە،—رازىخان «تۈرمىگە» دېگەن سۆزنى دېيىشكە پېتىنالماي، «يىراققا» دېگەن سۆزگە ئالماشتۇرۇپ، تۆۋەنرەك ئاھاڭدا ئېيتتى.

—شېڭ دۇبەن يولغا قويغان «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» ئۆزگەرمەيدۇ. ئەندىشە قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق،—دېدى قادىر ھەمدۇللايېۋ. ئۇ تەكلىماكان قوينىدىكى قويچى دېھقانلار تۇرمۇشىغا مەرھۇم ئاتىسى ھەمدۇل پالۋاننىڭ ھاياتىنى باغلاپ ئەكس ئەتتۈرىدىغان «تەكلىماكان—تەكتى باي

ماكان» ناملىق پوۋېستىنىڭ دەسلەپكى ئورىگىناللىرىنى تاشكەنتتىن ئېلىپ كەلگەن ئىككى كىتابى ئۈستىگە قويۇپ قويدى.

— زامان ئۆزگىرىپ قالسا يازغانلىرىڭىزدىن قۇسۇر چىقىرىپ قالسا قانداق قىلىمىز. پالۋان ھاجىم بۇ يولغا مەنلا ماڭاي، سەن ئۈرۈمچىگە چىقىپ كەت، ئىلىم-پەن بىلەن شۇغۇللان، — دەپ توغرا ئېيتقان ئىكەن. مەنمۇ سىزگە ھازىر توغرا گەپ قىلىۋاتىمەن، دەپ ئويلايمەن.

قادىر ھەمدۇللايېۋ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىردەم جىم تۇردى، ئاتىسى-نىڭ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلۈشىنى ئېسىگە ئالغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ قەلبى-دە بىرئاز بولسىمۇ مەيۈسلىنىش بولماي مۇمكىن ئەمەس. رازىخان قانداق قىلىپ قادىر ھەمدۇللايېۋقا قېيناتىسى ھەمدۇل پالۋاننىڭ ۋاقىتسىز پاجىئە-لىك ئۆلۈمىنى ئەسلىتىپ قويغانلىقىنى دەررۇ ئويلاپ بولالمىدى. پەقەت ئاردا جىمجىتلىق پەيدا بولغاندىن كېيىنلا: قادىرغا نېمىشقا قېيناتامنىڭ شېھىت بولغانلىقىنى ئەسلىتىپ قويغاندىمەن، دەپ گاڭگىراپ قالدى.

قادىر ھەمدۇللايېۋ چىرايىنى تۈرۈپ بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ سۆز قىلدى:

— ئاتامنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى توغرا، لېكىن ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى يوق. قوزغىلاڭچىلار بىرەر ئارقا تىرەككە ئېرىشكەن بولسا پۇت تىرەپ تۇرالايتتى. تارىختىكى تەپىلىك تيەنگو دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىمۇ بىر دانا يولباشچىنىڭ بولمىغانلىقىدا، چىن يۇن ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، شاڭخەيدە قۇرۇلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھ-بەرلىكىگە ئېرىشكەن پالۋانلار شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، يىگىرمە بەش مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىر يەنئەندە تېخىمۇ زور قۇدرەت تېپىپتۇ، — قادىرى ھەمدۇللايېۋ روھلۇق ھالدا كاستۇمىنى سىلىۋەت-تى ۋە ياقىسى قاتۇرۇلغان سۈتتەك ئاق كۆڭلىكىدىكى گالستۇكىنى ئېلى-ۋەتتى، — ئۇلار ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ. «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى يولغا قويغان شىنجاڭ شۇ ئۇرۇشنىڭ يىمىرىلمەس ئارقا سېپى.

— مەن سىز بىلگەن چوڭ داۋلىلارنى ئانچە چۈشىنىپ كېتەلمەيمەن.

لېكىن سىزدىن ئەنسىرىشىم ئورۇنلۇق. سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خىيالىمغا كەلتۈرۈشتىنمۇ قورقىمەن،—رازىخان ئېرىنى ئېغىر بېسىق، تەمكىن بولۇشقا ئۈندەيتتى. ئوۋ مىلتىقنى كۆتۈرۈپ تاغقا ھەر قېتىم چىققىنىدا قېچىپ كېتىۋاتقان چىل بۆرىلەرگە ھەرقاچان دەل تەككۈزەلەيدىغان ھەمدۇل پالۋاننىڭ كۈتۈلمىگەندە ئۆلتۈرۈلۈشى رازىخانغا ناھايىتى قاتتىق تەسىر قىلغان ئىدى. شۇڭا قادىر ھەمدۇللايېۋنى ھەرقايسى سورۇنلاردا ئاز سۆزلەشكە، ئىچ سىرىنى ئاسانلىقچە ئاشكارىلىماسلىققا دەۋەت قىلاتتى. ئادەمنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرى، بېرىش-كېلىش قىلىدىغان يېقىن تونۇش-بىلىشلىرى بولىدۇ. ئادەمدە يېڭى ئىدىيە، يېڭى پىكىر، يېڭى ئىدىيەلىرىنى ئۆز يېقىنلىرىغا دېگۈسى، پىكىرلەشكۈسى كېلىدۇ. قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ بىردىنبىر يېڭى ئادىمى رازىخان ئىدى. ئۇ تۇغقانلىرىغا ئوغۇل پەرزەنت كۆرسەم ئىسمىنى باتۇر ياكى غالىبجان قويۇمەن، قىز پەرزەنت كۆرسەم تەلەيخان قويۇمەن. چۈنكى بەخت—پىداكارلىقتىن، باتۇرلۇقتىن كېلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن تۇغۇلىدىغانلار بىزدىن بەختلىك، تەلەيلىك كېلىدۇ. چۈنكى زامانىمىزنىڭ كەلگۈسى بىزگە ئەمەس، بىزدىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزغا مەنسۇپ، دەيتتى. ئۇ تېخىچە ئۈستەلگە يۆلىنىپ ئۆرە تۇرۇۋاتقان رازىخاننى يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشقا جاي كۆرسەتتى ۋە ئۆچۈپ قالاي دېگەن شامنىڭ ئورنىغا كۆيۈپ ئازقالغان يەنە بىر شامنى ئالماشتۇرۇپ ئوت تۇتاشتۇردى. ئۇ ئۈستەل تارتمىسىنى تارتىپ ئىچىدىن 1936-يىلى 4-ئاينىڭ 27-كۈندىكى ”شىنجاڭ گېزىتى“نىڭ بىر سەھىپىسىنى ئېچىپ، رازىخانغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ سۆزلىدى:

—مانا، شېڭ دۇبەن جانابلىرىنىڭ ئۆزى ”شىنجاڭغا ئەزەلدىن تارتىپ خەنزۇلار ھاكىم بولۇپ كەلگەن ئىدى، خەنزۇلار ھاكىم بولدۇق، دەپ ئۆزلىرىنى ئۇلۇغ بىلىپ، باشقا مىللەتلەرنى كۆزگە ئىلماي غايەت تۆۋەن خار كۆرەر ئىدى“ دېگەن تۇرسا نېمىدىن قورققۇلۇق؟ مۇنداق تەڭسىزلىككە، زۇلۇمغا قارشى ئاتامغا ئوخشاش، خوجىنياز ھاجىغا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەخسۇت مۇھىيتى، تۆمۈر جىساغا ئوخشاش پالۋانلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى يوللۇق. مەن چوقۇم يا بالدۇر، يا كېيىن شېڭ دۇبەن

ۋە خوجىنياز ھاجى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاتامنى ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن تەرەققىياتپەرۋەر مەخسۇت مۇھىت، تۆمۈر جىسالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت قۇربانلىرىنى يېڭى شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا زور تۆھپە قوشقان قەھرىمانلار دەپ تىلغا ئېلىپ خاتىرلەشنى تەلەپ قىلىمەن.

رازىخان بۇ قېتىم ئېرىنىڭ قايناپ تۇرغان جۇشقۇن روھىغا ئازار بېرىشنى خالىمىدى ۋە شۇ گېزىت بېتىدىكى نىمشېھىت ئارمىيە دامولىنىڭ "شېڭ شىسەي ۋە خوجىنياز ھاجىلاردىن تەركىب تاپقان يېڭى ھۆكۈمەت-نىڭ گۈللەپ-ياشنىشىنى تىلەيمەن" دەپ يازغان تەبرىك سۆزىنى ئىچىدە ھەۋەس بىلەن قىزىقىپ ئوقۇدى. نىغمەت خەلپەتنىڭ شېئىرلىرى بېسىلغان بىر سان گېزىتنى ھەمدۇللايېۋ ئالاھىدە ساقلاپ قويغان ئىدى. ئۇ كاستۇمى بىلەن قىزىل رەڭلىك گالستۇكىنى سەل نېرىغا قاتلاپ قويۇپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقان رازىخانغا گېزىت سەھىپىلىرىدىن مۇھىم دەپ ھېسابلىغانلىرىنى ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن قىممەتلىك نەرسىسىنى ئەتىۋارلىغىنىدەك ئاسراپ پۈكلەپ، يېزىقچىلىق ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىغا سېلىپ قويدى. ئۇ ئۇيقۇسى كەلسىمۇ چىداشلىق بېرىپ سىياھدەك قارا قويۇق قاشلىرىنى ئوڭ قولى بىلەن ئۇۋۇلاپ سول قولىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويدى. ئۇ رازىخاننىڭ ئۇيقۇسىنى تاشلاپ يېرىم كېچىگىچە ئۆزىگە ھەمراھ بولغانلىقىغا خۇشال ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرىنچى قولىيازما ئورىگىناللىرىنى بىرمۇبىر رەتلەۋېتىپ شامنىڭ پىل-پىل يېنىپ ئاستا-ئاستا ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى-دە، ئورنىدىن تۇرۇدى. ئۇلار ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان شامنى ئۆچۈرۈۋېتىپ كىتاب جازىسى بار مەخسۇس ئۆيدىن قايتىپ چىقتى.

قادىر ھەمدۇللايېۋ بىلەن رازىخان مېھمانخانىسىغا كىرگىنىدە شام ئۇلار بىلەن قېرىشقاندەك ئورۇن كۆرپىلىرى تولۇق سېلىنمىغان مېھمانخانا ئۆيىدىمۇ كۆيۈپ ئازلا قالغان ئىدى. ئۇلار قوش كارىۋات ئۈستىگە چىقىپ شامنى ئۆچۈرۈشتىن ئاۋۋال ئورۇن كۆرپىلىرىنى سېلىپ يېتىشتى. ئۇلار شامنى ئۆچۈرۈپ ياتقان بولسىمۇ، سىردىشىپ يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىمىدى. تۈن يانغاندا ئاندىن تەبىئىي ئۇيقۇغا كېتىشتى.

كۈنلەر، ئايلار، يىللار نۇرغۇن ۋەقەلىكلەرنىڭ تىلسىز گۇۋاھچىسى

سۈپىتىدە تىنىمسىز ئۆتۈۋەردى. جىمجىت ئۆتكەن كۈن، ئاي، يىللار گويا سۇدەك ئۆتتىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئېسىدە قالمايدۇ، ئۇ كۈن، ئاي، يىللارنى كىشىلەر ئەسلىمەيمەن دەپ ئانچە زورۇقۇپمۇ كەتمەيدۇ. ئەمما تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ئۆتكەن ”قاچ-قاچ يىلى“ دەپ ئاتىلىدىغان 30-يىللار-نىڭ دەسلىپىدىكى مەزگىلنى كىشىلەر ھەرگىزمۇ ئېسىدىن چىقارمايدۇ. كېيىنكى يىللار جىمجىت، تىنچ ئۆتكەندەك قىلسىمۇ، يۈزەكى ھادىسە ئىدى، بۇ ئاي، يىللارمۇ ئەنسىز ئۆتمەكتە ئىدى. 1937-يىلى 10-ئاينىڭ 11-كۈنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدىن كەلگەن چىن لىفۇنى ئۇزىتىش زىياپىتىگە تەكلىپ قىلىنغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجىنىياز ھاجى ئۇشتۇمتۇت قولغا ئېلىندى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۇقۇمۇشلۇق ئادىمى جاۋ دىشۇمۇ تۈرمىگە تاشلاندى. بۇ كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەر ئۇقۇمۇش-لۇق زىيالىيلار ئارىسىدا چوڭ غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما ئەزالىرى ئەجەبلىنىش، ھەيران قىلىش، ئاخىر بېرىپ نارازىلىق بىلدۈرۈش دەرىجىسىگە يەتتى. قادىر ھەمدۇللايېۋ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ شيۇچىڭ بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان، رۇس-چە بىمالال سۆزلىيەلەيدىغان بولغاچقا، قادىر ھەمدۇللايېۋ ئۇنىڭ بىلەن تېخى خەنزۇ تىلىدىلا ئەمەس، رۇس تىلىدىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك سۆزلىشەت-تى. كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ ئۆيىگە ۋاڭ باۋچيەن قاتارلىق زىيالىيلارمۇ كېلىپ كېتىدىغان بولدى. بىر قېتىم يەنئەندىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن پارتىيە ۋەكىلى دېڭ فا بىلەنمۇ كۆرۈشتى. ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلەردە ئۆزگىرىش بولمىسىمۇ، لېكىن قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ دەرستىن كېيىنكى سۆھبەت مەزمۇنلىرىدا ئۆزگىرىش چوڭراق بولۇشقا باشلىدى. ھەتتا بىر قېتىم دەرستىن چۈشكەندىن كېيىنكى سۆھبىتىدە ”ئالتە بۈيۈك سىياسەت“ ئالتە ئۆلۈك سىياسەتكە ئۆزگىرىۋاتىدۇ، دەپ سالدى. ئۈچ ئادەمنىڭ ئالدىدا بولۇنغان گەپنى تۆتىنچى ئادەمنىڭ قولىقىغا يەتمەيدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ گەپتە بىرئازلا يېڭىلىق بولىدىكەن يېڭىلىققا تەشنا ئادەملەرنىڭ قەلبىگە قانىتى بولمىسىمۇ قانات چىقىرىپ قۇشتەك پەرۋاز قىلىپ يېتىپ بارالايدۇ.

قادىر ھەمدۇللايېۋقا ئوخشاش سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ، تەسىرى زور كىشىلەرنىڭ گېپى يېپى ئۆزۈلگەن لەگلەكتەك يىراق-يىراقلارغا يېتىپ بېرىشى تەبىئىي ئىدى. قادرى ھەمدۇللايېۋ دەرس ئۆتكىنىدە ۋە دەرستىن چۈشكەندە بولۇنغان سۆھبەتلەردە ئاغزىنى قويۇۋەتكەنلىكتىن ئۆزىنىڭ شېڭ دۇبەنگە بىۋاستە قارايدىغان ساقچى ئورگىنىنىڭ دىققەت-نەزەرىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزمىدى. ئۇ ”قىلغان سۆزلىرىم ‹ئالتە بۈيۈك سىياسەت› كە ئۇيغۇن“ دەپ قارايتتى. ئۇ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن مەكتەپكە بېرىپ، ئىككى سائەت دەرس ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن بالدۇرلا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

ھارغىن قۇياش تېخى قىپپاش تاغ چوققىسىغا باش قويمىغان ئىدى. پەلەمپەي ئېدىرلىق تاغ تىزمىسى ئۈستىدىن قازاننىڭ قارىسىدەك قېنىق بۇلۇت ئېقمى يىلاندەك تولغىنىپ كېلىشكە باشلىدى. كۈننىڭ ئاستا ئولتۇرۇشى بىلەن نەم شامال كۈچەيدى. ئاقار يۇلتۇزدەك چاقنىغان چاقماق يورۇقى دەرۋازىسى يوق ئۇزۇنچاق ھويلىنى بىر دەقىقە ۋاللىدە يورۇتۇپ، يەنىلا خىرە قاراڭغۇلۇققا قالدۇردى. قارىيىۋاتقان تۇمانلىق ئاسمان ياش تۆكۈشكە باشلىدى. قادىر ھەمدۇللايېۋ ھاۋارەڭ كاستۇمىنى سېلىۋېتىپ، كۆڭلەكچان ھالدا سىرتقا چىقتى. سىم-سىم يامغۇر ئۇنىڭ ساماغا قارىغان يۈز-كۆزىنى سۆيۈشكە باشلىدى. كۈزنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى سوغۇق بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قىلچە تەسىر قىلمىغاندەك مەزمۇت تۇراتتى. رازىخان كەچقۇرۇنلۇقى چاي ئورنىدا يايما نان ئەتكەن ئىدى. تاماقنى ئېلىپ چاي دەملەپ ئالدى بىلەن ئوغلى باتۇر قادىرنى غىزالىنىشقا بۇيرۇدى، ئاندىن ئېرىنىڭ ئەنئەنىۋى يېزىقچىلىق قىلىدىغان ئۆيىگە چىقىپ ھەمدۇللايېۋنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن سىرتقا چىقتى.

—ۋاي، نېمە ئىش بۇ؟ ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟ ئۆزىڭىزنى سوغۇق يامغۇرغا تۇتۇپ تۇرغىنىڭىز نېمىسى؟—دېدى رازىخان ئاسمانغا قاراپ تۇرغان ئېرىنىڭ قولىنى ئالدىغا تارتىپ.

—سىزمۇ بىردەم تۇرۇڭا، بۇ نېمە دېگەن ياخشى، ھاۋا،—مۇشۇنداق سىم-سىم يامغۇرلۇق ھاۋادا دەم ئالغىنىمدا پۈتۈن بەدىنىم قالتىس ھۇزۇرلى-

نىپ كېتىدۇ، مەن دائىم مۇشۇنداق سىم-سىم يامغۇرلۇق ساپ ھاۋادا ھۇزۇرلانسام دەيمەن.

—قويۇڭا، مەن بۈگۈن سىز بەك ياقتۇرىدىغان ياپما نان ئەتتىم. تامقىڭىزنى يەۋېلىڭ،—رازىخان ئېرىنىڭ نەملەنگەن بولجۇڭ ئەتلىك بىلىكىنى قولتۇقلاپ ئۆيگە مەجبۇرلاپ تارتتى. دەل شۇ چاغدا ئۆيدە يالغۇز غىزالىنىۋاتقان ئوغلى باتۇر قادىرنىڭ ”ئاتا!“ دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. قادىر ھەمدۇللايېۋ ئۆيگە كىرىپ، ئوغلىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى ۋە رازىخان سۇنغان يېپىنچىنى ھاۋارەڭ لۆڭگىنى ئېلىپ، سىم-سىم يامغۇردا نەملىشىپ قالغان يۈز-كۆزى ۋە قاپقارا چاچلىرىنى ئىرتىۋېتىپ، بەھۇزۇر تاماقلىنىشقا باشلىدى. سەي ئۈستىگە تەپەكشى يېيىتىلغان كۆبجۈگەن خېمىر قازاندا يېرىم سائەتتىن ئارتۇقراق تۇرۇپ، قازان كاۋىسىنى ئاساس قىلغان ياڭيۇ، پەمىدۇر، ئاچچىقى يوق قاپاق لازىلىق سەيىنىڭ گۆش، مايلىق چۈچۈمەل سۈيىنى ئىچىۋالغانلىقتىن كۆپۈپ يوغىناپ تەملىك ھور نانغا ئايلانغان ئىدى. ئۈچەيلەن بىربىرىگە قارىشىپ ئىشتىھا بىلەن تاماقلىنىپ بولغاندىن كېيىن قادىر ھەمدۇللايېۋ يېزىقچىلىق ئۆيگە ئۈنچىقمايلا كىرىپ كەتتى.

رازىخان قازان-قومۇچلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، مېھمانخانىغا ئورۇن سالدى. ئوغلى باتۇر قادىر بالدۇرلا ئۇيقۇغا كەتتى. رازىخان ئۆي ئىشىنى تۈگەل سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولۇپ، بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ، شام يورۇقىدا قەلەم تەۋرىتىۋاتقان قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ يېنىغا كىردى. قادىر ھەمدۇللايېۋ يەنىلا كۆڭلەكچان ھالدا شېئىر يېزىۋاتاتتى. رازىخان ئەستەرلىك چاپىنىنى سېلىپ، ئېرىنىڭ ئۈچىسىغا ئاستا يېپىپ قويغاندىن كېيىنلا ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، رازىخانغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى. ئۇ رازىخاننىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراۋاتقان قوشۇما قېشى ئاستىدىكى چاقناپ تۇرغان بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن چوڭقۇر مېھر-مۇھەببىتىنى سېزىپ كۈلۈمسىرىمەكتە ئىدى.

—قادىر، سىز بۈگۈن نېمانچە بەك جىددىيلىشىپ كەتتىڭىز، بىرەر-سىدىن قاتتىق رەنجىپ قالدىڭىزمۇ يە؟—دەپ سورىدى رازىخان ئېرىگە

كۆيۈنگەن ھالدا.

— كىمدىن رەنجىيتىم، كىمدىن رەنجىگىنىمنى دېگەن بىلەنمۇ سىز-نىڭ ئانچە چۈشىنەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. قىزىپ كەتكەن مېڭىنى سىم-سىم يامغۇرلۇق ھاۋادا ياخشى سەگدەتكىلى بولىدۇ. ھەيران قالغۇچىلىكى يوق.

— باشلىقلار بىلەن گەپ تالىشىپ قالدىڭىزمۇ يە؟ — سورىدى رازى-خان ئېرىنىڭ روھىي ھالىتىدىكى جىددىيلىكنى سەزگەن ھالدا مەيۈسلىنىپ.

— باشلىقلار بىلەن ئەمەس، مەن بىلەن ئارىلىشىدىغان بەزى كىشى-لەر بىلەن قاتتىق مۇنازىرىلىشىپ قالدىم.

رازىخان كۆڭلى غەشكە تولغان ئېرىگە مۇلايىملىق بىلەن تەسەللى بەرگىلى تۇردى:

— گەپ يېمەيدىغانلارغا گەپ قىلماسلىق لازىم ئىدى، — دېدى ئۇ ئېرىنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ مەيۈسلىنىپ، — ھازىر تالاش-تارتىش، بەس-مۇنازىرىدىن ياخشىلىق يوقتەك قىلىدۇ. ئادەم تۇتۇش باشلانغاندىن بېرى ھەممە ئادەم پاراكەندىچىلىكتە قالدى. تۈنۈگۈن كىرەم ئاخۇننىڭ ئايالى رىسالەتخان ئايلام بىلەن سەي دۇكىنىدا ئۇچرىشىپ قالدىم.

— كىرىم ئاخۇنغا نېمە بوپتۇ؟

— رىسالەتخان ئايلام ساقچىلارنىڭ ئېرىنى ئۇشتۇمتۇتلا تۇتۇپ تۈر-مىگە ئېلىپ كەتكەنلىكىنى كۆز يېشى قىلىپ ئېيتىپ بەردى ھەم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ماڭا ئېسىلىپلا قالدى.

— قاراڭ، رازىخان، مەن ئۆيلايمەن خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ھەپسىگە ئېلىنىشىدا چوڭ ئۇقۇشماسلىق بار. ئۇنى شېڭ دۇبەن قويۇۋېتىشى مۇم-كىن. مانا گېزىتتە تۇرۇپتۇ. خوجىنىياز ھاجىم چەت ئەلگە قېچىپ چىقىپ كەتكەنلەرگە قارشى تۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىغە مۇراجەتنامە چىقار-غان. شىنجاڭ — جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى دېگەن ۋە جۇڭگودىن ئايرىلىشقا قارشى تۇرغان، — قادىر ھەمدۇللايېۋ رازىخانغا ئۆزى ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن ”يېڭى شىنجاڭ گېزى“نىڭ 1935-يىل 5-ئاينىڭ 3-كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان خوجىنىياز ھاجىنىڭ مۇراجەتنامىسىنى كۆرسەتتى. ئاستىغا

سىزىلغان، قېرىنداش قەلبىدە بەلگە قىلىپ قويۇلغان قۇرلاردا قادىر ھەمدۇللايېۋ زور ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان بايىقى مەزمۇنلار ئېنىق تۇراتتى. ھەر ئىككىسى بىردەم جىم بولدى. ئاندىن ھەمدۇللايېۋ تېخى ئاقچا كۆچۈ-رۈلمىگەن دەسلەپكى قول يازما غەزەللىرىنى رازىخانغا ئوقۇپ بېرەي دەپ تۇرۇشىغا ئاشخانا ئۆيىنىڭ تام مېشى ئەتراپىدىن خىلىلا قاتتىق تاراق-تۇ-رۇق قىلغان ئەنسىز ئاۋاز ئاڭلاندى. رازىخان بىرئاز چۆچۈپ ئاشخانا ئۆيگە چىقىۋىدى، قادىر ھەمدۇللايېۋ شېئىر ئوقۇش تەرەددۇتىدا ئايالىنى چاقىرى-ۋالدى.

—چاتاق يوق، نېمە بولماقچى، ئۆيىمىزدە چاشقان بارلىقىنى بىلەم-سىز؟ چاشقان بىلەن مۈشۈكلەرنىڭ ھەرىكىتى بولمامدۇ؟—دېدى رازى-خانغا ۋە ئۇ كىرىشى بىلەنلا مۇنۇ مىسرالارنى تۆۋەن ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى؛ تام مەش تەرەپتىن كەلگەن بايىقى تاراق-تۇرۇق ئاۋاز جىمىقتى. رازىخان خاتىرجەم بولۇپ، پىنھان ئۆيدە پۈتۈن دىققىتى بىلەن قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ تۆۋەن ئاۋازىدا ئوقۇغان مۇنۇ مىسرالىرىنى بىرمۇبىر ئاڭلا-پ ئىچىدە بىللە ئوقۇدى:

ئالدىمدا بىر ئىلاھ بولسا جېنىم تەقدىم ئىلاھ كارمەن،
تۈلكىلەرنىڭ قىلمىشىنى كۆردۈم؛ قايتماس گۇۋاھكارمەن.
جەننەتنى مەن نېمە قىلاي خەلق دوزاختا چەكسە ئازاب،
ۋەتەن مۇنقەرز بولسا خەلقىم سوتقا تارتقاي: گۇناھكارمەن.
خەلق بىلىسلا بېرەر جازا، پاش قىلىمەن رەزىللەرنى،
شىللىسىغا مىنىپ خەلقىنىڭ دېسە دېسۇن: ”نىجاتكارمەن“.
يول ئاچمىساق شېھىتلەرنىڭ كۆڭلى يېرىم، تەييار يول يوق،
خەلق كۆزىنى ئېچىپ پارلاق يولغا باشلار ئىجادكارمەن.
خار ھالىغا زار قاقشاپ خەلق جەھەننەمنى كۆتۈپ ياتار،
چىقمىسا تىغ تۇتۇپ مەندەك يولۋاس يۈرەك پىداكارمەن.

رازىخان بۇ مىسرالارنى ئاڭلاپ ۋە قايتا بىر ئوقۇپ، ئۆز ئېرىنى

ئۆز غايىسى ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلىدىغان پىداكار قەھرىمان سۆيۈند-
دە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، چىن كۆڭلىدىن خۇشال بولدىيۇ، بۇنداق
ئەزىمەتلەرنىڭ ھاياتىنىڭ كۈتۈلمىگەن خەۋپ-خەتەرلەرگە ئاسان يولۇقۇش
مۇقەررەرلىكىنى ئويلاپ كۆڭلى بىرئاز بۇزۇلدى. كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئاچقىد-
نىدا قويۇق قاپقارا قاشلىرى تۈرۈلۈپ كىيىن ئاستا-ئاستا تەۋرىنەتتى.
يۇمۇلاق يۈزىدىكى قارا مېڭى قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ غەزىلىنىڭ ئىككىنچى
مىسراسىنىڭ ئاخىرىغا قويۇلغان چېكىتتەك ياراشقان بولۇپ، ھەر قېتىم
سۆزلىگىنىدە بىلىنەر-بىلىنمەس تەۋرىنەتتى. ئۇ ئېرىنىڭ ”پىداكارمەن“
ناملىق شېئىرىنى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى مەۋقەدە تۇرۇپ يازغانلىقىنى
خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى.

ئۇلار كىچىك ئۆيدىن قولتۇقلىشىپ چىقتى ۋە ئىككىنچى ئۆيدە
بەھۇزۇر تىنچ ئۇخلاۋاتقان ئوغلى باتۇر قادىرنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى.
رازىخان كۆيۈپ بولاي دەپ قالغان شامنى قىزىل دۇخاۋا پەردە تارتىلغان
دېرىزە قىرغىغا قويۇپ ھەمدۇللايېۋ يېپىنىۋالغان يۇلغۇن چېچەكلىك رەڭلىك
يوتقىنىغا كىرىدى.

—رازىخان، ناۋادا سىزمۇ ماڭا ئوخشاش ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىش-
كەن بولسىڭىز مەندەك پىكىر قىلالايتتىڭىز، دۇنيانى چۈشەنگەن كىشىلەر
دۇنيانىڭ ناھەقچىلىكىگە ھەرگىزمۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايدۇ. بەزىلەر:
كۈرەش قىلغىنىمىز بىلەن بىكار، ھاكىمىيەت ئالماشقىنى بىلەن ئەمەلدارلار
ئالماشمايدۇ، بۇ ئەمەلدارلار خەلقنى ئەزگىنى ئەزگەن. ئىنقىلاب قىلىشنىڭ،
كۆپ سۆزلەشنىڭ نېمە ھاجىتى، سۇنىڭ ئېقىشىغا، تۈكنىڭ يېتىشىغا قاراپ
ياشاش كېرەك، دەۋاتىدۇ. ئىنقىلاب زور تەرەققىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
يېڭى شەيئىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق
بولمىغان قانۇنىيەت. كەلگۈسىنى دېمىسەك بۇنداق ئوقۇپ بىلىم ئېلىشنىڭ
نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟

رازىخان ئۆز يولدىشىنىڭ ھەر كۈنى قورسىقى تويسىلا ئالەمنىڭ
نېمە بولۇۋاتقانلىقى بىلەن مۇتلەق كارى بولمايدىغان جان باقار ئەمەسلى-
كىگە كۆزى يېتىپ خۇشاللانغان بولسىمۇ خاتىرجەمسىزلىنىۋاتقانلىقىنى

يوشۇرالمىدى.
—سىز نەدە بولسىڭىز مەنمۇ دائىما شەدە سىز بىلەن بىرگە بولىمەن. قادىر، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ. قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ،— دېدى رازىخان گەۋدىسىنى بىرئاز كۆتۈرگىنى ھالدا ئېرى قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ تورۇسقا، ئاندىن ئۆچۈۋاتقان شامغا قاراۋاتقان كۆزلىرىگە تىكىلىپ.
قادىر ھەمدۇللايېۋ رازىخاننىڭ ئالدى يېرىم ئوچۇق ئىچ كۆڭلىكىنى تۈرتۈپ چىققان ئالمىدىن يوغانراق ئاپئاق ئەتلىك توق كۆكسىگە بىردەم زەڭ سېلىپ قارىدى. ئۇنىڭ چېچى چۇۋۇلۇپ يوپيۇمىلاق بېشىدىن يېيىدلىپ يالىڭاچ ئىككى مۈرىسىنى قاپلاپ كەينىگە چۈشكەن ئىدى. ھەمدۇللايېۋ خوتۇنىنىڭ قاپقارا چاچلىرىنى سىيپاپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:
—رازىخان، ئەسلى ئىسمىڭىز روزىخان ئىدى، مەن تويدىن كېيىن ئۆزەمچىلا رازىخان دەپ ئۆزگەرتىۋالغانلىقىم ئېسىڭىزدىدۇ، مەن خاتا ئىكەنلىكى ئىسپاتلانمىغان ئەھۋال ئاستىدا يۈرىكىمگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن ئالىي ئېتىقادىمدىن ھەرگىز يانمايدىغان ئادەم. ناۋادا، بىرەر خەۋپكە ئۇچرىسام، مەندىن رازى بولۇڭ، لېكىن يازغان ئەسەرلىرىمنى ساقلاپ ئوغلۇم باتۇر قادىر ئارقىلىق مەن كۈتكەن كەلگۈسىگە، ئازاد دەۋرگە يەتكۈزۈپ بېرىڭ.
—بىزنى قورقۇتماڭ، قادىر...
—سىزنى قورقۇتۇۋەتتىممۇ؟—دېدى قادىر ھەمدۇللايېۋ پىچىرلاپ. ئۇ رازىخاننىڭ ئۆز سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا يول قويمىدى، رازىخان يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ گەپ قىلدى.
—سىز ئېيتقان بەزى نەرسىلەرنى مەنمۇ ئازىراق چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن. مەن سىزنىڭ ئامانلىقىڭىزنى تىلەيمەن. شۇڭا سىزنى كۆپرەك ئېھتىياتچان بولۇشقا ئۈندەپ كەلدىم. مەنمۇ سىزنىڭ كۈتكىنىڭىزدىكىدەك، باياشات، ئازاد كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. ئويلاپ كۆرۈڭ، خەلق نۇرغۇن ئازاب-ئوقۇبەتلىك كۈنلەرنى، نۇرغۇن ۋەقەلەرنى باشتىن كەچۈردى، ئاقىۋەتتە بىزدە كاللا كېتىشتىن باشقا ھېچبىر ئۆزگىرىش بولمىدى. ..يوروق كۈنلەر يېقىنلاشقانسېرى ئېھتىياتچان بولغىنىمىز ياخشى...

قادىر ھەمدۇللايېۋ ئايالىنىڭ ئۇنى-بۇنى سۆزلەيدىغان سەۋىيىگە يې-تىۋاتقانلىقىدىن خۇشاللاندى. رازىخان قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ كۈتۈلمىگەندە بىرەر خەۋپ-خەتەرگە يولۇقۇپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى. تالاغا چىقىسلا قۇلىقىغا "ئۇنى تۇتۇپ كېتىپتۇدەك، پالانچى يوقاپ كېتىپتۇدەك..." دېگەن شۇم خەۋەرلەر كىرىپ تۇرغاچقا، ئېرىدىن ئەنسىرەپ دەككە-دۈككە ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ ئەۋرىشىم قولىدا ئېرىنىڭ پېشانىسىگە يېنىككىنە نوقۇپ قويدى. شام ئېرىپ ئاستا-ئاستا ئۆچتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىمۇ شامدەك ئېرىشكە باشلىدى. ئەركىشىگە قارىغاندا ئايال كىشىنىڭ كۆڭلى تولاراق بالىغا، بالىسىنىڭ كەلگۈسىگە بېرىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىدىن كۆرە بالىسىنىڭ تەقدىرىگە ئارتۇقراق كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇلار كېچىچە زور ئۈمىد باغلىغان ئوغلى باتۇر قادىر ھەققىدە، ئەر-خوتۇن بىرگە يېقىن كەلگۈسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدىغانلىقى ھەققىدە مۇڭدىشىپ، تاڭغا يېقىن شېرىن ئۇيقۇغا كېتىشتى.

× × ×

چۈشتىن كېيىن دەرۋازىسى يوق ھويلىنىڭ ئالدىغا چاقلىرى يېڭى، لېكىن گەۋدىسى كونا بىر جىپ ماشىنا توختىدى. ماشىنىدىن پۇقراچە ئۇزۇن پەلتۇ كىيگەن، ئورۇق، ئېگىزرەك ئىۋان ئىۋانوۋىچ ۋە ئېگىز بوي، ئورۇقراق بېشى سوزۇنچاق گازىر كۆز لاۋگو ۋە يەنە پۇقراچە ئاددىي كىيىنگەن ئىككى كىشى چۈشتى. ئۇلار توپتوغرا قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. قورۇدىكى قوشنىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىشقا كەتكەن ئىدى. ئالدى بىلەن لاۋگو قىيا ئوچۇق ئىشىكنى ئاستا ئىتتىرىپ بۇ قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئاندىن كۆل رەڭ قالپىقىنى چۆكۈرۈپ كىيگەن ئىۋان ئىۋانىچ ئەگىشىپ كىردى.

—سىز قادىر ھەمدۇللايېۋ بولامسىز؟—دېدى ئىۋان ئىۋانوۋىچ يې-زىنچىلىق ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىققان قادىر ھەمدۇللايېۋقا قاراپ.

—ھە، مەن بولىمەن، نېمە ئىشىڭلار بار؟—دېدى ئۇ ئىشىكنى چەكمەيلا ئىجازەتسىز كىرگەنلەرگە كۆزلىرىنى سوئال نەزەرىدە تىكىپ.

—سىزنى شىڭ دۇبەن جانابلىرى ھازىر زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى.

شۇڭا سىزنى ئالاھىدە ئاپىرىپ قويغىلى كەلدۇق.

—تەكلىپ قەغىزى قېنى؟ مېنى سىلەر قولغا ئالماقچىمۇ قانداق؟ تونۇشتۇرۇشۇڭلار بارمۇ؟

—ھۆرمەتلىك قادىر ھەمدۇللايېۋ، بىزدىنمۇ ئارتۇقراق تونۇشتۇرۇش بولامدۇ؟ قېنى بىز بىلەن بىللە مېڭىشقا تەييارلىنىڭ!—ئىۋان ئىۋانوۋىچ شۇنداق دەپلا كەينىگە قارىغان ئىدى، لاۋگو بىلەن يەنە بىرسى ھەمدۇللا-يېۋنىڭ يېزىقچىلىق ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېلىپ كەلگەن قىممەتلىك ماتېرىياللىرى، كىتابلىرى، قوليازمىلىرىنى بىرمۇبىر ئاختۇرۇشقا باشلىدى. قادىر ھەمدۇللايېۋ كاستۇمىنى كىيىپ، گالستۇكىنى تاقاپ مەكتەپكە مېڭىشقا تەييارلىنىپ بولغان ئىدى، ئۆزىنىڭ قول يازمىلى-رىنىمۇ ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقان لاۋگوغا قەھرى-غەزىپى بىلەن ۋارقىرى-دى:

—ماتېرىياللارنى قوي، نەگە ئېلىپ بارىسەن، لاۋگو، ئۆز ئورنىغا قوي!

—شېڭ دۇبەن جانابلىرى تەكلىپ قىلغان سورۇنغا بارغىنىڭىزدا شۇ، دەرس ئۆتۈشىڭىزگە شۇ لازىم بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ قادىر ئاخۇن، سىزگە يەنە شۇ قايتۇرۇپ بېرىمىز،—دېدى لاۋگو ھىجىيىپ.

قادىر ھەمدۇللايېۋ ئاغزىدىن لېنىنىزمنى چۈشۈرمەيدىغان شېڭ دۇ-بەننىڭ تۇتۇلىدىغان ئادەملەرنىڭ تىزىملىكىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، „ V “ بەلگىسى قويۇلغانلارنىڭ تۇتۇلۇپ ھازىرغىچە ئۆيىگە قايتىپ كەلمى-گەنلىكى توغرىسىدىكى گەپلەرنى بىرقانچە قېتىم ئاڭلىغان بولغاچقا، ئۆزىگە كېلىۋاتقان خەۋپنىڭ ناھايىتى ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدى.

ئىۋان ئىۋانوۋىچ قىچىشقان بۇرۇتلىرىنى ئوڭ قولىنىڭ باشمالتىقىدا ئۇۋۇلاپ بولۇپ ناھايىتى جىددىي ھالدا سورىدى:

—پىداگوك قادىر ھەمدۇللايېۋ، ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۇچۇن ئۆل-كىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق پۇقرالارنىڭ قولىدىكى جىمى قورallارنى يوقىرىغا تاپشۇرۇشى لازىملىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشتىن خەۋىرىڭىز بارغۇ دەيمەن، يوشۇرغان قوراللىرىڭىزنى ھازىرلا بىزلەرگە تاپشۇرۇۋەتسىڭىز

قانداق؟

—مەن ئوقۇتقۇچى؟ مەندە قورال نېمە ئىش قىلسۇن، ئالجىماڭ، —ئۇ كېيىنكى سۆزنى قەھرو-غەزەپپى بىلەن ساپ رۇس تىلىدا داۋەتتى. ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئۆزىدە قورال يوق بولغاچقا قارىسىغا تۆھمەت قىلدىڭ دەپ غەزەپلىنىۋاتقان قادىر ھەمدۇللايېۋقا:

—يوشۇرۇپ قويغان قورالىڭىزنى تاپشۇرامسىز-يوق؟—دېۋىدى، قادىر ھەمدۇللايېۋ بۇ قېتىم ئۇيغۇرچە جاۋاب بەردى.

—قورالنى بىگۇناھ ئادەم تۇتىدىغان ساغا ئوخشاش ساقچى قاتىللار تۇتىدۇ.

—راستىنى دېگەن بولسىڭىز بۇ ئۆيىڭىزگە قايتىپ كېلەلەيتتىڭىز، پاكىت ئۆيىڭىزدىلا تۇرۇپتۇ،—ئىۋان ئىۋانوۋىچ سۆزىنى تۈگىتىپلا كۆزقىرىدا تەقەززالىق بىلەن بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان لاۋگوغا قارىۋىدى، لاۋگو بىلەن يەنە بىرسى ئاشخانا ئۆيىنىڭ كونا تام مېشىگە يوپۇرۇلۇپ كەلدى-دە، لاتا خەي كىيگەن پۇتلىرىنىڭ ئاغرىشىغا قارىماي، تام مەشنى تېپىپ بۇزۇشقا باشلىدى. ئۇزۇنتۇرا لاۋگو بىلەن جۇۋەك بىرسى تام مەشنىڭ تۇرخۇنىغا ئۇدۇل پېرىدىن نۆۋەتلىشىپ تېپىپ يوغان يوچۇق ئاچتى. ئىشەنچىسى تولۇق لاۋگو پېشىنى تۈرۈپ رەزگى قولىنى تام مەش ئىچىگە قوپاللىق بىلەن تىقىپ، ئوقى يوق بىر تاپانچىنى تارتىپ چىقاردى-دە، رازىخان يۇيۇپ قۇرۇتۇپ قويغان يۈز لۆڭگىسى ئۈستىگە ئاۋايلاپ قويۇپ، ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

—مەن ھەرگىزمۇ قورال تۇتۇپ باقمىغان، بۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇ تۆھمەت!—دەپ قەھرى-غەزەپپى بىلەن ۋارقىرىدى ھەمدۇللايېۋ. ئۇ تۈنۈگۈن كەچتە رازىخان بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا تام مەش تەرەپتىن تاراققىدە ئاۋاز ئاڭلانغانلىقىنى، رازىخان ئاشخانا ئۆيگە چىققىنىدا بۇ بىر چاشقاننىڭ ياكى مۈشۈكنىڭ كىچىدىكى ھەرىكىتى دەپ خاتا قارىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى-دە، قاتتىق پۇشايمان قىلىپ چوڭقۇر ئۆكۈندى. ئۇ بۇ تاپانچىنى شۇ كېچىسى قوشنىسى لاۋگو كېچىدە ئۆگزىگە چىقىپ تۇرخۇندىن تاشلىۋەتكەنلىكىنى بىلىپ بولغان ئىدى.

— هۆرمەتلىك پىداگوك، بىز سىزنىڭ دەرسىڭىزنى ئاڭلىغىلى كەلمە-
دۇق. سىزنى ئالغىلى كەلدۇق. گەپ بولسا شىڭ دوبەنىنىڭ ئالدىغا بارغاندا
قىلىسىڭىزمۇ كېچىكىپ قالمايسىز. يۈرۈڭ، ماڭايلى، — دېدى ئىۋان ئىۋانو-
ۋىچ ئەڭ ئالدىدا يول باشلاپ مېڭىپ.

قادىر ھەمدۇلايېۋ سوۋېت ئىنتىپاقىدا تىكتۈرگەن ئۆزىگە يارىشىملىق
كاستۇمىنى كىيىدى ئۇ تىلى يۇمشاق لاۋگونىڭ يامان ئادەم ئىكەنلىكىنى
بىلىپ، رازىخانىغا دەيدىغان گېپىنى ئويلاپ ئاستا ماڭدى. كەچكۈز كۈنلىرى
سوغۇق بولغانلىقتىن ئۇزۇن قارا پەلتوسىنى ئۇچىسىغا ئارتىپ سىرتقا
چىقىپ كېتىۋېتىپ ئويلىدى: ”بۇ ئايال نەگە كەتكەندۇ، ئوغلۇم باتۇرمۇ
يوق، ئىككىسى يېقىن بىر ياققا چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك. ۋاقتىدا
كەلگەن بولسا دەيدىغان گەپلىرىمنى دەۋېلىشىم لازىم ئىدى، ماڭا بۇ ئۆيگە
قايتا كېلىش نېسىپ بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ئايالىم ۋە بالام كەلسە
كۆرۈشۈۋالسام قانداق؟ دەپ سوراپ باقسام بۇلار ماقۇل بولارمۇ، ياق،
بۇ ئەبلەخلەرگە يالۋۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى يوق، كېتىۋېرەي...“ قادىر ھەم-
دۇللايېۋ پەلتوسىنى ئۇچىسىغا ئارتىۋېتىپ، گازىر كۆزلىرىنى ئۆزىدىن
قاچۇرۇۋاتقان ئۇزۇنتۇرا لاۋگوغا قەھرى-غەزىپى بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭ
تىكىلىپ قارىشىدىن ئۆلۈمگە پسەنت قىلمايدىغان قەھرىمانىنىڭ ئۆز غايىسى-
گە سادىق جاسارىتى سېزىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ كېتىشكە
كەلگەن ئادەملەرگە قىلچە يېلىنىش نىيىتى يوقلۇقى غەزەپ ئەكس ئېتىپ
تۇرغان چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بىر ئامال قىلىپ، لاۋگونىڭ يامان
قوشنا، نىيىتى قارا شەخس ئىكەنلىكىنى، كېلەلمەي قالغىنىدا بۇ ئۆيىنى
ئانا-بالا تاشلىۋېتىپ، دەررۇ يۇرتىغا قايتىپ كېتىش كېرەكلىكىنى رازىخانىغا
ئۇقتۇرۇپ قويماقچى بولغان ئىدى، ئۆزىنى ئالغىلى كەلگەنلەرنىڭ ئەلپازى-
نى كۆرۈپ بۇ نىيىتىنى ھامان بىر كۈنى رازىخانىغا يەتكۈزىدىغان پۇرسەت
كېلىپ قالار، دەپ ئۆيىدىن چىقتى.

لاۋگو بىلەن ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئۆز غايىسىگە سادىقلىقى چىرايىدىن
ئەكس ئېتىپ تۇرغان قادىر ھەمدۇللايېۋنى جىپقا سېلىپ ئېلىپ كەتتى.
ئۇنىڭ ئىشىكى شۇنداقلا ئوچۇق قالدى. بۇ — يەنە ساقچى ئىدارىسىدىن

ئادەم كېلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.
رازىخان ئۆز يۇرتىدىن چىققان بىر سودىگەردىن تۇغقانلىرىنىڭ پۇل ۋە خالتا ئەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى ۋە شۇ پۇل، خالتىنى ئەكىلىۋېلىش ئۈچۈن چىقىپ كېتىپ، چۈشتىن كېيىن بىرئاز كېچىكىپ قايتىپ كەلدى. رازىخان ئوغلى باتۇر قادىر بىلەن بىرگە ئۇزۇنچاق تار قوروغا كىرىشكە ئىشكى ئالدىدا توپلانغان بىرمۇنچە كىشلەرنىڭ نېمىلەرنىدۇر سۆزلىشىۋات-قانلىقىنى كۆردى. يەتتە ياشقا كىرگەن ئوغلى باتۇر قادىر خالتىنى كۆتۈ-رۈپ ئاپىسى رازىخاننىڭ ئۆگىتىپ قويغىنى بويىچە "ئاتا!" دەپ چاقىرىغان پېتى توپنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. باتۇر قادىر كىچىك بولغانلىقتىن ئاشۇ توپنىڭ ئىچىدە ئاتىسى قادىر ھەمدۇللايېۋنى بار دەپ بىلگەن ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئالدىغا بىرمۇ ئادەم يېقىن كەلمىدىلا ئەمەس، ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ ئاستا-ئاستا تارقىلىشقا باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن توپلانغان كىشى-لەر رازىخاننى كۆرۈپ، گويا بىربىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا تېز تارقىلىپ كېتىشتى. ئىشىك ھاڭدەك ئوچۇق ئىدى. رازىخان ئۆيگە كىرىپلا ئېرىنىڭ يېزىقچىلىق قىلىدىغان مەخسۇس ئۆيىدىكى نەرسە-كې-رەكلەرنىڭ بۇزۇپ-چېچىلغانلىقىنى، ئاشخانا ئۆيدىكى تام مەشنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى خام كېسەكلىرى ئۆرۈلگەنلىكىنى كۆردى-دە، ھۆڭرەپ يىغلى-ۋەتتى. ئاپىسىنىڭ ھۆڭرەپ يىغلىغانلىقىنى كۆرگەن ئوغلى باتۇر قادىرمۇ ئاپىسىغا ئېسىلىپ يىغلىغىلى تۇردى. ئىككىسىنىڭ يىغلاشلىرىغا سىرتتىن تەسەللى بېرىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى.
يېرىم سائەتتىن كېيىن چەتتىكى ئۇيغۇرچە بىلىدىغان ئاق كۆڭۈل بىر خۇيزۇ موماي-ئايال قوشنىسى كىرىپ ئۇلاردىن ھال سورىدى. خۇيزۇ ئايال رازىخانغا ئېرى قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ قەشقەردىكى بۇرۇنلا ئاغدۇرۇل-غان شەرقىي تۈركىستان باشلىقى ساۋۇت داموللا ۋە باشقا ئەمەلدارلىرى بىلەن ئالاقىسى بولغانلىقى، قورال ساقلىغانلىقى، ياپونغا سېتىلغانلىقى سەۋەبىدىن قولغا ئېلىنىپتۇ، دېگەن گەپ-سۆزلەر بىردەمدىلا پۈتۈن ھويلى-نى ئېلىپ بولغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن ئەتراپتىكىلەر بىزگىمۇ بالا تەگمە-سۇن دەپ بۆرىلەردىن ئۈركۈگەن قويلاردەك ئالاقىزادە بولۇپ ئۆيلىرىگە

كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. رازىخان ئېرىنىڭ ھەپسىگە ئېلىنغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن بىر كېچە-كۈندۈز يىغلاپ قاقشاپ يۈر-دى. خۇيزۇ ئايال قوشنىسى بىرقانچە قېتىم تاماق سۇنۇپ، ئادىمەتچىلىكىنى بىلدۈرۈپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى، لېكىن ئۇ قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ قايسى تۈرمىگە قامالغانلىقىنى بىلمەتتى، شۇڭا رازىخانىنىڭ ئۆز ئېرى ھەققىدىكى سوئاللىرىغا ھېچنىمە دەپ بېرەلمىدى. ئاخىر قوشنىسى لاۋگو-دىن ئېرى ھەمدۇللايېۋنىڭ نەگە قامالغانلىقىنى سوراپ بىلىۋېلىپ، ئانا-بالا ئىككىسى تۈمىگە بارماقچىمۇ بولدى. لېكىن قېرىشقاندەك لاۋگو ھويلىغا بىرەر قېتىممۇ كىرىپ قويمىدى. خۇيزۇ ئايال قوشنىسىمۇ، باشقا قوشنىلارمۇ قادىر ھەمدۇللايېۋنى ئېلىپ كەتكەنلەرنىڭ ئىچىدە لاۋگونىڭمۇ بارلىقىنى ئېيتىپ قويۇشقا پېتىنالمىدى. ھەممىسىلا بىرەر جېدەل-ماجىرا چىقسا ئۆز-لىرىنىڭ چېتىلىپ قالىدىغانلىقلىرىنى بىلىپ، ”تۆگە كۆردۈڭمۇ“ دېسە ”كۆرمىدىم“ دېگەندەك قىلىپ جىم بولۇۋالغان ئىدى. ھەپسىگە ئېلىنغان بەزى بايلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ھۆكۈمەت، ساقچى دائىرىلىرىگە نۇر-غۇن پۇل، ئالتۇن بېرىپ تىلىۋالغانلىقتىن ھەپسىگە ئېلىنغان بەزى بايلار تۈرمىدىن چىققانمۇ بولدى. بەزىلىرىنى بەرگەن پۇلنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ قويىۋەتمەي تۇغقانلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. رازىخاندا ئېرىنى تۈرمىدىن ئېلىپ چىقىدىغانغا ئۇنچىۋالا جىق پۇل يوق ئىدى. ئوقۇتقۇچى باي بولالمايدۇ، لېكىن ئۇ قىممەتلىك بايلىق يارىتىدۇ. ئوقۇتقۇچى يېگى دۇنيا ياراتقۇچىدۇر. قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ ئاتىسى ھەمدۇل پالۋان توخ-سۇندا لاۋگو تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن كۆپ يىللاردىن بېرى جەم بولۇپ كەلگەن چوڭ ئائىلە جەمەتى بۆلۈنۈپ تارقالغىشىپ كەتكەچكە، قادىر ھەمدۇللايېۋنى ھەپسىدىن تىلەپ ئەچىقىۋېلىش ئۈچۈن كېتىدىغان مەبلەغنى ھازىرلا يىغقىلى بولمايتتى. بۇ مەبلەغنى يىغىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي بولمايدۇ. رازىخانىنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى باتۇر قادىرنى بىللە ئېلىپ يۈرۈپ ئۇ ياققا، بۇ ياققا قاتراپ يۈرۈشمۇ ئەپسىز ئىدى. ئۇ ئېرى قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق تەقدىرى ھەققىدە ئويلا-ئويلا بېشى تازا قاتتى. رازىخان ئوقۇپ

بەرگەن ھېلىقى ”پىداكارمەن“ ناملىق شېئىرىنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ تىز پۈكۈپ دۈشمىنىگە يالۋۇرۇپ يۈرىدىغان شەخس ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. رازىخان ئېرىنىڭ ھەپسىگە ئېلىنغانلىقىنى بىلسىمۇ نەگە قامالغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئەتىسى بىر قوشنىسى ”نەگە قامالغانلىقىنى قوشناڭ لاۋگودىن سورىساڭ، ئۇ بىلىدۇ“ دەپلا قويۇپ، ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. رازىخان: ”راست، پەقەت لاۋگولا ئېرىمنىڭ نەگە قامالغانلىقىنى، قەيەرگە ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ ئېنىق خەۋىرىنى بىرەلەيدۇ“ دەپ ئويلىدى-دە، ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قويۇپ، لاۋگونىڭ ھويلىغا كىرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇردى.

چۈشكە يېقىن لاۋگو ئۇزۇن پەلتۇ كىيىپ، كەچكۈزدە ئۈششۈگەن پەمدۇردەك كۆكىرىپ قوللىرىنى قارا پەلتۇسىنىڭ ئىككى يانچۇقىغا تىققان ھالدا ھويلىغا كىردى. رازىخان دەررۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئۇلۇغ ئېچىپ، ھويلىغا چىقتى. لاۋگو گازىر كۆزىنى ئوينىتىپ قىزغىن ھەۋەسلىنىپ كۈلمەكچى ئىدى، ئۆز ئالدىغا ئالدىراپ كەلگەن رازىخاننىڭ مەيۈس چىرايىغا قاراپ ياسىماقايغۇ ئىپادىسىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، جىپ ماشىنا بېسىپ ئۆتكەن چاق ئىزلىرىنىڭ قۇرۇپ بولامىغان قارا لاي قالدۇقىغا قارىدى. رازىخان بىر ھازاغىچە ئۆزىنىڭ دەرد-ئەھۋالىنى ئېيتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا قاتتىقراق يالۋۇردى.

—لاۋگو، بىر ئامال قىلىپ، قادىرنىڭ نەگە قامالغانلىقىنى سوراشتۇرۇپ بىزگە دەپ بەرسىڭىز ياكى بىزنى باشلاپ بارسىڭىز؟—رازىخان تولا يىغلاپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ لاۋگوغا تىكىپ، ئادەمگە ئۈمىد بېغىشلايدىغان جاۋاب كۈتمەكتە ئىدى. لاۋگو ئۆزىگە قاتتىق يېلىنىۋاتقان رازىخاننىڭ ئۇچىسىدىكى ئالتۇندەك ساپسېرىق پوپايكىسىدىن كۆتۈرۈلگەن يوغان كۆكسىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا يوشۇرۇن قارىۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

—بولىدۇ، مەن بۈگۈنلا ئىزدەپ-سوراپ خەۋىرىنى ئېنىق بىرەي، —دېدى-دە، يەنە بىردەم تۇرغۇسى كەلسىمۇ، ھويلىغا كىرىپ قالىدىغان

كىشلەرنىڭ كۆزىگە ئىلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆزىچە خۇدۇكسىنىپ،
ئالمان-تالمان پايپاسلاپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

شۇنداقمۇ كىشلەر كۆپ ئۇچرايدۇ: ئۇلار بىر بىرىنىڭ كەينىدىن
گەپ تېپىشقا، ئىشلىرىدىن قۇسۇر چىقىرىشقا ئالدىرايدۇ، قورسىقى ئاچقاندا
ۋاقتى يەتمىگەنلىكتىن گەپنى ئاز قىلىشىمۇ مۇمكىن، قورسىقى تويغان
ھامان ئىش پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن بولسىمۇ باشقىلارنىڭ كەينىدىن
ئەپقاچتى گەپلەرنى قىلىشقا، تارقىتىشقا ئالدىرىشىپ كېتىشىدۇ. ئۆزىنىڭ
ئانچىكى مەنپەئىتىگە مۇناسىۋىتى بولغان تەقدىردە تېخى ئۆپكىسىنى باسال-
ماي تېرىقتەك چېچىلىپ ئالەمنى مالەم قىلىۋېتىدۇ. ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە
مەنىۋى مەنپەئىتىگە ئالاقىسى يوق ئۇ گەپ-سۆزلەر تارقىتىلسا قايتىپ
يېنىپ كېلىپ، ئۆزلىرىگە خەۋپ يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان تەقدىردە،
قۇلىقىنى يوپۇرۇپ جىم بولۇۋېلىشىمۇ مۇمكىن. قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ
قولىغا ئېلىنىشىنى نەق مەيداندا ھېچكىم كۆرمىدى. لېكىن ئالاھىدە بىر
جىپ ماشىنىسى گۈركىرەپ كىرىپ ھويلىدا بىرىم سائەتچە تۇرۇپ، قادىر
ھەمدۇللايېۋنى ئېلىپ كەتكۈچە ئارىلىقتا بۇ ھويلىدا ئىشقا چىقمايدىغان
بىرەرمۇ ئائىلىلىكنىڭ كۆرمەسلىكىنى، سەزمەسلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى
بولمايتتى. گەپ—ئۆزىگە بىرەر بالا-قازا ياكى پېشكەللىكنى يېقىن يولات-
قۇزماسلىقتا. خېلى-خېلى گەپ تاپقانلارمۇ ئاغزىنى يۇمۇۋېلىپ، ھېچ ئىشنى
ئۇقمىغان كىشىدەك بەخىرامان يۈرۈۋەرگەچكە، رازىخان ئېرى توغرىلىق
ئاشۇ ئاق كۆڭۈل خۇيىزۇ ئايالدىن باشقا ھېچكىمدىن گەپ سوراپ، قادىر
ھەمدۇللايېۋ توغرىلىق تۈزۈكرەك بىر ئۇچۇر ئاڭلىيالمىدى. لاۋگو ئۆزىنىڭ
قادىر ھەمدۇللايېۋنى قولغا ئېلىشقا قاتناشقانلىقىنى رازىخانىنىڭ بىلىپ قالمى-
غانلىقىغا خۇشال بولۇپ ئۆگزىسىدىن تام مەش تۈرخۇنىغا بىر بۇزۇق
تاپانچىنى تاشلىۋېتىپ، قادىر ھەمدۇلايېۋنى ”قورال ساقلىغان جانىيەتچى“
دەپ ساقچى ئورگىنىغا تۇتۇپ بەرگەنلىكىنى بىلىپ قالمىغانلىقىغا خۇشال
ئىدى. ئۇ: ”كىشلەر ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە ئەقلى توشىدۇ، دېگەن گەپ
بار. مەن يىگىرمە سەككىز يېشىمدا ئەقلى توشقان ئادەمگە ئايلانغاندەك
تۇرىمەن“ دەپ ئويلىدى مەغرۇرلىنىپ. ئۇ ئۆيىگە كىرىپ، ئانچە ئۇزۇن

ئۆتمەيلا ماتېريال بوپكىسنى كۆتۈرۈپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ رازىخانىغا ”قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ قايسى تۇرمىگە قامالغانلىقىنى ئىگەللەپ كەچتە خەۋىرىنى بېرىمەن“ دەپ شۇ چىقىپ كەتكەنچە كونا مال بازىرىغا پايلاق-چىلىق قىلغاچ ۋاقىت ئۆتكۈزگىلى كەتكەن ئىدى.

كەچ كىردى. شامالسىز جىمجىت كېچە مۇقەددىمىسى شىمالدىن يىلاندەك سۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان سىياھدەك قارا بۇلۇت ئېقىمى بىلەن تەڭ باشلاندى. ئاندا-ساندا ئاپئاق توزغاق قار لەيلەپ ياغماقتا ئىدى. بۇ—شەھەردە قارنىڭ تۇنجى قېتىم يېغىشى ئىدى. قار يەرگە چۈشكەن ھامان ئاستا-ئاستا ئېرىپ كېتەتتى. يۈز، قوللارغا تەگكەن ھامان نەملىك ھاسىل قىلغان يېقىمسىز سوغۇق كىشىگە ياز ئايلىرىدىكىدەك ھۇزۇر بېغىشلىمايت-تى. لاۋگو قارا پەلتۇسىغا تۇگۈلۈپ، پاتقاقتا ئايلىنىۋاتقان يولدا يەرنى تاللاپ ئاۋايلاپ دەسسەپ ھويلىغا كىردى. قاراڭغۇدا تام ياقىلاپ ئەراپتا ھېچكىم يوقلۇقىغا قارىماي، خۇددى قوغلاپ كېلىۋاتقان بىراۋدىن ئۆزىنى خۇپىيانە، يوشۇرغان ئادەم قىياپىتىدە تۇرخۇندىن قويۇق ئىس-تۈتۈن چىقىۋاتقان ئۆي ئالدىغا كەلدى. ئەتراپتىكى قوشنا ئۆيلەرنىڭ شام چىراغ-لىرى ئۆچۈرۈلگەن، پەقەت تۇرخۇنلىرىدىن قويۇق ئىس-تۈتۈن چىقىۋات-قان رازىخاننىڭ ئۆيىدىلا شامنىڭ يورۇقى دېرىزىلىرىگە چاپلانغان قېلىن قەغەزدىن ئۆتۈپ ھويلىغا چۈشمەكتە ئىدى. كەچكۈزنىڭ ئاخىرقى سوغ ھاۋاسىدىن دۈگدەيگەن لاۋگو ئىشىكنى ئاستا ئىككى قېتىم چەكتى. لاۋگو-نى ساقلاپ ھارغان رازىخان ئۇزۇن پايپىقى بىلەن ئالدى ئوچۇق سېرىق پوپايكىسىنى سېلىۋېتىپ، كۆڭلەكچان ھالدا ياتاي دەپ تۇراتتى. ئۇ ئىشىكنىڭ تاق-تاق چېكىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ھاياجانلانغان ھالدا ئۇچىسىغا سېلىۋېتىلگەن سېرىق پوپايكىسىنى ئارتىپ، بىر ئايغىنى كىيىپ، بىر ئايغىنى كىيمەيلا ئىشىكنى ئېچىشقا يۈگۈردى. ئىشىك يەنە بىر قېتىم قېقىلغىچە ئىچىدىن ئىلمەك بىلەن ئېتىلگەن ئىشىك ناھايىتى تېز ئېچىلدى. ئىچكىرىكى مېھمانخانا ئۆيىدىكى بىرخىل يېنىپ تۇرغان شام يورۇقىدا ئۇزۇنتۇرا لاۋگونىڭ ئېگىز گەۋدىسى رازىخانىغا بىرئاز قورقۇنچلۇق كۆرۈن-دىيۇ، لېكىن ”ئۇ قانداقلا بولمىسۇن، ئېرىم ھەققىدە ئېنىق بىر خەۋەر

ئېلىپ كەلدى“ دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا بىر تالاي سوئال ياغدۇرۇۋەتتى.

—قادىر قەيەردە ئىكەن؟ ئۇنى قاچان قويۇپ بېرىدىكەن؟ ئۇنى زادى ئېنىق كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇ نېمىلەرنى دېدى؟ تېزرەك جاۋاب بېرىڭچۇ؟ ئۇنىڭ گۇناھى نېمە ئىكەن؟

—كۆرۈشۈش، يېزىقچىلىق ئۆيۈمدە بىر كىتاب بار، ئەكىلىپ بەر-سەڭلار، مېنى قويۇۋېتىدۇ، شۇ دېدى. شامنى ئېلىپ چىقىپ، كىچىك ئۆيگە كىرىڭ، شۇ ئۇ كىتابنى ئىزدەپ تاپايلى شۇ.

—كىتابلار جىق، ئەتە ئىزدىسەكمۇ بولىدۇ. ئاۋۋال قادىر بىلەن كۆرۈشكەنلىكىڭىزنى دەڭا، تېز بولۇڭ، قادىرنىڭ ھال-ئەھۋالى قانداق؟

—ياق، ئاۋۋال شۇ شۇ كىتابنى تاپايلى شۇ. كىتابنى تېپىپ ھازىرلا تاپشۇرۇپ بەردى شۇ، قادىر ئاخۇن شۇ ھازىرلا كېلىدۇ. سىلەرگە شۇ ئۆمرۈمدە بىر ياخشىلىق قىلاي، دەيدۇ شۇ.

رازىخان ئېرى قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ لاۋگو ئىزدىمەكچى بولغان كىتابنى تېپىپ ئاپىرىپ بەرسىلا قويۇۋېتىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئالدىراش مېھمانخانا ئۆيىدىكى كۆيۈپ ئاز قالغان شامنى كۆتۈرۈپ، لاۋگونى قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ يېزىقچىلىق ئۆيىگە باشلاپ كىردى. رازىخان بۇ كىچىك ئۆينى خۇددى قادىر ھەمدۇللايېۋ يېقىندا كېلىپ يېزىقچىلىق قىلار دەپ ئويلاپ ناھايىتى رەتلىك ياساپ قويغان ئىدى. ئۇ كارىۋاتنىڭ بالداقلىق گىرۋىكىگە شامنىڭ كۆيۈۋاتقان يېغىنى تېمىتىپ شامنى تىكلەپ قويۇپ كىتاب جازىسىنى كۆرسەتتى:

—مانا بۇ كىتابلار...—رازىخان گېپىنى باشلاۋاتقىنىدا لاۋگو قارا پەل-تۇسىنى ئاستا سېلىۋېتىپ، قولنى ئارقىغا ئېلىپ، كىچىك ئۆينىڭ تۆمۈر ئىل-مىكىنى شىرىققىدە سۇرۇپ كۆپكۆك سىرلانغان ياغاچ ئىشىكنى تاقىۋەتتى.

—جۇھۇت، كاپىر، نېمە قىلماقچىسەن؟ ماڭ، ئۆيدىن چىق!

—رازىخان قولنى قاتتىق شىلتىپ، قوش ئەستەرلىك چاپىنىنى سېلىۋاتقان لاۋگوغا غەزەپ بىلەن بۇيرۇق قىلدى.

—رازىخان راستىنى ئېيتاي، ئېرىڭىز شۇ جىنايەت ئۆتكۈزدى شۇ، گۇناھ قېپتۇ شۇ. تۈرمىدىن چىقمايدۇ بىلدى شۇ، مېنى يولدىشىم رازىخان

بىلەن بىللە ئۆتۈپ شۇ، بالامغا قاراپ قويساڭ دېدى شۇ، ماڭا ئىشەندى شۇ، سەنمۇ ماڭا ئىشەن شۇ، مۇسۇلمانچىلىق ئاستا-ئاستا دەپتۇ شۇ. مەن بۇرۇنلا شۇ ئىمان ئېيتتى، مۇسۇلمان بولدى شۇ، قادىر ئاخۇن گېپىگە ماقۇل بول شۇ...

—يالغان! ئېرىم ھەرگىزمۇ مۇنداق دېمەيدۇ. ئۇنىڭ ھېچقانداق جىنايىتى يوق. ئۇ چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ. ئۆيدىن تېز چىقىپ كەت!

لاۋگو ھې-ھې قىلىپ كۈلۈپ رازىخانغا ئاستا-ئاستا يېقىنلاشتى.

—مەن شۇ بۇ ئۆيىنى سىلەرگە مەن بەرگەن شۇ، ھويلا-ئۆيلەر ماڭا قارايدۇ شۇ، ھې-ھې، مەن چىقىپ كەتمەيدۇ شۇ، رازىخان، ھې-ھې.

رازىخان ئۆزىگە يېقىنلىشىۋاتقان لاۋگوغا قول شىلتىغىنىدا سۈتتەك ئاق فاڭچۇ كۆڭلىكىنىڭ يۇقىرىقى تۈگمىسى تارتىلىپ كېتىپ، ئۈزۈلۈپ ھەش-پەش دېگىچە يەرگە چۈشۈپ كەتتى، تۈگمىسىز قالغان ئاق فاڭچۇ كۆڭلىكىنىڭ ئىككى ياقىسى ئېچىلىپ كەتكەنلىكتىن مەيدىسى كۆكرەكلىرىگە قەدەر ئوچۇق قالدى. لاۋگو گاھ غەزەپلىنىپ، گاھ قورقۇپ، ھودۇقۇپ تۇرغان رازىخانىنىڭ چىرايىدىن ئۆزىگە قارىتا غەزەپ-نەپرەت ئۇچقۇنى كۆرۈۋاتقىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ گۈزەل بەدەن سىياقىغا تەشنالىقى ئاشماقتا ئىدى. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىپ ئىشىكنى ئاچاي دەپ تۇرغان رازىخانىنىڭ قولىنى تارتىپ، كارىۋاتنىڭ قىرىغا قوپاللىق بىلەن ئولتۇرغۇزدى ۋە كارىۋاتقا بېسىپ، ئۇنىڭ مۇشۇ ھويلىغا ئورۇنلاشقاندىن تارتىپ مەھلىيا بولۇپ كەلگەن گىردىدەك مەگزى بىلەن ئانار رەڭ لەۋلىرىگە سۆيۈشكە باشلىدى. كونا كارىۋات غىچىرلاپ تەۋرىنىشى بىلەن شام يەرگە چۈشۈپ ئۆچۈپ قالدى-دە، ئۆي قاغا قانىتىدەك قاپقارا تۈن قاراڭغۇلىقىدا قالدى.

ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك تېنى ئادەمنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كونكرېت شارائىتتا ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدۇ. رازىخان ئۆزىگە دەسلەپتە ئاستا-ئاستا، كېيىن شىددەتلىك ئېتىلىپ كەلگەن لاۋگونىڭ قولىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكىنىڭ دەل ئۆزى قېيىن ئاتىسى ھەمدۇل پالۋانغا

تەقدىم قىلغان ئۈزۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. قېيىن ئاتىسى ھەمدۇل پالۋاننىڭ لاۋگوغا باغلىنىشلىقى بار بىرەر پىشكەللىككە يولۇققانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈشكە تېخىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. شام يەرگە چۈشۈپ ئۆچۈپ قالغاندىن كېيىن ئۇ قەھرى-غەزىپى بىلەن لاۋگوغا قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، تېنى ئاجىز بولغانلىقتىن، لاۋگونىڭ قۇ-چىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كېتىشكە قۇربى يەتمىدى. قاراڭغۇدا ئىچكى كىيىملىرىنى ئالدى بىلەن سېلىپ تاشلىغان ئۇزۇنتۇرا لاۋگونىڭ ئاستىدا كىيىملىرى مەجبۇرىي سالدۇرۇۋېتىلگەن رازىخان قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ھېرىپ، ئۆز ئىرادىسىگە بويسۇنمىغان ھالدا ئاخىر چوك-چوك نەپەس ئېلىشقا باشلىدى...

تاڭ سۈزۈلۈپ، شەرق قىزىرىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇلۇتسىز ئاسماننىڭ شەرق تەرىپى ئالدى بىلەن يورۇشقا باشلىدى. بۇ يىل قىش كېچىكىپ كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئەستەرلىك چاپان ۋە پوپايكا كىيىپ، سەھەر سىرتقا چىقسا ئانچە قاتتىق سوغۇق تەسىر قىلىپ كەتمەيدىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوتتۇز ئالتە ياش ئەتراپىدا بىر كىشى كەينىدىن بىرسى گويا قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك ھولۇقۇپ تەمتىرەپ رازىخاننىڭ ئىشكى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. كۆزى يومۇقراق، قاڭشالىق، ھەتتا ئۆزىنىڭ كۆلەڭگىسىدىنمۇ قورققۇدەك ئەلپازدا پەرىشان بۇ ئادەم كالاچلىق مەسە كىيگىنى ھالدا بىر دەم ئۇياققا، بىردەم بۇياققا تېز-تېز كۆز يۈگۈرتۈپ، بىرەر ئادەمزات ئۇچراتمىغاندىن كېيىن كۆڭلى بىرئاز ئارامىغا چۈشۈپ ئۇلۇق تىنىۋالدى. ھەربىر تىنىق ئارىلىقىدا تەپتەكشى قىرقىلغان قىسقا، قاپقارا ساقاللىرى بىلىنەر-بىلىنمەس تەۋرىنەتتى. تام ياقىلاپ ماڭغىنىدا ياقىسى يوق يازلىق ھاۋارەڭ يەكتىكى ئىككى تەرەپكە يېيىلىپ كەينىگە پۇلاڭلايتتى. ھازىرقى ئەلپازىدىن قارىغاندا ئۇ ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ كۆلەڭگىسىدىنمۇ چۆچۈپ قورقىدىغاندەك قىلاتتى. قۇرۇت-قوڭغۇزلارنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈشنىمۇ گۇناھ دەپ بىلىدىغان بۇ كىشى سودىگەر ھوشۇر قارى بولۇپ، رازىخانغا ناھايىتى مۇھىم بىر گەپنى يەتكۈزگىلى كەلگەن ئىدى. رازىخان بىرەر خەۋەر ئاڭلاشقا ناھايىتى تەقەززار بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئىشىكنى ئانچە

هايال بولمايلا ئېچىپ بەردى. ھوشۇر قارى قىش تېخى يېتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ بېشىغا قۇلاقچا كىيىۋالغان ئىدى. ئۇ ئالدىراپ ئۆيگە كىردى-دە، ئۆرە تۇرۇپلا گېپىنى باشلىدى:

—مەن تۈنۈگۈن تۈرمىدىن چىقتىم. شىڭ دۇبەن مېنىمۇ ھەپسىگە ئالغان ئىدى، قاراشەھەردىكى تۇغقانلىرىم مېنىڭ ھەپسىگە ئېلىنغانلىقىمنى ئاڭلاپ، شىڭ دۇبەنگە ۋە تۈرمە باشلىقىغا بىرئاز يامبۇ سوۋغۇتۇۋەتكەن ئىكەن مېنى كېپىلگە بېرىپ لەنتى ھەپسىدىن چىقىرىۋەتتى. يولدىشىڭىز قادىر ئاخۇن مەندىن بۇرۇنراق قويۇۋېتىلگەن بىر مەھبۇستىن سىزگە سۆز ئېيتىپ بەرگەن ئىكەن، ئۇ ئادەم سىزنى ئىزدەپ تاپالماي، مېنىڭ يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى تاپىلاپ، ئالدىراش خوتەنگە كېتىپ قالدى...

—قادىر نېمە گەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ، ئۇ قايسى تۈرمىدە ئىكەن؟

—ئالدىرىماڭ، جىق گەپ قىلىشقا ۋاقتىم يوق. قادىر ئاخۇننىڭ گېپى: ئايالىم رازىخان، ئوغلۇم باتۇرنى ئېلىپ ساق-سالامەت يۇتقا قايتسۇن، بۇ لەنتى قورودا يامان ئادەم بار ئىكەن، ئۆزىنى دالدىغا ئالسۇن، دەپتۇ.

رازىخان يىغلامسىرىغان ھالدا يەرگە قاراپ ھوشۇر قارىغا تىك قارىيالمىدى. قادىر ھەمدۇللايىۋنىڭ يامان دېگىنىنى رازىخان يىگىرمە نەچچە كۈن بۇرۇنلا بىلىپ بولغان ئىدى. ئۇ لاۋگوننىڭ يامان ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە تېنى شۈركىنىپ كېتەتتى. ئۇ يولدىشى قادىر ھەمدۇللايىۋ توغرىلىق ھودۇقۇپ قورقۇپ تىلى گەپكە قولاشمايۋاتقان ھوشۇر قارىدىن ئىچى تىت-تىت بولۇپ يەنە گەپ سورىدى:

—ھوشۇر قارىكا، بىرەر يېڭى گەپ ئاڭلىدىڭىزمۇ، قادىر ھەپسىدىن زادى قاچان چىقىدىكەن، ئۇ نېمە ئىش قىپتۇ، ئۇنىڭ گۇناھى نېمە ئىكەن؟ نېمىشقا ئۇنى ھەپسىدىن قويۇۋەتمەيدىكەن؟

بۇ ئۆيگە كىرگەنلىكىنى بىراۋنىڭ تۇيۇپ قېلىشىدىن خۇدۇكسىنىپ، چىقىپ كېتىشكە ھەدەپ ئالدىراۋاتقان ھوشۇر قارى بىرەر يېڭى خەۋەر ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ تۇرغان رازىخاننىڭ قادىر ھەمدۇللايىۋ ھەققىدىكى ھەممە سوئاللىرىغا ھازىر دەررۇلا جاۋاب بېرەلمەيتتى.

—سىزنى يۇرتىڭىزغا يولغا سېلىپ قويۇش ئۈچۈن بۈگۈن كەچتە بىر هارۋا بىلەن ئىككى ئادەم باشلاپ كېلىمەن. هازىردىن باشلاپ هېچكىمـ. گە بىلدۈرمەي بۇ لەنتى قورۇدىن تېز يۆتكىلىشكە تەييارلىق قىلىڭ. قادىر ئاخۇننى تروتسكىچى دەمدۇ، جىقلا گەپلەر بار. تروتسكىچى دېگەن بۇ ئورۇسچە گەپنىڭ مەزمۇننى كىمدىن سوراپ يۈرەي؟—هوشۇر قارى رازىخاننىڭ قادىر هەمۇللايىۋ هەققىدىكى سوئالىغا جاۋاب بەرمىدى. رازىـ. خان يەنە سورىدى.

—قادىر هەپىسدىن قاچان چىقىدىغانلىقىنى سىلىگە ئېيتمىدىمۇ؟ هوشۇر ئاكا؟

—ئېرىڭىزنىڭ هەپىسدىن قاچان چىقىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئۇ ناهايىتى تىمەن، ئۆتكۈر بالا ئىدى، ئۇ رۇسچىمۇ، خەنزۇچىمۇ بىلىدىغان سۆزمەن، بىلىمدار بولغاچقا، هەپىسدىمۇ بوش كەلمىگەندەك تۇرىدۇ. خۇدايىم ئامان قىلغاي، خوش، مەن كەتتىم—هوشۇر قارى دەيدىغان گېپىنى دەپ بولۇپ، رازىخان بىلەن خوشلىشىپ سىرتقا چىقتى ـ دە، تېزلا كۆزدىن غايىپ بولدى.

رازىخان تاڭ سەهەردە هوشۇر قارى ئېلىپ كەلگەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بېشى قېتىپ گاڭگىراپ قالدى. ئۇ قاتتىق ئۇخلاۋاتقان ئوغلى باتۇر قادىرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاۋازىنى چىقارماي بىرهازا يىغلىغاندىن كېيىن كۆز ـ ياشلىرىنى ئېرتىپ، بۇ هويلىدىن كۆچۈپ كېتىش تەييارلىقىنى جىدـ. دىي باشلىۋەتتى. كەلگۈسىدە ئوغلى باتۇر قادىرغا ۋە ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان، يۆتكەش ئەپسىز بولغان، پۇلغا يارايدىغان نەرسە ـ كېرەكلىرىنى خېلى ئىشەنچلىك بىر يىراق تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە يۆتكىۋەتتى. ئۇ ۋاقىتنى ئىگەللەپ يۇرتىغا كۆچـۈپ كېتـىش تەيـيارلـىقلـىرىنى پۇخـتا ئىشلىـ. مەكتە ئىدى.

كەچتە رازىخان بىلەن باتۇر قادىرنى ئىزدەپ ئۆيىگە سۆز ئورانى ئۇقۇمۇشلۇقراق، لېكىن كېيىنىشى ئادەتتىنكىچە، هال ـ ئەهۋالى ئانچە ياخشى ئەمەستەك كۆرۈنگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى هەرىكەتتى چاققان بىر تېتىك ياش بىلەن بىرگە كەلدى. ئۇلارنى هوشۇر قارى ئەۋەتكەن بولۇپ،

قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ ھەپسىدە يېتىپ تۇرۇپ تاپىلىشى بويىچە ئۇلار رازىخان بىلەن ئوغلى باتۇر قادىرنى شۇ كۈنىلا بۇ خەۋپلىك قورۇدىن يۆتكەپ كەتتى.

ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان كىشىلەر ئۆلۈم ئالدىدا ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئېغىر كۈندە قالماسلىقىنى، يېقىن ئادەملىرىنىڭ ئۇلارغا خەيرخالىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. سودا ئىشلىرىغا پىشىپ كەتكەن زېرەك ھوشۇر قارى تۈرمىدە ناھايىتى خەۋپ ئىچىدە قالغان قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىدى. ئۇ ئېغىر كۈندە قالغان ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىش ھەربىر موسۇلماننىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى دەپ بىلەتتى. ئۇ شېڭ دوبەننىڭ قول چوماقلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ھەپسىدىن تىرىك قايتىپ چىقالماسلىقىغا كۆزى يەتكەچكە، رازىخاننىڭ تۇل قېلىشىغا، باتۇر قادىرنىڭ يېتىم بولۇپ قېلىشىغا قاتتىق ئېچىنىش ھېسسىياتى قوزغالدى. ئۇ ھەر ھالدا ھەمدۇل پالۋاننىڭ پەخرى ئوغلى قادىر ھەمدۇللايېۋتىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇمۇشلۇق زاتنىڭ تۈرمىدىكى ئۈمىدىنى ئاقلاپ، بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم، دەپ پەخىرلىنىشكە ھەقلىق ئىدى. ئۇ رازىخان ھەققىدە باشقىمۇ ئويلاردا بولدى، لېكىن ئۇ ئويلىرىنى رازىخانغا ھازىرچە ئېيتىشقا تىلى بارمىدى، ھوشۇر قارى رازىخاننىڭ ئۆز يۇرتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، ئىككى ئاي ئۆتمەي تۇرۇپلا كۆڭلى لازىغا تارتىدىغان، گېلىدىن باشقا تاماق ئۆتمەيدىغان، كۈندە دېگۈدەك ھۆ قىلىپ بېشى ئايلىنىدىغان نورمالسىز ھالەتكە ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. لاۋگو بىلەن بىر كېچە بىللە بولۇشقا مەجبۇر بولغاندىن كېيىنكى بۇ ئۆزگىرىشتىن رازىخان تازا بىئارام بولۇۋاتقاندا ھوشۇر قارىنىڭ تۇرماق، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭمۇ ئادەتتىكى گەپ-سۆزلىرىمۇ قۇلىقىغا خۇش ياقمايتتى. ئۇرۇق-تۇغقانلىرى رازىخاننىڭ مىجەزىدىكى ئۆزگىرىشكە قاراپ خۇشال بولۇشتى. ئۇلار: "پەدەرىمىز ھەمدۇل پالۋاننىڭ پەخرى ئوغلى قادىر ئاخۇندىن بولغان يەنە بىر پەرزەند كۆرىدىغان بولۇپتۇق، ئوغۇل تۇغسا ئىسمىنى ۋەسىيىتىدە ئېيتقىنىدەك غالىب قادىر قويۇمىز، قىز تۇغسا تەلەيخان قادىر بولىدۇ" دېيىشتى. ھوشۇر قارى بولسا باغبېشى مەھەللىسىدىكى تۇغقانلىرىنىڭكىگە ئاپىرىپ قويغان

سەككىز ياشلىق ئوغلى رازاق ھوشۇر بىلەن قىسقا بىر مەزگىل تۇرغاندىن
كېيىن قاراشەھەر ۋىلايىتىدىكى بىر تۇغقىنىنىڭ: ”ئايالىڭ قازا قىپتۇ، دەپ
ئاڭلىدۇق. ساڭا بىر لايىق تېپىپ قويدۇق، تېز كەلگىن“ دەپ ئېيتىپ
بېرىشى بويىچە ئالدىراپ-تېنەپ، قاراشەھەرنىڭ قارىبۇلاق يېزىسىغا كەتتى.
رازىخان ھېچقاچان قېيناتىسىنىڭ ئۆزىگە مۇتلەق مەلۇم بولمىغان
قاتىللى لاۋگودىن پەرزەنت كۆرۈشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى.
بولار ئىش بولدى. بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە مۇنداق ئەنزىلەرنى سوراشقا
كىمنىڭ ئالدىغا بېرىش كېرەك؟ رازىخان ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىمۇ ئويلى-
دى، لېكىن تەنھا ئوغلى باتۇر قادىرغا تارتىشىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى
ئۆلتۈرۈۋالغان تەقدىردە قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ ۋارىسى — يالغۇز ئوغۇل
باتۇر قادىرنى كىم باقىدۇ؟ ئۇنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى قانداق بولىدۇ؟
ئېرى قادىر ھەمۇللايېۋنىڭ تۇغقانلىرى نېمىمۇ دەپ قالار؟ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈ-
ۋالغان تەقدىردە ئۆلۈكىنىڭ كەينىدىن يەتتە كۈنگىچە غەيۋەتتى تۈگىمەيدى-
غان بەزى كىشىلەرنىڭ ئېرىنى ھەپسىگە تۇتۇپ بېرىپ، سېزىلىپ قالغان-
دىن كېيىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ، دېمەيدىغانلىقىغا كىم كاپالەت بېرىدۇ؟
ئويلا-ئويلا، رازىخاننىڭ كاللىسى راسا قاتتى، ئۇ ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم
ئىگە-چاقىسىز، ئەرسىز، تۇل قېلىشنىڭ نەقەدەر زور ئازاب-ئوقۇبەت ئېلىپ
كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ھەر قېتىم ئوغلى باتۇر قادىر بىلەن
بىللە تالاغا قارىغاندا يولدىشى قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ گويا ئۆيگە پات-پې-
قىندا قايتىپ كېلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ھەر كېچە كۆرگەن بىر تالاي
چۈشلىرىدە ئېرى قادىر ھەمدۇللايېۋ كۈلۈمسىرەپ كۆز ئالدىدا نامايان
بولاتتى. رازىخان ئويلا-ئويلا ئاخىرى ئۆلۈۋېلىشتىن يالتىيىپ قالدى.
شۇنداق قىلىپ، يىل ئۆرۈلگەندىن كېيىن ئاي، كۈنى توشۇپ
رازىخاننىڭ كۆزى يورۇدى، رازىخان ئۆمرىدە لاۋگودىن ھېچقاچان مۇنداق
بىر چىرايلىق قىز كۆرمەمەن، دەپ خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى، رازىخان-
دىن باشقا ھېچكىم بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋالنى بىلمىگەچكە، تۇغقانلىرى بۇ
ئوماق بوۋاققا قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ بۇرۇنقى ۋەسىيىتى بويىچە ”تەلەي-
خان“ دەپ ئىسىم قويۇشتى ۋە قوللىرىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشۈپ: ”تەلەيخان

كەلگۈسىدە بىزگە قارىغاندا ناھايىتى تەلەيلىك، تەلىيى ئوڭدىن كېلىدىغان چىرايلىق قىز بولىدۇ“ دېيىشتى.

× × ×

لاۋگو ئۆگۈنلۈكى ئەتىگەندە كەلگىنىدە رازىخاننىڭ ئۆيى پۈتۈنلەي قۇرۇقدىلىپ قالغان ئىدى. قوشنىلار ئۇلارنىڭ توساتتىن تېز كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىشتى. لېكىن نەگە كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. لاۋگو رازىخاننى قەيەردىن ئىزدەپ تېپىشنى بىلەلمەي، خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئاۋارە بولۇپ يۈردى. ئەگەر ئۇ تۇتۇلۇپ قالغىنىدا خوتۇن بولمايمەن، دېسە، لاۋگو ئۇنى بىر ئامال قىلىپ، قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايتتى. چۈنكى ئۇ يامان ئىشلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىغا مۇناسىۋىتى بولغان ھەرقانداق يوچۇقنى ئېتىشكە، زامان ئۆزگىرىپ قالسا مەۋقەسىنى يۆتكەپ ئۆزگەرتىشكە ماھىر ئىدى.

ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتۈپ، شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كېتىدىغان چېغىدا لاۋگو بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈكنى ئۇنىڭغا ”كېيىن ساڭا ئەسقېتىپ قالار“ دەپ يوللۇق تۇتماقچى بولدىيۇ، بۇ پۇرسەتكە ئېرىشەلمىدى. بۇنى ئاڭلاپ ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئۇ ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆرۈپ باقاي، دەپ ئېلىپ: ”كېتىدىغان ئادەمگە بەرگىچە ماڭا ئوخشاش يېنىڭىزدا ئەسقاتىدىغان ئادەمگە بەرگىنىڭ ياخشى“ دەپ كۈلۈمسىرىدى ۋە سوزۇق بېشىنى لىڭشىتىپ: ”يېقىن كىشىلەر قىممەتلىك نەرسىنى تەقدىم قىلىشىدۇ“ دەپ ئۇ ئالتۇن ئۈزۈكنى كاستۇمىنىڭ ئىچكى يانچۇقىغا سېلىۋالدى. خېلى بىرمەزگىل ئۆتتى. بىر كۈنى ئۇ ئۈزۈكنى يۆتكەپ چامادانغا سېلىپ قويۇشقا تەمشەلگەن ئىدى، ئوغلى كۆرۈپ قېلىپ جېدەل قىلىپ قاتتىق تۇرۇۋالغانلىقتىن ئۈزۈك ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ قولىدىن ئوغلى ئالېكسېينىڭ قولىغا ئۆتۈپ ئايلىنىپ ئاخىرى تەلەيخانغا تەقدىم قىلىنىدى...

رازىخان تاڭ ئاتقىچە بېشىدىن ئۆتكەن ئاشۇ ئالتۇن ئۈزۈككە باغلىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى تولۇق داۋاملاشتۇرالماي ئورنىدىن تۇرۇشقا تاراققىدە ئىشىك ئېچىلىپ ئوغلى باتۇر قادىر ئالدىراپ كىرىپ كەلدى.

— ئاپا، كۆپ جاپا تارتىپسىلەر، سىلەرنى ئالغىلى كەلدىم. يىغىدىن

يۆتكىلىپ كەلگەن شىركەت پارتكوم سېكرېتارى لاۋشۈي سېنىڭمۇ، سىڭ-لىمىنىڭمۇ باسما زاۋۇتتا ئىشلىشىگە ماقۇل بولدى. ئايالىم ئەمدى سىلەرگە ھەرگىز خاپىلىق تېرىپ بەرمەيدۇ. يۇرۇڭلار، چوڭ ئۆيگە كېتەيلى،—دېدى خىجىلچىلىقتا يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ.

رازىخان ئوغلىغا مەمنۇنلۇقىنى بىلدۈرۈپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇ ئېغىر دەرىجىدە ئۇيقۇسىراپ يۇمۇلاي دەپ قالغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، قىزىنى ئويغىتىشقا تەمشەلگەن ئىدى، تەلەيخان ئويغىنىپ كەتتى ۋە ئاپىسى بىلەن ئۆزىنىڭ باسما زاۋۇتتا ئىشلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ يەرگە چۈشۈپ خۇشاللىقىدا تاقلاپ بېرىپ ئاكىسىغا ئېسىلدى.

—ئاكا، بەك ياخشى بوپتۇ، ئەمدى زاۋۇتتىن ھەرگىز ئايرىلمايمىز!

رازىخان ئوغلى باتۇرقادىرنى تۆرگە باشلاپ بولۇپ، قىزىغا تاماق ئېتىشنى بۇيرۇدى. تەلەيخان ئاپىسى بىلەن ئۆزى تۇتقان غېرىبانە ئۆيدە ئاخىرقى قېتىم ئۆزى ئەتكەن گۈرۈچ تامىقىنى ئاپىسى ۋە ئاكىسى بىلەن بىرگە يەپ بولغاندىن كېيىن باتۇرقادىرنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كېتىشكە ئالدىرىدى.

ئۇلار شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن باتۇر قادىرنىڭ ئۆيىدە قايتا جەم بولۇپ بىرمەزگىل خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى.

# ئالتىنچى باب

# ھەقىقەتنى كۆمۈلگەن ئادەملەر

ئالدامچىلار ھەمىشە ئازراق بولسىمۇ ساپ دىل بولۇپ كۆرۈنۈشكە ئىنتىلىدۇ.[1]

— ن. شامفور

گۇناھسىز ئادەم سۆزگە باتۇر كېلىدۇ.[2] — سەئدى

شىركەت پارتكومىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئانچە چوڭ بولمىغان يىغىن زالىدا ئېچىلدى. قاتار تۆت ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلار ئىچىدە شىركەتكە تەۋە رېمونت زاۋۇتى ۋە باسما زاۋۇتى، ئالتە كالون پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارلىرى، ئىشخانا مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە پارتكوم ھەيئەت ئەزاسى باتۇر قادىر، ئۇنىڭ بوش ئورنىغا ئۆتكەن يىلى كۈزدە يۆتكەپ كېلىنگەن سابىق فۇلىيەنجاڭ گاۋكېجاڭ قاتارلىق ئاساسلىق كىشىلەر بار ئىدى. رازاق ھوشۇر تەرجىمان ۋە كاتىپ بولغانلىقتىن سېكرېتار لاۋشۈينىڭ يېنىدا خاتىرە يېزىۋاتاتتى، بۈگۈنكى يىغىننىڭ كۈن-

① ② ۋ. ۋورونتسوۋ "تەپەككۇر گۈلشەنى"، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988-يىل نەشرى، 467-، 496-بەتلەر.

تەرتىپى شىركەتكە قاراشلىق باسما زاۋۇت، رېمونت زاۋۇتى ۋە ئالتە كالونىنىڭ پارتىيە ياچېيكىلىرى ئەزالىرى ئومۇمىي يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ كاندىدات پارتىيە ئەزالىقىغا ماقۇللىغان سەككىز نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىنى ئايرىم-ئايرىم هالدا قاراپ چىقىش ئىدى. سېكرېتار لاۋشۇي ئالدى بىلەن قىسقا سۆز قىلدى. ئاندىن هەرقايسى ياچېيكا سېكرېتارلىرى ئۆز تارمىقىدىكى ياچېيكا ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان پارتىيىگە كىرىش ئۈچۈن تولدۇرغان قېتىم ئىلتىماس يازغان ئاكتىپلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى ئەستايىدىل ئوقۇشقا باشلىدى. مۇزاكىرە بىر يېرىم سائەت داۋام قىلدى. هەرقايسى ياچېيكىلار تەييارلىغان نامزاتلارنىڭ ئانكېت ماتېرىياللىرى بىرمۇبىر ئوقۇلۇپلا قالماي يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغىمۇ تارقىتىلدى. يىغىنغا قاتناشقانلار تارقىتىلغان ماتېرىياللارنى ئۆزلىرىمۇ بىرقۇر ئوقۇپ چىقتى. سەككىز نامزاتنىڭ ماتېرىياللىرى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قولدىن قولغا ئۆتۈپ تۇردى. كېڭەيتىلگەن يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ دىققەت نەزىرى تەبىئىي هالدا تولاراق لاۋگونىڭ ماتېرىيالىغا مەركەزلەشتى. پارتكومنىڭ بىر هەيئەت ئەزاسى لاۋگونىڭ ئانكېتىدىكى "تونۇشتۇرغۇچىلارنىڭ پىكرى" دېگەن چوڭ كاتەكچىگە گاۋكېجاڭ بىلەن باتۇر قادىرنىڭ تونۇشتۇرغۇچى سۈپىتىدە يازغان مەدھىيە سۆزلىرىنى ئوقۇپ بولۇپ، قوشۇلغانلىق پىكرىنى قىسقىلا بايان قىلدى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئىپادە بىلدۈرۈشكە سۇسلۇق قىلىپ ئۈنچىقماي بىرىم مىنۇت جىمجىتلىق پەيدا قىلسا ئاڭلىغۇچىغا بىرىم كۈندەك تۇيۇلدۇ. گاۋ كېجاڭ ئىدارە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى ۋە ئاساسلىق تونۇشتۇرغۇچى بولغانلىقتىن يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ ئىپادە بىلدۈرۈشكە سۇسلۇق قىلىپ، ئۈنچىقمايۋاتقانلىقىغا ئىچى تىت-تىت بولۇپ، لاۋگو تولدۇرغان پارتىيىگە كىرىش ئانكېتىدىكى مەزمۇنلارغا ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ئىزاهات بەردى.

—يولداش لاۋگونىڭ تارىخى ياخشى. 30-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان. ئاغرىق سەۋەبلىك يەرلىككە ئالمىشىپ شىنجاڭغا چىققاندىن كېيىن پارتىيىلىك كادىرلارغا تۇرالغۇ ئۆي-جاي هەل قىلىپ بەرگەن. يەنئەندىن كەلگەن كادىرلارغا ھېسداشلى-

قى چوڭقۇر بولغان. ئۇنىڭ 8-ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش باشقارمىسى بىلەن قويۇق ئالاقىسى بولغانلىقى ئۇچۇن ئازادلىق ھارپىسىدا ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يۇرگەندە بالا-چاقىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. ئازادلىقتىن كېيىن يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان. باتۇر قادىرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا جەنۇبىي شىنجاڭدا، مەسىلەن، قاراشەھەردىكى ”قىزىلبايراق“ گوڭشېسىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا قاتنىشىپ، يۇقىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن. ئۇ-تۇقلىرىنى سۆزلەپ كەلسەك، تۈگمەيدۇ. ئۇنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنمۇ، كېيىنمۇ نۇرغۇن قېتىم پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسى يېزىپ كەلگەنلىكى مەلۇم. شۇڭا ياچىيكىمىز ئومۇمىي يىغىنىدا ئاۋازغا قويۇۋىدۇق، بىرەيلەنلا قارشى ئاۋاز بەرگەندىن باشقا، ھەممىسى قوشۇلدى،—گاۋ كېجاڭ بىرەيلەندىلا قارشى ئاۋاز بەردى، دېگىنىدە سىڭايان كۆز قىرىدا مەنىستىمىگەندەك قىلىپ، رازاق ھوشۇرغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئۆز يېنىدىكىلىرى بىلەن پىچىرلىشىپ، ئۇ ياكى بۇ كۆز قاراشلىرىنى ئالماشتۇرۇشقا باشلىدى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرىدا لاۋگونى پارتىيىگە قوبۇل قىلىش ياكى قوبۇل قىلماسلىق مەسىلىسىدە قوشۇلۇش، قوشۇلماسلىق، ئىككىلىنىش، گۇمانلىنىش ئالامەتلىرى ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. لېكىن توغرىدىن توغرا ئۇچۇق پىكىر قىلىپ، پوزىتسىيە بىلدۈرۈش كېچىكمەكتە ئىدى.

—مېنىڭ پىكرىم بار،—دېدى رازاق ھوشۇر قەلىمىنى كەڭ ئېچىلغان چوڭ خاتىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سۇرۇپ قويۇپ كۆپچىلىككە قاراپ، —يولداش لاۋگونىڭ تارىخى ئېنىق ئەمەس، گۇۋاھچىلىرى ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن. گۇۋاھچى بولىدىغان بىرەرمۇ تىرىك ئادەم يوق. تەكشۇرۇپ ئېنىقلانغاندىن كېيىن ئويلاشساقمۇ كېچىككەن بولمايمىز. قارشى پىكرىمنى ياچېيكا ئومۇمىي يىغىنىدا دەپ بولغان بولساممۇ زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاچقا، قوشۇلمايدىغانلىق پىكرىمنى قايتا دەپ قويماقچىمەن.

—يولداش لاۋگونىڭ تارىخى ”4نى ئېنىقلاش“ ھەرىكىتىدە تىلغا

ئېلىنمىغان. ئەمەلىيەتتە بۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنگە باراۋەر. پارتىيىگە ئېتىد-
قادى يۇقىرى، ئەللىك ئالتە ياشقا كىرگەن، پارتىيىگە كىرىشكە شۇنچىۋالا
كۆپ ئىلتىماس يازغان بىر ياخشى ئادەمنىڭ تارىخىنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە
ئېنىقلاش بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك ئەمەسمۇ؟ پارتىيىمىز تارىخىدا نەچچە
ئون مىليونلىغان ئەزانى قوبۇل قىلىشتا تارىخىنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە
ئېنىقلاش ئۆتكىلىدىن ئۆتكۈزگەنمىدۇ؟ مېنىڭچە، ياچېيكا ئومۇمىي يىغىنى
ماقۇللىغان قارارنى يولداش لاۋگونىڭ ئانكىتتا تولدۇرغىنى بويىچە ھازىرقى
ئەمەلىي ئىپادىسىگە قاراپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئويلاشساق، دەيمەن،
—دېدى گاۋكېجاڭ سېكرېتار لاۋشۈيگە قاراپ ۋە باتۇر قادىرغا ”سەنمۇ
بىرنېمە دېمەمسەن؟“ دېگەندەك ھومىيىپ قارىدى. باتۇر قادىر چېچىنى
ئوڭ قولىدا چىڭ قامالاپ، سوۋۇپ قالغان ئىستاكاندىكى چېيىغا قاراپ
نېمە دېسەم بولار، دەپ ئويلاناتتا ئىدى. ئومۇ تونۇشتۇرغۇچى بولغانلىق-
تىن بىرنېمە دېيىشكە توغرا كېلەتتى، لېكىن پىكىر قىلىشقا پېتىنالمىدى.
يىغىن قاتناشقۇچىلىرى باتۇر قادىرنىڭ لاۋگونى ماختىشىدىن ئەجەبلەنگىلى
بولمايدۇ، مۇبادا لاۋگو تەلەيخاننى زاۋۇتقا ئورۇنلاشتۇرمىغان بولسا، رازى-
خاننى تۇپلەش سېخىغا ۋاقىتلىق ئىشقا ئالمىغان بولسا ھەرگىزمۇ مۇنداق
ماختىمىغان، پارتىيىگە تونۇشتۇرمىغان بولاتتى، دەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ
گەپ قىلالمىدى. لېكىن باتۇر قادىرمۇ تونۇشتۇرغۇچى بولغانلىقتىن، لاۋگو-
نىڭ پارتىيىگە كىرىشكە ئۇنىڭ قارشى ئاۋاز بېرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى
بولمايتتى. باشما زاۋۇت بىلەن رېمونت زاۋۇتى ۋە ھەرقايسى كالونلاردىن
كەلگەن ياچېيكا سېكرېتارلىرى ئەھۋالنى تولۇق ئۇقمىغانلىقتىن لاۋگونىڭ
پارتىيىگە كىرىش شەرتىنى ھازىرلىغان ياكى ھازىرلىمىغانلىقى ھەققىدە
ئوخشاش بولمىغان قاراشلىرىنى بىلدۈرۈشكە باشلىدى. كۆپىنچىسى پارتكوم
سېكرېتارى لاۋشۈينىڭ بىرنېمە دېيىشىنى كۈتۈپ، لاۋگونىڭ تارىخىنى
ئېنىق ئەمەستەك تۇرىدۇ، دەپ رازاق ھوشۇرنىڭ ”كېيىن ئويلانساقمۇ
كېچىككەن بولمايمىز“ دېگەن پىكرىگە يان باستى. قولىدىكى بىر تۇتام
ماتېرىيالنى دەستەك قىلىپ ۋاراقلاۋاتقان گاۋ كېجاڭ رازاق ھوشۇرنىڭ
قارشى ئاۋاز بېرىشى بىلەن يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ رايىنىڭ ئۆزگىرىۋات-

قانلىقىنى كۆرۈپ، چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى ۋە باتۇر قادىرغا ھومايغىنىچە داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. ھەممىسى ئۇستەل قىرىغا يۆلىنىپ، پارتكوم سېكرېتارى لاۋشۈي قانداق ئىپادە بىلدۈرىدىكىن، دەپ ئۇيچان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكمەكتە ئىدى. ئاخىرى سېكرېتار لاۋشۈي سۆز قىلدى.

—يولداش لاۋگونى كېيىن ئويلانساق، دېگەن پىكىرگە مەنمۇ قوشۇلمەن پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشتا شەرتنى قاتتىق ئىگەللەش لازىم. ئەزا بولغۇچىلارنىڭ تارىخى ئېنىق بولۇشى شەرت. لاۋگونىڭ ماتېرىيالىدا بىرقانچە گۇمانلىق نۇقتىلار باردەك قىلىدۇ. تەكشۈرۈش جەريانىدا يالغان تارىخ ياساپ، پارتىيىگە سەممىيەتسىزلىك قىلغان تەرىپى بولسا قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ.

پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ھەرقايسى ياچېيكىلار كۆرسەتكەن يەتتە نەپەر نامزاتنى كاندىدات پارتىيە ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىپ، لاۋگونى كېيىن ئويلانساق، دېگەن يەكۈن چىقارغاندىن كېيىن ئاياغلاشتى. گاۋ كېجاڭ ئۇستەلگە يېيىپ قويغان ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ، كۆل رەڭ سومكىسىغا ئاستا سېلىۋېتىپ، سېكرېتار لاۋشۈيگە بىرەر گېپى بار ئەلپازدا قاراپ قىڭغىيىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ روھىي چۈشكۈن ئىدى، ئۇ رازاق ھوشۇرنىڭ يىغىندا قىلغان سۆزى ئابرۇيۇمنى يەرگە ئۇردى، دەپ بىلدى. ئۇ رازاق ھوشۇرنىڭ لاۋشۈي بىلەن بىرگە قەدەم تاشلاپ، پارتكوم ئىشخانىسىغا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چىرايىنى تۈرگەن ھالدا قوغداش بۆلۈمى ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

لاۋشۈي ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالماشقىنىغا تۆت يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، سېرىق ھەربىي كىيىملىرىنى كىشىلەر سۆيۈپتى يۇقىرى قىممەت باھالىق سارجا كىيىملىرىنى كىيمەي ئاياپ ساقلىغىنىدەك ئەتىۋارلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ پارتكوم يىغىنى ئاچقىنىدا ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلار چاقىرغان يىغىنلارغا بارغان چاغلىرىدا ھەربىي ئۇنىۋان بەلگىلىرىنىڭ ئورنى ئېنىق چىقىپ تۇرىدىغان سېرىق ئىشتان، چاپىنىنى كىيىشنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ پارتكوم يىغىنىغا رېگى ئۆڭۈپ

كەتكەن، لېكىن ھېچقانداق يېرىگە ياماق چۈشمىگەن ھەربىي ئىشتان-چاپىنىنى كىيىپ قاتناشتى. شەپكىسىدىكى ”1-ئاۋغۇست“ خېتى چۈشۈرۈلگەن كاكار ئىزى يېغىنغا قاتناشقانلارغا ئۇنىڭ بۇرۇن ھەربىي سەپتە تۇرغانلىقىنى دەررۇ ھېس قىلدۇراتتى.

لاۋشۈي ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالماشقاندىن كېيىن بىرقانچە قېتىم يۆتكەلدى، بۇ قېتىمقى قاتناش شىركىتىگە يۆتكىلىشىنى ئاخىرقى قېتىم دېيىشكە بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ شىركەتتە ئۇزۇنراق خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇرۇن ئالتاي ۋىلايىتىدە بىر قىسىمدا بىللە ئىشلىگەن گاۋ فۇليەنجاڭنى سانائەت-قاتناش سىستېمىسىدىن يۆتكەپ كەلدى. بۇرۇن ھەربىي قىسىمدا بىللە ئىشلىگەن گاۋ فۇليەنجاڭ بىلەن پەيجاڭ باتۇر قادىر يېنىمدا بولسا ھەرقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالايمەن، دەپ ئىشىنەتتى. لاۋشۈي بۈگۈنكى پارتكوم يېغىنىدا گاۋ كېجاڭنىڭ لاۋگونى بىر تەرەپلىمە ھالدا كۆپتۈرۈپ، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش مەسىلىسىدە ئۆزىگە بېسىم پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىدىن ئارامسىزلاندى.

—يولداش رازاق، سىز باتۇر قادىرغا خېلى يېقىن، ئاڭلىسام لاۋگومۇ باتۇر قادىرنىڭ ئۆيىگە بارىدىكەن، ئەھۋال ئىگەللەپ باقسىڭىز، گاۋ شىمىن، باتۇر قادىرلار بىلەن تەپسىلىي سۆزلىشىپ كۆرۈڭ. ئۇلار پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى، ئاچچىقلىنىپ قېيداپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بىرگە ياخشى ئىشلەيلى،—دېدى لاۋشۈي ماتېرىياللىرىنى ئۈستىگە قويۇۋېتىپ.

—بولىدۇ. مەن چوقۇم ئېنىقلاپ پارتكومغا دوكلات قىلىمەن. خاتىرجەم بولۇڭ، لاۋشۈي،—دېدى رازاق ھوشۇر ئۆزىگە بىلدۈرۈلگەن ئىشەنچكە جاۋابەن روھلۇق ھالدا. ئۇ لاۋشۈينىڭ ھەر كۈنى كەچتە ئۆيىگە قايتماي ماتېرىيال كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ھەرقايسى كالونلارنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرى بىلەن ستاتىستىكا جەدۋەللىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، كېيىنكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش تەدبىرلىرى ھەققىدە ھارغىنىغا قارىماي بېرىلىپ باش قاتۇرىدىغانلىقىنى بىللەتتى. ئۇ لاۋشۈينى گەپكە تۇتماي ئۇدۇل باتۇر قادىرنىڭ ئۆيىگە كەتتى.

ھاۋا رايى تېز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان تاغلىق شەھەرنىڭ سۈزۈك
ئاسمىنىدا سىم-سىم يامغۇر ياغىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ قارلىغاچلار
تەرەپ-تەرەپكە ئۇچۇشقا باشلىدى. شەرق شىمال تەرىپتىن ھاۋا چاقىدەك
دۈگلەك-دۈگلەك قارا بۇلۇتلار شەھەر ئۈستىگە ئاستا-ئاستا سۈرۈلمەكتە
ئىدى. ئىشتىن چۈشۈشكە بىر يېرىم سائەتچە ۋاقىت بار ئىدى. گاۋ كېجاڭ
پارتكوم يىغىنىدىن چىقىپ قوغداش بۆلۈمىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ يىغىنغا
ئېلىپ كىرگەن كۈلرەڭ سومكىسىنى سېرىق ئۈستەل ئۈستىدىكى بىر دۆۋە
گېزىت، كۆرۈشكە تېخى ئۈلگۈرەلمىگەن ماتېرىيال ۋە ئاغزى ئوچۇق چوڭ
لىپاپىلار ئۈستىگە ئاتتى-دە، ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، قايتا-قايتا ئۈچ-تۆت
قېتىم تاماكا چېكىپ بولدى. ئۇنىڭ ئىدىيىۋى كېسىلى ئېغىر ئىدى.
شىركەتكە ئەڭ بولمىغاندا مۇئاۋىن باشلىق ياكى پارتكومنىڭ مۇئاۋىن
سېكرېتارى بولۇپ قالارمەن، دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قوغداش
بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولالىدى. ماڭا يۇقىرىراق خىزمەت بەرسۇن دەپ
يۇقىرىغا دەۋا قىلىشقا بولمايتتى. گېزىت-ژۇرنال سەھىپىلىرىدىن جۇ ئېنلەي
زۇڭلىنىڭ ”كادىرلار يۇقىرىغىمۇ چىقالايدىغان، تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان
بولۇش لازىم“ دېگەن چاقىرىق-يوليورۇقلىرىنى كۆرۈپ، يۇقىرىدىن تېخى-
مۇ چوڭراق ئەمەل تەلەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئۇ يۈزى ئەتلىك، سېمىز-
رەك بولسىمۇ، بويى ئېگىزرەك بولغاچقا، كىشىلەرگە ئورۇقلاپ قالغاندەك
كۆرۈنەتتى. ئۇ ”ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالماشمىغان بولسام ئاللىقاچان
تۇەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلىققا ئۆستۈرۈلۈپ كېتەتتىم“ دەپ ئوي-
لايتتى. بۇرۇن ئالتاي ۋىلايىتىدە فۇلىيەنجاڭ چېغىدا پەيجاڭ بولۇپ ئىشلى-
گەن باتۇر قادىرنىڭ شىركەتكە ئىشخانا مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ، باتۇر
قادىرنىڭ ئورنىغا قوغداش بۆلۈم باشلىقى بولۇپ قالغانلىقى ئىدىيىسىدىن
زادىلا ئۆتمىدى. ئۆزىنى بىر ئوبدان قوللاپ كېلىۋاتقان مەمۇرىي ئىشلەپ-
چىقىرىش بۆلۈم باشلىقى لاۋگونى ئىشەنچلىكرەك بولسۇن دەپ باتۇر قادىر
بىلەن مەسلىھەتلىشىپ پارتىيىگە تونۇشتۇرۇۋىدى، پارتكوم يىغىنىنىڭ مۇزا-
كىرىسىدىن ئۆتمىدى. ”ئەمەلىيەتتە مېنىڭ گېپىم ئۆتمىدى دېگەن گەپ“
دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە. ئۇ يانچۇقىدىن يەنە بىر تال تاماكا ئالدى-دە،

مېيى تۈگەپ قالاي دېگەن كونا چاقمىقنى ياندۇرۇپ تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇردى ۋە ئىشخانىسىنى قۇلۇپلاپ سىرتقا چىقتى. پارتكوم يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە ئەھۋالى پارتىيە مەخپىيەتلىكى دائىرىسىگە كىرىدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى. پارتىيە سىرتىغا يەتكۈزگىلى بولمايدىغان جىق گەپ-سۆزلەر بار ئىدى. لاۋشۈي بىلەن رازاق ھوشۇردىن، ھەتتا لاۋگونى ئۆزى بىلەن بىرگە پارتىيىگە تونۇشتۇرغان باتۇر قادىردىن قاتتىق رەنجىگەن گاۋ كېچالىڭ بۇگۈنكى پارتكوم يىغىنىدا بولۇنغان گەپ-سۆزلەرنى يەتكۈزۈش ۋە سىردىشىش ئۈچۈن ئالدىراپ لاۋگونىڭ ئۆيىگە كەتتى.

قاتناش شىركىتىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى شىركەتنىڭ كەينىدە ئىدى. بۇ قورۇنىڭ بىر چېتىدە قۇرۇلۇشى توختاپ قالغان بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ سۇۋالمىغان بىتون تۈۋرۈكلىرى مۇناردەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

لاۋشۈي شىركەتكە يۆتكىلىپ كەلگەن يىلى باتۇر قادىر بىلەن ئاپىسى رازىخان ۋە سىڭلىسى تەلەيخاننىڭ ئۇنىمغىنىغا قارىماستىن ئىنچىكە ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ، تولاراق باتۇر قادىرنى تەنقىدلەپ، ئۇلارنى قايتىدىن جەم قىلدى. ئۇلارنى شىركەت ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىكى قەشقەر شەھرىگە يۆتكىلىپ كەتكەن بىر كادىرنىڭ چوڭ-كىچىك تۆت ئېغىزلىق ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇردى. بۇ تۆت ئېغىزلىق ئۆينىڭ ھويلىسىدا ئۆزلىرى سېلىۋالغان يەنە بىر ئۆيمۇ بولۇپ، بۇ ئۆيدە رازىخان بىلەن تەلەيخان تۇراتتى.

رازىخان باسما زاۋۇتتىن بالدۇر قايتىپ كېلىپ كەچلىك تاماق تەييارلىدى. كېلىنى ھاشىخان بىلەن نەۋرىسى غالىبجان كەچلىك تامىقنى يەپ بولۇپ ئاشلىق ئىدارىسىگە كەتتى. كۆپ ئۆتمەي گويا مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا دەسلەپ شوپۇر لاۋلىيۇ، ئاندىن رازاق ھوشۇر كىرىپ كەلدى.

باتۇر قادىر ئايالى ھاشىخاننىڭ بىرنېمە دېيىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ھەر ئىككىسىنى ئاپىسى رازىخاننىڭ ئۆيىگە باشلىدى، شوپۇر لاۋلىيۇ بۇ ئائىلىگە ناھايىتى ئاز كېلىدىغان بولۇپ قالدى. كەلسىمۇ تولاراق رازىخاننى ئىزدەپ-سوراپ كېلەتتى. لاۋلىيۇ قارامايدىن شەھەردىن يىقىندا كەلگەنلىكىنى، ئەتە خىمىيۋى ئوغۇت بېسىپ خوتەن ۋىلايىتىگە ماڭىدىغانلىقىنى ئېيتىپ

تۇرغىنىدا ئىككى قاناتلىق ھويلا ئىشىكىنى بىراۋنىڭ ئاستا تاقىلداتقانلىقىنى ئاڭلىدى. باتۇر قادىر ھويلىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋىدى ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەن رازاق ھوشۇرنىڭ تارتىنىپ تۇرغان چىرايىنى كۆردى.

—سەن بىلەن بىرئاز پاراڭلىشاي، دەپ كېلىشىم.

باتۇر قادىر ئۆزىگە نىسبەتەن بۇرۇنمۇ، ھازىرمۇ سەممىي دوستانىلىق سېزىمىنى ئىپادىلەپ كېلىۋاتقان قوي كۆزلۈك، قويۇق قارا قاشلىق، ئۆزىنى خېلى توختاتقان، غورۇرى يوشۇرۇن، ئۆزى بىلەن تەڭ قۇرداش 36 ياشلىق رازاق ھوشۇر بىلەن كۆرۈشتى.

—قېنى، ئۆيگە كىرگىن،—دېدى باتۇر قادىر بىرئاز خۇشياقمىغان ھالدا، لېكىن ئاغزىدىن ”قېنى، ئۆيگە كىرگىن“ دېگەن سۆزىنىڭ قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى. ئايالى ھاشىخاننىڭ ئۇنى يامان كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئايشەمخاننىڭ تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ھاشىخان ھەر قېتىم ئېسىگە كەلتۈرگىنىدە ”رازاق سىڭلىمنى دوختۇرخانىغا ۋاقتىدا ئېلىپ بارماي، تۇغۇتتا ئۆلتۈرۈپ قويدى“، ”ئۇ سېنىڭ قاداقمۇ دوستۇڭ بولىدۇ؟“ دەپ باتۇر قادىرغا تاپا-تەنە قىلىپ كەلمەكتە ئىدى.

رازاق ھوشۇر: ”سىرتتا پاراڭلىشىۋەرمەيمىزمۇ“ دېمەكچى بولدىيۇ، باتۇر قادىرنىڭ ”قېنى، ئۆيگە كىرگىن“ دەپ تەكلىپ قىلغىنىغا قاراپ، رازىخان ئاچام بىلەن تەلەيخاننىڭمۇ ماڭا كۆز قارىشى خېلى ياخشى، باتۇر قادىرنىڭ ئايالىنىڭمۇ ماڭا كۆز قارىشى ئۆزگىرىپ ياخشى بولۇپ قالدىمۇ نېمە؟ كىرسەم كىرەي، تالادا سۆزلەشكەندىن ئۆيدە سۆزلەشكەن ياخشىراق“ دەپ ئويلاپ ھويلىغا كىرىۋىدى، باتۇر قادىر ئالدىراپ ئاپىسى رازىخاننىڭ ئۆيىگە باشلىدى. رازاق ھوشۇر ئۆيگە كىرىپ ئۆزئارا سۆھبەتلىشىۋاتقان شوپۇر لاۋلىيۇ بىلەن رازىخاننى كۆرۈپ، كىرىپ قالغىنىغا بىرئاز ئوڭايسىزلاندى. ئانچە شوپۇر لاۋلىيۇ بىلەن قىزغىن سۆزلىشىۋاتقان رازىخان كاڭنىڭ قىرىدىن ئالدىراش چۈشۈپ، ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى:

—كەلسىلە، بالام، سىلىنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ تۆرگە ئۆتسىلە.—دېدى رازىخان چىرايىنى ئېچىپ. رازىخان ئەسلىدە رازاقنى ”سىز“ دەپ چاقىراتتى، بۇ قېتىم تەنە قىلىپ تەكلىپىنى سىپايىلەشتۈردى.

—رەھمەت، بولدى، كارىۋاتتا ئولتۇراي، ھە، شوپۇر لاۋلىيۇمۇ بار ئىكەن، مەن دوستۇم باتۇر جۇرىن بىلەن پاراڭلىشىپ كېلەي، دەپ كەلگەن ئىدىم. ھەممىلىرى تىنچ، سالامەت ئىكەنلا،—دېدى رازاق ھوشۇرمۇ تىنچلىق-ئامانلىق سوراپ، ئاندىن ”تەلەيخان يوقمۇ؟“ دەپ سورىماقچى بولۇپ، گېپىنى بىردىنلا ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

—ئوغلۇم بىلەن نېمە توغرىلىق سۆزلەشمەكچى بولۇپ قالدىڭىز؟—دېدى رازىخان قانداقتۇ خاتىرجەمسىزلىنىپ،—ئوغلۇم بىرەر يامان ئىش قىلىپ قويۇپتىمۇ ياكى بىرەرسى تۆھمەت قىلىپ چېقىشتۇردىمۇ-يە؟

—ياق، يولداش لاۋگونىڭ تەرجىمىھالىدىكى بىرقانچە نۇقتىنى ئېنىقلىۋالاي دەپ كەلگەن.

—ئاداش، بۇ گەپلەرنى ئەتە ئىدارىدە سۆزلەشسەك بولاتتى. ئاڭلىشىمچە خەنزۇچە خەت بىلەن تولدۇرۇلغان، مەن گېپىمنى خەنزۇچە سۆزلەپ ئۇقتۇرالىغىنىم بىلەن خېتىنى ئۇقمايمەن. گاۋ كېچاڭنىڭ مەسلىھەتى بويىچە قوشۇلغان،—دېدى باتۇر قادىر، ئۇ ئاپىسىغا لاۋگونىڭ پارتىيىگە كىرىشىگە تونۇشتۇرغۇچى بولغانلىقى توغرىلىق ھېچنېمە دېمىگەن ئىدى.

—سىلەر يولداش لاۋگو توغرىلىق سۆزلىشىۋاتامسىلەر، مەن ئۇنى بىلمەن،—دېدى شوپۇر لاۋلىيۇ قىزىقىپ.

—مەن باسما زاۋۇتقا بېرىپ كېلەي، قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى، تەلەيخان تېخىچە قايتىپ كەلمەيۋاتىدۇ؛—رازىخان پەرىشان ھالەتتە ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇنىڭ تۇتۇلغان چىرايىدا خاتىرجەمسىزلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بايىقى قىزغىن، ئوچۇق چىرايى لاۋگونىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان ھامان تاتىرىپ كەتتى. ئۇلار رازىخاننىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىگىمۇ دىققەت قىلمىدى، لېكىن رازاق ھوشۇر بىرئاز سېزىپ قالدى. ئۆيدە باتۇر قادىر، لاۋلىيۇ، رازاق ھوشۇر—ئۈچەيلەن بايىقى سۆھبەتنى داۋاملاشتۇردى.

—ھە، لاۋلىيۇ ئۇستام، سىز لاۋگونىڭ ”لوگوچياۋ ۋەقەسى“ مەزگىلىدە نەدىلىكىنى بىلەمسىز؟

—مەن مىنگونىڭ 22-يىلى قىشتا گەنسۇ ئۆلكىسىدە ئۇچراتقان،

تۇرپانغا كەلگەندە ئايرىلىپ كېتىشتۇق. ئۇ چاغدا نەدىلىكىنى نەدىن بىلەي، بىرسى شىنجاڭدا قالدى، دېگەندەك قىلغان. كىمنىڭ دېگەنلىكىنى ھازىر ئېسىمگە ئالالمايمەن...

لاۋلىيۇنىڭ گېپىنى قوش قاناتلىق ھويلا ئىشىكىنىڭ تاراقىدە ئېچىلىشى بۆلۈۋەتتى. باتۇر قادىر ئاشلىق ئىدارىسىگە بېرىپ كەچ قايتقان ھاشىخان بىلەن ئوغلىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى.

—بۈگۈنكى يىغىن بەكمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلدى. ھەممىسى ئاشلىق ئۈچۈن كۈرەش، ئاشلىقنى چىڭ تۇتۇش، ئاشلىق-ئاساسنىڭ ئاساسى، تەۋرىنىشكە بولمايدۇ، دەپ سىياسەت سۆزلەش بىلەن ئۆتتى باتۇر، ئۆيدە كىم بار؟ نېمە، گۇدۇڭ-گۇدۇڭ بۇ؟

ھېلىقى بىزگە كۆمۈر ئەكىلىپ بەرگەن لاۋلىيۇ دېگەن شوپۇر كەپتۇكەن، —دېدى باتۇر قادىر، ئۇ گېپىنى ئاخىرلاشتۇرغىچە ھاشىخان تۆت يانچۇقلۇق كۆك چاپىنىنىڭ ئۈن يۇقى پېشىنى قېقىپ بولار-بولمايلا لاۋلىيۇ بىلەن رازاق ھوشۇر گەپلىشىۋاتقان ئۆيگە ئۇسۇپ كىردى. كەينىدىن ئوغلى غالىبجانمۇ ئەگىشىپ كىردى. ھاشىخان شوپۇر لاۋلىيۇغا بىرئاز خۇش چىراي ئاچتىيۇ، ئوڭايسىزلىنىپ كارىۋاتنىڭ يان قىرىدىن قوزغىلىپ ئاستا تۇرۇۋاتقان رازاققا تېزلا ھومىيىپ قارىدى.

—ھە، بۇ يەرگە كېلىپقاپلا، رازاق كادىر؟—دېدى ئۇ رازاققا تەنە ئارىلاش.

—مېنى تېخىچە خاتا چۈشىنىۋاتىسىز ھاشىخان—دېدى رازاق ھوشۇر ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

—بولدىلا خوتۇن، كونا گەپنى قويايلى،—دېدى باتۇر قادىر ئايالىنى چەتكە تارتىپ.

لاۋلىيۇ دائىم دېگۈدەك ماشىنا ھەيدەپ يولدا يۈرگەچكە، بۇ ئائىلە ماجىرالىرىنىڭ مەزمۇنىنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە تولۇق بىلىپ كەتمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ھازىرقى ئەۋج ئېلىپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان زىددىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئوڭايسىز ھالەتتە تۇرغان رازاق ھوشۇرنى ئېلىپ قايتماقچى بولدى.

—بىز قايتايلى، مەن ئەتە خوتەنگە ماڭماقچى ئىدىم. كەچ بولۇپ
قالدى. قىلىدىغان تەييارلىقلىرىمۇ بار. رازاق ھوشۇر ئاخۇنمۇ ئالدىراپ
ماڭغان ئىكەن، باتۇر ئاخۇن بىلەن كۆرۈشۈپ چىقايلى، دەپ مەن باشلاپ
كىرگەن،—شوپۇر لاۋلىيۇ كېيىنكى گېپىنى خەنزۇچە يەنە بىر تەكرارلىدى.
-دە، سىرتقا قاراپ ماڭدى. رازاق ھوشۇر ئاللىقاچان قايتىشقا تەييارلىنىپ
بولغان ئىدى. باتۇر قادىر ئۇلارنى ئۇزىتىپ چىقىپ، بىرئاز گۇدۇڭلاشتى-
دە، تېزلا قايتىپ كىردى. ئۇلار باتۇر قادىرغا: ”بىز بەرىبىر سىرتتىكى
ئادەملەر ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئايالىڭ بىلەن جېدەل قىلىپ يۈرمە
ئادەملەرنىڭ تونۇشىمۇ ئۆزگىرىپ، يۆتكىلىپ يۈرىدىغان نەرسە، كېيىن
چۈشىنىدۇ“ دەپ تەسەللى بەرگەچكە، ھاشىخانىغا ئارتۇقچە گەپ قىلمايلا،
ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ماي ئېيىنىڭ بىرىنچى ھەپتىسىدىن باشلاپ ئەمگەك مۇسابىقىسى
قىزىپ كەتكەن، باسما زاۋۇتىنىڭ تىزىش سېخىدىكى نابۇرچىكلار رەھبەر-
لىكنىڭ دەم ئېلىڭلار، دەپ قاتتىق توسۇشىغا قارىماي، سائەت توشقاندىن
كېيىنمۇ ئادەتتىن تاشقىرى قىزغىنلىق بىلەن ئاكتىپ ئىشلىمەكتە ئىدى.
تەلەيخان بىرقانچە ئايال ۋە بەش-ئالتە قىز-ئوغۇل دوستلىرى بىلەن بىرگە
ھەر كۈنى دېگۈدەك يۇقىرىدىن جىددىي ۋەزىپە دەپ چۈشۈرۈلگەن ماتېرى-
يال ئورىگىناللىرىنى بەس-بەستە تىزماقتا ئىدى.

رازىخان باسما زاۋۇتىنىڭ ئۆزىگە تونۇش بولغان ئارقا ئىشىكنى ئاستا
ئېچىپ كىردى. باسما زاۋۇتىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىسى يۈز ئەللىككە يەت-
مەيدىغان كىچىككىرەك كارخانا بولغانلىقتىن ئائىلىلىكلەر قورۇسىمۇ خام
كېسەك بىلەن سېلىنغان، كونىراپ كەتكەن ئىشخانا ئۆيلىرىمۇ، باسما سېخ،
نابۇر، تۈپلەش سېخلىرىمۇ بىرلا جايدا ئىدى. تۇتاش كەتكەن سېخلاردا
كېچىلىك سىمېناغا چۈشكەن ئىشچىلار ئىش ئورۇنلىرىدىن ئايرىلغان ئىدى.
رازىخان قاراڭغۇدا قىزى ئىشلەۋاتقان نابۇر سېخىنىڭ ئىشىكىنى ئېنىق
كۆردىيۇ، ئالدىراپ كىرىپ ئىشلەۋاتقان قىزى بىلەن دوستلىرىنىڭ ئالدىدا
كۆرۈشۈشنى بىئەپ كۆردى. ئۇ قىزىنىڭ ئىشتىن چۈشۈشىنى ساقلاپ،
ئۆزىنى ئاستا دالدىغا ئالدى. ھەرقايسى سېخلارنىڭ ئىشىكلىرى ئۈستىگە

ئۇرنىتىلغان ئېلېكتر لامپۇچكىلىرى كەچتە يېقىن ئەتراپىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. رازىخان ئۆيگە كىرگەن ئىككى مېھماننى — لاۋلىۇ بىلەن رازاق ھوشۇرنى خۇش چىراي ئېچىپ قىزغىن كۈتۈۋالغان ئىدى، توساتتىن لاۋگو توغرىلىق گەپ چىقىۋىدى، ئىچى تىت-تىت بولۇپ ئۆيدە بىردەممۇ تۇرغۇ-سى كەلمىدى. ئۇ ئەسلى تەلەيخاننى چاقىرىپ كەلمەكچى ئەمەس ئىدى، ئۇ بارمىسىمۇ تەلەيخان ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە بىمالال كېلەلەيتتى. ئوغلى بىلەن ئىككى مېھماننىڭ لاۋگو توغرىسىدا گەپ ئېچىشى ئۇنى قاتتىق بىئارام قىلدى. ئۇ ئىچىدە ئويلىدى: ”لاۋگو ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقانمىش، ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ قىزىل ئارمىيە بىلەن قويۇق ئالاقىسى بولغانمىش، ھازىر گۇگچەنداڭغا كىرگۈدەكمىش، تېخى ئۇنى باشقا بىرسى ئەمەس، ئوغلۇم باتۇر قادىرمۇ تونۇشتۇرغۇچى بوپتۇدەك. ..“ نابور سېخىدا تېخىچە ئىشتىن چۈشمەي ئىشلەۋاتقان قىزى تەلەيخان بىلەن كۆرۈشۈش ئارىلىقىدا رازىخاننىڭ مېڭىسىگە ناھايىتى نۇرغۇن ئويلار كىرىۋالدى: ”قىزىم تەلەيخان، لاۋگو سېنىڭ ئاتاڭ بولىدۇ.“ — رازىخان بۇ گەپنى ئىچىدە دەپ بولۇپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ باسما زاۋۇتنىڭ كونا ياغاچتىن ياسالغان سىم تاناپ تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ قاپقارا ئاسمانغا قارىدى. خىرە يۇلتۇزلار رازىخاننىڭ كۆڭلىدىكى ئەلەملىك ئويلىرىنى بىلىۋالدىمى-كىن، بۇلۇتلار ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ”ياپىرىم، بۇ گەپنى قانداقمۇ دېگىلى بولىدۇ؟ قىزىم نېمىمۇ دەپ قالار، ئوغلۇم باتۇر قادىرمۇ نېمىلەرنى دەپ قالار، كېلىنىم ھاشىخان ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا..ئوغلۇم باتۇر قادىر، سەن پارتىيىگە تونۇشتۇرماقچى بولغان لاۋگو چوڭ داداڭنى، داداڭنى ئۆلتۈرگەن قاتىل!...“ — رازىخان يۈرىكىدىكى سىرتقا چىقىرالمىغان، بىر-راۋغا ئېيتىشقا زادىلا پېتىنالمىغان بۇ بىئەپ گەپ-سۆزلىرىنى ئويلاپ، ئۆزىنى قويىۇدىغان يەر تاپالمايۋاتاتتى. ئۇ قىزى تەلەيخان تۈپەيلى ئۆزىگە ۋە ئوغلى باتۇر قادىرغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىۋاتقان ئۇزۇنتۇرا لاۋگونى، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدىن ساق-سالامەت قايتىپ كېلىپ پۈتۈن ۋۇجۇ-دى بىلەن خاتىرجەم، ئاكتىپ ئىشلەۋاتقان روھى جۇشقۇن تەلەيخاننى ئويلىغانسېرى چىۋىن يەۋالغاندەك غەشلىكتە بەكمۇ ئازابلىناتتى. ”نېمىشقا

بۇرۇن ئۆلۈۋالمىغان بولغىيتتىم؟ يولدىشى ئۆلۈپ كېتىپ بويتاق قالغان ھوشۇر قارى ئەينى ۋاقىتتا، يەنى تەلەيخان قورسىقىمدا چېغىدا ماڭا توي قىلىش تەكلىپى بەرگەن بولسا ماقۇل بولغان بولسام قانداق بولغىيتتى؟ ياق، توي قىلىپ ئالتە ئاي بولار-بولمايلا تۇغۇپ قويسام دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك ھوشۇر قارىغا بۇ كىمنىڭ بالىسى دەپ سوراپ قالسا، مەن قانداق جاۋاب بېرەلەيمەن؟ ھوشۇر قارى بىلەن توي قىلمىغىنىم توغرا. ئەمدىچۇ، ئەمدى بىراۋاغا تەلەيخان لاۋگونىڭ قىزى دەپ قانداق ئېيتالايمەن؟ ئېغىزدىن چىقارغىلى بولمايدىغان بۇ مەخپىيەتلىك مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئاشكارىلىنىشى لازىم. مەن چوقۇم بىگۇناھ قادىرنىڭ، ھەمدۇل پالۋاننىڭ ئىنتىقامىنى لاۋگودىن ئېلىشقا تىرىشىمەن...“ رازىخان لامپۇچكىسى كۆيۈپ كەتكەن ياغاچ تۈۋرۈككە يۆلىنىپ، خىيال سۈرۈۋېرىپ، نابۇر سېخىنىڭ ئىچىدىكى لامپۇچكىلارنىڭ بىر بىرلەپ ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى تۇيمىدى. پەقەت تەلەيخاننىڭ سېخ ئىشىكىنى ئېچىپ سىرتقا چىققانلىقىنى غۇۋا كۆردى ۋە بىرقانچە قىز دوستلىرىغا چوقۇراپ ”ئىشىكنى قۇلۇپلىۋېتىڭلار“ دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى ئاڭلىدى. رازىخان قىزى تەلەيخاننى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىشتىن چۈشكەن نابۇرچىكلارنى ئۈركۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن لامپۇچكىسى كۆيۈپ كەتكەن ياغاچ تۈۋرۈك يېنىدىن قوزغىلىپ ئۇدۇل تەرەپتىكى ئىشخانا تەرەپكە كېتىدىغان تارچۇقنىڭ ئۈستىدىكى يېنىپ تۇرغان لامپۇچكا يورۇتۇۋاتقان ئوچۇقچىلىققا چىقتى. تەلەيخان ”ئاپا!“ دەپ توۋلىغىنىچە رازىخاننىڭ ئالدىغا كەلدى.

—سەندىن ئەنسىرەپ كېلىشىم،—دېدى رازىخان تەلەيخاننى گويا بىر ھەپتە كۆرمىگەندەك تەلمۈرۈپ كۈتۈپ.

—تۈنۈگۈن ئەندىشە قىلىپ كەتمە، دەپ ئېيتقان ئىدىمغۇ؛ قارا مانا، مەن يالغۇز ئەمەس، دوستلىرىم بار. بىللە ئىشلەيمىز. يولداش لاۋگو بىزگە قوشۇمچە زاۋۇت باشلىقى بولدى. ئۇ ئادەم ناھايىتى ياخشى، زاۋۇتتا كەلسىلا مېنىڭ يېنىمدىن كەتمەيدۇ.

رازىخان قىزى ۋە نابۇرچىك دوستلىرى بىلەن بىرگە زاۋۇتنىڭ قوش قاناتلىق ئارقا ئىشىكىدىن چىقىۋېتىپ تەلەيخاننىڭ گەپلىرىنى زەڭ قويۇپ

ئاڭلىدى. ”يەنە شۇ تەلەيخاننىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقىنىمۇ لاۋگوننىڭ گېپى“ —ئۇننىڭ چىرايى يەنە تاتىرىپ كەتتى. ئۇننىڭ چىرايىدىكى تاتىرىشنى قاراڭغۇدا ھېچكىم كۆرمىدى. ئۇ قىزىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ تاشلاپ، باشقا مەزمۇنغا بۇراش مەقسىتىدە بىلىنگە تېگىپ كەتكەن تەلەيخاننىڭ قولىدىكى بىر تۇتام نەرسىنى ”نېمە ئۇ؟“ دەپ سورىۋىدى، تەلەيخان: ”سوپەتسىز بېسىلغان كىتاب مۇقاۋىلىرى، ئۇكام غالىبجانغا ئېلىۋالدىم“ دېدى. رازىخان قىزىنىڭ قولىدىكى يارامسىز مۇقاۋىلارنىڭ قىزىغا بىر بالا تېپىپ بېرىش ئېھتىمالىنى كۆزدە تۇتۇپ دوستلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇننىڭغا ھېچنېمە دېمىدى. ”ئەتە زاۋۇتقا ئاپىرىپ يارامسىز قەغەزلەر دۆۋىسىگە تاشلىۋېتىشنى بۇيرۇيمەن، ئۇنىمىسا ئۆزۈملا زاۋۇتقا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىمەن“ دېدى كۆڭلىدە.

تەلەيخان بىلەن بىرگە كەچتە ئىشلەپ چىققان نابورچىكلار چوڭ كوچىغا چىقىش ئارىلىقىدا ئۆزئارا خوشلىشىپ، ئۆي-ئۆيلىرىگە تارقاپ كېتىشتى. ئۇلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن تەلەيخانمۇ ئۆزىدىن ئەندىشە قىلىپ ئىزدەپ كەلگەن پەرىشان ئاپىسى بىلەن بىرگە ئۆيىگە قايتىشتى.

رازىخاننىڭ كۆڭلى پاراكەندە ئىدى. ئۇ لاۋگوننىڭ شۇنچە يىللاردىن بىرى ئالدامچىلىق قىلىپ ھىيلە-نەيرەڭلەر بىلەن ئۆز ئەھۋالىنى ياخشىلاپ بەخىرامان يۈرگەنلىكىگە تەن ئالماي پارتىيىگە كىرىپ ئۆز ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى پەملىدى. ئۇ: ”رازاق ھوشۇرغا لاۋگو ھەققىدە دېيىشكە بولىدىغان ئەھۋاللارنى دېيىشىم كېرەك“ دەپ ئويلىدى. ئۇ ئەتىسى رازاق ھوشۇرغا ھېچكىم يوق چاغدا لاۋگوننىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۇننىڭ ئالدىنقى سەپتە ئەمەس، شىنجاڭدا شېڭ شىسەي بىلەن ئالاقە باغلاپ يۈرگەنلىكىنى، باتۇر قادىرنىڭ ئاتىسىنىڭ تۈرمىگە كىرىپ قېلىشىدا ئۇننىڭ قولى بولۇش ئېھتىمالى بارلىقىنى مەلۇم قىلدى. رازاق ھوشۇر ئىشخانىسىغا كىرىپ رازاخان بەرگەن مەلۇماتلارنى تەپسىلىي خاتىرىلەپ لاۋگوننىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى يېزىپ چىقتى-دە، ئۇدۇل لاۋشۇيىنىڭ ئىشخانىسىغا يۈرۈپ كەتتى.

× × ×

سېكرېتار لاۋشۈي تۈنۈگۈن يۇقىرىنىڭ ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى سەپەرۋەرلىك يىغىنىغا قاتنىشىپ دوكلات ئاڭلاپ قايتىپ كەلدى ۋە كەچكىچە ئۆيگە قايتماي، يۇقىرىنىڭ سەپەرۋەرلىك دوكلاتىنى ئۆگىنىپ چىقتى. ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن قاتناش شىركىتىدىمۇ ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ ئېلىپ بېرىش كېرەك ئىدى. بۈگۈن ئۇ ئەتىگەندە ئىدارىسىگە كىرىپ ئىشخانىسىدا پوچتالىيون ھېلىلا ئېلىپ كەلگەن گېزىتنىڭ نۆۋەتتىكى سانىنى ئالدىغا يېيىپ قويۇپ، قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا دىققەت بىلەن ئوقۇدى. بەزى مۇھىم دەپ ھېسابلىغان قۇرلىرىنىڭ ئاستىغا سىزىپ قويدى. گېزىتتە ”تۆت كونىنى بۇزۇش، بارلىق جىن-شەيتانلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاش، ئۇلارنى قوشۇندىن تازىلاپ چىقىرىش...“ چاقىرىق قىلىنغان ئىدى. لاۋشۈي بېيجىڭدىن كېلىۋاتقان ئەپقاچتى گەپلەرنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىدى. بېيجىڭدىن كېلىۋاتقان كىچىك تەشۋىق ۋاراقلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ”بېيجىڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تاملىرىنى چوڭ خەتلىك گېزىتلار قاپلاپ كېتىپتۇ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلىنىپ كېتىپتۇ...“ دېگەن گەپ-سۆزلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرمەكتە ئىدى. لاۋشۈي يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن تۈزۈپ چىققان شىركەتتىمۇ ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بېرىدىغان ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش دوكلاتىنى تۈزۈتىشكە كىرىشتى. دەل شۇ چاغدا رازاق ھوشۇر لاۋشۈينىڭ قىزىل ئىشكىنى چېكىپ ناھايىتى مۇھىم بىر پارتلاتقۇچ خەۋەرنى ئېيتقىلى كەلگەن خەۋەرچىدەك قىزغىنلىق بىلەن كىرىپ كەلدى.

—شۈي شۇجى، لاۋگوننىڭ تارىخىنى ئېنىقلاپ كەلدىم...

—بولدى، ئۇ گەپنى قويۇڭ. لاۋگونى ئويلىنىدىغانغا ۋاقىت يوق.

قوي كۆزلۈك، قېشى قارا، ئىنائەتچان، بەك ياۋاش، لېكىن تەھلىل قىلىش ئىقتىدارى بار رازاق ھوشۇر قولىدىكى ئىككى ۋاراق ئېنىقلاش ماتېرىيالىنى سىقىمدىغان پېتى لاۋشۈيدە ئۆتكەنكى خاتىرجەملىكتىن ئەسەرمۇ قالمىغانلىقىنى، ئۆزى تاپشۇرغان ۋەزىپىنىڭ ئورۇنلىشىغا قىلچە پەرۋا

قىلماي، يەنىلا ماتېرىيال كۆرۈپ، گېزىت سەھىپىلىرىگە كۆز يۈگۈرتۈۋاتقانـ لىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

—شۈي شۇجى، لاۋگونىڭ تارىخىدىكى مۇجىمەللىكنى ئېنىقلاپ چىقىشنى ئۆزىڭىز تاپشۇرغان ئىدىڭىز. ئەمدى ئۇنى ىراقلا يوقىا چىقارغىـ نىڭىز نېمىسى؟

—ئەھۋال ئۆزگەردى، ھازىر قوبۇل قىلىش ئەمەس، تازىلاش ۋاقتى، مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ قالغان تۇرسا، لاۋگونى ئويلىنىدىغانغا نەدە ۋاقىت بولسۇن؟ تاپىنلىق ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا زەربىگە ئۇچراپ قوشۇنـ دىن ئايرىلىپ قالغاندۇ؟

—ياق، لاۋگو ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئالدىنقى سەپتە ئەمەس، شىنجاڭدا تۇرغان ئىكەن. باتۇر قادىرنىڭ ئۆيىدە ئاپىسى بىلەن تونۇشىدىغان شاڭخەيلىك لاۋلىۇ دېگەن شوپۇرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدىم. باتۇر قادىرنىڭ ئاپىسىمۇ شۇنداق دېدى. سېكرېتار لاۋشۈي ئۈستەل قىرىغا يېنىچە يۆلىنىپ، قىزغىن سۆزلەۋاتقان رازاققا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەـ دىيۇ، گېپىنىڭ ئاخىرىدىكى ”شاڭخەيلىك قېرى شوپۇر لاۋلىۇ“ دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، رازاققا بوينىنى سوزغان پېتى دەررۇ ئورنىدىن تۇردى.

—لاۋلىۇ، شاڭخەيلىك؟ ئاكام لىۇ خۇگېۋەن بولمىسۇن يەنە؟ ئۇقايـ سى كالۇندا ئىشلەيدىكەن؟

رازاق ھوشۇر بايىقى ئېغىر بېسىق، تەمكىن، گېپىگە ھېچقانداق قىزىقىش بىلدۈرمىگەن، پەرۋاسىز قىياپەتتىكى سېكرېتار لاۋشۈينىڭ بىرـ دىنلا ھاياجاننى باسالماي ئورنىدىن دەس تۇرغانلىقىغا ھەيران قىلىپ جاۋاب بەردى:

—ئۇ شوپۇرنى ئىككىنچى كالوندا دەپ ئاڭلىدىم. ئاكىڭىزنى ئۆلۈپ كەتتى دېگەندەك قىلىۋىدىڭىز، شۇجى، ھازىر تىرىلىپ قالدىمۇ؟—ئۇ لاۋشۈيگە چاقچاق قىلدىيۇ، راستىقا ئايلىنىش ئېھتىمالى بولغان بۇ ھادىسىگە ئۇمۇ ئۇتتەك قىزىقىپ قالدى.

—ئۇ بۇگۈن ئەتىگەن يۇك بېسىپ قەشقەر ۋىلايىتىگە كەتتى بولـ غاي، ئاخشام ماڭا شۇنداق دېگەن ئىدى.

سېكرېتار لاۋشۈي: ”لاۋلیۇ دېگەن ئۇ شوپۇر ئاكام لیۇخۇگیۇەن شۇمۇ—ئەمەسمۇ؟“ دەپ جىددىيلىشىپ ئىنقلاش تەقەززاسىدا قىزىل سىرلانغان ئۈستىلدىكى تېلېفۇن تۇرۇپكىسىنى ئالدىراپ قولىغا ئالدى. ئۇ رازاقنىڭ يېڭى خەۋىرىنى ئاڭلاپ ھاياجانلانماقتا ئىدى.

—ۋەي-ۋەي، ئىككىنچى كالونمۇ؟ مەن شۈي خەيلۇڭ، كالون باشلىقى بارمۇ؟ بولسا چاقىرىۋېتىڭا!—سېكرېتار لاۋشۈينىڭ ئۈنلۈك ئاۋا-زىنى ئاڭلىغان تېلېفونىست تەمتىرەپ-ھودۇقۇپ كەتتى بولغاي، تۇرۇپكىدىن ئىككىنچى كالون باشلىقىنى چاقىرغان زىل ئاۋاز كەلدى.

—ھە، سىز ئىككىنچى كالون باشلىقى ۋاڭ دۈيجاڭمۇ، مەن شۈي خەيلۇڭ بولىمەن. سىزنىڭ كالونىڭىزدا لیۇخۇگیۇەن دېگەن تەكتى شاڭ-خەيلىك شوپۇر بارمۇ؟—ئۇنىڭ جاۋاب ئاڭلاشقا تەقەززا چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى، ئۇ ئارىلاپ، ھە، ھە، دەپ جاۋاب بېرىپ تۇردى. بىردەمدىن كېيىن تۇرۇپكىنى ئاستا قويۇپ قويدى.

—ئادەتتىن تاشقىرى خۇش خەۋەر، رازاق، ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى ئىزدەپ تاپالمىغان، يوقاپ كەتكەن ئاكام تېپىلدى. سىز كۆرۈشكەن شوپۇر لاۋلیۇ دەل مېنىڭ ئاكام ئىكەن،—سېكرېتار شۈي تېلېفون تۇرۇپ-كىسىنىڭ يېنىدا سول قولىنى ئاستا تۈگۈپ، ئوڭ قولىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا پىلىموت تۇتۇپ قاپىرىپ قېتىپ كەتكەن ئالقىنىغا مۇشتلاپ ئۇرۇپ ئىشخا-نىسىدا ئۇ ياققا-بۇ ياققا مېڭىشقا باشلىدى. شوپۇر لاۋلیۇ تاڭ سەھەردە يۈك بېسىپ قەشقەر ۋىلايىتىگە يولغا چىقىپ بولغان ئىدى. تەرجىمان رازاق ھوشۇر شىركەت ئىدارە دائىرىسىدە كادىرلارغا ”شۈي شۇجىنىڭ كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن يىللار بولغان ئاكىسى تېپىلغانلىقى توغرىسىدىكى بۇ خۇش خەۋەرنى تارقىتىش ئۈچۈن ئالدىراش چىقىپ كەتتى.

× × ×

لاۋگو قاتناش شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىگە مۇئاۋىن باش-لىق بولغىنى بىلەن ھەرقايسى كالونلارنىڭ ماشىنىلىرىغا ئىش بەلگىلىيەل-مەيتتى. باسما زاۋۇتنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ، دەپ ئاغزاكى ئۇقتۇرۇلغىنى بىلەن رەسمىي بىرەر ھۆججەت تارقىتىلمىغان، شىركەتنىڭ

كىچىككىنە دېھقانچىلىق مەيدانىغىمۇ ئومۇمىي جەھەتتىن مەسئۇل بولىدۇ،
دەپلا قويۇلغان ئىدى. ئۇزۇنتۇرا لاۋگوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بېرىلگەن بۇ
ۋەزىپىلەر ناھايىتى يۇقىرى مەنسەپكە ياتاتتى. بۇ مەنسەپنى پارتكومنىڭ
ھەيئەت ئەزاسى بولغان قوغداش بۆلۈم باشلىقى گاۋ كېجاڭ بىلەن
شىركەت ئىشخانا مۇدىرى باتۇر قادىرنىڭ ھە—ھۇ دېيىشى بىلەن قولغان
كەلگەن ئامەت دېيىشكىمۇ بولاتتى. شۇڭىنىسى، ئۇ ھەرقانچە تىرىشچانلىق
كۆرسەتكەن بولسىمۇ، پارتىيىگە كىرىشكە مۇۋەپپەق بولالمىدى. ”پارتىيىگە
كىرگەن بولسام، ھەتتا شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىمۇ بولالايتتىم، پارت-
كومنىڭ فۇ شۇجىسى بولۇشۇممۇ مۇمكىن ئىدى“ دەپ ئويلىدى ئۇ. گاۋ
كېجاڭدىن ئۆزىنىڭ پارتىيىگە قوبۇل قىلىنىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىن-
غان پارتكوم يىغىنىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن سوزۇنچاق
يۈزى تېخىمۇ سوزۇلۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ چىرايىنى تۈرۈپ، رازاق
بىلەن سېكرېتار لاۋ شۈيدىن قاتتىق رەنجىدى. ئەتىسى شوپۇر لاۋلىيۇ
سېكرېتار لاۋشۈينىڭ ئاكىسى ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن تېخىمۇ
چۆچۈپ كەتتى. شوپۇر لاۋلىيۇدىن تەپسىلىي سورىلىدىغان بولسا ئۆزىنىڭ
پارتىيىگە كىرىش ئانكېتىغا تولۇق يېزىلغان تارىخىغا دائىر مەزمۇنلارنىڭ
يالغانلىقى مانا مەن دەپ تولۇق ئاشكارىلىنىپ قېلىش مۇقەررەر ئىدى.
مانا، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلاندى. لاۋگوغا مەدەنىيەت ئىنقىلابى
گۇرۇپپىسىغا مۇئاۋىن باشلىق بۇ ياقتا تۇرسۇن، گۇرۇپپا ئەزالىقىمۇ
تەگمىدى. لاۋگو جىددىيلەشتى. ئۇ باتۇر قادىرغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن
سىڭلىسى تەلەيخاننى باسما زاۋۇتقا ئىشقا ئالدى. ئاپىسى رازىخاننىمۇ
ۋاقىتلىق بولسىمۇ تۈپلەش سېخىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ
باتۇر قادىر بىلەن گاۋ كېجاڭدىن ياخشىلىقمۇ كۆردى. يەنى بىرئاز ئەتىۋار-
لىنىدىغان بولدى. ئۇلار پارتىيىگە تونۇشتۇرغۇچى بولغانلىقتىن گەرچە
ئۆتەلمىگەن بولسىمۇ ھەرقايسى كالۇنلاردىكى كادىرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە
ئالغان شىركەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدا تەسىرى ناھايىتى زور
بولدى. ئىناۋىتى خېلىلا كۆتۈرۈلدى. ئۇ شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ باتۇر قادىرنىڭ
ئۆيىگە نېمە ئۈچۈن كېلىپ-كېتىدىغانلىقىنى، رازىخان بىلەن نېمە ئالاقى-

سى بارلىقىنى بىلمەيتتى. ناۋادا سېكرېتار لاشۈي ئۆزىگە يىلمان مۇئامىلە قىلدىغان بولسا، لاۋلىيۇ بىلەن رازىخانىنىڭ غەيرىي مۇناسىۋىتى بار ئىكەن، دەپ يوشۇرۇنچە گەپ تارقىتىپ، ئازسانلىق مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى بىلەن خەنزۇ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلماقچىمۇ بولدى. ئۇ سېكرېتار لاۋشۈينى ئۇسال ئەھۋالدا قالدۇرۇشنىڭ ھەرخىل چارىلىرىنى ئويلانماقتا ئىدى. لېكىن بۇ ئۆزى ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالغاندا، قايتا-قايتا ئويلىنىپ، ھېچكىمگە ئۇقتۇرماي، قۇيرۇقمۇ تۇتقۇزماي، قوللىنىدىغان يوشۇرۇن چارىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ مۇنداقمۇ ئويلاپ باقتى: ”سېكرېتار لاشۈيگە ئاكسى لاۋلىيۇنى ئىككىنچى كالونىنىڭ دۈيجاڭلىقىغا ئۆستۈرۈش توغرىلىق تەكلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزغىلى بولارمۇ؟ شىركەتنىڭ ئىشخانا باشلىقلىق ئورنى بوش، ئەگەر بولمىغاندا شىركەتنىڭ ئىشخانا مۇدىرى بولسىمۇ مەيلىتى؟ ئەستەغپۇرۇللا، يەنىلا پارتىيىگە ئەزا بولۇش مەسىلىسى. قايسى بىرى بىر ھەپتە بۇرۇنلا ئالدىمدىلا ئوچۇقتىن ئوچۇق ‹ پارتىيە ئەزاسى بولمىغانلار باشلىق بولالمايدۇ› دەۋاتامدۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟“ ئۇ ھەر ھەپتىدە ئېچىلىدىغان ياچېيكا يىغىنلىرىغا، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ھۆججەت يەتكۈزۈش يىغىنلىرىغا قاتنىشالمايتتى. ھېچكىممۇ مۇنداق يىغىنلارغا ئۇنى چاقىرمايتتى، بۇ چاغلاردا ئۇ ئۆزىنى چەتكە قېقىلغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۆزىنى ماختىغان ئادەمنى يامان كۆرىدىغان بىرمۇ ئىنسان يوق. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن، پارتىيىگە كىرىش ئۈچۈن ھەرقايسى پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارلىرىنى ماختاشقا، سېكرېتار لاۋشۈينى مەدھىيىلەشكە، لاۋلىيۇنى ئىككىنچى دۈينىڭ دۈيجاڭلىقىغا ئۆستۈرۈش توغرىلىق تەكلىپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. ئۇ قېرى شوپۇر لاۋلىيۇنى ئىككىنچى كالۇننىڭ دۈيجاڭلىقىغا كۆرسىتىش ئارقىلىق لاۋشۈينىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش نىيىتىگە كېلىپ، ئىشخانىسىدىن چىقتى ۋە ئۇدۇل ئىككىنچى كالۇنغا كەتتى.

ئىككىنچى كالون شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، قىرىق ئاپتوموبىلى بار قاتناش چوڭ ئەترىتى ئىدى. باشقا كالۇنلارغا قارىغاندا

بۇ كالۇننىڭ ئالاھىدىلىكى: ئورنى بىرئاز چوڭ، يوك توشۇش مىقدارى كۆپرەك، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورغاس ئارقىلىق كىرگۈزۈلگەن ئىككى كوزۇپلۇق ئۈزۈنچاق ئون بەش يوك ئاپتوموبىلىمۇ بار، خەنزۇ شوپۇرلار كۆپرەك ئورۇنلاشقان كالۇن ئىدى. ئورنى بىرئاز چوڭ بولغىنى بىلەن ئەگەر ھەممە ئاپتوموبىللار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بىرلا ۋاقىتتا كېلىدىغان بولسا كالۇنغا ھەرگىزمۇ سىغمايتتى. لېكىن ھەممە ئاپتوموبىللار-نىڭ كالۇنغا بىرلا ۋاقىتتا كېلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قاغىلىق ناھىيىسىدىن بەش توننا ياغاق باسقان لاۋلىيۇنىڭ ماشىنىسى كېچىچە يول ماڭغاندىلا كورلىدىن بۈگۈن ئەتىگەندە يېتىپ كېلەلەيتتى. ئىككىنچى كالۇن باشلىقى دوغلاق، پاكارغىنە ۋاڭ دۈيجاڭ ئەتىگەندىلا شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ قەشقەردىن قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقى توغرىلىق سېكرىتار لاۋشۈيدىن تېلېفون ئالغان ئىدى، كۆپ ئۆتمەي ئۈزۈنتۇرا لاۋگو كىرىپ كەلدى. ئۇ گازىر كۆزلىرىنى قىيسايتىپ، ۋاڭ دۈيجاڭدىن ھال سوراپ تاماكا تۇتتى ۋە ئىشخانا ئىشكىنى ئاستا يېپىۋېتىپ گەپ ئاچتى.

—ۋاڭ دۈيجاڭ، شوپۇر لاۋلىيۇ ئۇستامنى بۇرۇن رەنجىتمىگەنسىز؟

—يوقسۇ، ئۇ ياۋاش، مۆمىن، گەپكە كىرىدىغان ھارماس تۇلپار تۇرسا، قانداقمۇ رەنجىتەي؟ شاگىخەيلىك بولمىغىنىم بىلەن مەنمۇ ئۇنىڭدەك ياۋاش، چىقىشىپ ياخشى ئۆتكەن.

—سىزنىڭ ئۆستۈرۈلىدىغانلىقىڭىزنى مەن بىراۋدىن ئۈچ ئاي بۇرۇن ئاڭلاپ قالغان ئىدىم. ھازىر شىركەت شۇجىسى ۋە جىڭلىسى لاۋشۈي بىلەن شوپۇر ئۇستام لاۋلىيۇ ئاكا-ئۇكا تۇغقان چىقىپ قالدى، ئەگەر مۇشۇ تاپتا لاۋشۈيگە: كالون دۈيجاڭلىقنى لاۋلىيۇ ئۇستام قىلسا دەيدىغان بولسى-ڭىز، چوقۇم سىزنى شىركەتكە ئۆستۈرۈپ يۆتكەپ كېتىدۇ. بۇ پۇرسەتنى ئويلاپمۇ يەتمىگەنسىز؟—ئۈزۈنتۇرا لاۋگو ”جۇڭخۇا“ ماركىلىق تاماكىدىن ۋاڭ دۈيجاڭغا يەنە بىر تال تۇتتى ۋە ئۇشتۇمتۇت سورىغان سوئالىنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ جىمىقتى.

—مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن، لېكىن مەن ئۆستۈرۈلۈشۈمنى خىيا-

لمغىمۇ كەلتۈرگەن ئەمەس. ئاكا، بىز ياشلارنىڭ لاۋلىيۇدەك، سىزدەك تەجرىبىسى بار پېشقەدەملەرنى قەدىرلەش مەجبۇرىيىتىمىز بار. بىزنىڭ كالون چوڭ، لاۋلىيۇ ئۇستام قېرىپ قالدى، ئۇ ماشىنا ھەيدىمەي دۈيجاڭ بولسا، مەن مەسلىھەتچى بولسامۇ ياكى باشقا ئىش قىلسامۇ بولۇۋېرىدۇ ئەمەسمۇ؟ مەن ۋاقىت چىقىرىپ شىركەت رەھبەرلىكىگە دەپ باقاي.

ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان لاۋگو چىن كۆڭلىدىن مەمنۇن بولۇپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇ قايتماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئاۋازىنى پەسەيتىپ:

—شىركەت رەھبەرلىكىگە دەپ نېمە قىلىسىز؟ سېكرېتار لاشۈيىنىڭ ئۆزىگىلا ئايرىم دېسىڭىز ياخشى بولىدۇ،—دېدى لاۋگو ئاڭغىچە، ئۇنىڭ دىققىتىنى گۈركىرىگەن بىر ماشىنا ئاۋازى بۆلۈۋەتتى. بۇ—شوپۇر لاۋلىيۇ-نىڭ ماشىنىسىنىڭ ئاۋازى ئىدى. لاۋگو بىلەن ۋاڭ دۈيجاڭ ئالدىراپ ئىشخانىدىن سىرتقا چىقتى. گويا مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا ھەرقايسى ئىش-خانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرمۇ بىردىن-ئىككىدىن سىرتقا چىقىپ شوپۇر لاۋلىيۇغا كۆز تىكىشتى.

لاۋلىيۇ قورۇق ماشىنىسىنى ئۇستى يېپىق ماشىنا توختىتىش ئورنىغا ئاستا گۈركىرىتىپ ھەيدەپ ئاپىرىپ توختاتتى. ئۇ كۆل رەڭ سىرى چۈشۈپ كەتكەن كابىنكا ئىشىكىنى ئېچىپ ئاستا يەرگە چۈشتى. ئۇ ماشىنىسىنىڭ كابىنكا دېرىزىلىرىنىڭ چاڭ-توپا باسقان ئەينەكلىرىنى بىنزىنى ئۇچۇپ كەتكەن كونا لاتىدا ئاۋايلاپ سۈرتۈۋېتىپ، بىرقانچەيلەننىڭ ئۆزىگە ئاستا-ئاستا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ بوينىنى ئۇزۇن سوزۇپ، كۆزىنى يوغان ئېچىپ، بىر جايدىن قايتىپ كەلسە بىرەر قېتىم "تىنچ كەلدىڭمۇ؟" دەپمۇ قويمايدىغان باشلىقنىڭ لاۋگو بىلەن پىچىرلىشىپ كۆز قىرىدا ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىگە بىر يېقىملىقتىن بېشارەت سەزدى.

—خوش خەۋەر، لاۋلىيۇ ئۇستام، لېكىن سۆيۈنچە ئالىمىز،—دېدى كالون باشلىقى ۋاڭ لاۋلىيۇغا يېقىنلىشىپ كېلىۋېتىپ.

—ئادەتتىن تاشقىرى خۇش خەۋەر، بۇ خۇش خەۋەرنى باشقا بىرسى

ئەمەس، بىز تاپتۇق. شۇڭا بىزنى رازى قىلمىسىڭىز بولمايدۇ، جۇمۇ؟—دېدى لاۋگوغا قاراپ لاۋليۇغا ئالتۇن چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجىيىپ. لاۋليۇ ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تېڭىرقاپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. ”نېمە خۇش خەۋەردۇ بۇ، بۇلار ماڭا نېمە دېگەن قىزغىن، خۇش چىراي مۇئامىلە قىلدىغاندۇ؟“ دەپ ئويلاۋاتقىنىدا ئۇ بايا ماشىنىسىنى ھەيدەپ كىرگەن تۆمۈر رېشاتكىلىق دەرۋازىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكى يوغان ئېچىلىپ، بىر جىپ ماشىنا كىرىپ كەلدى. مانا، جىپ ماشىنىدىن دەسلەپ سېكرېتار ۋە جىڭلى لاۋشۈي، ئاندىن كاتىپ رازاق ھوشۇر ئاستا چۈشتى. كالون باشلىقى ۋاڭ دۈيجاڭ بىلەن لاۋگو داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغان شوپۇر لاۋليۇدىن سۆيۈنچە ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ، بىربىرىدىن قىزغىنغان ھالدا لاۋليۇغا خۇش خەۋەر ئېيتىشقا ئالدىرىدى:

—لاۋليۇ، كىم ئۇ قاراڭ. ئۇكىڭىز ليۇخۇڭلى كەلدى!—دېدى لاۋگو جىپتىن چۈشۈپ ئۆزى تەرەپكە رازاق ھوشۇر بىلەن بىرگە تەكشى قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتقان بېشى يوغان، بەستلىك، ئۆڭۈپ كەتكەن كونا سېرىق فورمىسى يوق ھەربىي كىيىم كىيگەن كىشىگە قاراپ.

—لاۋليۇ ئۇستام، ئۇكىڭىز تېپىلدى، ئۇ بىزنىڭ جىڭلى ۋە شۇجىمىز لاۋشۈي بولىدۇ!—دېدى دۈيجاڭ ھاڭ-تاڭ قالغان شوپۇر لاۋليۇغا ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلىرىگە سەپسېلىپ.

ھەر ئىككى گەۋدە بىربىرىگە يېقىنلاشتى.

—ئاكا!..—لاۋشۈي ئىك-كى قول-نى شوپۇر لاۋل-يۇغا سوزۇپ ۋارقىرىدى.

—لاۋئېرداتۇ، بارمۇسەن ئۇكام!—ئۇكىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى لاۋليۇ ۋە ئىچ-ئىچىدىن ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە تىلى گەپكە كەلمىدى. ئۇلار ئاكا-ئۇكا گەپ-سۆز قىلىشماي يىغلىشىپ بىربىرىگە ئېسىلىشىپلا قېلىشتى لاۋشۈي قۇچىقىدىكى ئاكىسىنىڭ ئەتىسىز دېگۈدەك ئورۇق مۈردىسىنى سىلاپ ئىچىگە ھۇ تارتىپ يىغلىماقتا ئىدى. لاۋليۇ جەڭدە ئېغىر ياردار بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى، دەپ ئاڭلىغان ئۇكىسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت تىرىك ھالەتتە پەيدا بولۇپ قالغىنىغا خۇشال بولغان بولسا، قىرىق يىل

بۇرۇنقى شاگخەيدە يۈز بەرگەن ”12-ئاپرېل“ پاجىئەسىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئاتىسىنى، دەپسەندە قىلىنغان ئايالىنى، شياگگاگغا ئېلىپ كېتىلگەن قىزىنى ۋە ئۆزىنى ئىزدەپ شاگخەيدىن چىقىپ كېتىپ، ھازىرغىچە ئۆلۈكمۇ، تىرىكمۇ يوق ئوغلى ليۇ شۇەينى ئەسلەپ يىغلىماقتا ئىدى. شۇ ئارىلىقتا قاتناش شىركىتىدىن ئىككىنچى كالۇنغا يەنە بىر جىپ ماشىنا گۈركىرەپ كىرىپ كەلدى. باتۇر قادىر ئالاھىدە سېكرېتار لاۋشۈي بىلەن شوپۇر لاۋليۇنى ئالغىلى گاۋ كېجاڭ بىلەن بىرگە كەلگەن ئىدى. لاۋشۈي، لاۋليۇ، باتۇر قادىر، زاراق ھوشۇرلار بىر جىپقا، گاۋ كېجاڭ بىلەن لاۋگولار كەينىدىن كەلگەن جىپقا چۈشۈپ ئىككىنچى كالوندىن شىركەت تەرەپكە قاراپ كەتتى. ۋاڭ دۈيجاڭ قاتارلىق ئىككىنچى كالوندىكى بۇ ئاجايىپ ئۇچۇرىشىشتىن ھەيران قالغان بەش-ئالتە كادىر ۋە يولغا چىقىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان شوپۇرلار ئۇلارنى قىزغىن ئۇزىتىپ قويۇشتى. ئالدىدا ماڭغان جىپتىكى باتۇر قادىر ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەننىڭ جىپ ئىچىدىمۇ بىربىرىنىڭ مۈرىلىرىنى تۇتۇشۇپ ئىسسىق كۆز ياشلىرىنى ئېرىتىۋاتقانلىقىغا قاراپ: ”نېمە دېگەن كالۋا مەن، لاۋشۈي ئالتاي ۋىلايىتىدىمۇ ماڭا مۇشۇنداق بىر شوپۇر ئاكام بار، ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى ئىزدەپ تاپالمىدىم، ئۆلۈپ كەتتىمۇ يا تىرىكمۇ، ئۇقمايمەن، دېگەن ئەمەسمىدى؟ ئۇ ئاكىسى ئاپام بىلەن ئۇرۇمچىدىن بېرى تونۇش، ئۆيگە كېلىپ-كېتىدىغان تۇرسا، ئېسىمگىمۇ كەلمەپتۇ“ دەپ ئۆز-ئۆزىگە كايىماقتا ئىدى.

لاۋشۈي بىلەن لاۋليۇلار چۈشكەن جىپقا ئەگىشىپ كەينىدىن كېلىۋاتقان جىپتىكى لاۋگو بولسا بۇ ئاجايىپ ئۇچرىشىشقا تېخىمۇ ھەيران قالغان ھالدا گاۋ كېجاڭغا: ”ئەمدى لاۋشۈينىڭ ئاكىسى لاۋليۇنى ماشىنا ھەيدەشتىن توختىتىپ، ئىككىنچى كالونغا دۈيجاڭ قىلىش كېرەكقۇ دەيمەن، لاۋشۈينىڭ ئۆزى ئاكامنى دۈيجاڭ قىلىپ قويايلى، دېيىشى بىئەپ، لېكىن بىز دېسەك، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپقان بولىمىز“ دەپ گاۋ كېجاڭنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن بىر يېڭىچە مەسلىھەت پىكرىنى پىچىرلاپ بايان قىلماقتا. ”ھەر ھالدا بۇ تەكلىپنى ئويلىنىپ كۆرسەك بولغۇدەك“ دەپ ئىپادە بىلدۈردىيۇ، بىرئاز ئويلىنىپ: ”قېنى ۋاقتى كەلگەندە بىرنېمە دېمەمە-

دۇق؟“ دەپ لاۋگونىڭ ئۈمىدۋار چىرايىغا كۈلۈمسىرىدى.

ئاكا-ئۇكا لاۋلىيۇ بىلەن لىيۇ خۇڭلى شۇ كۈنى كېچىچە ئۆز ئارا سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىشىپ مۇڭداشتى. لىيۇ خۇڭلى ئايالى جاڭ يۈمېينى ۋە ئىككى ئوغۇل، بىر قىزىنى ئاكىسىغا بىرمۇبىر تەپسىلىي تونۇشتۇردى. لىيۇ خۇڭلىنىڭ تەلپى بويىچە ئىككى ئوغلى بىلەن قىزى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى سەرگەردان بولۇپ ئېغىر جاپا-مۇشەققەت تارتقان لاۋلىيۇغا تىزلىنىپ تۇرۇپ سالام بەردى. ئائىلىسى خانىۋەيران بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا قايتا ئۆيلىنىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، ھازىرغىچە بويتاق ھايات كەچۈرمەكتە ئىدى. لاۋلىيۇغا ئۆز ئۆيىگە كىرىپ ماي يۇقى كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىمۇ بولمىدى. ئالدىغا كەلگەن تەييار جىپقا ئولتۇرۇپ ئۇدۇل ئۇكىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىشكە توغرا كەلدى. ئۇنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ لاۋ شۈيىنىڭ پولات زاۋۇتىدا خىزمەت قىلىدىغان ئايالى جاڭ يۈمېي ئىدارىسىگە بارماي ئالاھىدە تاماق ئېتىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى...

لاۋلىيۇ كىرلىشىپ كەتكەن كونا ماي يۇقى كىيىملىرى بىلەن ئۇكىسىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىشقا تارتىنىپ قالدى. لىيۇ خۇڭلى ئاكىسىدىكى بۇ تارتىنىشنى سېزىپ بۇ ئۆينى خۇددى ئۆز ئۆيىدەك كۆرۈپ تارتىنماي قونۇپ قېلىشنى ئۆتۈندى. ئۇلار كېچىچە مۇڭدىشىپ تۈن يېرىم بولغاندا ئاندىن قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى.

لاۋلىيۇ بىر ھەپتىگىچە ئۇكىسى لاۋشۈي، يەنى لىيۇ خۇڭلى بىلەن، رازىخان، باتۇر قادىر، تەلەيخان، رازاق ھوشۇرلار بىلەن ئايرىم-ئايرىم ھالدا، بەزىدە بىرقانچەيلەن بىرلىكتە قانغىچە مۇڭداشتى. لاۋلىيۇ ئۇكىسى لىيۇ خۇڭلىنىڭ ئىسىم پەمىلىسىنى نېمە ئۈچۈن شۈي خەيلۇڭغا ئۆزگەرتىۋالغانلىق سەۋەبىنى ئۇققاندىن كېيىن ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى، ئەمما ”ئادەتلىنەلمىسەم لاۋئېر، داتۇ لىيۇ خۇڭلى دەپ چاقىرىۋېرىمەن“ دەپ قوشۇپ قويدى. ئۇ بىر ھەپتە ئارام ئالغاندىن كېيىن ئاقسۇ ۋىلايىتىگە مېڭىشقا تەييارلىق قىلدى.

شىركەت مۇدىرى سېكرېتار لاۋشۈي بېرىلدىغان سەپەرۋەرلىك دوك-

لاتىنى تۈزىتىۋاتقاندا دەسلەپ لاۋگو، ئاندىن گاۋ كېجاڭ لاۋشۈينىڭ ئىشخانىسىغا كۆڭۈللىرىگە پۈككەن مەسلىھەتنى ئېيتىش ئۈچۈن كىرىشتى:

—شۈي شۇجى، بىر تەكلىپىمىز بار ئىدى، لاۋلىيۇ ئۇستام قېرىپ قالدى، ئۇ تەجرىبىلىك پىشقەدەم شوپۇر، ئۇنى ئىككىنچى كالوننىڭ دۈيجاڭلىقىغا قويساق، قانداق؟—دېدى لاۋگو تەييارلىغان دوكلات تېزىسىلىرىدىن باش كۆتۈرۈشكىمۇ چولىسى تەگمەيۋاتقان لاۋشۈيگە تاماكا سۇنۇپ. لاۋشۈي توساتتىن ئۆزىگە سۇنۇلغان تاماكىنى ئالايمۇ-ئالمايمۇ دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغان چېغىدا گاۋ كېجاڭ سۇنغان تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇرۇش مەقسىتىدە يانچۇقىدىن قىزىل چاقمىقىنى چىقىرىۋېتىپ، لاۋگونىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلدى:

—ئىككىنچى كالوننىڭ باشلىقى ۋاڭ دۈيجاڭمۇ مېنىڭ ئورنۇمغا لاۋلىيۇ ئۇستام دۈيجاڭ بولسا دەپ سىلىگە ئېيتقىلى ئىزدەپ كەلمەكچى، باتۇر قادىرغا دېۋىدۇق، ئۇمۇ ياخشى تەكلىپ ئىكەن، لاۋلىيۇ ئۇستام ياشىنىپ قالدى، ئۇنى يولغا چىقارماي، كالون باشلىقى قىلساق، بولمايدىغان نېمىسى بار، دېدى.

لاۋشۈي تۈزىتىۋاتقان دوكلاتنى بىر چەتكە سۈرۈپ قويۇپ، ئانچە بەك ئويلىنىپ كەتمەيلا ئۇدۇل پىكىر قىلدى:

—مەن شىركەتنىڭ سېكرېتارى ۋە جىڭلىسى بولغانلىقىم ئۈچۈنلا ئاكام ھەيدەۋاتقان ماشىنىسىنى تاشلاپ، دۈيجاڭ بولۇش كېرەكمىكەن؟ پارتىيىمىزنىڭ نىزامنامىسىنىڭ قايسى ماددىسىدا مۇشۇنداق بەلگىلىمە بار ئىكەن؟ مۇنداق گەپنى ئىككىنچى قىلماڭلار،—دەپ قەتئىي رەت قىلدى.

گاۋ كېجاڭ بىلەن لاۋگو بەرگەن بۇ تەكلىپكە چېچىنى قاماللاپ تۇرۇپ چىرايىنى ئاچماي قوپال جاۋاب بەرگەن سېكرېتار لاۋشۈينىڭ ئەلپازىغا قاراپ بىرئاز ھودۇقتى. ئۇلار لاۋشۈيگە يېقىپ قېلىشى مۇمكىن دەپ بەرگەن تەكلىپكە پۇشايمان قىلىپ، لاۋشۈيدىن ئوڭايسىزلانغان ھالدا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۈنچىقماي دېمى ئىچىگە چۈشكەن پېتى ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. لاۋگو لاۋشۈينى ”ياخشىلىق ياراشمايدىغان نېمە ئىكەن بۇ“ دەپ ئىچىدە گاۋ كېجاڭغا تۇيدۇرماي غودۇڭشۇپ ئۆز

ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. گاۋ كېجاڭمۇ كۆڭلى غەشكە تولغان ھالدا قوغداش بۆلۈمىگە كىرىپ كەتتى.

قوغداش بۆلۈمى شىركەت دەرۋازىسى يېنىغا جايلاشقان چوڭ-كىچىك ئىككى ئېغىزلىق ئۆي ئىدى. گاۋ كېجاڭ كىرىشكە قوغداش خادىمى ئادرېسلىرى رۇسچە يېزىلغان بىر پارچە خەت تاپشۇرۇدى. خەت ئەۋەتكۈچى تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئىسمىنى ئۇيغۇرچە كونا يېزىقنى يېڭى ئۆگەنگەن كىشىدەك ھەرپلىرىنى دانە-دانە ئايرىپ يازغان ئىدى. ھەممىسى رۇسچە يېزىق. پەقەت "تەلەيخان" دېگەن ئىسىملا ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا ئىدى. گۇمانلىق دەپ ھېسابلانغان خەت-چەكلەر ئالدى بىلەن قوغداش بۆلۈمىنىڭ قاتتىق تەكشۈرۈشىدىن ئۆتەتتى. گاۋ كېجاڭ ئۆزە تۇرۇپ خەتنىڭ لىپاپىنى ئېچىۋېتىپ ئويلىدى: "مانا سېكرېتار لاۋشۈي بەھۇدە ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرگەن باتۇر قادىرنىڭ سىڭلىسىغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن خەت كەلدى. ئەڭ يېڭى پاش قىلىش ماتېرىيالى. ئەمدى شىركەت ئىشخانا مۇدىرى باتۇر قادىرنىڭ ئورنى تەۋرىمەي مۇمكىن ئەمەس. تەۋرەپ قالسا ئورنىغا مېنى قويامدۇ، يوق؟ يەنىلا سېكرېتار لاۋشۈيگە باغلىق. مەن پاش قىلىمەن. ئەگەر لاۋشۈي مەن پاش قىلغان مەسىلەرنى يوققا چىقارسا، يۇقىرىغا مەلۇم قىلىمەن. قېنى، ئۇ ئەتە دوكلات بېرىپ باقسۇن، ئالدىراپ سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىقىشمۇ ياخشى ئەمەس..." ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن ئالېكسىينىڭ تەلەيخانغا يازغان خېتىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئاستا ئاچتى. خەت رۇسچە ۋە ئارىلاپ ئۇيغۇرچە يېزىلغان ئىدى. گاۋ كېجاڭ ئۇ خەتنى ئاۋايلاپ پۈكلەپ مەخسۇس ماتېرىيال سومكىسىغا سالدى. ئۇ خەتنى بەرگەن ئىشخانا خادىمىنى يالغۇز قالدۇرۇپ خەتنىڭ مەزمۇنىنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ بىلىش مەقسىتىدە شىركەتنىڭ تەرجىمانى رازاق ھو-شۇرغا ئىشەنمەي، ماتېرىيال سومكىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، ئالدىراش سىرتقا چىقىپ كەتتى.

× × ×

يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە قاتناش شىركىتى پارتكومىنىڭ ئامىنى قوزغاپ پاش قىلىشنى مەركەز قىلغان "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"

ئېلىپ بېرىش سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاياغلاشتى. سېكرېتار لاۋشۈينىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بارلىق تايانچ كادىرلار ھەرقايسى كالون، رېمونت زاۋۇتى، باسما زاۋۇت قاتارلىق تارماقلارغا ئىش ئورۇنلىرىغا قايتىپ، "بارلىق جىن-شەيتانلارنى، يامان ئىش، يامان ئادەملەرنى، تۆت كونىنى بۇزۇش، پاش قىلىش" ھەرىكىتىنى داغدۇغىلىق باشلىۋەتتى. شىددەتلىك كەلكۈن ئادەتتىكى ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى بىردەمدىلا بېسىپ كەتكىنىگە ئوخشاش، پاش قىلىش كەلكۈنى بىر ھە، ھۇ بىلەنلا قاتناش شىركىتىنىڭ ھەممە تارماقلىرىغا يامرىدى. ھەممىلا يەردە چوڭ خەتلىك گېزىتلەر، بارلىق تاملاردا ئادەمنىڭ بىلىدەك يوغان يېزىلغان چاقىرىق، شوئارلار، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" دېگەن ئاتالغۇنى نېمە دەپ چۈشىنىشنى ئويلاشقا ئۈلگۈرەلمىگەن كىشىلەر ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان تاملاردىكى چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى بىر بىرىنى ئىتتىرىشىپ-قىستىلىشىپ كۆرمەكتە، بەزىلىرى ئۈنلۈك ئوقۇماقتا. پاش قىلىش دولقۇنى قاتناش شىركىتىدىن ھالقىپ، شەھەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ھەممىلا جايدا تارتىپ چىقىرىش، كۈرەش قىلىش، سازايى قىلىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. چوڭ خەتلىك گېزىتلەر چاپلانمىغان بىرمۇ رەستە، بويالمىغان بىرمۇ تام قالمىدى. ئالتە كالون، رېمونت زاۋۇت، باسما زاۋۇتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ قاتناش شىركىتى تاملىرىمۇ "يوقالسۇن"، "تارتىپ چىقىرايلى" دېگەن شوئارلار بىلەن بويىلىپ كەتكەن ئىدى.

بۈگۈن شىركەتتە كۈرەش يىغىنى ئېچىلىپ، ئالتە كالون، رېمونت زاۋۇتى ۋە باسما زاۋۇتتىن بولۇپ تارتىپ چىقىرىلغان بارلىق كىشىلەر شىركەتنىڭ ئۈستى ئوچۇق كەڭ مەيدانىدا سەھنىگە قاتار تىزىلغىنى ھالدا قاتتىق تىل-ھاقارەتلەر بىلەن ئەيىبلەندى. شىركەت بويىچە تارتىپ چىقىرىلغانلار ئىچىدە ئالدى بىلەن تەلەيخان، ئۇنىڭدىن قالسا ئانچىكى ماشىنا ھادىسى چىقارغانلار، رەھبەرلىكنى تىللاپ قويغانلار، چەت ئەل رادىيوسىنى ئاڭلىدى دېيىلگەنلەر ۋە ئاياللارغا پوخورلۇق قىلدى دەپ تەنقىدلەنگەنلەرمۇ بۇزۇق ئۇنسۇر ئاتىلىپ، جىن-شەيتان ھېسابىدا تارتىپ چىقىرىلغان ئىدى. كۈرەش يىغىنى ئاياغلاشقاندىن كېيىن قەغەز بۆك كىيدۈرۈلگەنلەرنى يالاپ

شەھەردە سازايى قىلىپ بولۇپ نازارەت ئاستىدا مەجبۇريي ئېغىر ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش بۇيرۇقى چىقىرىلدى.

چۈشتىن كېيىنكى كۈمۈش قۇياشنىڭ سۈتتەك نۇرلىرى كۆل رەڭ بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۆتۈپ، باسما زاۋۇتىنىڭ ئاشخانا تېمى ئۈستىدىكى قىزىل بوياقلىق يوغان خەتلەرنى تېخىمۇ روشەن كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئاشخانا ھەم مەجلىسخانا قىلىنغان بۇ ئانچە چوڭ بولمىغان زالنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا تارتىلغان تانىلارغا يېپىشتۇرۇلغان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە چوڭ خەتلىك گېزىتلەر تام ئۈستىدىن يەرگىچە سوزۇلغان پالازدەك ئۇرۇن ئىگەللەپ كۆرگۈچىلەرنىڭ دىققەت نەزەرىدىن قالغىنىچە يىرتىلىپ ياتاتتى. زاۋۇتنىڭ سىرتىغا چىقىشى قاتتىق مەنئى قىلىنغان تەلەيخان يېرىم ئايدىن بېرى قاتتىق نازارەت ئاستىدا ئېغىر ئەمگەك قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئەمگەك قىلىپ يۈرۈپ تۆت بەتلىك بىر سان گېزىت تېپىۋالدى-دە، ئارام ئالغاچ گېزىت سەھىپىلىرىگە كۆز يۈگۈرتتى. ئۇ ئۆزىنى نازارەت قىلىۋاتقان يۈزى چوقۇر ھېيىت باراتنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈرۈپ گۈرجەكگە تايانغىنىچە ئورنىدىن تۇردى. ھېيت بارات:

—سەن تېخى گېزىت ئوقۇغۇدەك بولدۇڭما؟—دەپ چالۋاقاپ تەلەي-خاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئوقۇۋاتقان گېزىتنى زەردە بىلەن تارتىۋالدى.

—مېنىڭ گېزىت ئوقۇش ھوقۇقۇممۇ يوقمۇ؟

—ئاغزىڭنى يۇم، سەندەك چەت ئەلگە باغلانغان بۇزۇق ئۇنسۇرنىڭ گەپ قىلىش، گېزىت ئوقۇش ھوقۇقى يوق. ئەمگەك مەيدانىغا بارغىنىڭدا تېخى كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسەن!

تەلەيخان ئارتۇقچە گەپ قىلماي، دات باسقان كونا گۈرجەكنى كۆتۈرۈپ ئاچچىقىنى يۇتقان ھالدا ھاجەتخانا تەرەپكە كېتىپ قالدى. ئەتىسى ئۇ باسما زاۋۇتتىن ئاجرىتىلىپ، ئۇلامبايدىكى ياشلار ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى مەيدانىغا ئەۋەتىلدى.

تەلەيخان بەدەن قۇرۇلۇشى كېلىشكەن، بېلى ئىنچىكە، زىلۋا-تېتىك بولغىنى بىلەن تېنى ئاجىز ئىدى. ئۇ ئۇلامبايدىكى ياشلار ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى مەيدانىغا ئەۋەتىلگىنىگە مانا بىر ئايدىن ئاشتى. ئۇ ئەمگەك

قىلىپ ئىدىيە ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇلغاندىن كېيىن ماغدۇرىنىڭ يېتىشىچە ياۋاشلىق بىلەن ئىشلىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىدە زادىلا يوق يامان ئىللەتلەر تۆپەيلى تارتىلىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىپ، ئەمگەككە سېلىنغىنىغا غەزەپلىنىپ يۈرەتتى. بۇ غەزىپىنى ئاشكارا بىلدۈرگىنىدە تېخىمۇ يامان ئېغىر ئاقىۋەتكە قالدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇ تالاي قېتىم يۇقىرىغا خەت يازدى. يازغان خەتلىرىنىڭ بىر قىسمى لاۋگوغا تەگدى، لاۋگو خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئۇقۇپ بولۇپ، گاۋ كېجاڭغا بەردى، ئۇ خەتلەر گاۋ كېجاڭنىڭ تەنە-تاپالىرى بىلەن باتۇر قادىرغا تەگدى. باتۇر قادىر ”بۇ خەتلەر بېيجىڭغا ئەۋەتىلىدىغان بولسا سىڭلىم تەلەيخان تېخىمۇ يامان ئاقىۋەتكە قالىدۇ“ دەپ ئويلاپ، ئاپىسى رازىخان بىلەن بىرگە مەسلىھەتلىشىپ كۆيدۈرۈۋەتتى. بەزى خەتلەرنى تەلەيخان يېقىن دوستلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ بېيجىڭغا ئەۋەتتى. ئەمما ھېچقانداق جاۋاب بولمىدى.

بۈگۈن ياشلار ئۆستىڭى قۇرۇلۇشى مەيدانىدا قاتتىق ئىشلەشكە سەپەرۋەر قىلىندى. تەلەيخان بۆلۈنگەن گۇرۇپپىغا مەخسۇس تاغ گىرۋىكىدىن ئۆتىدىغان ئۆستەڭ يولى قېزىش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن ئىدى. ئېرىق ئېچىش ئۈچۈن يوغان-يوغان ئۇيۇل تاشلارنى پارتلىتىشقا توغرا كېلەتتى. ئىككى قولىدا لوم تۆمۈرنى چىڭ تۇتقان تەلەيخان تۆمۈرنىڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتقان بازغانغا بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قارىيالمايتتى. قاۋۇل ئىككى كادىر ھە، دەپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يوغان ئۇيۇل تاشقا قادالغان لوم تۆمۈرنىڭ ئۈستىگە قەھرى-غەزىپى بىلەن نۆۋەتلىشىپ ئۇراتتى. لوم تۆمۈرنىڭ ئۇيۇل تاشقا تىكىلەنگەن ئۇچى ھەر قېتىم مىدىرلىغىنىدا كۆكدىرىپ كەتكەن يېرىم چىمدىم ئۇندەك تاش توپىسى سىرتقا ئېتىلىپ چىقىپ تاش ئۈستىگە يېيىلىپ يەرگە چۈشەتتى. بازغان ئۇرۇلغانسېرى تاش توپىسى سىرتقا ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇيۇل تاشتىكى كاۋاك تۆشۈك بارا-بارا چوڭقۇرلايتتى. ئەنە شۇ چوڭقۇرلىغان تۆشۈككە قۇيۇلغان پارتلىتىش دورىسى ئىشلەۋاتقانلار كەچتە ئىش مەيدانىدىن قايتىپ يىراقلاشقىنىدا توك يەتكۈزۈلگەن ھامان پارتلاپ خاتا تاشلارنى پارچە-پارچە قىلىۋېتەتتى. باشقا كەلگەندە مەجبۇرلانغان ئىنسان قىلىپلاشقان تاشقى مۇھىتقا كۆنمەي

مۇمكىن ئەمەس. تەلەيخانمۇ ئۆزى خالىمىغان مەجبۇرىي ئەمگەك قايىنىمىغا كۆنۈپ كەتتى.

كەچ كىردى، ئانچە ئېگىز بولمىغان تاقىر باش تاغ كەينىگە ئاستا ئولتۇرۇۋاتقان قۇياشنىڭ قارىيىۋاتقان قان رەڭلىك نۇرلىرى قازاننىڭ قارىسىدەك غەرپ ئاسمىنىنى قىزغۇچ يورۇتماقتا ئىدى. ھەممە ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەن. ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچبىر ئادەمزات يوق. تاغ گىرۋىكىدىكى ئېگىزرەك خادا تاش ئۈستىدە تۇرغان قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىغان قاپىقى يامانراق بىرسى بىر پۈشتەك چېلىۋىدى، تارتىپ چىقىرىلغانلار ھېرىپ-چارچاپ، بىر ئۇھ دېدى-دە، قىلىۋاتقان ئەمگىكىنى توختىتىپ، ئىشتىن چۈشتى. تەلەيخان بازغانچى كادىر بىلەن بىرگە جوتۇ، لوم تۆمۈر، قاتارلىق ئەمگەك قوراللىرىنى سېمونت لاي توشۇيدىغان يەل تاپانلىق قول هارۋىسىغا سېلىپ ھەيدەپ، تار يولدىن كەڭ ئوچۇقچىلىققا سۆرەپ ئېلىپ چىقتى. بازغانچى كادىر كەينىگە قاراپ دېدى:

—بىرنەچچە يىلدىن كېيىن بۇ ئۆستەڭگە سۇ باشلىنىدۇ، بۇ ئۆستەڭگە قۇيۇلغان كۈمۈش سۇلار بىزدەك تارتىپ چىقىرىلغانلارنىڭمۇ جاپالىق ئەجرى بەدىلىگە ئېقىۋاتقانلىقىنى كېيىنكى ئەۋلاد كىشىلەر ئېسىگە ئېلىپ قويارمۇ؟

—بىزدەك جىن-شەيتانلارنى كىممۇ ئېسىگە ئالار؟—دېدى ئوتتۇرا ياشلىق بىر شوپۇر قاپارغان قوللىرىنى تەلەيخان سۆرەۋاتقان قول ھارۋىسىنىڭ كەينىگە سۇنۇپ.

—نېمىشقا ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز جىن-شەيتان دەيمىز؟—دېدى ئېگىز بويلۇق، چېچى ئاقىرىشقا باشلىغان بىرسى.

راست، بىز جىن-شەيتان ئەمەس، مەن بولسام ”ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابى“غا قاتنىشىپ، شىخو ئۇرۇشىدا مېدال ئالغان پەيجاڭ مەن،—دېدى بىر قېرى ئادەم.

—مەن ئون سەككىز يىل بۇرۇن گوگچەندالڭ كەلگەندە، قومۇلدا ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئالدىغا قارشى ئالغىلى چىققان مەن،—دېدى يەنە بىر پاكارغىنە سېمىز، چېچىغا بىرئاز ئاق كىرگەن بىرسى.

—بىز ھاياتلا بولىدىغان بولساق ئاكىلار، سىلەرنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇمايمىز،—دېدى تەلەيخان سۆرەۋاتقان قول ھارۋىسىنى كۆچەپ ئىتتىرىۋاتقان كەينىدىكىلەرگە قاراپ.

—جىم مېڭىڭلار، جىم!—دەپ ۋارقىرىدى قىزىل يەڭ بەلگىسىنى تاقىغان بىر ئۇيغۇر نازارەتچى خەنزۇچە سۆز تەلەپپۇزىدا بۇيرۇق قىلىپ.

ئەمگەك مەيدانىدىن قايتىۋاتقانلار بېشىنى يەر تۆۋىنىگە ئىگىپ، ئۈنچىقماي ئالدىدىكى غوۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان دەرۋازىسى يوق كېلەڭسىز يوغان ھويلىغا قاراپ قەدەملىرىنى تېزلىتىشتى. ئۇلارنى ئاللىقاچان پىشۇرۇپ قويۇلغان سوغۇق تاماق ۋە غۇۋا يورۇتۇلغان ياتاق كۈتۈپ تۇراتتى.

ۋاقىت-ئادەمنىڭ رايىغا باقماي تىنىمسىز ئۆتۈۋېرىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئەمەس. نېمە سەۋەبتىنكى، تەلەيخان قاتناش شىركىتى مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنىڭ چاقىرتىشى بويىچە ئۇلامبايدىكى بۇ ياشلار ئۆستىڭى قۇرۇلۇشى مەيدانىدىن شەنبە كۈنى كەچتە باسما زاۋۇتقا قايتىپ كەلدى. قەيەرگە بارسا، ئۇنىڭ ئېغىر ئەمگەك قىلىش مەجبۇرىيىتىلا باركى، ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئوچۇق-ئاشكارا كۈلۈش، سۆز قىلىش، ئۇزۇنراق ئارام ئېلىش ھوقۇقى يوق دېگۈدەك ئىدى. كۆڭلى خۇشال بولىدىغان بىرەر كۈنىمۇ يوق. ئادەملەرگە ئەركىن گەپ قىلىش، بولۇپمۇ سىياسىي گەپلەرنى قىلىشى قاتتىق مەنئىي قىلىنغان بولغاچقا، تىلى بار بولسىمۇ، ئۆز گېپىنى قىلىشقا يول يوق ئىدى. ”دۇنيادا قۇشقاچلار چېغىدا ئۆز تىلىدا خىلمۇ خىل ئاۋاز چىقىرىپ ۋىچىرلىشىدۇ، مېنىڭ قۇشقاچچىلىكمۇ ھوقۇقۇم بولمىسا قانداق بولغىنى؟ يۇقىرىغا يازغان خېتىم تېگىدىغانلا بولسا ئەھۋالىم ياخشىلىنىپ كېتىدۇ“ دەپ ئويلىدى ئۇ.

× × ×

رازىخان ئاغزاكى بىر ئۇقتۇرۇش بىلەنلا باسما زاۋۇتتىن چىقىرىلغان ئىدى، بىر ھەپتىگىچە قاقشاپ ئاخىر جىمىقتى. قىزىنىڭ تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرەش قىلىنىشىغا قايغۇرۇشىمۇ يېتىپ ئاشاتتى. باتۇر قادىر ئاپىسىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىرىلىشى بىلەن سىڭلىسىنىڭ تارتىپ چىقىرىلىشى ئائىلىمىزگە كەلگەن ئاپەت دەپ ھېسابلىدى. ھازىرقى جىددىي ۋەزىيەتتە ئاپىسىنىڭ

زاۋۇتتىن ھەيدىلىشى ۋە سىڭلىسىنىڭ تارتىپ چىقىرىلىشى توغرىلىق بىر ئېغىزمۇ باشقىچە گەپ قىلىشقا پېتىنالمايتتى. ئۇ ئانچە ئۇزۇنغا بارمايلا، بولۇپمۇ سىڭلىسى تەلەيخان تارتىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن شىركەت مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولسىمۇ، بەزى يىغىنلارغا قاتناشتۇرۇلمىغىنىغا قاراپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ خۇدۇكسىنىپ يۈردى. پەقەت خىزمەتتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىدە تۇتۇلغان چىرايى بىرئاز ئېچىلاتتى. ئۇ ئايالى ھاشىخانغا سىڭلىسى تەلەيخانىنىڭ تارتىپ چىقىرىلىشىنىڭ ۋە ئاپىسىنىڭ زاۋۇتتىن ھەيدىلىشىنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇۋالچىلىق ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ چوقۇم ئاقلىنىدىغانلىقى توغرىلىق ئوچۇق-ئاشكارا گەپ قىلدى. „ھاياتلىقتا ئادەملەرنىڭ بېشىغا ھەر قىسما ئىشلار كېلىدۇ، بىزگە چوڭ كۆڭۈلسىزلىك كەلدى، كۆز ئالدىمىزدىكى قىيىنچىلىقىمىز ئېغىر، بۇ ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ساڭا باغلىق بولۇپ قالدى“ دەپ ئايالى ھاشىخانغا يېلىندى. ھاشىخان گەپ يېمەيدىغان ئايال ئەمەس. ئۆينىڭ تۈۋرۈكى بولۇپ تۇرغان يولدىشى باتۇر قادىر ئۆزىگە مۇنداق يېلىنىپ تۇرغاندا، قېيىن ئاپىسى رازىخانغا قوپال مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ-دە، ھاشىخان ئۆزىگە قاتتىق يېلىنىۋاتقان باتۇر قادىرغا قېيىن ئاپىسى رازىخان بىلەن ئۆتكەنكىدەكلا ئەپ ئۆتۈش توغرىلىق ۋەدە بېرىپ، ئۇنى خېلى خۇشال قىلدى.

باتۇر قادىرنىڭ كۆڭلى ئازادە ئەمەس ئىدى. ئۇ قوغداش بۆلۈمىدىكى گاۋ كېجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئالېكسىينىڭ تەلەيخانغا ئەۋەتكەن خېتىدىكى مەزمۇنلارنى بۇرمىلاپ پرىنسىپقا كۆتۈرۈپ دوكلات قىلغانلىقىنى بىلمەيتتى. گاۋ كېجاڭنىڭ „باتۇرنىڭ ئۆيىدە چەت ئەلگە باغلىنىشلىق باشقىمۇ ماتېرىياللار بار، ئۆيىنى ئاختۇرۇپ كۆرسەك“ دەپ تەلەپ قويغانلىقىدىنمۇ باتۇر قادىر بىخەۋەر ئىدى.

شىركەتنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى جىمجىت. ئۆيلەر قولۇپلاقلىق. بۇ قاتار ئۆيلەردىكى كىشىلەرنىڭ تولىسى ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىغا، مەكتەپ يېشىدىكى بالىلار ئۆزى مەكتەپلىرىگە كېتىشكەن. قاتار ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. باتۇر قادىرنىڭ ئۆيىدە يالغۇز رازىخانلا قالغان، ئۇ

ئوغلى، كېلىنى ۋە مەكتەپكە كەتكەن نەۋرىسى غالىبجانلار ئۈچۈن چۈش-
لۈك تاماق ئېتىش تەرەددۇتىدا خېمىر يۇغۇرۇپ بولۇپ، سەي ئادالاش
بىلەن بەنت ئىدى. رازىخان ئوغلى باتۇر قادىرنى ئۇلامبايدا مەجبۇرىي
ئەمگەك قىلىۋاتقان بىچارە تەلەيخاننى يوقلىغىلى ئەۋەتىشنى ئويلاپ تۇرغى-
نىدا باتۇر قادىر ئۆيىگە غەمكىن كىرىپ كەلدى. رازىخاننىڭ "يوقلاپ
بارغىن" دېگەن سۆزى چىقار-چىقمايلا باتۇر قادىر رەت قىلدى.

— ئانداق بولسا سەن بارمىساڭ مەن باراي، — دەپ ئاچچىقلاندى
رازىخان.

— ئاپا، ھازىرچە بارماي تۇرغىن. ئۇنى بۈگۈن ئۇلامباي ئۈستەڭ
قۇرۇلۇشىدىن قايتۇرۇپ كېلىش گېپى بولدى، مەن ئەھۋال ئىگەللەپ
كېلەي، — دېدى-دە مەيۈس ھالدا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ روھىي
چۈشكۈن ئىدى. گاۋشىمىن شىركەتتە قوغداش بۆلۈمى كېجاڭلىقنى پەش
قىلاتتى. شىركەت رەھبەرلىرى بىلەن ئاما يىغىلىپ قالغان جايلاردا "باتۇر
قادىر سىڭلىسىدىن چەك-چېگرا ئايرىشى لازىم" دەپ ئۆزىنى پرىنسىپتا
چىڭ تۇرغان قىلىپ كۆرسەتتى. باتۇر قادىرمۇ سىڭلىسى تۈپەيلى شىركەتتە
چوڭ گەپ قىلالمايتتى. رازىخان كۆپنى كۆرگەن ئۇ ساۋاتسىز ئايال
ئەمەس. ئۇ ئوغلى باتۇر قادىرنىڭ دەككە-دۈككىدە يۈرگەنلىكىنى بىلىدۇ.
مەرھۇم يولدىشى قادىرى ھەمدۇللايىۋ قۇربان بولۇشتىن قورقماي كۈرەش
قىلىپ كۈتكەن، ئارزۇ قىلغان بۇ ئازاد زامان ھەرگىزمۇ قىزى تەلەيخان
بىلەن ئوغلى باتۇر قادىرنى مۇنداق ئېغىر ئۈۋالچىلىققا قويمايدۇ، دەپ
بىلەتتى. رازىخان قىزى تەلەيخاننىڭ ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا
چىقىپ كېتىشكە ھەرىكەتلىنىشىنىڭ ئۆزىگە ۋە ئوغلى باتۇر قادىرغا ۋەھىمە،
ئېغىر تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ھېس قىلىپ
بولالمىغان ئىدى، ئۇ باتۇر قادىرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ تامغا ئېسىقلىق يوغان
سائەتكە بىر قارىۋالغاندىن كېيىن ياندىكى ئۆيىگە كىرىپ يۇيۇپ تازىلاپ
بولغان پىدىگەن، پەمدۇر، لازىلارنى توغراش ئۈچۈن قېلىن ئەمبەل
ئۈستىگە قويدى-دە، ھويلىدىكى ئوچاق بېشىدىن يوغان چەيدۇنى ئېلىۋې-
تىپ، ھويلا ئىشىكىنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ تاقىلداتقان قوپال ئاۋازنى

ئاڭلىدى. ئىشكنى تاقىلدىتىپ ئۇرغانلارنىڭ بىرقانچە كىشى ئىكەنلىكى ئۇلارنىڭ يۆتىلىشلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. رازىخان سىرتتىكى كىشىلەر-نىڭ ئىشكنى پۇتلىرى بىلەن تېپىپ ”ئىشكنى ئاچ“ دەپ ۋارقىراشلىرىغا قاراپ ئۇلارنىڭ ئۆيگە مېھمان بولۇپ كەلگەن ئادەملەر ئەمەسلىكىنى بىلدى. ئۇ ھويلىنىڭ سىرتىدىكى ئادەملەردىن قورقۇپ كەتمىدىيۇ، بىرئاز خاتىرجەمسىزلىنىپ:

—ھەر قايسىلىرى كىم بولىشىلا؟—دەپ سورىدى.

—سورىماي ئىشكنى ئاچماسەن؟—دەپ بىراۋنىڭ قوپاللىق بىلەن ۋارقىرىغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ:

مانا ھازىر!—رازىخان قولىدىكى چەيدۇنى قازان بېشىغا ياكى ئۆيدە-كى ھەرخىل كۆكتاتلار قويۇلغان ئەمبەل ئۈستىگە قويۇپ قويۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي ئىشكنىڭ تاقىقىنى تېز ئاچتى. تاشقىرىدىن رەڭگىرويى ئۆچ-كەن، ئەلپازى قورقۇنچلۇق، جان ئالىدىغان قاتىلدەك كۆزى قىزارغان ھېيىت بارات ۋە باسما زاۋۇت مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى چاڭ باۋشۇ ۋە رازىخان زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئىككى ياش بالا كىرىپ كەلدى. يۈزى چوقۇر ھېيىت بارات بېلىكىدىكى چۇشۇپ قالايلا دەپ قالغان قىزىل يەڭ بەلگىسىنى ئۈستىگىرەك تارتىپ يېرىمى خەنزۇچە، يېرىمى ئۇيغۇرچە سۆز قىلدى. ئۇنىڭ ئاۋازى خېلىلا قوپال ئىدى:

— ماۋۇ قېرى كەمپىرنى قاراڭلار، ئىشكنى ئاچ دېسەك، چەيدۇ كۆتۈرۈپ چىققىنىنى!—دەپ ۋارقىرىدى ئۇ. ئىككى ياش بالا بۇيرۇقسىزلا ئالدىراپ رازىخانغا يېپىشىپ ئۇنىڭ قولىدىكى سەي توغراشقا ئالغان كونا چەيدونى زورلۇق بىلەن تارتىۋالدى.

—سىلەر نېمە قىلماقچىسىلەر؟—دەپ ۋارقىرىدى رازىخان.

—بىز چەت ئەلگە باغلانغان قىزىڭنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇشقا كەلدۇق! قىزىڭ تاھازىرغىچە بىزگە تەكشۈرۈش ماتېرىيالى تاپشۇرمىدى، سىلەر بەرمىسەڭلار، بىز ئۆزىمىز ئاختۇرۇپ مەجبۇرىي ئېلىۋالىمىز!

—سىلەردە ئۆي ئاختۇرش ئۇقتۇرۇشى بارمۇ؟ ئۆيدە قىزىممۇ، ئوغ-لۇممۇ يوق. چىقىپ كېتىڭلار، مېڭىڭلار، كېيىن كېلىڭلار!—دېدى راز-

خان جۇرئەت قىلىپ. رازىخاننىڭ بۇ سۆزلىرىنى ھېيت بارات ھەزىل قىلىپ چالا تەرجىمە قىلىپ بەرگەن ئىدى، چاڭ باۋشۇ ئاچچىقلىنىپ ئۆيدە ۋارقىراپ كەتتى:

— ئۇقتۇرۇش دەمسەن؟ ئۇقتۇرۇش دېگەن بىز! — دېدى ئۇ جان ئالدىغان ئەزرائىلدەك ھۆرپىيىپ ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ. ئاندىن باشلاپ كەلگەن ئادەملىرىنى چوڭ ھويلىنىڭ سول تېمىغا يانداپ سېلىنغان رازىخان بىلەن تەلەيخانغا تەۋە ئۆيىنى ئۇڭ قولى بىلەن كۆرسىتىپ تېز ئاختۇرۇشقا بۇيرۇدى. رازىخان داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى.

چاڭ باۋشۇ شىركەت مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنىڭ رازىخان بىلەن تەلەيخاننىڭلا ئۆيىنى ئاختۇرۇشنى، باتۇر قادىرنىڭ ئۆيىگە تەگمەسلىكنى ئالاھىدە تاپىلىغان بولغاچقا، ئۇلار باتۇر قادىرنىڭ ئۆيىگە قاراپمۇ قويمىدى. باتۇر قادىر يەنىلا شىركەت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىدى. باسما زاۋۇت مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى تەلەيخاننىڭ ماتېرىياللىرىنى يىغىپ رەتلەپ يوللاش ئارىلىقىدا بىرەر يېڭى پاكىت چىقىپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن تەلەيخان ياتقان ئۆيىنى ئاختۇرماقتا ئىدى. ئۇلار رازىخاننىڭ ئۆيىنى يېرىم سائەتچە ئاختۇرۇپ ھېچنېمە تاپالمىدى. چاڭ باۋشۇ ئۈستىگە ئورۇن كۆرپە، يوتقانلىرى يىغىلغان كونا ساندۇقنىڭ ئىچىنى ئاختۇرۇپ، بىرنەچچە كىتابنى تاپتى. بۇ كىتابلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا بۇرۇن نەشر قىلىنغان رۇسچە لېنىن ئەسەرلىرى ئىدى. چاڭ باۋشۇ كۆرەينەكنى يان يانچۇقىدىن ئېلىپ، قول ياغلىقىدا سۈرتۈپ بولۇپ تاقاپ، كونىراپ كەتكەن بىر كىتابنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئاچتى.

— بۇ كىمنىڭ سۈرىتى؟ — دەپ سورىدى ئۇ يەر ئاستىدىن كۆزىنى چەكچەيتىپ رازىخانغا قاراپ. ھېيت بارات ئۆز باشلىقىنىڭ گېپىنى چالا بولسىمۇ تەرجىمە قىلىپ بېرىۋىدى، رازىخانمۇ ئۇنىڭ سوئالىغا لايىقىدا جاۋاب بەردى:

— بۇ — ئازادلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتكەن يولداشىمدىن قالغان مىراس — لېنىننىڭ كىتابى، بۇ — ۋلادىمىر ئېلىئىچ لېنىننىڭ ياش ۋاقتىدىكى سۈرىتى ئەمەسمۇ؟ سىلەر تونۇيالمىدىڭلارما؟ — دەپ

قايتۇرۇپ سوئال سورىدى رازىخان ۋە "ئۆز ئۇرنىنى ناھىيە دەرىجىلىككە كۆتۈرۈش يولىدا چوڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بىر دۆلەت كادىرىنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلغان خەلقئاراغا مەشھۇر ۋىلادىمىر ئىلىچ لېنىننى تونۇمايۋاتقانلىقىنى مۇشۇ تاپتا بىرەر چەت ئەللىك كۆرسە نېمە دەپ قالار؟" دەپ ئويلىدى.

كەينى تەرىپى خۇددى تۆگىدىغان خوتۇننىڭكىدەك يوغان، بويىنى قىسقا، پاكار-دۇغلاق چاڭ باۋشۇ رازىخانىنىڭ جاۋابىغا قاتتىق ئاچچىقلاندى-يۇ، تۆتۈتلەپ گەپ قىلالمىدى. دەل شۇ چاغدا ھېيت بارات چوقۇر يۈزىنى پۇرۇشتۇرۇپ قىزىل يەڭ بەلگىسىنىڭ ئورۇق بىلىكىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ قالغىنىنىمۇ تۇيماي خۇشاللىقىدىن ئەس-ھوشىنى يوقاتقىدەك بولۇپ بىر تۇتام كونا رۇسچە پېرىنتىكى بىر سان گېزىتنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقتى. چاڭ باۋشۇ 1923-يىلى 3-ئاينىڭ 4-كۈنىدىكى "پراۋدا" گېزىتىنى قولىغا ئالدى. گېزىت بەكمۇ كونىراپ كەتكەن ئىدى. ئۇ گېزىتتىكى "ئاز بولسۇنمۇ، ساز بولسۇن" دېگەن ماقالىنىڭ لېنىننىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. بىرقانچە يەردە سۇپەتسىز بېسىلىپ قالغان ئۈچ پارچە مۇقاۋا بېتىنى قوللىرىدا پۇلاڭلىتىپ چاڭ باۋشۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. دەپتەر تېشى قىلىش ئۈچۈن پۈكلەنگەن، ماۋجۇشى بىلەن لىن بياۋنىڭ سۈرىتى بار سۇپەتسىز بېسىلىپ قالغان كۆيدۈرۈۋېتىشكە تېگىشلىك مۇقاۋا بەتلىرىنى كۆرگەن چاڭ باۋشۇ:

—مۇشۇ ماتېرىياللارنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك، ئاختۇرۇشنى توختىتىڭلار، قايتايلى،—دەپ ۋارقىرىدى.

—يولداش چاڭ باۋشۇ، ماۋۇ رۇسچە گېزىت ئىچىدە بىر قولىيازما شېئىرمۇ بار ئىكەن،—دېدى ھېيت بارات تۆتۈتلەپ. بۇ رازىخاننىڭ مەرھۇم يولدىشى قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئەكسىيەتچىلەر تۈرمىگە ئېلىپ كېتىشتىن بىر ھەپتە ئىلگىرى يازغان شېئىرى ئىدى. ھېيت بارات قىچىشقان مۈرىسىنى تاتىلاپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقان چاڭ باۋشۇغا مەزمۇنىنى چالا تەرجىمە قىلىپ قويىماسلىق ئۈچۈن تۆتۈتلىگەن پېتى شېئىرنى ئىچىدە ئوقۇشقا باشلىدى. شېئىر مۇنداق باشلانغان ئىدى:

ئىنقىلابقا قارشى چىقتىڭ بىزگە بارى-يوقنى تاپشۇر،
چۈشۈمدە يان قورال كۆردۈم: قولۇڭدىكى ئوقنى تاپشۇر.
ئالتۇن ئۈزۈك تاقىۋالدىڭ پەلتو كىيىپ قېتىۋالدىڭ،
ياخشى يېدىڭ ياخشى ئىچتىڭ قارىنىڭدىكى توقنى تاپشۇر.
چاقمەن داپ، دوتارڭنى "تىنچ تۇرۇپلا" دېمىدىڭ سەن،
"خانلەيلۇن"نى تولا ئېيتتىڭ كۆڭلۈڭدىكى زوقنى تاپشۇر.
تەرغىباتىڭ بوھتان، ھەيۋە ئېگىل دېسەم غادايدىڭ سەن،
ھەق يولۇمغا تىكەن بولۇپ دوق قىلدىڭ سەن، دوقنى تاپشۇر.
قادىرى سەن ۋەتىنىڭنىڭ بەرگەن سۈتىگە رازىلىق،
ئال قولۇڭغا گاڭ قورال، ئات، ياۋ قەلبىگە ئوقنى تاپشۇر.

رازىخان ئۇلارنى كۆزىنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ، ھومىيىپ قاراپ، غەزەپ بىلەن ئىشكى تۈۋىدە تۇردى. ئۇ ئۆيىنى ئاختۇرۇشقا قارشىلىق كۆرسىتىشىنىڭ ھېچقانداق نەتىجە بەرمەيدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ھويلا ئىچىدە يەككە-يېگانە قالدى. ھويلىنى جىمجىتلىق قاپلىدى. ئۇ قىزى تەلەيخاننىڭ ئۇلامبايدىكى ياشلار ئۆستىكى قۇرۇلۇش مەيدانىدىن قايتۇرۇپ كېلىنىپ، باسما زاۋۇتقا قاماپ قويۇلغانلىقىدىن خەۋىرى يوق ئىدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىنغان تەلەيخاننىڭ "چەت ئەلگە باغلانغان ئۈنسۇر" ئىكەنلىكى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش ماتېرىيالى ۋە رازىخاننىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇش نەتىجىسى ئېلان قىلىندى. شىركەتكە قاراشلىق دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ سانى كۆپ، تەلەيخان بىلەن رازىخانغا شىركەت تەۋەلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئورۇن تەگمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گاۋ كېجاڭ ئۇلارنىڭ ماتېرىياللىرىغا سېكرېتار لاۋشۈينىڭ كىرگۈزمەڭلار، دەپ تاپىلىغان ئالېكسىينىڭ تەلەيخانغا يازغان خېتى بىلەن رازىخاننىڭ ھەرھۇم يولدىشى قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ "تاپشۇر" ناملىق شېئىرى ۋە ماۋجۇشى بىلەن لىن بياۋنىڭ قىزىل يەڭ بەلگىسىگە بىرئاز پۈكلەنگىنى ھالدا كۆك سىيا تېگىپ كەتكەن سۈرەتلىرىمۇ

كىرگۈزۈلگەن بولغاچقا، دەررۇ يىغىۋېلىش ئورنىغا بۇيرۇلۇپ، جەنۇبىي
شىنجاڭغا، يەنى قاراشەھەر دەرياسى ۋادىسىدىكى قاربۇلاق يېزىسىغا كۆچ-
شى ئەزالىرى نازارىتىدە ئەمگەك قىلىپ ئىدىيە ئۆزگەرتىشكە چۈشۈرۈلدى.

# يەتتىنچى باب

## باغراشتىن چىققان ”سۇ ئادىمى“

ھەربىر ئادەمنىڭ ھەرىكىتى سىرتقى دۇنيانىڭ مەجبۇرلىشىغا ئۇچراش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئىچكى مۇقەررەرلىككە ماسلىشىدۇ.*

—ئېينىشتېين

دۇنيادا ئادەمنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەن نەرسىلەر بولغىنىدەك ئادەم قەدەم باسمىغان، كۆرۈپ باقمىغان جايلارمۇ بولىدۇ. تەكلىماكان-تارىم ئويمانلىقى بىلەن باغراش كۆلى ئىچى ئەنە شۇنداق جايلاردۇر. تېرىلغۇ يېرى باغراش كۆلى بويلىرىغا تۇتىشىپ كېتىدىغان مۇنبەت قارىبۇلاق يېزىسى ”قىزىلبايراق“ گۇڭشېسىغا ئۆزگەرگەندىن كېيىن گۇڭشېغا قارايدىغان قارىبۇلاق كەنتىمۇ ”قىزىلبايراق“ دادۈيى بولۇپ ئۆزگەردى. ”قىزىلبايراق“ دادۈيى ”شەرق قىزاردى“ دادۈيىگە قوشنا باغراش كۆلگە ئانچە يىراق بولمىغان يېرى مۇنبەت، ئاھالىسى زىچراق رايونغا جايلاشقان. ”شەرق قىزاردى“ دادۈيدىكى گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى جياڭسۇ، ئەنخۇي، خۇبېي، خېنەن... ئۆلكىلىرىدىن چىققانلار ئىدى. رازىخان بىلەن

* 1921-يىلى ئېينىشتېيىننىڭ نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندە مۇكاپاتنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمدا قىلغان سۆزىدىن.

تەلەيخان ”قىزىلبايراق“ دادۇيگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تەلەيخان بىر چاغلاردا قورغاس چېگرا ئېغىزى ئەتراپىدا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان ۋە ئۆزىگە ئازار بېرىپ ”سوۋېت ئىشپىيونى“ دەپ دۆشكەللىگەن قېيۇم توختى بىلەن بۇ ”قىزىلبايراق“ كەنتىدە ئۇچرىشىپ قېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى. ”قىزىلباراق“ گۇڭشېسىنىڭ پارتكوم سېكرېتارى ليۇ شۈەي يۇقىرى-نىڭ: ”بۇ ئىككىيلەننى خەنزۇ دېھقانلىرىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان شەرق قىزاردى دادۇيگە ئورۇنلاشتۇرۇڭلار“ دېگەن يوليورۇقىنى تەھلىل قىلىپ ”بۇ ئىككىيلەن ئۇيغۇر، مۇسۇلمان، ئۆرپ-ئادىتى بىزنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، شۇڭا ‹قىزىلـبايراق› دادۇيـگە ئورۇنلاشـتۇرغىنـىمـىز ياخشـى“ دەپ ھېسابلىدى.

”قىزىلبايراق“ گۇڭشېسىدا مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئەڭ كېچىكىپ باش-لاندى، دېسىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭغا پارتكوم سېكرېتارى ليۇ شۈەينىڭ سەۋەب-چى ئىكەنلىكىنى دەسلىپىدە ھېچكىم بىلمىدى. ”ئاشلىق ئۇچۇن كۈرەش، ئىشلەپچىقىرىشنى يۇكسەلدۈرۈش، كۆزلۈك يىغىم، مول ھوسۇل ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش...“ چاقىرىقلىرىنى ئۇدا ئوتتۇرىغا قويغان ليۇ شۈەي پارتكوم يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان بەزى يولداشلارنىڭ ”تۆت كونىنى بۇزۇش، تارتىپ چىقىرىش، تەنقىد قىلىش“ تەشەببۇسلىرىغا قوشۇلماي بولمىدى. چۈنكى يۇقىرىدىن كەلگەن ھۆججەتلەر بىلەن گېزىتلەرنىڭ ھەممىسىدە ”تۆت كونىنى بۇزۇش، تارتىپ چىقىرىش، كۈرەش قىلىش“ تەشەببۇس قىلىنماقتا ئىدى. دەرۋەقە، ”قىزىلبايراق“ گۇڭشېسى بويىچە چوڭ تەنقىد يىغىنى ئېچىلىپ، پومېشچىك، باي دېھقانلاردىن بىرقانچىسى تارتىپ چىقىرىلدى. شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغاندىن كېيىن 1958-يىلى ”يەرلىك مىللەتچى“ قالپىقىنى كىيىپ بۇ يېزىغا چۈشۈرۈلگەن جېلىل راخمان قاتارلىقلارمۇ تارتىپ چىقى-رىلىپ كۈرەش قىلىندى. ”ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش“ دېگەن چاقىرىقتىكى ”ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش“ دېگەن سۆزنى كۆپرەك تەكىتلىگەن ليۇ شۈەيمۇ بەزى گۇڭشې پارتكوم ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ دارتمىلاپ قىلغان تەنقىدىگە ئۇچرىدى. لېكىن ليۇ

شۇەي بۇنىڭغا ئاچچىقلانمىدى. ئۇ رازىخان بىلەن تەلەيخاننى يۇقىرىنىڭ تەلىپى بويىچە ئەمەس بەلكى ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بويىچە ”قىزىلبايراق“ دادۈيگە ئورۇنلاشتۇردى.

”قىزىلبايراق“ دادۈيدە قورغاستىن 1963-يىلى بۇ دادۈيگە قايتىپ كېلىپ، قايتا ئولتۇراقلاشقان قېيۇم توختى ئۈچىنچى دۈينىڭ دۈيجاڭى ئىدى. ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇ ئىككىيلەننى ئۆز دۈيگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغانلىقتىن لىۇ شۇەي ماقۇل كۆرۈپ، رازىخان بىلەن تەلەيخاننى ئۈچىنچى دۈيگە ئەۋەتتى.

قېيۇم توختى قورغاستىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىرئاز ياۋاشلىدىشىپ قالغان ئىدى. ئۇ تەلەيخاننى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالدى. بىر چاغلاردا ئۇنى ”سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشپىيونى“ دەپ تۇتۇپ ئېلىپ كەلگىنىدە رازاق ھوشۇر قويۇۋەتكىنىنى ئېسىگە ئېلىپ چوڭقۇر ئويلاندى: ”بۇ قېتىممۇ خەققە داۋراڭ سالسام ئاقىۋىتىدە ماڭا نېمە پايدىسى تېگەر؟ ئاپام: ئاكتىپ بولمىغىن دەپ بەكمۇ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمە، بالام، دەپ كايىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە گوڭشې پارتكوم سېكرېتارى لىۇ شۇەي بۇ ئىككىيلەن توغرىلىق تۈزۈكرەك بىرنېمە دېمىدى، پەقەت شەھەردىن يېزىغا كېلىپ ماكانلىشىدىغان ئىككى ئادەم بار، دەپلا قويدى. تېخى تەلەيخاننىڭ چىرايلىقلىقچۇ؟ ھازىرچە تاشلىۋېتىلگەن قوي قوتىنىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، كېيىن ئەپلەشكۈدەك بولسا تەلەيخاننى ئۆيگە ئەكىلىۋالسام...“

تەلەيخانمۇ قېيۇم توختىنى تونۇدى، ”مېنى 1962-يىلى ئىلى ۋادىسىدا— قورغاستا سوراققا تارتىپ دۆشكەللىگەن قېيۇم توختىنىڭ دەل ئۆزى، بىر ياخشىغا بىر يامان ھەر جايدا بار يار-يار، دېگەن ناخشىنىڭ دەل ئۆزى، ئادەمنىڭ نەگىلا بارسا بىر كۈشەندىسى بولىدۇ، دېگەن گەپ راست ئوخشىمامدۇ، رەقىبلەر تار يولدا دوقۇرۇشۇپ قالسا بىربىرىگە يول بەرمەيدۇ، دېگەن گەپ بار، بىزگە، بىزنىڭ ياششىمىزغا يول بېرەمدۇ-يوق، بۇ ئەبلەخ، بىزنى باشقا دۈيگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلساق، گوڭشې پارتكوم سېكرېتارى لىۇ شۇەي نېمە دەر؟“ دەپ ئويلىدى ئۇ. لېكىن ئۇ ۋاتىلداق، ئۈستى-ئۈستىگە سوئال سوراپ چالۋاقايدىغان قېيۇم توختى

ئۆزىگە تونۇشلۇق بىرىپ قىزغىن مۇئامىلە قىلغىنىغا قاراپ بۇرۇن ئىلى ۋادىسىدا ئۆزىگە قوپال مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كەچۈرۈۋەتتى. كەچۈرمەيمۇ ئىلاجى يوق ئىدى. ئۇلار ئۆز-ئۆزىگە قاتتىق ئىشىنەتتى، ھامان بىر كۈنى ئۆزلىرىنىڭ ئاقلىنىدىغانلىقىغا، نامى ئەسلىگە كېلىپ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى چوڭقۇر ئىدى. شۇڭا رازىخان بىلەن تەلەيخان كۆز ئالدىدىكى خورلىنىشلارغا چىداشلىق بىرىپ، ياخشى كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ئۇلار ”قىزىلبايراق“ دا-دۈيگە تەۋە كالا، قوي قوتىنىنىڭ يېنىدىكى يەم-خەشەك ئىسكىلاتى قىلىن-غان كىچىك ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يەم-خەشەك ئىسكىلاتى قىلىنغان بۇ ئۆي قوپقۇرۇق ئىدى. ھەرقايسى دۈيلەر بۇ ئۆينىڭ كەم-كۈتىسىنى تولدۇرۇپ بەردى. بىر ھەپتىدىن كېيىن باغراش كۆلى بويىدىكى ئايكەلدى دېگەن جايغا داۋيىنىڭ ئون سەككىز كالىسىنى بېقىشقا ئەۋەتكەن ”يەرلىك مىللەتچى“ قالپىقى بار جېلىل راخمان ئاغرىپ قېلىپ قايتىپ كەلگەن ئىدى. ”قىزىلبايراق“ داۋيى ئۇنىڭ ئورنىغا رازىخان بىلەن تەلەيخانى ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ”قىزىلبايراق“ گۇڭشېسىدا تېخمۇ يۇقىرى دولقۇن-غا كۆتۈرۈلدىغان ”تارتىپ چىقىرىش، كۈرەش قىلىش“ لاردىن ۋاقتىنچە قۇتۇلۇپ قالدى.

ئايكەلدىگە كالا بېقىش ئۈچۈن بېرىشقا ”قىزىلبايراق“ داۋيىدىكى-لەرنىڭ ھەممىسىلا قورقىدۇ. بۇنىڭ ئادەملەرگە جاۋابى تېپىلمىغان تېپىش-ماقتەك سىر بولۇپ كەتكەن سەۋەبى بار. ئۈچىنچى دۈيدە موسا تاپقاق دەيدىغان بىر دىنىي تەقۋادار بولىدىغان ئۇ بويى پاكار، كەكە ساقىلى بار، قىش كۈنلىرى ئاخشىمى تېخى سوۋۇپ بولمىغان تونۇر بېشىدا ئولتۇرۇپ كىشىلەرگە قىزىقچىلىق قىلىدىغان، تېپىشماق ئېيتىلغان ھامان بىر ئويلىنىپلا توغرا جاۋاب تاپىدىغان تېتىك ئادەم ئىدى. ئۇ ئايكەلدىگە بىر قېتىم كالا بېقىشقا بېرىپلا تاسادىپىي ئۇچراپ قالغان سۇ ئادىمىگە ئالاقىدار بىر تېپىشماقلىق مەسىلىگە جاۋاب تاپالمىدى. بەلكى ئايكەلدى دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان ھامان دىر-دىر تىترەپ قورقىدىغان بولۇپ قالدى.

—ئون نومۇر ئەمەس، يۈز نومۇر بەرسەڭلەرمۇ ئايكەلدىگە كالا

باقىلى بارمايمەن،—دېدى بىر كۈنى دۈيجاڭ قىيۇم توختىغا،—ئايكەلدىدە كالا باقىچە ئۆز ئۆيۈمدە ئاچ-توق يۈرۈپ جان ساقلىغىنىم ياخشى.

—نېمىشقا بارمايلا، موسا ئاكا،—دەپ ھەيران قېلىپ سورىدى قېيۇم توختى دۈيجاڭ.

—ئايكەلدىدە سۇ ئادىمى بار ئىكەن، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، سۆزلىسەم سىلەر كۆرمىگەندىن كېيىن ئىشەنمەيسىلەر. يازنىڭ ئىسسىق بىر كۈنى كەچتە ئۈچ كالا يوقاپ كەتكەن ئىدى، ئاران مۇشەققەتتە باغراش كۆلىنىڭ چېتىدىكى بىر قومۇشلۇقتىن تاپتىم. ئۈچ كالىنى ھەيدەپ كېلىۋېتىپ، كەينىمگە قاراپتىمەن يېقىنلا بىر يەردىن ئوت ئۇچقۇنى كۆرۈن-دى. ئەسلىدە بۇ يېقىن ئەتراپتا مەندىن باشقا ئادەمزات يوق ئىدى. كۆيۈۋاتقان ئوت ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈپ يېقىنلىشىشىمغا ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، ئادەم سىياقى بار بىر مەخلۇق، پالاق-پۇلۇق قىلىپ سازلىققا يېقىلىپ ئۆملەپ چۆلتۆككىدە سۇغا چۆشۈپ كەتتى، قورقىنىمدىن جان-پېنىم چىقىپ كەتكەندەك بولدى. كۆزۈمنى يوغان ئېچىپ قارىسام كۆيۈپ بولغان ئوت چوغى ئۈستىدە خام پىشۇرۇلغان بىر يوغان بېلىق ۋە بىرقانچە ياۋا ئۆردەك تۇخۇملىرىنىڭ شاكاللىرى تۇرۇپتۇ. جىن دېسە جىن ئەمەس، نەق سۇ ئادىمى، سۇ ئۈستىدىمۇ، سۇ ئاستىدىمۇ ياشىيالاي-دىغان مەخلۇق. قورقۇپ كەتكىنىم ئۈچۈن شۇ كېچە كالىلار ئارىسىدا كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزدۇم. سۇ ئادىمىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇيقۇ كېلەمدىغان؟ ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئالدىراش ماڭغان پېتى ئايكەلدىدىن قايتىپ كېلىپ ئۇھ دېدىم. نەچچە ئايدىن بېرى ئايكەلدىگە ئوغرى كەلمىگەن تۇرسا، كالىلارنى بىر-ئىككى كۈن يالغۇز تاشلىۋەتكەنگە ئوغرى كېلەمتى؟ مېنىڭ ئورنۇمغا باشقا بىرسىنى ئەۋەتىڭلار، مەن ھەرگىز بارمايمەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ دۈيجاڭ قىيۇم توختى تېگىرقاپ ئايكەلدىگە كىمنى بەلگىلەشنى بىلەلمەي تۇرغىنىدا شەھەردىن بۇ يېزىغا ئىككى ئادەم چۈشكۈدەك، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆز دۈيگە ئەۋەتىشنى ئەڭ ئالدىدا تەلەپ قىلغان، ھەم رازىخان بىلەن تەلەيخاننى ئايكەلدىگە ئەۋەتكەن ئىدى.

ئايكەلدى— كورلا ۋە قاراشەھەردىن يىراقتا، باغراش كۆلىنىڭ كۆن- چىقىش تەرىپىگە جايلاشقان، ئادەمزات كەم بارىدىغان سازلىق، قومۇشزار جاي. يازنىڭ ئىسسىق كۆنلىرى پاشىلار راسا ۋىژىلدايدىغان، كۈز كۆنلىرى تىنىمسىز تۆردە كۆل تەرەپتىن سوغ شامال ئۇرۇپ تۇرىدىغان بۇ جايدا ئورۇلغان قومۇش باغلاملىرى بىلەن قاشالانغان كالا قوتىنى جايلاشقان. بۇ كالا قوتىنىغا يېقىنلاشقان ئادەم قوتاننىڭ يېنىدىكى قومۇش لەمپىلىك ئىككى-ئۈچ كىشى ئارانلا سىغىدىغان ئۆي ۋە بۇ ئۆي ئالدىدىكى كىچىك- كىنە قازان پاتقۇدەك يەرنى ئويۇپ ياسىغان ئوچاقنى كۆرىدۇ.

رازىخان بىلەن تەلەيخاننىڭ ۋەزىپىسى كالا بېقىشلا ئەمەس، كالىلار- نى كەچكۈزدە داۋىگە قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىنكى قىشلىق يەم-خەشەك تەييارلاش ۋەزىپىسمۇ يۈكلەنگەن. كالىلارنىغۇ باقماق ئاسان، كەڭ ئو- چۇقچىلىقتا قويۇۋەتسە بەھۇزۇر ئوتلاپ قورسىقىنى ئۆزلىرى ئىختىيارىچە تويغۇزىدۇ. شۇنىسى كالىلار بەكمۇ يىراققا بارمىغىنى ياخشى. بەك يىراقلاپ كەتسە، ”قىزىلبايراق“ گۇڭشېسىغا قاراشلىق ”شەرق قىزاردى“ داۋىدىكى- لەرنىڭ كەنجى قوناقلىقىغا بېرىپ قالىدۇ. كالىلار ئانچىكى باشاق تۇتقان قوناقلىققا كىرىپ قالىدىغان بولسا قورساقلىرى تويۇپ قالغىنىغا قارىماي يەپ، چەيلەپ كەنجى قالغان قوناق شاخلىرىنى رەسۋا قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا ئۇلار كالىلارنىڭ ئاشۇ قوناقلىقىغا بېرىپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئېھتىيات قىلاتتى.

ئادەم ياشايمەن دەيدىكەن، مەيلى خالىسۇن، خالىمىسۇن، ئۆزى ياشاپ تۇرغان مۇھىتقا ماسلىشىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ماسلىشىشقا مەجبۇر بولغان ئىكەن، كونكرېت تۇرمۇشقا كۆنمەي مۇمكىن ئەمەس. رازىخان بىلەن تەلەيخان ئېغىر دۆشكەللەشلەرگە ئۇچراپ قارىبۇلاق يېزىسىغا چۈ- شۈرۈلگەندىن كېيىن ئاڭلايدىغان تىل-هاقارەتنى ئازايدى، لېكىن قىلىدىغان ئىشلىرى ئازايمىدى. بەلكى كۆپىيىپ كەتتى. بۇ ئەتراپتا ئۇلارنى هاقارەت- لەيدىغان ئادەم يوق ئىدى، ھەر قايسى گۇڭشېلار ئات، كالا، قوي بېقىشقا ياكى ئوت-چۆپ ئورۇشقا باغراش كۆلى بويىدىكى ئايكەلدىگە ئەۋەتكەن ئادەملەر ساناقلىقلا بولۇپ، ئۇلار تارقاق ئورۇنلاشقانلىقتىن بەزىلىرى ئاي-

كەلدىگە كېلىپمۇ قالاتتى، ئۇلار رازىخان بىلەن تەلەيخاننىڭ تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرەش قىلىنىپ بېرىشىغا چۇشۇرۇلگەنلىكىدىن خەۋەرسىز بول-غاچقا، قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى. رازىخان ئۆزىگە تونۇش بولمىغان بۇ ئادەملەرنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىگە قاراپ ئىچىدە: ”تووۋا، بىزنىڭ تىل-ھاقا-رەت ئاڭلىمايدىغان كۈنىمىزمۇ بولىدىكەن — ھە؟“ دەپ قوياتتى. ئۇلار كېلىپ يېرىم ئاي ئىچىدە ئادەمزادتىن يىراق بولغان ئايكەلدىگە كۆنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىشى ئېغىر بولسىمۇ، قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، تۇتۇلغان چىرايلاردىن، قوپال تىل-ھاقارەتلەردىن يىراق تۇرغاچقا، بەك ئېغىر بىلى-نىپ كەتمىدى. ئۇلار كالا بېقىپ يۈرۈپ شۇ قەدەر قاتتىق ئىشلىدىكى، بىر ھەپتە ئىچىدە يوغان بىرنەچچە چوڭ ھارۋىغا سىغىدىغان ئوت-چۆپ تەييارلىدى. ئورۇلغان ئوت-چۆپلەرنى بىر قۇچاق-بىر قۇچاق قىلىپ قو-مۇشتا باغلاپ، قومۇش لەمپىلىك ئۆيىنىڭ ئوڭ يېنىغا يىغىپ ئېگىز ئوت-چۆپ دۆۋىسى ھاسىل قىلدى. ئەتىگىنى قومۇش باغلاملىرى بىلەن قاشالان-غان قوتاندىن كالىلارنى ئوتلاق مەيدانىغا باشلايتتى. ھەر ئىككىسى ئوت-چۆپ دۆۋىسى تەرەپتە تۇرۇپ كالىلارنىڭ قوتانغا كىرىشى ۋە چىقىشىغا كۆز-قۇلاق بولاتتى. كەچ كىرگەندە قورسىقى تويغان كالىلار ئەتىگەنكى-دەك مۆرىمەي ئۆگىنىپ قالغان قوتىنىغا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كىرىپ كېتەتتى-دە، كۈن ئولتۇرغان ھامان قىغ ئۈستىدە ئېغىناپ يېتىپ كۆشەيتتى.

ئايكەلدىدە كۈن باغراش كۆلىدىن، يەنى بىپايان كۆپكۆك سۇ كۆكسىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ قىيپاش كەتكەن ئانچە ئېگىز بولمىغان ئېدىر كەينىگە پاتىدۇ. كۈن پېتىشقا ئاز قالغاندا ئوت-چۆپ يەپ قورسىقى راسا تويغان كالىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆزلىرىگە تونۇش بولغان قومۇش باغلاملىرى بىلەن قاشالانغان قوتىنىغا كېلىشكە باشلايدۇ. بۈگۈن كەچتە نېمە ئۈچۈندۇر، ئۈچ كالا ۋاقتىدا قايتىپ كېلەلمىدى. شۇڭا رازىخان قىزىنى تاماق ئېتىشكە قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ مەن باراي دېگىنىگە ئۇنىماي قايتىپ كەلمىگەن ئۈچ كالىنى ئۆزى يالغۇز ئىزدەپ كۆل ياقىسى بويلاپ ئوت-چۆپلىرى مول ئېدىرلىقتا يۈرۈپ كەتتى.

10-ئاينىڭ باشلىرىدا باغراش كۆلى بويلىرىغا باشقا جايلارغا قارىغاندا سەل بالدۇرراق سوغۇق چۈشۈشكە باشلايدۇ. ئايكەلدىدە كۈندۈزى ئەس-تەرلىك چاپان ۋە پوپايكا بىلەن يۈرگىلى بولىدۇ. كەچقۇرۇنلۇقى بولسا پوپايكا ئۈستىگە قوشلاپ چاپان كىيمىسە ئىدىر تەرەپتىن كېلىدىغان نەم سوغۇق ھاۋا جاندىن ئۆتىدۇ. رازىخان تور ئىشتان ئۈستىگە چىپەرقۇتتىن يالاڭ ئىشتان كىيگەن بولۇپ يىپلىرى تۆۋەن تەرىپىدىن چۇۋۇلۇشقا باشلىغان پوپايكىسى ئۈستىگە كونىراپ كەتكەن پاختىلىق چاپان ئارتىۋال-غان، گەرچە كالىلارنى ئۇرۇش نىيىتى بولمىسىمۇ باشمالتىقىدىن تومراق، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىرچە كېلىدىغان تاياق كۆتۈرۈۋالغان ئىدى. بىرقانچە يېرىگە ياماق چۈشكەن كالتە قونچلۇق رېزىنكە ئۆتۈكى تۆۋەنلەپ كەتكەن كۆل سۈيى يالاپ قالدۇرغان تەپتەكشى نىپىز قۇم يۈزىگە گويا دەستە-دەس-تە گۈل چەككەندەك ئىز قالدۇراتتى. كۆل سۈيى ئىدىرلىققا پېتىۋاتقان قۇياش ئاسماندا پەيدا قىلغان قان داغلىرىدەك يول-يول نۇرلىرىنىڭ تەسىرىدە قىزىرىپ ئاستا-ئاستا قارايماقتا ئىدى. رازىخان بىر ھازا يول يۈرۈپ ”شەرق قىزاردى“ داۋىيگە قاراشلىق كەنجى قوناقلىققا قايرىلىدى-غان ئىدىرلىقتىن قورسىقى تويغان ئۈچ كالىنىڭ ئۆزىنىڭ كەلگىنىنى تۇيۇپ مۆرىگەن تونۇش ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئوڭايلا تېپىلغان ئۈچ كالىنىڭ يېنىغا كېلىپ قولىدىكى تايىقنى تېزلا كەينىگە يوشۇردى. ئۇ كالىلارنىڭ ئۆزىدىن ئۈركۈشىدىن ئەندىشە قىلىپ ئوڭ قولىدا بىر كالىنىڭ مۈرسىنى ئاستا سىلاپ قويدى. ئۇنىڭ باياتىنلا مېڭىسىنى چۇلغىۋالغان خاتىرجەمسىزلىنىشىنىڭ ئورنىنى خۇشاللىق ئىگىلىگەن ئىدى. ئۇ كالىلارنى قومۇشلۇققا ياندىشقان كۆل بويى بويلاپ قوتان تەرەپكە ھەيدەپ ماڭدى. ئىدىر كەينىگە پاتقان قۇياش غەرب ئاسمىنىدىن قىزغۇچ نۇرلىرىنى بېلىق-چىلار تېپتىنچ سۇ يۈزىدىن تورلىرىنى يىغىۋالغىنىدەك ئاستا-ئاستا يىغىۋال-ماقتا ئىدى. كالىلارنىڭ نەم يەرنى دەسسەپ مېڭىشى بىلىنەر-بىلىنمەس چىقارغان ئاياغ تىۋىشىدىن باشقا ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمايتتى. رازىخان سوغۇقتىن بىرئاز دۈگدىيىپ كونا پوپايكىسى ئۈستىگە ئارتىۋالغان كونا پاختىلىق چاپىنىنى كىيىۋالدى. ئۇ مۇشۇ تاپتا كۆل بويىدا ئۆزى بىلەن

كاللاردىن باشقا ھېچقانداق جانلىق مەۋجۇدات يوقلۇقىغا ئىشەنگىنىچە بەخىرامان كېتىپ بارماقتا ئىدى. توساتتىن قاراڭغۇلۇققا چۆمگەن كۆل بويىدىكى قومۇشلۇقلار ئارىسىدىن شۇۋىرلىغان بوش ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى.

—رازىخان...

بۇ ئاۋاز تونۇشتەكلا قىلاتتى، ئۇ چىپپىدە توختىدى. كاللار بولسا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى شىپىلداپ ئاياغ تىۋىشى چىقىرىپ توختىماي ئالدىغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك باستى: «ئۆمرۈمدە بۇ يەرگە بىر قېتىممۇ كېلىپ باقمىغان تۇرسام، مېنى تونۇيدىغان كىمدۇر بۇ؟ مېنى تونۇمىسا ئىسمىمنى مۇنداق ئېنىق چاقىرالايتتىمۇ؟» دەپ ئويلىدى رازىخان ۋە ئادەمزات ئاۋازى چىققان قومۇشلۇققا قاراپ بوش، بوغۇق ئاۋازدا قورقۇپراق سورىدى:

—مېنى چاقىرغان كىم ئۇ؟

—بۇ—مەن، رازىخان، ئېسىڭىزدىمۇ؟ بۇنىڭدىن يىگىرمە يەتتە يىل ئىلگىرى سىزگە خەۋەر يەتكۈزگەن ھوشۇر قارى بولىمەن.

تاشلانمىغان تېرە جۇۋا كىيگەن، ساقاللىرىنى بولۇشىچە قويۇۋەتكەن، يۈز-كۆزلىرىنى تۈك باسقان بەستلىك بىر گەۋدە قومۇشلۇقلار ئارىسىدىن چىقىپ رازىخاننىڭ ئالدىغا كەلدى.

—رازىخان، مەن ھوشۇر قارى بولىمەن، سىزدىن باشقا بىرسى ئۇچراپ قالسا زادىلا گەپ قىلمايتتىم. بەلكى كۆلگە قاراپ بەدەر تىكىۋېتەتتىم.

—سىلى مېنى قانداق تونۇۋالدىلا، ھوشۇر قارىكا،—دېدى رازىخان ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بايىقى قورقۇش-چۆچۈش، ۋەھىمە ئورنىنى تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىشتىن پەيدا بولغان ھەيران قېلىش تۇيغۇسى ئىگەللىدى. ئۇ ھوشۇر قارىنى تۈرمىدە ئۆلۈپ كەتتى دەپ ئاڭلىغان، ئۇغلى رازاق ھوشۇرنىڭمۇ: «ئاتام ئۆلۈپ كېتىپتۇ» دەپ بىرقانچە قېتىم مەيۈسلەنگەنلىكىنى كۆرگەن ئىدى. ئۇ ئۇشتۇمتۇتلا سورىغان سوئالدىن بىئەپلىك ھېس قىلىپ دەررۇلا باشقا بىر سوئال سورىدى:

—قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىلا، ھوشۇر قارىكا؟
—رازىخان، مەن كۆلدە ياشايمەن. بەزىدە قىرغاققىمۇ چىقىمەنۇ، تېزلا قايتىپ كۆلگە كىرىپ كېتىمەن. سىزنى بىر ھەپتە كۆزەتتىم ۋە بىر چاغلاردىكى رازىخاننىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۇرگەندىن كې-يىنلا چاقىردىم. ئوغلۇم رازاق بارمۇ؟
—بار، ئۇ ئۇرۇمچىدە، قاتناش شىركىتىدە تەرجىمان. شوپۇر لاۋلىيۇ-مۇ بار،—دېدى رازىخان. ئۇ جاۋاب بېرىپ بولۇپ ئۆزىگە يېقىنلىشىۋاتقان ھوشۇر قارىدىن بىرئاز داجىپ كەينىگە بىر-ئىككى قەدەم چېكىندى.
—شوپۇر لاۋلىيۇمۇ بار، دېدىڭىزمۇ؟—دېدى ھوشۇر قارى ھەيران بولۇپ،—ئۇ خەنزۇ بولغىنى بىلەن كۆڭلى ياخشى، ياۋاش ئادەم. بۇرۇن شاڭخەيدىن شىنجاڭغا قايتىشىمدا ئۇنىڭ ماشىنىسىغا چۈشۈپ گەنسۇغىچە بىللە كەلگەن. سورىغانلىقىمنى دەپ قويۇڭ.
رازىخان كۆز ئالدىدا تۇرغان ھوشۇر قارىنىڭ ھازىرقى سەرگەردان ھالىتىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىدى. ”مەن ئۆزەمنى دەردى ئەڭ كۆپ، ھالى يامان، قىيىن ئەھۋالدا قالغان شور پېشانە بىچارە ئايال دەپ ھېسابلاپ يۈرۈپتىمەن. تووا، خەققە ھېچقانداق زىيىنى تەگمەيدىغان بۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالى مېنىڭكىدىنمۇ يامانراق ئىكەن ئەمەسمۇ؟“ دەپ ئويلىدى ۋە:
—ھوشۇر قارىكا، كاللار كەتكىلى خېلى بولدى، مەنمۇ قايتمىسام بولمايدۇ، خوش،—دېدى ئاستا پىچىرلاپ. دەل شۇ چاغدا تەلەيخاننىڭ ئەنسىرەپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.
—ئا...پا!...
ھوشۇر قارى چۆچۈگەن ھالدا قومۇشلۇققا چېكىندى-دە، ۋەھىمىگە چۈشۈپ سورىدى:
—بۇ كىمنىڭ ئاۋازى؟
—قىزىم تەلەيخان چاقىرىۋاتىدۇ.
—ھە، بۇ باتۇر قادىردىن كېيىنكىسىمۇ؟—دېدى ھوشۇر قارى قومۇشلۇققا ئۆزىنى يوشۇرۇپ،—رازىخان، ئەتە كەچ كىرگەندە مەشەگە كېلىڭ. سىزگە نۇرغۇن گەپلىرىم بار. كەلمەي قويماڭ جۇمۇ، مەن كۆلدىن

چىقىپ سىزنى مەشەدە كۈتىمەن.

— ماقۇل، ئامالىنىڭ بىرىچە كېلىشكە تىرىشىمەن، — دېدى رازىخان ۋە قىزى تەلەيخاننىڭ ئاۋازى كەلگەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى. شۇ ئارىلىقتا قولۋاققا چۈشۈپ بولغان ھوشۇر قارىنىڭ پالاق ئۇرغان شەپىسىنى ئاڭلىدى. بىردەمدىلا تېرە جۇۋىغا پۈركەنگەن قارا گەۋدە قومۇشلۇق كۆل بويىدىن غايىپ بولدى. ئىگىز-پەس ئۆسكەن قومۇشلۇقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى سۇ يۈزى بۇلۇتلارنى يىرىپ چىقىۋاتقان ئاينىڭ ئاپئاق يورۇقىدا پاكىز ئەينەكتەك پارقىرايدۇ. قومۇش يوپۇرماقلىرىنىڭ كۈچسىز شامالدا بىلىنەر-بىلىنمەس شىلدىرلىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆل بويى يەنىلا تىپتىنچ. بۇ يەرگە بىرەر قېتىممۇ كېلىپ باقمىغان ئادەم بېشىدىن ھېچ ئىش ئۆتمىگەنلا بولسا بۇ تىپتىنچ كۆل بويىدىكى كېچە مەنزىرىسىدىن قورققۇسى كەلمەيدۇ.

رازىخان ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كۆرۈشمىگەن، ئازادلىقتىن كېيىن بىر پېشكەللىككە ئۇچراپ تۈرمىگە كىرىپ كەتكەن، كېيىن تۈرمىدە ئۆلۈپ كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىغان ھوشۇر قارى بىلەن بۇ كۆل بويىدا ئۇچرىشىپ قېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى. ئۇ ھوشۇر قارى بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغانلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قىزى بىرىنچى قېتىم چاقىرغاندا جاۋاب بەرمەي جىم تۇرۇۋالغان ئىدى. ھوشۇر قارى كۆلگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىنلا: ”مەن مەيەردە“ دەپ ۋارقىرىغان بولدى، ئاپىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تەلەيخان ھاسىراپ-ھۆمۈدىگىنىچە ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— كالىلار كېلىپ قوتانغا كىرىپ بولدى، سەن يوق، كۆلدىن سۇ ئادىمى چىقىپ قالدىمۇ-يا دەپ قورقۇپ كەتتىم. شۇ كالىلارچىلىكمۇ ماڭالمىدىڭمۇ، ئاپا، نېمە دېگەن بىغەم سەن، قورقمىدىڭمۇ؟

— قورقتۇم، قورقسامۇ قانداق قىلاي، نەدە سۇ ئادىمى بولسۇن، كالىلاردىن ئايرىلىپ قېلىپ ئېزىپ قاپتىمەن. ھېلىمۇ سەن ۋاقتىدا كەلدىڭ، بولمىسا ئېزىپ نەلەردە يۈرەتتىمكىن-تاڭ، ئايكەلدى دېگەن بۇ جاينىڭ ھەممىلا يېرى ئوخشاش ئىكەن ئەمەسمۇ قىزىم؟ — دەپ ئالدىغا

ئۆتلۈۋالدى رازىخان ۋە قىزنىغا ياندىشىپ قەدىمنى ئىتتىكلىتىپ يۈرۈپ كەتتى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ”شەرق قىزلاردى“ داۋىدىكىلەرنىڭ ئوت-چۆپ باسقان ئىككى هارۋىسى كالا قوتىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكىنىدە رازىخان ئۇلارنى چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. رازىخان ئۇلارغا چاي بېرىۋېتىپ، گۆشكىشى پارتكوم سېكرىتارى ليۇ شۇەينى تونۇيدىغانلىقىنى، قىزى تەلەيخاننى ”قىزىلبايراق“ داۋىدىن يىغىلغان ئوت-چۆپلەرنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن هارۋا ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى، بىر گۆشكىشىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن قىزىنى ”قىزىلبايراق“ داۋىيگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۆتۈندى. رازىخان ئاخشاملا قىزىغا بۇ يەردە يەيدىغان نەرسە قالمايۋاتقانلىقىنى ئېسىگە سالغان ئىدى، ئۇ بۇ يەردىن ئادەم بارمىسا ”قىزىلبايراق“ داۋىدىكىلەرنىڭ سوغا چۈشكەن تاشتەك جىم يېتىۋېلىپ نېمە قىلساڭ قىل دەپ ئۆزلىرىنى ئاچ قويۇش ئېهتىمالى بارلىقىنى ئېيتىپ قىزىنى ”قىزىلبايراق“ داۋىيگە بېرىشقا تەستە كۆندۈرگەن ئىدى. تەلەيخان ئاپىسىنى يالغۇز تاشلاشقا كۆڭلى ئۇنۇمىدى، كېيىن ئاپىسى بېرىشقا دەۋەت قىلىۋەرگەندىن كېيىن بارسام مەيلى باراي دەپ ماقۇل بولدى. ئۇ يولغا چىقىشقا ئامراق ئىدى. ئۇ بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇقنى ئۆتكۈزگەچكە، مۇنداق تەييار هارۋىغا چۈشۈپ داۋىيگە بېرىشنى كالا، ئوت-چۆپ ۋە قومۇشلۇقنى گىرۋەك قىلغان كۆل سۈيىدىن باشقا ئادەمزات كۆزگە چېلىقمايدىغان ئايكەلدىدە تېپىنىچ جىم يۈرۈشتىن ئەلا كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئالەمدە نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىش ئىستىكى تۇغۇلغان ئىدى، شۇڭا ئاپىسىنىڭ تەلپىگە ماقۇل بولۇپ هېلىقى هارۋىكەشلەرگە قوشۇلۇپ ”قىزىلبايراق“ داۋىيگە قاراپ ماڭدى. تەلەيخان يىغىپ قويغان ئوت-چۆپلەرنى ئېلىپ كېتىشكە هارۋا هەل قىلىشقا ۋە يەيدىغان قوناق ئۇنى بىلەن ياغ ئېلىپ كېلىشكە ئۆزى بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن ئىدى، ئاپىسىنى مۇنداق ئېغىر ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن يولغا سېلىشقا كۆزى قىيمايتتى. ”ئاپامنىڭ مەن ئۈچۈن تارتقان جاپالىرى ئازمىتى، ئۇ مەن يولۇققان پېشكەللىكلەر هېسابىغا تىل-هاقارەتكە ئۇچراپ، مەن بىلەن

بىرگە مەشەگە كەلدى. ئۇنى ئەمدى ھەرگىزمۇ ئازاب-ئوقۇبەتكە قالدۇرماي-
مەن ۋە جاپا تارتقۇزمايمەن...» دەپ ئويلىدى ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ، ئۇ
سەپەرداشلىرى بىلەن بىرگە گۇڭشې پارتكوم سېكرېتارى لىۇ شۇەينىڭ
ياخشىلىقى ھەققىدە پاراڭلىشىپ سۆھبەتلىشىپ ماڭدى. گەپ-سۆزلەرنىڭ
ئورامى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا بۇرۇلغاندا، تەلەيخاننىڭ چىرايى
بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ كەتتى، ئۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشقىنىچە قېرىپ قالغان
ھارغىن ئاتنى ئالدىغا تارتىپ «چۇۇ» دەپ ئۇدا بىر قانچە قېتىم ۋارقىراپ
قويدى. ئۇ كۆن ئولتۇرۇشتىن سەل بۇرۇنراق «قىزىلبايراق» داۋىگە
بېرىپلا بىرىنچى بولۇپ كۆرگىنى داۋنىڭ ھەممە تاملىرىغا چاپلانغان
«بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەكسىيەتچى لۇشيەنىنى يۇرگۈزگەن لىۇ شۇەينى تارتىپ
چىقىرايلى» دېگەن چوڭ خەتلىك گېزىتلەر بىلەن ئادەمنىڭ بېلىدەك
يوغان-يوغان يېزىلغان لوزۇنكا-شوئارلار بولدى. تەلەيخان يىگىرمە كۈنگە
يەتمىگەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىكى بۇ ۋەزىيەت ئۆزگىرىشىنى كۆرۈپ،
چاك-چېكىدىن بۆسۈلۈپ ئۆرۈلەي دەپ قالغان تاملاردىكى شوئارلارغا كۆز
يۈگۈرتۈپ، ھاڭ-تاڭ قالغىنىچە لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ قالدى.

× × ×

رازىخان قىزى تەلەيخاننى «قىزىلبايراق» داۋىگە يولغا سېلىۋەتكەن-
دىن كېيىن كالىلارنى كۆل بويىدىكى ئوتلاققا ئىختىيارىي قويۇۋەتتى.
ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ھەپسىگە ئېلىنغان مەرھۇم يولدىشى قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ
خەۋرىنى ئۆزىگە ئەڭ دەسلەپ يەتكۈزگەن ھوشۇر قارى بىلەن كۆرۈشۈشكە
تەقەززا ئىدى. ئۇ قوتان يېنىدىكى بىر ئاز دۆڭرەك يەرنى ئويۇپ ياسىغان
ئوچىقىغا كىچىككىنە قازىنىنى ئاستى-دە، قۇرۇپ قالغان قومۇش شاخلىرى-
نى ئوچاق ئىچىگە بىر سىقىمدىن-بىر سىقىمدىن تىزىپ ئوت ياقتى.
تېزرەك قاينىشى ئۈچۈن كۆلدىن ئېلىپ كەلگەن كونا چېلەكتىكى سۇزۇك
سۇدىن ئازراق قۇيدى. سۇ قايناۋاتقاندا قىزى يۇغۇرۇپ قويغان خېمىرنى
بىر ئاز سۇ ۋە ئۇن قوشۇپ بەش-ئالتە قېتىم پىشۇرغۇدەك قازان نېنى
خېمىرى تەييارلىدى. بوتۇلكىدىكى پېرىمداپ قالغان ماينىڭمۇ كۆپ قىسمى-
نى خېمىرغا قوشۇپ نان قىلىشقا ئىشلەتتى. ئۇ قايناپ بولغان سۇنى

ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ئالدىراپ قازاندىكى ھورغا ئايلىنىپ بولمىغان سۇ تامچىلىرى ئۈستىگە ياغ قۇيۇۋىدى، كۆيۈۋاتقان قۇمۇش ئوتىنىڭ تەپتىدە قازاندىكى سۇ تامچىلىرى قىزىغان ماي بىلەن قوشۇلۇپ ئۈستىگە چاراسلاپ ئېتىلىشقا باشلىدى. رازىخان ”ئاتمىشتىن ھالقىغان بۇ ئادەم كۆلدە نېمە يەيدىغاندۇ؟ كۆلدە سۇ بىلەن ھۆل قۇمۇشتىن باشقا نېمە بار، ئۇ مۇشۇ تاپتا كەلسىدى، قورسىقىنى بىر تويغۇزۇۋالسا، يولدىشىم قادىرنىڭ روھى خۇش بولۇپ قالار ئىدى...“. رازىخاننىڭ قولى ئىشتا بولغىنى بىلەن كۆڭلى تۈنۈگۈن كەچتە تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان ھوشۇر قارىدا ئىدى، ئۇنىڭ دىمىقىغا ئاچچىق بۇس كەلدى، ئۇ ئويلاۋېرىپ تەكشى يېيىتىلغان ناننىڭ كۆيۈپ قازاننىڭ چۆرىسىدىن ئاچچىق بۇس ئىس چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ”ۋاي“ دەپ قازانغا ئېڭىشتى-دە، چالا كۆيگەن قوتۇرماچ ناننى ئوڭ قول بارماقلىرى بىلەن تۇتۇپ، ئوچاق يېنىدىكى قۇرۇپ قالغان قومۇش باغلاملىرى ئۈستىگە چۆرۈپ ئاتتى. ”نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم مەن، بىرەرسى كۆرۈپ قالسا نېمە دەپ قالار، قىزىم بولغان تەقدىردىمۇ كايىپ بىرنېمە دېمەي قالمايتتى...“. ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئوچاق، قازان، خېمىر بىلەن ھەپىلىشىپ، بىر ئاش پىشمىغىچە نان پىشۇردى. ئۇ پىشۇرغان مايلىق قوتۇمىچنى تېتىپمۇ باقتى. ئۇنىڭ قورسىقى ئاچقان ئىدى. ئۇ ئۆزى تەنها ئىككى قوتۇرماچنى يەپ تويغاندىن كېيىن، خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن كۆزدىن غايىب بولغان كاللارنىڭ كەينىدىن ئىز قوغلاپ ماڭدى. ئۇ ھوشۇر قارى ئۇچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس، مەشەگلا باشلاپ كېلەي تۇۋا، ئۇ قانداقسىگە سۇ ئادىمى بولسۇن؟...“. ئۇ قەدىمىنى تېز-تېز ئېلىپ، كاللار يىراقلاپ كەتكەن ئىدىرلىققا كۆل ياقىلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كېتىۋېتىشى كاللارنى ئىزدەشلا ئەمەس ئىدى.

قۇياش ئولتۇرۇشقا نەيزە بويى قالغاندا ئايكەلدىدىكى كۆل سۈيى قېنىق كۆك يېشىل رەڭدىن قارىيىۋاتقان قىزغۇچ دۇخاۋا رەڭگىگە ئۆزگىردى. سۇ ئۈستىدە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلار كۆلنىڭ ئىچكىرىسىدىكى تەپتەكشى ئۆسكەن قومۇشلۇقلاردىكى ئۇۋىلىرىغا كىرىپ كېتىشكە ئالدىرايدۇ. قورسىقى تويغان كاللارمۇ يېشىل ئوت-چۆپلەرنى

ئۇ يەردىن بىر چىشلەم، بۇ يەردىن بىر چىشلەم ئۈزۈپ يەپ، ئۆگىنىپ قالغان قوتىنىغا مېڭىشقا باشلايدۇ. رازىخان كاللاردىن بەك يىراقلاپ كەتمەي كۆل ياقىسىنى ئايلىنىپ يۈردى. ئۇنىڭغا قومۇشلۇقلار ئارىسىدىن هوشۇر قارى مانا مەن دەپ هازىرلا چىقىپ كېلىدىغاندەك قىلاتتى، ئۇ كۆل بويىدا هوشۇر قارىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن بولسىمۇ، كۆل بويىدىكى قومۇشلۇقلار ئارىسىدىن هېچبىر شەپە يوق ئىدى. ئۇ هوشۇر قارىنى رەسمى قاراڭغۇ چۈشكەندە كەلسە كېرەك، دەپ ئويلىدى. هوشۇر قارى كۆل بويىدا نېمىشقا كۈندۈزى كۆرۈنمەيدىغاندۇ؟ كۆل ئىچىدە سۇ ۋە قومۇشتىن باشقا نېمە بار؟ كۆلدە نەدىمۇ ئۆي-ماكان بولسۇن؟" دەپ ئويلا-ئويلا كاللارنى قوتىنىغا هەيدەپ ماڭدى.

بىربىرى بىلەن كۈندە دېگۈدەك بىر جايدا ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان كىشىلەر بىربىرىگە ئادەتتىن تاشقىرى تەقەززالىق بىلەن دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار كۈندە دېگۈدەك ئۆز ئارا ئۇچرىشىپ دىدارلىشىپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئۇلار، هەتتا بىربىرى بىلەن تونۇشمىغان تەقدىر-دىمۇ تۇغۇلغان يۇرتىدىن يىراق يەردە، مەسىلەن، بېيجىڭ ياكى شاڭخەيدە، باغدات ياكى موسكۋا، پارىژ، لوندونلاردا ئۇچرىشىپ قالىدىغان بولسا كۆرمىگىلىغان كىشىلەر ئىچىدىن بىربىرىگە ئىنتىلىپ كۆرۈشۈش ئىستىكى تۇغۇلىدۇ. دىدارلىشىش تەقەززالىقى ئېشىپ بارىدۇ. رازىخان تەقدىرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە تۇغۇلغان يۇرتىدىن يىراق بولغان باغراش كۆلى بويىدى-كى ئايكەلدىگە كېلىپ يىگىرمە يەتتە يىل بۇرۇن ئۆزىگە چوڭ ياخشىلىق قىلغان هوشۇر قارىنى ئۇچراتقىنىدا شۇ ۋاقتى-سائىتىدىن باشلاپ قەلبىدە ئۇنىڭ ئەهۋالىغا قىزىقىش، مۇڭدىشىش تەقەززالىقى ئېشىپ باردى. ئۇ كاللارنى قوتانغا كىرگۈزۈپ بولۇپ، قومۇش ۋە تال چىۋىقلىرى بىلەن ياسالغان قوتان ئىشىكىنى يېپىپ قىسقا تۆرمە-تۆرمە ئارغامچا بىلەن قوتان ئىشىكىنىڭ يان ياغىچىغا چىڭ باغلاپ، ئالدى-كەينىگە تارتىپ-ئىتتىرىپ باقتى. ئۇ قوتان ئىشىكىنىڭ مەهكەم ئېتىلگەنلىكىگە ئىشەنگىنىدىن كېيىن قومۇش لەمپىلىك كەپە ئۆيىگە كىرىپ، چۈشتىن كېيىن پىشۇرغان قوتۇر-ماچلارنى كونا ياغلىقىغا چىگىپ، دەل گوگۇمدا هوشۇر قارى بىلەن

تۈنۈگۈن ئۇچراشقان كۆل بويىدىكى قومۇشلۇققا قاراپ يول ئالدى.
كۆل بويى جىمجىت، قوي، كالىلارنىڭ مەرىشى ئاڭلانمايدۇ، تۇساتـ-
تىن يان تەرەپتىكى قومۇشلۇقتىن پالاق ئاۋازى ۋە قومۇش يوپۇرماقلىرىـ-
نىڭ شىلدىرلىغان شەپىسى ئاڭلاندى.
—رازىخان،—دېدى قومۇشلۇقنى يېرىپ چىققان بىر قارا كۆلەڭگە.
ئۇ ھوشۇر قارى ئىدى. رازىخان ئاي نۇرى يېرىم يورۇتۇپ تۇرغان،
تۈنۈگۈنكى ياۋايى ئەلپازىغا قارىغاندا ئادەم سىياقىغا كىرگەن قارا گەۋدىنى
كۆردى. تۈنۈگۈن يامغۇر ياغقاچقا، كۆل ئەتراپىدىكى ھۆلچىلىك قۇرۇمىـ-
غانلىقى ئۈچۈن كونا ئۇزۇن قونجىلىق رېزىنكە ئۆتۈك كىيىۋالغان ئىدى.
ئۇنىڭ رېزىنكە ئۆتۈكى سۇغا تۇتاش قومۇشلۇقنى مەزمۇت بېسىپ تۇراتـ-
تى. قېلىن ئەبسەرلىك قارا چەپەرقۇت ئىشتىنىڭ پۇشقاقلىرىنى ئۇزۇن
قونجىلىق رېزىنكە ئۆتۈكىنىڭ ئىچىگە پۇرلاپ تىققان بولۇپ، قوش
ئەستەرلىك يەكتىكىنى قارا بەلباغ بىلەن چىڭ چىگىپ باغلىۋالغان، بولۇ-
شىچە قويۇۋەتكەن ئاقۇچ ساقاللىرىنى كۆندۈزى كۆل ئىچىدە قايچا بىلەن
قىرقىۋەتكەن بولسا كېرەك، قىسقا كەكە ساقىلى ئۇنى بۇرۇنقى ئەسلىگە
كەلتۈرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆرگەن كىشىگە تۈنۈگۈنكىدەك ۋەھىمە،
قورقۇنۇچ ھېس قىلدۇرمايتتى.
رازىخان بۇ قېتىم قورقۇپ كەينىگە داجىپ يۈرمەي ئۇدۇل ھوشۇر
قارىنىڭ ئالدىغا كەلدى.
—ھوشۇر قارىكا، سىلىنى بۈگۈن ئۆزى كېلىمەن دەپ قويۇپ،
كەلمەمدۇيە دەپ ئويلىغان ئىدىم. كەپتۇلا. سىلىگە يەيدىغان نەرسە ئېلىپ
كەلگەن ئىدىم.
—رەھمەت، رازىخان، يۈرۈك، كۆل ئىچىگە كىرىپ كېتەيلى.
—كۆل ئىچىگە؟—رازىخان ئاي يورۇقىدا ھوشۇر قارىنىڭ ھاياتلىق
ئۈچۈن تىرمىشىش ئىستىكى پارلاپ تۇرغان چىرايىنى خىرە كۆردى. بۇ
تىمتاس-جىمجىت، خىلۋەت كۆل بويىدا يەككە-يىگانىلىقىغا قارىماي، قەلـ-
بىدە ئۆز-ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسى ئۇرغۇپ تۇرغان ھوشۇر قارىنىڭ
”كۆل ئىچىگە كىرىپ كېتەيلى“ دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا يېقىنلاپ

كەلدىيۇ، تېگىرقاپ قانداق ئىپادە بىلدۈرۈشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

—قورقماڭ، قۇشلار دەرەخ ئۈستىدە ئۇۋا ياسىسا، مەن كۆل ئىچىدە ئۇۋا ياسىدىم. كۆل ئىچى ئەڭ تىنچ. بۇ يەردە گەپلەشسەڭ، بىرەرسى ئاڭلاپ قالسا ياخشى بولمايدۇ،—دېدى ھوشۇر قارى ئاينىڭ ئاپئاق نۇرىدا يا كالا قوتىنى تەرەپكە، يا كۆل تەرەپكە مېڭىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان رازىخاننىڭ ۋەھىمىگە تولغان چىرايىنى كۆرۈپ،—بۇ يەردىن ئۆتىدىغان ھارۋىكەشلەرنىڭ كۆزلىرىگە چېلىقىپ قالىدىغان بولساق ياخشى بولمايدۇ.

—مەن مۇنداق چوڭ سۇغا چۈشۈپ باقمىغان، قورقۇۋاتىمەن، ھوشۇر قارىكا، يۈرسىلە، قوتانغا كېتەيلى.

—قورقۇش دېگەن نېمە ئۇ؟ مەرھۇم قادىر ھەمدۇللايېۋمۇ قورقمىغان. ئۇ توغرىلىق جىق ھېكايەم بار، ھەممىنى ئېيتىپ بېرىمەن،—ھوشۇر قارى ئاستا قوزغىلىپ گاڭگىراپ قالغان رازىخاننىڭ چىپەرقۇت چاپىنىنىڭ ئوڭ قول يېڭىنى مەھكەم تۇتۇپ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قىرغاق بىلەن سۇ ئارىلىقىدا قۇرۇپ يىغلىپ قالغان قومۇش گىرۋەككە ئاستا تارتتى. ئاسماندىكى ئاق ئاي ئىككى تەرىپى ئېگىز ئۆسكەن يېشىل قومۇشلۇقلار بىلەن ئورالغان تار يول ئاغزىغا تىرەلگەن كىچىككىنە قولۋاقنى، قولۋاق ئىچىدە گىرۋىكىگە ياتقۇزۇپ قويۇلغان پالاقنىڭ قولۋاقتىن چىقىپ تۇرغان يالپاق ئۇچىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئادەم ئۆز ھوقۇقى قولىدا چېغىدا نېمە قىلىمەن دېسە شۇنى قىلالايدۇ. رازىخان گەرچە ئۆز ھوقۇقىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، مۇشۇ تاپتا ئۇنى يەرمۇ، ئوت-چۆپلەرمۇ، كالىلارمۇ باشقۇرالمايتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ تاپتا ھوقۇقى ئۆز قولىدا ئىدى. ھوشۇر قارىنىڭمۇ ھوقۇقى ئۆز قولىدا، ئۇ تۈرمىدىن قېچىپ چىققان ئەمەس، ئۇنىڭ ۋاقتىقەرەلى توشۇپ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن ۋاقتى دەل ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ باشلىنىپ ”جىن شەيتانلارنى تارتىپ چىقىرىش“ دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن مەزگىلگە توغرا كەلگەچكە ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي ئايكەلدىگە كەلدى-دە، باغراش كۆلىنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتى. ئۇنىڭ قۇلىقى ئۇزۇن ئىدى. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ھەرقانداق ساقچىخانا،

جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا نوپۇسنى تىزىمغا ئالدۇرغىنىدا ئۆزىنىڭ قوش نازارەت ئاستىغا ئېلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ كۆل ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ كۆلدە سۇغا، قۇشلارغا، قومۇشلۇقلارغا ھەمراھ بولۇپ ئېھتىمالى بولغان نازارەتتىن، ئالىيىپ قارايدىغان كۆزلەردىن، دۆشكەللەشلەردىن يىراقتا ياشىدى. ئۇ ئۆزىنى ئادەملەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ كۈندۈزى قىرغاققا يېقىن يولىمايتتى. دەرۋەقە، ئۆزى خالىمىسىمۇ بىرقانچە قېتىم گوگۇم چۈشكەندە قوي، كالا، ئات باقىدىغانلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالغانمۇ بولدى. ئۇلار تولۇق پەرق ئېتىپ بولغۇچە بىردەمدىلا ئۆسكىلەك قومۇشلارنى دالدا قىلىپ كۆل ئىچىگە كىرىپ كېتىپ، كۆزدىن غايىپ بولدى. ئۇ قومۇشلارنى دالدا قىلىپ كەچقۇرۇنلۇقى سەزدۈرمەي رازىخاننى بىرقانچە قېتىم كۆزىتىپ تونۇغاندىن كېيىن مانا بۈگۈن گوگۇم چۈشكەندە ئىككىنچى قېتىم ئۇچراشتى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كۆرۈشمىگەن تونۇش كىشىلەر كۈتۈلمىگەندە ئادەمزات شالاڭ پىنھان ماكاندا ئۇچرىشىپ قالسا كۆرۈشكۈسى، ئۇنى-بۇنى سۆزلەشكۈسى كېلىدۇ. مانا ئۆزىنى ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىدىن قاچۇرۇپ يۈرگەن ھوشۇر قارى ئون نەچچە يىلدىن بېرى كۆرۈشمىگەن تونۇش رازىخانغا قىزغىن ئىلتىپات كۆرسىتىپ، كۆلگە— چۈشەر قوللىرى چەبدەسلىك بىلەن ھەيدىگەن كۆلدىكى كېمىسىگە باشلا-ۋاتىدۇ. رازىخان مەرھۇم يولدىشى قادىر ھەمدۇللايېۋ تۇغرىلىق ھوشۇر قارىدىن يەنە يېڭى گەپ ئاڭلاش مەقسىتىدە سۆزلىشىش قىزغىنلىقى يۇقىرى ئىدى. ئۇ بېشىغا كەلگەن كەلگۈلۈكنى ھوشۇر قارىغا ئېيتىشقا بولىدىغانلىرىنى ئېيتىپ بېرىشكە، سۆزلىشىشكە ئالدىرىدى. ھوشۇر قارىنىڭ ”باشقىلار ئاڭلاپ قالسا ياخشى بولمايدۇ“ دېگەن سۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ، نائىلاج ھوشۇر قارىغا ئەگىشىپ بىللە قولۋاققا چۈشتى. قولۋاق سۇدا بىرئاز لەپپەڭشىۋىدى، ئۆمۈر بويى كېمىگە چۈشۈپ باقمىغان رازىخان قورقۇپ كېتىپ كېمە گىرۋىكىگە مەھكەم چاپلىشىۋالدى، لېكىن ئۈن چىقارمىدى. ھوشۇر قارىنىڭ قولىغا چۈشكەن پالاق ئاي شولىسى چۈشكەن ئەينەكتەك پارقىراق سۇنى كەينىگە بۆلۈپ ئىتتىرىشى بىلەن تەڭ لەپپەڭشىپ تۇرغان قولۋاق قوزغىلىپ قومۇشلارنى ياقىلاپ كۆل ئىچكىرىلەپ كىرىپ

كەتتى.

باغراش كۆلىنىڭ ئىچىگە كىرىپ باقمىغان ئادەم بۇ كۆلنىڭ قانداق-لىقىنى بىلمەيدۇ. كۆلنىڭ ئىچىگە بىر قېتىم كىرگەن ئادەم ھەممىلا تەرىپى تېپتىنچ سۇ بىلەن تولغان بۇ زېمىننىڭ كىچىكرەك بىرقانچە ياۋروپا دۆلىتىنىڭ چوڭلۇقىغا تەڭ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. كىشىلەر نېمىشقا باغراش كۆلىنى باغراش دېڭىزى دەپ ئاتىمايدىغاندۇ؟ كۆلنىڭ قىرغاقتىن سۇغا ئىچكىرىلەپ بەش-ئالتە كىلومېتىرچە سوزۇلغان جايلىرىنى ئاربىلاپ چوڭ-كىچىك ياپپېشىل قومۇشلۇقلار قاپلىغان ھەربىر چوڭ قومۇشلۇقنىڭ يان-يېنىدا قولۋاقلار بىمالال ئۆتەلەيدىغان تار ئۆتتۈشمىلەر بولۇپ، بۇ تار سۇ يولىدىن ئۆتسە تېخىمۇ چوڭ سۇ رايونىغا كىرگىلى بولىدۇ. بۇ سۇ دائىرىسى يەنە بىر چوڭ قومۇشلۇققا تۇتىشىدۇ. بۇ قومۇشلۇقلار گويا سۇ ئۈستىنى يېپىپ تۇرغان ناھايىتى يوغان لەمپىگە ئوخشايدۇ. ھوشۇر قارى بۇ يېقىن ئەتراپتىكى ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىققا سوزۇلغان سۇ ئۈستىدىكى قومۇشلۇقلارنى، سان-ساناقسىز تار، كىچىك ئۆتتۈشمىلەرنى بەش قولدەك ئېنىق بىلەتتى. ئۇ رازىخان چۈشكەن قولۋاقنى بىرقانچە تار ئۆتتۈشمىلەردىن ئەپچىللىك بىلەن ئۆتكۈزۈپ، سۇ ئۈستىدىكى بىر چوڭ ھويلىغا باراۋەر كېلىدىغان بىر پارچە قومۇشلۇققا ئېلىپ باردى. ئەتراپى ئادەم بويى ئېگىز ئۆسكەن قومۇشلار بىلەن ئورالغان بۇ سۇ ئۈستى نەچچە يۈز يىلدىن بېرى قۇرۇپ قالغان قومۇش غوللىرى بىلەن يىلتىزلىرى ئۈستى-ئۈستىگە قاتلىنىپ بېسىلىپ سۇ ئۈستىگە كۆتۈرۈلگەن بوشلۇق ھاسىل قىلغان، غېرىبانە كەپىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئۈستى ئۇزۇن-ئۇ-زۇن قومۇش باغلاملىرى بىلەن يېپىلغان بولۇپ، بۇ يەر ھوشۇر قارىنىڭ يېتىپ-قوپىدىغان ئاساسلىق كەپىلىرىنىڭ بىرى. كەپىدە ئاشلانمىغان بىر-قانچە تېرە جۇۋىلار تۇرىدۇ. چىنە-قاچىلىرىمۇ بار، لېكىن قازىنى يوق. يەيدىغان يېمەكلىكنى سىرتتىن ئېلىپ كەلسە كېرەك، ھوشۇر قارىدىن باشقا ھېچبىر كىشى كېلىپ باقمىغان دېسىمۇ بولىدىغان بۇ قومۇشلۇقتا قازان ئېسىپ قورساق تويغۇزۇشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. رازىخان تولۇن ئاينىڭ سۈتتەك يورۇقىدا ئىچ-ئىچىدىن خۇشاللانغان ھوشۇر قارد-

نىڭ جۇۋىنى ئېلىپ ئالدىغا يايغانلىقىنى كۆردى.

— رازىخان، جۇۋا ئۈستىدە ئولتۇرۇڭ، بۇ يەر سوغۇقراق، يەنە بىرقانچە تېرە جۇۋا بار. ئۈستىڭىزگە يېپىپ قويىمەن، قورقماڭ. بۇ يەردە ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوق. بۇ يەرگە ھازىر بىزدىن باشقا ئادەمزات كېلەلمەيدۇ، ھوشۇرقارى سۆزلىگەچ بىردەمدىلا داستىخاننى پىشۇرۇلغان ئۆردەك گۆشى ۋە ئۆردەك تۇخۇملىرى بىلەن لىق تولدۇرۇۋەتتى.

— بۇلارنى سىزگە ئادەملەردىن خالىيراق جايغا بېرىپ پىشۇرۇپ تەييارلاپ كەلدىم.

رازىخان چۈشتىن كېيىن پىشۇرغان قوتۇرماچلىرىنى ياغلىقىغا چىگىپ ھوشۇر قارىغا ئالغاچ كەلگەن ئىدى، ئالدىغا قويۇلغان سېمىز ئۆردەك گۆشى بىلەن پىششىق تۇخۇملارنى كۆرۈپ، ياغلىقىنى يېشىشكە ئوڭايسىزلانديۇ، قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىشنى بىئەپ كۆرۈپ ياغلىقىنى يەشتى-دە، ياغلىق قوتۇرماچلىرىنى ھوشۇر قارى يايغان داستىخان ئۈستىگە ئوڭايسىزلانغان ھالدا قويۇپ قويدى.

— ھوشۇر قارىكا، سىلىنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاڭلىغىلى كەلدىم. ئوغلۇم باتۇرنىڭ ئانىسى ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىلە بوپتۇكەن ھازىر ھايات بولسا
ياشقا كىرگەن بولاتتى، ئۇ راستلا تۇرمىدە ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇ؟ 58

ھوشۇر قارى تېخىچە يولدىشى قادىر ھەمدۇللايېۋنى ئېسىدىن چىقار- مايۋاتقان رازىخانغا يالغان-ياۋىداق گەپ قىلىپ كۆڭلىنى ئېلىشنى، يەنى كۆڭلىنى ياساشنى خالىمىدى. بەزىدە راست گەپ ئادەمنىڭ كۆڭلىگە زەربە بولىدۇ. رازىخانغا ئاللىقاچان بېرىلىپ بولغان زەربە بولغاچقا، ئانچە ئېغىر تۇيۇلمايدىغانلىقىنى پەملىگەن ھوشۇر قارى راست گەپ قىلدى.

— مەن قادىر ئاخۇن بىلەن تۇرمىدە! بىرلا قېتىم كۆرۈشكەن، ئۇ چاغدا بىز تۇرغان ھويلىدا بىر يامان ئادەم بار ئىكەن، ئۇ مېنى تۇرمىگە تۇتۇپ بەردى، دېگەن. ھازىر ئويلىسام ئۇ يامان ئادەم دەل لاۋگونىڭ ئۆزى ئىكەن — دېدى ھوشۇر قارى ئاۋازىنى تۆۋەنرەك قىلىپ، رازىخاننىڭ بەدىنىنى تىترەك باستى. ئۇنىڭ ”لاۋگو“ دېگەن ئىسمىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى تۇتۇلغان چىرايىغا ھوشۇر قارى ئاي قاراڭغۇسىدا دىققەت قىلماي

سۆزلەۋەردى، —قادىر ئاخۇن ھەپسىگە ئېلىنغان كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ ھەپسىدىن تىرىك چىقمايدىغانلىقىنى، شېڭ شىسەينىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىمالى بارلىقىنى تۇيغان بولسا كېرەك. ئۇ سىزدىن، بولۇپمۇ ئوغلى باتۇر قادىردىن ئۆز يولىنى، ئېتىقادىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشنى، لېكىن ئۆزىگە ئوخشاش بەختسىز تەقدىرگە ئۇچرىماسلىقىنى ئۈمىد قىلغان، ئۇ سىزنىڭ، باتۇر قادىرنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان. قادىر ئاخۇن ھەپسىدە قەتل قىلىنىپتۇ، دەپ ئاڭلىغاندىن كېيىن سىزلەرنى قادىر ئاخۇننىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئاشۇ ھويلىدىكى يامان ئادەمنىڭ كۆزىدىن قاچۇرۇپ، يۇرتقا قايتۇرۇپ كەلدىم. ئاشۇ چاغدا سىزگە توي قىلىش تەلىپىنى قويالمىدىم. سەۋەبى سىز تېخى مۇسىبەتتە، ئەينى ۋاقىتتا توخسۇندىكى قىرغىنچىلىقتا ئايالىم گۈلخان كارىزمۇ مۆكۈپ يۈرۈپ بەك قورقۇپ كەتكەچكە، يۈرەك سانجىقى قوزغىلىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتۈپ كەتتى. بويتاق ياشاشقا مۇمكىن بولمىدى. سىزنى ئەمرىمگە ئېلىش توغرىلىق سۆز ئاچايمۇ دېدىم، لېكىن سىزنىڭ ماقۇللۇقۇڭىزغا ئېرىشەلمەسلىكىمدىن ئەندىشە قىلدىم. رازىخان، سىز شۇ چاغدا ماڭا ماقۇل دەرمىدىڭىز؟

—ياق، ياق، ھوشۇر قارىكا، ئىمىلەرنى دەۋاتىدىلا، مەن ئوغلۇم باتۇر قادىرنى دېمىسەم بۇرۇنلا ئۆلۈپ كېتەتتىم، —دېدى رازىخان ئۆردەك تۇخۇمنىڭ شاكاللىرىنى قۇرۇپ قالغان قومۇش غازاڭلىرى ئۈستىگە قويۇۋېتىپ. رازىخان ئۆزىگە قىزغىن ئىنتىلىۋاتقان ھوشۇر قارىنىڭ سوئالىغا جاۋابەن: ”ئۇ چاغدا قورسىقىمدا بالا، يەنى تەلەيخان بار ئىدى“ دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. بۇنداق جاۋاب بېرىشكە ئەينى ۋاقىتتىكى مۇسىبەتلىك بۇ ئايالنىڭ قانداقمۇ تىلى بارسۇن؟

ئاسماندىكى كۈمۈش ئاي چوڭ بىر پارچە بۇلۇت ئىچىگە كىرىپ كېتىپ ئۆز-ئۆزىدىن خۇدۇكسىنىپ خاتىرجەمسىزلىنىۋاتقان رازىخاننىڭ غەمكىن چىرايىنى ھوشۇر قارىنىڭ زەڭ سېلىپ قاراۋاتقان كۆزلىرىدىن يوشۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ سىڭايان ئولتۇرۇشقا قوزغالغان ئىدى، ھوشۇر قارى بىر جۈۋىنى رازىخاننىڭ يان تەرىپىگە سوزۇۋاتقان پۇتلىرىغا ياپتى

ۋە ئۆردەك گۆشى بىلەن تۇخۇملىرىنى رازىخاننىڭ ئالدىغىراق سۇرۇپ
قويۇپ گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:
—مەن سىزنىڭ ياق دەيدىغانلىقىڭىزنى شۇ چاغدىلا پەملىگەن
ئىدىم. كېيىنكى يىلى تۇغقانلارنىڭ تېپىشتۇرۇشى بويىچە قارا شەھەردىكى
قارىبۇلاق يېزىسىدا تۇرۇشلۇق ئايىسخان بىلەن ئۆي-ئوچاقلىق بولۇۋالدىم.
ئۇ چاغدىكى تەقدىر بىزنى قوشماپتىكەن. خوتۇن ئالدىم، دەپ ماڭا
بالايىئاپەت ياغدۇرىدىغان بىردەججالنى ئاپتىمەن: مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام:
”دۇنيانىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىغا ئارىلىشىمەن، لېكىن ئەر-خوتۇن نىزالىرىغا
ئارىلاشمايمەن“ دەپتۇكەن. يۇرت-جامائەتچىلىكنىڭ كۆپى خوتۇننىڭ يى-
راق-يېقىن تۇغقانلىرى بولغاچقا، بىزنىڭ جاڭجاللىرىمىزغا ئارىلاشمايمۇ
قالمىدى. كۆپى خوتۇن تەرەپتە تۇردى. بۇ خوتۇن مەن ئەمرىمگە ئېلىش-
تىن بۇرۇن ھەيدەر ھاجى ئىسىملىك بىر كىشىگە ياتلىق بولغان ئىكەن،
بۇ ئېرىگىمۇ بۇ خوتۇن كۈندە دەشنام بېرىپ ھازازۇللۇق قىلغاچقا ئۇ
ئادەم سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەج قىلغىلى كېتىپ قايتىپ كەلمەپتۇ. بۇنى
مەن نەدىن بىلەي؟ ئون نەچچە ياشلىق قىزى ھاشىخان بىلەن توققۇز
ياشلىق ئوغلى قېيۇمغا قىلغان ياخشىلىقلىرىمنى دېمەمسىز، مەن ئۇلارنى
قىلچە ئۆگەي كۆرمەي ئوغلۇم رازاقتا قىلالمىغان ياخشىلىقنىڭ بەرىنى
قىلدىم، لېكىن ئۇلارمۇ ئاپىسى تەرەپتە تۇرۇپ، مېنى ئۆگەيلەپ، قىلمىغان
ئەسكىلىكى قالمىدى...
—ھاشىخان بىلەن قېيۇم دېدىلىما، ھوشۇر قارىكا،—دېدى رازىخان
ھەيران قىلىپ. ئۇ ھوشۇر قارىنىڭ گېپىنى ”ھاشىخان“ دېگەن ئىسمىنى
ئاڭلىغان ھامان بۆلۈۋەتتى.
—ھاشىخان، قېيۇملارنى تونۇمسىز؟—ھوشۇرقارى ئۆردەك تۇخۇ-
مىنىڭ شاكىلىنى سويۇۋېتىپ رازىخاندىن ئەجەبلىنىپ سورىدى.
—ياق، تونۇمايمەن، ئىسمىنى بىر يەردە خەقتىن ئاڭلىغاندەك قىلى-
مەن،—سۆز كېلىنى توغرىلىق كېتىۋاتقىنىدا رازىخان ھاڭ-تاڭ قالدىيۇ،
ئارتۇقچە گەپ قىلىشنى بىئەپ كۆرۈپ، گەپنىڭ ئاخىرىغا تېخىمۇ دىققەت
قىلدى.

—ئۇلار قاربۇلاق يېزىسىدا، ھە، مەن ھەپسىگە ئېلىنىشتىن سەل ئىلگىرى ئاشلىق مەكتىپىگە ئوقۇشقا بارىمەن، دېگەندەك قىلغان. ئارىدىن سەككىز يىل ئۆتۈپ كەتتى. ھەپسىدىن چىقىپ قارىغۇدەك بولسام جاھان تېخىمۇ قالتىس بولۇپ كېتىپتۇ. مېنى ھەپسىگە تۇتۇپ بەرگەن ئايالىم، ۋە ئۆگەي بالىلىرىمنىڭ ئالدىغا، قاربۇلاق يېزىسىغا قانداق بارغۇدەكمەن؟ خوتۇنۇم مەن ھەپسىگە ئېلىنغان ھامان ئەرز قىلىپ مەندىن ئاجراشتى. ھەپسىدىن مەندىن بۇرۇن چىققانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقسام، ئۇلار ”بەش خىل ئۇنسۇر“ دەپ ئاتىلىپ ئىتتىنمۇ بەتتەر كۈن كەچۈرۈۋېتىپتۇ. شۇڭا نوپۇسۇم قولۇمدا، ھېچ ياققا بارماي ئۇدۇل كۆلگە كىرىپ كەتتىم.

—سىلى نېمە ئىش قىلغان، ھوشۇر قارىكا، ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانمۇ يا؟ —دېدى رازىخان ھەسرەتلىك تىنىپ دەرد تۆكۈۋاتقان ھوشۇر قارىغا ئىچ ئاغرىتىپ.

—ئۆمرۈمدە توخۇ تۇرماق، قۇشقاچمۇ ئۆلتۈرۈپ باققان بەندە ئەمەس مەن. ماۋۇ ئۆردەكنى بولسا نائىلاج ئوۋلاشقا مەجبۇر بولدۇم. ھەپسىگە ئېلىنىشىمدىكى سەۋەب، ئاغزىمنىڭ بوشلۇقى بولمامدۇ؟ خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلغاندا ”قازانلارنى بىرلەشتۈرگەن ياخشى“ دېگەن گەپ چىقىۋىدى، قارشى چىقىپ جىق سۆزلىۋېتىپتىمەن، ”چوڭ سەكرەش“ دېگەن گەپ چىقىۋىدى، مادارىغا بېقىپ ئىش كۆرمىگەنلىك، كاپىتالىستىك دۆلەتلەرگە ئون يىل ئىچىدە قانداقسىگە يېتىشىۋالغىلى بولىدۇ، دېدىم. دېھقانلار قوي، كالا باقسا، سەي-كۆكتاتلىرىنى ساتسا كاپىتالىزم دېسەك، قۇرىدىغىنىمىز نامرات سوتسىيالىزم بولماي نېمە؟ دەپتىمەن. بۇ گەپلەرنى خوتۇنۇمغا ھەم دېگەن. ھاشىخان، قېيۇملارمۇ ئاڭلىغان ئىدى، قاربۇلاق يېزىسىغا خىزمەت گۇرۇپپىسى كەلگەندە ئالدى بىلەن خوتۇنۇم ئايىسخان خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى ھېلىقى لاۋگوغا چاقتى، ھاشىخان، قېيۇملارمۇ ئاكتىپلىق قىلىپ راست دەپ گۇۋاھچى بولۇپ بەرگەن ئىدى، مەن خۇددى ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە زومىگەر، پومېشچىكلارنى كۆرەش قىلغاندىكىدەك ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ كۆرەش قىلىندىم. بىزدە راست گەپ قىلساڭ ئاغزى-بۇرنىڭ قان بولىدۇ، دېگەن ماقال بار. راست گەپ قىلساڭ تۇتۇلسەن،

يالغان گەپ قىلساڭ قۇتۇلسەن، دېگەن گەپ بويىچە يوق نەرسىلەرنىمۇ بار دەپ ئىقرار قىلىۋەردىم، قۇتۇلۇش بۇياقتا تۇرسۇن، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشكە قارشى چىققان، خەلق كوممۇنىسىغا قارشى چىققان، پارتىيە-گە، سوتسىيالىزمغا قارشى ئۇنسۇر دەپ بېكىتىلىپ ھەپسىگە ئەۋەتىلدىم. ھەپسىدە يېتىشمۇ قورقۇنچلۇق ئەمەس ئىكەن. ياۋاش بولسا، ھېچكىم چىقىلمايدىكەن، ھەش-پەش دېگۈچە سەككىز يىل ئۆتۈپ كەتتى، ھەپسى-دىن قويۇپ بېرىۋىدى، چىقىپ قارىسام ئىش چاتاق. ھەممىلا يەردە ھەپسىدىن چىققانلار ‹‹بەش خىل ئۇنسۇر›› دەپ قارىلىپ، نازارەت ئاستىدا ھايات كەچۈرۈۋېتىپتۇ. قايتا ھەپسىگە قايتىپ كىرىپ كېتەي دېدىمىۇ، توساتتىن قالغان ئۆمرۈمنى ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىگە كۆرۈنمەي كۆلدە، تەكلىماكان جاڭگىلىدا ئۆتكۈزەي، دېگەن نىيەتكە كېلىپ، باغراش كۆلگە كىرىپ كەتتىم.

رازىخان قۇرۇپ قالغان قومۇش غوللىرىنى سىقىمداپ تۇرۇپ جۇۋىغا پۈركەنگىنىچە ھوشۇر قارىنىڭ ئۆز تەقدىرى ھەققىدىكى ھېكايىسىنى زەڭ قويۇپ ئاڭلاۋېتىپ قاتتىق يۆتەلدى. ئۇنىڭغا سوغۇق ئۆتكەن ئىدى. ئەتراپى سۇ بىلەن تولغان قومۇشلۇقنىڭ نەم ھاۋاسى ئىچكى كۆڭلىكنىڭ ياقىسىدىكى يوچۇقلىرىدىن كىرىپ جۇۋىغا تېخىمۇ تۈگۈلۈپ كىرىشكە مەجبۇرلىماقتا ئىدى. ئۇ ھوشۇر قارىغا ئىچ ئاغرىتىپ، بىر نىمە دېمەكچى بولدىيۇ، تۇزۇكرەك گەپ تاپالماي خىيالىغا ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قالغان بىر سوئالنى سورىدى:

—ھوشۇر قارىكا، ئوغۇللىرى رازاق قاتناش شىركىتىدە تەرجىمان بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئوغۇللىرىنىڭ ئالدىغا كەتسىلە بولماسمىدى؟

—ياق، ياق، مەن ھەپسىگە ئېلىنغاندىن كېيىن ھەپسىدىن قويۇپ بېرىلگەنلەرگە مېنى ئۆلۈپ كەتتى، دەڭلار، دەپ تاپىلىغان. ئايىسخان دېگەن بۇ دەججالغا ئۆيلەنگىنىمدىن كېيىن ئۇنىڭغا ھېچبىر قارىيالمىدىم. بەلكى تۈرمىگە كىرىپ كەتكەن جىنايەتچىنىڭ بالىسى دېگەن ھاقارەتكە قويۇپ، ئۇنىڭ ئۆسۈشىگە پۇتلىكاشاڭ بولدۇم. مېنىڭ تەقدىرىم ياخشى بولسا ئۇ، ئالىلقاچان ئۆسۈپ چوڭ كادىر بولغان بولاتتى. ئۇ مېنىڭ

ئالدىمدا چوڭ بولمىغان. ئۇنىڭغا ياخشى قارىيالمىدىم. ھازىر جىن-شەيتانلارنى تارتىپ چىقىرىش ھەرىكىتى كېتىۋاتقاندا، قايسى يۈزۈم بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا بارالايمەن، ھە راست، ئۆزۈم بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، رازىخان، سىزنىڭ ھال-كەچۈرمىشلىرىڭىزنى سوراشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. سىزمۇ ھەشەمەتلىك شەھەرنى تاشلاپ، ئادەم كېلىشنى ئانچە خالاپ كەتمەيدىغان بۇ ئايكەلدىگە تاسادىپىي كېلىپ قالمىغان بولغىيتتىڭىز؟— دېدى ھوشۇر قارى.

— ياق، يۇقىرىنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈرۈش بۇيرۇقى بويىچە بېزىغا چۈشۈرۈلدۇق. دادۈينىڭ بەلگىلىشى بويىچە بۇ يەردە ئانا-بالا ئىككىمىز كالا بېقىۋاتىمىز،— رازىخان ئۆزى ۋە قىزى ھەققىدە ئارتۇقچە گەپ قىلىشنى خالىمىدى. كۈمۈش ئاي قارا بۇلۇتلىرى نەگىدۇر غايىپ بولۇپ كەتكەن ئاقۇچ كۆل رەڭ ئاسماندا رازىخاننىڭ غەمكىن يوپيۇمىلاق يۈزىنى يورۇتماقتا. ئۇ قاماق تۇماق كىيىۋالغان ھوشۇر قارىنىڭ ئۆزىگە سۈرۈلۈپ ئاستا-ئاستا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى ئاستىدىكى قۇرۇپ قالغان قومۇش شاخلىرىنىڭ قاتتىق بېسىلغاندىن كېيىنكى كېلىۋاتقان شىرىق-شىرىق شەپىسىدىن سېزىپ قالدى. رازىخان بىرئاز ھودۇقتى، ئۇ كالا قوتىنىغا كېتىشنى ئويلىدى، لېكىن ئۆزى يالغۇز سۇ ئىچىدىكى چوخچىيىپ تۇرغان قومۇش كەپىدىن قىرغاققا چىقىپ كېتەلمەيتتى. ئۇ ھوشۇر قارىدىن ئۆزىنى كۆلدىن چىقىرىپ كالا قوتىنىغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئۆتۈندى.

— ھوشۇر قارىكا، مۇشۇنچىلىك ئەھۋاللاشتۇق، يەنە ئەھۋاللىشارمىز، مېنى قىرغاققا چىقىرىپ قويسىلا.

— بولىدۇ، مەن سىزنى كۆل ئىچىدە ئۇزۇن تۇتۇپ قالالمايمەن. لېكىن بۇرۇن مەن سىزنى ئادەم يەيدىغان بۆرە لاۋگونىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئىدىم. بۇ ياخشىلىقىمنى سىز ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ.

— ئۇنتۇمايمەن، ھوشۇر قارىكا، سىلىگە مەسلىھەت: ئوغۇللىرى رازاق سىلىدىن كىچىك چېغىدا ئايرىلغان، ئاتا مېھرىگە قانماي چوڭ بولدى. سىلى بەربىر ئاتا بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇ سىلىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ. سىلى كۆلدىن چىقىپ، ئوغۇللىرىنىڭ ئالدىغا بارسىلا.

—بۇ مەسلىھەتىڭىزنى رازىخان ئويلىنىپ باقاي، لېكىن ھازىر كۆلدىن چىقىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئويلىنىپ بېقىڭلار، ئانا-بالا ئىككىڭلار نېمىشقا بۇ ئايكەلدىدىن ھازىرلا باتۇر ئاخۇننىڭ يېنىغا كېتەلمەيسىلەر؟ باتۇر ئاخۇن ئازادلىق ئارمىيىگە قاتناشقان، ھازىر چوڭ كادىردۇ بەلكى.

رازىخان ئۆردەك تۇخۇملىرىنىڭ شاكاللىرىنى قېلىن ئەستەرلىك قارا چېپەرقۇت ئىشتىنىنىڭ تىزىدىن چۇشۇرۇۋېتىپ يېنىغا سۇرۇلۇۋاتقان ھوشۇر قارىغا بىردەم گەپ قىلمىدى. ئۇ ئۇڭ قولىنى بىر سىقىم قۇرۇق قومۇشقا تىرەپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋېتىپ:

—ھوشۇر قارىكا، سۇ ھايۋىنىغا ئوخشاپ قاپلا، كۆلدىن چىققان سۇ ئادىمىنىڭ دەل ئۆزى،—دېدى. رازىخان بۇ گەپنى دېيىشىدە ھوشۇر قارىنىڭ ھازىرقى تاشلىۋەتكەن چىراي-قىياپىتىگىلا قاراپ ئەمەس، ئۇنىڭ قومۇش شاخلىرىنى شىرىقلىتىپ ئۆز يېنىغا ئاستا سۇرۇلۇۋاتقانلىقىغىمۇ قارىتىپ ئېيتقان ئىدى. ھوشۇر قارى روھلۇق جاۋاب بەردى:

—ئادەملەر ئەسلىدە ياۋايى ھايۋان. مەن ئەسلىمگە قايتىشقا مەجبۇر بولدۇم. كۆلدە ماڭا ھەممە نەرسە يېقىملىق تۇيۇلىدۇ، بىپايان قومۇشلۇق مېنى ماڭا ئالىيىپ قارايدىغان لەنىتى كۆزلەردىن يوشۇرىدۇ. باغراش ئاققۇلىرى، ياۋا ئۆردەكلەر، سۇپسۇزۇك كۆل قۇشلىرى يان-يېنىمدىن پەسلەپ ئۇچۇپ، ئۆتۈشۈپ، ماڭا ھەمراھ بولۇشىدۇ. يوغان-يوغان ئاپئاق تۇخۇملارنى تۇغۇپ بېرىدۇ. بېلىقلارچۇ تېخى، ئەينەكتەك سۈزۈك سۇ ئىچىدىن بىراقلا ئادەم بويى ئېتىلىپ-ئۆرلەپ چىقىپ شۇڭغۇغان پېتى زۇمرەت سۇ قاينىمىغا كىرىپ كېتىدۇ. قىلچە زېرىكىش ھېس قىلمايمەن. بېلىقلارنىڭ يان-يېنىمدا ئويناقلىشىپ چىقارغان يېقىملىق ئاۋازلىرى، قۇشلارنىڭ قانات قېقىپ ئۇچۇشلىرى، كېچىلىرى پاقىلارنىڭ گويا مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا دۇكۇن بولۇپ يېقىملىق كورىلداشلىرى مېنى يالغۇزلۇق ھېس قىلدۇرمايدۇ. پەقەت جۇپ-جۇپ قۇشلارنىڭ قومۇشزارلىق ئىچىدە تۇمشۇقلىرىنى بىر-بىرىگە يېقىشىپ سۆيۈشۈشلىرىنى كۆرگىنىمدە بەزىدە تېنىمنى خۇدايىم شۇتاپتا ماڭا نېسىپ قىلمىغان ھۇزۇرلىنىش سېزىمى چولغىۋالىدۇ. رازىخان، قوبۇل كۆرسىڭىز، رازىلىق بېرىڭ. بىز ھازىرچە كۆلدە ياشايلى. ھازىر

جاھان مالىماتاڭ بولۇپ كېتىپتۇ. خۇدايىم بۇيرۇسا، كۆنلەرنىڭ بىرىدە جاھان ياخشىلىنىپ قالسا، قالغان ئۆمرىمىزنى ئوغۇللىرىمىز باتۇر ئاخۇن بىلەن رازاقنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزۈشكە نېسىپ بولار، مېنىڭچە، رازاق تېخى ئۆيلىنەلمىگەندۇ؟ قىزىمىز تەلەيخاننى رازاققا قوشۇپ قويۇمىزمۇ تېخى!

—نېمە دەۋاتىدىلا، ھوشۇر قارىكا، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدىغان ئادەممۇ مۇنداق گەپ قىلامدۇ؟

—راست، بەش ۋاخ نامازنى تاشلىمايمەن. ئەگەر بولمىغاندا جۈمە نامىزىنى ھەرگىز قازا قىلمايمەن. ئەسلىدە بىز بۇرۇنلا نىكاھلىنىۋالغان بولساق، نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى، ھازىرمۇ بولىدىغۇ. رازىخان، بىز بىللە ئۆتەيلى، قانداق؟—ھوشۇر قارى بۇ سوئالىغا ئۆزىدىن داجىۋاتقان رازىخاندىن جاۋاب كۈتۈپ تۇرمىدى، ئۇ جۇۋىغا پۈركىنىۋالغان رازىخاننىڭ ئوڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ جۇۋىنىڭ ئىچىگە كىردى-دە، ئەندىكىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە تەمشەلگەن سول قولىنى گەۋدىسى بىلەن تۇساپ قورۇپ قالغان قومۇش شاخلىرى ئۈستىگە قىڭغايتىپ ئاستا-ئاستا ياتقۇزدى.

—ھوشۇر قارىكا، ئۇنداق قىلمىسىلا، ناماھرەم بولىدۇ،—رازىخاننىڭ گېپى تۈگىمەيلا ھوشۇر قارىنىڭ تەكشى قىرقىلمىغان يۇمشاق بۇرۇتلىرى ئاستىدىكى لەۋلىرى ئاي قاراڭغۇسىدا قاچۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئىسسىق لەۋلىرىگە تەگدى.

—ھوشۇر قارىكا، ناماز ئوقۇپ تۇرۇپ ئاللا ئالدىدا گۇناھ-كۇپۇرلۇق ئۆتكۈزمىسىلە،—رازىخان ئۈستىدىكى تىرمىشىپ ئۆز كىيىمىنى سېلىۋاتقان ھوشۇر قارىغا گەپ قىلىپ ئاخىرلاشتۇرغىچە ئۇ قوللىرىنى ئىشقا سېلىپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:

—ئاللانىڭ مېھرى ئۆزى ياراتقان دېڭىز-ئوكيان، ئەرشئەلالاردىنمۇ كەڭ، كۆڭلى چۈشۈپ قېلىشنى گۇناھ دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى مېنىڭ كۆڭلۈمنىڭ سىزگە چۈشۈپ قېلىشىنى ئاللا بەلگىلىمىگەن بولسا سىزگە يېگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى مۇنداق مەھلىيا بولۇپ يۈرمىگەن بولاتتىم.

رازىخاننىڭ تىزىغا قەدەر يالىڭاچلانغان يوتىسى كونا جۇۋىنىڭ يۇمشاق مويلىرىغا تېگىشكە باشلىۋىدى، ئۈستىدىكى ھوشۇر قارىغا تولغىنىپ

قارشلىق كۆرستىۋاتقان توق ئەتلىك بەدىنى بىلەن پۈت-قوللىرى تەدرى-جىي بوشاپ كەتتى. ئاسماندىكى كۈمۈش ئاي ئۇلاردىن خىجىل بولدىمى-كىن، قېنىق كۆل رەڭگە ئۆزگىرىۋاتقان بىر پارچە قارا بۇلۇت ئىچىگە ئۆزىنى يوشۇردى. يىگىرمە يەتتى يىلدىن بېرى بىرەر ئەر بىلەن مۇنداق پىنھان جايدا بىرگە بولۇپ باقمىغان رازىخان گەپ-سۆزسىز ھوشۇر قارى-نىڭ تېگىدە چوڭ-چوڭ نەپەس ئېلىشقا باشلىدى...

× × ×

تەلەيخان «قىزىلبايراق» داۋىنىڭ تاملىرىغا چاپلانغان مەزمۇنى بىر بىرىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان يوغان شوئارلارنى كۆزدىن كەچۈرۈ-ۋېتىپ، ئۆزىنىڭ كەلگىنىگە يېرىم سائەتتىن ئاشقانلىقىنى، ۋاقتىنىڭ چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى كۆرۈش تۈپەيلى بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ «مەن بۇ يەرگە چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى كۆرگىلى ئەمەس، يىغىلغان ئوت-چۆپلەرنى ئېلىپ كېتىدىغانغا ھارۋا ئالغىلى كەلگەن ئەمەس-مىدىم» دەپ ئويلىدى-دە، دەررۇ ئاپىسىنىڭ ئايكەلدىدە يالغۇز قالغانلىقىنى ئېسىگە كەلتۈردى. موسا تاپقاق دېگەن كىشىنىڭ ئايكەلدىدە سۇ ئادىمى بار ئىكەن، يالغۇز ئۇچراپ قالغان ئادەمنى كۆلگە ئەكىرىپ كېتىدىكەن، ئايكەلدى ئەجىلى توشقان ئادەم بارىدىغان يەر...دېگىنىنى ئېسىگە ئالغان-دىن كېيىن ئاپىسىنى ئەندىشە قىلىپ خېلى جىددىيلەشتى. ئۇ ھازىرلا ئوت-چۆپ ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ۋە ھارۋا بەلگىلەپ ئايكەلدىگە ئۆزى بىلەن بىرگە ماڭىدۇرۇشنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن 3-داۋىنىڭ ئات، ھارۋا ھويلىسى يېنىدىكى ئىشخانىسىغا يۈرۈپ كەتتى.

تەلەيخان ئۈچىنچى داۋىنىڭ ئىشخانىسىدا قېيۇم توختى داۋىجاڭ قاتارلىق بىرقانچەيلەن ھە، دەپ «بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەكسىيەتچى لۇشيەنىنى يۈرگۈزگەن ليۇ شۆەينى تارتىپ چىقىرايلى» دېگەن مەزمۇندا چوڭ خەت-لىك گېزىت ۋە شوئارلار يېزىۋاتقانىڭ ئۈستىگە كىرىپ كەلدى. داۋىجاڭ قېيۇم توختىدىن باشقىلىرى تەلەيخاننىڭ ھارۋا ئوت-چۆپ، كالا توغرىسى-دىكى گەپلىرىگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىدى. «شەرق قىزارى» داۋى-دىن ئالاقە باغلاشقا ئەۋەتىلگەن بىر ئۆزۈنتۇرا ئۇيغۇر دېھقان: «بىز

دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتىمىز. ئوت-چۆپ، هاۋا، كالا توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاشقا نەدىمۇ چولىمىز تەگسۇن“ دېدى. پاكار دادۇيجاڭ يېزىۋاتقان چوڭ خەتلىك گېزىتكە ئېگىشكەن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى-دە، دۇيجاڭ قېيۇم توختىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە تەلەيخاننى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن سوغۇق چۇشۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن دەسلەپ يىغىلغان ئوت-چۆپلەرنى توشۇپ ئەكىلىۋېلىش، ئاندىن كالىلارنى قايتۇرۇپ كېلىش توغرىلىق بىر پىكىرگە كېلىپ تەلەيخانغا ئۇقتۇردى. تەلەيخان هازىرلا ماڭىدىغان هاۋا، ئادەملەرنى بېكىتىپ ئۆزى بىلەن بىرگە ئايكەلدىگە ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىۋىدى، ئۇلار ماقۇل كۆرمىدى. دادۇيجاڭ بىلەن دۇيجاڭ قېيۇم توختى تەييارلىق قىلىپ ئەتە مېڭىشنى، تەلەيخاننىڭ نازارەتتە ئىدىيە ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇلغان جېلىل راخمان بىلەن بىرىنچى دۇيدىكى بىر پومېشچىكقا ئەتە ئايكەلدىگە ئىككى هاۋا قېتىپ ئوت-چۆپ ئېلىپ كېلىشكە بەلگىلەنگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى تاپىلىدى. دۇيجاڭ قېيۇم توختىنىڭ تەلەيخاننىڭ ئايكەلدىگە مېڭىشنى كەينىگە سۈرۈشىدە ئۆزى بىۋاستە ئېيتىشقا پېتىنالمايۋاتقان بىر مەقسىتى بار ئىدى. بۇرۇن تەلەيخانغا ئۇ قوپاللىق قىلغاچقا، ”سىزنى ياخشى كۆرمەن توي قىلساق“ دېيەلمەيتتى. ”ئاپىسى رازىخان بۇ يەردە هازىر يوق بولغاچقا، تەلەيخان يەم-خەشەك ئىسكىلاتى قىلىنغان كالا قوتىنىدىكى ئۆيىدە يالغۇز يېتىشتىن قورقىدۇ“ ئۆيىگە ئەكىلىپ ئوبدان مېھمان قىلىپ قوندۇرۇپ، ئاپام ئارقىلىق توي قىلىش تەلىپىمنى بەرسەم بەلكىم ئۇناپ قالار“ دەپ ئويلىدى دۇيجاڭ قېيۇم توختى مىيىقىدا كۈلۈپ. ئۇ تەلەيخاننى دۇي ئىشخانىسىنىڭ سىرتىغا قەدەر بىللە ئۇزىتىپ چىقتى. تەلەيخان پەرۋاسىز، تەمكىن قىياپەتتە كەينىگىمۇ قارىماي، ئەتە ئەتىگەن ئايكەلدىگە بارىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن ئادەملەرگە دادۇينىڭ قارارىنى يەتكۈزگىلى كەتتى.

كالا قوتىنىغا يانداش يەم-خەشەك ئىسكىلاتى قىلىنغان ئۆينىڭ توكى يوق ئىدى. تەلەيخان پانار چىراغقا كىرسىن قۇيۇپ تولدۇرۇپ، قاپقىقىنى ئەتتى-دە، شېشىسىنى قۇرۇق لۆڭگە بىلەن ئېرتىپ پارقىرىتىۋەتتى. ئوكتە-

بىر ئېيىدا كۈن بالدۇر ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغىنىدا يېزىدى-كىلەرگە چۈشتىن كېيىن ھەش-پەش دېگۈچە كەچ كىرىپ قالغاندەك تۇيۇلىدۇ. تەلەيخان پانار چىراغنى ياندۇرۇدى-دە، ياتىدىغانغا ئورۇن سال-دى. ئۆي ھىم بولغاچقا، ئانچە سوغۇق ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ يوتقىنىنىڭ ئۈستىگە ئاشلانمىغان تېشى يوق جۇۋىنى يېپىپ ياپتى. ئۇ ئەتە بالدۇرراق تېز قوپۇش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالمايلا ياتماقچى بولۇپ ئولتۇردى-دە، ئۆزىنىڭ ئىشكنى ئىچىدىن تاقىمىغانلىقىنى ئېسىگە كېلىپ، دەرھال ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىشكنى ئىچىدىن تاقاق بىلەن سۈرۈپ ئېتىپ قويدى. ئۇ كونا سېرىق خۇرۇم ئايىغىنى سېلىۋېتىپ تۆرگە چىقتى-دە، سېلىپ قويغان يىرتىق يوتقان-كۆرپىسى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئويلىدى: ئاكام ئۆتكەنكى ئىشلىرىمنى تەگەپ-قېيىداپ ماڭا يار-يۆلەك بولمىدى. ئەھۋالى ياخشى كىشىلەر يامان ئەھۋالدا قالغان تونۇش كىشىلەرگە ئىچ ئاغرىتىشمىسا بەك رەنجىپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، لېكىن قېرىنداشلىرى ئىچ ئاغرىتمىسا، يامان ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشقا كۈچ چىقارمىسا تېخىمۇ چوڭقۇر ئورىغا ئىتتىرىلگىنىگە خۇشال بولغانلىق بولىدۇ. ئاكام بولغان ئادەم لاۋگو-چىلىكمۇ بولالمىسا قانداق بولغىنى؟ لاۋگو: تەلەيخان مەجبۇرىي يېزىغا چۈشۈرۈۋېتىلسە توغرا بولمايدۇ، دېسە ئاكام ۋە رازاق ھوشۇرلار بىز ئۈچۈن يۈرەكلىك ھالدا ئوتتۇرىغا چىقالماپتۇ، ئاكام باتۇر ۋە ماڭا ئۆزۈندىن بىرى كۆيۈپ-پىشىپ يۈرگەن رازاقلار نېمە ئۈچۈن دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ گەپ قىلالمايدۇ؟ دۇنيادا ھەقىقەت دېگەن نېمە بارمۇ-يوق؟ نېمىشى-قا...“—تەلەيخاننىڭ يوتقان ئۈستىگە چىقىپ يېتىشتىن ئاۋۋال ياستۇققا قىڭغىيىپ يېتىپ تۇرۇپ سۈرۈۋاتقان خىيالىنى تالادا بىراۋنىڭ ئىشكنى ئۈچ قېتىم چېكىپ ”تەلەيخان“ دەپ چاقىرىشى بۆلۈۋەتتى.

—كىم؟!—تەلەيخان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ قورقۇمسىزلىق بىلەن ۋارقىرىدى.

—مەن قېيۇم دۈيجاڭ بولىمەن، قورسىقىڭىز ئاچقاندۇ، ئۆيگە چاقى-رىغىلى كەلدىم. بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ قىلىڭ!—ئىشىك تۈۋىدىن تەلەي-خاننىڭ ئىشكنى ئېچىپ چىقىپ، ئۆزى بىلەن بىرگە ئۆيگە بېشىنى

كۆتۈپ تۇرغان قېيۇم توختىنىڭ تىترىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— رەھمەت، دۆيجاڭ، ئەتە مەن بىللە ئايكەلدىگە بارىدىغان جېلىل راخماننىڭ ئۆيىدە تاماق يېدىم. قورسىقىم توق.

— يۈرۈڭ، بۇ ئۆي بەك سوغۇق، بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ قېلىڭ.

— رەھمەت، يېتىپ قالدىم. بارالمايمەن، — دېدى تەلەيخان كەسكىن هالدا.

قېيۇم توختى ئىشىك تۈۋىدە بىردەم تۇردى. ئۇ: «قورسىقى راسا ئاچقىنىدا چوقۇم ماڭا ئەگىشىپ ئۆيۈمگە مەن بىلەن بىرگە بارىدۇ، قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن ئاپام ئىغىز ئاچسا مەن بىلەن توي قىلىشقا ئۇناپ قالىدۇ» دەپ خىيال قىلغان ئىدى. تەلەيخاننىڭ ئىشىكنى ئاچماي ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ بەرگەن كەسكىن جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزى-نىڭ خام خىيال قىلغانلىقىنى پەملەپ، بىراقلا ئۈمىدسىزلەندى. «دۇنيادى-كى بارلىق جىن-شەيتانلارنىڭ يۈرىكى بىر ئوخشىمامدۇ، تارتىپ چىقىرىل-غان ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى جېلىل راخماننىڭ ئۆيىدە قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ كۆرەڭلەپ كېتىشىنى قارىمامدىغان بۇ چەت ئەلگە باغلانغان جالاپنىڭ...» — دۆيجاڭ قېيۇم توختى ئىشىكنى تېپىپ ئېچىپ تەلەيخانغا دەسلەپ بەتقىلىقلىق قىلماقچى، قارشىلىق كۆرسەتسە يەرلىك مىللەتچى جېلىل راخمان بىلەن نېمە دېيىشتىڭ؟» دەپ سوراق قىلماقچى بولدىيۇ، تەلەيخاننىڭ ئەلپازىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، بولۇنىدىغان سوراق سۈرەن-شاۋ-قۇنلۇق جېدەل-ماجىراغا ئايلىنىپ كەتسە، كالا قوتىنى ئەتراپىدىكى تېخى ئۇخلىمىغان كىشىلەر نېمە ۋەقە بولغاندۇ، دەپ يۈگۈرۈپ چىقسا، ئۆز-ئۆ-زۈمگە چوڭ ئىش تېپىۋالمەنمۇ نېمە؟» دەپ ئويلىدى دۆيجاڭ ۋە «كېيىن بىر نۆۋەتتە كېلەر» دەپ جەزم قىلىپ كالا قوتىنى يېنىدىكى تەلەيخان ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدىن داجىپ يىراقلاشتى-دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى.

× × ×

باغراش كۆلىنىڭ سۈيى قېنىق كۆك يېشىل قومۇش رەڭگى ئالغان. گويا كۆز يەتمەس كەڭلىككە يېيىلغان ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرىدۇ. كالا

قوتىنىنىڭ كەينىدە قۇچاق-قۇچاق باغلانغان ئوت-چۆپلەر دۆۋىسى كۆز-لەرگە ئېنىق چېلىقىدۇ. تەلەيخان باشلاپ كەلگەن ئىككى هارۋىغا كەچ كۈزنىڭ ئانچە ئىسسىقى قالمىغان ئاپتىپىدا قۇرۇلۇپ قالغان ئوت-چۆپ باغلاملىرى بېسىلماقتا. ئوت-چۆپ باغلاملىرىنى هارۋىغا بېسىش ئانچە تەس ئەمەس. جازالىنىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن مائارىپچى ئابدۇرېھىم ئەيسا بىلەن جېلىل راخمان يىغىپ توپلاپ قويۇلغان ئوت-چۆپ دۆۋىسىنى چۈشكىچە هارۋىغا بېسىپ بولدى. جېلىل راخمان بىلەن مېڭىش ئالدىدا رازىخان بىلەن تەلەيخان ئۇلارنى ”چاي ئىچىپ كېتىڭلار“ دەپ قاتتىق تۇتۇۋالدى، جېلىل راخمان قازان نېنى يەۋېتىپ رازىخان بىلەن تەلەيخانغا خەيرخالىق بىلدۈرۈپ سۆز قىلدى:

— مەنمۇ بۇ هەمرايىم ئابدۇرېھىم ئەيساغا ئوخشاش تۆۋەنگە مەجبۇرىي چۈشۈرۈلگەن، ئەسلىدە شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، قاراشەھەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتىم. سايرا دېۋىدى، كۆپرەك سايرېۋېتىپتىمەن. لېكىن مەندە ”يەرلىك مىللەتچى“، ”بۇرژۇئا ئۇنسۇر“ دەيدىغان قالپاقتا تۇشلۇق بىر نېمە يوق ئىدى، ئىدىيە ئۆزگەرتىدۇ، دەپ بۇگۇر ناهىيىسىنىڭ سوخو دېگەن چۆل بىرىگە چۈشۈرۈۋەتتى. سوخودا ماڭا ئوخشاش بەدنام-تۆھمەت-كە ئۇچراپ ئۈرۈمچىدىن چۈشۈرۈلگەن قىرى-ياش زىيالىيلارمۇ خېلى كۆپ ئىكەن. ئۇلار بىلەن بىللە خېلى بىر مەزگىل كۈنلىرىمنى تەكلىماكان-نىڭ چېتىگە جايلاشقان بۇ چۆللۈكتە مەجبۇرىي ئېغىر ئەمگەك بىلەن ئۆتكۈزدۈم. كېيىن قويۇپ بېرىلدى دەپ بۇ قاربۇلاق يېزىسىغا ئەۋەتىپ بەردى. ”قىزىلبايراق“ گۇڭشېسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن بۇ قاربۇلاق يېزى-سىدا دەسلەپ سېسىق زىيالىي دەپ بىرئاز چەتكە قېقىلغان بولساممۇ ئومۇمەن ئېغىر دۆشكەللەشلەردىن، نازارەت ئاستىدا مەجبۇرىي ئەمگەك قىلىشتىن قۇتۇلۇپ قالدىم. مەدەنىيەت ئىنقىلابى ماڭا بىر ئاپەت بولدى، يەنە تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىندىم. كۈندە نازارەت ئاستىدا مەجبۇ-رىي ئون ئىككى سائەت ئەمگەك قىلىپ كەلدىم. هېلىمۇ ياخشى، لىۋ شۇجى بۆكىنى ئېلىپ كەل دېسە، كاللىسىنى كېسىپ ئېلىپ كېلىدىغان قاراملاردىن ئەمەس ئىكەن. قارا ماتېرىياللارنى كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك،

دېگەن گەپ چىقىۋىدى، مېنىڭمۇ ئىسمىمنى ئاتاپ، ناتوغرا ئۇسۇل بىلەن پىپەن، كۆرەش قىلىندى، دەپ نامىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن بېشارەت بەردى؛ تېخى سىلەرنىمۇ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويالمىدىم دەپ ئۆزىنى تەكشۈردى. سىلەر توغرىسىدا تېخى نەدىن كەلگەن بولسا شەگە قايتۇرۇلىدىكەن، دېگەن گەپمۇ بار.

جېلىل ئاكا، بۇ گەپلىرى راستىما؟— تەلەيخان خۇشاللىقىدا ئۈنلۈك تووۋلىۋەتتى.

— مەن ئۆمرۈمدە يالغان ئېيتىپ باققان ئادەم ئەمەس مەن، راست، — دېدى جېلىل راخمان روھلۇق ھالدا،— لېكىن مېنى دېدى دەپ يۇرمىگىنلەر جۇمۇ، مەن بالا-قازاغا قالماي يەنە.

ئۇلار چاي ئىچىپ قورسىقىنى بىرئاز توقلىدى-دە، ئىككى ئايال بىلەن خۇشلىشىپ ھارۋىلىرى يېنىغا مېڭىشتى. رازىخان كېتىۋېتىپ پىشقەدەم مائارىپچى ئابدۇرېھىم ئەيسانىڭ چاقچاق ئارىلاش جېلىل راخمانغا: ”تېزرەك ماڭايلى، كەچ قالساق كۆلدىن چىقىدىغان سۇ ئادىمىگە ئۇچراپ قالمايلى يەنە“ دېگىنىنى ۋە جېلىل راخماننىڭ ”مەنمۇ كۆلدە ئۆزۈن تۇرغان. كۆل ئىچىدە زەرىبىگە ئۇچرىغان دەردى بارلار بولۇشى مۇمكىن، نەدىمۇ سۇ ئادىمى بولسۇن؟“ دېگىنىنى ئاڭلىدى. باياتىنقى گەپلەرنى ئاڭلاپ تەلەيخاننىڭ روھىي بىرئاز كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ”بىزنىڭمۇ قايتىپ كېتىدىغان كۈنىمىز يېقىنلىشىپ قالدىمۇ نېمە؟“ دەپ ئويلا-ئويلا ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى خۇش قىلىپ كۆلۈمسىرىدى. لېكىن كۆز ئالدىدىكى ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ ھازىرلا قارشىلىق كۆرسىتىپ ئايىكەلدىدىن قېچىپ كېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئادەملەر تۇرمۇشتا ئۆز ئىدىيىسىدىن ئۆتمەيدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرگە دۇچ كېلىدۇ. ئىدىيىسىدىن ئۆتمىگەن ئىكەن، ۋۇجۇدىدا قارشىلىق كۈچ پەيدا بولىدۇ. بۇ قارشىلىق كۈچنى كەلكۈندەك كەلگەن زەربىلەر بېسىم بېگەلىسىمۇ، لېكىن بويسۇندۇرۇشقا قادىر ئەمەس، ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسىنى زورلۇق ۋە مۇشت بويسۇندۇرالمايدۇ. تەلەيخاننىڭمۇ، رازىخاننىڭمۇ ئىدىيىسىدە زور مەنىۋى قارشىلىق كۈچ پەيدا بولغان بولسىمۇ بۇ مەنىۋى

قارشىلىق كۆچى ئۆزلىرىنىڭ چوڭ خەتلىك گېزىت يېزىپ چاپلاپ تارتىپ كۆرەش قىلىشىغا، شەھەردىن ھەيدىلىپ ئايكەلدىگە كېلىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان كىشىلەرگە قارىتىلغان ئىدى. سېكرېتار لاۋشۇي بىلەن گاۋ كېجاڭغىمۇ ئاغرىنىشى بار. لېكىن تەلەيخان كەلگۈسىگە، جاھاننىڭ ئۆزگىرىشلىرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ پايدىسىزلىقىنى بىلىپ، نېمىنى قىل دېسە شۇنى قىلىپ بويسۇنۇپ، ياخشى كۆڭلەرنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئارتۇقچە چېچىلماي جىم يۈردى. رەت قىلىش ھوقۇقى يوق، نېمىنى قىل دېسە شۇنى قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. كالا باققىلى چىققان تەلەيخان: ئاپامنى تاماق توشۇتۇپ ئاۋارە قىلغۇچە شاققىدە ئۆزۈملا بېرىپ تاماقلىنىپ كەلمەيمەنمۇ، دەپ ئون سەككىز كالىنى ئىگىسىز قالدۇرۇپ، كەچكە تاماقلانغىلى كەتتى.

تۇرمۇشتا كىشىلەر خىيالغا كەلتۈرمىگەن كۈتۈلمىگەن ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. رازىخان كەچتە قېلىپ چۈشلۈك تاماق ئەتتى، ئاندىن ئەتە يەيدىغانغا ئون نەچچە قازان نېنى سالدى. ئۆزىنىڭ ۋە قىزىنىڭ كىر-قاتلىرىنى يۇيدى، ئاخىرقى بىرقانچە كۆڭلەكلىرىنى يۇيۇۋاتقىنىدا تەلەيخان تاماقلانغىلى كېلىپ، ئاپىسىنىڭ كىر يۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزۈم يۇيىمەن دەپ ئۆزىنىڭ ۋە ئاپىسىنىڭ كۆڭلەكلىرىنى ئۇنىمىغىنىغا قارىماي تالىشىپ تارتىۋالدى. كىر يۇيۇش ۋە قوللىرىنى يۇيۇپ قورۇسقىنى توقلىشى ئۈچۈن بىرەر سائەتچە ۋاقىت كەتتى بولغاي، ئۇشتۇمتۇت ئانا-بالا ئىككىسىنىڭ ئېسىگە شەرق قىزاردى“ دادۇينىڭ كەنجى قوناقلىقى چۈشتى، كاللار شۇ ئەتراپتا ئوتلاۋاتاتتى. ئۇلار ئۇچقاندەك شۇ تەرەپكە يۈگۈردى.

—ئاپلا، ئاپا! چاتاق بوپتۇ، كاللار قوناقلىققا كىرىپ كېتىپتۇ!— تەلەيخان چىقىرىغان پېتى قولىغا بىر تاياقچىنى ئېلىپ كاللارنى قوناقلىقتىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىشكە يۈگۈردى. رازىخانمۇ ”ماۋۇ پېشكەللىكنى كۆرۈڭ، ھايۋان دېگەن ھايۋانلىقىنى قىلىدۇ، ئېشكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تىنچ، دەپ كونىلار بىكار ئېيتماپتۇ. ۋاي كاساپەتلەرنى، قانداق قىلارمىز ئەمدى...“ دەپ سۆزلەپ تۇرۇپ قولىغا ئۇچرىغانلىكى تاش، داڭگاللارنى قوناقلىقتىكى قورساق تويغۇزۇۋاتقان كاللارغا ئاتقىلى تۇردى.

كالىلارنىڭ يەتتە-سەككىزى قوناقلىقىقا كىرگىلى يېرىم سائەتچە بولغاندەك تۇراتتى. چوڭ بىر ئېتىزنىڭ يېرىمىدىكى يېشىل قوناقلىق دەسسىلىپ-چەيـ-لەنگەن. كالىلار يەپ ئۆتكەن قوناق شاخلىرى سۇنۇپ يەرگە ياتقۇزۇلغان. كالىلار ئۇ يەردىن بىرئاز، بۇ يەردىن بىرئاز يەپ ئىچكىرىلەپ ماڭغاچقا چوڭ بىر ئېتىز قوناقلىقنىڭ يېرىمى خۇددى چېچى قالايمىقان چۇشۇرۇلـ-گەن باشقا ئوخشاپ قالغان ئىدى. تەلەيخان قوناقلىقتا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىنى لەپپەڭشىتىپ، بىر خىلدا قوناق شاخلىرىنى يالماپ يەۋاتقان بىر كالىنى قولىدىكى تاياقتا قەھرى بىلەن ئۇرۇۋىدى، قارا كالا چۆچۈپ بېشىنى قوناق شاخلىرى ئارىسىدىن كۆتۈرۈپ، قۇيرۇقىـ-نى شىپاڭلاتقىنىچە سىرتقا قاراپ قېچىشقا باشلىدى. رازىخانمۇ بىر ئاق كالىنى قولىغا چىققان ياڭاقتەك بىر تاش بىلەن ئۇردى. ئانا-بالا ئىككىيـ-لەننىڭ ئۆمرىدە ئادەملەر تۇرماق، ھايۋانلارنىمۇ بىرەر قېتىم ئۇرۇپ باققان ئەمەس ئىدى. ئىككى كالا تاياقتىن قورقۇپ قېچىشى بىلەن تەڭ باشقا كالىلارمۇ ئۇ كالىلارغا ئەگىشىپ دۈپۈرلىشىپ قوناقلىقتىن قېچىپ چىقىپ كېتىشتى.

رازىخان بىلەن تەلەيخان قورسىقى تويۇپ كەتكەن كالىلارنى ھەيـ-دەپ قوتىنىغا ئاپىرىپ سولىۋېتىپ، كەينىدە يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىماي پىچىرلاشتى. ئەمدى دادىيدىن يامان گەپ ئاڭلايدىغان بولدۇق، دەپ كېيىنكى تەقدىرىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ غەم-ئەندىشىگە چۇشۇشى توغرا ئىدى، ئۇلار ”شەرق قىزاردى“ دادىيدىنلا ئەمەس، ”قىزىلبايراق“ دادىيدىنمۇ يامان گەپ ئاڭلىشى مۇقەررەر ئىدى.

”شەرق قىزاردى“ دادىيدىن ئايكەلدىدىكى كەنجى قوناقلىقىقا قاراشقا بەلگىلەنگەنلەر دۈشەنبە كۈنى چۈشكە يېقىن ئارامىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلدى. ئۇلار قوناقلىقىقا كۆز يۈگۈرتۈپ ۋارقىرىشىپ كەتتى:

—چەنتۇمۇماي قوناقلىقىمىزغا كالىلىرىنى قويۇپ بېرىپتۇ!

—دەسسەپ-چەيلەپ يەپ بولغان قوناقلىقىمىزنىڭ زىيىنىنى تۆلىتىدـ-ۋالايلى، تۆلەپ بەرمىسە ئۈچ كالا بىزنىڭ!—دېدى ئېگىز بويلۇق بىرسى ۋارقىراپ. رازىخان بىلەن تەلەيخاننىڭ ئۇلارغا يالۋۇرۇشى قىلچە كار قىلمىدـ-

دى. ئېگىز بويلۇقى بىر بۇيرۇق قىلىشى بىلەن يېشى چوڭراقى دوغلاق كەلگەن بىرسىنى ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ، ئۈچ كالىنى ھەيدەپ قوناقلىقنىڭ تۆۋىنىدىكى ئوت-چۆپ مەيدانىغا ئەكىلىۋالدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن: «شەرق قىزاردى» دادۈينىڭ ئايكەلدىدىكى تېرىغان بىر چوڭ ئېتىز قونىقىنى «قىزىلبايراق» داۋىينىڭ كالىلىرى يەپ بوپتۇ، دېگەن گەپ تارقالدى، كەينىدىنلا «قىزىلبايراق» داۋىينىڭ ئۈچ كالىسىنى «شەرق قىزادى» داۋىيدىكىلەر ئېلىۋاپتۇ، ئۆلتۈرۈپ يېگۈدەك، دېگەن گەپ-سۆزلەر يامراشقا باشلىدى. مالىمانچىلىق جىددىي ۋەزىيەت پەيدا قىلىشقا باشلىغاندا، يالغان گەپ تېز تارقىلىدۇ. خېنەن، ئەنخۇي، جياڭسۇدىن چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلارنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان «شەرق قىزاردى» داۋيى بىلەن «قىزىلبايراق» داۋيىدىكىلەر بۇرۇن ناھايىتى ئىناق ئىدى، «خەنزۇلار ئۈچ كالىنى ئېلىۋاپتۇ، ئۆلتۈرۈپ يەيدى-كەن» دېگەن گەپ چىققاندىن كېيىن ئەھۋال جىددىيلەشتى، ھەممىلا جايدا داۋيجاڭ بىلەن داۋيجاڭ، ئەزا بىلەن ئەزا ئۈچ كالا ھەققىدە تالاش-تارتىش قىلىپ بېسىلمىۋىدى، گۇڭشېغا دوكلات قىلىندى. «قىزىلبايراق» گۇڭشېسىنىڭ پارتكوم سېكرېتارى ليۇ شۈەي ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئوغۇت ۋە قومۇش بېسىپ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ماڭغان تراكتورغا ئولتۇرۇپ، ئالاھىدە ئايكەلدىگە كەلدى.

ليۇشۈەي ئاۋۋال رازىخان ۋە تەلەيخان بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئۇلار باققان كالىلارنىڭ خېلىلا سەمرىپ قالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇلار ليۇ شۈەيگە كەنجى قوناقلىققا كالىلار-نى قويۇپ بېرىپ، «شەرق قىزاردى» داۋيگە زىيان سالغانلىقىنى خىجىل بولۇشۇپ، سەمىمىي تەكشۈرگىنىگە كۆڭلىدە مەمنۇن بولۇپ كۈلۈمسىرىدى.

—مەن ھازىر بېرىپ ئۇلارغا خىزمەت ئىشلەيمەن چۈشتىن كېيىن ئۈچ كالىنى ئېلىۋېلىڭلار، —دېدى ليۇ شۈەي بېشىدىن سېرىق شەپكىسىنى ئېلىۋېتىپ. ئاندىن ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ مىلتىق ۋە كەتمەن-گۈرجەك تۇتۇپ چېنىققان قول بارماقلىرىنى تاغاق قىلىپ ئالدىغا تاشلىنىۋاتقان

چاچلىرىنى كەينىگە تارىدى، ئۇلارنىڭ ئايال كىشى تۇرۇپ ئورۇنلاشتۇ-
رۇشقا ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنۇپ، باشقىلار كېلىپ ئىشلەشنى خالىمايدىغان
ئايكەلدىدە تۆت-بەش كىشى قىلىدىغان ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىۋاتقان
بۇ ئىككىيلەنگە، ئۇلارنىڭ يېتىپ-قوپىدىغان قومۇشلۇق كەپىسىگە زەڭ
سېلىپ قارىدى. ”ئۇلارنىڭمۇ ئاتا-ئانىسى، يولدىشى، ئاكا-ئۇكا، تۇغقان
بۇرادەرلىرى باردۇ، بۇلارنى قانداقمۇ پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى
دېگىلى بولسۇن؟ ماۋۇ ئەللىك ياشتىن ئاشقان ئايالغا ئوخشاشلار پارتىيىگە
قارشى بولسا بۇندىن ئون ئالتە يىل بۇرۇن، يەنى 1949-يىلى ئالدىمىزغا
بىزنى قارشى ئالغىلى چىقامتى؟ بىز ‹ ئۈچ چوڭ تەرتىپ، سەككىز دىققەت›
مارشىنى ئېيتىپ شىنجاڭغا چىققىنىمىزدا مۇشۇ كىشلەر جۇڭگو خەلق
ئازادلىق ئارمىيىسىنى قارشى ئالايلى! دەپ شوئار توۋلاپ، بىزنى قارشى
ئالغىلى ئالدىمىزغا چىققان ئەمەسمىدى؟ بىزگە مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ
ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش توغرىلىق پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ، ماۋجۇشىنىڭ يولىيورۇقلىرى يەتكۈزۈلگەن ئىدى. ئەپسۇسكى،
بۇ ئىككى ئايالغا يەنە قۇشۇمچە چوشقا بېقىش ۋەزىپىسىمۇ يۈكلىنىپتۇ،
تازا قاملاشمىغان ئىش بوپتۇ...“ —لىيۇ شۇەينىڭ خىيالىنى كەنجى قوناق-
لىق تەرەپتىن بىرسىنىڭ ”لىيۇ شۇجى، سىزنى يولداشلار چاقىرىۋاتىدۇ“
دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى بۆلۈۋەتتى. ئۇ رازىخان بىلەن تەلەيخانغا ئايكەلدى-
دىن قايتقىچە يەنە سۆزلىشىدىغانلىقىنى، ھازىر بولسا ئالدىراشلىقىنى ئېيت-
تىپ، ”شەرق قىزاردى“ دادۈيگە قاراشلىق قوناقلىققا كېتىپ قالدى.

رازىخان قىزى تەلەيخاننى كالىلارنى بېقىشقا ماڭغۇزۇۋېتىپ، ئوتى
ئۆچۈپ قالمىغان ئوچىقىغا تەييارلاپ قويغان قۇرۇق قومۇشلارنى ئوتتۇرد-
سىدىن ئۇشتۇپ پۈكلەپ تىقتى-دە، بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن چوغ
دۆۋىسى ھاسىل قىلدى. ئاندىن كىچىككىنە قازىنىنى ئېسىپ قوناق ئۇنى
ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇپ قويغان خىمىرىنى مۇشتۇمدەك، مۇشتۇمدەك چوڭ-
لۇقتا ئۈزۈپ، قولى بىلەن ئاۋايلاپ يايدى-دە، قىزىۋاتقان قازانغا سېلىپ
ئۇ ياققا-بۇ ياققا سۈرۈشكە باشلىدى. قازان بەك قىزىپ كەتسە چوغلارنى
ئوچاقنىڭ سىرتىغا تارتىپ قوياتتى. قىزىقى يانغىنىدا چوغلارنى ئوچاقنىڭ

ئىچىگە ئىتتىرىپ يۆۋەتتى. رازىخان چۈشكىچە قازان بىلەن ھەپىلىشىپ
ئانا-بالا ئىككىسى بىرقانچە كۈن يەيدىغان قوتۇرماچ پىشۇردى. ئۇ ئالدى-
راشلىقتا چاي قايناتمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ تۇرمىدى. ئۇ دولقۇنسىز
تۇرغان ئەينەكتەك سۈپسۈزۈك كۆلدىن بىر غېدىر سۇ ئالدى-دە، يېڭى
پىشۇرغان قوتۇرمىچى بىلەن قورسىقىنى تويغۇزدى. ئاندىن ئاق ياغلىقىغا
بىرقانچە قوتۇرماچنى تۈگۈپ كالىلارغا كۆز-قۇلاق بولۇۋاتقان قىزى تەلەي-
خاننىڭ يېنىغا ماڭدى.

چۈشتە دۆڭگە چىقىپ قارىسا باغراش كۆلى ئاجايىپ چىرايلىق
كۆرۈندى. كۆلنىڭ ئاخىرى ئاقۇچ كۆك رەڭ ئۇيۇق بىلەن بىرىكىپ،
ئاسمان بىلەن سۇ يۈزى سۇس كۆك رەڭ گۈمبەز ھاسىل قىلدى. شامال
چىقمىغاندا كۆل سۈيى گويا ئاسماندىن چۈشكەن سۈپسۈزۈك ئەينەكتەك
پارقىرايدۇ. قىرغاققا يېقىن بەزى جايلىرى يىللارنىڭ ئۆتۈۋېرىشى نەتىجىسىد-
دە قۇرۇپ قالغان قومۇشلار دۆۋىسى شەكىللەندۈرگەن چوڭ كىچىك
لەيلىمە قۇرۇقلۇقلار كۆزگە چېلىقىدۇ. سانجاق-سانجاق ئۆسكەن يايپېشىل
قومۇشلار ئاسمانغا بوي تارتقان، ئاققۇلار، ئاپئاق قاناتلىرىنى كېرىپ سۇ
يۈزىنى بويلاپ ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ئۇچۇشىدۇ، ئۆزىنى ئارانلا كۆتۈرگەن
جۈپ-جۈپى سېمىز ئۆردەكلەر سۇ ئۈستىدىكى لەيلىمە قۇرۇقلۇقلاردىن
كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ ئانچە يىراققا بارمايلا قومۇشلۇقلار ئىچىدىكى لەيلىمە
ئۇۋىسىغا كىرىپ كېتىشىدۇ. كۆلنىڭ چۈشتىكى بۇ مەنزىرىسىنى كۆرۈپ،
تەلەيخاننىڭ غەم-غۇسسىگە تولغان كۆڭلى بىرئاز كۆتۈرۈلۈپ قالدى.
ئۇنىڭ كۆلگە مەھلىيا بولۇپ كۈلۈمسىرىشى ئۇزاققا بارمىدى. قومۇشلۇقتىن
كۆتۈرۈلگەن بىر جۈپ ئۆردەكنىڭ بىربىرىدىن ئايرىلماي سۇ يۈزىنى
سۈيۈپ دېگۈدەك پەسلەپ ئۇچۇپ يەنە بىر قومۇشلۇق ئىچىگە شۇڭغۇپ
كىرىپ كېتىشى تەلەيخاننىڭ قەلبىدە ئۆز-ئۆزىگە تەنھالىق ھېس قىلدۇردې-
مىكىن، كۆلگە قارىماي، قىرغاقتىكى كالا قوتىنى تەرەپكە نەزەر تاشلىدى.
ئەنە رازىخان ئۆزىگە يەيدىغان نەرسە ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ئوتلاۋاتقان
كالىلارنى ياناپ ئاپىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. ئۇ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقى
ئۈچۈن ئەمەس، ئاپىسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن جاپا تارتىپ قوتۇرماچ پىشۇرۇپ

ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىغا ئىچى سىيرىلىپ يۇگۇردى.

تەلەيخان كۆل بويىدا ئاپىسى ئېلىپ كەلگەن قوتۇرماچلارنى يەپ كۆلنىڭ تاتلىق سۈزۈك سۈيىنى ئىچىپ قورسىقىنى توقلىدى، ئاندىن ئاپىسى بىلەن بىللە مەسلىھەتلىشىپ گوڭشې پارتكوم سېكرېتارى لىيۇ شۈيىنىڭ دېگىنى بويىچە چۈشتىن سەل ئۆتكەندە «شەرق قىزاردى» داداۋىنىڭ قوناقلىقىغا باردى. تاملىرىنىڭ سۇۋاقلىرى سويۇلۇپ چۈشۈپ كەتكەن كونا ئۆينىڭ سىرتىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ مۇزاكىرىسىنى ئاياغلاشتۇرغان بىر توپ كىشى رازىخان بىلەن تەلەيخاننىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، خۇشياقمىغان هالدا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. بەزىلىرى يەر تېگىدىن ئانا-بالا ئىككىيلەنگە هومىيىپ قاراپ، نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ قويىدى. پەقەت سېكرېتار لىيۇ شۈيلا ئالدىغا چىقىپ رازىخان بىلەن تەلەيخانغا ئوچۇق چىراي ئاچتى.

— كالىنى ئېلىپ كەتسەڭلار بولىدۇ، ئەمما «شەرق قىزاردى» داداۋىنىڭ تارتقان زىيىنى ئۈچۈن «قىزىلبايراق» داداۋىي بەش يۈزجىڭ قوناق تۆلىشى لازىم. بۇ خەتنى ئالغاچ كېتىڭلار، «قىزىل بايراق» داداۋىي كۆزلۈك يىغىمدىن كېيىن بۇ زىياننى تۆلەپ بېرىدۇ، — دېدى سېكرېتار لىيۇ شۈەي تەمكىنلىك بىلەن.

تەلەيخان دەسلەپ يىنىك قەدەم بېسىپ، كېيىن يۈگۈرۈپ بېرىپ، ياپپېشىل قوناقلىقنىڭ تۆۋىنىدىكى ئوتلاقتا پۇشۇلداپ ئوت-چۆپ يەۋاتقان ئۆچ كالىنى تاياقچە بىلەن ئۈرۈپ هەيدەپ ئېلىپ كەلدى ۋە ئاپىسى بىلەن بىللە قىيپاش ئېدىرىدىن چۈشۈرۈپ، ئوتلاۋاتقان كالىلىرىغا قوشۇۋېلىپ، گويا هەممە غەم-ئەندىشىدىن خالاس بولغان كىشىلەردەك خۇشال بولۇشۇپ كەتتى. ئۇلار يۇرتنى لىيۇ شۈجىدەك ئادەملەر سورىسا، نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى» دېيىشىپ ئىچ-ئىچىدىن خۇشاللىنىدىۇ، سېكرېتار لىيۇشۈەي داداۋىگە ئالغاچ كېتىڭلار، دەپ بەرگەن «بەش يۈزجىڭ قوناق تۆلىسۇن» دېگەن خەتنى ئېسىگە ئېلىپ كۆڭلى دەككە-دۈككىگە چۈشتى. ئىككىيلەن يوغان ياپپاق تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ مۇڭداشتى ئۇلارنىڭ ئوي-پىكرى يىپىدىن ئۈزۈلگەن مارجاندەك چېچىلىشقا باشلىدى: «بۇ خەتنى «قىزىلباي-

راق، دادىيىگە بەرسەك، بىزنى قانداق قىلار؟ ئۇلار يەنە تەنقىد، كۈرەشكە تارتىشچۇ؟ بەش يۈز جىڭ قوناقنى بۇ جىن-شەيتانلار ئۆزى تۆلىسۇن، دېسە بىزدە بەش يۈز جىڭ قوناق تۇرماق، بەش جىڭ كېپەكمۇ بولمىسا، بىز نېمىمىزنى تۆلەرمىز؟ بۇ خەتنى بەرمىسەكچۇ، بەرمىسەك چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ، يەنىلا سەمىمىي بولغىنىمىز ياخشى. بۇ خەتنى دادىيىگە تاپشۇرۇپ بېرىش كېرەك. تارتقۇلۇقنى تارتماي سېنىڭ ھەددىڭ ئەمەس، دېگەن گەپ بار. باشقا كەلگەننى كۆرەمدۇق؟...“ —يىراقتىن كېلىۋاتقان تراكتورنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى رازىخان بىلەن تەلەيخاننىڭ ئۆزئارا قىلىشىۋاتقان سۆھبىتى بىلەن چىگىش خىياللىرىنى بۆلۈۋەتتى. تراكتور رازىخان بىلەن تەلەيخاندىن ئون نەچچە مېتىر يىراقلىقتىكى يولدا توختى-دى. تراكتورنىڭ كابىنكىسىدىن سېكرېتار لىۋ شۈەي چۈشۈۋىدى، تەلەي-خان بىلەن رازىخان ئورنىدىن تۇرۇپ بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ گۇڭشې پارتكوم سېكرېتارىنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئوتتۇرا بويلۇق، بېشىغا ئۆڭۈپ كەتكەن سېرىق شەپكە، ئۇچىسىغا كونا سېرىق چاپان-ئىش-تان كىيگەن، گەۋدىسى بىرئاز كەڭ بولغاچقا بويىنى قىسقىدەك كۆرۈندى-غان سېكرېتار لىۋ شۈەي تراكتور يېنىدىن كېلىپ ئۇلارغا يېقىنلاشتى.

—ھېلىقى بەش يۈز جىڭ قوناق تۆلىسۇن دېگەن خەتنى بەرمەي بىرتۇۋېتىڭلار، مەيلى ”قىزىلبايراق“ دادۈيدىكىلەر ياكى ”شەرق قىزارى“ دادۈيدىكىلەر بولسۇن، ھەممىسى كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان-لار، بىر ئائىلە كىشىلىرى. بىر ئائىلە كىشىلىرى بىربىرىنى ئەپۇ قىلىشى، كەڭ قورساق بولۇشى لازىم. سىلەرنىڭ خاتالىقىڭلارنى تونۇغانلىقىڭلارنىڭ ئۆزى بەش يۈز جىڭ قوناقتىن قىممەتلىك. يەنە بىر گەپ، سىلەرنىڭ يېزىغا چۈشۈشۈڭلەردە نوپۇس رەسمىيىتىڭلار تولۇق بولماپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئۇۋال قىلىنغان ئاممىنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قارا ماتېرىياللارنى كۆيدۈرۈش، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرماسلىق...توغرىلىق مەر-كەزنىڭ ھۆججىتى كەلدى. سىلەرنىڭ ئىدارەڭلەرمۇ سىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئۆزلىرىنى تەكشۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. سىلەرنى كېتىڭلار، دېمەيمەن، لېكىن ئۆز ئورنىڭلارغا قايتساڭلارمۇ مەيلى. بۇ گەپلەرنى

ھازىرچە تۆۋەندە دەپ يۈرمەڭلار، — سېكرېتار ليۇ شۇەينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تەلەيخان ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى. تەلەيخان خەنزۇچە ئاڭلىيالايدىغان بولغاچقا گۇڭشى پارتكوم سېكرېتارىنىڭ سۆزلىرىگە بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى. پەقەت سېكرېتار ليۇ شۇەي تراكتورغا چىقىپ ئانا-بالا ئىككىيلەنگە خوش، دەپ قول ئىشارىسى قىلغاندا، تەلەيخان: "ليۇ شۇجى، سىزگە رەھمەت!" دەپ توۋلىۋىدى، ئۇنىڭ ئاۋازىنى تراكتورنىڭ قوزغىلىپ گۈركىرىگەن ئاۋازى بېسىپ كېتىپ، سېكرېتارغا يەتكۈزمىدى، ئانا-بالا ئىككىيلەن گۈركىرەپ مېڭىپ بولغان تراكتورنىڭ كەينىدىن خېلى بىر يەرلەرگە يېتىپ بارغۇچە، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ كۆز ئۈزمەي قاراپ قالدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن "شەرق قىزاردى" داۋۇينىڭ ئايكەلدىدىكى قوناقلىقىغا چىققان بىر خەنزۇ ياش رازىخان بىلەن تەلەيخانغا بىر خۇش خەۋەر يەتكەزدى. ئۇ ياش دېھقانىنىڭ ئېيتىشىچە، ھاۋا سوۋۇپ سوغ چۈشۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن "قىزىلبايراق" داۋۇيى ئايكەلدىدىكى كاللارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە كېيىنكى ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى ئادەم ئەۋەتمەكچى بوپتۇ، بۇ خەۋەر رازىخان بىلەن تەلەيخانىنىڭ كۆڭلىگە راسا ياقتى. ئۇلار بىر ئامال قىلىپ، ئۈرۈمچىگە قايتىش ھەققىدە باش قاتۇرماقتا ئىدى.

"قىزىلبايراق" داۋۇيگە قايتقىنىدا ئايكەلدىدە بىرەر ئايچە ئارام ئالماي كالا باققانلىقى ئۈچۈن بىرەر-ئىككى كۈن رۇخسەت سورىسا ھەرقانچە تەرسا باشلىق بولسىمۇ ئىجازەت بېرىشى تەبىئىي ئىدى. ئۇلارنىڭ ئايكەلدىدىن قايتىشى ئۈچۈن قىلىدىغان ئالاھىدە چوڭ تەييارلىقلىرى يوق، بىر جۈپ كونا يوتقان-كۆرپىسىنى يىرتىلىپ چۇلۇقى چىققان كونا ئەدىيالغا يۆگەپ، قىسقا ئارغامچىدا قاتتىق چىگىپ قويسىلا تەييارلىق پۈتكەن بولىدۇ. قازان-قومۇچلارنى ئۆزلىرىنى ئېلىپ كېتىدىغان ھارۋىنىڭ باش تەرىپىگە قويۇپ قويسا ئىش پۈتىدۇ. ئۇلار ئايكەلدىدىن قايتىدىغان كۈنىنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنى بىر ئاش پىشىم بولدى، ئىككى ئاش پىشىم بولدى، مۇنچە سائەت ئۆتتى، مۇنچە ۋاقىت قالدى، دەپ كۆڭلىدە ساناپ، ئۈچ-تۆت كۈننى ئۆتكۈزدى. بۈگۈن جۈمە

كۈنى، يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن دۈشەنبە كېلىدۇ. ئۇلار ئايكەلدىدىن قايتىدۇ. يولغا چىقىدىغان ئادەمنىڭ تەقەززالىقى قالتىس بولىدۇ. ئانا-بالا ئىككىيلەن ئولتۇرسا، قوپسا، كالىلارنى ئوتلاقتا ئېلىپ بارسا ۋە ھەيدەپ ئېلىپ كەلسىمۇ ئايكەلدىدىن قايتىدىغان ۋاقتىنىڭ تېز كېلىشىنى كۈتمەكتە ئىدى.

رازىخان بۇ جۈمە كۈنى ئۇشتۇمتۇت ھوشۇر قارىنى ئېسىگە ئالدى. ھوشۇر قارى جۈمە نامىزىنى ھەرگىز قازا قىلمايتتى، ھەر جۈمە كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى كۆلدىن قىرغاققا چىقاتتى. رازىخانمۇ ئادەملەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشنى خالىمايدىغان ھوشۇر قارىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ھەر جۈمە كۈنى قىرغاققا چىقىمەن، دېگىنىنى ئېسىگە كەلتۈردى-دە، ئۈرۈمچىگە قايتىش ئالدىدا ھوشۇر قارى بىلەن بىر كۆرۈشۈش نىيىتىگە كەلدى. ”بۈگۈن جۈمە كۈنى قىرغاققا چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ئۇ ئادەمنىڭ ئوغلى رازاققا دەيدىغان بىرەر گېپىمۇ باردۇ، توغرا كېلىپ قالسا بىر ئۇچرىشىش كېرەك“ دەپ ئويلىدى رازىخان كۆڭلىدە. ئۇ ھوشۇر قارىنى ئېسىگە كەلتۈرگىنى ئۈچۈن ئۆز-ئۆزىدىن ئەيمىنىپ ئەتراپىغا قارىدى. ئەتراپتا ھېچكىم يوق ئىدى، قىزى تەلەيخان كالىلارنى ھەيدەپ ئوت-چۆپ-لىرى مول-بولۇق ئۆسكەن يانتۇ تۈزلەڭلىككە كەتكەن ئىدى. ئۇ رازاقنىڭ ئاتىسى ھوشۇر قارى بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى ھېچكىمگە، قىزى تەلەيخانغى-مۇ ئېيتمىدى، ناۋادا بەختىسىز قىزى تەلەيخانغا رازاق ھوشۇر يەنە بىر قېتىم توي قىلىش توغرىلىق سۆز ئېچىپ قالسا، ئاتىسىنىڭ ئادەم قورققۇسى كېلىدىغان ياۋايى قىياپىتىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ، رازاققا ئۇنىماي قالارمۇ؟ دەپ ئەندىشە قىلاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئەسلىدىكى ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ھوشۇر قارىغا بىر كۈن نىكاھلانمىغان خوتۇن بولۇشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى ئېسىگە كەلتۈرگىنىدە ئۇچرىغان ھەربىر ئادەمدىن، تەلەيخان-دىن، ئوغلى باتۇر قادىردىن ئۇيۇلاتتى. يەرگە كىرىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىدىغان كېيىنكى يەنە بىر ئۇياتسىزلىقنى ئۇلار بىلىپ قالسا مېنىڭ تۆگەشكىنىم شۇ، دەپ ئويلايتتى. بويتاق ئەرنىڭ كۆڭلى خىلمۇخىل ئوي-پىكىرلەرگە تولۇپ تۇرغىنىدەك، تۇل قالغان ئايالنىڭمۇ كۆڭلى دائىم

دېگۈدەك ھەرقىسما ئوي-پىكىرلەرگە تولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلار ياغاچ ئەمەس-تە. ئادەملەرنىڭ تەنھالىقى ئۇلارنى تۈرلۈك-تۈمەن ئوي-خىياللار قاينىمىغا ئىتتىرىدۇ. رازىخاننىڭ قەلبى تۈرلۈك-تۈمەن ئوي-خىياللارغا تولغان ئوغلى باتۇر قادىرنىڭ تەقدىرى، تۇل قالغان قىزى تەلەيخاننىڭ نائېنىق ئىستىقبالى، ئۆزىنىڭ مۇرەككەپ، تىلغا ئېلىشقا پېتىنالمايدىغان سەرگۈزەشتىلىرىگە تۇتاش زەنجىرسىمان ئوي-خىياللىرى ئۇنى قىينىماقتا ئىدى. ئۇ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن قىزىغا كىر يۇيۇشنى، تاماق ئېتىشنى، قايتىپ كېتىش تەييارلىقلىرىنى بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇرراق تۈگىتىشنى تاپىلاپ، ئۆزى تەنھا ھالدا كۆل ساھىلىنى بويلاپ بەلگىلەنگەن ئوتلاقتىن خېلىلا ئۇزاپ كەتكەن كالىلارنىڭ قېشىغا يۈرۈپ كەتتى.

يامغۇر ياغقىنىغا ئون نەچچە كۈن بولغىنى ئۈچۈن كۆل بويىنىڭ يۇقىرى تەرىپى خېلىلا قۇرۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا رازىخان بۇ قېتىم رېزىنكە ئۆتۈكنى كىيمىدى، چېپپىدە كەلگەن قىسقىراق كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە پوپايكا ۋە ئەستەرلىك چاپان كىيگەن بولۇپ، كونا كۈل رەڭ پەلتۇسىنى ئېلىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇمىدى. ئۇ ئۆرۈك رەڭ ياغلىقىغا چېچىنى پوملاپ چىگىپ بولغاندىن كېيىن قىزى تەلەيخاننىڭ باشقىچە ئويلاپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، تېزلا يولغا چىققان ئىدى، بەھۇزۇر ئوتلاۋاتقان كالىلارنىڭ قېشىغا ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا يېتىپ باردى. ئاق، قارا، ئالباش كالىلارنىڭ بىرقانچىسى ئوتلاۋېتىپ، بېشىنى يەردىن بىرئاز كۆتۈرۈپ، رازىخاننى كۆردى ۋە قۇيرۇقلىرىنى بىرئاز مىدىرلىتىپ قويۇپ، يەرگە ئېگىشىپ، ئوت-چۆپ يەۋەردى. رازىخان كۆل بويىنىڭ بىرئاز يۇقىرىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان يوغان تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، گايىدا دۆڭگە چىقىپ، كالىلارنى كۆزىتىپ، ئىككى-ئۈچ سائەتنى چوڭقۇر خىيال، غەم-ئەندىشىلەر بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇ ئارىلاپ دۆڭگە چىقىپ، ھەممە تەرىپى قېنىق كۆك سۇ ۋە قومۇشلار بىلەن تولغان تىنىق سۈزۈك كۆلگە قاراپ قوياتتى. قاراڭغۇ چۈشۈشكە ئاز قالغاندا رازىخان: بۈگۈن ھوشۇر قارى كەلمىسە كېرەك، دەپ ئويلاپ قورسىقى تويۇپ قالغان كالىلارنى ھەيدەپ قايتقىلى ماڭدى. ئۇ كالىلىرىنى كۆل لېۋىگە ھەيدىۋىدى، بۇرۇن ياساپ

قويۇلغان سۇغىرىش كۆلچەكلىرىدىن كالىلار قانغىچە سۇ ئىچتى، ئاخىرقى بىر قارا كالا سۇ ئىچىۋېتىپ توساتتىن ئۈركۈپ كېتىپ بويىنىنى تولغاپ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن كالىلار توپىغا قىيغىتىپ يۈگۈردى. رازىخان كالىلارنىڭ ئارقىسىدا ئىدى. ھېلىقى بىر كالا ئۈركۈگەن قومۇشلۇق يېنىغا كېلىۋىدى، بېشىدا قامىقى بار كونا قارا تۇماقلىق، ئاقىرىپ كەتكەن ساقاللىرىنى بولۇشىچە قويۇۋەتكەن، ئۇچىسىغا قارا كىيىم كىيگەن ھوشۇر قارى لەپپىدە ئالدىدا پەيدا بولدى.

— رازىخان...

رازىخان قومۇشلۇقلار ئارىسىدىن سۈرۈلۈپ چىققان ھوشۇر قارىنى كۆرۈپ، ئۈن-تىنسىز يەرگە قارىدى. ئۇلار ئۇچۇن ھەربىر دەقىقە ئىنتايىن قىممەتلىك ئىدى، رازىخان ئاخىر بۇ جىمجىتلىقنى بوزۇپ گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېدى:

— ھوشۇر قارىكا، سىلى بىلەن ئۇچرىشىشنى ئويلاپ، قىزىمنى قوتاندا قالدۇرۇپ، چۈشتىن كېيىنلا كەلگەن ئىدىم. بىز يېقىندا ئايكەلدىدىنلا ئەمەس، قارىبۇلاق يېزىسىدىن ئۈرۈمچىگە قايتماقچى بولۇۋاتىمىز، گۇڭشې پارتكوم شۇجىسى بىزنىڭ كېتىشىمىزگە يول قويىدى. بىز يېقىندا بىراقلا كېتىمىز، سىلىنىڭ ئوغۇللىرى رازاقما دەيدىغان گەپلىرى بولسا ئالغاچ كېتەيلى، دېگەن ئىدۇق.

ھوشۇر قارى كېتىپ بارغان كالىلارنىڭ كەينىدىن مىڭىشقا ئالدىراۋاتقان رازىخاننىڭ ئايكەلدىدىن كېتىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى بۇرۇنلا پەملىگەن، لېكىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېتەلىشىنى ناتايىن دەپ پەرەز قىلغان ئىدى. بۇ قېتىمقى ئۇنىڭ ئىشەنچكە تولغان گېپىنى ئاڭلىغان ھوشۇر قارى مۇنداق دېدى:

— سوغۇق چۈشۈپ قالدى، مەنمۇ بۇ يەردىن لوپنۇرغا، تەكلىماكان ئىچىگە كىرىپ كېتىمەن. مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ ئايەت ئوقۇپ قويسام كۆڭلۈم ياخشى ئۆتىدۇ. مەن بىر جان ئادەم. قورسىقىمدىن ھەرگىزمۇ ئەندىشە قىلمايمەن، ئوغلۇم رازاقما مېنى ئۆلۈپ كېتىپتۇ، دەۋېرىڭلار. ئادەمنىڭ تەقدىرىمۇ يۆتكىلىپ ئاقىدىغان دەرياغا ئوخشاي-

دۇ. ياخشى كۈنلەر كېلىپ قالسا ئوغلۇم، مەن تىرىك دەپ ئالدىغا
چىقساممۇ كېچىككەن بولمايمەن. ئۆلۈپ كەتتى، دېيىلگەن ئادەمنى تىرىل-
دۈرۈپ، ئوغلىنى تۈگمەس دەرد-ھەسرەتكە قالدۇرۇپ، ئىزدىتىپ ئاۋارە
قىلدۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئاتىنىڭ ئۆز ئوغلىنى ئۆيلەپ قويۇشى پەرز،
ئوغلۇم ئۆيلەندىمۇ-ئۆيلەنمىدىمۇ؟ بىلمەيمەن.
—رازاق ئۆيلەنگەن. ئۇ كېلىن سىلى تۈرمىدە چاغلىرىدا ئاجرىشىپ
كەتكەن ئايالنىڭ شىرەم تۇغقىنى ئىكەن، تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتتى،—دېدى
رازىخان ئۆزىدىن ئۇزاپ كېتىۋاتقان كاللارنىڭ كەينىدىن خاتىرجەمسىزلى-
نىپ كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي كۆڭلى تىت-تىت بولۇپ.
—قارىمامدىغان، تۈرمۈشتىكى بۇ تەتۈرلۈكنى؟ ئوغلۇمنىڭ ماڭا
تۆھمەت قىلىپ، مېنى تۈرمىگە تۇتۇپ بېرىپ، مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ
قويغان خوتۇنىنىڭ تۇغقىنى بىلەن توي قىلغىنىنى، بىز تەتۈر پېشانە
ئوخشايمىز،—ئۇ ھەسرەتلىك بىر تىنىۋېلىپ، ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئې-
سىگە كەلگىنىنى دېدى،—يەنە بىرگەپ: رازىخاننىڭ رەھمەتلىك ئاپىسى
گۈلخان ماڭا نىكاھلىنىپ ئۆيۈمگە كەلگىنىدە قۇلىقىدا بىر جۈپ ئالتۇن
ھالقىسى بار ئىدى، ئۇ ئالتۇن ھالقىسىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيمەن. مەن
ئاپىسىنىڭ تەۋەررۈكى سۈپىتىدە بىر جۈپ ئالتۇن ھالقا سوقتۇرۇپ قويغان
ئىدىم. بۇ تەۋەررۈك ئالتۇن ھالقىنى ئوغلۇم توي قىلغاندا بولغۇسى
كېلىنىمگە بەرسۇن، ئالغاچ كېتىڭلار،—ھوشۇر قارى بۇ سۆزلەرنى دەۋې-
تىپ كۆڭلى بىرئاز يېرىم بولدى بولغاي، يېنىدىكى ئۆز بويىدىن ئېگىز
ئۆسكەن بىرقانچە قومۇشنى قاماللاپ تۇتۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،—
مەن ئاللاغا ئىشىنىمەن، ئۆلۈپ كەتسەم جەننەتكە كىرىدىغانلىقىمغا ئىشەن-
چىم كامىل. مېنىڭ بەزى ئادەملەردە ئېلىشىم بار، بېرىشىم يوق. قەرز
ئالغان بەزى ئادەملەر ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قەرزنى قايتۇرىدىغان ئادەم
چىقمىدى، ئۇمۇمەن مەن يېڭىلگەن ئادەم. رازاقنىڭ ئاپىسى قازا قىلغاندىن
كېيىن ئۆيلەنمىسەم، سىزگە ئەينى ۋاقىتتا توي قىلىش تەكلىپى بېرىپ،
مېنى چۈشەنگىنىڭىزدىن كېيىن رازى بولغىنىڭىزغا قەدەر سىزنى ساقلاپ
تۇرسام بوپتۇكەن، تەئەللۇقاتلىرىم ئۆتنە-يېرىمغا، دەججال خوتۇنىمنىڭ

چۆنتىكىگە چۈشۈپ كەتتى. تۈرمىدە يېتىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن ئاجرىششتا خوتۇنىمنىڭ گېپى گەپ بولۇپ كەتتى، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن مەندەك ئادەمنىڭ گېپى ئاقمايدىكەن. شۇڭا مۇشۇ يەردە جىنىمنى بېقىپ يۈرۈۋاتىمەن. ئوغلۇم رازاققا بۇ مېنىڭ ۋەيران ھالىتىمنى ھەرگىز دېمەڭلار، كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. مەن يۆتكىلىپ تۇرىمەن. مېنى ئىزدەپمۇ يۈرمىسۇن. مېنى ھېچكىم باغراش كۆلىدىن، تەكلىماكان يۇلغۇنلىرى ئارىسىدىن ئىزدەپ تاپالمايدۇ. ياخشى كۈنلەر كېلىپ قالسا، مېنى ئوغلۇم ئىزدىمىسىمۇ، مەن ئۆزۈم ئالدىغا چىقىمەن،— دېدى ھوشۇرقارى بىراۋنىڭ كېلىپ قېلىدشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقان رازىخاننىڭ قولىغا كىچىككىنە ئاق خەسىلىك تۈگۈچنى بېرىپ،— خوش رازىخان، ياخشى كۈنلەر كېلىپ قالسا سىزنى، ئوغلۇم رازاقنى، باتۇر ئاخۇن بىلەن شوپۇر لاۋلىيۇنى ئىزدەپ بارىمەن، ئامان بولۇڭلار،— ھوشۇر قارى گېپىنى تۈگىتىپ، رازىخاننىڭ مۈرىسىنى يېنىككىنە تۇتۇپ قويدى. ئۇ ئەدەبسىزلىك قىلماي ئاستا-ئاستا كەينىگە داجىپ قومۇشلۇققا كىرىۋالغاندىن كېيىن رازىخاننىڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆزدگە يەر تېگىدىن قىيا بېقىپ ئاق يول تىلەۋاتقاندەك ئىپادە كۆرسىتىۋاتقان تەنھا قىياپىتىگە قارىدى. دەل شۇ چاغدا يېقىنلا بىر جايدىن تەلەيخاننىڭ ”ئاپا“ دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ھوشۇر قارى قومۇشلۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىپ تېز غايىب بولدى. رازىخان قومۇشلۇقلار يېنىدىن ئوچۇقچىلىققا چىقىپ: ”مانا، مەن“ دەپ بوش ئاۋازدا قىزىغا جاۋاب بەردى. تەلەيخان ئاپىسىنىڭ بۇ قېتىممۇ ۋاقتىدا كەلمىگىنىگە قاراپ، سەۋەبىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالغان ئىدى. ئۇ دۆڭگە چىقىپ كۆلگە قاراپ، سۇ ئۈستىدە يوغان تەڭنىدەك بىر سايىنى كۆردى.

—ئاپا، كاللار كېلىپ بولدى، سەن يوق، يەنە ئىزىپ قادىڭمۇ ياكى...— تەلەيخان سوئالىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي دۇدۇقلىدى. رازىخان بۇ قېتىم نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي تۇرغىنىدا تەلەيخان سورىدى.

—ئاپا، كۆلدە قولۋاقمىكىن، بىر قارا سايە يىراقلاپ كېتىۋاتىدۇ. سۇ ئادىمى بولمىسۇن يەنە.

— راست، سۇ ئادىمنىڭ دەل ئۆزى، — دېدى رازىخان يېنىدىكى شالاڭ قومۇشلار ئارىسىدىن سۇ ئۈستىدە خىرە كۆرۈنۈۋاتقان قولۋاققا قاراپ. قولۋاق لەيلىمە قومۇشلۇق ئۆتۈشمىسىگە كىرىپ، غايىب بولۇش ئارىلىقىدا ئاپىسىنىڭ جاۋابىغا ھەيران قالغان تەلەيخان ياندۇرۇپ سورىدى:

— سۇ ئادىمى؟ سۇ ئادىمى ئۇچرىغان ئادەمنى يەۋىتىدىكەن دەۋاتاتتىڭغۇ؟

— ياق، ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش دەردمەن ئادەم ئىكەن، — دەپ قىسقا جاۋاب بەردى رازىخان قىزى بىلەن بىرگە كالا قوتىنى تەرەپكە كېتىۋېتىپ. رازىخانىنىڭ مۇنداق قىسقا جاۋابلىرى باغراش كۆلىدىن چىققان سۇ ئادىمى ھەققىدىكى سۆز-چۆچەكلەرگە ئىشىنىپ يۈرگەن تەلەيخاننى قانداقسىگە قانائەتلەندۈرەلىسۇن؟ ئۇ ئاپىسىدىن كۆلدىن چىققان سۇ ئادىمى ھەققىدە يېڭىشلاپ سوراۋەردى. ئانا-بالا ئىككىيلەن ھارۋا، تراكتور يولىغا چۈشۈپ بىللە مۇڭدىشىپ ماڭدى. قۇياش غەربكە پېتىپ، قاراڭغۇ چۈشكەن بولسىمۇ، يولنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى. رازىخان كېتىۋېتىپ، قىزىغا كۆلدىن چىققان سۇ ئادىمىنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشاش بىر دەردمەن جاپاكەش ئىكەنلىكىنى، ياخشى كۆڭلى كەلمىگۈچە باغراش كۆلى بىلەن تەكلىماكان، تارىم جاڭگىللىرىدىن چىقمايدىغان، ئادەملەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشنى خالىمايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. تەلەيخان: ”توۋا، مۇنداق ئادەملەرمۇ بولىدىكەن“ دەپ ئويلىدى كۆڭلىدە، ئۇ ئاپىسىدىن كۆلدىن چىققان سۇ ئادىمى ھەققىدە يەنىمۇ سوراۋېرىشنى بىئەپ كۆردى بولغاي، ئاپىسىنىڭ بۇ گەپىنى ھازىرچە ھېچكىمگە تىنما، ئۆزىمىزگە بالا تېپىۋالمايلى، دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كالا قوتىنىغا يېتىپ كەلگەنگە قەدەر گەپ-سۆز قىلمىدى. رازىخان قىزى تەلەيخانغا باغراش كۆلىدىن چىققان سۇ ئادىمىنىڭ رازاقنىڭ ئاتىسى ھوشۇر قارى ئىكەنلىكىنى، كېلىنى ھاشىدخان ۋە قېيۇم توختىلار ھوشۇر قارىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆگەي پەرزەنتلىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتمىدى. ئەينى ۋاقىتتا ھوشۇر قارىنى تۈرمىگە تۇتۇپ بەرگەنلەرنىڭ باشقا بىرسى ئەمەس، دەل كېلىنى ھاشىخان بىلەن لاۋگو ئىكەنلىكىنى بىلگەن رازىخان قىزى تەلەيخانغا ھوشۇر قارى توغرىلىق

ھازىرچە ھېچنېمە دېمەسلىك كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. ئانا-بالا ئىككىيلەن
ئايكەلدىدىن ئۈرۈمچىگە قايتقىندا باتۇر قادىرنىڭ ئۆيىگە، يەنى كېلىنى
ھاشىخاننىڭ ئالدىغا بىرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر تەلەيخانغا دېيىلگەندە
رازاق ھوشۇر ئۆز ئاتىسىنىڭ ھاشىخان ۋە لاۋگو تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە
ئۇچرىغانلىقىنى تەلەيخاندىن ئاڭلاپ قالسا، رازاق ھوشۇر بىلەن ئوغلى
باتۇر قادىر ئوتتۇرىسىدا، باتۇر قادىر بىلەن ھاشىخان ئوتتۇرىسىدا قاتتىق
جېدەل-ماجىرا تۇغۇلماي قالمايدۇ. تەقدىرى نائېنىق تەلەيخان بىلەن رازد-
خانمۇ تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بولغان نىزا-جاڭجاللاردىن ئۆزلىرىنى چەتكە
ئالالمايدۇ. رازىخاننىڭ ئويلايدىغىنى بېگىدىن بېگى تۇغۇلىدىغان نىزا-
جاڭجاللارنى كۆتۈۋېلىش ئەمەس، بەلكى قىزى تەلەيخاننىڭ تەقدىرىنى
ئوڭشاش، ئوغلى ۋە قىزى بىلەن بىرگە تىنچ، خاتىرجەملىكى كاپالەتلەندۈ-
رۈلگەن ئىناق، تىنچ ئائىلىۋى مۇھىتقا ئېرىشىش ئىدى. شۇڭا رازىخان
قىزىغا دېيىشكە بولمايدۇ، دەپ ھېسابلىغان نۇرغۇن سۆزلىرىنى دېمىدى.

× × ×

جەنۇب ۋە شىمالدىن كېلىدىغان بارلىق ئاپتوموبىللار، چوڭ-كىچىك
ھارۋىلار قاراشەھەر دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتىدۇ. بۇ كۆۋرۈكتىن پىيادە
ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس. بەزى كىشىلەر سەيلى-تاماشاغا چىقسىمۇ
بۇ كۆۋرۈك ئەتراپىنى ئايلىنىدۇ. ئەنە، بەزى ئادەملەر كۆۋرۈكنىڭ ئىككى
تەرىپىدە قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، دەريانىڭ كۆز يەسلىدىكى بارغانسېرى
ئۇلغىيىۋاتقان سۈيۈق لاي سۈيىگە تىكىلمەكتە. قىزىل قوغدىغۇچى يەڭ
بەلگىسىنى تاقىۋالغان ياش بالىلار رەتسىز، ئۇ ياقتىن بۇ ياققا، بۇ ياقتىن
ئۇ ياققا تېز-تېز ئۆتۈشمەكتە. كۆۋرۈك ئەتراپىدىكى چوڭ-كىچىك ماگىزىن-
لارنىڭ تاملىرى چوڭ خەتلىك گېزىتلەرگە تولۇپ كەتكەن. قاراشەھەر
بازىرىنىڭ كۆزگە دەررۇ تاشلىنىدىغان تاملىرىنى ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە ”يو-
قالسۇن“ دېگەن شوئارلار قاپلاپ كەتكەن. رازىخان بىلەن تەلەيخان
قاراشەھەر بازىرىغا كىردى، ئۇلار قاراشەھەر دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكى ئەتراپى-
دا خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ تەرەپتىن ئۈرۈمچىگە مېڭىۋاتقان قارا ماشىنىلار-
نىڭ مۇشۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۈرۈمچىدىكى قاتناش باش

شىركىتىگە تەۋە بىرەر ماشىنا ئۇچراپ قالار، دەپ يولغا قارىماقتا.

بەزى تونۇش شوپۇرلار سەپەرگە چىقىش تەييارلىقى بولمىغان، مېڭىش تەييارلىقى بولمىغان، مېڭىش ئۆيى يوق تونۇشلىرىنى يۈر، ماشىنامغا ئېلىۋالاي دەپ ئالدىغا ئۆتۈۋالىدۇ. لېكىن سەپەرگە چىقىش ۋاقتى-قەرەلىدە ئۇ شوپۇرلارنى ئىزدەپمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋال مۇتلەق بولمىسا كېرەك، قانداق بولدى، بۈگۈن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىن ئاشلىق بېسىپ كەلگەن ئىككىنچى كالوننىڭ بىر ماشىنىسى قارا شەھەر دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، رازىخان بىلەن تەلەيخانغا ئۇچراپ قالدى. بۇ—شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ ماشىنىسى ئىدى. تەلەيخان ئاستا مېڭىۋاتقان لاۋلىيۇنىڭ ماشىنىسىغا ئىككى قولىنى پۇلاڭلىتىپ خۇشاللىقىدا ۋارقىرىدى.

—لاۋلىيۇ، لاۋلىيۇ، توختاڭ!

لاۋلىيۇنىڭ ماشىنىسى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئون نەچچە مېتىر يىراقراق بېرىپ توختىدى. شوپۇر لاۋلىيۇ كابىنكىدىن چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ماڭغان ئىدى، ئۇلار يۈگۈرۈپ، ماشىنا كابىنكىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلار شوپۇر لاۋلىيۇنى قاراشەھەر بازىرىغا كىرىش ئېغىزىدا ئۇچراپ قالار، دەپ ئويلىمىغان ئىدى، لاۋلىيۇمۇ رازىخان بىلەن تەلەيخاننى كۆرۈپ، ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى. كۆۋرۈككە يېقىن جايدا ماشىنىسىنى توختىتىپ، ئۆزئارا ئەھۋاللىشىش ئەپسىز ئىدى، لاۋلىيۇ ئۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىنىغا گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن تەلەيخان بىلەن رازىخاننى كابىنكىدىكى ئىككى كىشىلىك بوش ئورۇنغا چىقاردى-دە، كابىنكىگە ئېسىلىپ چىقىپ، رولنى تۇتتى. يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرقانچەيلەن: ”قاراڭلار، بىر خەنزۇ شوپۇر كۆپ-كۆندۈزدە ئىككى ئۇيغۇر ئايالنى ماشىنىسىغا سېلىۋالدى“ دەپ توختاپ غودۇرىشىغا ماشىنا ئوت ئېلىپ قويۇق ئىس چىقىرىپ گۈرۈلدەپ مېڭىپ كەتتى.

رازىخان بىلەن تەلەيخان ئەسلىدە بۈگۈن ئۈرۈمچىگە قايتماقچى ئەمەس ئىدى، قارىبۇلاق يېزىسىدا ئۇلارنىڭ نەرسە-كېرەكلىرى شۇ پېتى قالغان ئىدى. ماشىنا ئۇقۇشۇپ بېقىش ئۈچۈن قاراشەھەر بازىرىغا كېلىش

بىلەن تەك كۆتۈلمىگەندە تونۇش، بەلكى خېلىلا يىقىن ئۆتۈپ كەلگەن شوپۇر ئۇستا لاۋلىيۇ ئۇچراپ قالدى. بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە مۇنداق تەييار ماشىنىنى نەدىن تاپقىلى بولىدۇ؟ ئۇلار قالغان نەرسە-كېرەكلىرىمىزنى كېيىن بەربىر ئېلىۋالغىلى بولىدۇ، تەييار ماشىنا ئۇچرىغان ئىكەن، مېڭىۋې-رەيلى دېيىشىپ ئورۇمچىگە ماڭدى. قىزغىن سۆھبەت بىلەن كېتىۋاتقاندا كىشىگە يولنىڭ يىراقلىقى بىلىنمەيدۇ. رازىخان بىلەن تەلەيخان شوپۇر لاۋلىيۇدىن شىركەت بويىچە تارتىپ چىقىرىلغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭمۇ ئىسمىنىڭ ئۇۋال قىلىنغان-لار قاتارىدا تىلغا ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلىدى. خوشۇت ناھىيىسى تەرەپكە گۇرۇلدەپ كېتىۋاتقان ماشىنا تەكشى قاراماي يىيىتىلغان تۈز تاشيولغا چىققاندا لاۋلىيۇ پاش قىلىش، كۈرەش قىلىش يۈنىلىشى يۆتكىلىپ شىركەت مۇدىرى شۆي خەيلۇڭنى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار دەپ تارتىپ چىقىرىشقا باشلىغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بەردى. ئۇلار ئورۇمچىگە يېتىپ بارغىچە ئۆزئارا دەردلىرىنى تۆكۈشۈپ ماڭدى.

# سەككىزىنچى باب

# ھوقۇق مالىمانچىلىقىدا

بۈگۈن بىز ياخشى دەپ قارىغان نەرسىلىرىمىز
بەلكىم ئەتە يامانغا ئۆزگىرىشى مۇمكىن[1]

ناپولېئون

مەن پۈتكۈل بايلىقىمنى ئىنقىلابقا كۆرەشكە
ئاتىۋەتكەن. بۇنىڭغا قىلچە پۇشايمان قىلمايمەن[2]
—ك. ماركس

ئادەمنىڭ ھوقۇقى تۇرمۇشتىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. تۇمۇش قانۇن بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. قانۇن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان جايدا ئادەمنىڭ بارلىق ھوقۇقى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ كۆنى قورقۇنچ، ۋەھىمە، پاراكەندىچىلىكتە ئۆتىدۇ. باتۇر قادىرنىڭ ئائىلىسىمۇ ئەنە شۇ پاراكەندىچىلىكتە ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ چۈشتىن كېيىن قاتناش شىركىتىگە بارمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم. ئۇ تۇرۇپ جىددىيلىشەتتى، تۇرۇپ جىمغۇر بولۇپ قالاتتى. ئاپىسى رازىخان بىلەن سىڭلىسى تەلەيخان مەجبۇرىي تۆۋەنگە

①　②«مەشھۇر شەخسلەرنىڭ پەندى-نەسىھەتلىرى» شىنجاڭ ياشلار ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996-يىل نەشرى، 217-، 205-بەتلەر

چۈشۈرۈۋېتىلگەنلىكتىن ئىدارىسىدىكىلەرگە خۇش چىراي ئېچىپ باقمىدى. ئاپىسى بىلەن سىڭلىسىنى ناھەقچىلىككە ئۇچرىدى دەپ رازاق ھوشۇر بىلەن بىرگە يۇقىرىغا ئەرز-شىكايەت قىلىپ ئالاھىدە خەت ئەۋەتكەن بولسىمۇ ھېچبىر ئىنكاس يوق ئىدى. بۇنداق ئەرز-شىكايەت خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالىدىغان رەھبەرلەرمۇ تارتىپ چىقىرىلماقتا ئىدى. ئۇ پارتكوم سېكرېتارى لاۋشۇي بىلەن سۆزلەشتى. گاۋ شىمىن، چاڭ باۋشۇلار بىلەن بىرقانچە قېتىم ئايرىم-ئايرىم ھالدا "ئاپام بىلەن سىڭلىمغا ئۇۋال بولدى" دەپ قاتتىق تاكاللىشىپ قىزىرىشقانمۇ بولدى، چاڭ باۋشۇنىڭ باتۇر قادىرغا قارىتا مۇئامىلىسىمۇ ناھايىتى قاتتىق، قوپال بولدى. ئۇ باتۇر قادىرغا ئاممىئالدىدا يۈز تۇرانە تۇرۇپ ئاگاھلاندۇرۇپ: "سەن بىر ئىنقىلابىي كادىر، ئاپاڭ بىلەن سىڭلىڭ تارتىپ چىقىرىلغان جىن-شەيتان، ئاپاڭ بىلەن سىڭلىڭدىن چەك-چېگرا ئايرىماي، ئۇلارغا يەنە يان باسساڭ، سېنىڭ ئۈستىڭدىن يۇقىرىغا دوكلات يوللايمىز" دەپ تەھدىت سالدى. ئەتىسى ئۇ زاۋۇت تېمىغا چاپلانغان "كىمىكى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىكەن، ئۆلۈمگە مەھكۇم" دېگەن شوئارلارنى كۆرگەندىن كېيىن روھى چۈشۈپ شۈكلەپ قالدى. ئۇ كونىلاردىن ئادەم ئۆز ئۆمرىدە ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن بەش ئەۋلادىنى بىلىشى كېرەك، دېگەن گەپلەرنى كۆپ ئاڭلىغان. ئۇ قېرىلاردىن ئارانلا دادىسى قادىر ھەمدۇللايېۋنى، چوڭ دادىسى ھەمدۇل پالۋاننى سوراپ بىلىۋالدى. ئۇ ھەر قېتىم ئۆيىدىن ھويلىسىغا بىرەر ئىش بىلەن چىققاندا ھويلىسىنىڭ سىرتىدا بىرقانچە شاخلىرى قۇرۇپ قالغان يوغان قېرى قارىياغاچنى كۆرەتتى ۋە ئۆزى ئېسىگە كېلىپ كۆرۈپ باقمىغان، لېكىن مەزمۇن پۇت دەسسەپ تۇرغان چوڭ دادىسى ھەمدۇل پالۋاننى، دادىسى قادىر ھەمدۇللايېۋنى غايىبانە قىياس قىلىپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

ئۇ ئۆيىدىن ھويلىسىغا چىقىپ، تاشقىرىدىكى قېرى قارىياغاچنىڭ كەچ كۈز سوغۇقىدا يوپۇرماقلىرىدىن ئايرىلىپ يالىڭاچلىنىپ قالغان شاخلىرىغا كۆز تىكتى. ئاندىن بۇ يالىڭاچلىنىپ قالغان شاخلار سايە تاشلاپ تۇرغان ياندىكى قۇلۇپلاقلىق ئۆيگە قاراپ ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتتى-دە،

ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋالدى: „ئاپام ۋە سىڭلىم تۆۋەنگە چۈشۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن بىرەر قېتىم بولسىمۇ يوقلاپ بېرىشىم لازىم ئىدى. ماڭا نېمە ئامال؟ قازانغا يېقىنلاشساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يارىسى دېگەن گەپ بار. سىڭلىمنىڭ مەسلىسى تۈپەيلى ئاپاممۇ قارىلىنىپ مەجبۇرىي تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى. تېخى ماڭىمۇ گەپ ئاز ئەمەس، چەت ئەلگە باغلاغان ئۇنسۇرنىڭ ئاكىسىنى تارتىپ چىقىرايلى، دەپ يېزىلغان چوڭ خەتلىك گېزىتلەرمۇ چىقىشقا باشلىغان ئىدى. كۈرەشنىڭ چوڭ يۆنىلىنىشىنى چىلىك ئىگەللەش گېپى چىققاندىن كېيىن ماڭا چىقىۋاتقان چوڭ خەتلىك گېزىتلەر بىرئاز ئازىيىپ قالدى. ھەممىسى سىڭلىم تەلەيىنىڭ كاساپىتىدىن بولغان. ئۇنىڭغا ئالتايدا ھەربىي سەپتە تۇرغان چېغىمدىلا خەت يېزىپ ئالېكسىي دېگەن ئورۇس بىلەن ئالاقەڭنى ئۈزگىن، دەپ جېكىلىگەن ئىدىم، ئۇ گېپىمنى ئاڭلىمىدى. مانا ئەمدى كەلگۈلۈك ئۆزىگىلا ئەمەس، ئاپامغىمۇ كەلدى. بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەكسىيەتچى لۇشيەنىنى تەنقىد قىلىش باشلانغاندىن كېيىن شۇي خەيلۇڭ ئۆزىنى ئاما ئالدىدا تەكشۈرۈپ: بىرقىسىم ئاممىنى ئەكسىلئىنقىلابچى، چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر قىلىپ قويدۇم، ئۇلاردىن ئەپۇ سورايمەن، دەپ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئاقلىغان بولدى. ئەمما ئۇلارنى دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ۋە سىڭلىم بىلەن ئاپامنى باغراش قومۇشلۇقىدىن ئەكىلىۋالدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. مەن ئەكىلىۋالاي دېسەم، مانا، ئىشخانا مۇدىرى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ قوغلاندى قىلىنغان سىڭلىسى بىلەن ئاپىسىنى رۇخسەتسىزلا ئەكىلىۋالدى، دەپ ئالتوپىلاڭ كۆتۈرمەي قالمايدۇ...“ باتۇر قادىر غەربكە قىڭغىيىۋاتقان قۇياشقا يەر تېگىدىن قارىدى. ئىسسىقى قالمىغان كەچكۈزدىكى قۇياش نۇرىدا قىرى قارىياغاچنىڭ يوپۇرماقلىرى چۈشۈپ يالىڭاچلىنىپ قالغان ۋ خلرنىنىڭ تال-تال كۆلەڭگىلىرى بارا-بارا يۇقىرىغا ئۆرلىمەكتە ئىدى. ئۇ تام ياقىلاپ بېرىپ ئۆزى ئېتىپ قويغان ئىشىك قۇلۇپىنى تۇتتى. ئۇ بۇ كىچىككىنە چويۇن قۇلۇپنى بىر ئايدىن بېرى ئۇن نەچچە قېتىم ئېچىشقا توغرا كەلدى. ئۇ ئاپىسى بىلەن سىڭلىسىنى ئېسىگە كەلتۈرگىنىدە بۇ سوغۇق قۇلۇپنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپ بىرھازا ئۆرە تۇرغاندىن كېيىن

ئازابلىنىپ يىغلىغۇدەك بولۇپ قايتىپ چىقاتتى. ئۇ بۇ قېتىم مەيلى مېنى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار دېسىمۇ دېسۇن، بىرەرسىگە دەپمۇ قويماي، مەخپىي ھالدا ئاپام بىلەن سىڭلىمنىڭ يېنىغا باراي، چەك-چېگرا ئايرىمىدى، دېسە، بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرمەمدىم“ دەپ ئويلىدى-دە، ئايالى ھاشىخانىغىمۇ ئۇقتۇرماي سەپەر تەييارلىقىنى قىلغىلى ئۆيگە قايتىپ كىردى. ئۇ بىر قۇر قىشلىق كىيىمنى، ھەربىي سەپتىن قايتقاندىن بېرى ئاياپ كىيىپ كەلگەن قونجىلىق كونا ئايىغىنى ئىزدەپ كارىۋات تېگىگە ئېڭىشىۋېتىپ، ئۆزىگە بىرقانچە قېتىم كۆمۈر ئەكىلىپ بەرگەن قارا ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن تونۇش ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇ ھويلىسىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكى ئالدىدا توختاپ ”دۈدۈت...“ قىلىپ ئۈچ قېتىم بەرگەن سىگنال ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرگەن پېتى ھويلىسىغا چىقتى. ھويلىسىنىڭ سىرتقا قارىغان قوش قاناتلىق ئىشىكىنىڭ يوچۇقلىرىدىن ئۇزۇن ئىشتان كىيگەن بىر گەۋدە بىلەن رېڭى ئۆڭۈپ كەتكەن ئۇزۇن قارا كۆڭلەك كىيگەن بىر ئايال كىشىنىڭ ھويلا ئىچىگە سەپسېلىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى. شوپۇر لاۋلىيۇ ھەسرەتتى ئېغىر رازىخان بىلەن تەلەيخان تۆۋەنگە چۈشۈرۈۋېتىلگەندىن بېرى بۇ ئۆيگە بىرەر قېتىممۇ كېلىپ قويمىدى. باتۇر قادىر بولسا شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ ئۇكىسى لىيۇ خۇڭلى، يەنى شۈي خەيلۇڭ ھەققىدە شىركەتنىڭ تاملىرىغا چوڭ خەتلىك گېزىتلەر چاپلانغاندىن بېرى شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ بۇ ئۆيگە كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ ئاپىسى رازىخان بىلەن سىڭلىسى تەلەيخاننى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن ئەمگەك ئورنى قاراشەھەردىن ئېلىپ كەلگەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى، ئۇ ھويلا ئىشىكىنى ئۇلۇغ ئاچتى-دە، كەچكۈزنىڭ سوغۇقىدا دۈغدىيىپ كۆكىرىپ كەتكەن ئاپىسى رازىخان بىلەن دىر-دىر تىترەپ تۇرغان، لېكىن قارا كۆزلىرىدە ئۈمىد نۇرى چاقناپ تۇرغان سىڭلىسى تەلەيخاننى كۆردى:

—ئاپا!...

—جېنىم بالام...

—ئاكا...

ئۇلار بىربىرىگە تاشلاندى. باتۇر قادىر يۈز-كۆزلىرىگە، بوينىغا ئۇرۇد-ىلغان سوغۇق قوللارنى تۇتۇپ يۈزىگە چىڭ بېسىپ ئۆكسۈپ كۆز يېشى قىلدى. ئۇ رازىخان بىلەن تەلەيخاننىڭ كەينىدىن ھويلىغا ئاستا كىرىۋاتـ-قان لاۋلىيۇنى كۆرۈپ يىغلامسىراپ تۇرۇپ:

—يولداش لاۋلىيۇ، ئۆيگە كىرىڭ...،—دېيىشىگە، رازىخانمۇ، تەلەي-خانمۇ ئۆزلىرىنى قاراشەھەردىن ئېلىپ كەلگەن شوپۇرنى پېشىدىن سۆرەپ تارتىپ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، باتۇر قادىرنىڭ مېھمانخانا ئۆيىگە باشلاپ كىردى.

× × ×

پۈتۈن شىركەت بويىچە تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى سېكرېتار شۆي خەيلۇڭنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىنى تەكشۈرۈشى نەتىجىسىدە ئاقلىنىپ بىر مەزگىل خېلى ياخشى كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشتى، شۆي خەيلۇڭنىڭ قارىشىچە، ئەمدى ئىشلەپچىقى-رىشنى يۈكسەلدۈرۈش، ھەرقايسى قاتناش كالونلىرى يۈك توشۇش ۋەزىپى-سىگە پائال ئاتلىنىشى كېرەك ئىدى. شۆي خەيلۇڭنىڭ خىيالى ئەمەلگە ئاشمىدى، ناھەق قارىلىنىپ قالغان ئاما مۇنداق ئاددىيلا ئەسلىگە كەلتۈ-رۈشكە ئۇنىمىدى، دېكابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر شىركەت ۋە شىركەتكە قاراشلىق باسما ۋە رېمونت زاۋۇت، كالونلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر كۈنلىرىنى بىربىرىگە قىزىرىشقىنى ھالدا بەس-مۇنازىرە قىلىشىپ، چوڭ خەتلىك گېزىت، شوئارلار چاپلاش بىلەن ئۆتكۈزدى. باشقا زاۋۇت، كان-كارخانىلاردىكى ئوخشاش كۆز قاراشتىكىلىرى بىلەن بېرىش-كېلىش قىلى-شىپ قويۇق ئالاقە ئورنىتىشقا كىرىشتى. شىركەت ۋە ھەرقايسى تارماقلار-نىڭ مەسئۇللىرىدىن خىزمەت تۈپەيلى رەنجىگەنلەر بارلىق ئاچچىقنى شۆي خەيلۇڭغا مەركەزلەشتۈرۈپ تاملارنى چوڭ خەتلىك گېزىت، شوئارلار بىلەن تولدۇرۇۋەتتى. يۇقىرىدىن خىزمەت گۇرۇپپىسى كېلىپ شۆي خەي-لۇڭنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەربىي كادىر ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، چوڭ يىغىندا ئۇ ئۆزىنى تەكشۈرۈپ بولۇشىغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىنىپ بىرلىككە كېلىپ، كەڭ ئاممىغا "يولداش شۆي خەيلۇڭ ئۆزىنى تەكشۈرۈ-

ۋاقانلىقى ئۈچۈن قاتناش شىركىتىدىكى ئىنقىلاب ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋەزى-
يىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن يولداش گاۋ شىمىن پارتكوم فۇشۇجىسى
سۈپىتىدە شىركەتكە ۋاقىتلىق يېتەكچىلىك قىلىپ تۇرىدۇ“ دەپ رەسمىي
ئۇقتۇرۇش قىلدى. بۇ ئۇقتۇرۇشتا شۈي خەيلۇڭنىڭ شۇجىلىق ۋە شىركەت
باشلىقلىق ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى، دەيدىغان بىرەرمۇ گەپ-سۆز يوق
ئىدى. دېمەك، شۈي خەيلۇڭ يەنىلا پارتكوم سېكرېتارى ۋە شىركەت
مۇدىرى ئىدى. ناھەق قارىلىنىپ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بىر تۈركۈم
ئىشچىلار مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپىدىلا سازايى قىلىنىپ خورلا-
نغانلىقىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ، ئاچچىقىغا پايلىماي ”شۈي خەيلۇڭنى يوقى-
تايلى“ دېگەن شوئارلارنى يېزىپ شىركەت تاملىرىغا چاپلاپ، ئاچچىقىنى
چىقىرىۋېلىشقا باشلىۋىدى، ئالدى بىلەن لاۋگو، ئاندىن گاۋ شىمىن، چاڭ
باۋشۇلارنىڭ ئاشكارا قوللىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ”يوقىتايلى“
دېگۈچىلەر بىلەن ”قوغدايلى“ دېگۈچىلەرنىڭ سېپى ئاستا-ئاستا ئايرىلىشقا
باشلىدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز كۆز قاراشلىرىغا ئوخشايدىغان كىشىلەرنى
توپلاپ، توپ-توپ بولۇپ گۇرۇپ-گۇرۇپپىلارغا ئۇيۇشۇپ چۇقان كۆتۈر-
گىلى تۇردى. ھەرقايسى تەرەپلەر بىر-بىرىنى ئۆزلىرىدە يوق ئىللەتلەر
بىلەن تىللاپ ”سەپتە خاتا تۇرغان“ دەپ كۈچلۈك ئەيىبلەشتى. شىركەت
قارىمىقىدىكى ئورگانلار بىلەن ھەرقايسى كالونلاردىكى ئىش ئورۇنلىرى
ئايىغى چىقمايدىغان مۇنازىرە سورۇنىغا ئايلاندى. قاتناش شىركىتى تارماق-
لىرىدىن باشقا ئىدارە-زاۋۇت، كان-كارخانىلارغا كېچە-كۈندۈز تىنماي
قاتراپ ئالاقە باغلايدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. باسما زاۋۇت بولسا كىتاب
بېسىشنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ھەرقايسى تەرەپ گۇرۇھ-تەشكىلات-
لارنىڭ ئۆز نۇقتىئىنەزەرلىرىنى تەرغىپ قىلىدىغان تەشۋىق ۋاراقلىرىنى
باسىدىغان زاۋۇتقا ئايلانغىلى تۇردى. شىركەت پارتكومىنىڭ سېكرېتارى
شۈي خەيلۇڭ بىر چەتكە چىقىرىپ قويۇلدى. گاۋ فۇشۇجىنىڭ رەھبەرلىك
ئورنى ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە، چاقىرىق سۆزلىرى ئۈنلۈكرەك ئاڭلىنىشقا
باشلىدى. ھەرقايسى كالونلاردىن، رېمونت زاۋۇتى بىلەن باسما زاۋۇتتىن
سېكرېتار شۈي خەيلۇڭنى ئەمەس، گاۋ فۇشۇجىنى ئىزدەيدىغانلار كۆپى-

يېپ، ”ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق“ دەيدىغانلارنىڭ سېپى تېخىمۇ زوراي-
ماقتا ئىدى.

لاۋگو بىلەن چاڭ باۋشۇ بۇرۇنمۇ خېلى يېقىن ئىدى، ھازىر تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كەتتى. لاۋگو باسما زاۋۇت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسىدىن ناھايىتى مەمنۇن ئىدى. ”تەلەيخاننىڭ نامى ئەسلىگە كەلگەن ئىكەن، خىزمىتىمۇ ئەسلىگە كېلىشى لازىم“ دەپ چاڭ باۋشۇغا يېلىنىپ: ھازىر ئۇيغۇرچە ھەرپ تىزىدىغان نابورچىكلار بەك ئېھتىياجلىق بولۇۋاتىدۇ. تەلەيخان ئىشقا كىرسۇن، يېڭىدىن ئادەم ئەكىرەيلى دېسەك، ئۇچ ئايغىچە ئۆگەتمىسەك بولمايدۇ، تەلەيخان بولسا ئۇستا نابورچىك، كىرگەن ھامان تىزىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ دەپ دوكلات قىلىۋىدى، چاڭ باۋشۇ شۇ كۈنىلا گاۋ فۇشۇجى بىلەن شۇي خەيلۇڭغا دەپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن زاۋۇتقا قايتا قوبۇل قىلدى. رازىخاننى بولسا ئۆزى زاۋۇتقا كىرەي دەپ تەلەپ قويمىغانلىقتىن تۇپلەش سېخى ئۇنى ئىشقا كەلسۇن دەپ چاقىرمىدى. رازىخان ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا زاۋۇتقا كىرەي دەپ، تۇپلەش سېخىدا بۇرۇن ئىشلىگەن، ھازىرمۇ يەنە ئىشلەيمەن دەپ لاۋگونىڭ ئالدىغا شاش كالىنىڭ بويىنىنى باغلاپ سۆرىگەندەك سۆرەپ تارتىپ مەجبۇرلىسىمۇ بېرىشقا رايى يوق ئىدى. ئۇ زاۋۇتتا ئىشلىمەي، ئوغلى باتۇر قادىرنىڭ ئائىلىسىدە يەنە بۇرۇنقىدەك ئۆي ئىشى قىلىپ تۇرۇۋەردى. ئۇ قىزى تەلەيخاننىڭ باسما زاۋۇتقا قايتا ئورۇنلىشىپ ئىشلەۋاتقانلىقىغا مەمنۇن بولۇپ ئۆتكەنكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تىلغا ئالمىغىنىم ياخشى دەپ بىلدى. ئۇ ئوغلى باتۇر قادىرغا كۆڭۈلسىزلىك تېپىپ بەرمەي دەپ كېلىنى ھاشىخاننىڭ رايى بويىچە تىنچ ئۆتۈشنى نىيەت قىلىپ كەلمەكتە ئىدى.

× × ×

شوئارلىرى ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىۋاتقان مالىمانچىلىق ۋەزىيىتى ”جىن-شەيتانلارنى تارتىپ چىقىرىش“تىن رەھبىرىي كادىرلارنى ”كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار“ سۈپىتىدە تارتىپ چىقىرىشقا ئۆزگەردى. بولۇپمۇ 1967-يىلى يېزىپ ۋە سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئەنسىز

بىر يىل بولدى. ھەممە چوڭ-كىچىك كوچىلىرىنى چوڭ خەتلىك قاپلاپ
كەتكەن شاڭخەي شەھىرىدە "يانۋار ئىنقىلابى" باشلىنىپ ھوقۇق تارتىۋې-
لىش دولقۇنى مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىغا يامرىدى. داغدۇغىلىق "ھو-
قۇق تارتىۋېلىش"نىڭ بۇ زور دولقۇنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغىمۇ
يېتىپ كەلدى.
قاتناش شىركىتى پارتكومىنىڭ فۇشۇجىسى گاۋ شىمىن شىركەت
قارىمىقىدىكى ئالتە كالون بىلەن رېمونت زاۋۇتقا ۋە باسما زاۋۇتىدىكى كۆز
قارىشى ئوخشايدىغان تايانچ كادىرلارغا ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشىنىڭ
ئالدىدا تۇرۇش توغرىلىق ئاستىرتتىن يولىيورۇق بەردى. ھوقۇق تارتىۋې-
لىش دولقۇنى يامراش بىلەنلا ئۇلار كەڭ ئاممىغا ھوقۇقىمىزنى تاپشۇرىمىز،
دەپ ئىرادە تامغىلىرىنى ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك جايلىرىغا ئېسىپ
قويۇشتى ۋە "ئىسيانچى تەشكىلات" دەپ ئاتالغان گۇرۇھلارنىڭ باشلىقلى-
رىدىن تەشكىللەنگەن "ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتى"غا ئىپادىسى ياخشى-
لار قاتارىدا ئۆزلىرىمۇ كىرىۋېلىشتى. گەپ قاتناش شىركىتىنىڭ بارلىق
ھوقۇقىنى قانداق تارتىۋېلىشتا قالدى.
قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغاندا قاتناش شىركىتىدىكى بۆلۈم-ئىشخانى-
لارنىڭ ئېلېكتىر لامپۇچكىلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆچۈشكە باشلى-
دى. ئىشخانىلارنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرىمۇ تاقالدى. كۆز ئالدىدىكى روي
بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشچان ۋەزىيەتكە قارىتا بەس-مۇنازىرە قىلىشىپ بارغان
خادىملار ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيلىرىگە كېتىشىۋېتىپمۇ ئۆزئارا مۇنازىرىلەش-
مەكتە ئىدى. قاتناش شىركىتى ئىدارىسى بىردەمدىلا ئادەمسىز جىمجىت
ھويلىغا ئايلاندى. پەقەت شىركەت پارتكومىنىڭ فۇشۇجىسى گاۋ شىمىنىنىڭ
ئىشخانىسى بىلەن قوغداش بۆلۈمىنىڭ ئىشخانىسىلا يوپيورۇق تۇراتتى.
باتۇر قادىر ئىشخانىسىدىن ئەڭ كېيىن چىقتى ۋە ئىدارە دەرۋازىسىدىن
چىقىپ كېتىۋاتقان شۈي خەيلۇڭنىڭ سايىسىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ئور-
نىدا جىم تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئويلىدى: "بۇ ئادەم كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان
ھوقۇقدار سۈپىتىدە تارتىپ چىقىرىلىپ بىرقانچە قېتىم كۈرەش، تەنقىد
قىلىنغان بولسىمۇ يەنىلا بوي بەرمەي كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ئەمەسمەن،

يۇقىرى رەھبەرلىك مېنى شۇجىلىقىمدىن قالدۇرغىنى يوق، ھازىرمۇ شىر-
كەت پارتكومى سېكرېتارى ۋە ئىدرە باشلىقمەن، دەپ رەھبەرلىك ئورنىدا
چىڭ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ، بۇ ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغانلارمۇ ھازىر ئۆز
كۆلەڭگىلىرىدىن قورقۇشۇپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشماقتا...» ئۇ ئۆزىنىڭ-
مۇ بۇ سابىق لېەنجاڭدىن، يەنى ئۆزىنى پارتىيىگە تونۇشتۇرغۇچىسىدىن
ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋاتقانلىقى ئېسىگە كېلىپ، ئۇلۇغ-كىچىك تىندى: «ھا-
زىر تۆكنىڭ يېتىشىغا، سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ماڭماي بولمايدۇ. ئىشتىن
چۈشكەندە بۇ كەچتە گاۋ فۇشۇجىنىڭ مېنى ئۆز ئىشخانىسىغا چاقىرىشىدا
چوقۇم بىرەر گەپ بار، ئۇ سىڭلىم ۋە ئاپام توغرىسىدىكى دەرد-ئەھۋا-
لىمنى سەۋرلىك بىلەن ئاڭلىدى ۋە سىڭلىمنى زاۋۇتقا قايتا ئىشقا ئورۇنلاشـ-
تۇردى...» ئۇ ئويلا-ئويلا بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، گاۋ فۇشۇجىنىڭ
ئىشخانىسىنى ئاستا-ئاستا ئۈچ قېتىم چەكتى. ئىشخانا ئىچىدىن مۇئاۋىن
سېكرېتارنىڭ «كىرىڭ» دېگەن بوم ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىشىكنى
قىيا ئېچىپ بېشىنى تىقىپ قاراپ ئۆزىگە كۈلۈمسىرىگەن چىرايىنى كۆرگەن-
دىن كېيىن ئىشىكنى يوغان ئېچىپ روھلۇق ھالدا كىردى.

گاۋ شىمىننىڭ ئىشخانىسى ئۇزۇن كارىدورنىڭ ئەڭ چېتىدە بولۇپ
سېكرېتار لاۋشۈينىڭ ئىشخانىسىغا يانداش ئىدى. گاۋ شىمىن ھە دەپ
گېزىت كۆرۈۋاتاتتى. تۆت يانچۇقلۇق كۆك چاپىنىنىڭ كۆك تۈگمىلىرىنى
يېشىۋېتىپ، ئېگىشكەن پېتى زور دىققەت بىلەن كۆرۈۋاتقان گېزىتتىكى
ئۆزىچە مۇھىم دەپ قارىغان قۇرلارنىڭ ئاستىنى سىزىۋاتاتتى. باتۇر قادىر
ئۇنىڭ يۆلىنىپ ئولتۇرغان يېزىق ئۈستىلىگە يېقىنلاپ كېلىپ، گېزىتتىكى
«پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشىنىڭ نەمۇنى-
سى» دېگەن چوڭ ماۋزۇنى كۆردى.

— سېكرېتار گاۋ، ئىشتىن چۈشكەندە ئىشخانامغا كىرىڭ دېگەنتىڭىز،
كەلدىم. بىرەر مۇھىم سۆزىڭىز بارمۇ؟ — باتۇر قادىر بىرئاز دۇدۇقلاپ
ئىچىدە مۇھىم يولىيورۇقىڭىز بارمۇ؟ دەپ سورىمىغىنىغا ئۆكۈنگەندەك قىلدـ-
ۋىدى، گاۋ شىمىن ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىدى. ئۇ ئىشخانىغا كىرىپ
بولۇپ ئۈستىلىگە يۆلىنىپ ئۆرە تۇرغان باتۇر قادىرغا يانتۇ قارىدى.

—ھە، ياخشى، كېلىڭ. ئولتۇرۇڭ،—بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈلۈمسىرەپ باتۇر قادىرغا ئولتۇرۇشقا كۆز قىرىدا ياتتۇ قويۇلغان بىر كونا ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى. ئۇ گەپنى نەدىن باشلىسام بولار، دەپ ئويلاپ: ”سىزگە پارتكومنىڭ بىر قارارنى ئۇقتۇرۇپ قويماقچىمەن“ دېگىلى تاس قالدى. باتۇر قادىر پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغاچقا، ئۇ ۋە سېكرېتار لاۋشۈي قاتارلىقلار قاتناشمىغان ئەھۋال ئاستىدا بىرەر چوڭ مەسىلە توغرىسىدا قارار ماقۇللىغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. گاۋ شىمىن مەدەنىيەت زور ئىنقىلا-بىنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىش باسقۇچىغا ئۆتكەنلىكىنى، شىركەتتىكى ھوقۇق تاتىۋېلىش كۈرىشىنىڭ تەييارلىق ئەھۋالىنى سۆزلىدى:

—شىركەتتىكى پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى شاڭخەي شەھىرىدە باشلانغان ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشىنى يادرو قىلغان ”يانۋار ئىنقىلابى“-نىڭ تۈرتكىسىدە ھوقۇق تارتىۋېلىشقا تەييارلانغاندا بىز ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇشىمىز كېرەك، ھەپتىنىڭ ئالتىنچى كۈنى ھوقۇق تارتىۋېلىش بولىدۇ. ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتى سىزنى پۈتۈن شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا رەھبەرلىك قىلىشىڭىزنى بەلگىلىدى.

—گاۋ شۇجى، بىز كىمدىن ھوقۇق تارتىۋالىمىز؟—دېدى باتۇر قادىر ئەجەبلەنگەن ھالدا تېڭىرقاپ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئارىسالدىلىقتا ھاڭ-تاڭ قالغانلىقىنى يوشۇرالمىدى. گاۋ شىمىن كۆك چاپىنىنىڭ مەيدە يانچۇقىدىن كۆك سىياھلىق قەلىمىنى ئېلىپ ئالدىدىكى خاتىرىسىگە قىستۇرۇۋېتىپ باتۇر قادىرنىڭ سوئالىغا قەتئىيەتلىك بىلەن جاۋاب بەردى.

—شۇمۇ سوئال بولدىمۇ؟ مەندىن باشقا ھېچكىمگە ئىككىنچىلەپ مۇنداق خاتا سوئالنى سورىماڭ جۇمۇ، كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار شۆي خەيلۇڭدىن ھوقۇق تارتىۋالىمىز.

باتۇر قادىر گاۋ شىمىننىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھەقىقەتەن تېڭىرقاپ قالدى. شىركەتنىڭ بارلىق تاملىرىغا، ئالتە كالون بىلەن رېمونت زاۋۇتى ۋە باسما زاۋۇت ھويلىلىرىغا ”كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار شۆي خەيلۇڭنى يوقىتايلى“ دېگەن چوڭ خەتلىك گېزىتلەر چاپلىنىۋەرگەنلىكتىن بۇ شىركەت رەھبىرىنىڭ ئىناۋىتى بىراقلا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. باتۇر

قادىرنىڭ قەلبىدە بولسا ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنى پارتىيىگە تونۇشتۇرغان بۇ رەھبىرىگە ھازىر ھېچكىمگە ئېيتقىلى بولمايدىغان چوڭقۇر ھۆرمەت ئورۇن ئالغان شۇڭا گاۋ شىمىننىڭ ئۆزىنى "ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتى"نىڭ تەركىبىگە كىرگۈزمەكچى بولغانلىقىغا چىرايىنى ئېچىپ خۇشال بولغان بولسىمۇ، سېكرېتار شۈي خەيلۇڭنى "كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار" دېيىشكە تىلى بارمىدى. لاۋشۈينىڭ ئاكىسى لاۋلىيۇ تا ھازىرغىچە ئۆز ئائىلىسى بىلەن باردى-كەلدى قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. يىغىن مۇزاكىرىلە-رىدە دائىما ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي جىددىي پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ كېلىۋات-قان باتۇر قادىرنىڭ ئارىسالدى بولۇپ گەپ-سۆز قىلمايۋاتقانلىقىغا ئىچى تىت-تىت بولۇۋاتقان گاۋ شىمىن ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا خۇددى سىياسىي دەرس مۇئەللىمىدەك جىددىي سۆز-لىدى. ۋاڭ خۇڭۋېننى شاڭخەيدىكى ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشىنىڭ ئاۋان-گارتى دەپ ماختىدى. لىن بياۋ بىلەن جاڭ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ سۆزلىرىنى تەكرارلىدى. ۋە بېيجىڭدىكى چىقىۋاتقان گېزىتلەرنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىش ھەققىدىكى ماقالىلىرىنى روھلۇق ئىزاھلاپ، مۇھىم نۇقتىلىرىدىن ئۆزۈندى-لەر ئوقۇدى.

—يۇقىرى رەھبەرلىك سېكرېتار لاشۈينى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار دەپ بېكىتمىگەن ئەھۋال ئاستىدا چەتكە چىقىرىپ قويساق قانداق بولار؟ —دېدى باتۇر قادىر ئىككىلىنىپ،يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ قويغىنىمىز ياخشىمىكىن.

—مۇنداق گەپنى باشقا يەردە دەيدىغان بولسىڭىز ئاما ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، ئۇر-ئۇرغا قېلىشىڭىز مۇمكىن، —دېدى گاۋ شىمىن دەررۇ-لا ئورنىدىن تۇرۇپ قاپىقىنى تۈرگىنى ھالدا، —مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇپ تۇرۇۋاتقان مۇنداق ئادەملەرنىڭ تارىختا ھەرقانچە تۆھپىسى بولسىمۇ، ھېسابقا ئېلىنمايدۇ. مەن تېخى سىزنى شۈي خەيلۇڭ تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان، ئاپىسى ۋە سىڭلىسىنى زور زىيانكەشلىككە ئۇچراتقان شۈي خەيلۇڭ تەرەپتە تۇرماي، ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرۈشىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. سىز كېتىپ ئەتىگىچە ئويلى-

نىپ ئاندىن جاۋابىنى بېرىڭ.

—ھازىر جاۋاب بەرسەممۇ بولىدۇ، ھوقۇق تارتىپۋىلىشقا قاتنىشاي. بۇرۇن مۇنداق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلمىغان بولغاچقا، دەككە-دۈككىدە ئارىسالدا بولغىنىمنى كەچۈرۈڭ.

گاۋ شىمىن باتۇر قادىرنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش نۆۋىتى كەلدى، دەپ ئويلىدى ۋە بولغاي ئورۇندۇقنىڭ كەينىگە يۆلىنىپ چىرايىنى بىرئاز ئېچىپ ئىپادە بىلدۈردى:

—مانا بۇنى كونسىرۋاتىپلىق دەيمىز. كونسىرۋاتىپلىق قىلماي، ئامىدۇي ھەرىكەتنىڭ ئالدىدا دادىل مېڭىشىمىز كېرەك. باتۇر قادىر ئۆز ئورنىدا قىڭغىيىپ ئولتۇرۇۋالغان گاۋ شىمىننىڭ ئۈستەل ئۈستىدە يېيىلىپ تۇرغان گېزىتلەرنى رەتلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يەنە قىلىدىغان ئىشى بار بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، چىقىپ كەتتى.

× × ×

قاراڭغۇ چۈشتى. قاتناش شىركىتىنىڭ كەڭ ئوچۇق دەرۋازىسى ئالدىدىن چوڭ-كىچىك ماشىنىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى گۈركىرەپ ئۆتۈشمەكتە. سانسىز لامپۇچكىلار ئاسماندىكى پال-پال يېنىپ تۇرغان يۇلتۇزلاردەك قاراڭغۇ شەھەر كوچىلىرىنى خىرە يورۇتماقتا. دەرۋازىنىڭ يېنىغا جايلاشقان قوغداش بۆلۈمى ئىشخانىسى يوپيورۇق ئىدى. گاۋ شىمىن تەمكىن ھالدا باتۇر قادىرنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن ئاندىن ئانچە ھايال بولمايلا ئىشخانىسىدىن قوزغىلىپ چىقىپ قوغداش ئىشخانىسىغا ئالدىراش كىرىپ كەلدى.

قوغداش بۆلۈمى ئىشخانىسىدا قىزىل يەڭ بەلگىسى تاققان بىر توپ كىشى گاۋ شىمىننىڭ كىرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ، ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي نىمىلەرنىدۇر سۆزلەشمەكتە. گاۋ شىمىن ئىشكنى قىيا ئېچىپ قىسىلىپ دېگۈدەك كىرىشى بىلەن ھەممىسى گويا ئالدىن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا قىلىشۋاتقان گېپىنى توختىتىپ ئورنىلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە ئۇنىڭدىن يېڭى گەپ-سۆز كۈتۈپ جىم بولۇشتى.

—باتۇر قادىر بىلەن ئايرىم گەپلەشتىم، قوشۇلدى. ئەمدى قالغان

باشقا مەسىلىلەرنى ئويلانساقمۇ بولىدۇ. جەزمەن ھەپتىنىڭ ئالتىنچى كۈنى ھوقۇق تارتىۋېلىپ، دۈشەنبە كۈنى چوڭ تەنقىد ئېلىپ بارساق بولىدۇ.

—باتۇر قادىرنى ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتىغا نېمىشقا قاتناشتۇرىدىمىز؟—دېدى چاڭ باۋشۇ ھەيران قىلىپ،—ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى شۇي خەيلۇڭنىڭ ئاكىسى لاۋلىيۇ بىلەن يېقىن، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا ئاۋانگارت جەڭچى سۈپىتىدە ئەمەس، كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە قاتنىشىۋاتقان مەيدانى يوق ئادەم تۇرسا، جىن-شەيتانلار ئائىلىسى بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇپ ئۆتۈۋاتقان ئادەمنى ھوقۇق تاتىۋېلىش كومىتېتىمىزغا كىرگۈزسەك، خەق نېمە دەپ قالار؟

گاۋ شىمىن ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتىنىڭ تەركىبىگە كىرىدىغان نامزاتلارنى ئويلىنىش مەسىلىسىدە ئوخشاش بولمىغان قاراشلارنىڭ بولۇشى مۇقەررەرلىكىنى ئالدىن پەرەز قىلىپ بولغان ئىدى. گاۋ شىمىن چىرايىنى تۈرۈپ دۈمسىيىپ يانتۇ قارىۋالغان چاڭ باۋشۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرىگە قاراپ جاۋاب بەردى:

—شىركىتىمىزدە ئۇيغۇرلارمۇ خېلى بار. ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتىغا بىرەر ئۇيغۇر كادىرنى قاتناشتۇرمىساق بولامدۇ؟ رازاق ھوشۇر بىر تۈركۈم كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، تەپتارتماستىن شۇي خەيلۇڭنى قەتئىي قوغدايمىز، دەپ ھەرقايسى كالون، رېمونت زاۋۇتى ۋە باسما زاۋۇتىمىزغا قاتراپ يۈرىدۇ. ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتىغا سەپلەيدىغان باتۇر قادىردىن باشقا تۈزۈكرەك مىللىي كادىر يوق، سىلەر مەسىلىنىڭ بۇ تەرىپىنى ئويلىنىپ كۆردۈڭلارمۇ قانداق؟

ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتىنىڭ تەييارلىق يىغىنىغا ھەرقايسى كالون، رېمونت زاۋۇتى بىلەن باسما زاۋۇتتىن كەلگەن ئوخشاش كۆز قاراشتىكى تەرەپباز تەشكىلاتلارنىڭ باشلىقلىرى بىلەن چاڭ باۋشۇ، لاۋگو، ۋاڭ دۈيجاڭلار كېلىپ بولغان ئىدى. ئۇلار باتۇر قادىرنى ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتىغا كىرگۈزۈشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى. قويۇق تاماكا ئىسىغا تولغان ئىشخانىدىكى غۇلغۇلا، ۋاراڭ-چۇرۇڭلار گويا تېگى چوڭقۇر قۇدۇققا چۈشكەن تاشتەك جىمىقتى. ھەممەيلەن بىر-بىرىگە

قارىشىپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى. ئاخىر ھوقۇق تارتىۋې-
لىش كومىتېتى تەركىبىگە باتۇر قادىرنى كىرگۈزۈشكە ئالدى بىلەن ۋاڭ
دۈيجاڭ، ئاندىن لاۋگو بىلەن چاڭ باۋشۈي قوشۇلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈ-
ۋىدى، ھەممىسى: "راست، ئۇيغۇرلاردىن بىرەرسىنى كىرگۈزمىسەك بولمى-
غۇدەك"، دەپ ئىدىيىلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ قوشۇلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈش-
كە باشلىدى.

1967-يىلى 2-ئاينىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي
ئېتەكلىرىدە قار-مۇزلار ئېرىپ، قەھرىتان سوغۇق بوشاپ، دېھقانلار ئەتىياز-
لىق تېرىلغۇ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ شەھەردە باھاردىن
ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى. ھاۋا خېلىلا سوغۇق ئىدى. ھەركۈنى
چۈشتىن كېيىن ئارىلاپ سوققان كۈچسىز شامال باسما زاۋۇتىنىڭ تاملىرىغا
چاپلانغان ھوقۇق تارتىۋېلىش توغرىسىدىكى چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى
سويۇپ، يىرتىلغان پارچىلىرىنى كۆچۈرۈپ، تاملارنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىد-
رىغا، ھاجەتخانا يېنىدىكى ئەخلەت، قىغ دۆۋىلىرىگە تاشلايتتى. باسما
زاۋۇتىنىڭ ئىسكىلاتىدا قوناق ئۇنى تۆكەپ كەتكەنلىكتىنمىكىن ياكى شىلىم
ئېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەنلىكتىنمىكىن، ئادەمنىڭ بېلىدەك يولغان-يوغان يې-
زىلغان لوزۇنكا-شوئارلار يەرگە يېپىشتىلغان، نابور سېخىغا ماڭىدىغان
يولنىڭ ئىككى چېتىگە رەت-رېتى بويىچە تىزىلىپ يېپىشتىلغان بۇ لوزۇنكا-
شوئارلار ئۈستىگە ئەتىگىنى نېپىز سۇ چېچىلغان بولغاچقا، توڭلاپ يەرگە
چاپلىشىپ قالغان، باسما زاۋۇتىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ئىشقا كەلگەندە
ۋە ئىشتىن چۈشكەندە يەرنى ئاۋايلاپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن دەسسەپ،
ھوقۇق تارتىۋېلىش توغرىسىدىكى بۇ لوزۇنكا-شوئارلارنى بىرەر قۇر ئوقۇپ
بولۇپ، ئالدىراپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

كەچتە ھەممەيلەن ئىشتىن چۈشكەندە باسما زاۋۇت پارتىيە ياچېيكى-
سىنىڭ شۇجىسى چاڭ باۋشۇ ئىشخانىسىدىن چىقىپ نابور سېخىنىڭ
مۇدىرى بىلەن بىرگە تەلەيخان قاتارلىق ئون نەچچە نابورچىكنى تىزىدىغان
مۇھىم ھۆججەت بار، دەپ ئېلىپ قالدى. "ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتى-
نىڭ باياناتى" دەپ ئاتالغان بىرقانچە ماتېرىياللارنى قاتناش شىركىتى

ئىشخانىسىدىن لاۋگو مەخپىي ئىلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ مەخپىي ماتېرىيال-
لارنى تىزىدىغانلار تەركىبىگە دەسلەپىدە چەت ئەلگە باغلىنىشلىق مەسىلە-
سى بار، دەپ قارالغان تەلەيخان كىرگۈزۈلمىگەن ئىدى، لاۋگو بەك
ئالدىراش بولغاچقا، تەلەيخانمۇ تىزىشۈن دەپ جىكىلىگەنلىكى ئۈچۈن
تەلەيخانمۇ تىزىشقا كىرىشتى. "ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق" تەشكىلاتىدى-
كىلەردىن تەشكىللەنگەن قوغداش گۇرۇپپىسى قىزىل يەڭ بەلگىسىنى تاقاپ
نابور سىخ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرمەكتە ئىدى. تەلەيخان قاتارلىق قابىل
نابورچىكلارغا تىزىلىدىغان بايانات، ھۆججەتلەر تېز تارقىتىپ بېرىلىۋىدى،
بەزىلىرى ئورىگىناللارنى بىرمۇبىر ۋاراقلاپ ئوقۇشقا باشلىدى، بەزىلىرى
تەلەيخانغا ئوخشاش ئورىگىناللارنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان تىزىشقا كىرىشىپ
كەتتى. تەلەيخان "ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتى"نىڭ باياناتىنى تىزىۋې-
تىپ، ئۆزىگە يىراقتىن زەڭ سېلىپ قاراۋاتقان لاۋگونىڭ كۈلۈمسىرگىنىچە
ئۆز يېنىغا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تىزىۋاتقان ماتېرىيا-
لىنىڭ ئادەتتىكى بىر تەشۋىقات ۋەرەقىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ، تىزىش
ئالدىدا تۇرغان ئورىگىناللارنى بىرقۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ بولۇپ شىركەت
پارتكومى سېكرېتارى شۈي خەيلۇڭنىڭ "كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇق-
دار" دەپ ئەيىبلەنگەنلىكىگە، يەنە كېلىپ بىر تەرەپپاز تەشكىلاتنىڭ
ئەمەس، "ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتى" دەپ ئاتالغان يېڭى رەھبەرلىك-
نىڭ شۇنداق ھۆكۈم قىلغانلىقىغا ئەجەبلەنىدىيۇ، چوڭ خەتلىك گېزىتلەردە
نۇرغۇن قېتىم ئىسمى تەتۈر يېزىلىپ ھاقارەتلەنگەن بۇ بىچارە شىركەت
رەھبىرى توغرىلىق لاۋگوغا بىرنېمە دېيىشكە پېتىنالمىدى. ئورىگىناللارنى
ئوقۇۋېتىپ، ئاكىسى باتۇر قادىرنىڭمۇ ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتى تەركى-
بىگە كىرگۈزۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، مەمنۇن بولدىمىكىن، ئۆزىگە يەر تېگى-
دىن كۆز يۈگۈرتۈۋاتقان لاۋگوغا يانتۇ قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

—ئاكاممۇ ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتىغا كىرىپتۇ-ھە، گو جۇرېن.

—ھە، ئۇ ھەپتىنىڭ بىرىدىن باشلاپ شىركەتنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرى-
غا ماسلىشىپ ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرىدۇ،—دېدى لاۋگو.

لاۋگونىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىنغاندىن كېيىنكى ئىش ھەققىگە ئالاقىدار

گەپ-سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، نابۇرچىكلارنىڭ بىرقىسمى خۇشال بولۇپ كەت-
تى. بۇ ئون نەچچەيىلەننىڭ ئىچىدە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ دەسلىپىدە
تارتىپ چىقىرىلغان، چوڭ خەتلىك گېزىتلەر كۆپرەك يېزىلغان، رەھبەرلىك-
نى تىللاپ قويغانلىقى ئۈچۈن پارتىيىگە قارشى ئۇنسۇر قىلىپ ئوتتۇرىغا
چىقىرىپ قويۇلغانلارمۇ بار ئىدى. بەزىلىرىنىڭ تۇغقانلىرى ”جىن-شەي-
تان“ دەپ تارتىلىپ چىقىرىلىپ كوچىدا سازايى قىلىنغان بولغاچقا ھەق-
ناھەقنى پەرق ئەتمەي، قارا-قويۇق ”يوقتايلى“ دېگۈچىلەر ئارىسىغا قو-
شۇلۇۋالغانلار ئىدى. تەلەيخان ئىككى ئوتتۇرىدا قالدى. ئۇ شۇي خەيلوڭ-
نى يامان ئادەم دەپ ھېسابلىمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن تارتىپ چىقىرىلىپ
سازايى قىلىنىشىدا ۋە ئاپامنىڭمۇ تۆھمەت ۋە ھاقارەتكە ئۇچراپ مەجبۇرىي
تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈشىگە ۋە ئۆزىنىڭمۇ زاۋۇتتىن ھەيدىلىپ سەرسان بولۇ-
شىغا شۇي خەيلوڭ بىلىپ تۇرۇپ يول قويغان، دەپ بىللەتتى.

لاۋگو دېرىزىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ، ھەرپ تىزىۋاتقان تەلەيخاننى پۈتۈن
دىققىتى بىلەن كۆزىتىۋېتىپ ئويلىدى: ”ئۇ دەل ئۆز قىزىم شۇ، مەن ھازىر
ئۇنىڭغا قانداقمۇ سىز مېنىڭ قىزىم، مەن سىزنىڭ ئۆز ئاتىڭىز بولىمەن
دېيەلەيمەن؟ 1962-يىلى ئۇ ئالېكسېي ۋە ئاتىسى ئىۋان-ئىۋانوۋىچ بىلەن
بىرگە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن بولسا، كەينىدىن مەنمۇ چىقىپ
كەتكەن بولسام، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى؟ لەنتى قېرى تۈلكە ئىۋان
ئىۋانوۋىچ ئۇنى چېگرىدا قالدۇرۇپ، ھەددى-ھېسابسىز بايلىقى بىلەن
چىقىپ كەتتى، بىللە ئېلىپ چىقىپ كېتىمەن، دېگەن ئالېكسېيمۇ تەلەيخان-
نىڭ چىقىپ كېتىشىگە ئار تۇرالمىدى. ئادەملەرنىڭ مېڭىسىدىكى ئويلىغان
ھەممە ئوي-پىكىرلىرى ئەمەلگە ئېشىۋەرمەيدۇ“ ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ سو-
ۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىش ئويى ئەمەلگە ئاشقىنى بىلەن ئوغلى
ئالېكسېينىڭ تەلەيخاننى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ چىقىپ كېتىپ ئۆمۈر
بويى بەختلىك ئۆتىمەن، دېگەن ئويى كۆپۈككە ئايلاندى. ھازىر بۇلارنى
ئويلاش نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق؟ رازىخان دېگەن بۇ بىرنېمە يە ئۆلمىدى،
لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ تەلەيخان لاۋگونىڭ قىزى دەپ ئاغزىدىن چىقىرالمايدۇ.
ھېلىمۇ ياخشى، گاۋ فۇشۇجىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋالدىم. ناۋادا تۇر-

پان-توخسۇندىكى ئىشلىرىم، تارىخىم ئاشكارىلىنىپ قالغۇدەك بولسا دەرھال باتۇر قادىرنىڭ ئاشلىق ئىدارىسىدىكى خوتۇنى ھاشىخان ئارقىلىق بىرقانچە مىڭ جىڭ ئاشلىق بېلىتىنى قولغا كەلتۈرۈپ، گۇاڭجۇ شەھىرىگە كەتكىنىم تۈزۈك. ئاخىر شياڭگاڭغا ياكى تەيۋەنگە چىقىپ كەتمەي بولمايدۇ...“

لاۋگونىڭ ئەمەلگە ئېشىشى تەس بولغان شېرىن خىيالى پەيدا قىلغان لەۋلىرىدىكى كۈلۈمسىرىشىدىن ئازراق ئېچىلغان ئاغزىدىكى ئىككى دانە ئالتۇن چىشى غىل-پال كۆرۈنۈشكە باشلىدى. تەلەيخان ئۆزىدىن يىراقلاشقان لاۋگونىڭ بۇ كۈلۈمسىرىشىنى كۆرۈپ بىرئاز ئەيمىنىپ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار دېگەن سۆزنى تاسلا قالدى ”ماڭمىغان“ دەپ تىزنۇەتكىلى؛ ئۇ ھودۇقۇپ قورقۇپ كېتىپ، ۋىرسەتكىسىدىن تىزىپ بولالمىغان، يەنى توشمىغان بىر قۇر ھەرپىنى تىرىققىدە مېتال گەرەنكىگە چېچىۋەتتى: ”بۇ ئادەم نېمىشقا ماڭا بۇنچىۋالا قاراۋېرىدىغاندۇ، مېنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىمغا كۈچ چىقارغىنىغا مەندىن بىرنەرسە تەلەپ قىلامدۇ يە...“ ئۇ لاۋگونىڭ زەڭ سېلىپ قاراۋاتقان گازىر كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ۋىرسەتكىسگە سىنچىلاپ قارىدى-دە، ”ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتى“ دېگەن سۆزنى تىزىۋېتىپ ئويلىدى: ”لاۋشۈي قانداقسىگە كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار بولۇپ قالغاندۇ؟ تارىخىي مەسىلىسى بار دېگەن گەپ راستمىدۇ، ئۇ ۋە ئاكىسى لاۋلىيۇ بىزگە ئاز ياخشىلىق قىلغىنى يوق، ئاپام شوپۇر لاۋلىيۇ بىلەن لاۋشۈينى ياخشى ئادەم دەپ ئاكام بىلەن ئۈچ كۈندىن بىرى تاكاللىشىپ ئادا-جۇدا بولغىلى تاسلا قالدى. دېمىسىمۇ شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ ياخشىلىقىنى جىق كۆردۇق. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئۇ ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىسا بىز قۇتۇلدۇرماقتا يوق، يوقتايلى دەپ شوئار تووۋلاۋاتىمىز، ئاپام ئاچچىقلىنىپ: لاۋلىيۇ ۋە لاۋشۈيلەر ياخشى ئادەملەر، لاۋگونىڭ كەينىگە كىرمە، ئۇ ئەسكى ئادەم، دەپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ھەسرەت بىلەن ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. سىرتتا، ھەممىلا يەردە، يوقتايلى، ھوقۇق تارتىۋالايلى، دەپ جان-جەھلى بىلەن شوئار تووۋلاۋاتقان كىشىلەر. بۇ ئەھۋالدا قانداقمۇ ئۇۋال بولىدى، دېگىلى بولىدۇ، تۈنۈگۈن بىرسى خەلق مەيدانىدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ دەپ قويۇۋىدى، گېپىنىڭ ئاخىرى

چىققىچە تاس قالدى ئۇر-ئۇرغا قالغىلى. ئاكاڭنىڭ ئەمدى شوپۇر لاۋلىيۇ بىلەن ئالاقە قىلماڭلار، ئۇكىسى لاۋشۈي كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان هوقۇقدار بولۇپ قالدى. سىلەرلا ئەمەس، مەنمۇ يامان گەپكە قالىمەن، دېگىنىگە ئاپام: سەنمۇ مېنىڭ بالام بولۇپ قالدىڭمۇ؟ دەپ ئاچچىقلانغىنىچۇ تېخى،...“—تەلەيخاننىڭ خىيالىنى سىرتتىن نابۇر سېخىغا كىرگەن قىزىل يەڭ بەلگىسى تاققان كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازلىرى بۆلۈۋەتتى. سېختا گاۋ شىمىن، چاڭ باۋشۇ ۋە ۋاڭ دۈيجاڭ ھەم ئىسيانچى ياشلار ۋەكىلى دەپ ئاتالغان سوزۇق باش ئېگىز بالا—”ياڭ سىلىڭ“ ئالدىراشلىق بىلەن ”هوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتى“نىڭ ئۇقتۇرۇش، تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى بۈگۈن كېچىچە تىزىپ بېسىپ بولۇشنى سۆيلەپ تەكشۈرۈپ كىرگەن ئىدى. ئۇلار لاۋگو بىلەن سېخنىڭ بىر بۇلۇڭىدا نېمىلەرنىدۇر كۇسۇرلىشىپ بولۇپ چىقىپ كەتتى. سېختا چاڭ باۋشۇ قالدى. ئۇنىڭغا هوقۇق تارتىۋېلىش ماتېرىياللىرىنى تىزىپ كېچىچە بېسىپ تەييارلاپ ئەتە ئەتىگەنلىكى هوقۇق تارتىۋېلىشقا قاتنىشىدىغانلارنى باسما زاۋۇتتىن قاتناش شىركىتىگە باشلاپ بېرىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان ئىدى.

× × ×

تاڭ سەھەر، شەرق ئاسمىنىنى قازاننىڭ كۆيىسىدەك قارا بۇلۇتلار قاپلىغان. ئىككى-ئۈچ قەۋەتلىك بىنالارغا ياندىشقان شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ پاكار تۇرخۇنلىرىدىن كۈل رەڭ قويۇق ئىسلار پۇرقىراپ، سۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەكتە. باتۇر قادىرنىڭ هويلىسى ئالدىدىكى قېرى قارىياغاچ فېۋرال ئېيىنىڭ سوغۇقىدا شۈمشىيىپ غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھەر تەرەپكە قاراپ يول ئالغان قارا ماشىنىلارنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازلىرى شالاڭلاشتى. شەھەرنىڭ تاڭ سۈزۈلگەندىن كېيىنكى دەسلەپكى كوچا ئاپتوبۇسلىرىنىڭ يېنىككىنە گۈر-گۈر قىلىپ غۇيۇلداپ مېڭىشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ھەممە ئائىلىلەردە كىشىلەر ئەتىگەنلىك ناشتا قىلىپ خىزمەتكە مېڭىش تەرەددۇتىدا ئالدىراشماقتا. مانا ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ قات رەڭلىك نۇرلىرى شالاڭلىشىۋاتقان قارا بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۆتۈپ، شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تاغ چوققىلىرىدىن كۆتۈرۈ-

لۇپ، باتۇر قادىرنىڭ ھويلىسىنى يورۇتۇشقا باشلىدى. ئەتراپىدىكى قو-
لۇم-قوشنىلىرى ئەتىگەن تۇرۇپ تالا-تۈزگە چىقىپ، ھويلا-ئاراملىرىنى
سۈپۈرۈپ سۇ چېچىپ ئىشقا مېڭىش ئۈچۈن ئالدىراش ھەرىكەتلىنىۋاتقان
بولسىمۇ باتۇر قادىرنىڭ ھويلىسى جىمجىت ئىدى. كۆپ ئۆتمەي دەسلەپ
باتۇر قادىر كونىراپ كەتكەن قېلىن پوپايكىسى ئۈستىگە قوش ئەستەرلىك
چاپىنىنى كىيىپ، قولىنى ئەسرىگە چۈشكەندەك ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەسنىۋال-
غاندىن كېيىن ئۇيقۇسىزلىقتىن چاپاق بېسىپ كەتكەن قارا كۆزلىرىنى
ئۇۋۇلاپ ئۆيىگە قايتىپ كىردى-دە، ماتېرىيال سومكىسىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ
چىقىپ مېڭىشقا تەمشىلىپ ۋارقىرىدى:

—ھاشىخان، تېز بول، ئوغۇلنى مەكتەپكە ماڭدۇرۇپ ئىشقا ماڭ!

—ئۇ بويىنىنى سوزۇپ ئىشىك تەرەپكە قارىدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئۆي
ئىچىدىن: ”مانا ھازىر“ دېگەن جاۋاب ئاڭلاندى. باتۇر قادىر ناشتىمۇ
قىلماي، يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇشنىمۇ ئۇنتۇپ ئالدىراش ئىدارىسىگە كېتىپ
قالدى.

ھويلىنىڭ كۈنچىقىش بۇلۇڭىغا جايلاشقان رازىخاننىڭ ئۆيى باتۇر
قادىرنىڭ ئۈنلۈك ۋارقىرىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ يورۇدى. كۆپ ئۆتمەي
رازىخان يان ئۆيىنىڭ كونا ئىشىكىنى تاراقىدە ئېچىپ مەزگىلسىز ئاق
ئارىلىغان چېچىنى تۈزەشتۈرگىنىچە ھويلىغا چىقىۋىدى، كېلىنى ھاشىخانمۇ
ئالدىراپ-تېنەپ ئۆيىدىن چىقتى:

—ئاخشامقى ئايىغى چىقمايدىغان بولمىغۇر گەپ-سۆز، بەس-مۇنازى-
رىلەر ھەممىمىزنى ئۇيقۇدىن قويدى، مەنمۇ خىزمەتكە كېچىكتىم. بالا
ئۆزلەگە قالدى، ئاپا، ئۇ تەييارلىق سىنىپىتا بولغاندىكىن، بۈگۈن مەكتەپكە
بارمىسىمۇ بولار،—ھاشىخان شۇنداق دەپلا باتۇر قادىرغا ئوخشاش ناشتى-
لىق قىلماي، ئۆزىنى يېرىم-ياتا تۈزەشتۈرۈپلا ئاشلىق پونكىتىغا كەتتى.
ھاشىخان ھويلىدىن چىقىپ كېتىشىگە رازىخان نەۋرىسى غالىبجاندىن
خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئوغلى باتۇر قادىرنىڭ ئۆيىگە كىردى.

كىچىككىنە ئاشخانا ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆي مېھمانخانا بولۇپ، يان
تەرەپتىكى ئۆيدە يەتتە ياشلىق نەۋرىسى غالىبجان بەھۇزۇر ئۇخلاۋاتاتتى.

ئۇ كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ بىر پەس قارىغاندىن كېيىن غالىبجاننى ئويغىتايمۇ، ئويغاتمايمۇ دەپ بىر پەس ئويلاندى. قىزى تەلەيخانمۇ تېخى ئورنىدىن تۇرمىغان ئىدى. رازىخان نەۋرىسى ئۇخلاپ ياتقان كارىۋاتنىڭ بالدىقىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى: „ئالەمدە نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، مەرھۇم ئېرىم قادىر ھەمدۇللايېۋ مىللەتنى، خەلقنى مۇشۇ كۈنگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن تۈرمىگە كىرگەنمىدۇ؟ ئۇ تۈرمىدە ئۆلۈپ كېتىدىغان چېغىدا بىزنى مۇشۇ كۈنگە قالىدۇ، دەپ ئويلىمىغان بولغىيتتى، شوپۇر لاۋليۇ مۇسۇلمان بولمىغىنى بىلەن خېلى تۈزۈك. ئۇ بىزگە ئاز ياخشىلىق قىلغىنى يوق. ئۇكىسى لاۋشۈيمۇ باتۇر قادىرنىڭ ئاتىسىغا ئوخشاش ۋۇجۇدىنى ئۆزلىرى توغرا دەپ ئويلىغان يولغا ئاتىغان تۇرسا، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار دەپ تۆھمەت قىلىنىۋاتىدۇ، لاۋگو قاتارلىق بۇ تۆھمەتچىلەر ئىچىگە ئوغلۇم باتۇر قادىرمۇ قوشۇلۇۋاپتۇ، دۇنيادا مۇنداقمۇ ئۇقۇمشاسلىق بولىدىكەن، ئوغلۇم باتۇر قادىر ئۆز ئاتىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان لاۋگوغا قوشۇلۇپ، ئاتىسىنىڭ غايىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئەڭ ئېسىل كىشىنى ھاقارەتلەۋاتىدۇ. ئاتىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان قاتىل بىلەن بىر سەپتە تۇرۇۋاتىدۇ. ئوغلۇم باتۇر، ئاتاڭ ساڭا ئىمامدىن مۇشۇ ئىسمىنى قويۇشنى تەلەپ قىلغىنىدا سېنىڭ نېمىگە باتۇرلۇق قىلىشىڭنى ئويلىغان بولغىيتتى...“— رازىخاننىڭ خىيالىنى سىرتتىن ئىشىكنىڭ تىرىقىدە ئېچىلىشى بۆلۈۋەتتى. ئۆيگە ئۇيقۇدىن ھازىرلا تۇرغان، قىسقا چېچى، تەرتىپسىز چۇۋۇلغان تەلەيخان كىرىپ كەلدى ۋە ئاپىسىنىڭ كارىۋاتنىڭ قىرىغا يۆلىنىپ غەمكىن خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلدى:

—ئاپا، ئاخشامقى مۇنازىرە، تالاش-تارتىشلارنى كۆڭلۈڭگە ئېلىپ كەتمە، ئاكامغىمۇ ئامال يوق، ھەممىلا ئىدارىلەردە، زاۋۇت-كانلاردا ھوقۇق تارتىۋېلىش بولۇۋاتىدۇ. ئاكامنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتىغا كىرمىگەنىدىن كىرگىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟

—بولدى، قوي، گېپىڭنى ئاڭلىغۇم يوق،—دېدى رازىخان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ،—ساڭا ئىچىمدىكى ھەقىقەتنى ئېيتىشقا قىينىلىۋاتىمەن.

— نېمە ھەقىقەت ئۇ؟
— بولدى، ئېيتمايلا قوياي.
— ئېيتمىساڭ ئېيتما. مانا، مەن سېنىڭ گېپىڭگە كىرىپ بۇگۈنكى ھوقۇق تارتىشلىشقا قاتناشمايدىغان بولدۇمغۇ؟ — دېدى قىزى بىر جۈپ زىلۋا قولىنى ئىككى تەرەپكە يېيىپ. ئۇ چاي دەملەش ئۈچۈن سىرتقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى.
ئەتىگەنلىكى دېرىزىدىن خىرە يورۇق كىردى، بولۇتلار كۈننى توسۇۋالغانلىقى ئۈچۈن ھاۋا تۇتۇق ئىدى. رازىخان ئاخشام ئوغلى بىلەن كېچىچە ئۇخلىماي مۇنازىرىلىشىپ چىقتى. قىزىمۇ ئوغلىغا يانداشتى. ئۇلار لاۋگونىڭ ئەسكى قىياپىتىنى بىلمىگەچكە، ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ لاۋلىيۇنىڭ ئۇكىسى ليۇ خۇڭلىغا، يەنى شۇي خەيلۇڭغا قارشى تۇرماقتا ئىدى. ئوغلى بىلەن قىزى: «ئاپا، زاۋۇتقا كىرىشىمىزگە ھەمدەمدە بولۇپ بىزگە ياخشىلىق قىلغان لاۋگوغا مۇنچىۋالا قارشى چىقىسەن، لاۋگونىڭ گېپى چىقسىلا ئۆگۈپ ئاچچىقلىنىۋېرىدىكەنسەنغۇ؟» دېگەندە گەپ تېپىپ بېرەلمەي دۇدۇقلاپ قالدى. ئۇ بىرقانچە يىلدىن بىرى ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن-كەچكەنلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، قىسقا-قىسقا ئەسلىمىلەر يېزىپ كەلمەكتە ئىدى. ئاخىر ئۇ بوش ۋاقتى بولسىلا رازاق ھوشۇر ئارقىلىق يۈرىكىدىكى بارلىق گېپىنى يېزىۋاتقان ئەسلىمىسىگە كىرگۈزۈپ، ئوغلى بىلەن قىزىغا بايان قىلىش ئۈچۈن يەنە قەغەز، قەلەم تەييارلىۋالدى، ئۇ يۈرىكىدىكى بارلىق دەرد-ئەلەملەرنى قېنىق كۆك سىياھ ئىچۈرۈلگەن گاڭبى بىلەن ئاق قەغەزگە چۈشۈرۈپ كەلمەكتە.
كىشىلەرنىڭ مەسىلىلەرگە بولغان ئادەتتىكى كۆز قاراشلىرى شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئەمما ئۆزگىرىش ۋاقتى ئوخشاش بولمايدۇ. كۆز قارىشى تەدرىجىي شەكىللىنىپ قانچە ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملاشقان بولسا مېڭىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ئۈچۈنمۇ شۇنچە ۋاقىت كېرەك بولىدۇ. ئىدىيىسىگە مۇستەھكەم ئورنىشىپ بولغان كۆز قارىشىنىڭ بىرەر شامالنىڭ چىقىشى بىلەنلا ھەش-پەش دېگۈچە ئۆزگىرىپ بولۇشى تەسكە توختايدۇ. رازىخاننىڭ مېڭىسىگە مەرھۇم يولدىشى قادىر

ھەمدۇللايېۋنىڭ غايىسى سىڭگەن ئىدى. يولدىشىنىڭ بارچە مىللەتلەر
باپپاراۋەر بولغان، ئېزىش-ئېزىلىش يوق بولغان، بارلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ
ھوقۇق-مەنپەئىتى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئەكس ئېتىلگەن يېڭى جەمئىيەت
قۇرۇش ئىستىكى ئۇنىڭ يۈرىكىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئىدى. ئۇ
ئېسىگە كېلىپ ئۆتتۈز نەچچە يىلدىن بېرى كۆرگىنى، بىلگىنى، ھېس
قىلغىنىچە ئۆز يولدىشىغا ئوخشاش مەلۇماتى يۇقىرى، جەسۇر بولمىسىمۇ،
ئادەملەرگە ھېچقانداق زىيانداشلىقى بولمىغان، پەقەت ئۆزىنىڭ تىرىشچان-
لىقى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن ئاق كۆڭۈل شوپۇر لاۋلىيۇنى
كۆردى، خۇددى ئۆزىنىڭ يولدىشىنىڭكىدەك ئوخشاش غايىدىكى شۈي
خەيلۇڭنى كۆردى. ”بۇ كىشىلەر يېڭى جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن ئاتا-ئا-
نىسىدىن، تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ كۈرەش قىلىپ نېمىدېگەن زور جەۋر-
جاپالارنى تارتقان-ھە؟ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ كىشىلەر
ياخشى ياشىشى، خورلانماسلىقى كېرەك ئىدىغۇ؟“ رازىخان كارىۋاتتا
ئۇخلىۋاتقان نەۋرىسىگە ئېگىشىپ قاراپ قويۇپ، ئاخشام ئوغلى بىلەن
قىلىشقان بەس-مۇنازىرىنى ئويلاپ، يەنە چوڭقۇر خىيال سۈرۈشكە باشلى-
دى: ”بۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئاتا-ئانا، بالا-چا-
قىلىرىدىن ئايرىلىپ كۈرەش قىلىپ كۈرمىڭ جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتىپ،
تارتقان شۇ جەبر-جاپالىرى ھېسابىغا بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئازاب-ئوقۇبەت
تارتىشى، خارلىنىپ ھوقۇقىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى كېرەكمىدى؟ يولدىشىم
قادىر ھەمدۇللايېۋ ھايات قالغان تەقدىردە ئۇمۇ سېكرېتار شۈي خەيلۇڭغا
ئوخشاش بۇ يامان، قاباھەتلىك كۈنلەرنى كۆرمەي قالاتتىمۇ؟ ئالەم نېمە
بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟ مەرھۇم يولدىشىم: ئوغۇل كۆرسەم ئىسمىنى باتۇر
قويۇمەن، قىز كۆرسەم ئىسمى تەلەيخان بولىدۇ. زامانىمىزنىڭ كەلگۈسى
— بالىلىرىمىزنىڭ تەلىيى، دېگەن ئەمەسمىدى؟ ئوغلۇم باتۇر قادىر نېيتى
قارا لاۋگونىڭ كەينىگە كىرمەسلىكى، شۈجى شۈي خەيلۇڭنى يوقىتايلى
دېگۈچىلەر سېپىگە قوشۇلماسلىقى، بەلكى ئۇنى قوغدىشى لازىم ئىدى،
ياخشى ئادەمنى يامان دەپ قارىلايدىغان بۇ بولمىغۇر ھەرىكەتنىڭ ئاقىۋىتى
كىشىلەرگە ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ، قىزىم بولسا ھەرھالدا رايىشلىق

بىلەن مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىدى، بۈگۈن ھوقۇق تارتىۋالمىز دەپ داۋراڭ سالغانلار تويغا قوشۇلۇشتىن يالتىيىپ، ئىدارىگە بارمىدى، پارتىيە يامان ئادەملەرنى يا بالدۇر، يا كېيىن سېزىۋالىدۇ، ئۇلارنى ھەرگىزمۇ بوش قويۇۋەتمەيدۇ...“

—ئاپا، چاي دەملىدىم. غالىبجاننى ئويغىتايلى،—دېدى تەلەيخان كارىۋاتقا يۆلىنىپ خىيال سۈرۈۋاتقان ئاپىسىنىڭ چۈشكۈن روھىي ھالىتىنى ئېپادىلەپ تۇرغان غەمكىن كۆزلىرىگە يانتۇ قاراپ. رازىخان غالىبجاننى ئاستا ئويغاتتى، تەلەيخان ئورۇن-كۆرپىلىرى يىغىلغان كارىۋات ئۈستىگە گۈل چېكىلگەن يوغان داستىخاننى ئىككى پۈكلەپ قاتلاپ سالدى ۋە قوناق ئۇنى ئارىلاش يېقىلغان ئۈچ نان بىلەن باياتىن دەملىگەن بىر چەينەك چاينى ئاۋايلاپ قويدى. ئۇلار ئالدىرىماي ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىشكە باشلىدى. ئۇلار بەخىرامان چاي ئىچىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، دەككە-دۈككىگە چۈشكەن كۆڭلى ھوقۇق تارتىۋېلىش ساراسىمىگە چۈشكەن شىركەتتە ئىدى.

× × ×

قاتناش شىركىتىنىڭ قوش قاناتلىق تۆمۈر رېشاتكىلىق دەرۋازىسى ئەتىگەنلىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىشقا كېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا كەڭ ئېچىۋېتىلگەن. دەرۋازىنىڭ ئوڭ يېنىدىكى قوغداش بۆلۈمى ئەتراپىغا قىزىل رەڭلىك بەلگە تاقىغان بىر تۈركۈم ياش خادىملار ئىككى-ئۈچتىن توپ بولۇشۇپ نېمىلەرنىدۇر خۇپىيانە سۆزلەشمەكتە. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىدارىگە بۇنچىۋالا بالدۇر كېلىشىدىكى سەۋەبنى ئالدىن بىلگەچكە، بىربىرىگە كۆز-لىرىنى قىسىپ غالىبانە كۈلۈمسىرىشەتتى. گاھ ئۇنىڭ بىلەن، گاھ بۇنىڭ بىلەن بوش ئاۋازدا سۆزلىشەتتى، شىركەت مۇدىرى سېكرېتار شۈي خەيلۇڭنىڭ ئىشخانىسى تەرەپنى كۆز قىرىدا ئىشارەت قىلىپ پىچىرلىشاتتى.

ئىشقا چۈشۈش ۋاقتى ئاز قالغاندا يېشى ئاتمىشقا كىرىپ قالغان، چېچى ئاق ئارىلىغان شىركەت مۇدىرى سېكرېتار شۈي خەيلۇڭ ئالدىراش-لەر قورۇسىدىن چىقىپ ئۇدۇل شىركەت دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. ئۇ كۇسۇرلىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە سوغۇق نەزەر تاشلاپ ھەددىدىن

زىيادە دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئىدارىدىكى كادىرلارنىڭ بىرەر-سىمۇ يوق، ھەممىسى دېگۈدەك باسما زاۋۇت بىلەن رېمونت زاۋۇتتىن ۋە ھەرقايسى كالونلاردىن كەلگەن ”ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق“ كۆزقارىشىدىكى كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەسلەپدە بىرئاز ئەجەبلىنىپ قەددىمنى ئاستىلاتتى-دە، دەرۋازا سىرتىدىكى كىشىلەرنىڭ شىركەت ئىچىگە سۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى پەملەپ ئىشخانىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە نەپرىتىنى ئىپادىلەۋاتقان غەيرىي قاراشلىرىدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ ھەسرەتلىك تىنىۋالدى. ئۇ بۈگۈن ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالماشقىنىدا بېرىلگەن سېرىق ئىشتان-چاپىنىنى كىيمىگەن، ئادەتتىكىچە كۆك رەڭ كىيىم كىيىپ ئىشقا كەلگەن ئىدى. ئۇ ئۆتكەن يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلانغان دەسلەپكى مەزگىلدە تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىنغان، ھازىر بولسا نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ تېخىچە ئاچچىقى بېسىقمايۋاتقان كىشىلەرنىڭ قەھرى-غەزىپىگە دۇچ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ئاما ئالدىدا ئالتە قېتىم تەكشۈرگەن بولسىمۇ يۇقىرى رەھبەرلىك ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئىپادە بىلدۈرىدىغان رەھبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىمۇ تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىنماقتا ئىدى. ئۇ: ”تۆۋەندە نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، كىمنىڭ گېپىنى كىم ئاڭلايدۇ. ھەممىلا ئادەم ئەتىدىن كەچكىچە ئىشلىمەي، چوڭ خەتلىك گېزىت، شوئار، قۇرۇق گەپ-سۆز، مۇنازىرە بىلەن كۈن ئۆتكۈزسە، دۆلەتنىڭ ئەھۋالى نېمە بولماقچى، تۆۋەندىكى مالىمانچىلىقنى، ھەممىلا ئادەم ئەنسىز ئۆتۈۋاتقان بۇ كۈنلەرنى ماۋجۇشى بىلەمدىغاندۇ؟...“ ئۇ خىيال سۈرۈپ مېڭىۋېتىپ، بىر تاشقا پۇتلىشىپ كېتىپ ئۆتكەچكە چىڭدىلىپ كەتكەن شىغىل تاشلىق يەرگە يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. ئۇ ئالدىرىغىنىچە ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

قاتناش شىركىتى دەرۋازىسى ئالدىغا تەرەپ-تەرەپتىن كىشىلەر توپى ئۇزۇلمەي كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قىزىل يەكلىك بەلگە تاقىغان، خەلق ئەسكەرلىرى سىياقىغا كىرگەن سېرىق ئىشتان-چاپان كىيگەن ياش ئىشچىلار ئىدى. ئۇلار شىركەتكە قاراشلىق ھەرقايسى كالونلار-

دىن ۋە باسما زاۋۇت، رېمونت زاۋۇتتىن كەلگەنلەر، شەھەردىكى بەزى ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپلەر ۋە باشقا كارخانىلاردىن كەلگەن ئوخشاش كۆز قاراشتىكى ئىشچىلار، ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى. كۆپ ئۆتمەي شىلىم چېلىكنى كۆتۈرۈشكەن ياش ئىشچىلار شىركەتنىڭ ئىچى-سىرتىدىكى كونا چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنىڭ ئۈستىگە ھوقۇق تارتىۋېلىش باياناتىنى چاپ-لاشقا باشلىدى. بىرقانچىسى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان كىشىلەرگە، نېمە ئىش بولىدىكىن، دەپ سىرتتىن كېلىپ قاراپ تۇرغانلارغا ئاخشام بېسىلغان ھوقۇق تارتىۋېلىش توغرىسىدىكى تەشۋىق ۋەرەقلىرىنى تارقاتتى. ئىدارە ئىچى-سىرتىدىكى كىشىلەر توپ-توپ بولۇشۇپ شىركەتنىڭ كونا خىش تاملىرىغا چاپلانغان يېڭى چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى، ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتى نامىدا چىقىرىلغان باياناتنى ئالدىراپ ئوقۇشقا، قوللىرىدىكى ھېلىلا تارقىتىلغان تەشۋىق ۋەرەقلىرىنى كۆرۈشكە باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن توپلىشىپ قالغان ئادەملەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ گاۋ شىمىن، چاڭ باۋشۇ، لاۋگو قاتارلىقلار پەيدا بولدى. باتۇر قادىر ئۇلاردىن بۇرۇنراق پەيدا بولۇپ، ئۆزى يېزىپ چىققان شەخسىي باياناتىنى قوغداش بۆلۈمىنىڭ تېمىغا چاپلاپ بولۇپ، شىركەتنىڭ ئىشخانا تامغىسىنى بىر يىپقا باغلاپ تامغا ئېسىپ قويغان ئىدى. بۇ باتۇر قادىرنىڭ شىركەت ئىشخانا مۇدىرى سۈپىتىدە ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتىغا ھوقۇقنى تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكى ئىدى. ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتىدىكىلەر ئالدىن مەسلىھەتلىشىۋالغان بولغاچقا، تامدا ئېسىقلىق تۇرغان شىركەت تامغىسىنى ئېلىپ بولۇپ، شىركەت پارتكومىنىڭ سېكرېتارى شۈي خەيلۇڭنىڭ ئىشخانىسىغا ئۈسۈپ كىرىشكە مېڭىشتى.

شۈي خەيلۇڭ ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتىدىكىلەرنىڭ ئىشخانىغا ئۈسۈپ كىرىشىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۇ ئىشخانىسىغا بالدۇر كىرىپ ئۈچ سىرتمىلىق قىزىل ئۈستىلى يېنىدىكى ئورۇندۇقىغا ئولتۇرۇپ ئاق ئارىلىغان قويۇق چېچىنى قاماللاپ تۇتقىنىچە ئورۇقلاپ قالغان ئوڭ جەينىكىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى ئۇنىڭ خىيالى تولىمۇ چېچىلاڭغۇ ئىدى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئىشخانىسىدا ئۇ ياققا-بۇ

ياقۇا مىڭىشقا باشلىدى. ئۇ قەدىمىنى ئاستىلىتىپ بىشىنى كۆتۈرۈۋىدى، ئۇيچان كۆزلىرى تامدىكى قىزىل يەڭلىك بەلگىسىنى تاققان ماۋجۇشى بىلەن لىن بياۋنىڭ بىللە چۈشكەن سۈرىتىگە چۈشتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە ھەرقانداق قىلىپ بولمىسۇن ئاشلىق توشۇش ۋەزىپىسىنى پائال، تىز، بەلگىلەنگەن قەرەلدە تولۇق ئورۇنلاش لازىم ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ كىپىنى ھەرقايسى كالونلار ئاڭلىمايۋاتاتتى، توشۇش ۋەزىپىسىنى چىك تۇتسا، ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇپ، ئىنقىلابنى باستى، دەپ يۇز تۇرانە ئەيىبلەۋاتاتتى؛ مانا بۈگۈن شىركەت ھويلىسىدا نىمىدىگەن جىق ئادەم، ماشىنا رىمونت زاۋۇتى تۇرسا، ماشىنىمىز بۇزۇق، دەپ يولغا چىقماي ئۇ يەردە-بۇ يەردە قۇزۇق گەپ سىتىپ يۈرگىنى نىمىسى؟ شۇي خەيلۇڭ ئوتتۇرا بوي بولسىمۇ ئورۇقلاپ قالغانلىقتىن بىر ئاز ئىگىزلەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئورنىغا كىلىپ ئولتۇرۇپ تالادىكى بايىقى توپ-توپ بولۇشۇپ گۇدۇڭ-لىشۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئالىيىپ قاراشلىرىنى ئىسىگە ئىلىپ، روھىي سۇنۇپ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ مىڭىسىنى ئاشلىق يۆتكەش ۋەزىپىسى ئىگەللىۋالغان ئىدى. ئۇ ئىشخانىسىدا بىر تۈركۈم ماتىرىياللارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولۇپ رەتلەۋاتاتتى. ئۇ رەتلەپ بولغان ماتىرىياللارنى ئۈستەلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىرتمىسىنى ئىچىپ سالاي دەپ تۇرۇشىغا ئىشىكنى تاراقىدە ئىچىپ كىرىپ ئۆزىگە يەۋەتكۈدەك ھۈرپىيىپ قاراۋاتقان سۆزمەن ئىگىز بويلۇق بىر چاپارمەن ئادەمنى كۆردى. بۇ — شىركەتكە قاراشلىق رىمونت زاۋۇتىدىن كەلگەن ”ئىسيان كۆتۈرۈش يول-لۇق“ تەشكىلاتىدىكى ”ياڭ سىلىڭ“ دەپ ئاتالغان كىپى قوپال ياش ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چەتكە قىقىلىشنى سىكرىتار شۇي خەيلۇڭدىن كۆرۈپ قىيداپ يۈرگەن، ھوقۇق تارتىۋىلىش دولقۇنىدا ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋال-غان گەپدانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن سوڭدىشىپ چاڭ باۋشۇ، ئاندىن گاۋ شىمىنلارمۇ كىرىپ كەلدى. ئىشخانا ئىچى بىردەمدىلا ئادەملەر-گە لىق تولۇپ كەتتى.

—ھەرقايسىڭلار ئىش ئورنىڭلارغا بارماي نىمىشقا كىردىڭلار، ھەر-قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئاشلىق توشۇش ۋەزىپىسىنى كىچىكتۈرۈشكە بول-

مايدۇ. مەن ئاپتوبۇس كالونى بىلەن ئىككىنچى كالونغا تەكشۈرگىلى بارىمەن. رازاق ھوشۇر شۇ يەردە. يولداش گاۋ شىمىن سىزمۇ مەن بىلەن بىللە بېرىڭ!— دېدى سېكرېتار شۈي خەيلۇڭ ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىنى قولۇپلاشقا تەمشىلىۋېتىپ،— قانداقلا ئىشلار بولسا كېيىن ھەل قىلايلى. ھازىر مەسىلە ھەل قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس.

— مېنى يولداش دېيىشتىن ئاۋۋال بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەكسىيەتچى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇۋالماي، ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەنىگە قايتىپ كېلىشىڭ لازىم،— دېدى گاۋ شىمىن قوپاللىق بىلەن، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ سابىق ليەنجاڭى شۈي خەيلۇڭنىڭ قەھرلىك كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىيالـ ماي، بىر سىقىم تەشۋىق ۋەرەقى بىلەن ھوقۇق تارتىۋېلىش باياناتىنى شۈي خەيلۇڭغا سۇنۇش ئالدىدا تۇرغان چاڭ باۋشۇغا نەزەر تاشلىدى. ئانىچە ”ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق“ تەشكىلاتىدىكى ياڭ ”سىلىڭ“ قوپاللىق بىلەن ھۆرپەيدى:

— بىز بۈگۈن سەندىن ھوقۇق تارتىۋېلىشنى قارار قىلدۇق. بۈگۈنـ دىن باشلاپ، ياۋاشلىق بىلەن خاتالىقلىرىڭنى تەكشۈرسەن...

— مېنى يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىل تېخى ھۆججەت چۈشۈرۈپ، خىزمىتىمدىن ئېلىپ تاشلىغىنى يوق...

— تىلىڭنى تارت... بىز قايسى يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلدىن كەم؟! سەن بۇ ئىشخانىدىن بىز بەلگىلىگەن ياتاققا يۆتكىلىپ دۈشەنبە كۈنى ئېچىلىدىغان تەنقىد يىغىنىغا تەييارلىق قىل!...

— بولىدۇ، ئەمما مەن بۇ ئىشخانىدىن يۆتكەلمەيمەن. بۇ شىركەتكە مېنى پارتىيە ئەۋەتكەن. ئىشخانامدا نۇرغۇن ئارخىپلار بار،— شۈي خەيلۇڭ بۇ كىچىككىنە ئىشخانىسىغا ھېسپەتك تىقىلىپ قالغان تونۇش ۋە ناتونۇش كىشىلەرگە بىر قۇر سەپسېلىپ قاراۋاتقىنىدا چاڭ باۋشۇ ”ھوقۇق تارتىۋېـ لىش كومىتېتىنىڭ باياناتى“نى ئۇنىڭ ئالدىغا زەردە بىلەن تاشلىدى. گاۋ شىمىن ئالدىغراق كېلىپ:

— شۈي خەيلۇڭ، بىزمۇ ئارخىپ باشقۇرۇشنى بىلىمىز. ئورنىڭنى ھازىرلا بوشىتىپ، ئۆزۈڭنى تەكشۈرۈشكە تەييارلىق قىل،— دەپ غەزەپ

بىلەن چىرايىنى تۈرۈپ بويرۇق قىلدى.

—پارتكوم ھوقۇقىنى مەن نېمىشقا سىلەرگە تاپشۇرىدىكەنمەن؟— دېدى شۈي خەيلۇڭ ئۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرغانلارغا ئالىيىپ.

—ھازىر ساڭا چۈشەندۈرۈش ۋاقتى ئەمەس، قېنى تامغىنى، ئىشخانا ئاچقۇچلىرىنى تاپشۇر،—دېدى ياڭ ”سىلىڭ“ شۈي خەيلۇڭنىڭ ئالدىغا تېخىمۇ يېقىنراق كېلىپ.

شۈي خەيلۇڭ قۇلۇپلاش ئالدىدا تۇرغان ئۈستىلىنىڭ يېرىم ئوچۇق تۇرغان سىرتمىسىدىن ئەينى ۋاقىتتا پىلمۇت تۇتۇپ قاپىرىپ پىشىپ كەتكەن قولىنى سۇنۇپ شىركەت پارتكومىنىڭ ئوغاق-بولقىلىق تامغىسىنى ئالدى. ئۇ پارتكوم تامغىسىنى چىڭ سىقىمداپ تۇتۇپ، جاندىن ئەزىز تۇغقىنىدىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەن قان-قېرىندىشىدەك مەڭدەپ نېمە قىلا-رىنى بىلمەي جىم تۇرۇپ قالدى. ئۇ يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالدى. ئۇ ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتىنىڭ باياناتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن يۆتكىلىش ئالدىدا تۇرغان تەقدىرىگە تەن بېرىپ، بۇ قەدىناس ئىشخانىسىنى تاشلاپ چىقىپ كەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئىشخانا ۋە ئۈستەل ئاچقۇچلىرى-نى تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىۋىدى، ئىشخانىدىكى ھېسپەتەك تىقىلىپ قالغان ئادەملەر تەۋرىنىپ يول بېرىپ كەينىگە ئاستا-ئاستا چېكى-نىشكە باشلىدى. شۈي خەيلۇڭنىڭ كەينىدىن قىزىل يەڭلىك بەلگىسى تاققان ئىككى كىشى ئەگىشىپ ماڭدى. شۈي خەيلۇڭ بىر يىل بۇرۇنلا ھەممە ئادەم ھۆرمەت قىلىدىغان، بىر بىرىدىن قىزغىنىشىپ ئىززەتلەيدىغان ئالاھىدە شەخس ئىدى. مانا ئەمدى ئۇنى ئائىلىسىدىكىلىرى بىلەن ئاكىسى شوپۇر لاۋلىيۇدىن باشقا ھېچكىم ئىزدىمەيدىغان، ئۇچرىشىپ قالغىنىدا ئاشكارا ھالدا ئۇزاقراق سۆھبەتلىشىشتىن قورقىدىغان، ھال-ئەھۋالمۇ سو-رىمايدىغان بولدى. ھال-ئەھۋال سوراش بۇياقتا تۇرسۇن، يۈز تۇرانە تىللايدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئادەملىك ھوقۇقىمۇ دەپسەندە قىلىنماقتا ئىدى. كىشىلەر ئۇنى ”كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان“ دەپ تىللايتتى. ئەمما بۇ سۆزلەرنىڭ ئەسلى تۈپ مەنىسىنى كۆپىنچە كىشىلەر تولۇق بىلمەيتتى. يەۋاتقان تاماق، كىيىۋاتقان كىيىملەردىمۇ سىنىپىي كۆرەش مەۋجۇت دېيىد-

لىۋاتقان بۇ شارائىتتا كىشىلەر بۇ سۆزلەرنى كۆپ ئىشلىتىپ ئادەتلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، شوي خەيلۇڭغا ئوخشاش ھوقۇقدارلارنى ئاغزىغا رەم بولۇپ قالغان بۇ سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلەشنى سىنىپىي مەيداننىڭ روشەن ئىپادىسى دەپ بىلەتتى.

شوي خەيلۇڭ قىزىل يەڭلىك بەلگە تاققان ئىككى قوغدىغۇچى تەرىپىدىن يالاپ كېلىنىپ، قوغداش بۆلۈمىنىڭ ئۇدۇلىدىكى شىركەت دوختۇرخانىسى دەپ ئاتالغان تۆت ئېغىزلىق بىنانىڭ چېتىدىكى بىر ئۆيگە مەجبۇرىي كۆچۈرۈلدى. ئۇ بۇ تاشلاندۇق ئۆيدە ”شىركەتنى كاپىتالىزم يولىغا باشلىغانلىقى توغرىسىدىكى يېزىپ تۆگەتكىلى بولمايدىغان سىياسىي مەسىلىسىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈش كېرەك“ ئىدى. ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتى ئۇنىڭ بىر ھەپتە ئائىلىسىگە قايتماي، تەكشۈرۈشنامە يېزىپ چىقىشىنى، ھەر كۈنى يېرىم كۈن ئىدارە ئىچىنى ۋە ھاجەتخانىنى تازىلاشنى جىددىي ئۇقتۇردى. ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتىدىكىلەر ئالدىن مەسلىھەتلىشىۋېلىپ تويۇقسىز ئىش كۆرگەچكە ھوقۇق تارتىۋېلىشقا قارىتا ھېچقانداق تالاش-تارتىش، ماجىرا چىقمىغانلىقىغا خۇشال ئىدى. ئۇلار شىركەت مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنى بەلگىلەش ۋە شىركەتنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىشىغا، قوغداش بۆلۈمىگە كىملەرنى قويسا بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مەجلىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن قوغداش بۆلۈمىنىڭ ئىچكىرىكى ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. لاۋگو بىلەن باتۇر قادىر شىركەت مۇدىرى سېكرېتار شوي خەيلۇڭنىڭ ئىشخانىسىنى پېچەتلەپ بولۇپ تارقىلىۋاتقان يۈزلىگەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئەڭ ئاخىرىدا كىردى. ئۇلار ئۇزۇنغىچە بەس-مۇنازىرە قىلىشىپ شىركەتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنى بېكىتەلمەي بىر بىرىگە قېيىدىشىپ ئاخىر پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى گاۋ شىمىننى شىركەت مۇدىرى قىلىپ بېكىتتى. چاڭ باۋشۇنى باسما زاۋۇتتىن يۆتكەپ گاۋ شىمىننىڭ ئورنىغا قوغداش بۆلۈم باشلىقى قىلدى. قالغانلىرى شىركەت مۇدىرى گاۋ شىمىنغا ماسلىشىپ شىركەتنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا تارماقلار بويىچە مەسئۇل بولىدىغان رەھبىرىي تايانچ كۈچ قىلىندى.

× × ×

دۈشەنبە كۈنى ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرغان چوڭ يىغىن ئېچىلدى. قاتناش شىركىتىنىڭ چوڭ زالىدىكى يىغىنغا ئالتە كالون بىلەن رېمونت زاۋۇت ۋە باسما زاۋۇتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن بولۇپ ئۈچ يۈزگە يېقىن كىشى قاتناشتى.

يىغىننى لاۋگو باشقۇردى. ئۇ شۈي خەيلۇڭ باشچىلىقىدىكى قاتناش شىركىتى پارتكومىنىڭ ھوقۇقى يېڭى قۇرۇلغان "ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتى تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغانلىقى"نى جاكارلىدى. رېمونت زاۋۇتىدىن كەلگەن بويى ئېگىز، ئورۇق ياڭ "سىلىڭ" رەئىس سەھنىسىدىكى ئورنىدىن ئالدىغا چىقىپ "ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەقسىماتى"نى ئۈنلۈك ئوقۇدى. گاۋ شىمىننىڭ شىركەت مۇدىرى، چاڭ باۋشۇنىڭ كۈندىلىك ئىش بېجىرىدىغان مۇئاۋىن مۇدىر سۈپىتىدە قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا زالنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ئولتۇرغانلاردىن ئوتتۇز نەچچە كىشى قىزغىن چاۋاك چېلىۋىدى، بىرقىسىم ئامما قوشۇلۇپ چاۋاك چالدى. لاۋگو بىلەن باتۇر قادىرنى پۈتۈن شىركەتنىڭ ماشىنا بەلگىلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا چاۋاك چالىدىغانلار چىقمىدى. بەزىلىرى ھەيران قېلىپ بىربىرىگە سوئال نەزىرىدە قارىشىپ بىر نېمە دېمىدى. گاۋ شىمىن "ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇ تىلىنى سۆزلىيەلەيدۇ ھەم ئاڭلىيالايدۇ، شۇڭا تەرجىمە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق" دەپ رازاق ھوشۇرنى تەرجىمە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرمىغاچقا، بىر قىسىم مىللىي ئىشچى-خىزمەتچىلەر زالنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ بىر بىرى بىلەن تۆۋەن ئاۋازدا پىچىرلىشىپ ئۆزئارا غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى. يىغىن سەھنىسىنىڭ ئەڭ چېتىدە شۈمشىيىپ ئولتۇرغان باتۇر قادىر يىغىن كەيپىياتىنىڭ سۇسلۇقىنى، زالنىڭ كەينىدىكى مىللىي ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يىغىن تەرتىپىنى بۇزۇپ شاۋقۇن كۆتۈرۈش ئېھتىمالى بارلىقىنى سىڭلىسىغا رازاق ھوشۇرنىڭ نېمىلەرنىدۇر سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەمسىزلەندى بولغاي، پات-پات ئورنىدىن قوزغىلىپ تىنچ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ لاۋشۈي بىلەن

ھېچبىر زىددىيىتى يوق ئىدى، ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ باشلانغاندا ئۇنىڭ يۇقىرى ئورۇنلاشتۇرغىنى بويىچە سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بېرىلىش بىلەن سىڭلىسىغا ئوخشاش نەچچە يۈزلىگەن كىشى تارتىپ چىقىرىلىپ جىن-شەيتان قىلىپ قويۇلغاندا ئۇنىڭ كۆز قارىشىدا بىرئاز ئۆزگىرىش بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ لاۋشۈينى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار دەپ قارىمايتتى. كىشىلەر كۆزقارىشىنى يوشۇرغىنى بىلەن كۆزى، چىرايى، ھەرىكىتى يوشۇرۇشقا زورۇققان ئەسلى مەۋقەسىنى يوشۇرۇپ يوقىتىۋېتەلمەيدۇ. ئۇ يىغىن سەھنىسىدە جىم ئولتۇرغىنى بىلەن چىرايىدا ئۆزگىچە ئىشەنچى يوق، كۆڭلى پەرىشان ھالەتتە ئىدى. ئۇ شۈي خەيلۇڭنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىپ تەنقىد قىلىش ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، شۈي خەيلۇڭ يىغىن مەيدانىغا كىرگەن ھامان ”ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە“نى كۆرۈۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالماقچى بولدى.

يىغىن رەئىسى لاگو:

— ھازىر كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار شۈي خەيلۇڭنى تەنقىد قىلىش باشلىنىدۇ، — دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى ۋە دىققەت قىلىدىغان يىغىن تەرتىپىنى ئېلان قىلدى. يىغىن قاتناشچىلىرى لاۋگونىڭ سۆز ئاياغلىشىشى بىلەن يىغىن زالىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولغا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ قاراشتى، ھەربىي شۈي خەيلۇڭ روھىي چۈشكەن ھالدا بېشىنى تۆۋەن قىلىپ زالغا كىردى. كەينىدىن قىزىل رەڭ بەلگىسى تاققان ئىككى ئادەم ئۇنى يىغىن زالىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يول بىلەن يىغىن سەھنىسىگە يالاپ ماڭدى. ئالدىن مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان ئاۋازى بوم، چىقىراق شوئار توۋلىغۇچىلار ”يوقىتايلى“ دەپ جېنىنىڭ بېرىچە توۋلىغىلى تۇردى. ئالدى بىلەن يېڭى تەيىنلەنگەن قوغداش بۆلۈم باشلىقى چاڭ باۋشۇ ئەنزە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۈپىتىدە ئالدىن تەييارلىۋالغان بىر تۇتام يازما پاش قىلىش ماتېرىيالىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، شۈي خەيلۇڭنى ئەيىبلەشكە باشلىدى.

— ...شۈي خەيلۇڭنىڭ تارىخىي مەسىلىسى ئېغىر، ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئۇرۇشقا خاتا قوماندانلىق قىلىپ بىر ئىزۋوت ئەسكەرنىڭ جېنىغا

زامىن بولغان. ئۇرۇش قىلماي قېچىپ ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلغان...
مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا بولسا نۇرغۇنلىغان ئاممىنى ئەكسىلئىنقىلابچى قىلىپ قويغان. شىركەتتە كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرگەن جىنايىتىنى جاھىللىق قىلىپ ئىقرار قىلماي، ھوقۇق تارتىۋېلىشقا قارشىلىق كۆرسەتكەن...

ئۇنىڭ سۆزى ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئەسلىدە پىلان بويىچە ئالتە كالون، رېمونت زاۋۇتى ۋە باسما زاۋۇتتىن بولۇپ، سەككىز ئادەم ئۇنىڭ كەينىدىن سۆزلىشى كېرەك ئىدى، نېمىشقىدۇر ۋاڭ دۈيجاڭ كەلمەي قويدى. قالغان يەتتە ئادەمنىڭ شۈي خەيلۇڭنى تەنقىدلەيدىغان سۆزلىرى ئاساسەن بىر-خىل. سۆزلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"-نىڭ دەسلەپىدە "جىن-شەيتان" قىلىپ تارتىپ چىقىرىلغانلار بولغاچقا، ئەلپازى ناھايىتى يامان ئىدى. ئۆتكەن يىلى 7-ئايدا تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرەش قىلىنغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا شۈي خەيلۇڭ تەرىپىدىن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن رېمونت زاۋۇتىدىكى بىر كادىر بىلەن شىركەت دەرۋازىسىنى باققۇچى سەمەت موللا دېگەن كىشى باشقىلار تەييارلاپ بەرگەن تېزىس بويىچە سۆزگە چىقتى. ئۇلارمۇ لاۋگو بىلەن چاڭ باۋشۇلار ئىشلەتكەن كۆچلۈك سىياسىي ئىبارىلەر بىلەن شۈي خەيلۇڭنى ھارغىچە تىللىدى.

شۈي خەيلۇڭ سەھنىدە ئۆرە تۇرۇپ ئۆز ۋۇجۇدىغا مۇتلەق زىت ئىغۋا، سەپسەتىلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىدى. ئۇ بېشىنى گاھ كۆتۈ-رۈپ، گاھ تۆۋەن قىلىپ ئاچچىقلىنالمايتتى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى ئاممىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئۇچۇن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بېغىشلىغانلىقىغا قارىماي قاتتىق تىل-ھاقارەت ئىچىدە كۆرەش قىلىنىۋاتقانلىقىغا ئىچى تىت-تىت بولاتتى. ئالدىن بەلگىلىگەن شوئار توۋلىغۇچىلارنىڭ زالنى لەرزىگە سالغان چىقىراق ئاۋازىغا يىغىن قاتناشچىلىرى گويا مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا ئۇنىڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مۇشتۇملىرىنى چىڭ تۈگۈپ جور بولاتتى ئارقا رەتتىكى رازاق ھوشۇر بىلەن تەلەيخان قاتارلىق ئون نەچچەيلەن توۋلى-ماي، شەكلەن قول كۆتۈرۈپ تۇردى.

يىغىن ئىككى سائەت داۋام قىلدى. تۆتەيلەن ئايرىم-ئايرىم باشقىلار

بېرىپ بەرگەن شۇي خەيلۇڭنى ئەيىبلەيدىغان قول يازمىلىرىنى ئوقۇپ بەردى. يىغىن سەھنىسىدىكى گاۋ شىمىن، چاڭ باۋشۇ، لاۋگو قاتارلىقلار ئىككىنچى كالونغا ۋەكالىتەن سۆزلەيدىغان ۋاڭ دۇيجاڭ بىلەن باسما زاۋۇتتىن سۆزلەيدىغان بىرەيلەننىڭ كەلمىگەنلىكىنى ئۇقۇپ ئەجەبلىنىش ھېسسىياتى بىلەن باش قوشۇپ كۇسۇرلىشىۋالدى-دە، يىغىننى ئاخىرلاشتۇرۇش قارارىغا كەلدى. يىغىننى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ يىغىن باشقۇرغۇچى لاۋگو، ئاندىن گاۋ شىمىن بىرئاز سۆز قىلىشى كېرەك ئىدى. بەشىنچى كالوندىن بىرسى ئوخشاش مۇقامدا شۇي خەيلۇڭنى ئەيىبلەپ بولغاندىن كېيىن لاۋگو تۇساتتىن قىزىل يەڭلىك بەلگىسى تاقىغان ئىككى خەلق ئەسكىرىنىڭ ئالدىدا بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرغان شۇي خەيلۇڭغا زەھەرخەندىلىك بىلەن كۆرەڭلەپ سۆز قىلدى.

—شۇي خەيلۇڭ، پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ غەزىپىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭ، ياۋاشلىق بىلەن ئاممىغا باش ئېگىپ، جىنايىتىڭنى تاپشۇرامسەن-يوق؟

شۇي خەيلۇڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ قەددىنى رۇسلىدى. جۈمە كۈنى كەچتە ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتى ئاچقان تەييارلىق يىغىنىدا شۇي خەيلۇڭغا سۆز قىلىش نۆۋىتى ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان ئىدى. شۇنچىۋاللا جىق سىياسىي تەنقىد ۋە كۈچلۈك ئەيىبلەشلەرگە قارىتا تەنقىدلەنگۈچىنىڭ بىرئازمۇ قارشى پىكىردە بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. لاۋگونىڭ كۆرەڭلەپ سوئال سورىشى ئۇنىڭغا جاۋابەن سۆز قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. سوئال سورالغان ئىكەن، ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش كېرەك، شۇي خەيلۇڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىدىن يەتتە-سەككىز قەدەم نېرىراقتا ئۆرە تۇرغان لاۋگوغا مەنسىتمەسلىك بىلەن ئالىيىپ قارىدى-دە، نېمە گېپى باردۇ، دەپ ئۆزىگە دىققەت قىلىۋاتقان ئاممىغا سۆز قىلدى:

—يولداشلار، مەن مۇندىن قىرىق يىل بۇرۇن مەرھۇم ئاتام ئېتىقاد قىلغان غايىگە سادىق بولۇپ ئانا يۇرتۇم شاڭخەيدىن چىقىپ ئىنقىلابقا قاتناشتىم. ئاكام لاۋلىيۇ، ئوغلى لىيۇشۇەي ۋە مەن ئەكسىيەتچىلەرنىڭ زەربىسى تۈپەيلى ۋەيران بولغان. بىز يىمىرىلمەس ئالىي ھەقىقەت ئىگىسى

كوممۇنىستىك پارتىيىنى تىپىۋالغىنىمىزدىن كېيىنلا مەرھوم ئاتا-ئانىمىزنىڭ كۆتكىنىدەك ھەقىقىي ئادەم سىياقىغا كىردۇق. بىز بېسىپ ئۆتكەن يوللىردىمىزدىن مەڭگۈ پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز...

—ھېكايەڭنى قوي، بىز سېنى قۇرۇق گەپ ساتسۇن دەپ ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقمىدۇق،—دەپ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى لاۋگو گازىر كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

—قۇرۇق گېپىڭنى قوي!

جىنايىتىڭنى تاپشۇر!—دەپ ۋارقىرىدى ئالدىنقى قاتاردا ئولتۇرغانلار شۈي خەيلۇڭغا قوللىرىنى شىلتىپ.

—ماۋجۇشىغا ئەگىشىپ...،—شۈي خەلۇڭ يەنە سۆزلەشكە باشلىۋىدى، ئوتتۇرىدىكى بىرسى ئۆرە تۇرۇپ:

—كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار شۈي خەيلۇڭنى يوقىتايلى!—دەپ ئۈنلۈك شوئار توۋلىۋىدى، بۇ شوئارنى تەكرارلىغان يۇقىرى-تۆۋەن ئاۋازلار زالدا ياڭراپ شۈي خەيلۇڭنىڭ سۆزلىرىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا يالاپ تۇرغان بىرسى ئۇنىڭ بېشىنى تۆۋەنگە بېسىپ مەجبۇرىي ئېگىشتۈردى ۋە غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

—سېنىڭ ماۋجۇشىنى تىلغا ئېلىشىڭغا رۇخسەت يوق! ياۋاش بول، بولمىسا جاجاڭنى يەيسەن!

—يولداشلار، كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بۇ جاھىل ئۇنسۇر زەھەرخەندىلىك بىلەن بىزگە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ.

—ئەدىبىنى بېرىش كېرەك،—دەپ ۋارقىرىدى يەنە بىرسى. لاۋگو سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ كۆرەڭلىگەن ھالدا جاكارلىدى:

—كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان جاھىل ئۇنسۇرنى قانداقمۇ كومپارتىيە ئەزاسى دېگىلى بولىدۇ؟ مۇندىن كېيىن ئۇ شىركەت مۇدىرى ئەمەس، پارتكوم سېكرېتارىمۇ ئەمەس. بۈگۈندىن باشلاپ ئۇ پارتىيىدىن چىقىرىلغان ھېسابتا. كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى پارتىيە مەڭگۈ كېرەك قىلمايدۇ.

—لاۋگو، سەن پارتىيە ئەزاسى بولمىساڭ، قانداقسىگە مېنى پارتىيە-

دىن چىقىرالايسەن؟ — دېدى شوي خەيلۇك بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ. ئۇ سۆزىنى ئاياغلاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالغان لاۋگوغا كۆزلىرىنى ئالايتقىنىچە ئۆرە تۇرۇۋەردى. سول يېنىدىكى قىزىل يەڭلىك بەلگىسى تاقىۋالغان بىرى "ياۋاش بولامسەن-يوق؟!" دەپ شوي خەيلۇكنىڭ ئاقىرىشقا باشلىغان قويۇق چاچلىرىنى قاماللاپ تۇتۇپ يېنىغا تارتقان ئىدى، يەنە بىرى شىلىم يوقى شاپىلىقى بىلەن ئاغزىغا بىرنى ئۇردى. شوي خەيلۇك ئاستىنقى لېۋىدىن ئاققان قاننى سىرىق چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن ئاستا سۈرتۈۋېتىپ، گەپ قىلىشتىن يالتايدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى لاۋگونىڭ ئىشارىتىدە توۋلانغان شوئارلار بېسىپ كېتىدىغانلىقى ئۆزىگىمۇ ئايان ئىدى. ئۇ ئاچچىق يۇتۇپ ئويلىدى: "ئۇيغۇرلاردا «راست گەپ قىلساڭ، ئاغزى-بۇرنىڭ قان بولىدۇ» دېگەن گەپ بار. مېنىڭ هازىرقى مۇشۇ هالىمنىڭ ئۆزىلا بۇ گەپنىڭ ناهايىتى ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ..." ئۇنىڭ خىيالىنى يەنە بىر قېتىم كۆتۈرۈلگەن شوئار سادالىرى بۆلىۋەتتى. ئۇ لاۋگونىڭ سۆزلىرىگە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى "پارتىيىدىن چىقىرىلدى" دەپ جاكارلىشىغا مەنسىتمەسلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرالىغانلىقى ئۈچۈن خۇرسىنىش هېس قىلدى. "مەن هاياتلا بولىدىكەنمەن، رەزىللىككە، سەندەك قارا نىيەتلەرگە قارشى تۇرغىنىم تۇرغان..." ئۇ ئاغزىنى چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن چىڭ بېسىپ يەرگە ئېڭىشتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئوتتۇرىدىكى ئاممىدىن بىرقانچىسى:

—— قەلەم كۈرىشى قىلايلى، ئەلەم كۈرىشى قىلمايلى! —— دەپ توۋلىۋىدى، كەينىدىكىلەردىن بىرقانچەيلەن رازاق هوشۇرغا قوشۇلۇپ "قەلەم كۈرىشى قىلايلى، ئەلەم كۈرىشى قىلمايلى!" دەپ ئۈنلۈك توۋلىدى. ئالدىنقى قاتاردىكىلەر كەينىگە قايرىلىپ قاراپ، بەزىلىرى ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇشۇپ:

—— كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان هوقۇقدارلارنىڭ جاهىل گۇماشتىلىرى سەهنىگە چىقىش! —— دەپ قەهرى-غەزىپى بىلەن ئۈنلۈك ۋارقىرىدى. ئون نەچچە ئەر-ئايال ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ:

—— ئەلەم كۈرىشى قىلماسلىقنى ماۋجۇشى ئوتتۇرىغا قويغان. ماۋجۇ-

شىنىڭ يولىيورۇقىنى دېگەنلىكىمىز ئۇچۇن بىزنى كۇرەش قىلماقچى بول-
ساڭلار چىقساق چىقتۇق!— دەپ چۇرقىراشتى. تەلەيخانمۇ رازاق ھوشۇر
بىلەن بىرگە شۇي خەيلۇڭنىڭ يېنىغا چىقىشقا تەمشىلىپ تۇرغان ئىدى،
بۇ كۇتۇلمىگەن ئەھۋالنى كۆرۇپ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن گاۋ
شىمىن ئورنىدىن تۇرۇپ زالدىكى ئاممىغا دۇدۇقلاپ سۆزلىدى. ئۇ سۆزلە-
ۋاتقاندا چاڭ باۋشۇ زىرەكلىك بىلەن يوشۇرۇن ئىشارەت قىلىپ لاۋگونى
يېنىغا چاقىرىپ نىمىلەرنىدۇر پىچىرلىدى. لاۋگونىڭ چىرايىدا بايىقى تە-
كەببۇرلۇق كۇلدەك تۇزۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىراقسانلىق
قىلىپ بۇ قىتىمقى كۇرەش يىغىنىنى بۇزۇپ قويۇشقا تاسلا قالغانلىقىنى
بىلدى. ئۇ مۇنداق چوڭ ئاممىۋى يىغىنلارنى بۇرۇن زادىلا باشقۇرۇپ
باقمىغان، ئۇ بۇگۇن ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتى
ئويلىنىپمۇ باقمىغان بىر مەسلىنى ئاما ئالدىدا ئېلان قىلدى. پارتىيە
ئەزاسىنى پارتىيىدىن چىقىرىشنى پارتىيە سىرتىدىكىلەر بەلگىلىيەلمەي-
دىغانلىقى زالدىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرىغا، زور كۆپچىلىك ئاممىغىمۇ
مەلۇم ئىدى. شۇڭا شۇي خەيلۇڭنىڭ يۇرەكلىك ھالدا: ”لاۋگو، سەن
پارتىيە ئەزاسى بولمىساڭ قانداقسىگە مېنى پارتىيىدىن چىقىرالايسەن؟“
دەپ لاۋگونى لەت قىلىپ ئىنتايىن پاسسىپ ئورۇنغا چۇشۇرۇپ قويغانلىقىغا
قارىتا غۇلغۇلا داۋاملىشىۋاتقىنىدا گاۋ شىمىن ئىچى تىت-تىت بولۇپ
ئورنىدىن دەس تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ يىغىن زالىنىڭ كەينىدىكى
زور بىر قىسىم ئاممىنىڭ يىغىن تەرتىپىگە رىئايە قىلماي ئۆزئارا پىچىرلىشى-
ۋاتقانلىقىنى كۆرۇپ، ”يىغىننى ئاياغلاشتۇرمىساق بولمىغۇدەك“ دەپ ئوي-
لاپ سۆزىنى ”يوقىتايلى!“ دېگەن شوئار سادالىرى ئىچىدە تاماملىدى.
لاۋگو باياتىن چاڭ باۋشۇنىڭ ئۆزىگە پىچىرلاپ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە
يىغىننىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى، شۇي خەيلۇڭنىڭ مەسلىسى داۋاملىق تەكشۇ-
رۇلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ياۋاشلىق بىلەن ئۆزىنى تەكشۇرۇپ، ئاممىنىڭ
نازارىتى ئاستىدا ھەر كۇنى 10 سائەت ئىدارە ئىچى-سىرتىنىڭ تازىلىقىنى
قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.
سۇغا چىلىشىپ قالغىنى تاس قالغان يىغىن ئاياغلاشقاندىن كېيىن

دەسلەپ قىزىل يەڭلىك بەلگە تاقىغان ئىككى خەلق ئەسكىرى بېشىنى
تۆۋەن قىلىپ ماڭغان شۆي خەيلۇڭنى يەنە كۆچلۆك توۋلانغان شوئار
سادالىرى ئىچىدە يالاپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئاندىن ئاما:
”نېمىدىگەن يۆرىكى يوغان ئادەم بۇ، ئۆزىنى كۆرەش قىلىۋاتسا، ئۆردەك-
كە سۇ يۇقمىغاندەك پەرۋا قىلماي، باشلىقلار بىلەن مۇنازىرىلىشىۋاتامدۇ
تېخى...“ دېيىشىپ ھەرقايسىسى ئۆز ئورۇنلىرىغا تارقىلىشتى.
يىغىن زالىدىن گاۋ شىمىن، چاڭ باۋشۇ، لاۋ گو، ياڭ ”سىلىڭ“
ۋە باتۇر قادىرلار ئەڭ ئاخىرىدا چىقىشتى. گاۋ شىمىننىڭ روھىي تۆۋەن
ئىدى. قوغداش بۆلۆمىنىڭ ئىچكىرىكى ئۆيىدە ئېچىلغان ھوقۇق تارتىۋې-
لىش كومىتېتىنىڭ تەييارلىق كېڭىشىدە چوڭ يىغىننى باشقۇرۇشقا لاۋگونى
كۆرسەتكەنلىكىگە پۇشايمان قىلدى. ئۇ بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن
قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئۆزىگە ياندىشىپ كېتىۋاتقان چاڭ باۋشۇغا يوليورۇق
بەرۋى:
—ماۋجۇشى چىقىش يولى بەرمەسلىك پرولېتارىياتنىڭ سىياستى
ئەمەس، دېگەن. شۆي خەيلۇڭنى نازارەت قىلىشقا بولىدۇ، ئەمما نەزەربەنت
قىلىپ قاماپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇ توغرىسىدا تېخى ئاخىرقى قارار چىقى-
رىلمىغان بولغاچقا، يۆرۈش-تۆرۈشنى، ئۆيىگە بېرىشنى چەكلىمەسلىك
لازىم.
باتۇر قادىر سابىق لىيەنجاڭى شۆي خەيلۇڭغا قارىتا گاۋشىمىننىڭ
ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇپ، بىرئاز بوشاپ قالغانلىقىنى، چاڭ باۋشۇنىڭ
ئارىسالدا بولۇپ ئىككىلىنىۋاتقانلىقىنى، لاۋگو بىلەن ياڭ ”سىلىڭ“ يۆتكى-
لىپ تۇرغان بۇ مەۋقەگە ئەجەبلىنىپ قاپاقلىرىنى تۆرگىنىچە نارازىلىقلىرى-
نى ئىچىگە يۇتۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.
باتۇر قادىر ئەسلىدە سابىق لىيەنجاڭى شۆي خەيلۇڭنى ئۇنچىۋالا
يامان ئادەم دەپ ھېسابلىمايتتى. ئەمما ئۇنىڭ شاڭخەي شەھىرىدىن باشلان-
غان ھوقۇق تارتىۋېلىش بورىنى پەيدا قىلغان شارائىتنىڭ تۆرتكىسىدە
ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا شۆي خەيلۇڭنى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان
ھوقۇقدار دەيدىغانلار توپىغا قوشۇلۇۋېلىشى قىزىق ئىدى. كىشىلىك جەم-

ئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىشى داۋاملىشىپ تۇرىدۇ. پەسىلدە، ئايدا، ھەتتا ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ۋەزىيەت ئاستىدا كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ تونۇشى خۇددى دېڭىز دولقۇنى ئۈستىدىكى لەيلەپ تۇرغان توپتەك بىردەم ئۇ ياققا، بىردەم بۇ ياققا قاڭقىپ يۆتكىلىپ تۇرۇشىدىن ئەجەبلەنگىلى بولمايدۇ. ئادەملەرنىڭ تەقدىرى كونكرېت دەۋر-دە يۆتكىلىپ ئاقىدىغان دەريا. شامال تىنچ تۇرغان دېڭىز سۇلىرىنى تەۋرىتىپ دولقۇن پەيدا قىلغىنىدەك، شاڭخەي شەھىرىدىن باشلانغان ھوقۇق تارتىۋېلىش بورىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىدىكىگە ئوخشاش قاتناش شىركىتىدىكى ئادەملەرنىڭمۇ تەقدىرىنى، ئورنىنى، تونۇ-شىنى تەۋرىتىۋەتتى. ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنىڭ، ھوقۇقىنىڭ، ئورنى ۋە تونۇشىنىڭ تەۋرىنىشىگە ئەگىشىپ، گاۋشىمىن بىلەن چاڭ باۋشۇلار بىر تەرەپ، لاۋگو بىلەن ياڭ ”سىلىڭ“لار يەنە بىر تەرەپ بولۇپ زىددىيەتلىـ-شىش نەتىجىسىدە ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتى رەھبەرلىكىنىڭ پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىش خەۋپى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

# توققۇزىنچى باب

# ھىجران چۆلىدە

بولالمايمىز بىز يەنە بىللە،
ئۇچراشمايمىز ئەمدى ھېچقاچان.
قالدى بىزگە مەڭگۈلۈك بولۇپ،
شۇ سائەتتە دۇچ كەلگەن ھىجران.*

—م. يۇ. لىرمونتوۋ

تەلەيخان يىغىن زالىنىڭ ئەڭ كەينىدە ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان چوڭ يىغىننىڭ ئاياقلاشقانلىقى ئېلان قىلىنغان ھامان ئالدىراپ سىرتقا تېز چىقىۋالدى. كەينىدىن زالنىڭ ئىشىكىگە ئۆزلىرىنى ئۇرۇۋشۇپ قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر چىقىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ يىغىندىن زېرىككەنلىكى زالدىن سىرتقا تېززەك چىقىۋېلىشقا ئىنتىلىۋاتقانلىقىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. تەلەيخان زالدىن ئەڭ ئالدىدا چىقىپ شىركەت دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ دەرۋازىدىن يېنىك قەدەم بېسىپ چىقىپ، يولنىڭ بىر چېتىدە تۇرۇپ، يىغىن زالىدىن قىستىلد-

---

* م. يۇ. لىرمونتوۋ "ئىسمىر بەگ" داستانلار توپلىمى—"بوياردىن ئورشا" شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 1996-يىل نەشرى، 140-بەت.

شىپ چىقىۋاتقانلارغا كۆز يۈگۈرتەتتى. ئۇ تەقەززالىق بىلەن بىرسىنى ساقلاۋاتقاندەك قىلاتتى. رازاق ھوشۇر بىر توپ ئىشچىلار بىلەن ئۇنى-بۇ-نى دېيىشىپ كېلىۋېتىپ يولنىڭ چېتىدە تۇرغان تەلەيخاننى كۆرۈپ چېپىدە توختاپ قالدى ۋە توپتىن ئايرىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. تەلەيخان كەڭ ئاسفالت يولنىڭ كەينىگە داجىپ، سىمتاناپ تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ ئۆزىگە يېقىنلاشقان رازاق ھوشۇرغا تۆۋەن ئاۋازدا گەپ باشلىدى:

—لاۋشۈي باياتىن يىغىندا شوپۇر لاۋلىيۇ ئۇستامنىڭ ھازىرغىچە ئىز-دېرىكى بولمىغان ئوغلى لىيۇ شۈەي توغرىسىدا سۆز قىلدى. ئۆلۈپ كەتكەن دەپ ھېسابلانغان شوپۇر لاۋلىيۇ ئۇستامنىڭ ئوغلى لىيۇ شۈەي شۇجىنى ئاپام ۋە مەن ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق، دېسەم ئىشىنەمسىز؟

—ئۇ قول ھەرىكىتى بىلەن سەل ھاياجانلىنىپ سۆزلەيتتى،—بىز ئۆلۈپ كەتتى دېيىلگەن بۇ ئادەمنى قاراشەھەرنىڭ قاربۇلاق يېزىسىدا، يەنى ”قىزىلبايراق“ كوممۇنىسىدا كۆردۇق. ئۇ گۇڭشې پارتكومىنىڭ شۇجىسى ئىكەن. بىزنى كەتسەڭلارمۇ مەيلى، قالساڭلارمۇ مەيلى. ھەممىلا جايدا جىن-شەيتان دەپ خاتا تارتىپ چىقىرىلغانلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈۋاتىدۇ. سىلەر ھەرىكەتنىڭ دەسلىپىدە تارتىپ چىقىرىلغان. ئاشلىق رەسمىيىتىڭلار-مۇ تولۇق ئەمەس ئىكەن. قايتساڭلارمۇ مەيلى،—دېگەن.

—گېپىڭىز راست بولسا، لاۋلىيۇ ئۇستامغىمۇ، لاۋشۈيگىمۇ ئاجايىپ بىر خۇش خەۋەر ئىكەن،—دېدى رازاق ھوشۇر ھەيران قىلىپ.

تەلەيخان بىلەن رازاق ھوشۇر ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، بۇ خۇش خەۋەرنى شىركەت مۇدىرى شۈي خەيلۇڭ بىلەن شوپۇر لاۋلىيۇغا تېز يەتكۈزۈشكە ئالدىرىدى. شۇجىلىق ۋە مۇدىرلىق ھوقۇقىدىن قالدۇرۇلغان شۈي خەيلۇڭغا بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزمەك ئاسان، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆيدىن چاقىرىپ چىقىپ دېيىسلا بولىدۇ، ئەمما شوپۇر لاۋلىيۇ شىزاڭنىڭ ئالىي ۋىلايىتىگە كەتكەنلىكى ئۈچۈن دەماللىققا بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈز-گىلى بولمايتتى. رازاق ھوشۇر بۇ يېڭى خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئىتتىك قەدەم تاشلاپ يۈرۈپ كەتتى. تەلەيخان ئۆزى يەتكۈزگەن بۇ خەۋەرنىڭ تەسىرىدە ھاياجانلانغان رازاق ھوشۇرنىڭ قەتئىيىتى ئىپادىلەنگەن قەدىمى-

گە كەينىدىن ئۇزاققىچە تەلمۈرۈپ قاراپ قالدى.

× ×

ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتى تەشكىللىگەن شىركەتنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى بىر ئاي ئۆتەر-ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ قابىلىيەتسىزلىكىنى ئاشكارىلاشقا باشلىدى. لاۋگونىڭ گېپىنى «ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق» تەشكىلاتىدىكى-لەردىن باشقىلىرى ئاڭلىمىدى، بۇ تەشكىلاتتىكىلەردىنمۇ بىر قىسمى كې-يىنرەك ئۇنىڭ كەينىدىن غودۇڭشىغىلى تۇردى» ئەنزە گورۇپپىسىنى باش-قۇرىدىغان قوغداش بۆلۈم باشلىقى چاڭ باۋشۇنىڭ گېپىمۇ ئۆتمىدى، ئىدارىدىكىلەر ئالدىدا ھە دەپ قويۇپ كەينىدىن غودۇڭشۇپ: «باسما زاۋۇتنى ياخشى باشقۇرالماي تۇرۇپ، بىزگە ئاتكاچىلىق قىلغىلى تۇردى» دەپ تىللايتتى. «ياڭ سىلىك»نىڭ گېپىنى بولسا گاۋ شىمىننىڭ كەينىدىن ئايرىلماي سوكۇلداپ يۈرگەچكە بىرئاز ئاڭلايتتى. گاۋ شىمىن ھەرقايسى تارماقلارغا ئىش تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئەتىسى ئۆزى تاپشۇرغان ئىشنىڭ بېجىرىلمىگەنلىكىنى بىلگىنىدە غەزەپلىنىپ ئويلايتتى: «بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەكسىيەتچى لۇشيەنى نېمىدېگەن چوڭقۇر يىلتىز تارتقان-ھە، ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتىنىڭ ئىناۋىتى كاپىتالىزمنى كەڭ يولغا قويغان شۇي خەيلۇڭنىڭ ئىناۋىتىچىلىكمۇ بولمىسا، بۇ قانداق بولغىنى؟ تېخى ھازىرغىچە بەزىلەر شۇي خەيلۇڭنى سوتسىيالىزم يولىغا ماڭغان ياخشى يولداش، دەۋاتىدۇ. ئېھتىمال، شۇي خەيلۇڭ ئاكىسى لىيۇ خۇگېيۇەن بىلەن ھەرىكەت-لىنىۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىش ئۈچۈن رازاق ھوشۇردىن تارتىپ، باتۇر قادىر، لىيۇ خۇگېيۇەن، تەلەيخان ۋە ۋاڭ دۈيجاڭ قاتارلىقلارغىچە مەخسۇس ئەنزە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرمەي، شۇي خەيلۇڭنى تەنقىد قىلىدىغان كېيىنكى چوڭ يىغىندا ئۇلارغىمۇ ئاگاھلاندۇ-رۇش بەرمەي بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار-لار قولدىن كەتكەن جەننەتتىن ۋاز كەچمەي جان تىكىپ ئېلىشىدۇ. سىنىپىي كۈرەش نېمەدېگەن ئۆتكۈر-ھە؟ شۇي خەيلۇڭدا تېخىچە خاتالىق-لىرىغا ئىقرار قىلىش ئىپادىسى يوق..»—گاۋ شىمىن يەنە بىر قېتىم كۈرەش يىغىنى ئېچىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ ئۆزىنى ئاغدۇرۇش مەۋقەسىگە

ئىگە چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنىڭ ئىككىنچى كالوندا، باسما زاۋۇت بىلەن
رېمونت زاۋۇتتا پەيدا بولغانلىقىغا خاتىرجەمسىزلىنىپ، تاقابىل تۇرۇش
تەييارلىقىنى ئىشلەش ئۈچۈن ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

گاۋ شىمىن ئىشخانىسىدا تەكرار ئويلاندى. ماۋجۇشىنىڭ كادىرلار
سىياسىتى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى قايتا-قايتا ئوقۇپ چىقىپ، شۈي خې-
لۈڭنى قايتا كۆرەش قىلىش يىغىنى ئېچىشتىن يالتىيىپ قالدى. چاڭ
باۋشۇ، لاۋگو، ياڭ ”سىلىڭ“ قاتارلىقلار ئۇنى كۆرەش قىلساقلا بىزنى
قوللايدىغانلار كۆپىيىدۇ، دەپ مەسلىھەت بېرىشتى. گاۋ شىمىننى تىت-تىت
قىلغىنى شۈي خېلۈڭنىڭ جاھىللىقى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ھەرگىزمۇ كاپىتا-
لىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار دەپ ھېسابلىمايتتى. ھوقۇق تارتىۋېلىش
كومىتېتى بۇيرۇق چىقىرىپ ”مەسىلەڭنى تاپشۇر“ دېگەندە يازغان تەكشۈ-
رۈشنامىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاخىرىنى ئۆزى توغرا دەپ بىلگەن شۇ بىر
جۈملە سۆز بىلەن ئاياغلاشتۇراتتى. گاۋ شىمىن ئويلىنىپ چوڭ تەنقىد-كۆ-
رەش يىغىنى ئېچىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئاۋۋال شۈي خېلۈڭنى ئۆز
ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ يالغۇز سۆزلەشمەكچى بولدى.

شۈي خېلۈڭ قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىغان بىر قوغداش بۆلۈمى
خادىمى تەرىپىدىن چاقىرتىلدى. شۈي خېلۈڭ كونىراپ كەتكەن سېرىق
ئىشتان-چاپىنىنى گاۋ شىمىننىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپمۇ قېقىپ تازىلىدى. ئۇ
قارا خېيى ئىچىگە كىرىپ قالغان ئۇششاق شېغىل تاش دانچىلىرىنى قولى
بىلەن قېقىپ چىقىرىۋېتىپ، ئاستا كىيىۋالدى-دە، ئۈستەلنىڭ ئوڭ چېتى-
دىكى ئورۇندۇققا گاۋ شىمىننىڭ ئىجازىتىسىزلا كېلىپ ئولتۇردى. گاۋشى-
مىن ئۈستىلىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ، شۈي خېلۈڭنى يالاپ ئېلىپ كىرگەن
قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىغان قوغداش خادىمىنى كۆز ئىشارىسىدە چىقىپ
كېتىشكە بۇيرۇۋىدى، قوغداش خادىمى شۇ ھامان ئىشىكنى تاراققىدە يېپىپ
چىقىپ كەتتى، شۈي خېلۈڭ ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن تەنھا سۆھبەتلەشمەكچى
بولغانلىقىنى دەررۇلا پەرەز قىلدى.

—شۈي خېلۈڭ، يەتتە-سەككىز يىل بۇرۇن بىز ھەربىي سەپتە
بىر مەزگىل بىللە خىزمەت قىلغان. ھازىرقى ۋەزىيەت ئۇ چاغدىكىگە ھەرگىز

ئوخشمايدۇ؛ — ئۇ شۇي خەيلۇڭنىڭ چاچ-ساقىلى ئۆسۈپ كەتكەن، ئىل-گىرىكى جىددىي، تەنتەنىلىك قىياپىتى سۇنغان، ھالسىز چىرايىغا تىكىلىپ قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — فۇتۇڭشۇەيمىز لىن بياۋ: ھازىر ئېلىپ بېرىۋاتقان پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئۆتكەنكى ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىمىز ئۈستىدىن قىلىنغان ئىنقىلاب دەپ ئېنىق ئېيتتى؛ — دېدى ئۇ مەغرۇرانە قىياپەتتە كەينىگە كېرىلىپ كۆزلىرىنى شۇي خەيلۇڭغا چەك-چەيتكىنىچە، — ھازىر توغرا يولغا مېڭىش...

— سەن ماڭا نەسىھەت قىلغىچە ئۆزۈڭگە ئېلىپ خاتا يولۇڭنى توغرىلىۋال! — دېدى لاۋشۇي گاۋشىمىننىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ تاشلاپ.

— كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار ئىكەنلىكىڭنى تېخىچە ئىقرار قىلمامسەن؟

لاۋشۇي ئۆزىگە قىلىنىۋاتقان پەند-نەسىھەت، سوراقلاردىن بىزار بولۇپ ئولتۇرغان ئورۇندۇقنى بىرئاز كەينىگە يۆتكەپ ئۆزىنى رۇسلىۋال-دى-دە، گاۋ شىمىننىڭ سوئالىغا قەھرى-غەزەپ بىلەن جاۋاب بېرىپ ئاخىرىنى سوراققا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

— مەن كاپىتالىزم يولىغا ماڭغاندا سەن نەدە ئىدىڭ؟ پەرىشتە بولۇپ ئاسمانغا چىقىپ كەتكەنمۇ-يە، سەنمۇ پارتكومدا بار ئىدىڭغۇ، مېنى ئۆزۈڭ-گە ئوخشاتما، بىلىپ قوي، مەن خەلقنىڭ بەخت-سائادىتىنى ئەكس ئەتتۇرگەن غايە بويىچە ئىنقىلاب قىلىپ كەلدىم. مەن ئۆزۈمنى مەڭگۈ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار دەپ ھېسابلىمايمەن...، — شۇي خەي-لۇڭ ئەينى ۋاقىتتا ئېغىر پىلمۇت تۇتۇپ پىشىپ كەتكەن پۈرمە-پۈرمە قاداق ئىزى بار ئۇلۇغ قولى بىلەن مۈرىسىنى سىلاپ قويۇپ گاۋ شىمىنغا غەزەپ بىلەن ھومايدى. ئۇ ئاچچىقىدا قاتتىق يۆتىلىپ يۈرىكىدىكى يىغى-لىپ قالغان سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇرالماي يوغان بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ قەھرى-غەزىپىدىن ئوكايسىزلىنىپ تۇرغۇنسىز كۆزلىرىنى قاچۇ-رۇۋاتقان گاۋ شىمىنغا ئالىيىپ قارىدى.

گاۋ شىمىن ئۆزىنىڭ ھەربىي سەپتىكى سابىق لىيەنجاڭىنى "ئەمگەك قىلىپ ئۆزگىرىپ خېلى ياۋاش بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ، خاتالىقنى

تونۇسا، كەڭچىلىك قىلىشقا بولامدۇ-قانداق“ دەپ ئويلىغان ئىدى، ئۇنىڭ چىمغورلۇقىنى سىرتتىن كۆزىتىپ ئويلىغان خىياللىرى كۆتمىگەن يەردىن چىقتى. ”شۆي خەيلۇڭ بىشىنى تۆۋەن سىلىپ جىم يۈرگىنى بىلەن يۈرىكى قاپتەك ئىكەن. ئۇنىڭغا چوقۇم رازاق هوشۇر، باتۇر قادىرلار ئاستىرىتتىن مەدەت بىرىۋاتقاندەك قىلامدۇ-نىمە؟ سىنىپىي كۈرەش نىمىدىگەن ئۆتكۈر، مۇرەككەپ؟ ئەگەر ئۇ جاهىللىقىدا چىڭ تۇرۇپ هوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا تەن بەرمەي، هوقۇق تارتىۋىلىشقا قارشى تۇرۇۋەرسە، ئاقىۋىتىنىڭ يامان بولىدىغانلىقىنى نىمىشقا ئويلىمايدىغاندۇ، تىخى گىپىنىڭ يوغانلىقىنى...“ گاۋ شىمىن ئويلاۋىتىپ، شۆي خەيلۇڭنى بۇ يىقىن ئارىدا بىرەر ئىشقا قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ خىيالىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇۋىتىپ، ئۆزىنىڭ قارشىسىدا چىرايى تۇتۇلغان شۆي خەيلۇڭنىڭ ئولتۇرغان كونا ئورۇندۇقىنىڭ قىرىنى چىڭ بىسىپ ئورنىدىن دەس تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ گاۋ شىمىننى مەنسىتمىگەن هالدا ئىجازەتسىزلا ئىشخانىدىن چىقىپ كىتىشكە تەمشىلىۋىتىپ، گاۋ شىمىنغا يالت ئىتىپ قارىدى:

—ماڭا سىنىڭ غەمخورلۇقۇڭ كىرەك ئەمەس، ئەمما شىركەتنى ۋەيران قىلىدىغان بولساڭ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئالدىدا سوراققا تارتىلىدىغان جىنايەتچى بولۇپ قالىدىغانلىقىڭنى ئۇنتۇما!

گاۋ شىمىن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئاچچىقى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. شۆي خەيلۇڭ ئۇنىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكىنىگە پىسەنت قىلمىدى.

—شۆي خەيلۇڭ، سىنىڭ مەدىنىيەت زور ئىنقىلابىغا قارشى خاتا يولدىن قايتىپ كىلىشىڭنى كۈتىدىغان ۋاقتىمىز چەكلىك...،—گاۋ شىمىننىڭ سۆزى ئاياغلاشقىچە ئۇ ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ بولۇپ، ئىشىكنى قاتتىق ياپتى. يۇقىرى تەرىپىدىكى سىرلىرى چۇشۇپ كەتكەن قىزىل ئىشىكنىڭ تاراققىدە يىپىلىشىدىن قاتتىق چۆچۈپ ۋەهىمە هىس قىلغان گاۋ شىمىن ئىشخانىسىدا لاسسىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

× × ×

شوپۇر ليۇ خۇگيوەن شىزاڭنىڭ ئالىي رايونىدىن مىڭ بىر جاپا-مۇ-شەققەت تارتىپ ئاخىر ساق-سالامەت ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ مەيلى شىزاڭغا مېڭىشتا بولسۇن، قايتىپ كېلىشتە بولسۇن ئاز جاپا تارتمىدى. ”يول ئازابى گۆر ئازابى“ دېگەن گەپ بار. شوپۇر لاۋليۇ يول ئازابىدىن باشقا شىزاڭنىڭ ئالىي ۋىلايىتىدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان ئارىلىقتا روھى جەھەتتىنمۇ كۆپ جاپا تارتتى. ئۇ لاۋشۇينىڭ ئۆزىدىن كۆپرەك جاپا تارتقانلىقىنى 2-كالونىدىكى يېقىنلىرىنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىدىن بىلىپ بولدى. ئۇ شىزاڭنىڭ ئالىي ۋىلايىتىگە بېرىپ كەلگىچە بولغان بىر ئاي ئىچىدە شىركەت تەۋەسىدىكى بىر تالاي ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، كىشلەردىكى روھىي جىددىيلىكنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن 2-كالونىنىڭ باشلىقى ۋاڭ دېجاڭ بىلەن بىرگە شىركەت ئائىلىكلەر قورۇسىدىكى ئۇكىسى ليۇ خۇگلىنىڭ، يەنى شۆي خەيلۇڭنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇ رەھبەرلىك ھوقۇقى تارتىۋېلىنغان شۆي خەيلۇڭنىڭ ئۆيىگە كېتىۋېتىپ، خېلىلا يېقىن ئۆتكەن بەزى يولداشلىرىنىڭ ئۆزىنى كۆرمەسكە سېلىپ، تەتۈر قارىۋالغانلىقىنى كۆردى. بەزى كىشلەر يىراق يەردىن ئالاھىدە ئالدىغا كېلىپ دەككە-دۈككە ئىچىدە ھال-ئەھۋال سو-راشقانمۇ بولدى. ئۇنىڭ شىزاڭدىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان رازاق ھوشۇرمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئاۋۋال شۆي خەيلۇڭغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىققان ئىدى. ۋاڭ دېجاڭنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ كېتىۋاتقان شوپۇر لاۋليۇنى كۆرۈپ ئۇمۇ يۈگۈرۈپ ئالدىغا كەلدى. ئۈچەيلەن ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي قىزغىن پاراڭلىشىپ شۆي خەيلۇڭنىڭ ئۆيىگە مېڭىشتى.

قاراڭغۇر چۈشۈشى بىلەن ئىچىدىن تاقىلىدىغان ھويلا ئىشىكى بۇگۇن گويا شوپۇر لاۋليۇنىڭ كېلىشىنى ئالدىن بىلىۋالغاندەك قىيا ئوچۇق ئىدى، ئالدى بىلەن شوپۇر لاۋليۇ، ئاندىن ۋاڭ دېجاڭ بىلەن رازاق ھوشۇر ھېچبىر شەپە بەرمەيلا ھويلا ئىچىگە كىرىپ كېلىشتى.

شوپۇر لاۋليۇ ھويلىغا كىرىپ ئۇكىسى شۆي خەيلۇڭنىڭ ئىچكىرىكى ئۆيىنىڭ ئىشكىنى چەكمەيلا ئۇلۇغ ئاچتى. چېچى تەرتىپسىز ئۆسكەن،

يۇقىرىقى ئىككى چىشى چۈشۈپ كەتكەن، خېلى دەرد تارتقانلىقىنى ئىپادى-
لەپ تۇرغان، كۆزلىرى ئىچىگە ئولتۇرۇشقان ئۇكسىنى كۆرۈپ ئىچى
سىيرىلدى. شوپۇر لاۋلىيۇ ئورۇقلاپ بېشى كىچىكلەپ قالغاندەك كۆرۈنگەن
شۆي خەيلۇڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

—ۋاي بىچارە ئۇكام، بىر ئاي ئىچىدە مەندىنمۇ بەك ئورۇقلاپ
كېتىپسەن. ئەھۋالىڭنى شىزاڭدىن يولغا چىقىپلا پەرەز قىلغان ئىدىم.
تەقدىرىڭ مېنىڭ ئويلىغىنىمدىنمۇ بەتتەر بوپتۇ، پارتىيىنىڭ رەھبىرىي
كادىرىغا پارتىيە ئىگە بولالمىسا بۇ قانداق بولغىنى؟...

—كېلىڭ ۋاڭ دۇيجاڭ، كېلىڭ رازاق ھوشۇر، —شۆي خەيلۇڭ
ئاكىسى لاۋلىيۇنىڭ سوئال ئارىلاش كىشىنى ئويغا سالىدىغان گېپىگە جاۋاب
بەرمەي ئۇلار بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئانىچە پولات
زاۋۇتىدىن ھېلىلا قايتىپ كەلگەن يولدىشى جاڭ يۈمېي بىلەن بالىلىرى
شوپۇر لاۋلىيۇنى ئورىۋېلىپ قىزغىن ھال-ئەھۋال سورىشىپ كەتتى.

ئۇلار شۆي خەيلۇڭنىڭ ئىچكىرىكى تار ئۆيىگە كىرىپ يوغانراق
كونا، تۆت بۇرجەكلىك ئېگىزرەك جوزىسىنى چۆرىدەپ موخوركا چېكى-
شىپ ئولتۇرۇپ ھەرقايسى ئۆزلىرىنىڭ قىزىقىدىغان نۇقتىلىرى بويىچە
قىزغىن سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتتى. شۆي خەيلۇڭنىڭ ئايالى ئالدى بىلەن
چوڭ-كىچىك بىرقانچە تەخسە قۇرۇق يەل-يېمىش ئېلىپ كىردى، ئۇنىڭ-
دىن كېيىن چوڭ بىر تەخسە سەي ئېلىپ كىردى. ئاندىن كىچىك بىر
تەخسە تۇخۇم سەي ئېلىپ كىرىپ، قىزغىن گەپ تىڭشاۋاتقان زاراق
ھوشۇرنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.

—ئايالىم گاڭفەن ئېيتىپتۇ. رازاققا ئايرىم تۇخۇم سەي قورۇتتۇم.
كەچۈرۈڭلار، ئۆيدە ھارىقىم يوق. ھازىر ماڭا تۇرمۇش پۇللا بېرىۋاتىدۇ،
—شۆي خەيلۇڭ ئارتۇق گەپ قىلىپ قويدۇممۇ—نېمە، دەپ ئويلاپ
ئاكىسى لاۋلىيۇغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. ئايالى ئۇلارنى ئايرىم
مۇڭدىشىۋالسۇن، دېدى بولغاي، دەملەنگەن بىر چايدان چاي بىلەن تۆت
چىنىنى جوزا ئۈستىگە قويۇپ بولۇپلا نېرىقى ئۆيگە تېز چىقىپ كەتتى.
ۋاڭ دۇيجاڭ تاماقلىنىۋېتىپ گەپ باشلىدى:

—شۋي شۇجى، مۇنداقمۇ ھوقۇق تارتىۋېلىش بولامدۇ؟ بىز باسما زاۋۇت، رېمونت زاۋۇت ۋە 5 ـ كالوندىكىلەر بىرلىشىپ قايتا ھوقۇق تارتىۋال-ماقچى بولۇۋاتىمىز...

—ياق، مېنى دەپ شىركەتتىكى ئامىمغا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرسەڭ-لار توغرا بولمايدۇ...،—شۋي خەيلۇڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى داۋالاشتۇرال-ماي، قاتتىق يۆتىلىپ كېتىپ، ئالدىدىكى ئېگىززەك تاماق ئۈستىلىگە زورۇقۇپ يۆلىنىۋالدى.

ۋاڭ دۈيجاڭ لاۋشۈينىڭ ھازىرقى روھىي ھالىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، قىلىدىغان گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ مىڭ بىر جاپادا باش قاتۇرۇپ تۈزگەن قايتا ھوقۇق تارتىۋېلىش پىلانى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار دەپ ئەيىبلىنىپ، شىركەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان شۋي خەيلۇڭنىڭ قەتئىي رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى.

جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى، ھەممىسى گەپ-سۆزسىز تاماقلىنىۋەر-دى. شۇ ئەسنادا رازاق ھوشۇر تۇخۇم سەي بىلەن گاڭفەننى چوكىدا ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، ئۇشتۇمتۇت خىيالىغا كەلگەن شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ ئوغلى لىيۇ شۆەينىڭ قاراشەھەردە ھايات ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئەڭ بېگى خۇش خەۋەرنى لاۋلىيۇغا ھاياجانلىنىپ يەتكۈزدى:

—راست، ئېيتماقچى، لاۋلىيۇ، ئوغلىڭىز لىيۇ شۆەي قاراشەھەرنىڭ قاربۇلاق يېزىسىدا ئىكەن...

لاۋشۈي بىلەن لاۋلىيۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تاڭ قالدى.

—راستما؟ ئاجايىپ خەۋەرغۇ بۇ...—لاۋلىيۇ رولنى چىڭ تۇتۇپ ئادەتلىنىپ كەتكەن قولىدىكى ئىككى تال چوكنى سىقىمداپ تۇرۇپ رازاق ھوشۇرغا ھاياجانلىنىپ قاراپ بۇ خۇش خەۋەرنى كىمدىن ئاڭلىغانلىقىنى سورىماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئۇكىسى شۋي خەيلۇڭ ئالدىراپ جاۋاب بەردى.

—نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن تەلەيخان بىلەن رازىخان ئوغلۇڭ لىيۇ شۆەينىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى، قاراشەھەردىكى قاربۇلاق يېزىسىدا گۆڭشې پارتكوم شۇجىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى دېگەن ئىدى، سەن شىزاڭنىڭ

ئالىي رايونغا كەتكەنلىكىنىڭ ئۈچۈن بۇ خۇش خەۋەرنى ساڭا ۋاقتىدا يەتكۈزگىلى بولمىدى. مەن ئىدارىدە نەزەربەنت قىلىنغانلىقىم ئۈچۈن قاراشەھەرگە ئۇنى ئالاھىدە ئىزدەپ بارالمىدىم. ھازىر بەلكىم ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار سانىلىپ تارتىپ چىقىرىلغاندۇ؟

— قىزىم شياڭگاڭدا، ئوغلۇم شىنجاڭدا، قىزىمنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداقلىقىنى ئۇقۇش بەلكى ماڭا بۇ يېقىنقى يىللاردا نېسىپ بولماس، ئوغلۇم ليۇ شۆيىنىڭ تېپىلغانلىقى ياخشى بولدى. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنى ئىزدەپ بارىمەن، — شوپۇر لاۋليۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يەپ بولالمىغان يېرىم قاچا گاڭفەننى ئېگىز جوزىنىڭ ئۈستىگە سۈرۈپ قويۇۋىدى، بىر تال چوكا ئۇكىسى شۆي خەيلۇڭنىڭ ئالدىغا تىرىققىدە چۈشتى، — ئۇكام خۇشلى، سەن شۇنچە يىللاردىن بېرى ئىنقىلاب قىلغان ئادەم تۇرۇغلۇق ئاكاڭنىڭ يوقاپ كەتكەن ئوغلى تېپىلسا ئىزدەپ بارماپسەن، بۇنىڭغا بەكمۇ ھەيران مەن، گۇڭچەنداڭ ئەزالىرى ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ تەقدىرىگە، ئېچىنىشلىق ھاياتىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، ئۆز بالىلىرىغا زادىلا كۆيۈنمەيدىغان ئادەملەرمۇ — يە؟

ئاكىسىنىڭ كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان سوئال ئارىلاش سۆزلىرىنى ئاڭلاپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن شۆي خەيلۇڭ ئۆزىنىڭ رىجىم ئاستىدا ئىشلەۋاتقان نەزەربەنتلىك ھالىتىنى ئاپدىلەپ بىرنېمە دېيەلمەي يەرگە قارىدى. ۋاڭ دۈيجاڭ ئوڭايسىزلىنىپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي، گاھ شۆي خەيلۇڭغا، گاھ رازاق ھوشۇرغا كۆز قىرىنى سېلىپ جىم ئولتۇردى. رازاق ھوشۇرمۇ ئۇنىڭ ئوغلى ليۇ شۆيىنىڭ ھايات ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى گەپنى بىئەپ ۋاقىتتا چىقىرىپ قويدۇممۇ-نېمە دەپ ئويلاپ ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. شوپۇر لاۋليۇ ئوغلى ليۇشۆيىنى ئەينى ۋاقىتتا قاراشەھەرنىڭ قارىبۇلاق يېزىسىدا كۆرگەن تەلەيخان، رازىخانلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئورنىدىن دەس تۇرۇۋىنىچە قىلىدىغان گېپىنى قىلىپ بولۇپ دەررۇ ئۇكىسى شۆي خەيلۇڭنىڭ ئۆيىدىن تۈزۈكرەك خوشلاشمايلا ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ۋاڭ دۈيجاڭ، رازاق ھوشۇرلار ئۆز ئورۇنلىرىدا داڭقىتىپ

تۇرۇپ قالدى. شۆي خەيلۇڭ ئۇزىتىپ سىرتقا چىقتى-دە، هايال بولماي ئۆيىگە قايتىپ كىردى. ئۇلار بىرئاز ۋاقىت جىمجىت ئولتۇرۇپ ئويلانغاندىن كېيىن شوپۇر لاۋليۇنى بىرەر ۋەزىپە بىلەن قاراشەهەرگە يولغا سېلىپ قويۇش توغرىلىق ئون نەچچە مىنۇت تۆۋەن ئاۋازدا پىچىرلىشىپ مەسلىھەتلەشتى.

ۋاڭ دۈيجاڭ بىلەن رازاق هوشۇر قايتىش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. رازاق هوشۇر كۆڭلى بىئارام بولۇپ تېڭىرقاپ قالغان شۆي خەيلۇڭنىڭ يېنىغا ئاستا كەلدى. ئۇ بىرئاز ئورۇقلاپ قالغان سابىق شىركەت مۇدىرىنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

—لاۋشۆي، خاتىرجەم بولۇڭ، بىز هايال بولمايلا ئاكىڭىزنى ئۆز ماشىنىسى بىلەن قاراشەهەرگە ماڭغۇزىمىز،—دېدى ۋاڭ دۈيجاڭغا ۋەكىللىك قىلغان قىياپەتتە شۆي خەيلۇڭغا تەسەللى بېرىپ. شۆي خەيلۇڭ ۋاڭ دۈيجاڭ بىلەن رازاق هوشۇردىن مەمنۇنلۇقىنى بېشىنى لىڭشىتىپ ئىپادىلىدى. رازاق هوشۇر:

—مەن هازىرلا ئاكىڭىزنىڭ كەينىدىن باتۇرقادىرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تەلەيخان، رازىخانلار بىلەن كۆرۈشمەن،—دېدى-دە، ۋاڭ دۈيجاڭغا ئەگىشىپ شۆي خەيلۇڭنىڭ ئۆيىدىن چىقتى. شۆي خەيلۇڭ بۇ ئىككىيلەننى سىرتقا چىقماي ئۆز هويلىسى ئىچىدە قول بېرىپ ئۇزاتتى. ئۇ هويلا ئىچىدە تۇرۇپ كوچىدا تەكشى قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقان ئۇ ئىككىيلەننىڭ قارىسى يوقالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ تەقدىرىدىن كۆرە ئاكىسىنىڭ ۋەيران بولغان ئائىلىسى تەقدىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئىچى سىرىلدى. ”دەريا ئېقىش يولىنى ئۆزگەرتىپ، يۆتكىلىپ ئاققىنى بىلەن كەينىگە قايتمىغىنىدەك هايات، جەمئىيەت تارىخى چاقمۇ كەينىگە قايتمايدۇ. هامان بىر كۈنى توغرا، داغدام ئىزغا چۈشىدۇ. جۇڭگونىڭ كەلگۈسى تارىخ چاقىنى ئارقىغا بۇرىغۇچىلارغا، قول قوشتۇرۇپ سۈكۈت قىلغۇچىلارغا ئەمەس، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىگۈچىلەرگە مەنسۇپ..“—شۆي خەيلۇڭ ئاشۇ ئويلىرى بىلەن هويلىدا بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئايالىنىڭ ئۆزىدىن ئەندىشە قىلىپ ئىشىكنى ئېچىشىغا ئۆيگە قاراپ

ماگدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاكىسىنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى خاتىرجەمسىزلەنگەن روھىي ھالىتىنى ئۆي ئىچىدىكى ئائىلە ۋە باللىرىغا بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشىپ ئۆيىگە مۇخوركا ئورىغاچ كىرىپ كەتتى.

× × ×

شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلدى دېسمۇ بولىدۇ. يۇقىرىدىن قاتناش شىركىتىنىڭ ئىككىنچى كالونىغا جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئاشلىق توشۇش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. تۆت ئاپتومبىلدىن ئىبارەت بىر گۇرۇپپىغا قاراشەھەرگە خىمىيىۋى ئوغۇت يۆتكەپ، خوتۇنسومبۇل ناھىيىسىدىن ئۇ-رۇمچىگە قوناق، بۇغداي بېسىپ ئەكىلىش ۋەزىپىسى تەقسىم قىلىندى. لاۋلىيۇغا قاراشەھەرنىڭ باغراش كۆلىگە يېقىن قاربۇلاق يېزىسىغا بېرىپ ئوغلى ليۇ شۇەينى كۆرۈپ كېلىشكە مەخسۇس رۇخسەت بېرىلمىگەنلىكتىن ئۇنىڭغا ۋەزىپە بىلەن قاراشەھەرگە قاراپ يولغا چىقىشقا توغرا كەلدى. لاۋگو ساراسىمىگە چۈشتى. ئۆزىگە ئىلگىرىلا تونۇش لاۋلىيۇ ئۇكىسى لاۋشۈي بىلەنلا ئەمەس، ئوغلى ليۇ شۇەي بىلەن جەم بولۇش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئويلىغان لاۋگونىڭ ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ، ۋەھىمە باستى. ئۇ گاۋ شىمىنىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىشتىن يالتىيىپ كارىدورنىڭ ئەتىگەنلىكى قۇياش شولىسىنى چۈشۈرۈپ تۇرىدىغان دېرىزىسى ئالدىغا كېلىپ دېرىزىگە يۆلەندى-دە، خىيال سۈردى: "لاۋلىيۇنى ئەجەب شۇ چاغدىلا ئۇلتۇرۇۋەت-مەپتىمەن. ئۇلار جەم بولۇپ بۇ تول خوتۇن بىلەن مەن ھەققىدە سۆزلىششى مۇمكىن. بۇ تول خوتۇننى ئۆلۈپ كەتتىمىكىن، دەپتىمەن. تول خوتۇن سايەمدەكلا ماڭا ئەگىشىپ يۈرىدۇ. بۇ خوتۇن ھەققىدە قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى ئاز كۆرمىدىم. ئېرىنى شىڭ دۇبەنگە تۇتۇپ بەرگەنلىكىمنى بىلىدۇ. ئەستاغپۇرۇللا، لاۋلىيۇ ئاشلىق يۆتكەپ كېلىشكە جەنۇبقا بەلگىلەنمىسە ياخشى بولاتتى. لاۋلىيۇ ئوغلى بىلەن مۇڭدىشىپ بولۇپ بۇ تول خوتۇننىڭ ئۆيىدە دەرد-ئەھۋالنى تۆكۈشۈپ ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى ھېكايە قىلىشسا، مېنىڭ ئىسمىم چىقسا، رازاق ھو-شۇر بىلەن باتۇر قادىرمۇ گەپ-سۆزلەرگە ئارىلاشسا، بولۇپمۇ بۇ تول خوتۇن: يولدىشىم قادىر ھەمدۇللايېۋنى لاۋگو شېڭ دۇبەنگە تۇتۇپ

بەرگەن دەپ سالسا، مەن قايسى كۈنگە قالىمەن، ئۇنىڭسىزمۇ بىر چاغلاردا گەنسۇدىن مەن بىلەن بىرگە چىققانلارنىڭ بىرقانچىسى قىرىپ قالغىنىغا قارىماي مېنى ئىزدەپ-سوراق قىلىپ يۈرگۈدەك. ئالدى بىلەن بىر ئامال قىلىپ تۇل خوتۇننى جايلىۋېتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن لاۋليۇ بىلەن رازىخاننىڭ چاتىقى بار دەپ گەپ تارقىتىپ مىللىيلار ئىچىدە رازاقنىڭمۇ، باتۇرنىڭمۇ ئىناۋىتىنى تۆكۈپ باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىش، ئاندىن...“—لاۋگونىڭ خىيالىنى شىركەت تېمىغا ”ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قارشى تۇرايلى“، ”ئارمىيە ئىچىدىكى بىر ئوچۇملارنى تارتىپ چىقىرايلى“ دەپ شوئار چاپلاۋاتقانلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى بۆلۈۋەتتى، ئۇ دېرىزىدىن ئۆزد-نى چەتكە ئېلىپ، بىر پۇتىنى كارىدور تېمىغا تىرەپ تۇرۇپ خىيالىنى داۋاملاشتۇردى: ”شوي خەيلۇڭنى ئۆكسىغا چېتىپ تۇل خوتۇن بىلەن بىرگە كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارنىڭ ھىمايىچىلىرى دەپ تارتىپ چىقىرىش، ئاممىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئۇلارنى ج. خ ئىدارىسىگە تۇتۇپ تۇرۇشقا تاپشۇرۇپ بېرىش، رازاق ھوشۇر بىلەن باتۇرقادىرنى يېتىم قالدۇ-رۇش...“ ئۇ خىيال سۈرۈۋېتىپ بىردىنلا تەلەيخاننى ئېسىگە كەلتۈرگىنىدە يۈرىكى ”جىغ“ قىلىپ قالدى. تەلەيخان—رازىخاننىڭلا قىزى ئەمەس، ئۆزىنىڭمۇ قىزى بولغاچقا، خىياللىرى ئۈزۈلگەن پۇرژىنىدەك ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ توختاپ قالدى. ئۇ چېچىلىپ كەتكەن ئەقلى-ھوشىنى يىغىپ گاۋشىمىن بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتىدىن يېنىپ، بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ مېڭىپ ئاخىر چاڭ باۋشۇنىڭ ئىشخانىسىنى چەكتى. ئىشخانا ئىچىدىن ”كىرىڭ“ دېگەن بىلىنەر-بىلىنمەس بوش ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ ئۈستىلىدىكى بىرمۇنچە ماتېرىياللارنى رەتلەۋاتقان چاڭ باۋشۇنىڭ روھى چۈشكۈن قىياپىتىنى كۆردى. لاۋگو سالپىيىپ قالغان سوزۇنچاق بېشىنى تۆۋەن قىلىپ چاڭ باۋشۇنىڭ قىزىل سىرلانغان ئۈستىلىگە يانداش قويۇلغان تەييار ئۇزۇن ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ كىرىشتىكى تۈپ مەقسىتىنى ئەگىتىپ ئولتۇرمايلا ئوچۇق ئېيتتى:

—ئاڭلىسام تارتىپ چىقىرىلغان شوي خەيلۇڭنىڭ ئاكىسى ليۇ خۇڭيۈەنمۇ جەنۇبتىن ئاشلىق يۆتكەشكە بەلگىلىنىپتۇ. مېنىڭچە، كاپىتالىزم

يولغا ماڭغان ھوقۇقدارنىڭ ئاكسنى مۇنداق سىياسىي خاراكتېرى كۈچ-
لۈك بولغان ئاشلىق يۆتكەشكە بەلگىلەش مۇۋاپىق ئەمەسقۇ دەيمەن.—
لاۋگو سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋېتىپ، گازىر كۆزلىرىنى قىيسايتقىنىچە چاڭ
باۋشۇنىڭ ئەلپازىغا سوئال نەزەرىدە زەڭ سېلىپ قارىدى،—تۆۋەندە ئاما
بۇ قېرى شوپۇرنىڭ ئۇكامغا ئۇۋال بولدى، ئۇكام قانداقمۇ كاپىتالىزم يولىغا
ماڭغان ھوقۇقدار بولسۇن؟ دەپ ئەنزە ئاغدۇرۇپ ئاغزىغا كەلگەننى جۆي-
لۈپ يۈرگەنلىكىنى پاش قىلدى. ئۇنىڭ تۇل خوتۇن رازىخاننىڭ ئۆيىگە
دائىم قاتراپ كىرىپ-چىقىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن ئاما بۇ ئىككى قېرى
بويتاق ئىش-پەش تارتىشىپ قاپتۇ، دېيىشىۋاتىدۇ. باتۇرقادىرنىڭ ئۆيىنى
جىن-شەيتانلارنىڭ ئۇۋىسى دەۋاتقانلارمۇ بار...

چاڭ باۋشۇ بېيجىڭدا چىقىدىغان بىرمۇنچە گېزىتلەرنىڭ باش سەھى-
پىلىرىگە بېرىلگەن ماقالىلارنىڭ ئۆزىچە موھىم دەپ بىلگەن جايلىرىنى
خاتىرىسىگە كۆڭۈل قويۇپ كۆچۈرۈۋاتاتتى. ئۇ لاۋگونىڭ شوپۇر لاۋلىۇنىڭ
جەنۇبتىن ئاشلىق يۆتكەشكە بەلگىلەنگەنلىكى ۋە رازىخان، باتۇرقادىرلار
ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلاپ يېزىۋاتقان خاتىرە دەپتىرىنى يېپىپ،
قەلەمنى يېزىق ئۈستىلىگە تاشلاپ قويدى.

—يولداش لاۋگو، شۇي خەيلۇڭنىڭ تارتىپ چىقىرىلغانلىقى ئۇنىڭ
ئاكسىنىڭ، ئاكسى بىلەن يېقىن ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ بۇزۇق ئادەملەر
ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ،—ئۇ ئورۇندۇقتا يۆلىنىپرەك ئولتۇرۇپ، لاۋگو-
نىڭ چىرايىدىكى غەلىتە ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلىپ ۋەزىيەتكە كۆڭۈل
بۆلۈۋاتقاندەك كۆرۈنگەن لاۋگوغا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،—رازاقىنىڭ ئەي-
نى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاچماقچى بولغان تەلەيخاننى قويۇۋەتكەنلى-
كى، باتۇر قادىرنىڭ ئۆز سىڭلىسىنى قانات ئاستىغا ئالغانلىقى قاتارلىق
ئېغىر مەسىلىلەر بار. بۇلارنىڭ بۇ ئېغىر مەسىلىلىرى ھازىر ئەمەس،
ئاخىرىدىراق ئېلىپ بېرىلىدىغان قوشۇن تازىلاش باسقۇچىدا ئېنىقلىنىپ
بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر ھەققىدە ھەر كۈنى دېگۈدەك
گاۋشۇجى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرۇۋاتىمەن. ئاشلىق يۆتكەشكە ئىشەنچلىك
بىر ئادەمنى قوشۇپ قويساقلا بولمىدىمۇ؟ ”ئۇ شوپۇر بولمايدۇ، بۇ شوپۇر

بولمايدۇ“ دەپ ئاشلىق يۆتكەش ۋەزىپىسىنى كەينىگە سۈرۈپ ماڭغۇزمىساق، ئۇنىڭدەك پىشقان شوپۇرنى كالونلارغا نەدىن تېپىپ بېرىمىز؟

لاۋگونىڭ دىمى ئىچىگە چۈشتى. گازىر كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ چاڭ باۋشۇغا تىكىلىپ قارىدىيۇ، تېزلا بويىنىنى تولغاپ سوزۇق بېشىنى بىلىنەر-بىلىنمەس لىڭشىتتى. ئۇنىڭ لاۋلىيۇنى قاراشەھەرگە ئاشلىق يۆتكەشكە ماڭدۇرماسلىق نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىدى. لاۋگو نارازىلىقى چىقىپ تۇرغان چاڭ باۋشۇنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئىشخانىسىغا ئۇنى ئىزدەپ كىرگەنلىكىگە پۇشايمان قىلدى. ئۇ شۇي خەيلۇڭ شىركەت مۇدىرى ۋە پارتكوم سېكرېتارى چېغىدا ”چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر“ دەپ تارتىپ چىقىرىلغان قىزى تەلەيخاننىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ يەنە ”چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر“ ”ئېغىر سىياسىي مەسىلىسى بار“ دېيىلىۋاتقىنىغا ھەيران قالدى. ”ئاخىرىدىراق ئېلىپ بېرىلىدىغان قوشۇن تازىلاش“ دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، دەسلەپ قاتتىق چۆچۈدى، كېيىن بىردىنلا يەنە ساراسىمىگە چۈشتى. چاڭ باۋشۇ چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىپ ئورنىدىن تۇرغان لاۋگونىڭ چىرايىدىكى غەلىتە ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ، ”مېنىڭ سۆزۈمنى خاتا چۈشىنىۋالغان ئوخشايدۇ“ دەپ ئويلاپ مۇنداق دېدى:

—سۆزلىرىم ئاممىۋى ھەرىكەتنى بېسىش ئەمەس، كۈرەشنىڭ چوڭ يۆنىلىشىنى پۇختا ئىگەللەش، مەركەز بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاشنى مەقسەت قىلغان. ھازىر مەيلى تارتىپ چىقىرىلغان جىن-شەيتانلار ياكى مەسىلىسى بارلار بولسۇن، بىز تەرەپتە تۇرغانلا بولسا قولغا كەلتۈرۈپ ئىتىپاقلىشىشىمىز لازىم.

لاۋگو نېپىز يۇقىرى كالپۇكى سەل-پەل يېيىپ تۇرغان ئىككى ئالتۇن چىشىنى پارقىرىتىپ ياسىما كۈلكە بىلەن ھىجىيىپ چاڭ باۋشۇغا مەمنۇنلۇقىنى ئىپادىلەپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئىشخانىسىدىن گويا نۇرغۇن ئىشى بار ئادەمدەك ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. چاڭ باۋشۇ قايتا ھوقۇق تارتىۋېلىشقا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن كەڭ ئاممىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە شۇي خەيلۇڭنى تەنقىد-كۈرەش قىلىش يىغىنى ئېچىش تىزىسى تەييارلاپ، گاۋ شىمىنغا دوكلات قىلىشقا ئالدىرىغىنىچە ئىشخانىسىدا يالغۇز قالدى.

× × ×

ئالدىراپ قۇراشتۇرۇلغان ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتى ”قىزىلباي-
راق“ گۇڭشى پارتكوم شۇجىسى ليۇ شۇەينىڭ ھوقۇقنى تارتىۋالغان
بىلەن ئۇنى چوڭ يىغىن ئېچىپ كۈرەش قىلىشقا ئالدىن تەييارلىق كۆرمىد-
گەن ئىدى. قېيۇم توختى ئۇيغۇرچە چوڭ خەتلىك گېزىت چىقىرىشنى،
تاملارغا شوئار يېزىپ چاپلاشنى بىلگىنى بىلەن چوڭ يىغىندا سۆزلىيەل-
مەيتتى. باشقىلار سۆزلىيەلىگىنى بىلەن نېمىنى سۆزلەشنى بىلمەيتتى. ليۇ
شۇەي 40-يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقاندىن تارتىپ
ھازىرغىچە ئەمەلىي ھەرىكىتىدە پارتىيىگە، ماۋجۇشىغا سادىق بولۇپ كەل-
گەنلىكىنى قەيت قىلىپ: ”مەن قانداقسىگە كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان
ھوقۇقدار بولغۇدەكمەن؟“ دەپ ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتىغا ئوچۇقتىن
ئوچۇق قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. ليۇ شۇەينىڭ كاپىتالىزم يولىغا
ماڭغان ھوقۇقدار ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئىگە
بولماي تۇرۇپ كۈرەش قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ھوقۇق
تارتىۋېلىش كومىتېتى ئۇنى ئايكەلدىگە كالا بېقىشقا ئەۋەتىۋېتىپ، ئۇستىد-
دىن ماتېرىيال توپلاشقا، ئەنزە تۇرغۇزۇش ئۈچۈن دەلىل-ئىسپات ئىزدەش-
كە كىرىشتى. ئۇلار ليۇ شۇەينى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن ماتېرىيال توپلاش
بىلەن ئاۋارە، ليۇ شۇەي بولسا موسا تاپقاق بىلەن بىرگە ”قىزىلبايراق“
گۇڭشېسىدىن يىراقراق تاغ ئېدىرلىقىغا جايلاشقان باغراش كۆلى بويىدىكى
ئايكەلدىدە مەجبۇرىي كالا باقماقتا ئىدى، ئۇ ئادىمى شالاڭ، ئالدى تەرىپى
سۇ بىلەن قاپلانغان باغراش كۆلى بويىدىكى ئايكەلدىدە كالا بېقىشقا
كۆنۈپ كەتتى. ئۇ ئۆتكەن يىلى كەچ كۈزدە رازىخان بىلەن تەلەيخاننىڭ
”قىزىلبايراق“ دادۈينىڭ كالىسىنى بېقىش ئۈچۈن ئادەم ئاياغ باسمايدىغان
بۇ جايغا ئەۋەتىلگەنلىكىنى بىلەتتى. ئەمدى مەجبۇرىي كالا بېقىش نۆۋىتى
ئۆزىگە كەلگەندەك تۇرىدۇ.

5-ئاينىڭ 10-كۈنى ئەتراپىدا باغراش كۆلىنىڭ قىرغاقىقا يېقىن جاي-
لىرى گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. سۇ ئۈستىدىكى قومۇش غوللىرىدىن كۆكىرىپ
چىققان يوپۇرماقلار بەش ياشلىق بالىنىڭ بويىدەك ئېگىز ئۆسۈپ باغراش

كۆلنى كۆركەم يېشىل دۇنياغا ئايلاندۇرىدۇ. ئايكەلدىگە ئەتياز كېچىكىپ كەلگەچكىمىكىن، كۆل قومۇشلىرى ئەمدىلەتتىن يوپۇرماق چىقىرىپ ئۆسۈشكە باشلىغان. كۆل بويىدىكى پاكار تاغ قاپتىلىغا تۇتىشىپ كەتكەن يانتۇ تەكشىلىك بىر ھەپتە ئىلگىرىلا يايلاق قىياپىتىگە كىرگەن بولسىمۇ، ئېگىززەك ئۆسكەن ئوت-چۆپلىرى شالاڭ ئىدى. بىر تەرىپى كۆل، يەنە بىر تەرىپى تاغ ئېدىرلىقىغا سوزۇلغان تەبىئىي يايلاقتا كالىلارنى يايلىتىپ، قورسىقىنى تويغۇزغىلى بولمايتتى. كالىلار نەدە ئوت-چۆپلىرى قويۇق بولسا شۇ يەرگە پۇشۇلداپ كېتىۋېرەتتى. كۆل بويىنىڭ ھاۋاسى ئەتىگەنلىكى ۋە كەچقۇرۇنلۇقى سوغۇق بولغانلىقتىن كونا كۆل رەڭ قىشلىق چاپان، قوش ئەستەرلىك كۆك ئىشتان كىيىۋالغان لىۇ شۈەي قونجلۇق سېرىق ئايىغىنىڭ بوغقۇچلىرىنى چىڭ چېگىپ كالىلار نەگە ماڭسا شەگە ئەگىشىپ مېڭىۋەردى. ئۇ موسا تاپقاق دېگەن ئادەم بىلەن بىرگە كالا بېقىشقا بەلگىلەنگەن بولسىمۇ يېنىدا كالىلار بىلەن ھەپىلىشىدىغان ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. مۇسا تاپقاق دېگەن ئادەم: ”كالىلار يوقاپ كەتسە مەن ئىگە ئەمەس. مەن ھەرگىزمۇ كۆل بويىغا بارمايمەن. كۆلدىن يىراقراق كەپىدە تاماق ئېتىپ، ئوت-چۆپ يىغىپ كۈن ئۆتكۈزسەممۇ كالا باققانغا ھېساب ئەمەسمۇ؟ كۆلدىن سۇ ئادىمى چىقسا ئاغرىقچان ئادەم قېچىپمۇ ئۈلگۈرەلمەيمەن. مېنى كالا باققىن دەپ قىستىماڭلار“ دەپ يېلىنىپ تۇرۇۋالغانلىقتىن ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتىدىكى قېيۇم توختى: ”لىۇ شۈەينى قاچۇرۇپ قويماي نازارەت قىلىپ تۇرسىلا كالا باققانغا ھېساب بولىدۇ“ دەپ ئالدىراپ يولغا سالغان، شۇڭا لىۇ شۈەي ئەتىگەندىن كەچكىچە يالغۇز ئۆزىلا كالىلارغا كۆز-قۇلاق بولۇشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. بۈگۈن ئۇ كالىلارنى يايلىتىپ بولۇپ قوتىنىغا قايتۇرۇپ ئەكىلىشتە كەچ قالدى. قوتىنىدىن ئۇزاپ كەتكەن كالىلار قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغاندا لىۇ شۈەينىڭ ھەيدىشىگە رايىشلىق بىلەن بويسۇنۇپ قايتىشقا باشلىدى. ئەتراپ جىمجىت، كالىلارنىڭ كەينىدىن ئۆز بېشىغا كەلگەن كەلگۈلۈكنى ئويلاپ كېلىۋاتقان لىۇ شۈەيگە كالىلارنىڭ پۇشۇلداپ مېڭىشىدىن باشقا ھېچبىر تىۋىش يوقتەك قىلاتتى. تاغ قاپتىلى تەرەپتىن

سوققان كۇچسىز شامالدا كۆل بويىدىكى يېگى ئۆسۈپ چىققان قومۇش يوپۇرماقلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس شىلدىرلايتتى. كاللار قوتىنىدىن خېلىلا ئۇزاپ كەتكەن بولغاچقا، يېرىم يولغا كەلگەندە رەسمىي قاراڭغۇ چۈشتى. ليۇ شۈەي كاللارنى ئىتتىك ھەيدىدى. ئۇ بېشىدىن كۆپ ئىشلارنى ئۆتكۈزگەن، كېچىلەردە تالاي قېتىم ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتكەن بولغاچقا، قاراڭغۇدا قېلىشتىن بىرئازمۇ قورقمايتتى. كاللارنى ئىتتىكرەك ھەيدىگەنلىكى ئۆزىنىڭ قاراڭغۇدا قالغانلىقىدىن ئەنسىرىگەنلىكى ئەمەس، كاللارنىڭ قورسىقى تويغىنى بىلەن ئۆزىنىڭ قورسىقى ئاچ ئىدى. ئۇ كاللارنى ھەيدەپ كېلىۋېتىپ توساتتىن ”قىزىلبايراق“ گۇڭشېسىنىڭ باغراش كۆلگە يېقىن ئىككى دادۈيىدە پەيدا بولۇپ قالغان ”باغراش كۆلدە سۇ ئادىمى بار ئىكەن“ دېگەن گەپ-سۆزلەرنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ سۇدىمۇ، قۇرۇقلۇقتىمۇ ياشايدىغان سۇ كالىسى بارلىقىنى ئاڭلىدىغان ئەمما قۇرۇقلۇقتىمۇ، سۇ ئىچىدىمۇ ياشىيالايدىغان ئادەم بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى. مۇسا تاپقاق دېگەن بۇ ئادەم تاپقان: ”باغراش كۆلدە سۇ ئادىمى بار“ دېگەن گەپ قاربىۇلاق يېزىسىنىڭ ھەممىلا يېرىگە پۇر كەتكەن بولغاچقا، ئايكەلدىگە بېرىپ باقمىغان بىر قىسىم ساددا كىشىلەر بۇ گەپكە ئىشىنىپ يۈرمەكتە ئىدى. ”يالغان گەپنى مىڭ قېتىم تەكرارلىساڭ راست گەپكە ئايلىنىدۇ، دېگەن گەپ بار. ئەمما ئۇ بەربىر يالغان، قانداقسىگە سۇ ئاستىدا بېلىقتا ئوخشاش ياشايدىغان ئادەم بولسۇن؟“ دەپ ئويلايتتى ليۇ شۈەي كۆڭلىدە. غەلىتە ئويلارنى ئويلاۋەرسە، غەلىتە ھادىسىلەر يۈز بېرەمدۇ—نېمە؟ ليۇ شۈەي كاللارنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ كەينىدىكى قومۇشلۇقتىن ناھايىتى كۈچلۈك شىلدىرلىغان شەپە، ئاندىن سوغۇق تەگكەن ئادەمنىڭ يۆتىلىشىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بوم ئاۋازنى ئېنىق ئاڭلىدى، ليۇ شۈەي كەينىگە بۇرۇلۇپ ”كىم؟“ دەپ ئاۋازنى پەسەيتىپ ۋارقىرىدى. ئايكەلدىدە ئۈچ كۈندىن بېرى بىرەر ئادەمنىڭ سايىسىنىمۇ ئۇچرىتىپ باقمىغان ليۇ شۈەي قاراڭغۇدا كۆل بويىدىكى قومۇشلۇقنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزغان بۇ ساداغا دەسلەپتە قاتتىق ئەجەبلەندى، كېيىن ئۆزىنىڭ ”كىم؟“ دەپ توۋلىغان پەس ئاۋازدا چاقىرد-

شىغا قاراڭغۇلۇقتىن ھېچبىر سادا چىقمىغاندىن كېيىن ”ئىت ياكى قۇش بولسا كېرەك“ دەپ پەرەز قىلىپ قومۇشلۇقتىن ئۆزاپ قوتان تەرەپكە قاراپ كېلىۋەردى. قوتان يېنىدىكى كەپىدە يالغۇز قىلىپ قورقۇپ ليۇ شۇەيىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان موسا تاپقاق كالىلارنىڭ شەپىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ۋەھىمىگە تولغان كۆڭلى ئارام تاپتى. ليۇ شۇەي بورا يېپىلغان قومۇشلۇق كەپىگە يېقىنلاشقاندا كالىلار قوتانغا كىرىپ بولغان ئىدى. ئۇ كەپىگە كىردى، كەپە ئىچى قاراڭغۇ ئىدى، ئۇ قارلىغاچ قانىتىدەك قاپقاراڭغۇ كەپە ئىچىدىكى ئاشتاختىسىمان ياپىلاق تاش ئۈستىگە تىكلەكلىك شامغا ياندۇرغان ئىككى تال سەرەڭگە يالقۇنىنى ئاۋايلاپ تۇتاشتۇردى. ئۇ كۆيۈپ يېرىمى قالغان شامنىڭ يورۇقىدا كونا يوتقىنىنى بېشىغا قەدەر پۈركەپ يېتىۋالغان موسا تاپقاقنى كۆردى. ئۇ قاراڭغۇ كەپىگە كىرە-كىرمەيلا موسا تاپقاقتىن دەشنەم يېيىشكە باشلىدى، مۇسا تاپقاق يوتقىنىدىن بېشىنى چىقىرىپ زەردە بىلەن قايناپ كەتتى:

— نېمىشقا ۋاقتىدا كەلمەيسەن؟

ليۇ شۇەي بۇ تەرسا ئادەمنىڭ يامان گەپ قىلىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگەچكە، قوپال سوئالىغا جاۋاب بەرمەي كەپىنىڭ سىرتىغا چىقىپ غوۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان قازاندىن يوغان بىر مومىنى ئالدى-دە، ئىشكىنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ يېيىشكە باشلىدى.

موسا تاپقاق ئاچچىقلىنىپ قوپال، خىرقىراق ئاۋازدا يەنە سورىدى:

— كالىلارغا قوشۇلۇپ كالىغا ئۆزگىرىپ قالدىڭمۇ؟ نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟

— توغرا، كالىغا ئۆزگىرىپ قالغاندىمەن. كالا باقمەن دەپ چىققاندىن بۇلىنىڭز ئۈچۈن مەندەك بىر كالىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىشىغا يول قويۇڭ.

موسا تاپقاق ئانچە مۇرەككەپ بولمىغان خەنزۇچە سۆزلەرنى ئاڭلاپ مەنىسىنى ئاڭقىرالىغىنى بىلەن دېمەكچى بولغان مەقسىتىنى تولۇق سۆزلەپ ئۇقتۇرالمايتتى. ئۇ ليۇ شۇەي بىلەن مۇنازىرىلىشىشتىن يالتايدى ۋە يېرىمى خەنزۇچە، يېرىمى ئۇيغۇرچە: ”يەنە بىر نۆۋەت گۆشى بويىچە

كۈرەشكە چۈشسەڭ زۇۋانىڭ تولۇق ئېچىلىدۇ" دەپ قويدى. ئۆزىگە ئايان بولغان "گۇڭشې بويىچە كۈرەشكە چۈشسەڭ" دېگەن بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى پەرەز قىلىپ ئۇقۇۋالغان ليۇ شۈەي ئىككى مومىنى يەپ بولۇپ بىر ھازا ئۇخلىمىدى، ئۇ كۆيۈپ بولاي دەپ قالغان شامنى ئۆچۈرۈپ، ئالدىن تەييارلىۋالغان قۇرۇق قومۇش باغلاملىرى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ خىيال سۈ-رۈشكە باشلىدى: "تېخى يەنە كۆرىدىغان كۆرگۈلۈكۈم بار ئوخشىمامدۇ، مېنىڭ گېپىمنى قىلىدىغان، گېپىمنى ئاڭلايدىغان يەر نەدە؟ دەيدىغان گېپىمنى مەركەزگە بېرىپ دېمىسەم بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ". ئۇ خىيال سۈرۈپ تۈن يانغاندا قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان قومۇشلار ئۈستىگە كىيىمنى سالماي قىڭغىيىپ ياتتى-دە، كونا يوتقىنىنى ئۈستىگە يېپىپ كۆزلىرىنى ئاستا-ئاستا يۇمدى-دە، ئۇيقۇغا كەتتى.

ليۇ شۈەي ئايكەلدىدە كالا بېقىپ يۈرۈپ كالىلار بىلەن دوست بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۇن نەچچە كۈندىن بېرى كالىلار بىلەن بىللە يۈردى. ئۇ كالىلارغا ئەگىشىپ يۈرمىسىمۇ، كالىلار كەچقۇرۇنلۇقى قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ بولۇپ، ئۆگىنىپ قالغان قوتىنىغا بىمالال قايتىپ كېلەلەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كالىلار نەگە ماڭسا شۇ يەرگە باراتتى. ئۆزىگە ھېچقانداق تاپا-تەنە قىلمايدىغان، ئۆزىنى ھاقارەتلىمەيدىغان كالىلار ئايكەلدىدە ئۇنىڭ بىردىنبىر يېقىن ھەمراھى ئىدى. بىر كۈنى قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغاندا قورسىقى تويغان كالىلار يايلاقتىن توپ-توپ بولۇپ قايتىپ كەلدى-دە، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قومۇش باغلاملىرى بىلەن قاشالانغان قوتىنىغا كىرىشكە باشلىدى. موسا تاپقاق كەپىدىن چىقىپ ئەڭ ئاخىرقى بىر كالا قوتانغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن كالىلار كەلگەن تەرەپكە زەڭ سېلىپ قارىدى. پاكار تاغ قاپتىلى تەرەپتە بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان بىرەر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. پاكار تاغ كەينىگە مۆككەن قۇياش يايلاق-تىن قارايغان قىزغۇچ نۇرلىرىنى يىغىۋالدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە موسا تاپقاق كەپىگە كىرىپ كېتىپ كۆپ ئۆتمەي ۋەھىمە ھېس قىلىپ سىرتقا چىقتى. ئۇ ليۇ شۈەينىڭ تېخىچە يايلاق تەرەپتىن كەلمەيۋاتقىنىغا ئەجەبلى-نىپ كەپىنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ قورقۇنچلۇق خىيال سۈرۈشكە باشلى-

دى: ”كالىلار كېلىپ قوتانغا كىرىپ بولغىنىغا خېلى بولدى. كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار نېمىشقا تېخىچە كەلمەيدىغاندۇ؟ ئېزىپ قېلىپ باشقا ياققا كەتتىمۇ-يە، ياق، كالىلار ئۆز يولىنى تېپىپ ئېزىقماي كەلگەن يەردە ئۇ قانداقمۇ ئېزىپ باشقا يەرلەردە يۈرسۇن؟ كۆلدىن چىققان سۇ ئادىمىگە ئۇچراپ قالدىمۇ-يە؟...“ ئۇ مۇشۇنداق ئويلىغىنىدىن چۆچۈپ كېتىپ كۆل تەرەپكە قارىدى. كۆل تەرەپتە ھېچبىر شەپە يوق ئىدى. ئۇ كېچىچە كەپىدە ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزى. ئەتىسى كالىلار توپ-توپ بولۇپ قوتاندىن چىقىپ ھەر كۈنى مېڭىپ ئادەتلەنگەن يولى بويىچە كۆل بويىدىكى ئوتلاقلىققا كەتتى. موسا تاپقاق ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا قىلىدىغان يامان گېپىنى ئاڭلاپ ئۇنچىقمايدىغان ھەمراھىنىڭ بۈگۈنمۇ كەلمەيۋاتقانلىقىغا ئىچى تىت-تىت بولۇپ ۋەھىمە ئىچىدە قالدى. ئۇ لىۋ شۈەينى كېلەمدىكىن دەپ چۈشكىچە ساقلاپ، يولدا ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىگەندىن كېيىن كالىلارنىڭ نەگە بېرىشى بىلەن كارى بولماي خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ-تېنەپ ئايكەلدىدىن ”قىزىلباي-راق“ گۇڭشېسىغا يۈرۈپ كەتتى.

مۇسا تاپقاق چۈشتىن كېيىن مېڭىپ كۈن ئولتۇرۇشتىن خېلىلا بۇرۇن گۇڭشې ئىشخانىسىغا ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ تەلىيىگە يارىشا پىيادە مېڭىپ يېرىم يولغا كەلگەندە گۇڭشې ئىشخانىسى ئالدىدىن ئۆتىدىغان قىغ باسقان بىر كونا ئاپتوموبىل ئۇچراپ قالغان ئىدى. ئۇ مېڭىۋاتقان ماشىنىنىڭ يولىنى بېسىپ ئۆتۈپ كېتىشىدىن قورق-ماي يولنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توسۇپ: ”بىر مۇھىم ئىشىم بار، ماشىناڭلارغا سېلىۋېلىڭلار!“ دەپ چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن خەنزۇ شوپۇر ئۇنى كابىنكىسىغا سېلىۋالدى. شۇڭا ئۇ ھوقۇق تارتىۋېلىش كومى-تېتىدىكىلەر يىغىنىدىن تارقاپ گۇڭشې ئىشخانىسىدىن چىقىۋاتقانىنىڭ ئۈس-تىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئالاقزادىلىك ئىچىدە سۆزلەپ كەتتى:

—ئىككى كۈن بولدى، لىۋ شۈەي يوقاپ كەتتى. ئۇنى سۇ ئادىمى كۆل ئىچىگە ئەكىرىپ كەتتىمىكىن، ھازىرغىچە يوق.

—كالىلار بارمۇ-يوق؟—دېدى قېيۇم توختى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

ئۇ: ”كۆلدە ھەقىقەتەن سۇ ئادىمى بولسا ئالدى بىلەن كالىلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەي قالامدۇ؟“ دەپ ئويلاپ يۈرگەچكە، موسا تاپىقاقنىڭ ئايكەلدىدىن ئېلىپ كەلگەن ئەڭ يېڭى ۋەھىملىك خەۋىرىنى يالغان دەپ بىلىپ قىلچە پەرۋا قىلمىدى، ئەمما باشقىلار لىۇ شۇەيىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ۋە لىۇ شۇەيىنى تېپىپ كېلىش توغرىسىدا ھەرقايسى دادۈيلەرگە ئۇقتۇرۇش قىلدى. ”شەرق قىزاردى“ دادۈيى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئايكەلدىدىكى تارماق ئەترىتىگە لىۇ شۇەيىنى ئىزدەش ئۈچۈن موسا تاپىقاقا ھەمراھ بولىدىغان ئادەم ئەۋەتمەكچى بولۇشتى.

× × ×

چوشقا قوتىنىنىڭ يېنىدىكى كىچىككىنە تارچۇق ئۆيگە سولاپ قويۇلغان لىۇ شۇەي ئەتىسىمۇ سوراققا تارتىلدى. ”قىزىلبايراق“ گۇشىسىغا قاراشلىق ”شەرق قىزاردى“ دادۈينىڭ ئايكەلدىدىكى تارماق ئەترىتى يېرىم ئايدا بىر قېتىم ئالمىشىپ تۇرىدىغان كۆچمە دېھقانلار گۇرۇپپىسى ئىدى. ئۇلار ئايكەلدىدە تار دائىرىدە تېرىقچىلىق قىلاتتى، قوشۇمچە چوشقا باقاتتى، ئوت-چۆپ يىغاتتى. ئۇلار ئۆتكەن يىلى كەچ كۈزدە ”قىزىلبايراق“ دادۈينىڭ كالىلىرى شەرق قىزاردى“ دادۈينىڭ ئايكەلدىدىكى كەنجە قوناقلىقىغا كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن تۆلەپ بېرىلىدىغان 500 جىڭ قوناقنى ”قىزىلبايراق“ دادۈيىدىن ئالالمىغاندىن كېيىن ئەينى ۋاقىتتا ئارىغا كىرىپ كېپىل بولغان لىۇ شۇەيگە ئاچچىقلىنىپ يۈرەتتى. لىۇ شۇەي تارتىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن پۇرسەت كەلدى دەپ بىلىپ ”قىزىلبايراق“ دادۈيىدىن 500 جىڭ قوناقنى ئېلىش بىلەن بىرگە ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتىنىڭ ”رازىخان بىلەن تەلەيخاندىن ئىبارەت ئىككى جىن-شەيتاننى لىۇشۇەي قاچۇرۇۋەتكەن“دەپ ئەرز قىلماقچىمۇ بولدى. ئۇلار ئىشىمىز ئاسانلاشتى، بىز ئىزدەپ بارغۇچە لىۇ شۇەينىڭ ئۆزى ئۆز يېنىمىزغا كېلىپ بوپتۇ ئەمەسمۇ؟ تۇتۇپ سوراق قىلىشىمىز كېرەك“ دەپ چۇقان كۆتۈرۈشتى. ئۇلار ئارىسالدىلىقتا قالغان بىرقانچە ھەمراھلىرىنى ئۆزلىرىگە ئەگەشتۈرۈپ لىۇ شۇەينى كالا بېقىۋاتقان يېرىدىن تۇتۇپ كېلىپ چوشقا قوتىنىنىڭ يېنىدىكى تارچۇق ئۆيگە سولاپ قويۇشتى. ئۇلار بۈگۈنمۇ لىۇ

شۇەينى سوراق قىلماقتا ئىدى. سوراق كەچكىچە داۋام قىلدى. ئۇلار ليۇشۇەينى ئىشخانىسىغا يالاپ ئېلىپ چىقىپ تۇشمۇتۇشتىن سوراق قىلىشقا باشلىدى، ئۇ قىسقا-قىسقا جاۋاب بېرىپ ئاخىرىدا تەپسىلىي ئەھۋالنى دەپ بولۇپ چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى:

—«شەرق قىزاردى» دادۈيدىكىلەرمۇ، «قىزىلبايراق» دادۈيدىكىلەرمۇ «قىزىلبايراق» گۈشىسىغا تەۋە، كالىلارمۇ بىزنىڭ گۈشىمىزغا تەۋە. قوناقلىققا كىرىپ قالغان ئۈچ كالا بىردەمدىلا 500 جىڭ قوناقنى يەپ بولالىشى ناتايىن. 500 جىڭ قوناقنى يەپ بولدىمۇ دەيلى، «شەرق قىزاردى» دادۈيى «قىزىلبايراق» دادۈيدىن 500 جىڭ قوناقنى تۆلىتىۋال-غانغا بېيىپ كەتمەيدۇ. بىز ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن. يەر بولسا قارىبۇلاق يېزىسىنىڭ يەرلىرى. بىز خەنزۇلار قارىبۇلاق يېزىسىدىكى ھەر-مىللەت دېھقانلىرىغا ئۆزىمىزنىڭ كەڭ قورساق، ئىشلەمچان، مېھماندوست يۇرتداشلار ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلدۇرۇشىمىز لازىم. سىلەر مەسىلىنىڭ بۇ تەرىپىنى ئويلىنىپ باقتىڭلارمۇ؟...

سوراق قىلىۋاتقانلار ليۇ شۇەينىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىماي، سۆز-لىرىنى بۆلۈپ تاشلاپ، قوللىرىنى شىلتىپ قايناپ كەتتى:

—بىزگە سېنىڭ تەشۋىقاتىڭ كېرەك ئەمەس. «قىزىلبايراق» دادۈي-دىكىلەر كالىلىرى دەسسەپ-چەيلەپ ۋەيران قىلىۋەتكەن قوناقلىقىمىز بەدىلىگە 500 جىڭ قوناق بېرىدۇ، دەپ بىزنى ئالدىغانلىقىڭ ئۈستىگە ئۇ ئىككى جىن-شەيتاننى قاچۇرۇۋەتتىڭ. سېنى يالاپ گۇڭشېغا ئاپىرىپ بېرىپ ئۆتكەن يىلى «قىزىلبايراق» دادۈيدىن ئالدىغان 500 جىڭ قوناقنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ ئالماي قويمايمىز، —دەپ چۇرقىراشتى.

«شەرق قىزاردى» دادۈينىڭ ئايكەلدىدىكى بىرنەچچە ئەزاسى. ئۇلار ليۇشۇەينى باغلىمىدى، ئەمما چوشقا قوتىنىدىكى تارچوق ئۆيگە سولاپ قويۇشتى. ئۇلار ليۇ شۇەينى قورسىقى ئېچىپ ئۆلۈپ قالمىسۇن دېدىمى-كىن، قېتىپ قالغان بىرقانچە قوناق مومىسىنى تاشلاپ بەردى. ئۇلاردا چوڭ قولۇپ يوق ئىدى. ئىشىكنىڭ يوغان قۇلۇپ چۈشىدىغان قاغا تۇمشۇقىنى سىم بىلەن تولغاپ ئىچىدىن ئاچالماس قىلىپ قويدى. ئۇلار

لىۇ شۇەينى ئەتە گۇڭشىغا يالاپ ئاپارماقچى بولۇپ بەخىرامان ئۇخلاپ
قېلىشتى.

زوراۋانلىققا، بېسىمغا ئۇچرىغان كىشىلەر ھەرىكىتىدە ياۋاش بولۇشقا،
تەقدىرگە تەن بېرىپ ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەمما روھىي
دۇنياسى تەقدىرىنى مۇمكىن بولغان دائىرە ئىچىدە ئۆزگەرتىشكە تىرىشىدۇ.
تارچۇق ئۆيگە سولانغان لىۇشۇەي يۇرتداشلىرىنىڭ نەزەربەند قىلىشىغا،
خورلىشىغا ھەيران قالدى. قارشىلىق كۆرسەتەي دېسە، ياپون تاجاۋۇزچىلى-
رى بىلەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن ئەمەس، ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىپ
كەلگەن گۇڭشى ئەزالىرىدىن تاياق يەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا قارشى-
لىق كۆرسەتمەي، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىشىغا ئىتا-
ئەتمەنلىك بىلەن بويسۇندى. قەلبى بولسا ھەقىقەتنى ئاستىن-ئۈستۈن
بولۇپ كەتكەن ھازىرقى ھالەتكە قارشى ئىدى. ئۇ ئويلايتتى: ”كوممۇ-
نىستلار ئومۇم ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىدىغان ئېسىل كىشىلەر.
ئۇلار نەچچە ئون يىل ئىنقىلاب قىلىپ كۆرمىگەن جاپالار تارتىپ ياراتقان
يېڭى جەمئىيەتتىن تېگىشلىك مەنپەئەتلىنىشى، ھۆرمەت ۋە شەرەپكە ئېرى-
شىشى كېرەك ئىدىغۇ، ھەممىلا جايدا ماڭا ئوخشاشلار كاپىتالىزم يولىغا
ماڭغان ھوقۇقدارلار دەپ ئەيىبلىنىۋاتىدۇ. ماڭا ئوخشاش پارتكوم شۇجىلى-
رى، ئىدارە، زاۋۇت باشلىقلىرى، ۋالىي، ھاكىملار نەزەربەند قىلىنسا،
سولاپ قويۇلسا قانداق بولغىنى؟ ئۇلار ئۆزى ياراتقان جەمئىيەتنىڭ
خورلىشىغا ئۇچرىسا قانداق بولغىنى؟ ئانامدىن، سىڭلىمدىن ئايرىلدىم. ئاتام
لىۇخۇگيۇەن بىلەن تاغام لىۇخۇگلىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەيمەن. قىران
باشلىقىمنى پۇتۇنلەي ئىنقىلابقا بېغىشلاپ مۇشۇ كۈنگە كەلگەندە كاپىتالىزم
يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار بولۇپ قالدىم. كوممۇنىزم ئۈچۈن بىر ئۆمۈر
كۈرەش قىلىپ، كوممۇنىزمنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قېلىشنى ئىدىيەم قانداقمۇ
كۆتۈرەلىسۇن؟ مەن بىر ئامال قىلىپ بۇ يەردىن قۇتۇلغان ھامان مەركەزگە
بېرىپ دەرد-ئەھۋالىمنى ئېيتمىسام بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇنى نېمىشقا
بۇرۇنراق ئويلىمىغان بولغىيتتىم؟ ھازىرمۇ كېچىكمىدىمغۇ دەيمەن. ھەممىلا
جايدا ئەلەم كۈرىشى، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش...“ —لىۇ شۇەي قاراڭغۇ-

دا بر كشننڭ سمنى تەتۈرسگە تولغاپ ئشكنى ئېچشقا تەمشلۋاتقانـ
لىقنى ۋە ئۆزنى ”يۇرتداش“ دەپ پەس ئاۋازدا چاقرىۋاتقانلىقنى ئاڭلىدى. بۇ كشى بر ھەپتىدىن بېرى ليۇ شۇەينى كۆزتىۋاتقان ھوشۇر قارى ئىدى.

—ليۇ شۇجى، بۇ يەردىن تېز يۆتكلىپ كېتىڭ. ئەتە سزنى كۆرەش قلش ئۈچۈن ئككى ئادەم كېلىپ يالاپ گۇڭشېغا ئېلىپ كەتمەكچى،—دېدى ئۇ ئككى غېرىچ ئۇزۇنلۇقتكى بر توم تۆمۈردە ئشكنڭ ئلمكى بلەن قاغتۇمشۇقىغا ئۇرالغان سمنى كۆچەپ تولغاپ بوشتىۋېتىپ.

ليۇ شۇەي ئۆزگە غەمخورلۇق قلش مەقستىدە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالغان ھوشۇر قارىنى تونۇمايتتى. پوس قويۇلمغانلىقتىن چوشقىـ
لارنڭ خارت-خارت قلىپ پۇشۇلداپ قمرلشىدىن باشقا ھېچبىر شەپە يوق ئىدى. ليۇ شۇەي خەنزۇچە بىمالال سۆزلىيەلەيدىغان بۇ ئۇيغۇر بوۋاينڭ ياردىمدە سولانغان تارچۇق ئۆيدىن چىقىۋېتىپ سورىدى:

—سز...سز كم بولىسز؟

ھوشۇر قارى ناھايتى ئېھتياتچان ئىدى. ئۇ ليۇ شۇەينڭ سوئالنى جاۋابسز قالدۇرۇپ ئەگەشتۈرگىنچە كۆل بويىدكى قومۇشلۇققا باشلاپ كەلدى.

—سز گۇڭشېغا يېقن يولىماڭ، ھېچنېمە ئۇقمايدىغان تومپايلار سزنى كۆرەش قىلىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ تزلاندۇرۇپ قىيىنىشى مۇمكىن. ھازر كۆرەش قلىنىۋاتقانلار ھەممىلا جايدا كالتەكلىنىۋاتىدۇ.

—سز...سز كم بولىسز؟ سزنى تونۇيالمىدىمغۇ؟—دەپ قايتا سورىدى ليۇ شۇەي ئۆزگە تاسادىپىي غەمخورلۇق قلغۇسى كەلگەن ھوشۇر قارىنڭ چرايىنى قاراڭغۇدا پەرق ئېتەلمەي تت-تت بولۇپ.

ئۇ ھوشۇر قارىنڭ ئۆزگە ئېلىپ كەلگەن ۋەھىملىك خەۋەرنڭ راستلىـ
قىغا ئشىنىپ بۇ يەردىن تېز كېتىشنى ئويلىماقتا ئىدى.

—مەن كملىكىمنى ئېيتماي، ئۆتكەندە قومۇشلۇق يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتىڭز، چاقرالمىدىم. سزنى تونۇيمەن. سز ھوقۇقىڭز بار چېغىدا

تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن ئانا-بالا ئىككى ئايالنى يېزىدا ئازاب-ئوقۇبەتكە دۇچار قىلماي، ئۆز جايىغا قايتىشىغا يول قويىدىڭىز، ئۇلار ماڭا سىزدىن بەك مىننەتدار بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن مېنىڭمۇ سىزگە ياخشىلىق قىلغۇم كەلدى. سىز بۇ يەردىن تېز كېتىڭ، قارا شەھەرگە، كورلىغا كەتسىڭىزمۇ بولىدۇ. بىر مەزگىل ئۇلارنىڭ كۆزىگە چېلىقماڭ. كىملىكىمنى ئېيتمىسام بولاتتى، ئەھۋالدىن قارىغاندا سىز مېنى ئىزدەپ قوغلاپ يۈرمەيسىز. ئېيتىۋېتەي: ئىسمىم—ھوشۇر قارى بولىدۇ:

—ئۇنداق بولسا سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە كېتىپ بىر-ئىككى ھەپتە يوشۇرۇنۇپ تۇراي: بولامدۇ؟

—مېنىڭ نەدە ئۆيۈم بولسۇن؟ سىز بىلەن بىرگە بولالمايمەن. مەن ھازىرلا بورانسومولغا بېرىپ ئەتە بىر تۇغقىنىمنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش ئۈچۈن توخسۇنغا سەپەر قىلىمەن. ئاندىن تارىم جاڭگىللىغا كىرىپ كېتىشىم مۇمكىن. ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز، خوش.

لىيۇ شۈەي داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ئۆزىدىن ئۇزاپ قومۇشلۇققا كىرىپ كېتىۋاتقان ھوشۇر قارىنىڭ كەينىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ قالدى. قارا بۇلۇتلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ چىققان ئورغاق ئاينىڭ يورۇقىدا ئەستەرلىك ئاق يەكتەكنىڭ بىر پېشىنى ئوڭ قولىدا چىڭ تۇتۇپ، سول قولىدا بېشىدىكى قارا قاما تۇمىقىنى سىقىمداپ تۇتقىنىچە قومۇشلۇققا كىرىپ كېتىۋاتقان ھوشۇر قارىنى كۆزىدىن غايىب بولغانغا قەدەر كۆزىتىپ تۇردى. ھوشۇر قارى كېچىسى شۇ ماڭغانچە بورانسومولغا بېرىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن توقسۇنغا يۈرۈپ كەتتى.

لىيۇ شۈەي ھوشۇر قارىنىڭ ياردىمىدە سولاقخانىدىن قۇتۇلۇپ چىققاندىن كېيىن ھوشۇر قارى نەگە بارسا مەنمۇ شۇ يەرگە باراي دەپ ئويلىدىيۇ، بۇ بىچارە بوۋاينىڭ بارار يېرى، قونىدىغان ئۆيى يوقلۇقىنى بىلىپ ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىشتىن يالتايدى. ھوشۇر قارى كەتكەندىن كېيىن ئۇمۇ بۇ يەردىن تېز كېتىشى كېرەك ئىدى. نەگە بېرىشنى ئويلاپ-ئويلاپ ئاخىر جىڭجۇدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان شاڭخەيلىك ياڭ لۇشەن ئىسىملىك كىچىك ئۇكىسى بار ياڭ بوۋاينىڭ ئۆيىگە بېرىشنى تايىن

تاپتی. یاڭ بوۋاینىڭ ئۆیی قاراشەھەر بازىری بىلەن قارىبۇلاق یېزىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئاقبۇلاق كەنتىدىكى ماشىنا یولىنىڭ ئۇستىدە ئىدی.

× × ×

5-ئاینىڭ ئوتتۇرلىرى قاراشەھەر ۋادىسىنىڭ كەڭ مۇنبەت نەم تۇپرىقى ئاجایىپ یاپیېشىللىققا پۈركىنىدۇ. قاراشەھەر دەریاسىنىڭ ئىككى چېتىگە سوزۇلغان تۇتاش ئېتىزلار كۆز یەتمەس گىلەمنى ئەسلىتىدۇ. بۇ یىل یامغۇر شەپىسىنى بىلدۈرىدىغان باھار كېچىكىپ كەلدىمۇ یاكی ھەممىلا ئادەم چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاپ، ئالاقە باغلایمەن دەپ قاتراپ ئىشلىمىدىمىكىن، تېرىغان بۇغدای مایسىلىری شالاڭ، ئالا-بۇلا، پاكار بولۇپ قالغان، پەرۋىش قىلمىسا یاخشی ھوسۇل ئېلىشتىن ئۈمىد یوق ئىدی. لاۋلیۇ 60-یىللارنىڭ باشلىرىدا قاراشەھەر ئویمانلىقىنىڭ یېشىللىققا تولغان مۇنبەت ئېتىزلىرىنی بویلاپ نۇرغۇن قېتىم ئۆتكەن. ئاق تاشلىنىپ قالغان یەرلەرنی، مایسىلىری چالا-بۇلا، شالاڭ، رەزگی ئۆسكەن ئېتىزلارنی چېلىقتۇرمىغان ئىدی. ”ھەممە ئادەم مەدەنیيەت زور ئىنقىلابی بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئىشلىمىسە، قورسىقىنی كىم باقىدۇ؟ لېكىن: ئاشلىق ئۇچۇن كۈرەش سوتسیالىزم ئۇچۇن كۈرەشتۇر، دېگەن ئەمەسمىدی؟ مۇشۇنچىۋالا جىق ئادەمنی دۆلەت نەدىن ئاشلىق سېتىپ ئېلىپ بېقىپ كېتەلەیدۇ؟ مانا مەنمۇ جەنۇبتىن شىمالغا ئاشلىق یۆتكەۋاتىمەن...“ لاۋلیۇ خیالىنی یىغىپ ئالدىغا قارىدی. ئۇ ئالدىدىكی ماشىنىلارنىڭ مېڭىش سۈرئىتىنی ئاستىلاتقانلىقىنی كۆرۈپ ئۇمۇ ماشىنىسىنی ئاستىلىتىپ سىگنال بېرىپ تۇردی. قىزىل بەلگە تاقىغانلار تىنىمسىز ھالدا گۈركىرەپ مېڭىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ یان-یېنىدىن قىستىلىشىپ ئۆتۈشمەكتە ئىدی.

ئىككىنچی كانىنىڭ جەنۇبتىن ئاشلىق یۆتەشكە ماڭغان تۆت ماشىنىسی قاراشەھەر كۆۋرۈكی یېنىدىكی بېكەت یېنىدا توختىدی. بىرىنچی ماشىنىدا شوپۇر بىلەن بىللە ماڭغان ئاشلىق یۆتكەشە مەسئۇل قىلىنغان خۇڭمازا دەپ لەقىمی بار گو كەیشېڭ دېگەن ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ بۇیرۇقی بویىچە چۈشلۈك تاماق یەۋېلىش ئۈچۈن توختىغان ئىدی. تۆتىنچی ماشىنا

لاۋليۇنىڭ بولۇپ، ئۇ ماشىنىسىنى قۇرۇق ھەيدەپ قارىبۇلاق يېزىسىغا
تېزرەك بېرىپ ”قىزىلبايراق“ گۇڭشېسىدىكى ئوغلى ليۇ شۈەينى تېپىپ
كۆرۈشۈپ كېلىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ گو كەيشېڭ: ”ئاشلىق يۆت-
كەش ئەڭ مۇھىم. ئاشلىق بېسىپ بولغاندىن كېيىن يېنىپ ئۈرۈمچىگە
قايتىدىغان چېغىڭدا كۆرۈشسەڭمۇ كېچىكمەيسەن. ئاشلىق يۆتكەشنى كې-
چىكتۈرۈشكە بولمايدۇ“ دەپ زادىلا ئۇنىمىدى. گو كەيشېڭ ئاكتىپ
چاپارمەن بولغاچقا، چاڭ باۋشۇ بىلەن لاۋگونىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن.
لاۋگونىڭ يولغا چىقىشتىن بىر كۈن ئاۋۋال شوپۇر لاۋليۇغا كۆز-قۇلاق
بولۇشنى خۇڭمازىغا ئالاھىدە تاپىلىغانلىقىدىن باشقا شوپۇرلار خەۋەرسىز
ئىدى. ئۇلار: ”يوقاپ كەتكەن ئوغلىنى تېپىپ كۆرۈشۈشمۇ مۇھىم ئىشقۇ؟
“ دەپ سالا قىلىسىمۇ، خۇڭمازا رەت قىلىپ ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. ئاشلىق
بېسىپ ئۈرۈمچىگە قايتىشتا لاۋليۇ بىلەن بىللە ماڭغان ئۈچ شوپۇرنىڭ
سالا قىلىشى بىر سائەت ئىچىدە ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشكە ئاخىر
تەستە ماقۇل بولدى. ئۇ دەسلىپىدە لاۋليۇنى قايتىدىغان چاغدا كۆرۈش-
سەڭمۇ كېچىكمەيسەن“ دەپ توسقان، مانا ھازىر بەش توننا بۇغداي
بېسىپ ئۈرۈمچىگە قايتىدىغان چېغىدا ئوغلۇم ليۇ شۈەي بىلەن كۆرۈشى-
مەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى، خۇڭمازا ئۇنى ماشىنا قۇرۇق چېغىدا توسقان
بولسىمۇ، بۇغداي بېسىپ بولۇپ كۆرۈشسەڭمۇ مەيلى دەپ ۋەدە قىلغاچقا
ھازىر ئۇنى توسۇپ قالالمايتتى، لاۋليۇ ھايالسىز كېتىۋېرەتتى. ئۇ تاماقلىن-
ىشقا ماڭغان ئۈچ شوپۇر بىلەن خۇڭمازىدىن ئايرىلىپ ماشىنىسىنىڭ
كابىنكىسىگە چىقتى. قورسىقى ئاچقىنىغا قارىماي ئاپتوموبىلنى ئوت ئالدۇ-
رۇۋېدى، خۇڭمازا يۈگۈرۈپ كابىنكا يېنىغا كېلىپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى:

—ۋاقتىدا كەل، ئەگەر بىر سائەت ئىچىدە كەلمىسەڭ، بىز سېنى
ساقلىماي كېتىۋېرىمىز. مەسىلە چىقسا، ئۆزۈڭ مەسئۇل جۇمۇ...

خۇڭمازىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان لاۋليۇ ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا پىسەنت
قىلماي ماشىنىسىنى گۈركىرىتىپ ئالغا ماڭغان ئىدى، خۇڭمازا بىردەمدىلا
ماشىنا توزىتىپ چىقارغان ئىس ۋە توپا-چاڭ توزانلىرى ئىچىدە قالدى.
..

قارىبۇلاق يېزىسىغا جايلاشقان ”قىزىلبايراق“ گۇڭشېسىنىڭ ئىشخا-نىسى ئالدىدا بىر توپ كىشىلەر يىغىلغان، كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىرىدىن تەشكىللەنگەن خەلق ئەسكەرلىرى قوغداش خادىملىرى سۇپىتىدە قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىۋالغان بولۇپ سىپپى ئۇزۇن نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان ئىدى. ئۇلار ”ئايكەلدىگە نازارەت ئاستىدا كالا بېقىشقا ئەۋەتىلگەن كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار لىيۇ شۇەي يوقاپ كېتىپتۇ“ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ جىددىيلىشىپ كەتكەن. ئادەم ئۆز ئەتراپىدىكى ئادەملەردىن يىراقلاشقاندا ھەرقىسما گەپ-سۆزلەر-نىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ. بەزىلەر: ”كىم بىلىدۇ، ھوقۇقى تارتىۋېلىن-غاندىن كېيىن لىيۇ شۇەي تەقدىرگە تەن بەرمەي، جىن-شەيتانلارنى توپلاپ ئىشخانىغا بېسىپ كىرىشكە تەييارلىنىۋاتامدۇ تېخى،“ دەپ گەپ تارقىتىپ ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتىدىكىلەرنى پاراكەندە قىلماقتا ئىدى. ”كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار“ دەپ تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىنغان گۇڭشې پارتكوم سېكرېتارى لىيۇ شۇەينىڭ ئايكەلدىگە نازەرەت ئاستىدا كالا بېقىشقا ئەۋەتىلىپ بىر ھەپتە ئۆتەر-ئۆتمەيلا يوقاپ كېتىشى ھەممىنى ھەيران قالدۇردى. كۆپىنى كۆرگەن بەزى ساددا كىشىلەر ”لىيۇ-شۇجىنى باغراشتىن چىققان سۇ ئادىمى يەپ كەتكەن بولمىسۇن يەنە؟“ دەپ قىياس قىلىشقانمۇ بولدى. ھوقۇق تارتىۋېلىشقا قاتناشقان بەزى ئاكتىپلار: ”كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار لىيۇ شۇەي دەسلەپتە ئۇرۇمچىدىن چۇشۇرۇلگەن رازىخان، تەلەيخان قاتارلىق جىن-شەيتانلارنى قاچۇرۇۋېتىپ، ئاندىن ئۆزىمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ قېچىپ كەتكەن“ دەپ گەپ تارقاتتى. ئۇلار توپلىشىپ بىرقانچە قېتىم گۇڭشې ئىشخانىسىغا كى-رىپ: ”لىيۇ شۇەينى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىپ تېپىپ كېلىپ بىرقانچە قېتىم كۈرەش قىلىساقلا، قايمۇققان ئاممىنى ماۋجۇشى لۇشيەنىگە قايتۇرۇپ كەلگىلى، ئىنقىلابنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ“ دەپ ۋارقىراپ ئالتوپىلاڭ كۆتۈرگىلى تۇردى. دەل شۇ چاغدا بازار تەرەپتىن بۇغداي باسقان بىر كونا ”ئازاد“ ئاپتوموبىل ئويد-مان-دۆڭ توپلىق، تاشلىق يولدا تۇگمەندە تارتىلغان ئۇندەك چاڭ-توزانلار

پۇرقىراتقىنىچە گۇركىرەپ يېتىپ كەلدى. گوڭشې ئىشخانىسى ئالدىغا يىغىلغان كىشىلەر ئۆزلىرىگە بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان لاۋلىيۇنىڭ ماشىنىسىغا يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا دۈررىدە يوپۇرۇلۇشتى. ماشىنا ئۇلارنىڭ ئالدىدا چىپپىدە توختىدى.

— قارىماسىلەر، ئاغىنىلەر، بىز ئىسيانچىلارنىڭ يەيدىغىنى ئۆكسۈپ قالغانلىقىنى بىلگەندەك، بىر ماشىنا بۇغداي بېسىپ كېلىپ قاغىنىنى!

— ئامەت كەلسە قوشلاپ كېلىپتۇ، دېگەن شۇ، بۇ بىر ماشىنا بۇغداي ھوقۇق تارتىۋېلىشىمىزنىڭ غەلىبىسىگە ئەڭ چوڭ سوۋغا!

— چۈشە، ماشىنىدىن چۈش!

لاۋلىيۇ ئەلپازى بۇزۇق كىشىلەرنىڭ ۋارقىراشلىرىغا پىسەنت قىلماي، كابىنكىدىن ئاستا يەرگە چۈشتى.

— نەدىن كەلدىڭ، بۇ بۇغداينى بىزگە كىم ئەۋەتتى؟

لاۋلىيۇ ھەر تەرەپتىن ياغراۋاتقان سوئاللارغا جاۋاب بەرمەي كىشىلەر توپىغا قايتۇرۇپ سوئال سورىدى:

— گوڭشې پارتكوم سېكرېتارى لىيۇ شۇەي بارمۇ؟

— ئۇنى ئايىكەلدىگە كالا بېقىشقا ئەۋەتكەن؛ تۇيۇقسىزلا يوقاپ كەتتى.

— ئۇنى باغراشتىن چىققان سۇ ئادىمى يەپ كەتتىمىكىن، ھازىرغىچە يوق، — دېدى خەنزۇچە بىرئاز سۆزلىيەلەيدىغان بىر ياش ئۇيغۇر گوڭشې ئەزاسى.

— ئۇ ئۇرۇمچىدىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن ئىككى ئايال جىن-شەيتان-نى قاچۇرۇۋېتىپ، ئۆزىمۇ قېچىپ كەتتى، ھازىر گوڭشې ئىشخانىسىدا قانداق قىلىش ھەققىدە مەجلىس ئېچىلىۋاتىدۇ.

تەرتىپسىز ھالدا دېيىلىۋاتقان بۇ يىگى گەپلەرنى ئاڭلاپ، شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ چىرايى بىردىنلا تارتىرىپ كەتتى. ئۇ ئاپتوموبىلنىڭ ئالدى يان كۆرسىتىش ئەينىكىنىڭ تۆمۈر تاياقچىسىنى قاماللاپ تۇتۇپ ئالدى چاقى گىرۋىكىگە يۆلەنگىنىچە تېڭىرقاپ قالدى. شۇ ئەسنادا گوڭشې ئىشخانىسىدىن دەسلەپ ئۈچ خەنزۇ كادىر، ئاندىن ئۇلارنىڭ كەينىدىن سوكۇلدىشىپ قىيۇم

توختى قاتارلىق تۆتەيلەن چىقىپ كەلدى. بۇغداي بىسىپ ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قالغان ”ئازاد“ ماركىلىق كونا ئاپتوموبىلنى قورشىۋالغان ئىسيانچى-لاردىن بىرقانچىسى ئۇلارنى مەجلىس ئېچىۋاتقان يېرىدىن باشلاپ ئېلىپ چىققان ئىدى. گۇڭشې پارتكوم سېكرېتارى ليۇ شۈەيىنىڭ ھوقۇقنى تارتىۋالغان ئورۇق، ئېگىز بىرەيلەن بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ، ئۆزىگە يول بەرگەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ سوئال سورىغىچە لاۋلىيۇ ماشىنىسىنىڭ كابىنكىسى يېنىدا تۇرۇپ تەمتىرىمەي ئۆزىنى تونۇشتۇردى، ئاندىن ئالدىراپ سورىدى:

—سىز يېزا باشلىقى بولامسىز؟ مەن ئوغلۇم ليۇ شۈەيىنى ئىزدەپ كەلدىم.

قاراپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قىلىپ بىر بىرىگە قاراشتى. ئۇلار تارتىپ چىقىرىلىپ قايتا-قايتا كۈرەش قىلىنغان ليۇ شۈەينى بىرەرسىنىڭ ئىزدەپ كېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى. ھوقۇقى تارتىۋېلىنغان گۇڭشې پارتكوم سېكرېتارى ليۇ شۈەيگە: ”نەگە باردىڭ؟ نەدە تۇردۇڭ؟ نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ياۋاش بول، ياخشى ئەمگەك قىل“ دېگەندىن باشقا گەپ-سۆزلەرنى قىلىشقا پېتىنالمايدىغان ساددا گۇڭشې ئەزالىرى شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ يىراقتىن كېلىپ ئۇنى ئالاھىدە ئىزدەپ ھېچقانداق تەپتارتماي كەلگەنلىكىگە ھەيران بولۇپ بىربىرىگە پىچىرلىشىپ گاھ ماشىنىغا، گاھ شوپۇرغا تىكىلىپ قاراشماقتا. كونا قىشلىق ئىشتان-چاپىنى بىرنەچچە يەردىن يامالغان، يۈز-قوللىرى ماي يۇقى هار-غىن شوپۇر لاۋلىيۇ ئۆزىنى ئورىۋالغانلارغا پىسەنت قىلماي، سالاپەتلىك كۆرۈنگەن بىر گۇڭشې كادىرىغا مىختەك قادىلىپ قاردى. ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بېرىشىنىڭ ئورنىغا ئەڭ ئالدىدا شوئار توۋلاپ چوڭ خەتلىك گېزىت يېزىشقا ئادەتلەنگەن قېيۇم توختى بۇغداي باسقان ماشىنىنى قورشىۋالغان كىشىلەرگە قاراپ چالۋاقاپ:

—كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارنىڭ ئاتىسى قايسى جىن-شەي-تاندىن كەم دەيسىلەر؟ بۇغداينى چۇشۇرۇۋېلىپ، ماشىنىسىنى گۇڭشېدا ئىشلىتىشىمىز كېرەك،—دەپ ۋارقىرىدى.

—بۇ قېرى شوپۇرنى كۆتىگە تېپىپ ھەيدەش كېرەك...
—ھەيدىۋەتمەي، نازارەت ئاستىدا ئىشلىتىشىمىز كېرەك، قويۇۋەتسەك، ئۇنىڭ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ئوغلى ليۇ شۇەي دېگەن بىرنېمىنى نەدىن تاپىمىز؟
شوپۇر لاۋليۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بوش كەلمىدى، ئۇ ئاچچىقلىنىپ ئۆزىنى قورشىۋالغان ئىسيانچىلارغا قاراپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:
—سىلەر ئوغلۇمنىڭ ئورنىدا مېنى تۇتۇپ قالساڭلار بولىدۇ، سىلەر ئىنقىلابچىلارمۇ ياكى بۇلاڭچىلارمۇ؟ ئاشلىق سىياستى—دۆلەتنىڭ تۈپ سىياستى. سىلەر ئاشلىقنى تۇتۇپ قېلىپ بۇ قىلمىشىڭلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامسىلەر؟
ليۇ شۇەيدىن ھوقۇق تارتىۋېلىپ، گۇڭشېغا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان بايىقى ئورۇق، ئېگىز بىرەيلەن ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەۋاتقانلارنىڭ رايىغا باقمىدى. ئۇ ھېچ ئىككىلىنىپ تۇرمايلا كەسكىن بۇيرۇق قىلدى:
—ئاشلىق باسقان ماشىنىنى تۇتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ، قويۇۋېتىڭلار.
بۇ بۇيرۇقنى ئاڭلاپ، ئاشلىق باسقان ئاپتوموبىلنى قورشىۋالغانلار ھاڭ-تاڭ قالدىيۇ، قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنالمىدى. قېيۇم توختى بىلەن بىر خەنزۇ بالا شىملىنى قويۇق بېرىپ ماشىنا كوزۇپىنىڭ ئارقىسىغا. ئۇيغۇرچە "مۇستەقىل پادىشاھلىقنى پاچاقلاپ تاشلاپ شىنجاڭنى ئازاد قىلايلى" دېگەن شوئارنى چاپلىدى. ليۇ شۇەينى ئىزدەپ كەلگەن لاۋليۇنىڭ قايسى ئىدارىدىن كەلگەنلىكىنى سوراپ، ماشىنىسىنىڭ نومۇرىنىمۇ يېزىۋېلىپ قويۇۋەتتى. ئۇلار ئاتىسىنىڭ ئىدارىسىنى يېزىۋالغىنىدا تارتىپ چىقىرىلغان ئوغلى ليۇ شۇەينى مەيلى قەيەرگە قېچىپ كەتسۇن، ئىزدەپ تېپىشىمىز تەس ئەمەس، دەپ بىلدى. ئۇلار ئىلاجسىز شوپۇر لاۋليۇنى قىلچە رازىلىقى بولمىغان ھالدا تاپا-تەنىلەر بىلەن يولغا سېلىپ قويدى.
شوپۇر لاۋليۇ بىللە ماڭغان شوپۇرلاردىن ئايرىلىپ قارىبۇلاق يېزىسىغا كېلىپ ئوغلى ليۇ شۇەينى تېپىپ كۆرۈشۈش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىگە ۋە ئوغلىغا ئەلپازى يامان كىشىلەرنىڭ قوپال گەپ قىلىپ ئادەتلىنىپ قالغان ئاغزىدىن دەشنام يەپ قايتتى. "مۇستەقىل پادىشاھلىقنى

پاچاقلاپ تاشلاپ شىنجاڭنى ئازاد قىلايلى“ دېگەن بۇ شوئارنى بېيجىڭدىن كەلگەن بىر تۈركۈم قىزىل قوغدىغۇچىلار ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ماشىنا كوزۇپىغا چاپلانغان بۇ شوئارنىڭ باش بۆلەك خەتلىرى چۈشۈپ قالغانلىقى تۈپەيلى لاۋلىيۇ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگىنىدە تېخىمۇ قوپال ھاقارەتلىنىشلەرگە ئۇچرىشى تەبىئىي ئىدى. ئۇ ماشىنا ھەيدەۋېتىپ ئۆزىنى قورشىۋالغانلارنىڭ ئەلپازىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇنىڭ ئازار يېگەن كۆڭلى قاينايتتى: ”جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؛— دەپ ئويلىدى ئۇ ماشىنىسىنى ھەيدەۋېتىپ، — ماڭا ھېچقانداق تونۇشلۇقى بولمىغان كىشلەرنىڭ قوپاللىقىنى قارىمامدىغان. ماڭا مۇنداق قوپال مۇئامىلە قىلغان يەردە ئوغلۇمنى قانداق دۆشكەللىگەندۇ ئۇلار. دۇنيادا ھەقىقەت بارمۇ ئۆزى؟ تەڭرى نېمىشقا بۇ ئاپئاشكارا ناھەقچىلىقنى كۆرمەيدىغاندۇ؟ ئوغلۇم ۋە ئۇكام ئازادلىقنى ئىزدەپ كۆرمىگەن كۈنلىرى قالمىدى؛ ئەمدى ئارامخۇدا ياششى كېرەك ئىدىغۇ؟ ئۇكام ۋە ئوغلۇمنىڭ كۆرۈۋاتقان بۇ كۈنلىرىنى مەركەز بىلەمدىغاندۇ؟ ئۈرۈمچىگە بارغان ھامان پۈتۈن ئەھۋاللارنى ماۋجۇشىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشىنىڭ يولىنى بىلىدىغان تەرجىمان رازاق ھوشۇرنى ياكى تەلەيخاننى بېيجىڭغا بېرىشقا دەۋەت قىلمىسام بولمىدى. رازاقنى ياكى تەلەيخاننى بېيجىڭغا ئەۋەتىشنى نېمىشقا بالدۇرلا ئويلىمىغان بولغىيتتىم؟ ئۇلارنى جىڭجۇدىكى ياك لۇشەنگە تونۇشتۇرسام، بىللە بېيجىڭغا بېرىپ جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ كاتىپلىرىغا بولسىمۇ بۇ ناھەق-ئۇۋالچىلىقنى يەتكۈزسە بولماسمىدى...“ — شوپۇر لاۋلىيۇ توساتتىن يولنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا يولنى توغرىسىغا كېسىپ توسۇپ، قول ئىشارىسى قىلىۋاتقان ئۆزىدىن چوڭراق، ئالدىغا بىرئاز ئېڭىشكەن دۈمچەكرەك بوۋاينى كۆرۈپ، ماشىنىسىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ ئارىلىقى بەش مېتىرچە قالغاندا چېپىپ توختاتتى. ماشىنا توسقان ياشانغان بۇ ئادەم ”شەرق قىزاردى“ دادۈيىدە ئىشلەيدىغان ياك بوۋاي ئىدى. ئۇ ئالدىراپ كېلىپ كابىنكىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ لاۋلىيۇغا يالۋۇردى:

— مېنى بازارغا ئېلىۋالسىڭىز بوپتىكەن، قېچىپ بازارغا كىرىۋالغان ئوغلۇمنى يوقلاپ كېلىشكە ماڭغان ئىدىم.

لاۋلىۇ يوغان سومكىسىنى بىر قولىدا چىڭ قولتۇقلاپ ئۆزىگە يېلىنىدۋاتقان ياڭ بوۋايغا كابىنكىنىڭ ئوڭ قانىتىنى ئېچىشىپ تۇرۇپ ئېچىپ بەردى. لاۋلىۇ ئىنتايىن رەھىمدىل، قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئىش بولسا، كىشىلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشقا تەييار ئىدى. ئۇ ئوغلى لىۇ شۈەينىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئوغلىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە غەم قىلىپ كېتىپ بارغاچقا يېنىدىكى ياڭ بوۋاي بىلەن مۇڭدىشىشقا رايى يوق ئىدى. ياڭ بوۋاي ماشىنىغا چىققاندىن كېيىن قاربۇلاق يېزىسىدىكى مالىمانچىلىقنى سۆكۈپ ھوقۇق تارتىۋالغۇچىلارنىڭ ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرى بىلەن كارى بولماي ئادەم تۇتۇش، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشقا كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى قايناپ سۆزلەپ كەتتى. لاۋلىۇنىڭ دەردىمۇ يېتىپ ئاشقۇدەك تۇرسا، تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان بۇ بوۋاينىڭ دەرىگە ئۆزىدە نەدىمۇ دەرمان بولغۇدەك مادار بولسۇن؟ ئۇ ئارتۇق گەپ قىلماي ماشىنىسىنى ھەيدەۋەردى. قاربۇلاق يېزىسىغا ئوغلى لىۇ شۈەينى ئىزدەپ ماڭىدىغان چېغىدا خۇڭمازىنىڭ: «ۋاقتىدا كەل، ئەگەر ۋاقتىدا كەلمىسەڭ، بىز سېنى ساقلىماي كېتىۋېرىمىز، مەسىلە چىقسا ئۆزۈڭ مەسئۇل» دېگەن قوپال ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئېسىگە ئالدى-دە، ساقلاپ تۇرماقچى بولغان ئاشخانا ئالدىغا تېزرەك يېتىپ بېرىشنى نىيەت قىلىپ، ماشىنا سۈرئىتىنى تېزلىتىشكە باشلىدى: ماشىنىغا چۈشۈۋالغان ياڭ بوۋاي شوپۇرنىڭ ئۆزىدىن بىرەر گەپ سورىمىغانلىقىغا قارىماي سوئال سورىدى:

— قاربۇلاقتا ئاشلىق يېتىشمەيۋاتسا، سىز بۇغداي بېسىپ مېڭىپسىزغۇ، ئۇستام سىز نەدىن؟

لاۋلىۇ بوۋاينىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي بولمىدى:

— ئوغلۇم لىۇ شۈەينى ئىزدەپ كەلگەن ئىدىم، ئۇ يوق ئىكەن، كۆرۈشەلمەي كېتىۋاتىمەن...

— ھە، بىزنىڭ لىۇ شۈجىمۇ؟ ئۇ ئىنتايىن ئېسىل كادىر ئىدى. گۇڭشېدىكىلەر كۈرەش قىلىپ بولۇپ كالا بېقىشقا موسا تاپقاق دېگەن بىر پادىچى بىلەن بىرگە ئايكەلدىگە ئەۋەتكەن، بوگۈن تۆتىنچى كۈنگە قەدەم قويدى. خەۋرى يوق. موسا تاپقاق دېگەن ئادەم: «باغراش كۆلىدىن

چىققان سۇ ئادىمى يەپ كەتتىمىكىن، يوقاپ كەتتى» دېيىشىدۇ، بۇ گەپ ھەممە يەرگە تاراپ كەتتى، نەدىمۇ سۇ ئادىمى بولسۇن؟ ليۇشۇجى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئادەم. قاراپ تۇرۇڭ، ئۇ ئەتە-ئۆگۈن پەيدا بولىدۇ.

شوپۇر لاۋلىيۇ ماشىنىسىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى. ئوغلى ليۇ شۇەيىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى، قاربۇلاق يېزىسىدا چوقۇم پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان بۇ بوۋايغا بىردىنلا ئىچلىپ كەتتى.

—سىز ئوغلۇم ليۇ شۇەيىنى كۆرسىڭىز ئۇزۇن يىللاردىن بېرى سىزنى ئىزدەپ يۈرگەن شاڭخەيلىك ئاتىڭىز ليۇ خۇگيۇەن پات-يېقىندا يەنە كېلىدۇ، دەپ ئېيتىپ قويسىڭىز...

—ۋوي، بىز بىر يۇرتلۇق ئىكەنمىزغۇ؟—دېدى ياڭ بوۋاي ھەيران قېلىپ،—مەنمۇ شاڭخەيدىن. كىچىك ئوكام شاڭخەيدە تۇرالماي جېڭجۇدا ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ. ئۆتكەن يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلانماستا ماڭا خەت يېزىپتۇكەن. خېتىم تەگدىمۇ ئۇقمايمەن.

—كىچىك ئۇكىڭىزنىڭ ئىسمى كىم ئىدى؟—دەپ قىزىقىپ سورىدى لاۋلىيۇ ماشىنىسىنى توختىتىپ، ماشىنا قاراشەھەرنىڭ كونا بېكەت بازىرىغا يېتىپ كەلگەن ئىدى.

—كىچىك ئۇكامنىڭ ئىسمى ياڭ لۇشەن، ئۇنى ياڭ ئۇستام دېسە ياكى ياڭ شوپۇر دېسە ئىدارىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تونۇيتتى. خەت كەلمىگىنىگە بىر يىلدىن ئاشتى.

—ياڭ لۇشەننى تونۇيمەن. شاڭخەيدە بىر ئىدارىدە ئىشلىگەن. ئۇنى بىر چاغلاردا جېڭجۇدا كۆرگەن ئىدىم...،—لاۋلىيۇ ھاياجانلىنىپ ئوڭ قولىدا ماشىنىسىنىڭ رولىنى چىڭ قامالالاپ تۇتتى،—ھەرھالدا سىلەر خەت يېزىپ بولسىڭىز كۆرۈشۈپسىلەر. مەن...مەن ئوغلۇم ليۇ شۇەي بىلەن تا ھازىرغىچە تېپىپ كۆرۈشەلمەيۋاتىمەن،—لاۋلىيۇ بىر چاغلاردا شىنجاڭدىن قايتىپ جېڭجۇ شەھىرىگە كەلگەندە قاتناش بېكىتى چېتىدىكى ئاشخانىدا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان ياڭ شوپۇرنى ئېسىگە ئالدى. ياڭ شوپۇرنىڭ ئاكىسى بولغان بۇ ياڭ بوۋاينى ئەينى ۋاقىتتا ھۆكۈمەت مەجبۇرىي

ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ پۇرسەت تېپىپ غىپلا قىلىپ قېچىپ شىنجاڭغا چىقىۋالغان ئىدى، ئارىلىق يىراق بولسىمۇ ئۇلار خەت، ئالاقە قىلىپ ئىزدەپ-سوراپ تېپىشىۋالغان ئىدى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلانغاندا ئۇلارنىڭ خەت-ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇمۇ ئۆتكەن يىلى گومىنداڭ داشقىلى دەپ ئەيىبلىنىپ ئۇچۇغدالغاچقا، بىر چەتكە چىقىرىلىپ قويۇلغان ئىدى. ئۇ قاراشەھەر بازىرىغا ئەكىلىپ قويغان شوپۇر لاۋلىيۇغا رەھمەت ئېيتىپ بولۇپ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— ..خاتىرجەم بولۇڭ، ئوغلىڭىز ليۇ شۈەي پەيدا بولغان ھامان كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا سىزنىڭ ئىزدەپ كەلگەنلىكىڭىزنى ئېيتىمەن. تېخى ئىزدەپ بىللە بارىمىزمۇ تېخى.

شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ قورۇق باسقان ئورۇق يۈزىدە خۇشاللىق تەبەسسۇمى پەيدا بولدى. كابىنكىدىن ھەر ئىككىسى يەرگە چۈشۈپ، قىزغىن مۇڭدىشىشقا باشلىدى.

ۋاقىتنىڭ زىچلىقى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەردى بار كىشىلەرنىڭ خالىغىنىچە، كەڭ كۇشادە مۇڭدىشىۋېلىشىغا يول قويمايدۇ. ئاشلىق توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ماشىنىنىڭ ۋاقتى دۆلەتكە ساداقەتمەن قېرى شوپۇرنىڭ نەزەرىدە ئاۋازسىز بۇيرۇق ئىدى. ئۇ خۇشمازنىڭ: ”ۋاقتىدا كەلمىسەك، بىز سېنى ساقلىماي كېتىۋېرىمىز. مەسىلە چىقسا ئۆزۈڭ مەسئۇل“ دېگەن گېپى ئېسىگە كېلىپ، ئۇنىڭدىن، بۇنىڭدىن سائەت نەچچە بولغانلىقىنى سورۇشتۇرمەيلا ئالدىراپ مېڭىپ كەتتى. قاردبۇلاق يېزىسىدىكىلەر زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ ئاۋارە قىلمىغان بولسا، بىر سائەت ئىچىدە بىللە كەلگەن ماشىنا گۇرۇپپىسى ساقلاپ تۇرماقچى بولغان جايغا كېلىپ بولار ئىدى. بىردەمدىلا ئىككى سائەت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. لاۋلىيۇ بەش تونىنا بۇغداي باسقان ماشىنىسىنى ھەيدەپ بىللە كەلگەن ماشىنا گۇرۇپپىسىغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ خوشۇت ناھىيىسى تەرەپكە، ئۈرۈمچىگە قاراپ يۇقىرى ئۆرلىدى. قاراشەھەر ئويمانلىقىدىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ بېرىش ئۈچۈن تۇرپان ۋىلايىتى بىلەن بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنى ئايرىپ تۇرىدىغان كۆمۈش، ئالغۇي تاغ باغرىنى كېسىپ

ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. يۈك ئېغىر بولغانلىقتىن، كېچىچە يول ماڭغان ھالەتتىمۇ ئۇرۇمچىگە ئەتىسى ئاران يېتىپ بارالايتتى. تېخى يولدا ماشىنا بىرەر تاسادىپىي ۋەقەگە، كاشىلىغا يولۇقامدۇ، لاۋلىيۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلارنى ئويلاشقا ۋاقتى يوق ئىدى. ئۇ ئەتىگەندىن بېرى ناشتىمۇ قىلمىغاچقا، قورسىقى ئېچىپ، ئۆزىدە ھارغىنلىق ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئۈزاپ كەتكەن ئۈچ ماشىنىغا يېتىشىۋېلىش ئىرادىسى چۈشتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خېلىلا بوشاپ قالغان ئىدى. شوپۇرنىڭ يولى ماڭغانغا تۇگەيدىغان يول ئەمەس. چۈنكى ئۇ يولغا يارالغان. لاۋلىيۇ چۈشتىن كېيىن كۇمۇش بېكىتىگە كەلگەندە چەتتىكى بىر مۇسۇلمان ئاشخانىسى ئالدىغا كېلىپ ماشىنىنى ئاستا توختاتتى-دە، كابىنكىسىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ ئۇدۇل ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

شىمالنىڭ كۆل رەڭ قارا ئارىلاش پارچە-پارچە بۇلۇتلىرى كۇمۇش بېكىتىنىڭ ئاسمىنىدا قۇپقۇرۇق تاغ چوققىلىرىنى يانداپ ئاستا-ئاستا جەنۇبقا سۈرۈلمەكتە. مېنى تۇگىگەن، چاقى يېرىلغان، كاشىلىسى ئېغىر بىرقانچە يۈك ئاپتوموبىللىرى يولنىڭ چېتىدە رېمونت قىلىنىشىنى كۈتۈپ توختاپ قالغان. ماشىنىلار يېنىدا ھېچبىر ئادەم كۆرۈنمەيدۇ. ئۇلار تەرەپتىكى ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان ئەسكى-تۈسكى ئۆيلەر ئالدىدا كىيىملىرى ماي يۇقى بىرقانچە ئادەملەر توپ-توپ بولۇشۇپ يول ئۈستىدە كۆرگەنلىرى ھەققىدە پىچىرلاشماقتا. ئۇلار ئۇلار بىلىكىگە قىزىل بەلگە تاقىغان ئورۇقراق بىرەيلەننىڭ يۇقىرىدىن چۈشۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ گويا مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا گەپ-سۆزلىرىنى توختىتىپ تارقىلىپ كېتىشتى، بەزىلىرى يېنىدىكى ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. بۇ يەردىمۇ "ئىسيانچى"لار ھوقۇق تارتىۋالغان بولۇپ، قايتا ھوقۇق تارتىۋېلىشقا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئۇلار كەڭ ئاممىنى ئۆز يېنىغا تارتماقتا ئىدى. ھەرقايسى مەزھەپلەر ئۆز نىشانىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بولغاچقا، بۇرۇن تارتىپ چىقىرىلغان، "جىن-شەيتان" دەپ ئاتالغانلار بىلەن قىلچە كارى يوق، "سەن قايسى كۆزقاراشتا" دەپ سورىغانلارغا لايىقىدا جاۋاب بەرسىلا تۇتۇپ سوراق قىلىنىشتىن، دۆشكەللەشلەردىن قۇتۇلۇپ قالاتتى. لاۋلىيۇ قورسىقى-

نى راسا تويغۇزۇپ بولۇپ ئاشخانىدىن چىقتى. ئۇ كۈمۈش بېكىتىدىن تالاي قېتىم ئۆتكەن، ئۇ بۇ قېتىمقى قىزىل بەلگە تاقىغانلار شالاڭلاپ قالغان، جىددىي ۋەزىيەتتە خېلىلا پەسىيىپ قالغان بۇ بېكەتتە بىرئاز ئارام ئېلىۋېلىشنى ئويلىدىيۇ، ئالدىدا كەتكەن ئۈچ ماشىنىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ، ئارام ئېلىۋېلىشتىن بىردىنلا يالتايدى. ”ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئاشلىقنى چۈشۈ-رۈپ بولۇپ دەرھال قاراشەھەرگە بېرىشىم، ليۇ شۈەينى ئىزدىشىم كېرەك، ماشىنامدىكى يۈك، يەنى ئاشلىق بولمىغان بولسا ئوغلۇمنى تېپىپ كۆرۈ-شۈش ئۈچۈن بىر ھەپتە كېچىكسەممۇ مەيلىتى“ دېدى ئىچىدە. ئۇ توپا، چاڭ-توزان بېسىپ كەتكەن كونا ماشىنىسىنىڭ يان كۆرسەتكۈچ ئەينىكىنى سۈرتۈۋېتىپ، كابىنكىسىگە يېقىنلاشقان بىر قېرى كىشىنىڭ ئۆزىگە گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ كابىنكىگە چىقىشقا تەمشىلىۋېتىپ ئۇ قېرى كىشىنىڭ ئۆزىگە تونۇشتەك قىلغان مۇلايىم ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

— يۇرتداش، ئېغىر كۆرمەي، مېنى ئېلىۋالسىڭىز، توخسۇنغا باراتتىم.

لاۋليۇ ماشىنىسىنىڭ ئالدىدىن سۈركىلىپ ئۆتۈپ ئاغزى تال-تال قىزىل پۆپۈكلۈك خۇرجۇنى بار بۇ ئۇيغۇر بوۋاينىڭ ئالدىغا كەلدى. توخسۇنغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپ لاۋليۇغا تارتىنىپراق يېلىنغان بۇ مۇلايىم قېرى كىشى ھوشۇر قارى ئىدى. لاۋليۇ خەنزۇچىنى قىينالماي بىمالال سۆزلىيەلەيدىغان ھوشۇر قارىنىڭ ئاۋازىنى قەيەردىدۇر بىر يەردە ئاڭلىغاندەك قىلدىيۇ، دەررۇ ئېسىگە كەلتۈرەلمىدى. بېشىغا كونا قاما تۇمىقىنى چۆكۈرۈپ كىيگەن، ئۇچىسىغا ئاپتاپتا رەڭگى ئۆڭۈپ ئاقىرىپ كەتكەن قارا يەكتەكنى سىپتا كەلگەن ھوشۇر قارى شوپۇر لاۋليۇنىڭ بىرنېمە دېيىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ، گاھ تاغ يولىغا، گاھ ماشىنىغا تەلمۈرگىنىچە زەڭ قويۇپ قارايتتى. لاۋليۇ، ئاقىرىپ كەتكەن چاچ-ساقاللى-رى ئۆسۈپ كەتكىنىگە قارىماي ئۇچىسىغا يارىشىملىق يەكتەك، پۇتىغا يېڭى كالاچ، كانا مەسە كىيگەن ھوشۇر قارىنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلاتتى-يۇ، لېكىن ئېنىقراق جەزملەشتۈرەلمەي سوئال سورىدى.

— سىلى بىر چاغلاردا شاڭخەي تەرەپكە ئۆتكەنمۇ-قانداق؟

— ۋوي، سىز شوپۇر لاۋليۇ ئەمەسمۇ؟ مەن ھوشۇر قارى بولىمەن.

مائىشنى كۆرۈك، ئەجەب ياخشى ئۇچرىشىپ قالدۇق. سالامەت تۇرۇپسىز.
..— هوشۇر قارىنى بۇ يەردە ئۇچرىتىپ قېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن لاۋلىيۇنىڭ ماي يۇقى پەلەي كىيگەن قوللىرىنى قوش قوللاپ چىڭ تۇتتى،
— ئۆلمىسەك كۆرۈشىدىكەنمىز، تونۇيالماي قاپتىمەن. چىرايىڭىز ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ،— هوشۇرقارى قېرىپ كېتىپسىز، دېمەكچى ئىدى. بۇ گەپنىڭ قوپال ئاڭلىنىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ گېپىنى ئۆزگەرتىۋالدى. هوشۇر قارىنىڭ ئۆزىمۇ خېلىلا قېرىپ قالغان ئىدى.
— مەن ئاۋازلىرىدىن تونۇغاندەك قىلدىمۇ، جەزملەشتۈرەلمەي سورىدىغىنىم شۇ. هەر ئىككىمىز قېرىپ كېتىپتۇق، ئەمما سىلى خېلى تېتىك تۇرۇپلا، هە، ماشىنىغا چىقايلى. سىلىنىڭ ئۆيۋاقىلىرى هازىر تولخسۇندىمۇ؟
— مېنىڭ ئۆيۈم يوق. نەگە بارسام شۇ يەردە جان بېقىپ يۈرۈۋېرىدىغان تەنها ئادەم مەن،— ئۇ ئۆزىنىڭ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن نوپۇسنى پەيچۇسوغا تىزىملاتقىنىدا هاياتى تۈرمە سىرتىدىكى تۈرمە هاياتىغا ئوخشاپ قالىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزىنى ساقچىغا مەلۇم قىلماي، تەنها ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.
ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇزۇن يىللارغىچە كۆرۈشەلمەي كېلىۋاتقان قەدىناسلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۇچراشقان چاغدىكى قىزغىن سۆهبىتىگە ۋاقىت يېتىشمەيدۇ. لاۋلىيۇ بىلەن هوشۇر قارىنىڭ سۆهبىتى يولغا چىققاندىن كېيىنمۇ تۈگىمىدى. شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ قولى رولدا، قۇلىقى هوشۇر قارىدا، كۆزلىرى ئۇدۇل يول ئۈستىدە ئىدى. ئۇ كۆپ سۆزلىمەي، هوشۇر قارىدىن سۆز ئارىلاپ قىسقا-قىسقا سوئال سوراپ قويۇپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ماشىنا هەيدىمەكتە. نورمال ماڭغىنىدا ئىككى سائەتتە بېسىپ بولىدىغان تاغ يوللىرى، ئوڭ تەتۈر ئايلانمىلار بىخەتەر مېڭىشقا ئادەتلەنگەن شوپۇر ئۈچۈن قاتتىق سىناق مەيدانى. دىققەت قىلمىغاندا كۈتۈلمىگەن خەتەرگە يولۇقۇپ، ئېغىر قاتناش هادىسىسى چىقىش تۇرغان گەپ. شۇڭا لاۋلىيۇ ئايلانمىلار ئاغزىغا كەلگەندە گەپ قىلماي، هوشۇر قارىنىڭ گەپ-سۆزلىرىگىمۇ دىققەت قىلماي، رولنى چىڭ تۇتۇپ ماشىنىسىنى هەيدەۋەردى. هوشۇر قارىمۇ ئېهتىياتچان لاۋلىيۇنىڭ قەلبىنى چۈشەنگەن بولسا كېرەك،

خەتەرلىك ئايلانما تاغ يوللىرىغا يېقىنلاشقاندا قىلىۋاتقان گېپىنى توختاتتى. ماشىنا تاغ ئۈستى يولىدىن توخسۇن بازىرىغا قاراپ چۈشۈۋاتقىنىدا ھوشۇر-قارى كابىنكىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئىلانلىق تەرەپكە قارىدى-دە، لاۋلىيۇغا ئېغىز ئاچتى:

—مان توخسۇن بازىرىغا كىرمەي، ئاۋۇ كۆرۈنگەن ئىلانلىق يولى ئاغزىدا چۈشۈپ قالاي.

—بازارغا كىرمەمدۇق، ئايرىلغىلى شۇنچە يىللار بوپتۇ. بىللە تاماق-لانغاچ راسا مۇڭدىشىۋالامدۇق،—دېدى لاۋلىيۇ ئورۇقلاپ قالغاندەك كۆ-رۈنگەن گەۋدىسىنى ھوشۇر قارىغا بىرئاز يانتۇ قىلىپ قاراپ.

—ياق، مەن بازارغا، ئادەم بار يەرگە زادىلا بارمايمەن. سىزگە رەھمەت. مەن جىگدە دېگەن جايغا بېرىپ بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بىر تۇغقىنىمنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ بولغاندىن كېيىن ئىلانلىق يېزىسىنىڭ چېتىدىكى بىر تۇغقىنىمنىڭ يېنىغا كېتىمەن. مەن دېگەن مۇشۇنداق ئايلىنىپ يۈرىدىغان تەنھا ئادەم. يولدا مانا سىزگە ئوخشاش ياخشى ئادەملەرمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ.—دېدى ھوشۇر قارى شوپۇر لاۋلىيۇغا يەر تېگىدىن قاراپ. ئۇ جىگدىگە بېرىپ ئەينى ۋاقىتتا شېھىت بولغان مەرھۇم قادىر ھەمدۇللاپىۋنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئايەت ئوقۇپ دۇئا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشنى زۆرۈرىيىتى يوق دەپ بىلدى-دە، كېتىشكە ئالدىرىدى. شوپۇر لاۋلىيۇ ئېگىز تاغدىن چۈشۈپ، ئىلانلىق يولغا قايرىلىدىغان ئاچالغا كەل-گەندە ماشىنىسىنى توختاتتى.

—ۋۇي، ھوشۇر قارى ئاخۇن، بىز مەڭگۈلۈك ئايرىلىمىزما؟—دېدى ئۇ ماشىنىسىنى يولنىڭ ئوڭ چېتىگە توختىتىپ قويۇپ.

—سىزگە رەھمەت،—ھوشۇرقارى خۇرجۇنىدىن بىر يۈەنلىك بىر تۇتام پۇل چىقىرىپ لاۋلىيۇغا تەلمۈرۈپ سۇندى،—مەن ”قىزىلبايراق“ كوممۇنىسىغا ئۆتكىنىمدە ئايكەلدىدە رازىخاندىن سىزنىڭ ھايات ئىكەنلى-كىڭىزنى ئاڭلىغان ئىدىم. مەن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىم ئۈچۈن سىزنى ئىزدىيەلمىدىم. خۇدايىم بۇيرۇسا يەنە كۆرۈشىمىز. سىزنى ئىزدەيمەن...

—ھوشۇرقارى ھودۇقۇپ يولنىڭ ئالدى-كەينىگە توشقاندەك زەڭ سېلىپ

قاراپ تاغ ئۇستىدىن بىر ئاپتوبۇسنىڭ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى-دە، ئارسالدىلىقتا نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان لاۋلىيۇغا ئەللىك نەچچە يۈەن پۇلنى مەجبۇرىي تۇتقۇزدى. تاغ ئۈستىدىن چۈشۈۋاتقان ئاپتوبۇستىكى يولۇچىلارغا كۆرۈنۈشنى خالىمىغان هوشۇر قارى گاڭگىراپ قالغان لاۋلىيۇنىڭ "خەير، خوش" دېيىشىنىمۇ كۈتمەي، ئىتتىك مېڭىپ ماشىنىدىن يىراقلاپ كەتتى. لاۋلىيۇ قارىبۇلاق يېزىسىغا ئوغلى لىيۇ شۈەينى ئىزدەپ بارغىنىدا كىشىلەر تەرىپىدىن "باغراشتىن چىققان سۇ ئادىمى" دەپ ئاتالغان كۆزگە كۆرۈنمەس كىشىنىڭ دەل ئادەم سىياقىغا كىرگەن هوشۇر قارى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ خۇرجۇنىنى مۈرىسىگە ئارتىپ ئىلانلىق يولدا ئۆزىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان هوشۇر قارىغا ئاخىرقى قېتىم قارىۋالغاندىن كېيىن ماشىنىسىنى هەيدەپ توخسۇن بازىرى بېكىتىگە يۈرۈپ كەتتى. دەرۋەقە، لاۋلىيۇ توخسۇن بازىرىغا كەلگەلىگىنىدە كۈتۈلمىگەندە هادىسىگە يولۇقتى. بۇ — قاتناش هادىسىسى ئەمەس، پاتىپاراقچىلىق يۈز بېرىۋاتقان توقسۇن بازىرىدا قەيەردىندۇر ئېتىلغان ئوق تېگىپ ماشىنىسىنىڭ ئالدىنقى بىر چاقى يېرىلىپ كېتىش هادىسىسى ئىدى. شۇڭا توخسۇن بازىرىدا ئىككى كۈن هايال بولۇشقا توغرا كەلدى. ئۇ قانداقلا قىلىپ بولسۇن ئۈرۈمچىگە تېز بېرىپ ئاشلىقنى چۈشۈرۈپ بولۇپلا رۇخسەت بەرسىمۇ، بەرمىسىمۇ قاراشەهەرگە بېرىپ ئوغلى لىيۇ شۈەينى ئىزدەش قارىغا كەلگەن ئىدى. ئىسائەتمەن، ياۋاش شوپۇر لاۋلىيۇ ئۈرۈمچىگە بارغىنىدا ئۇنى يەنە قانداق كېلىشمەسلىكلەر كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ بۇنى ئويلاشقا ۋاقتى يوق ئىدى.

× × ×

لىيۇ شۈەي كېچىچە پىيادە يول يۈرۈپ تاڭ ئاتاي دېگەندە ئاقبۇلاق كەنتىگە يېتىپ كەلدى. قارىبۇلاق يېزىسىغا تەۋە، قاراشەهەر بازىرىغا ئون كىلومېتىرچە كېلىدىغان ئاقبۇلاق كەنتىنىڭ دوقمۇشىدا قۇرۇپ كەتكەن قومۇش باغلاملىرى بىلەن تۇتاش قاشالانغان ياڭ بوۋاينىڭ تار هويلىسى چوقچىيىپ تۇراتتى. تېخى تاڭ ئاتمىغانلىقى ئۈچۈن قارىبۇلاق يېزىسى بىلەن قاراشەهەر بازىرى ئوتتۇرىسىدا قاتنايدىغان تراكتور، ئاپتوموبىللار

يوق، پۈتۈن ئەتراپ جىمجىتلىققا چۆككەن ئىدى. ئوڭغۇل-دوڭغۇل يوللا-
ردا پىيادە يول يۈرۈپ چارچاپ كەتكەن ليۇ شۆەي ئۆزىگە تونۇش بولغان
ياڭ بوۋاينىڭ قومۇش ۋە دەرەخ شاخلىرى بىلەن قاشالانغان تار هويلا
ئىشكىنى ئالدى-ئارقىغا ئىتتىرىپ تۆۋەنرەك ئاۋازدا توۋلاشقا باشلىدى. بىر
هازادىن كېيىن ياڭ بوۋاي تېخى تاڭ ئاتمىغان چاغدا هويلا ئىشكىنى
تاقىلدىتىپ ئارقا-ئالدىغا ئىتتىرىپ چاقىرىۋاتقان كىمدۇ، دەپ قورقۇپ
ئۆيىدىن چىقىپ بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ هويلىسىنىڭ ئىشىكى
ئالدىغا يېقىن يولماي ئاستا ۋارقىرىدى:

—ك... ىم...

—مەن—ليۇ شۆەي، ئىشىكىڭىزنى ئاچسىڭىز، بىر گېپىم بار ئىدى.

ياڭ بوۋاي ئالدىراپ-تېنەپ يۈگۈرۈپ كېلىپ هويلىسىنىڭ كېلەڭسىز
ئىشكىنى ئۇلۇغ ئاچتى:

—ۋوي، ليۇ شۇجى، تېز كىرىڭ. سىزنى ئىزدەي دەپ تۇراتتىم.
ئىزدەيدىغانلىقىمنى بىلگەندەك ئۆزىڭىز كەپسىز.

ياڭ بوۋاي هېرىپ-چارچاپ كەتكەن ليۇ شۆەينى ئۆيىگە باشلىدى.
بىر بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيدە ياڭ بوۋايدىن باشقا
هېچكىم يوق، ئايالى ۋە كىچىك ئوغلى قېچىپ قاراشەهەر بازىرىغا كىرىۋال-
غان چوڭ ئوغلىدىن خاتىرجەمسىزلىنىپ تۈنۈگۈن ئەتىگەندە بازارغا كې-
تىشكەن ئىدى، ليۇ شۆەي هېرىپ هالىدىن كەتكەن ئىدى، ئۇ ياڭ
بوۋاينىڭ كۆرستىشى بويىچە ئوتتۇرىدىكى ئۆيدىن ئوڭ تەرەپتىكى ئۆيگە
بېشىنى تۆۋەن قىلىپ كىردى. ياڭ بوۋاي هېرىپ كەتكەن ليۇ شۆەينىڭ
ئاچ قورساق ئىكەنلىكىنى پەملىدى بولغاي، چۆشتە دەملەپ قويغان بىر
چايدان چاي بىلەن يېرىم لېگەن جەۋەندە مومىنى ئوتتۇرىدىكى ئۆيدىن
ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇ ئوتتۇرىدىكى ئاشخانا ئۆيگە قايتىپ چىقىپ
كېتىپ بىر قولىدا دەز كەتكەن ئىككى چىنىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئېھتىيات-
چانلىق بىلەن ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشكىنى يەنە بىر قولىدا ئاستا
ياپتى-دە، ئالدىرىغىنچە ليۇ شۆەيگە، ئاندىن ئۆزىگە چاي قۇيدى.

—ليۇ شۇجى، سىزنى گوڭشېدىكىلەر يوقلاپ كەتتى، دەپ ئىزدەشكە

ئادەم بەلگىلەپ تەرەپ-تەرەپكە ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. راست، ئىپتىماق-چى، ئاتىڭىز تىرىك ئىكەن، ئۇ سىزنى قارىبۇلاق يېزىسىدا ئىكەن دەپ ئاڭلاپ بۇ يەرگە كېلىپ كەتتى.

—ئاتام تىرىكمىكەن؟ ئۇ مېنى ئىزدەپ مەشەگە كەلدىما؟—ليۇ شۇەينىڭ ھاڭ-تاڭ قالغان چىرايىدا خۇشاللىق تەبەسسۇمى جىلۋىلەندى. ئۇنىڭ بايىقى ھارغىنلىقىنى بىردىنلا جۇشقۇن روھ ئىگەللىدى.

—ئاتىڭىز سىزنى ئىزدەپ كېلىپ كەتتى، موسا تاپقاق سىزنى يوقاپ كەتتى، دەپ گۇڭشېغا خەۋەر قىلغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئاتىڭىز كېلىپ سىزنىڭ يوقلۇقىڭىزنى بىلگەندىن كېيىن يەنە كېلىمەن دەپ ئالدىراپ كېتىپ قالدى.

ليۇ شۇەي ياڭ بوۋاينىڭ سۆزىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى:

—بۇ قالتىس خەۋەرغۇ بۇ...

—راست، ئاتىڭىز لاۋليۇ ئاشلىق باسقان ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئالايدە-تەن سىزنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئاشلىقنى چۈشۈرۈپ بولۇپلا كېلىمەن، ئوغلۇمغا دەپ قويۇڭ، دېدى. مېنى قاراشەھەر بازىرىغا ئاپىرىپ قويۇپلا كېتىپ قالدى. بىللە كەلگەن ماشىنىلارغا يېتىشۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ ماڭغاندەك قىلىدۇ. ليۇ شۇەي ئاتىسىنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەن-لىك خەۋرىنى ئاڭلاپ ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇپ، ھاياجىنىنى باسالماي ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ھازىرلا ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىدى-غان ئەلپازى بىلەن سورىدى:

—ھازىرلا يولغا چىقسام ئاتامغا يېتىشىۋالالايمەنمۇ—قانداق؟

—ئولتۇرۇڭ ليۇ شۇجى، ئاتىڭىز قاراشەھەردىن كەتكىلى ئۈچ-تۆت كۈن بولدى. ئەتە يولغا چىقسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز. گەپ قارىبۇلاق يېزىسىدىكىلەرگە كۆرۈنمەي بۇ يەردىن تېز چىقىپ كېتىشىنىڭ ئامالىنى قىلىشتا قالدى. چوڭ يولدا قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە مېڭىۋاتقان ماشىنىلار ئاز ئەمەس. رازى قىلىۋېتىمەن دەپ بىرئاز يېلىنسىڭىز ھەرقانداق ئۇيغۇر شوپۇر سەن قايسى كۆز قاراشتا دەپ سوراپ تۇرمايلا ئۈرۈمچىگە تېز

ئاپىرىپ قويىدۇ.

ليۇ شۇەي موما يەۋېتىپ ئويلىدى: «مېنىڭ يۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى چوقۇم ئايكەلدىدە كالا باققان رازىخان بىلەن تەلەيخان دېگەن بولسا كېرەك. مەن ئۇرۇمچىگە بېرىپ چوقۇم ئۇلارنى ئىزدەيمەن. ئۇلارنىڭ ياردىمىدە قاتناش نازارىتى ئارقىلىق جەنۇبتىن ئاشلىق توشۇۋاتقان شىر-كەت- كالونلارنى ئىزدەپ تېپىپ سۈرۈشتۈرۈپ ئاتامنى تاپىمەن...»

— ئىككى- ئۈچ سائەت ئۇخلىۋېلىڭ. ئاندىن سىزنى مەشەدىلا يولغا سېلىپ قوياي، — دېدى ياڭ بوۋاي ئەستەرلىك چاپىنىنىڭ ئىچىگە تىكىۋەت-كەن يۈز يۈەن پۇلنى سۆكۈپ ئېلىپ ليۇ شۇەيگە تۇتقۇزۇپ، — ئۆيىڭىزگىمۇ بارماڭ. قېيۇم توختى قاتارلىقلار سىزنى ئىزدەپ تىمىسقىلاپ ئۆيىڭىزنىڭ ئەتراپىدىن نېرى كەتمەيۋېتىپتۇدەك.

ليۇ شۇەينىڭ مائاشى تۇتۇلماي تولۇق بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ ئىقتىسا-دىي ئەھۋالى دېگەندەك ياخشى ئەمەس ئىدى. مائاش تارقىتىشقا بىر ھەپە قالغاچقا، يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان ليۇشۇەي پۇلغا ناھايىتى ئېھتىياجلىق ئىدى. دەردىگە دەرمان بولۇپ تۇرغان ياڭ بوۋاينىڭ قولىدىن يۈز يۈەننى سانىمايلا ئېلىپ خۇرسەندىلىكىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ بايا ئاپتاپتەك ئېچىل-غان چىرايى غەم- غۇسسە ئىچىدە تۇتۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ مەزگىلسىز كېتىپ قالغان ئاتىسى بىلەن ئۇچرىشالمىغانلىقىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ قاتتىق ئۆكۈنمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ھازىر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقىنى ئايالى، ئوغلى ۋە قىزى ئەمەس، ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى كۆرۈشەلمەيۋاتقان ئاتىسىنى ئىزدەپ تېپىپ كۆرۈشۈش ئىدى.

ياڭ بوۋاي ئۆزىگە ۋە ليۇ شۇەيگە ئورۇن سالدى. ليۇ شۇەي كېچىچە پىيادە يول يۈرۈپ ھېرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاتىسىنىڭ ئىزدەپ كەلگەنلى-كى ھەققىدىكى خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغاچقا كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ياڭ بوۋاي ئۇنى بىر- ئىككى سائەت بولسىمۇ ئۇخلىۋېلىشقا مەجبۇرلىدى. ئۇلار يېتىپ ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي بىر ھازا مۇڭداشتى. ليۇ شۇەي ئۆز ھالىنىڭ ناچارلىقىغا قارىماي ئۆزىنى قىزغىن كۈتۈپ ۋە پۇل بېرىپ يولغا سېلىۋاتقان-لىقى ئۈچۈن ياڭ بوۋايغا چىن كۆڭلىدىن مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى،

گۈڭشىدىكىلەرگە ئۇقتۇرماي ئۆيىگە ئۆزىنىڭ ئاتىسىنى ئىزدەپ ئۇرۇمچىگە كەتكەنلىكىنى دەپ قويۇشنى ئۆتۈندى. ئۇلار ئۆزئارا پىچىرلىشىپ بىرىنچى توخۇ چىللىغاندا ئۇيقۇغا كەتتى.

ياڭ بوۋاي قاتتىق ئۇخلاۋاتقان ليۇ شۇەينى كۆن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ئويغاتتى. ليۇ شۇەي دەررۇ ئورنىدىن تۇردى. ئۆزىنىڭ ئۇخلاۋېرىپ خېلى بىر ۋاخ بولغانلىقىنى بىلگەن ليۇ شۇەي ئالدىراپ سىرتقا چىقتى. ئۇ يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ ناشتا قىلىشنىمۇ رەت قىلىپ دەرھال ماڭاي دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ياڭ بوۋاي:

—ليۇ شۇجى، سىز ئۆيدە تۇرۇپ تۇرۇڭ. بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى سىزنى تونۇيدۇ. مەن بىر ئامال قىلىپ قاراشەھەر بازىرىغا بارىدىغان ماشىنىغا سېلىپ قوياي،—دېدى-دە، ليۇ شۇەينى ئۆيگە مەجبۇرىي كىرگۈزۈۋېتىپ، دۆڭدىكى ماشىنا يولىغا چىقتى. ليۇ شۇەينىڭ تەلىيىگە يارىشا، ”شەرق شاملى،“ ماركىلىق بىر ئاپتوموبىل ياڭ بوۋايغا ئۇچراپ قالدى. ياڭ بوۋاي ئوچۇق كۆڭۈل بىر ئۇيغۇر شوپۇرنى قول ئىشارىسى قىلىپ توختاتتى-دە، بىر دەم سۆزلەشكەندىن كېيىن ليۇ شۇەينى پەسكە چۈشۈپ ئوڭ قولىنى پۇلاڭلىتىپ ئىشەنچلىك ئاۋازدا چاقىردى:

—ليۇ شۇجى، تېز بولۇڭ. بۇ ئۇيغۇر شوپۇر سىزنى سېلىۋالىدىغان بولدى!

—ليۇ شۇەينىڭ ھېچقانداق يوكتاقسى يوق ئىدى، ئۇ خۇشال ھالدا يۈگۈرۈپ دۆڭگە چىقىپ ئۇ ئۇيغۇر شوپۇر بىلەن قىزغىن سالاملاشقىنىچە ماشىنا كابىنكىسىغا چىقتى. ماشىنا ھېچبىر ھايالسىز مېڭىپ كەتتى. ياڭ بوۋاي ماشىنا يولىنىڭ چېتىدە ليۇ شۇەيگە بىر قولىنى پۇلاڭلاتقىنىچە چاڭ-توزانلار ئىچىدە خوشلىشىپ قالدى.

ليۇ شۇەي قاراشەھەر بازىرىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئۇيغۇر شوپۇرغا رەھمەت ئېيتىپ ئۈرۈمچى يولىغا چىقتى ۋە قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە يۈك بېسىپ ماڭغان يەنە بىر رەھىمدىل ئۇيغۇر شوپۇرغا ئۇچراپ قالدى. ئۇ ئۇيغۇر شوپۇر ليۇ شۇەينىڭ كابىنكىغا ئېسىلىپ ئۆزىگە يالۋۇرۇۋاتقانلىقىغا ئىچى ئاغرىدى بولغاي، كابىنكىسىنى ئېچىپ بەردى. ليۇ شۇەي خەنزۇچە-

نى بىمالال سۆزلىيەلەيدىغان بۇ ئۇيغۇر شوپۇردىن مىننەتدار بولۇپ تۈز يولغا چىققاندا ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ ماڭدى. ئۇيغۇر شوپۇر لىيۇ شۇەينىڭ ئاتىسى توغرىسىدا سۆزلىگەن ئاڭلاۋېتىپ: ”ئادەم دېگىنى دەپ ئاتالغان دۆلىتىمىزدە تۇغقانلار ئۇزۇنغىچە بىر بىرى بىلەن ئۇچرىشالماي ئۆتۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللارنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. مەن بۇ ئادەمنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپلا قويماي، ۋاقتىم يەتسە ئاتىسىنى تېپىپ ئۇچراشتۇرۇپ قويىمەن“ دەپ ئويلىدى. لىيۇ شۇەي بۇ ئۇيغۇر شوپۇرنىڭ قىزغىن ئىپادىسىنى كۆرۈپ ئاتىسى لاۋلىيۇنى ئۈرۈمچىگە بېرىپلا كۆرىدىغان ئىشەنچ بىلەن بېشىنى سوزۇپ، كابىنكىنىڭ چاڭ-توزان باسقان ئەينىكىدىن ئالدىغا قارىدى. ماشىنا سۈرئىتىنى باغانسېرى تېزلىتىپ ئۈرۈمچىگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە.

—ماشىنا بىرەر كاشىلا، تاسادىپىي بىرەر ھادىسىگە ئۇچرىماي تىنىم-سىز مېڭىۋاتقان ئىكەن، كۈتكەن مەنزىلىگە ئۆز قەرەلىدە يېتىپ بېرىشى تۇرغان گەپ. ئەمما ”ئاتام بىلەن كۆرۈشىدىغان بولدۇم“ دەپ خۇشاللىق كەيپىياتىغا چۆمگەن لىيۇ شۇەي ئاتىسى لاۋلىيۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقى-نى، ئۈرۈمچىدە نېمە ئەھۋاللار يۈز بەرگەنلىكىنى ئۇقمايتتى. ئۇ ئۆزىنى ئېلىپ كېتىۋاتقان رەھىمدىل ئۇيغۇر شوپۇرغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، ماشىنا كابىنكىسىدىن ئۈرۈمچى يولىغا تەلمۈرۈپ قاراپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. لىيۇشۇەينى ئېلىپ ماڭغان ئېغىر يۈك ئاپتوموبىلى مۇشۇ تېزلىكتە مېڭىۋەر-سە ئۈرۈمچىگە يېرىم كېچىگە قالماي يېتىپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى. ئەگەر توقسۇن ناھىيىسىنىڭ قاتناش بېكىتىدە قونۇپ قالسا ئۈرۈمچىگە ئەتىسى يېتىپ بارالايتتى.

# ئونىنچى باب

## پاجىئە

يېقىلدىڭ، بىز ئەركىن بولساقلا، بىراق،
هالاكەت ئىلكىدىن تۇرىسەن يىراق!
ئۇنتۇلۇپ قېلىشقا ئاقمىدى يەرگە،
بولۇپ پاك تېنىڭدىن قۇتلۇق قان بۇلاق.
ئۇ بىزنىڭ تومۇردا ياسار زور ئېقىن،
ياشار هەر نەپەستە مەرد روهىڭ ئۇزاق!*

—گ. بايرۇن

قاتناش شىركىتىنىڭ ئاسمىنىغا قازاننىڭ كۆيىسىدەك قاپقارا بۇلۇتلار ئاستا-ئاستا سۈرۈلۈپ كېلىشكە باشلىدى. ئەتىگەنلىكى هاۋا تۇتۇق بولغانلىقتىن كۈننىڭ ئۆرلىگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. كۆپ ئۆتمەي ئالدى بىلەن سائەتتى بار ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىرلەپ، ئىككىلەپ ئىدارىگە كېلىشكە باشلىدى. گاۋ شىمىن ئەڭ دەسلەپ كېلىپ ئالدىراش ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. سابىق شىركەت مۇدىرى شۈي خەيلۇڭ قايتا-قايتا كۈرەش قىلىنغان بولسىمۇ، تۆۋەنامە يېزىپ ئۆزىنى تەكشۈرمەيۋاتاتتى. گاۋ شىمىن گەرچە چاڭ باۋشۇ، لاۋگولارنىڭ ئۇنى ئايرىم نەزەربەنت قىلايلى دېگىنىگە

* «غەزنە گىرۋەكلىرى» (مۇهەممەت ئىمىن تەرجىمىسى) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1984-يىل 2-ئاي 1-نەشرى، 11-بەت.

قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق نەزەربەنت قىلىشنىڭ قىلچە ئۈنۈمى بولمايۋاتقانلىقىغا ئىچى تىت-تىت بولماقتا ئىدى. گاۋ شىمىن ئىشخانىسىغا چاڭ باۋشۇ بىلەن لاۋگولارنى چاقىرىپ ئۇلارغا بۇ مۇھىم، باش قېتىنچىلىقى بولغان يېڭى ۋەزىپىنى تاپشۇردى:

—شۈي خەيلۇڭ ھازىرمۇ شىركەتتە قاماپ قويغىنىمىز بويىچە تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنى سولاپ قويماي سىرتتا نازارەت قىلغان ياخشى. سىلەر ئىنچىكىلىك بىلەن خىزمەت ئىشلەپ، جاھىللىق قىلماي خاتالىقلىرىنى تونۇغاندىلا ئىستىقبالى بولىدىغانلىقىنى قايتا-قايتا ئېيتىڭلار. خاتالىقلىرىنى تونۇپ، تەكشۈرۈشنامە يازسا، چوڭ خەتلىك گېزىت قىلىپ چىقارساق قايمۇققان ئاممىنى ئوڭشاي قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. مەن يىغىنغا بارىمەن. شىركەت ئەھۋالىدىن دوكلات قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلمىسام بولمايدۇ. يىغىندىن قايتىپ كەلگەن ھامان شۈي خەيلۇڭ ھەققىدە سىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىمەن.

—يىغىنغا بېرىۋېرىڭ، بىزدىن خاتىرجەم بولۇڭ،—دېدى ئۇلار.

—قاماپ قويۇش توغرا ئەمەس ئىدى—كېيىنرەك سىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشەلمىدىم، قويۇپ بەرگىنىمىز ياخشىمۇ-قانداق، ئويلىنىپ كۆرەرسىلەر،—دېدى ئۇ. چاڭ باۋشۇ بىلەن لاۋگو ئۇ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ياخشى ئورۇندايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئىشخانىدىن قايتىپ چىقىشتى. گاۋ شىمىن ئىشخانىسىدا قالدى ۋە ئەتە يىغىنغا ئېلىپ بارىدىغان دوكلاتىنى تەييارلاشقا كىرىشتى. ئەتىسى چاڭ باۋشۇ چۈشتىن كېيىن شىركەت دوختۇرخانىسىنىڭ چېتىدىكى شۈي خەيلۇڭ سولاپ قويۇلغان مەخسۇس ئۆي يېنىغا كېلىۋىدى، شۈي خەيلۇڭنى نەزەربەنت قىلىپ ساقلاشقا قويۇلغان قوغداش خادىمى بىلىكىدىكى قىزىل يەڭ بەلگىسىنىڭ سىرىلىپ چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي، پاپپاسلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ دوكلات قىلىشقا تەمشەلدى.

—نېمە گەپ؟ شۈي خەيلۇڭ قېچىپ كەتتىمۇ-يە؟ نېمە ئالاقزادىلىك بۇ؟

—ياق، بۇ ئادەم تاماق يېيىشكە ئۇنۇمسىزلىق قىلىپ تۇردى. قەغەز، قەلەم

سىيا بېرىڭلار. بايانات يازىمەن، دەۋاتىدۇ.

چاڭ باۋشۇ ئۇنىڭ دوكلاتىغا پەرۋا قىلماي، ”سەن كىرمە، سىرتتا تۇرۇپ تۇرغىن، ئۆزۈم سۆزلىشىمەن“ دەپ قويۇپ، ئۆزى يالغۇز شۆي خەيلۇڭ بىلەن سۆزلەشكىلى كىرىپ كەتتى. بىر هازادىن كېيىن چاڭ باۋشۇ ئىشىكنى جالاقىىدە يېپىپ، بېشىنى چايقاپ سىرتقا چىقتى. ئۇنىڭ شۆي خەيلۇڭدىن ئېغىر گەپ ئاڭلاپ، ئاچچىقىنى باسالماي قورساق كۆپۈكى تارتىپ چىققانلىقى ئېنىق ئىدى. جەمئىيەت ئېغىر قالايمىقانلاشقاندا يالغان گەپلەرنىڭ بازىرى ئىتتىك بولىدۇ. ئۇ هە دېگەندىلا چوقۇر يۈزى چوغدەك قىزىرىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن خۇڭمازا دېگەن لەقەم سىڭىپ كەتكەن گو كەيشېڭنىڭ ئاشلىق باسقان ئۈچ ماشىنىسىنى باشلاپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى، شۆي خەيلۇڭنىڭ ئاكىسى شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ ئوغلۇمنى ئىزدەيمەن دەپ قاراشەهەردە قالغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلىگە ئاللىقانداق ئويلار كەلگەن ئىدى. ئىدىيىدە ئارىسالدىلىقتا قالغان كىشىلەر قىلدۇۋاتقان ئىشنىڭ توغرىلىقىغا دېيەرلىك ئىشەنچ هاسىل قىلالمىغاندا هەممىدىن گۇمانلىنىدۇ. چاڭ باۋشۇ 2-كالوندىكى بىرەيلەننىڭ ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ دۈيجاڭلىق ئورنىنى ئىگىلەش نىيىتىدە ئويدۇرۇپ چىقارغان يالغان-ياۋداق گەپلىرىگە ئىشىنىپ كەتتى. ئۇ 2-كالون بىلەن 5-ئاپتوبۇس كالونىدا ۋە باسما زاۋۇتتا پەيدا بولغان ”لاۋلىيۇ قاراشەهەردە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلانغان ئوغلى ليۇشۇەينى باشلاپ كېلىپ، ۋاڭ دۈيجاڭ، باتۇر قادىر، رازاق هوشۇر، تەلەيخانلارنى ئىشقا سېلىپ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان هوقۇقدار ئۇكىسى شۆي خەيلۇڭنى يۆلەپ قايتا هوقۇق تارتىۋالماقچى“ دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ چۆچىدى. ئۇ بۇ گەپلەرنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئېنىقلاش نىيىتىدە 2-كالونغا كەتتى. ئۇ لاۋلىيۇ قاراشەهەردىن بالدۇرراق كەلسە، ئۇكىسىغا نەسىهەت قىلىشنى تاپىلىساق، تېخىچە باش ئېگىپ تۆۋە قىلمايۋاتقان شۆي خەيلۇڭ ئەگەر بولمىغاندا خاتالاشقانلىقىغا تەن بېرىپ ئۆزىنى تەكشۈرۈپ بىرنەرسە يازمىسىمۇ ياۋاشلانسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەگەر لاۋلىيۇ ئۇكىسى شۆي خەيلۇڭغا نەسىهەت قىلىشنى رەت قىلسا، ئۇلارنىڭ بىرلىشىپ قايتا هوقۇق تارتىۋېلىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى جەزم

قىلىشقا بولىدۇ، دەپ ھېسابلىدى.
كۆك چاپان كىيگەن لاۋگو كۆل رەڭ ئىشتىنىنىڭ ئىككى يانچۇقىغا قوللىرىنى تىقىپ، بۆكىنى ئال دېسە بېشىنى ئالىدىغان ئەلپازىدا ئالدىغا ئېڭىشىپ ماڭىدىغان خوجمازىنى باشلاپ سولاپ قويۇلغان ئىشكى قۇلۇپ-لانمىغان ئۆيگە يېقىنلاشتى. شۈي خەيلۇڭنى قېچىپ كېتىدۇ، دەپ ئويلى-مىغان كۆزەتچى سەمەت موللا ئىشىكنى قۇلۇپلىماي، ئۆيگە تاماقلىنىشقا كەتكەن ئىدى. شۈي خەيلۇڭ ياتقان ئۆيگە لاۋگو ئالدى بىلەن كىردى. كەينىدىن سوگدىشىپ خوجمازا كىردى.
ئۇزۇنچاق، كىچىك ئۆينىڭ تۆرىدە بىر كونا ياغاچ كارىۋات قويۇقلۇق بولۇپ، ئورۇن-كۆرپىلىرى كارىۋاتنىڭ ئوك تەرىپىگە رەتلىك يىغىلغان. ئۆينىڭ سول يان تېمىغا تىرەپ قويۇلغان سىرى يوق كونا ئۈستەل ئۈستىدە بىر چايدان ۋە بىرقانچە جىگموما دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. شۈي خەيلۇڭ ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىنى سوراق قىلىش نىيىتىدە كىرگەن لاۋگو بىلەن خوجمازىغا غەزەپ بىلەن تىكتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرماي پەرۋاسىزلىق بىلەن كۆزلىرىنى يەر تېگىدىن تىكىپ "نېمە گېپىڭ بار؟" دېگەندەك قىلىپ ھومايدى. لاۋگو بىلەن خوجمازا "گەپنى نەدىن باشلىساق بولار" دەپ ئويلاپ تەمتىرەپ بىر-بىرىگە قاراشتى. كىچىككىنە ئۆينى يېرىم مىنۇتلۇق جىمجىتلىق باستى. بۇ جىمجىتلىقنى لاۋگونىڭ بۇزۇشى تەبىئىي ئىدى:
—شۈي خەيلۇڭ، ماۋجۇشى: ئىنقىلاپ قىلىشنىڭ ئىلگىرى-كېيىن-لىكى بولمايدۇ، دەپ ئېيتقان. سەن ھازىر توغرا يولغا قايتىپ كەلسەڭمۇ كېچىكمەيسەن. مەيدانىڭنى توغرىلاپ...
—مەيدانىمنىڭ توغرىلىقىنى تېخىچە ئۇقمامسەن؟ سېنى ئەينى ۋا-قىتتا پارتىيىگە قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ رەت قىلغانلىقىمنىڭ ئۆزى مېنىڭ توغرا مەيداندا تۇرغانلىقىمنى كۆرسەتمەمدۇ؟ سەن تېخى ماڭا دەرس ئۆتكىچىلىك بولدۇڭما؟ بىلىپ قوي، ئامما مەندە خاتالىق بار دېسە، سەندەك قارا نىيەتنى ئۆز ۋاقتىدا جازالىماي، ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەنلىكىمنى دېسە بولىدۇ،—دېدى شۈي خەيلۇڭ غەزەپ بىلەن. ئۇ كۆرەش قىلىنغاندا

دېيەلمىگەن گەپلىرىنى يۈز تۇرانە تۇرۇپ دەۋالغانلىقى ئۈچۈن روھىي بىر ئاز كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

لاۋگونىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. لاۋشۈينىڭ دەل جايىغا تەگدۈرۈپ دېگەن گەپلىرى ئۇنىڭ جېنىغا تەگدى بولغاي، ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ، يەرنى قاتتىق تېپىپ غوڭشۇپ چىچاڭشىپ كەتتى.

—شۈي خەيلۇڭ، جاھىللىق ساڭا ھەرگىزمۇ ئەسقاتمايدۇ، مەسلەڭنى تاپشۇرامسەن-يوق؟—دەپ ۋارقىرىدى لاۋگو. ئۇ ئاچچىقلانغىنىنى بىلەن لاۋشۈينىڭ ئۆزىگە مىختەك تىكىلىپ تۇرغان قەھرلىك كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىيالمىدى. ئۇ گازىر كۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ ئۇ ياققا، بۇ ياققا ماڭغىلى تۇردى. ئۇ لاۋشۈينى سوراق قىلىش مەيدانىدا تۇرغىنى بىلەن كۆڭلى دەككە-دۈككىدە ئىدى. ئۇ ھوقۇقى تارتىۋېلىنغىنى بىلەن ۋۇجۇدىدا غەزەپ-نەپرىتى ئەكىس ئېتىپ تۇرغان لاۋشۈينىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا دۇچ كەلمەكتە ئىدى.

—تۆھمەت قىلىپ جان بېقىش رەزىل كىشلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى. پارتىيە چوقۇم مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەڭ ياخشى خۇلاسە چىقىرىدۇ. ئەينى چاغدا سەن روسىيە قىزىل ئارمىيىسىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ شىنجاڭغا قېچىپ چىققان روس كاپىتانى ئىۋان ئىۋانوۋىچ بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇپ قانداق جىنايى ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغانلىقىڭنى، ھازىرمۇ سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇپ كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىڭنى يوشۇرۇپ قالالمايسەن،—دېدى شۈي خەيلۇڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ. مەسىلىنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. شۈي خەيلۇڭ سوۋېت ئىتپاقىغا چىقىپ كەتكەن ئىۋان ئىۋانوۋىچنى تىلغا ئېلىۋېتىپ، لاۋگونىڭ گازىر كۆزىگە مىختەك قادىلىپ، چىرايىدىكى ھەربىر ئۆزگىرىشكە ئاستىرتىن دىققەت قىلدى. ئۇ ھوقۇقى بار چېغىدا لاۋگو توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ گەپنىڭ ئاشكارىسىنى دەۋەتتى. ئاندىن: "يەنە نېمە دېمەكچىسەن؟" دېگەندەك قىلىپ كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ سوراقچى قىياپىتىدە ئۇنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتۈپ تۇردى.

لاۋگو ئەمدىلا تۇتاشتۇرغان تاماكىسىنى ئىچىگە بىرنەچچە قېتىم

شورىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خاتىرجەمسىزلىنىشتىن جىددىي چۆچۈش ھالىتىگە ئۆتكەنلىكىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، يەرگە ”تۇفى“ دەپ تۈكۈرۈپ قولىدى-كى تاماكىسىنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى. خۇڭمازا چالۋاقاپ لاۋگوغا بولۇشۇپ يىغىلغان يوتقان-كۆرپە ئۇستىدىكى «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ 3-تومىغا يانداپ قويۇلغان «كومپارتىيە ئەزالىرى-نىڭ تەربىيىلىنىشى ھەققىدە» ناملىق كىتابنى بىگىز قولى بىلەن كۆرسى-تىپ تۇرۇپ:

—ئۆلگىچە ئۆزگەرمەيدىغان كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارنىڭ جاھىللىقىنى قارىمامدىغان، ليۇ شياۋچىنىڭ قارا كىتابىنى تېخىچە ئەتىۋار-لاپ ساقلاپ ئوقۇۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟—دەپ شۇي خەيلۇڭنىڭ ئالدىغا ھۆركىرەپ كەلدى.

—ليۇ شياۋچىنىڭ قارا كىتابىنى ئەتىۋارلاپ ساقلاش ۋە ئوقۇش ھاجەتخانىدىكى گرانىت تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن قېرى خائىنىنىڭ جاھىلانە قىياپىتىنى ئاشكارىلىشى بولماي نېمە؟—دېدى لاۋگو ئاچچىقلانغان ھالدا.

ئۇ شۇي خەيلۇڭغا يۈزتۇرانە گەپ قىلالماي، خۇڭمازىنىڭ ئەلپازىغا قاراپ يۆتەلدى. بۇ ئۇنىڭ ئەمدى سوراق قىلىش نۆۋىتى ساڭا كەلدى“ دەپ خۇڭمازىغا بېشارەت بېرىشى ئىدى.

—خاتالىقلىرىڭنى تونۇپ، تۆۋبىنامە يازامسەن—يوق؟—دەپ ھەيۋە قىلىپ شۇي خەيلۇڭغا تېخىمۇ يېقىنلاشتى خۇڭمازا. ئۇ شۇي خەيلۇڭ ئۆزى توغرا دەپ بىلگەن مەيداندىن ياندىغان بىرەر ئالامەتنى سەزمىدىلا ئەمەس، ئۆزىگە قارشى قەھرى-غەزەپ بىلەن پولات مىختەك تىكىلگەن قەتئىيەتلىك كۆز ۋە قارا بۇلۇتتەك تۈتۈلغان غەزەپلىك چىرايىنى كۆردى، ئاندىن كەسكىن جاۋابىنى ئاڭلىدى:

—مەندە پارتىيىگە، ماۋجۇشىغا يۈز كېلەلمىگۈدەك خاتالىق يوق. تۆۋبىنامىنى مەن ئەمەس، سىلەر يازساڭلار بولىدۇ.

لاۋگو تار، ئۇزۇنچاق ئۆيدە بىردەم ئۇ ياققا، بىردەم بۇ ياققا مېڭىپ، ئىغىر بېسىقلىق قىلىپ ئۈنچىقمىدى، خۇڭمازا دەپ لەقىمى بار گو كەيشىڭ بىگىز قولنى شىلتىپ تۇرۇپ چالۋاقاپ سوراق قىلدى:

—يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ، جىن-شەيتانلارنى
توپلاپ، 5-ئاپتوبۇس كالونىدا، 2-كالونىدا ۋە باسما زاۋۇتتا قايتا ھوقۇق
تارتىۋېلىشقا قۇتراتقىنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىدىن تەتۈر ھېساب
ئېلىش بولماي نېمە؟
—تۆھمەت! تۆھمەت ھەقىقەتنى رەت قىلالمايدۇ. سەن مېنى يەمە-
سەن؟...—شۈي خەيلۇڭ يۈزىگە ئۇرۇلغان ئۈچ شاپىلاقتىن، مەيدىسىگە
ئۇرۇلغان كېيىنكى بىر مۇشتتىن سەنتۈرۈلۈپ كارىۋاتنىڭ ئورۇن-كۆرپە
يېغىلغان تەرىپىگە قىيسىيىپ يىقىلدى ۋە مەيدىسىنى چىڭ تۇتقىنىچە
بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇڭمازىنى ئىككى قولى بىلەن كۈچەپ كەيند-
گە ئىتتىرىۋەتتى. خۇڭمازىنىڭ دۈشكەللەپ ئۇرۇشى شۈي خەيلۇڭغا ناھا-
يىتى ھار كەلدى. ئۇ ئازادلىق ئۇرۇشى يىللىرىدىكى دۈشمەنلەردىن ئە-
مەس، ”ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەنىنى جان تىكىپ قوغدايمىز“ دەپ
يالغان ئېيتىۋاتقان ئادەملەردىن ئىككىنچى قېتىم تاياق يېيىشى ئىدى.
ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئىككىيلەنگە قارشىلىق كۆرسىتىپ قول ياندۇرۇش
مادارى بىرئاز بولسىمۇ، تەۋەككۇل قىلىش نىيىتى يوق ئىدى. قەھرى-غە-
زەپ ئادەمدە كۈچ ھاسىل قىلىشى تەبىئىي. شۈي خەيلۇڭنىڭ ئىككى قول
بىلەن كۈچەپ ئىتتىرىشى تۈپەيلى كەينىگە تاشلانغان خۇڭمازىنىڭ گەۋد-
سى مېڭىشتىن توختاپ مەگدەپ قالغان لاۋگوغا ئۇرۇلۇپ، ھەر ئىككىسى
يەردىكى بىرقانچە پارچە خىشنى دەسسىۋالدى-دە، يىقىلغىلى تاس قالدى.
لاۋگو ئاچچىقلىنىپ: ”ئۆلۈك يولۋاس تىرىلىپتۇ، دېگەن شۇ. نوخۇلىسىنى
ئېلىپ قويمىساق بولمىدى بۇ قېرى يولۋاسنىڭ. سەن تېخى بىزگە قول
ياندۇرغۇچىلىك بولدۇڭما؟“—دەپ شۈي خەيلۇڭغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى-
دە، كارىۋاتقا ئۇنى گەۋدىسى بىلەن باستى. خۇڭمازىنىڭ چوقۇر يۈزى
تاتىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ دەرغەزەپ بىلەن:
—توختا، بۇ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارنىڭ مېڭىسىگە ماۋ
زېدۇڭ ئىدىيىسىنى مىخلاپ ئورنىتىپ قويايلى،—دېدى-دە، تامدىكى ماۋ-
جۇشى سۈرىتى ئاستىدىكى ئۈچ سانتىمېتىرچە كېلىدىغان مىخنى ئۇنىڭ قولى
بىلەن يۇلۇپ ئالدى، ئاندىن سول قولى بىلەن يەردىكى ئۆزى دەسسىۋال-

غان پارچە خىشنى ئېلىپ شۈي خەيلۇڭ بىلەن ھەپىلىشۋاتقان لاۋگونىڭ يېنىغا كەلدى. لاۋگو چىرايى تاتارغان ھالدا قەھرى-غەزىپى بىلەن شۈي خەيلۇڭنى ئۇرۇش ئۈچۈن مۇشتۇمىنى كۆتۈرگەن ئىدى، خۇڭمازىنىڭ بولجۇڭ گۆشلۈك بىلىكىگە تېگىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى پارچە خىش يەرگە چۈشۈپ كەتتى. خۇڭمازا يەرگە ئېگىشتى. چۈشۈپ كەتكەن خىش كۆزنىگە چېلىقمىغاندىن كېيىن سول قولى بىلەن مىخنى چىڭ تۇتۇپ، شۈي خەيلۇڭنىڭ بېشىغا تىرەپ ئوڭ قولى بىلەن كۈچەپ باستى. شۈي خەيلۇڭ ئۆزىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن بېسىپ تۇرغان لاۋگونىڭ ئاستىدا تەۋرىنىپ يۇلغۇنۇپ بىر ئىڭرىدى-دە، ھوشىدىن كەتتى. لاۋگو ھوشسىز دۈم ياتقان شۈي خەيلۇڭنىڭ ئۈستىدىن گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئاسان يۇمۇلىدىغان كازىر كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ چەكچىيىپ ئۆرە تۇرغىنىچە كەيىنگە داجىدى. ئاندىن جۇڭمازىغا كۆز ئىشارىسىدە: ”بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ئۆلسە چاتاقنىڭ چوڭى چىقمامدۇ؟“ دېگەندەك قىلىپ زور ۋەھىمە ئىچىدە ئۇنىڭغا قارىدى. خۇڭمازا دائىم دېگۈدەك يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ چوڭ سۆزلەيدىغان لاۋگونىڭ تىترەك باسقان روھىي ھالىتىنى كۆرۈپ ئەجەبلەنگىنىچە بوش ئاۋازدا ئۇنى قورقماسلىققا ئۈندىدى.

—جۇڭگودا بىر كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار يوقالسا نېمە بولماقچى؟ يۈرۈك، تېز چىقىپ كېتەيلى، بۇ ئۆيگە كىردۇق، دەپ بىر كىمگە تىنمىساقلا بولدى ئەمەسمۇ؟—دېدى خۇڭمازا. ئۇ ھودۇقۇپ ۋەھىمگە چۈشكەن لاۋگوغا ئۆزىنىڭمۇ ئالاقزادىلىكىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئۇنىڭ ”بىر كىمگە تىنمىساقلا بولدى“ دېگىنىدىن ئۈمىدلەنگەن لاۋگو ناھايىتى تېزلىكتە «كومپارتىيەي ئەزالىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى ھەققىدە» ناملىق كىتابنى ھوشىدىن كەتكەن شۈي خەيلۇڭنىڭ ئوڭ قول بىلىكىگە باستۇرۇپ قويدى. «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»نىڭ 3-تومىنى سول پۇتىنىڭ ئاستىغا قىستۇرۇپ قويۇپ، خۇڭمازىنى باشلاپ ھېچبىر ئىشنى كۆرمىگەن ئادەمدەك قىياپەتكە كىرىپ ئۆيدىن خاتىرجەم چىقىپ كەتتى...

چەتكە قېقىلغان باتۇر قادىر ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ ماۋجۇشىغا، جۇ ئېنلەي زۇڭلىغا يېزىۋاتقان ئۇزۇن خېتىنى داۋاملاشتۇرۇۋېتىپ ئېغىر دەرد-

جىدە ھارغىنلىق ھېس قىلدى. ئۇ باشقا ئىدارىلەردە تارتىپ چىقىرىلغان
بەزى كادىرلار بىلەن مۇڭدىشىپ، ئۇلارنىڭ خەت يېزىپ ماۋجۇشىغا،
جۇئېنلەي زۇڭلىغا ئەۋەتكەندە ئۆز قولىغا تەگمىسىمۇ، ئەڭ بولمىغاندا
كاتىپلىرىغا بولسىمۇ تېگىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدى. ئۇ ئۆزى ھەققىدە،
ئاپىسى رازىخان ۋە سىڭلىسى تەلەيخان ھەققىدە، شۇنداقلا شىركەت
مۇدىرى سېكرېتار شوي خەيلۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى لاۋلىيۇ ھەققىدىمۇ
توختىلىپ مەركەزدىن بۇ ئۇۋۇالچىلىقنى توسۇشنى تەلەپ قىلىدىغان خەت
يېزىش بىلەن بەنت ئىدى. ئۇ چارچاپ كېتىپ ئىشخانىسىدىن بىردەم ئارام
ئالغىلى سىرتقا چىقتى. ۋە شوي خەيلۇڭنى نازارەت قىلىپ باقىدىغان
گۆزەتچىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ: ”شوي خەيلۇڭ قويۇپ بېرىلدىمۇ يە؟
“ دەپ ھەيران قىلىپ، شوي خەيلۇڭ سولاپ قويۇلغان ئۆيگە قاراپ
ماڭدى. شىركەت ھويلىسىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. دوختۇرخانىدىن يېرىم
چاقىرىم يىراقلىقتىكى قوغداش بۆلۈمى ئىشخانىسىدىن دەرۋازا باققۇچى
مۈگدەك باسقان كۆزلىرىنى ئىككى قولى بىلەن ئۇۋۇلاپ سىرتقا چىقتى-دە،
دەرۋازا ئالدىدا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇيقۇسىرىغان ھالدا ئىش-
خانىسىغا كىرىپ كەتتى. شوي خەيلۇڭ سولاپ قويۇلغان ئۆي جىمجىتلىققا
چۆككەن ئىدى. باتۇر قادىر بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ مېڭىپ شوي
خەيلۇڭ نەزەربەنت قىلىنغان ئۆيگە كىرىپ كۆپ ئۆتمەي چىرايى ئۆڭگەن
ھالدا يۈگۈرۈپ چىقتى. ۋە سېرىق توفلىيىنىڭ بوغقۇچلىرى يېشىلىپ
پۇتىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغىنىغا قارىماي ئۇدۇل شىركەت دوختۇرخا-
نىسىغا يۈگۈردى. ئۆيگە كىرىپ تاماقلىنىپ چىققان ئوتتۇز ياشلار چامىسى-
دىكى سەمەت موللا ئىسىملىك بىر گۆزەتچى باتۇرقادىرنىڭ شوي خەيلۇڭ
سولاپ قويۇلغان ئۆيدىن چاچراپ چىقىپ ئالاقزادا بولغان ھالدا دوختۇر-
خانىغا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: ”نېمە ئىش بولدى؟“ دەپ
ۋارقىرىدى. باتۇر قادىرنىڭ بۇ قوپال سوئالغا جاۋاب بېرىدىغانغا نەدىمۇ
ۋاقتى بولسۇن؟ ئۇ ئالاقزادە بولۇپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان باتۇر قادىردىن
ھېچبىر جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن: ”ئۇ مېنىڭ يوقلۇقۇمدىن پايدىلىنىپ
شوي خەيلۇڭ بىلەن بىرەر مۇھىم ئىش توغرىلىق سۆزلىشىۋالدىمۇ-يە،

نېمىشقا مۇنداق ئالدىرايدىغاندۇ؟“ دەپ بىرئاز جىددىيلىشىپ شۆي خەي-لۇڭ ياتقان ئۆيگە كىردى. كۆزەتچى سەمەت موللا ئۆيگە كىرىپلا چۆچۈپ كەتتى، ئاق سېرىق چىرايى تاتىرىپ مەڭدەپ قالدى. شۆي خەيلۇڭ كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ئۆلۈكتەك ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئوڭ قولى ئاستىدا ليۇ شاۋچىنىڭ «كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى ھەققىدە» ناملىق كىتا-بى ئېچىقلىق، ئايىغى تەرەپتە تۇرۇلۇپ قالغان ئەدىيال ئۈستىدە «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»نىڭ 3-تومى تۇراتتى. كۆزەتچى سەمەت موللا قور-قۇپ، ھوشسىز ياتقان شۆي خەيلۇڭنىڭ يېنىغا يېقىنلاشمىدىلا ئەمەس، كەينىگە داجىپ چېكىندى. شۇ ئان ئاق خالات كىيگەن بويى ئېگىز شىركەت دوختۇرى باتۇر قادىرنىڭ ھەمراھلىقىدا ياتاققا كىرىپ كەلدى. دوختۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، شۆي خەيلۇڭنىڭ ھوشىدىن كەتكەن بولسىمۇ ھايات ئىكەنلىكىنى، قۇتۇلدۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، دوختۇرخانىغا چىقىپ كېتىپ، ناھايىتى تېزلىكتە قايتىپ كىرىدى ۋە ئوكۇل سېلىشقا تەييارلاندى. باتۇرقادىر ئىككى تىزىنى كارىۋاتقا شۆي خەيلۇڭنىڭ بېشىدى-كى شالاڭ چېچى ئارىسىدا ئۇيۇپ قالغان قان داغلىرىنى كۆرۈپ: ”دوخ-تۇر، بېشىغا قاراڭ، قان داغلىرى تۇرىدۇ“ دېدى. ئانغىچە ئۇزۇنچاق، تار ئۆيگە كىمنىڭ تارقاتقانلىقى نامەلۇم بولغان ”شۆي خەيلۇڭ ئۆلۈۋالماقچى بوپتۇ“ دېگەن يېقىمسىز خەۋەرنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۈستى-ئۈستىلەپ كىرگىلى تۇردى. دوختۇر ئوكۇل قويغاندىن كېيىن سەل مىدىرلاپ كۆزلى-رىنى ئاچقان شۆي خەيلۇڭ بېشىنى يانتۇ قىلىپ باتۇر قادىرغا قارىدى-دە، ”با...تۇر...با...تۇر“ دەپ ئىنجىقلىدى. سول قولىنى كۆتۈرۈپ بېشىنىڭ مىخ قېقىلغان جايىغا ئۇزاتقان ئىدى، دوختۇر دەررۇ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە چىرايىنى تۈرۈپ:

—بېشىدا مىخ بار ئىكەن. قولدا ئېلىۋېتىلسە خەتەرلىك. دەرھال مىدىتسىنا ئىنستىتۇتى دوختۇرخانىسىغا يۆتكىمەي بولمايدۇ،—دەپ ۋارقىرىدى.

شۆي خەيلۇڭ ھوشىغا كېلىپ جۆيلۈشكە باشلىدى. ئۇ ليۇ شاۋچى، دېڭ شياۋپىڭ، خې لۇڭ، پېڭ دېخۇەي...دېگەن ئىسىملارنى ئۇزۇپ-ئۇ-

زۇپ تىلغا ئالاتتى. تۇرۇپ ”با...تۇر، باتۇر...“ دەيتتى. ئىككى قولىنى كۆچەپ كۆتۈرۈپ بېشىغا ئۇزىتىپ مىخ قېقىلغان جايىنى تاتىلاشقا، مىخنى ئېلىۋېتىشكە ئۇرۇناتتى. دوختۇر باتۇر قادىرنى شۇي خەيلۇڭنىڭ يېنىدىن كەتمەي، قوللىرىنى بېشى تەرەپكە ئۇزىتىشقا يول قويماي، چىڭ تۇتۇپ تۇرۇشنى تاپىلىدى-دە، شىركەت رەھبەرلىكىگە مەلۇم قىلىش ئۈچۈن نەق مەيداندىن چىقىپ كەتتى.

× × ×

شوپۇر لاۋلىۇ كوزۇپىدىكى جەنۇبتىن ئېلىپ كەلگەن ئاشلىقنى چۈشۈرۈپ بولۇپ، قۇرۇق ئاپتوموبىلنى باسما زاۋۇت يولى بىلەن 2-كالونغا ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، بىر توپ كىشىلەرنىڭ مېڭىۋاتقان ماشىنىسىغا يوپۇرۇلۇپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ماشىنىسىنى باسما زاۋۇت ئالدىدا توختىتىپ، بۇ يەردە نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىش مەقسىتىدە بېشىنى كابىنكىسىدىن چىقىرىپ قارىدى. ئۇ ھاۋشىپ ھېچبىر ئاۋاز چىقارماي ئېتىلىدىغان ئىتلاردەك ئۆزىگە قارشى كېلىۋاتقان ئەلپازدا يامان كىشىلەرنى كۆردى. ئۇلار ئىچىدە بىلەكلىرىگە ”قىزىل قوغدىغۇچى“ بەلگىسىنى تاقىۋالغان روھى كۆتۈرەڭگۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە باشقا ئىدارە، زاۋۇت-كان، كارخانىلاردىن كەلگەنلەرمۇ باردەك قىلىدۇ. شوپۇر لاۋلىۇ بۇرۇن ئۇچراشمىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى تونۇمىدى.

—ماشىنىنى زاۋۇت ئىچىگە ھەيدە. قەغەز توشۇيمىز،—دەپ ۋارقىرىدى كالتەك، نەيزە تۇتقانلاردىن بىرقانچىسى گويا نېمە دەيدىغانلىقىنى ئالدىن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك بىرخىل قوپال تەلەپپۇزدا.

—مەن جەنۇبتىن ئاشلىق توشۇپ ھازىر كەلدىم. سىلەر كىم بولىسىلەر، دۆيجاڭ بىلەن تېخى كۆرۈشمىدىم. ماڭا ھېچكىم قەغەز توشۇغىن، دېمىدى...

—بىز دېسەك بولمامدىكەن، ھەيدەمسەن-يوق!

—مەن جەنۇبتىن ھازىر كەلدىم؛—لاۋلىۇنىڭ ئاۋازىنى ئاپتوموبىلنى قورشىۋالغان كىشىلەرنىڭ تەرەپ-تەرەپتىن ۋارقىراشقان قالايمىقان ئاۋازلىرى بېسىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا باسما زاۋۇت ئىچىدىن تەلەيخان چىرايى

تاتارغان هالدا ماشىنىسىنى توختىتىپ كابىنكىسىدىن چۈشۈۋاتقان لاۋلىيۇ-نىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

—تېز بولۇڭ، لاۋلىيۇ، شۇجى لاۋشۈي شىركەت دوختۇرخانىسىدا ئېغىر ئاغرىق، هوشىدىن كېتىپتۇ. چاپسان ماڭايلى،—دەپ ۋارقىرىدى ئۇ جەنۇبتىن هېلىراقتا قايتىپ كەلگەن لاۋلىيۇ بىلەن هېچبىر تىنچلىق سوراش-مايلا. شوپۇر لاۋلىيۇ هاسراپ تېز-تېز نەپەس ئېلىۋاتقان تەلەيخاننىڭ قانداقتۇر بىر جىددىيلىكنى ئىپادىلەپ تۇرغان چىرايىنى كۆرۈپ ماشىنىسى-نىڭ كابىنكىسىنى قولۇپلاپ تەلەيخان بىلەن بىرگە شىركەت دوختۇرخانى-سى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى. ئانچە كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي باسما زاۋۇتىنىڭ هەرقايسى سېخلىرىدىن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ قويۇپ چىققان يىگىرمە نەچچە ئىشچى كەينىدىن چىقىپ يۈگۈرۈپ شوپۇر لاۋلىيۇ بىلەن تەلەيخانغا يېتىشىۋالدى. ئۇلار قەغەز بولاشقا كەلگەنلەر بىلەن بەس-مۇنازىرە قىلىشىپ ئۇلارنى توسۇيالمىغانلىقتىن شىركەتكە هال-ئەه-ۋال ئېيتقاچ سابىق شىركەت مۇدىرى شۈي خەيلۇڭ شۇجىدىن هال سورىغىلى ماڭغانلار ئىدى...

شوپۇر لاۋلىيۇ هاسراپ-هۆمىدەپ شىركەت دوختۇرخانىسىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئۈكسىي قامالغان تار، ئۇزۇنچاق ئۆيگە بۆسۈپ كىردى. سابىق شىركەت مۇدىرى سېكرېتار شۈي خەيلۇڭ ياتقان ئۆينىڭ ئالدىدا ئادەملەر تىقما-تىماق ئىدى. ئەهۋالدىن مۇتلەق خەۋىرى بولمىغان بەزى كىشلەر ئۆزئارا پىچىرلىشىپ: ”بۇ ئۆيگە ئەڭ ئاۋۋال باتۇرقادىر كىرىپتۇ، ئاندىن دوختۇرنى چاقىرىتىپۇ، شۇجى هوشىغا كېلىپ باتۇر قادىرنى غەزەپ بىلەن تىللاپتۇ، كۆزەتچى سەمەت موللا بىلەن دوختۇرمۇ باتۇرقادىرنى تىلغا ئالغاندا بار ئىكەن...“ دېيىشە، ”ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق“ تەشكىلاتىدى-كىلەر: ”باتۇر قادىرنىڭ كاپىتالىزم يولغا ماڭغان هوقۇقدار شۈي خەيلۇڭغا بۇرۇندىنلا ئۆچى بار ئىدى. ئاپىسى رازىخان بىلەن سىڭلىسى تەلەيخاننى تۆۋەنگە چۈشۈرگەندە ئۇ شۈي خەيلۇڭ بىلەن قاتتىق تاكاللاشقان، مانا ئەمدى ماڭا نۆۋەت كەلدى دەپ قەستلەپتۇ...“ دېيىشەتتى. ئۇلار شوپۇر لاۋلىيۇ كەلگەندە پىچىرلىشىشتىن توختاپ ئۇنىڭ شۈي خەيلۇڭ ياتقان ئۆيگە

كىرىشكە ئارقىغا داجىپ چېكىنىپ يول بېرىشتى. سابىق شىركەت مۇدىرى لاۋشۈي كارىۋات ئۈستىدە تورۇسقا قاراپ كۆزلىرىن چىڭ تۇمۇپ ھوشسىز ياتاتتى. باتۇر «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ 3-تومىنى بېشى تەرەپكە قويۇپ، «كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىلىنىش ھەققىدە» ناملىق كىتابنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئورۇن كۆرپىسى ئاستىغا يوشۇرۇپ قويۇپ تاتارغان ھالدا ھوشسىز ياتقان لاۋشۈينىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئۇ شوپۇر لاۋلىيۇنى كۆرۈپ ئورنىدىن دەس تۇردى. سېكرېتار لاۋشۈي ياتقان كارىۋاتنىڭ بېشىدا يېشى كۆزلىرىدىن يامغۇردەك تۆكۈلۈپ تۇرغان ئايالى جاڭ يۇمېي بىلەن يالغۇز ئوغلى ۋە ئىككى قىزى ئېگىشىپ شۈي خەيلۇڭنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايى بىلەن چىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇلار لاۋلىيۇنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ باشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ يىغلامسىرىغىنىچە ھوشسىز ياتقان سابىق شىركەت مۇدىرىغا قاراشتى. لاۋلىيۇ ئۇلارنىڭ كۆز يېشىنى كۆرۈپ ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلدى ۋە يۈگۈرۈپ كېلىپ كارىۋاتقا يۆلىنىپ تۇرۇپ، ئۇكىسى شۈي خەيلۇڭنىڭ ئەسلى ئىسمىنى ئاتاپ چاقىردى:

—ئۇكام خۇۋلى، نېمە بولدۇڭ؟ سېنىڭ ھېچبىر يېرىڭ ئاغرىمايتتىغۇ؟ —ئۇ ئۇكىسىدىن سوئالىغا قارىتا جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن ئۆرە تۇرغان ئېگىز بويلۇق تەمكىن دوختۇرغا قارىدى، —دوختۇر، بۇ نېمە ئىش؟ ئۇكامغا نېمە بولدى؟

دوختۇر ئېغىر بېسىقلىق بىلەن جاۋاب بەردى:

—مۇدىر لاۋشۈينىڭ بېشىغا مىخ قېقىلغان. ھازىر ئۆزى ئۆلۈۋالماقچى بولغانمۇ ياكى بىرسى قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولغانمۇ، بۇنى ئېنىقلاشتىن كۆرە دەررۇ چوڭ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ بېشىدىن مىخنى ئوڭۇشلۇق ئېلىۋېلىش مۇھىم. چاڭ باۋشۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ كىچىك ماشىنا بىلەن گاۋ مۇدىرغا دوكلات قىلغىلى كەتتى. شىركەتتە ماشىنا يوق. بولغان ھالەتتىمۇ ئېلىپ ماڭىدىغان شوپۇرنى تاپقىلى بولمايدۇ.

—ماشىنا بولغان ھالەتتىمۇ ھەرقايسى چوڭ دوختۇرخانىلار تەرەپتە ئەلەم كۆرۈشى بولۇۋاتسا، قانداق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ؟ —دېدى بىر

كادىر بىرئاز ئېچىنغان هالدا.
—مېنىڭ ماشىنام بار. كېسەلنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭغان ماشى-نىنى توسۇيدىغان قانداق ئادەملەر ئىكەن ئۇ؟ مەن ئۇلاردىن قورقمايمەن. ماشىنامنى هازىرلا هەيدەپ كېلەي—دېدى لاۋلىيۇ دەررۇ ئورۇنىدىن تۇ-رۇپ. ئۇ ئۇكىسى لىيۇ خۇڭلىنىڭ كارىۋاتتا هوشسىز ياتقان ئېچىنىشلىق هالىتىنى كۆزئالدىغا كەلتۈرۈپ ىسىرتقا چىقتى-دە، باسما زاۋۇت تەرەپكە يۈگۈردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە هېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ شىركەت دوختۇر-خانىسى تەرەپكە كېلىۋاتقان رازاق هوشۇر بىلەن رازىخاننى ۋە باتۇر قادىرنىڭ ئايالى هاشىخاننى، كەينىدىن بولسا تېگىرقاپ بىر-بىرى بىلەن تۆۋەن ئاۋازدا پىچىرلىشىۋاتقان بىرمۇنچە كىشىلەرنى كۆردىيۇ، گەپ قىلىشقا چولىسى تەگمىدى بولغاي، ئارقا-ئالدىغا قارىماي يۈگۈرۈپ مېڭىۋەردى.
شوپۇر لاۋلىيۇ هاسىراپ-هۆمۈدەپ باسما زاۋۇتقا يېقىنلاشقاندا، ماشىنا كابىنكىسىنى تېز ئېچىش ئۈچۈن ئىچكى يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى ئىزدەۋې-تىپ، ماشىنىسىنىڭ توختىتىپ قويغان يەردە يوقلۇقىغا ئەجەبلىنىپ قەدى-مىنى ئاستىلاتتى. ئۇ باسما زاۋۇتنىڭ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن ماشىنىسى-نىڭ قەغەز ئىسكىلاتى يېنىدا توختىتىپ قويۇلغانلىقىنى، بىرمۇنچە كىشى-لەرنىڭ ماشىنا كوزۇپىدىكى چاپلانغان چوڭ خەتلىك شوئارلارنى كۆرۈپ، بەس-بەس بىلەن ئۆزئارا پىچىرلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. "قىزىل قوغدىغۇ-چى" بەلگىسىنى تاقىۋالغان ئوتتۇز نەچچە ئوقۇغۇچى بىلەن بىرگە سىرت-تىن كەلگەن ناتونۇش بىرمۇنچە كىشىلەر هە دەپ ماشىنىغا قەغەز بېسىۋا-تاتتى. چوڭ خەتلىك گېزىت، شوئار چىقىرىش ئۈچۈن قەغەز لازىم بولۇپ قالغاچقا، سىرتتىن كەلگەنلەر باسما زاۋۇتتىكى "ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق" تەشكىلاتىدىكى بىر قىسىم ئىسيانچىلار بىلەن مەخپىي تىل بىرىكتۈرۈپ قەغەز ئىسكىلاتىنى بۇلاۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. شوپۇر لاۋلىيۇ ماشىنىسى ئالدىغا كېلىپ كابىنكە ئەينەكلىرىنىڭ چېقىلغانلىقىنى كۆرۈپ ۋارقىرىدى:
—ماشىنا ئەينەكلىرىنى چاققان كىم؟ سىلەر نېمە ئادەملەر؟ قەغەز دۆلەتنىڭ تۇرسا، سىلەر نەگە ئاپارماقچى؟
—قاراڭلار، ماۋۇ ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ خورىكىنىڭ ئۆسۈپ كەتكى-

نىنى!—دېدى ئىسكىلاتتىن قەغەز ئېلىپ كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقانلارنىڭ بىرسى.

—مەن ئەكسىلئىنقىلابچى ئەمەس، مەن سىلەرگە ئوخشاش ئۇرۇش، بۇلاش، چېقىش بىلەن شۇغۇللانمىدىم. دۆلەت ئۈچۈن ئاشلىق توشۇپ كەلدىم...

—ئاشلىق توشۇپ كەلگەنمىش. ماشىناڭنىڭ كوزۇپىدىكى مۇنۇ شوئارلارنى نەدىن ئېلىپ كەلدىڭ؟ قاراپ باق.

لاۋلىيۇ ماشىنا كوزۇپىدىكى ئۇيغۇرچە ”مۇستەقىل پادىشاھلىقنى پاچاقلاپ تاشلاپ، شىنجاڭنى ئازاد قىلايلى“ دېگەن شوئارنىڭ كېيىنكى يېرىمىنى كۆرۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۆزى ھەققىدە غۇلغۇلا قىلىۋاتقانلىقىغا پىسەنت قىلمىدى. ”شىنجاڭنى ئازاد قىلايلى“ دېگەن خەتتىن باشقىسى سويۇلۇپ يولدا چۈشۈپ قالغان بولغاچقا، خەنزۇچە بىلىدىغان قىرىق ياشلار چامىسىدىكى ھېيتقارى ئىسىملىك بىر كىشى سويۇلۇپ چۈشۈپ قالغان ”مۇستەقىل پادىشاھلىقنى“ دېگەن سۆزلەردىن كېيىنكى ”شىنجاڭنى ئازاد قىلايلى“ دېگەن چوڭ خەتلىك ئۇيغۇرچە شوئارنى تەتۈرسىگە تەرجىمە قىلىپ لاۋلىيۇغا قارىتا ناھايىتى تېزلا خاتا جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ قويغان ئىدى. ئۇكىسى ليۇ خۇڭلىنى چوڭ دوختۇرخانىغا ئاپىرىش ئۈچۈن ماشىنىسىنى ئالغىلى كەلگەن لاۋلىيۇنى كۆرۈپ بىرقانچەيلەن: ”كىمنىڭ گېپىنى قىلساق شۇ كېلىدىغان ئاخىرقى زامان يېقىنلاپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ قاراڭلار، ئەكسىلئىنقىلابچى بىز چاقىرمىساقمۇ ئۆزى كېلىپ بوپتۇ“ دەپ شوپۇر لاۋلىيۇغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

—نېرى تۇرۇڭلار، نېرى تۇرۇڭلار. ماشىنامنىڭ ئەينىكىنى چېقىپ ھەيدىگەن قايسىڭ؟ مەن قەغەزنى ئەمەس، جىددىي قۇتقۇزۇلىدىغان كېسەلنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىمەن.

باسما زاۋۇتىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكى كەڭ ئېچىلغان قەغەز ئىسكىلاتى ئىچىدىن ئىنجىقلاپ-ھۆمۈدەپ قەغەز ئېلىپ چىقىۋاتقانلارنىڭ بىر كاتتىبېشى ۋارقىرىدى:

—تېز بولۇڭلار، تېز، كابىنىكىغا چىقىۋاتقان كىم ئۇ؟ يەنە كېلىمىز

دەپ ئاۋارە بولغۇچە بىر يولى جىق بېسىپ كېتەيلى.

لاۋليۇ كابىنكىگە چىقىپ سىگنال بېرىپ ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، ماشىنىغا قەغەز بېسىۋاتقانلار ماشىنىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئون نەچچەيلەن قەغەز ئىسكىلاتى ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقتى.

—كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارنىڭ ئاكىسى ئىكەنغۇ بۇ؟—دىدى بىرسى كابىنكىغا سىنچىلاپ قاراپ.

—ئۇرۇپ چۇشۇرۇڭلار بۇ ئەبلەخنى!

—توختاڭلار، جىددىي قۇتقۇزۇلىدىغان بىر كېسەل بار. ھازىرلا دوختۇرخانىغا ئاپارمىسام بولمايدۇ...

—جۇڭگودا كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان بىر ھوقۇقدار ئۆلگەنگە ئادەم خوراپ قالامتى. كابىنكىدىن چۈش! بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمىز!

رولنى چىڭ قاماللىغان لاۋليۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزىگە تەلۋىلەرچە ۋارقىراۋاتقان قەغەز بۇلغۇچىلاردىن ئۇكىسى ليۇخۇڭلى، يەنى شۇي خەيلۇڭنىڭ ھوشسىز ياتقان سىماسى كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئەتراپىغا قاراپ ئۆزىنى ھىمايە قىلىدىغان بىرمۇ ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى كۆردى. «ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق» تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ چاپارمىنى خۇڭمازا سىرتتىن كەلگەنلەرنى قۇترىتىپ قويۇپ ئادەملىرىنى باشلاپ سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئۇكىسى ليۇ خۇڭلىنىڭ ھوشسىز ياتقان ئېچىنىشلىق ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۆزىنى ئوراپ تۇرغانلار بىلەن مۇنازىرىلىشىشتىن يالتايدى. ئۇ قەغەز بۇلغۇچىلارنىڭ ماشىنا ئالدىغا يىغىلىپ «كابىنكىدىن چۈش!» دەپ ۋارقىرىشلىرىغا جاۋابەن ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇرۇپ مېڭىشقا سىگنال بېرىۋىدى، ماشىنىنىڭ گۈركىرىشىنى ئاڭلىغان يەنە بىر كاتتىۋاش قەغەز ئىسكىلاتىدىن بىرقانچەيلەننى ئەگەشتۈرۈپ ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى-دە، كابىنكىدىكى لاليۇنى قامالاپ كۆچەپ تارتىپ يەرگە چۈشۈردى.

—كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارنىڭ لالما ئىتىغا پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويۇش كېرەك.!

—بۇ لالما ئىتنىڭ ئەدىبىنى راسا بېرەيلى!

ماشىنا ئالدىغا يىغىلغان توپنىڭ كەينىدىكىلەر ئالدىدىكىلەرنى كۆش-

كۆرتۈپ ئاۋازىنىڭ بارىچە توۋلايتتى. ئالدىدىكىلەر يەرگە دۈم چۈشكەن لاۋليۇنى دەسسەپ تېپىپ ئۆرۈۋەردى. لاۋليۇ يەردە ياتقان پېتى ماشىنىدىنىڭ گۈركىرىشىنى ئاڭلاپ قانغا بويالغان بېشىنى مىدىرلىتىپ سۆزلىدى:

—ئۇكام ليۇخۇڭلىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ جىددىي قۇتقۇزۇشۇمغا رۇخسەت قىلىڭلار. ئادەم قەغەز..دىن..مۇ...ھىم...

—ئاڭلاپ قوي، كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار ئۇكاڭدىن ئىنقىلاب مۇھىم،—دەپ ۋارقىرىدى بىرسى چالۋاقاپ. ماشىنا مېڭىش ئارىلىقىدا بىرنەچچەيلەن يەردە ئىڭراپ ياتقان لاۋليۇنىڭ بېقىنىنى تېپىپ، بېشىنى دەسسەپ ئۆتۈپ كەتتى-دە، مېڭىۋاتقان ماشىنىنىڭ كابىنكىسىگە ئېسىلىۋالدى. تەمبەلرەك بىرسى قەغەز قاچىلانغان كوزۇپقا ئېسىلىپ ئۈستىگە چىقتى-دە، بېشىنى پەس قىلىپ باسما زاۋۇت دەرۋازىسىنىڭ بايرام كۈنلىرىدە پانۇس ئاسىدىغان جازىسىدىن ئېھتىيات قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. شوپۇر لاۋليۇ باش قىسمى زەخمىلىنىپ قانغا مىلەنگىنىچە پۇرچاقتەك ئۇششاق شېغىل تاشلىق قەغەز ئىسكىلاتى يولى ئۈستىدە ھوشسىز يېتىپ قالدى. نەق مەيدانغا گۇۋاھچى بولىدىغان بىرمۇ ئادەم قالمىغانىدى، شىركەت مۇدىرى لاۋشۇي سەكراتتا ئىكەن، دەپ ئاڭلىغان ئون نەچچەيلەن قاتناش شىركىتىگە مېڭىش ئارىلىقىدا باسما زاۋۇتنىڭ ئالدىكىلەر قوروسى يېنىدىكى دەرۋازىغا قايرىلىدىغان يولدا بىرسىنىڭ چاقىرىغان قورقۇنچلۇق ئاۋازىنى ئاڭلىدى-دە، قەغەز ئىسكىلاتى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىشتى. شېغىل تاشلىق يول ئۈستىدە لاۋليۇ قانغا مىلىنىپ مىدىرلىماي ياتاتتى. يېنىغا كېلىشكە پېتىنالمىغان بىر ئۇيغۇر بوۋاينىڭ چاقىرىشى بىلەن ھېلىلا جان ئۈزۈپ بولغان، لېكىن تېنى سوۋۇمىغان شوپۇر لاۋليۇنىڭ قان داغلىرى ئۇيۇپ قالغان بېشى بىلەن گەۋدىسىنى يۆلەپ:

—ۋۇي، بۇ شوپۇر لاۋليۇ ئىكەنغۇ، قەغەز بۇلىغۇچى "ئىسيانچىلار" قەغەز ئىسكىلاتىنى بۇلاپلا قالماي، قاتىللىق قىلىپ قويۇۇقىنى تىكىۋېتىپتۇ،—دېيىشتى.

—لاۋشۇيدىن خەۋەر ئالغاچ، دەرھال شىركەتكە مەلۇم قىلايلى، ئەمما لاۋشۇيگە خەۋەر قىلمايلى،—دېيىشتى ئۇلار.

باسما زاۋۇت پاتپاراقچىلىقتا قالدى. قەغەز ئىسكىلاتىنى بۇلاش ۋەقەسىدىن قورقۇپ ئۆيلىرىگە كىرىۋالغان قېرى-چۆرىلەر، ئاياللار، باللار ئىشىكى ھاڭدەك ئېچىلغان قەغەز ئىسكىلاتى تەرەپكە كەينى-كەينىدىن يۈگۈرۈپ كېلىشكە باشلىدى...

"شوپۇر لاۋلىيۇ ماشىنىسىنى ھەيدەپ كەلسە، سېكرېتار شۇي خەيلۇڭنى مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بارىمىز" دەپ شىركەت دوختۇرخانىسى ئالدىغا يىغىلغانلار گاھ لاۋلىيۇ كېلىدىغان تەرەپكە، گاھ لاۋشۇي ياتقان دوختۇرخانىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى تار، ئۇزۇنچاق ئۆيگە تەقەززالىق بىلەن تەلمۈرۈپ كۆز تىكمەكتە. گويا ماشىنىنى بىردەمدىلا ھەيدەپ كېلىدىغاندەك ئەلپازى بىلەن تېز كېتىپ قالغان لاۋلىيۇ شىركەت دوختۇرخانىسى ئالدىغا خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە قايتىپ كەلمەي، كۈتۈپ تۇرغانلارنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. ھەممەيلەن "شوپۇر لاۋلىيۇ ماشىنىسى ھەيدەپ كېلىدۇ، مۇدىر لاۋشۇينى مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بارساق، داۋالانسا خەتەرلىك ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ، تېزلا سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىدۇ" دەپ ئويلايتتى. دەل شۇ چاغدا تار، ئۇزۇنچاق ئۆيدىن لاۋشۇينىڭ ئايالى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ يىغا-زارى ئاڭلاندى. لاۋشۇي ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن باتۇر قادىرنىڭ توسىشىغا قارىماي ئاغرىق ئازابىدا ئورۇق، ئاجىز قوللىرىنى بېشىغا كۈچەپ ئۇزىتىپ، بېشىدىكى مىخنى يۇلۇپ ئېلىۋەتكەن بولغاچقا، مىخ قېقىلغان يېرىدىن بۇلدۇقلاپ قان ئېقىشقا باشلىغان، مېڭىسىگىمۇ قان چۈشكەن، ياتقان يېرىدە كۆزلىرىنى يولغان ئېچىپ بىر يۇمغانچە ھەرىكەتسىز قېتىپ قالغان ئىدى. دەل شۇ چاغدا باسما زاۋۇتتىن لاۋشۇينىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىلى كەلگەن بىر توپ كىشىلەر لاۋشۇينىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ھاڭ-تاڭ قېلىشتى ۋە شوپۇر ئاكىسى لاۋلىيۇنىڭ قەغەز ئىكىلاتىنى بۇلىغۇچى "ئىسيانچىلار" تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتىشتى. ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەننىڭ ئۆلۈم خەۋىرى بىردەمدىلا پۈتۈن شىركەت تەۋەسىگە تارقالدى. رېمونت زاۋۇتى بىلەن باسما زاۋۇت ۋە ئالتە كالۇندىكى نەچچە يۈز ئامما شىركەتكە باستۇرۇپ كىردى ۋە "ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق" تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ

ئىشخانا دېرىزە ئەينەكلىرىنى چېقىۋەتتى. ۋاڭ دۈيجاڭ ھەرقايسى كالونلار-
دىكى ”ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتى“گە قارشى ئاساسلىق كىشلەرنى
ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەننىڭ جەستىنى خەلق مەيدانىدىن تار-
تىپ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھەرقايسى چوڭ كوچىلىرىغىچە سازايى قىلىپ،
قاتىللارنى قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلماقچى بولغان ئىدى. باتۇر قادىر
بىلەن رازاق ھوشۇر قوشۇلمايلا قالماستىن ئۇلارنى توسۇپ نامايىش
قىلماسلىقا ئۈندىدى. ئىككىيلەننىڭ جەستىنى ماشىنىغا بېسىپ نامايىش
قىلىش تەرەپدارى بولغان ۋاڭ دۈيجاڭ غەزەپلىنىپ تەلەيخان ئەتراپىغا
ئۇيۇشقان ئاما بىلەن بىرلىشىپ، باتۇر قادىر بىلەن مۇنازىرلەشكىلى
تۇردى. ئاما قايتا بۆلۈنۈشكە باشلىدى. پۈتۈن شىركەت پالەچ ھالەتكە
چۈشۈپ قالدى. ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتى ئۇششاق گۇرۇپپىلارغا
بۆلۈنۈش ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەچكە، ئامىنىڭ نەزەرىدىن تىخمۇ چۈ-
شۈپ كەتتى. ئاپۇموبىل، ئاپتوبۇسلار ئۈچ كۈنگىچە يولغا چىقمىدى.
جەنۇب ۋە شىمالدىن كېلىدىغان ماشىنلار شىركەتكە قايتىپ كېلىپ يولغا
چىقمايدىغان بولسا ئۇ ماشىنلارنى شىركەت تەۋەسىگە سىغدۇرغىلى بول-
مايتتى. گاۋ شىمىننىڭ بېشى قاتتى. ئۇ شۈي خەيلۇڭ بىلەن لاۋلىيۇنى
دەپىن قىلىنىش ئارىلىقىدا دەرھال يۇقىرىغا شىركەت ئەھۋالىدىن دوكلات
يوللىۋىدى، يۇقىرىدىن شىركەتكە ھەربىي ئىدارە قىلىش يوليورۇقى چۈش-
تى. پاكار، ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن ساۋ شەنتاڭ باشچىلىقىدى-
كى ھەربى ئىدارە قىلىش كومىتېتى تەركىبىگە ئۈچ ھەربىي ئوفتسېرغا
قوشۇلۇپ گاۋ شىمىنمۇ كىردى. گاۋ شىمىن ھەربىي ئۇنۋان تاقاپ ساۋجو-
رىننىڭ يېنىدىن ئايرىلماي يۈرگىنىگە ئاما ئانچە ئەجەبلىنىپ كەتمىدى.
گاۋ شىمىن بۇرۇن ھەربىي سەپتە فۇلىيەنجاڭ بولغان، شىركەتنىڭ ئەمەلىي
ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدۇ، دەپ يۇقىرىدىن ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتې-
تىغا كىرگۈزۈلگەن بوغاچقا، ئۇنىڭ قاتناش شىركىتىدىكى ئىلگىرىكى
ئىناۋىتى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ
ۋەزىپىسى قاتناشنى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ھەرقايسى كالونلاردىكى
بارلىق ئاپتوموبىل، ئاپتوبۇسلارنى يولغا چىقىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئىنقىلا-

بنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئىدى. ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ماگىماي تۇرۇپ قالغان بارلىق ئاپتوموبىل، ئاپتوبۇسلار يولغا چىقتى. ئىشچى-خىزمەتچىلەر ھەرقايسى ئىش ئورۇنلىرىدا ئىشقا چۈشتىيۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قولى ئىشتا بولغىنى بىلەن دىققىتى ئاكا-ئۇكا لاۋلىيۇ بىلەن لاۋشۈيىنىڭ ئۆلۈمى ھەققى-دىكى غۇلغۇلا، ئەپقاچتى گەپ-سۆزلەرگە مەركەزلەشكەن ئىدى. بىرسى: ”ئەنزە گۇرۇپپىسى شۈي خەيلۇڭنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى ئىنقىلاۋىتېپتۇ“ دېسە، يەنە بىرسى ”باتۇر قادىرنى نەزەربەنت قىلغۇدەك، پاش قىلىنغان ماتېرىياللارنى نەق مەيدان گۇۋاھچىلىرىنىڭ سۆزلىرى بىلەن بىرمۇبىر سېلىشتۇرۇۋاتقۇدەك...“ دەپ ئەمەلىي ئەھۋالنى ئۇقماي ئارىسالدىلىقتا گاڭگىراپ قالغان كىشىلەرنى ھەرقىسما ئويلارغا سالاتتى. مېڭىسى قىزىپ كەتكەن سەزگۈرلۈكى تۆۋەنرەك نادان كىشىلەر ئارىسىدا يالغان-ياۋداق گەپ-سۆزلەرنىڭ بازىرى ئىتتىك بولىدۇ. قايتا ھوقۇق تارتىۋېلىشقا قوشۇل-مىغانلىقى، بىر قىسىم ئاممىنىڭ لاۋلىيۇ بىلەن لاۋشۈينىڭ جەسىتىنى شەھەرگە ئەچىقىپ سازايى قىلىش تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلىپ توسقانلىقى سەۋەبلىك باتۇر قادىر ئۆزىنى قىزغىن ھىمايە قىلىدىغان ئۆز كۆز قارىشى بىلەن ئوخشاش بىرقىسىم ئاممىنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالدى، بەلكى چەتكە قېقىلدى، مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتى بولۇپ ئۇيۇشقان ”ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق“ تەشكىلاتىدىكىلەرمۇ، قايتا ھوقۇق تارتىۋېلىش كويىدا يۈرگەنلەرمۇ باتۇر قادىرنى چەتكە چىقىرىپ قويۇشتى. ئۇنى شىركەت دوختۇرخانىسىنىڭ چېتىدىكى سابىق شىركەت مۇدىرى شۈي خەيلۇڭ نەزەربەند قىلىنغان ئۆزۈنچاق، تار ئۆي كۈتۈپ تۇراتتى.

× × ×

لىيۇ شۈەي چۈشكەن ماشىنا ئورۇش، چېقىش، بۇلاش ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن توخسۇن بازىرىغا كەلگەندە يولى توسۇلۇپ، توقسۇن ناھىيە-سىدە تۆت كۈن تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. قەشقەردىن چىققان ئۇيغۇر شوپۇر تۇتۇپ كېتىلدى. لىيۇ شۈەي تۇتۇق بەرمەي، پىيادە يولى

بىلەن قېچىپ يۈرۈپ ئاخىر بەشىنچى كۈنى توقسۇندىن ئۈرۈمچىگە ماڭغان بىر ماشىنىغا چىقىۋالدى-دە، ناتونۇش ئۇيغۇر شوپۇرغا بىر ۋاقلىق ئىسسىق تاماق ئېلىپ بېرىپ شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ساق-سالامەت ئۈرۈمچىگە يېتىپ باردى.

ئۈرۈمچىنىڭ ھەممىلا كوچىلىرى دېگۈدەك جىمجىت. ئېلېكتر لامپۇچكىلىرىنىڭ يورۇقىدا بىرخىل تېزلىكتە ئۆتۈپ تۇرغان كوچا ئاپتوبۇسلىرىنىڭ ئارىلاپ بېرىپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى سىگناللىرىدىن باشقا ھېچبىر شاۋقۇن-سۈرەن يوق. كوچىدا روھى كۆتۈرەڭگۈلۈكى يوق، كۆڭلى غەم-ئەندىشىگە تولغان توپ-توپ ئادەملەر بەش-ئالتە مېتىرچە ئارىلىق تاشلاپ ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ھارغىن قەدەملىرىنى تېزلىتىپ ئۆتۈپ تۇرىدۇ. بىر ھەپتە بۇرۇن ياغقان قار ئارىلاش يامغۇرنىڭ سىڭىپ بولالمىغان پاسكىنا سۇلىرى كوچىنىڭ ئىككى چېتىدىكى پىيادىلەر يولى گىرۋىكىگە يىغىلىپ قالغان. ئادەملەرنىڭ بىربىرى بىلەن گەپلەشكىنىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. ئارىلاپ ئۇ ياقتىن بۇ ياققا، بۇ ياقتىن ئۇ ياققا ئۆتۈۋاتقان بىلەكلىرىدە قىزىل يەڭ بەلگىسى بار بىر توپ ياشلار سىياقىدىكى ئەلپازى يامان قوغدىغۇچىلارمۇ كۆزىگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. لىيۇ شۆەي شەھەرنىڭ كەچلىك نەم ھاۋاسىدىن چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ئۇلارغا قىلچە پەرۋا قىلمىغان ھالدا ئالدىغا مېڭىۋەردى. ئۇ كوچىدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ يولىنى توسۇپ گەپ قىلىشنى، ئاتىسى لاۋلىيۇنىڭ قايسى قاتناش شىركىتىدە ئىشلەيدىغانلىقىنى سوراشنى خالىمىدى. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىدىكى كىشىلەرنىڭ پالانچى قەيەردە، قايسى ئىدارىدە ئىشلەيدۇ، دەپ سورىغان ھامان ئېنىق بىلسىمۇ ”بىلمەيمىز“ دەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ بۇرۇن قاراشەھەرگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغاندا بىلىۋالغىنى بويىچە نەنزىنگو قاتناش بېكىتى يېنىدا چۈشۈپ قېلىپ تەمتىرىمەي قاتناش ئىدارىسىگە باردى.

قاتناش ئىدارىسىنىڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىسىنىڭ روجەكلىك تۆمۈر ئىشىكى تاقاقلىق ئىدى. لىيۇ شۆەينىڭ دەرۋازا ئالدىغا يېتىپ كېلىشى دەل دەرۋازىغا قارايدىغانلارنىڭ كېچلىك ئىسمېنا ئالمىشىشىغا توغرا كەلدى.

ئىككى دەرۋازىۋەن ئىشتىن چۈشۈپ دەرۋازىدىن چىقىشىغا ليۇ شۈەي ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ سوراشقا مەجبۇر بولدى:
—يولداش، قاتناش ئىدارىسىگە قاراشلىق جەنۇبتىن ئاشلىق توشۇ-ۋاتقان چوڭ شىركەت قەيەردە؟
دەرۋازىۋەنلەر ئۆزلىرىدىن بەش مېتىرچە يىراقلىقتىكى ئېگىز ستولبى-نىڭ تۆمۈر تاياقچىسىغە ئورنىتىلغان لامپۇچكىنىڭ خىرە يورۇقىدا ليۇ شۈەينىڭ ئاۋارە چىراي قىياپىتىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىدى بولغاي:
—يۇرۇڭ، بىز كۆرستىپ قويايلى،—دېدى-دە، ئاپتوبۇسلار قاتناپ تۇرغان چوڭ كوچىنىڭ چېتى بويلاپ جەنۇبتىن ئاشلىق يۆتكەش ۋەزىپى-سى چۈشۈرۈلگەن چوڭ قاتناش شىركىتىگە باشلاپ ماڭدى:
—سىز كىمنى ئىزدىمەكچى ئىدىڭىز،—كېتىۋېتىپ توساتتىن سوراپ قالدى خەنزۇ دەرۋازىۋەن سىچۈەن تەلەپپۇزىدا.
—ئاتام ليۇ خۇگۈيۈەننى ئىزدەيتتىم. ئۇ قاراشەھەرگە مېنى ئىزدەپ كەلگەن ئىكەن. كۆرۈشمىگلى ئۇزۇن بولغان ئىدى.
—ئىككىنچى كالۇندىكى قېرى شوپۇر لاۋليۇما؟ شىركەتنىڭ بۇرۇنقى مۇدىرى ھېلىقى شۈي خەيلۇڭ شۇجىنىڭ ئاكىسىنى ئىزدەمسىز؟
—ياق، ئاتامنىڭ ئىسىم فامىلىسى شۈي ئەمەس، ليۇ، ئۇكىسى ليۇ خۇگلى ئىدى، ئۇنى ئاتام كىچىك چېغىدا ليۇ داتۇ دەپ چاقىراتتى. بىز ئەسلى شاگخەيلىك ئىدۇق.
—ھە، شۇ-شۇ،—دېدى بىللە كېتىۋاتقان ئۇيغۇر دەرۋازىۋەن يېنى-دىكى سىچۈەن تەلەپپۇزىدا سوئال سوراۋاتقان ھەمراھىنىڭ پىشنى تۇتۇپ تۇرۇپ،—ئاڭلىشىمچە، شوپۇر لاۋليۇنىڭ ئۇكىسى ئىسمىنى ئازادلىقتىن بۇرۇن شۈي خەيلۇڭغا ئۆزگەرتىۋالغان ئىكەن.
—ئاتامنىڭ ئۇكىسى ليۇ خۇگلىمۇ بىز ئىزدەپ كېتىۋاتقان قاتناش شىركىتىدە ئىشلەمدۇ؟—دەپ ھەيران قېلىپ سورىدى ليۇ شۈەي خۇشال-لىقىدا. ئۇلار قاراڭغۇدا ليۇ شۈەينىڭ چېشىنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ كۈلۈم-سىرىشىنى كۆرمىدى.
—يولداش، سىز ئىزدىمەكچى بولغان ئاتىڭىز لاۋليۇ ھادىسىگە

ئۇچراپ قا...قازا قىلدى،—دېدى خەنزۇ دەرۋازىۋەن.

—ئاتىڭىز لاۋلىيۇنىڭ سىز دېگەن ئۇكىسى شۈي خەيلۇڭ، يەنى ليۇ خۇڭلىمۇ شۇ كۈنى ۋاپات بولۇپ كەتتى دەپ ئاڭلىدۇق، ئۆيگە بارغاندا بىلىسىز،—دېدى ئۇيغۇر دەرۋازىۋەن ئېچىنغان هالدا؛ ئۇ خەنزۇچە: ۋاپات بولۇپ كەتتى دېگەن سۆزنى دېيەلمەي ”تاشلاڭلى“ دېيىشكە مەجبۇر بولدى.

ليۇ شۈەي ھەر ئىككىسىنىڭ ئاغزىدىن زادىلا كۈتمىگەن بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى ئاڭلاپ چىرايى بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ كەتتى. بايىقى چىشىنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ كۈلۈمسىرىشى بىردىنلا ھەسرەتلىك كۆز يېشىغا ئالماشتى. كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن دەسلەپكى ئىككى تامچا يېشىنى كۆك چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتتى. ئۇ ئۆزىنى باشلاپ كېتىۋاتقان ئىككى ھەمراھىدىن ئىككى-ئۈچ قەدەم كەينىدە قالدى. ئۇ بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان ئورنىدا قېقىپ قويۇلغان قوزۇقتەك چىپپىدە توختاپ قالدى، مېڭىسىدىكى سىلكىنىش ئۆزىنى گويا تاغدىن ھاڭغا چۈشۈۋاتقان ھالەتكە كەلتۈرگەن ئىدى. ئۇنى ئىككىيلەن ئەگەشتۈرۈپ ئىزدىمەكچى بولغان قاتناش شىركىتىنىڭ ئائىلىلىكلەر قوروسىغا قەدەر باشلاپ باردى ۋە: ”مۇشۇ بىر قەۋەتلىك ئۆيدىن باشلاپ سانىسىڭىز سەككىزىنچى ئۆيدە شىركەت مۇدىرى شۈي خەيلۇڭنىڭ بالاچاقىلىرى بار“ دەپ كۆرسىتىپ قويۇپ ئالدىراش كېتىپ قالدى.

ليۇشۈەي بېشىدىن كۆك شەپكىسىنى ئېلىپ سول قولىدا چىڭ سىقىمداپ سەككىزىنچى ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىردەم تۇردى، ئاندىن ئىچىدىن تاقالغان كىچىككىنە ھويلا ئىشىكىنى ئوڭ قولىنىڭ بارماقلىرىنى تۈگۈپ ئالقىنى بىلەن ئۈچ قېتىم يېنىككىنە ئۇردى. ھويلىنىڭ ئىچىدىكى ئۆينىڭ ئىشىكى تاراققىدە ئېچىلدى، ئۆي ئىچىدىن ئون نەچچە ياشلىق بىر قىزنىڭ كۆلەڭگىسى ھويلا ئىشىكىگە يېقىنلاشتى.

—سىلى كىم بولىلا،—دېدى ئۇ قىز ئاۋازىنى پەسەيتىپ، ليۇ شۈەي جاۋاب بېرىش ئارىلىقىدا ئىشىك تاراققىدە ئېچىلدى.

—مەن ليۇ جەمەتىدىن، ئاتام ليۇ خۇڭبۇەننىڭ ئوغلى ليۇ شۈەي

بولمەن،—دېدى ئۇ ئۆي ئىچىگە مېڭىۋېتىپ. ئانغىچە ئۇ قىز ”ليۇ شۇەي ئاكام كەپتۇ!“ دەپ ئۈنلۈك توۋلاپ ليۇ شۇەيدىن بۇرۇن ئۆي ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

شۆي خەيلۇڭنىڭ ئايالى جاڭ يۈمېي ليۇ شۇەينى كۆرۈپ باقمىغان، ئەمما يولدىشىنىڭ ئاكىسى ليۇ خۇڭيۈەننىڭ ليۇ شۇەي ئىسىملىك بىر ئوغلى بارلىقىنى بىلەتتى. جاڭ يۈمېي ئۆيىنىڭ تۆرىدىكى بۇلۇڭغا قويۇلغان ئۈچ سىرتمىلىق ئۈستەل ئۈستىدىكى چۆرىسىگە قارىلىق تۇتۇلغان ئەينەك جازىدىكى شۆي خەيلۇڭنىڭ سۈرىتىگە قاراۋاتقان ليۇ شۇەيگە نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. ليۇ شۇەي ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى شۆي خەيلۇڭنىڭ، يەنى ليۇ خۇڭلىنىڭ سۈرىتىدىن ئۈزمەي تىكىلىپ قارىدى.

بىر ھەپتە بۇرۇن يۈز بەرگەن شۆي خەيلۇڭ بىلەن ئاكىسى ليۇ خۇڭيۈەننىڭ قازا قىلغانلىقىغا دائىر پاجىئەلىك خەۋەرنى ئاڭلاپ بولغانلىقىمىز بىلدى. شۇنداقتىمۇ كۆز يېشى قىلىپ:

—ئاتىڭىز لاۋليۇ بىلەن تاغىڭىز ليۇ خۇڭلى ھادىسىگە ئۇچراپ بىر كۈن ئىچىدىلا ئۇشتۇمتۇت قازا قىلدى،—دىدى.

ليۇ شۇەي ئاتىسى بىلەن تاغىسىنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ھېلىراقتا پوستىن قايتقان ئىككىيلەندىن ئاڭلىغان بولغاچقا، ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ قاراڭغۇدا يوشۇرۇن كۆز يېشى قىلىپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا شۆي خەيلۇڭنىڭ ئايالى ۋە بالىلىرىنى كۆرۈپ ھۆڭرەپ يىغلىماي، ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ كۆز يېشى قىلدى. ئۇ ئاتىسى بىلەن تاغىسىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى ھەققىدە شۆي خەيلۇڭنىڭ ئايالىدىن تەپسىلىي ئىنچىكىلەپ سورىدى.

بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋاللارنى، كىشىلەردىن ئاڭلىغانلىرىنى بىرىنىمۇ قويماي ئېيتىپ بەردى. ليۇ شۇەي ئاتىسى بىلەن تاغىسىنىڭ پاجىئەگە يولۇقۇش جەريانىنى سەۋرلىك بىلەن ئاڭلىدى. تاغىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا باتۇر قادىرنى پارتىيىگە تونۇشتۇرغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن كىشىلەر ئارىسىدا رازىخاننىڭ ئوغلى باتۇر قادىر شۆي خەيلۇڭنى ئۆلتۈرگەن قاتىل بولۇشى مۇمكىن دېگەن گەپ-سۆزلەرنىڭ تارقىلىپ يۈرگەنلىكىگە

دائىر ئەھۋاللارنى ئاڭلىغان لىيۇ شۇەي ئولتۇرغان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى.

—تەلەيخانىنىڭ ئاكىسى، يەنى رازىخانىنىڭ ئوغلى باتۇر قادىر تاغامنى ئۆلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ يەنە كېلىپ ئۇنى سىز ئېيتقاندەك تاغام پارتىيىگە تونۇشتۇرغان تۇرسا.

—مەنمۇ ئانچە ئىشىنىپ كەتمىدىم. ھازىر ئەنزە تەكشۈرۈش گۇرۇپ-پىسى تەكشۈرۈۋاتىدۇ. ئاتىڭىزنى باسما زاۋۇتقا قەغەز بۇلغىلى كەلگەنلەر ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئەمما كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە كىم ئېنىقلايدۇ، دەيسىز؟ تەكشۈرگۈدەك دېگەن گەپ چىقىۋىدى، بىر ھەپتە بولدى، تەكشۈرگۈچىلەرمۇ سۇغا چۈشكەن تاشتەك جىمىپ كەتتى.

لىيۇ شۇەي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئالدىدىكى تۆت چاسا جوزىغا يۆلەنگىنىچە كارىۋات قىرىغا ئاستا ئولتۇردى. ئۇ شۇي خەيلۇڭنىڭ ئايالى ۋە ئوتتۇرانچى ئوغلى لىيۇ ۋېنشۇ بىلەن تەپسىلىي ئەھۋاللاشتى. لىيۇ شۇەي ئۆزى ئۈچۈن قورۇلغان گۆشسىز سەينى تۆت موما بىلەن بىردەمدىلا يەپ بولدى. ئۇ تاماقلىنىۋېتىپ شۇي خەيلۇڭنىڭ، يەنى لىيۇ خۇڭلىنىڭ ئائىلى-سىدىكىلەرنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىنى زەڭ قويۇپ ئاڭلىدى. ئۇ ئۆينىڭ تۆت تېمىدىن تارتىپ ئورۇندۇق، جوزا، كارىۋات ۋە كارىۋاتتىكى بۇرجەك-لىرى يىرتىلىپ كەتكەن پالاز ئۈستىگە قويۇلغان بىرقەدەر يېڭى كىگىزدىن تارتىپ ئورۇن-كۆرپىلىرىگىچە بىرمۇبىر قاراپ چىقتى. شۇي خەيلۇڭنىڭ ئايالى خىجىل بولدىمىكىن، ئۈن-تىنسىز نېرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى. لىيۇ شۇەي ئويلىدى: ”مەرھۇم تاغام لىيۇ خۇڭلى نېمىدېگەن پاك ئۆتكەن ئادەم. ئوتتۇز نەچچە يىل ئىنقىلاب قىلىپ ئېرىشكىنى مۇشۇنچىلىك تەئەل-لۇقات ۋە ۋاقىتسىز ئۆلۈم بوپتۇ. بىر ئۆمۈر جاپا چېكىپ تاغام لىيۇ خۇڭلىدەك ئاددىي-ساددە ياشاۋاتقان پاك نىيەتلىك ئادەملەرگە جەمئىيەت غەمخورلۇق قىلماقتا يوق، ئۇلارنى خورلاپ جازالاۋاتىدۇ. نامراتلىق بىز قۇرماقچى بولغان سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ مەقسىتى ئەمەس ئىدىغۇ. ئىنقىلابقا قاتنىشىپ ئىنقىلابنىڭ دۈشمىنى سۈپىتىدە ئۆلتۈرۈلۈشنى سۈ-

روشتۇرىدىغان، ئاتامغا ئوخشاش جەمئىيەتكە ھېچقانداق زىيىنى يوق بىگۇناھ شوپۇرنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم چىقمىسا قانداق بولغىنى، جەمئىيەت ھازىر نەگە كېتىۋاتىدۇ؟...“ لىيۇ شۇەي مەرھۇم تاغىسى شۈي خەيلۇڭنىڭ شىخەنزىدىن كەلگەن ئوتتۇرانچى ئوغلى لىيۇ ۋېشۇ بىلەن مۇڭدىشىپ تۈن يېرىم بولغاندا ئاستا-ئاستا ئۇخلاپ قالدى. ئۇ يول ئۈستىدە كۆپ جاپا تارتىپ خېلىلا چارچىغان ئىدى.

ئەتىسى لىيۇ شۇەي ئەڭ بالدۇر ئويغاندى. ئۇ ناشتا قىلىش ئارىلىقىدا ئۆيدىكىلەرگە تاغىسى لىيۇ خۇڭلى بىلەن ئاتىسى لىيۇ خۇڭيۈەننى ئۆلتۈرگەن قاتىللارنى ئىزدەپ تېپىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. شۈي خەيلۇڭنىڭ ئايالى جاڭ يۈمېي بىلەن شىخەنزىدىن كەلگەن ئوتتۇرانچى ئوغلى لىيۇ ۋىنشۇ ھازىرقى جىددىي ۋەزىيەتتە مەركەزگە بېرىپ ئەرز سۇنۇش ئەڭ ياخشى چارە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە ئاتىسى لىيۇ خۇڭلىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى توغرىلىق مەركەزگە يىگىرمە نەچچە بەتلىك ئەرزنامە يېزىپ بولغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. ئۇلار ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ لىيۇ شۇەينىڭ بېيجىڭغا بېرىشىنى بېكىتتى. لىيۇ ۋىنشۇ مەركەزگە ئەۋەتىلىدىغان يىگىرمە نەچچە بەتلىك ئەرزنامىسىنى لىيۇ شۇەيگە بەردى. لىيۇ شۇەي ئەرزنامىنى تاغىسى لىيۇ خۇڭلىنىڭ، يەنى شۈي خەيلۇڭنىڭ تامغا ئېسىقلىق كىچىك سومكىسىغا ئاۋايلاپ سېلىپ قويدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئاتىسى لىيۇ خۇڭيۈەننىڭ ئىككىنچى كالوندىكى بويتاقلار ياتىقىغا يانداش بىر يېرىم ئېغىزلىق ئۆيىنى يوقلاپ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقماقچى بولدى، ئاندىن مال-مۈلۈكلىرىنى بىر ياقلىق قىلىش، كەچتە ئۆزىمۇ مەركەزگە يازىدىغان ئۆزى، ئاتىسى، تاغىسى ھەققىدىكى ئەرز، دەرد-ئەھۋالىنى يازماقچى، ئەتىسى ئەتىگەنلىكى بولسا ئاتىسى ۋە تاغىسى دەپنە قىلىنغان تاغ باغرىغا چىقماقچى بولدى. ئۇ رازىخان بىلەن تەلەيخاننى ئالاھىدە ئىزدەپ تېپىپ كۆرۈشۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ ھېسابلىدى. ئۇ بېيجىڭغا بېرىشقا ئالدىرايتتى. ئۇ تاغىسى لىيۇ خۇڭلىنىڭ ئۆيدىكىلىرى بىلەن بىللە ئىككىنچى كالوندىكى ئاتىسى لىيۇ خۇڭيۈەننىڭ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇ بېيجىڭغا ئېلىپ بارىدىغان ئۆزىنىڭ ئەرزنامىسىنى يېزىپ بولۇپ، ئاتىسى ۋە تاغىسىنىڭ قەبرىلىرىنى

يوقلاپ بولغان هامان پويىز ئارقىلىق يولغا چىقىپ ياك بوۋاي تەمىنلىگەن ئادرېسلار بويىچە جېڭجۇ شەھىرىدىكى ياك لۇشەن بىلەن كۆرۈشمەكچى، ئاندىن بېيجىڭغا بېرىپ قاتناش مىنىسترلىكىنى ياكى جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ كاتىپلىرىنىڭ بىرەرسىنى ئىزدەپ تاپماقچى بولۇشتى.

× × ×

لاۋگو چۈشتىن كېيىن ئىشخانىسىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ گېزىت كۆرۈشكە تەمشەلدى، ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇرلاردا: قورساقتا ئاغرىق بولمىسا تاۋۇز يېيىشتىن قورقما، دېگەن گەپ بار. شۇي خەيلۇڭنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىكى زور پاجىئەدە ئۇنىڭ بىۋاستە قولى بار بولغانلىقتىن شۇي خەيلۇڭنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە گەپ بولسىلا دەرھال ئۆزىنى چەكتە ئالاتتى. ئۇنىڭغا گېزىت كۆرۈشمۇ خۇشياقمىدى. ئەمەلىي ھوقۇقى بولمىغانلىقتىن ئۇنى ئىزدەيدىغانلارمۇ بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى. ئۇ ئىشخانىسىدا يالغۇزسىراپ قالدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي نېمىشقىدۇر كۆڭلى تىت-تىت بولۇپ كېتىۋاتقاندا ئىشخانا ئىشىكىنى بىرسى چەكتى. ئۇ ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشىپ بىر تال تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇرۇۋاتقاندا ئۇنىڭ ئىجازىتىسىزلا ئىشىكنى ئىتتىك ئېچىپ خۇمازا دېگەن لەقىمى بار گو كەيشېڭ كىردى ۋە ئىشىكنى ئالمان-تالمان يېپىپ خاتىرجەمسىزلىنىۋاتقان لاۋگونىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

گو جورىن، شوپۇر لاۋليۇنىڭ قاراشەھەردىكى ئوغلى ليۇشۋەي كەپتۇ. ئۇ ئاتىسى بىلەن تاغىسىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە ئۇنىڭدىن-بۇنىڭدىن ئىزدەك-سوراق قىلىۋېتىپتۇدەك.

—ئۇ نەگە چۈشۈپتۇ؟—دەپ ئالاقزادە بولۇپ سورىدى لاۋگو.

—شۇي خەيلۇڭنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن ئوخشايدۇ، ھازىر ئاتىسىنىڭ ئىككىنچى كالۇندىكى نەرسە-كېرەكلىرىنى شۇي خەيلۇڭنىڭ ئۆيىگە تۇغقانلىرى بىلەن بىرگە توشۇۋاتىدۇ،—دېدى گو كەيشېڭ ئۆرە تۇرۇپ.

—ئۇلار ئارىسىدا كىم-كىملەر بار؟ سەمەت موللا يوقتۇ؟—دەپ سورىدى لاۋگو كۆڭلىدىكى خاتىرجەمسىزلىكنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، ئۇ ئاستىنقى لېۋى ئارانلا يوشۇرۇپ تۇرغان يالغان چىشىدا چېكىۋاتقان

تاماكىسىنى بوش چىشلەپ تۇرۇپ، ئوڭ قولىدا ئۇنىڭ ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىن كېلىشىنى ئىشارە قىلدى.

—سەمەت موللا يوق، رازاق ھوشۇر، تەلەيخان قاتارلىقلار بار. گەپ ئۇرامىدىن قارىغاندا ئۇلار ئەتە ئەتىگەن ليۇخۇگېيەن بىلەن شۆي خەيلۇڭ دەپنە قىلىنغان تاغ باغرىغا بېرىپ ماتەم تۇتقۇدەك. باتۇرنىڭ سىڭلىسى تەلەيخان ھەدەپ ليۇ شۆەي بىلەن بىللە. ئەھۋالدىن قارىغاندا ليۇ شۆەي ئەتە قەبرىدىن يېنىپ تەلەيخان بىلەن بىرگە باتۇرنىڭ ئۆيىگە بارىدىغاندەك قىلىدۇ.

لاۋگو سوزۇق بېشىنى سول قولىنىڭ ئالقىنىدا تىرەپ خۇڭمازىنىڭ گېپىنى زەڭ سېلىپ تىڭشىدى. ۋەھىمىگە چۈشكەن خۇڭمازىنىڭ دۇدۇقلاپ تۇرغان ئاغزىدىن "تەلەيخان" دېگەن سۆز چىقىۋىدى، ئۇنىڭ يۈرىكى "جىغ" قىلىپ قالدى. ئۇ ئۇستىلىگە ئورۇق گەۋدىسىنى تىرەپ تۇرۇپ مەڭدەپ قالغان خۇڭمازىدىن بوش ئاۋازدا ئۇشتۇمتۇت سورىدى:

—سەندە ھېلىقى تاپانچا بارمۇ؟

—نېمە قىلماقچىسىز، ئەجەب ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان بۇ تاپانچىنى سوراپ قالدىڭىزغۇ، ليۇ شۆەينى ئاتماقچىمۇ-يا؟

—خۇڭمازا ئۆزىدىكى يوقىرىغا تاشۇرۇلمىغان تاپانچىنىڭ دېرىكىنى قىلغان لاۋگونى ئۇستى-ئۇستىلەپ سوراققا تارتىپ ئالاقزادە قىلىۋەتتى.

—مۇنداقلا سوراپ قويدۇم، ھودۇقۇپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق،— دېدى لاۋگو كۆك شەپكىسىنى ئۇستىلىگە قويۇپ، ئوڭ قولىدا بېشىدىكى پاخپايغان ئاق ئارىلاش شالاڭ چاچلىرىنى قاماللاپ تۇرۇپ،—ئىككىمىزنىڭ تەقدىرى بىر، ھامان بىر كۈنى بىزگە لازىم بولىدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭا سوراپ قويدۇم.

—ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، لاۋگو، ئۇ تاپانچىنى يوقىرىغا تاپشۇرسام تاپشۇرىمەنكى، سىزگە بەرمەيمەن.

—سەندە تۇرسىمۇ ئوخشاش، ئەمما ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمىگىنى ياخشى. پاش بولۇپ قالسا، ھۆددىسىدىن چىقماق بەك تەس،— دەپ خۇڭمازىنى تەھدىت ئارىلاش قورقۇتۇپ قويدى.

خۇڭمازا سابىق شىركەت مۇدىرى شۆي خەيلۇڭنىڭ بېشىغا مىخ قېقىپ جېنىغا زامىن بولغاچقا، كۆڭلى پاراكەندە، كۈنى دەككە-دۈككە ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ لاۋگونىڭ ”ھەر ئىككىمىزنىڭ تەقدىرى ئوخشاش“ دېگەن مەنىلىك گېپىنى ئويلاپ شۈكلەپ قالدى.

—ھازىر گۇمان باتۇر قادىرغا مەركەزلىشىپ قالدى، بىز دەرۋازىۋەن سەمەت موللىنى ئىندەككە كەلتۈرسەك، ئۇ شۆي خەيلۇڭنى باتۇر قادىر ئۆلتۈردى، دەپ گۇۋاھلىق بېرىپ ئەنزە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا ماتېرىيال يېزىپ تاپشۇرۇپ بەرسە ئىش ئوڭغا تارتىدۇ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغىچە بىز بېشىمىزنى ئېلىپ بۇ يەردىن كېتىپ بولىمىز، —دېدى لاۋگو غەيرەتكە كېلىپ.

—نەگە كېتىمىز؟ —لاۋگونىڭ ئاخىرقى سۆزىگە ھەيران قېلىپ سورىدى خۇڭمازا.

—دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە، —دېدى لاۋگو بىرتال تاماكىنى مەڭدەپ ئارىسالدىلىقتا قالغان خۇڭمازىغا سۇنۇۋېتىپ، —بىز ھامان بۇ يەردىن كەتمىسەك بولمايدۇ. ئالدىمىزدا ئەنزە تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش، قوشۇن تازىلاش، قالپاق كىيدۈرۈش، قاماققا ئېلىش باشلىنىدۇ. ئاڭغىچە بىز شىنجاڭدىن كېتىشىمىز كېرەك.

لاۋگو بىلەن خۇڭمازا ئىشخانا ئىچىدە تاماكا چېكىشكەچ بىر بىرىنىڭ كۆزلىرىگە مەنىلىك قاراشتى. خۇڭمازىنىڭ چىرايىدا لاۋگوغا مايىللىق ئەكس ئېتىشكە باشلىدى. ئۇ لاۋگونىڭ تەلپى بويىچە ئىشتىن چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان دەرۋازىۋەن سەمەت موللىنى ئىشخانىسىغا چاقىرىش ئۈچۈن ئالدىراش چىقىپ كەتتى.

لاۋگو ئاغزىدىن قويۇق تاماكا ئىسى چىقىرىپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى: يامان ئىش قىلغان كىشىلەرنىڭ كۆڭلى پاراكەندىچىلىكتە ئۆتىدۇ، دېگەن گەپنى ئۇ كۆپ ئاڭلىغىنى بىلەن مەنىسىنى ۋۇجۇدىدا بۈگۈنكىدەك چوڭقۇر ھېس قىلمىغان ئىدى. ئۇ: لىۇ شۇەي تەلەيخانغا ئەگىشىپ باتۇر قادىرنىڭ ئۆيىگە كىرسە، رازىخان بىلەن كۆرۈشسە، گەپتىن گەپ چىقىپ قېرى شوپۇر لىۇ خۇڭيۇەن بىلەن شۆي خەيلۇڭنى ئۆلتۈرگەن

قاتىلنىڭ كىملىكى ھەققىدە گەپ بولسا، گەپ باتۇر قادىرنىڭ ئاتىسى قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ ھەپسىگە ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشىگە قەدەر تەرەققىي قىلسا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى بىلىدىغان رازىخان دېگەن تۇل خوتۇن سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرۇۋېرىشى ناتايىن. باتۇر قادىر ھازىرغا قەدەر ئاتامنى ئۆلتۈرگەن، تۈرمىگە تۇتۇپ بەرگەن كىم دەپ سوراۋاتقان تۇرسا، بۇ تۇل خوتۇن تەشكىلگە ھەققىي ئەھۋالنى ئېيتىدىغان بولسا ياكى يۈزمۇيۈز ئېيتىشنى بىئەپ كۆرۈپ يېزىپ تاپشۇرسا تۈگەشكىنىم شۇ. ئاڭلىسام بۇ تۇل خوتۇن ئۆيدە تەنھا ئولتۇرۇپ ئۇزۇن بىر نەرسە يېزىۋاتقاندەكمىش ئەڭ ياخشى، سەمەت موللىنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ باتۇر قادىرنى قاتىل سۈپىتىدە ج. خ ئىدارىسىگە تۇتۇپ بېرىش، خوتۇنى ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاشلىق پونكىتىدىكى پۇل ۋە ئاشلىق بېلەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى خۇڭمازا بىلەن بىرگە بىر ئامال قىلىپ قولغا چۈشۈرۈپ شىنجاڭدىن كېتىش كېرەك...

—گو جۇرىن، كىرسەم بولامدۇ؟

لاۋگو خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ ئالدىراپ-تېنەپ ئىشىكنى قىيا ئاچتى ۋە ئۇ كىرىپ بولغان ھامان ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ قويۇپ ئالدىدىكى ئۇستەلگە ياندىش قويۇلغان ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

سىزنى شۈي خەيلۇڭ بېشىغا مىخ قېقىپ بولۇپ قايتىپ چىققان باتۇر قادىرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تەققى-تۇرقى، روھىي ھالىتىنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە چاقىرتتىم. سىزگە شۈي خەيلۇڭغا قاراش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان. شۇڭا سىزمۇ يۈز بەرگەن بۇ پاجىئەدىن ئۆزىڭىزنى چەتكە ئالالمايسىز. سىزدىن ئەھۋال ئىگەللىشىمىز كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار شۈي خەيلۇڭغا ئۇۋال بولدى، دەپ ئىچ ئاغرىتقانلىقتىن ئەمەس، كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان بىر ھوقۇقدار ئۆلسە نېمە بوپتۇ؟ لېكىن بۇ بىر پاجىئە. ئۇنى ئېنىقلاپ ئەنگە ئېلىپ قويمىساق بولمايدۇ،—لاۋگو گازىر كۆزىنى يەر تېگىدىن سەمەت موللىنىڭ ئوڭايسىزلىنىۋاتقان چىرايىغا تىكىپ بىر تال تۇتتى. سەمەت موللا تاماكا چەكمەيتتى. ئارىلاپ جۇمە نامىزىمۇ

ئۆتەيتتى. ئۇ ئۆزىگە تۇتۇلغان تاماكىغا يوپۇرماقتەك تىترەۋاتقان ئوڭ قولىنى سۇنمىدى. ئۇ دۇدۇقلاپ سۆزلىدى:

— كەچۈرۈڭ جۇرىن، مەن تاماكا چەكمەيمەن، — دېدى ئۇ ئوڭاي-سىزلىنىپ، — مەن شۇي خەيلۇڭ سولانغان ئۆيگە يېقىنلاپ كېلىشىمگە چىرايى ئۆڭگەن باتۇر قادىر ناھايىتى ئالاقزادە بولۇپ ئالدىراپ دوختۇرخانا تەرەپكە يۈگۈردى...

— قولى ياكى چاپىنىنىڭ يېڭى قانغا بويالغانمۇ؟ روھىي ھالىتى قانداقراق ئىدى؟

— ياق، ياق، ھېچ يېرى قانغا بويالمىغان. ئۇنىڭ چىرايىدا شۇي خەيلۇڭ مۇدىرغا ئىچ ئاغرىتىش، قۇتۇلدۇرۇۋېلىش روھىي ئالامەتلىرى بار ئىدى.

— سەمەت ئاخۇن، سىز راستىنى ئېيتمايۋاتىسىز، راستىنى ئېيتسىڭىز، بىرىنچىدىن، سىزنىڭ بۇ پاجىئەگە ئالاقىدار مەسئۇلىيىتىڭىز سۈرۈشتۈرۈل-مەيدۇ. ئاقلىنىپ چىقىسىز. ئىككىنچىدىن، كىچىك ئوغلىڭىزنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا، بەلكى تېز ئارىدا شوپۇر بولۇپ يېڭى ماشىنا ھەيدىشىگە كاپالەتلىك قىلىمىز. ئۈچىنچىدىن، ئەينەن ئەھۋالنى راست ئىنكاس قىلىپ تەشكىلگە ھەمكارلاشقانلىقىڭىز ئۈچۈن تەشكىل مائاشىڭىزنى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈشنى ئويلىشىدۇ؛ لېكىن بۇنى ھېچكىمگە تىنمايسىز. سىزچە قان-داق؟

سەمەت موللا چېچى چۈشۈرۈلگەن بېشىغا چوڭ كېلىپ قالغان بادام دوپپىسىنى ئوڭ قولى بىلەن چىڭ بېسىپ تۇرۇپ ئويلىنىشقا باشلىدى. ئەللىك ئىككى ياشقا كىرگەن ئاق پىشماق بۇ ئادەم دەسلەپىدە جۈمە نامىزىغا بارىدىغان بولغان، كېيىنرەك ھېچقانداق ئايەتنى بىلمىسىمۇ ئەتى-گەنلىكى ۋە كەچقۇرۇنلۇقى مەسچىتكە بېرىپ تائەت-ئىبادەت قىلىپ كەل-مەكتە ئىدى. ئۇ شىركەتتە ئۇزۇندىن بېرى خەنزۇلار بىلەن بىللە ئىشلەپ كەلگەچكە، خەنزۇچىنى خېلى راۋان سۆزلىيەلەيتتى. ئۇ لاۋگونىڭ گېپىنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى.

— دېدىمغۇ، سىز دېگەن گەپلەر سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ. بۇ پاجىئەگە

بولغان مەسئۇلىيىتىڭىزمۇ يوق بولۇپ چىقىدۇ.

—مەن نېمە دېسەم بولىدۇ؟—سەمەت موللا دۇدۇقلاپ سورىدى لاۋگودىن.

—راستىنى دېسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن، باتۇر قادىرنىڭ قولى ياكى چاپىنىنىڭ پېشى قان يۇقى، ھودۇقۇپ قورقۇپ دوختۇرنى چاقىرغانلىقى، شۆي خەيلۇگنىڭ بېشىدىكى مىخنى ئېلىۋېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى قاتار-لىقلارنى ئېنىقراق يازسىڭىز بولىدۇ.

—مۇدىر شۆي خەيلۇگنىڭ بېشىدىكى مىخنى باتۇر قادىر ئېلىۋەتكەن چاغدا مەن يوق تۇرسام...

—يوق بولسىڭىز، ئۇنى يازمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. گۇۋاھچىلار بار. كۆرگىنىڭىزنى يېزىڭ. ئېسىڭىزدىن چىقىپ كەتتىمۇ، ئاڭلىسام، باتۇرنىڭ ئاپىسى رازىخان دېگەن تۇل خوتۇن قارا شەھەرگە چۈشۈرۈلگەندە سىزنى تىللاپ-ھاقارەتلەپ كېتىپتۇغۇ؟

سەمەت موللا ئەينى چاغدىكى بىر ئەھۋالنى ئېسىگە ئالدى: تەلەيخان بىلەن رازىخان مەجبۇرىي تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەندە يالاپ ئېلىپ ماڭغان سەمەت موللىغا رازىخاندىن كۆرە تەلەيخان توك تەگكەن، "گۇندىپاي" دەپ تىللاپمۇ قويغان ئىدى. تەلەيخان بىلەن رازىخاننىڭ بىر يىل بۇرۇنقى ئۆزىگە قىلغان ئېغىر تىل-ھاقارىتىنى ئېسىگە ئالغان سەمەت موللا سالپايغان بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ چەكچەيگەن قوي كۆزلىرىنى جاۋاب كۈتۈۋاتقان لاۋگوغا تىكتى. ئۇ بىرئاز غەيرەتلىنىپ قالدى. ئۇ لاۋگونىڭ ئېيتقىنىدەك: "سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغان، كىچىك ئوغلىنى شىركەتكە ئىشقا ئالىدىغان، ئۆ-زىگە بىر دەرىجە مائاش ئۆستۈرۈپ بېرىدىغان بۇ ئاجايىپ ئىش"قا، يەنى باتۇر قادىرنىڭ سابىق شىركەت مۇدىرى شۆي خەيلۇگنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ئىكەنلىكىنى گۇۋاھلىق بېرىپ تولۇق ئاشكارىلاش"قا قوشۇلدى.

—سىز مەن دېگەندەك ئەينەن ئەھۋالنى ئۆز قولىڭىز بىلەن بىر بەت قىلىپ يېزىپ چىقىڭ ۋە يازغىنىڭىزنى چاڭ باۋشۇغا ياكى شىركەت مۇدىرى گاۋ شىمىنغا تاپشۇرۇپ بېرىڭ. لېكىن ھېچكىمگە ئېيتماڭ. ئوغلى-ڭىزنىڭ رەسمىي ئىشقا چۈشۈشىنى، سىزگە بىر دەرىجە مائاش ئۆستۈرۈپ

بېرىشنى تەشكىل كەڭ ئاممىغا مەسلىھەت سېلىپ ئولتۇرماي ئىچكى جەھەتتە يىغىن ئېچىپ بېكىتىدۇ. ھازىرلا يېزىپ تەشكىلگە بېرىۋېتىڭ.

سەمەت موللا ئۇستەلگە يۆلىنىپ لاۋگو ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويغان بىر ۋاراق قەغەزگە باتۇر قادىر ھەققىدە كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى يېزىشقا باشلىدى. ئۇ لاۋگونىڭ تەلىپى بويىچە "باتۇر قادىرنىڭ قولى ۋە چاپىنىنىڭ پېشى قان يۇقى، ئىنتايىن ئالاقزادە، بىر يىل بۇرۇن ئاپىسى ۋە سىڭلىسى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەندە نارازى بولۇپ شۇي خەيلۇڭنىلا ئەمەس، پارتىيىنى، ماۋجۇشىنى، لىن فۇجۇشىنى تىللىغان" دېگەن سۆزلەرنى يوغانراق قىلىپ يېزىپ بىر ۋاراق قەغەزنىڭ ئالدى-ئارقىسىنى تولدۇرۇۋەتتى. لاۋگو ئۇيغۇرچە بەزى سۆزلەرنى ئانچە-مۇنچە سۆزلىيەلىگىنى بىلەن ئوقۇيالمايتتى. شۇڭا ئۇ سەمەت موللا يېزىپ بولغان خەتكە قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ سەمەت موللىنىڭ يازغان خېتىدە باتۇر قادىر توغرىلىق بايا دېيىلگەن مەزمۇنلارنىڭ بارلىقىغا ئىشەنچى كامىل ئىدى.

لاۋگو ئورنىدىن تۇردى. سەمەت موللىمۇ ئورنىدىن قوزغالدى. لاۋگو چىقىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان سەمەت موللىغا ھېچكىمگە تىنماسلىقنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە خەتنى ھازىرلا چاڭ باۋشۇغا بېرىپ قويۇشنى تاپىلىدى.

—سىزنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىڭىزنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز. تەشكىل سىزنى ئالاھىدە يوقلىماقچى. ھازىرچە مۇنۇ 50 يۈەن پۇلنى ئېلىپ خىراجەت قىلىپ تۇرۇڭ،—دېدى لاۋگو ئۇستىلىنىڭ بىرىنچى تارتمىسىنى ئېچىپ ئىچىدىكى خاتىرىسىگە تۇنۇگۇن سېلىپ قويغان بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇنۇۋېتىپ.

—رەھمەت، تەشكىلگە رەھمەت! —دېدى ھاياجانلانغان سەمەت موللا تەشكىلگە ۋاكالىتەن غەمخورلۇق قىلىۋاتقان قىياپەتتىكى لاۋگونىڭ قولىدىن ئەللىك يۈەن پۇلنى ئېلىشقا خىجىل بولۇپ.

—ئېلىڭ-ئېلىڭ. بۇ—تەشكىلنىڭ سىزگە غەمخورلۇقى. قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلارغا يامان تەسىر بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزىڭىزلا بىلىپ قالسىڭىز بولىدۇ،—دېدى لاۋگو ئەللىك يۈەن پۇلنى

بېرىپ بولۇپ ھجىيپ.
سەمەت موللا ئۆزىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغان لاۋگوغا ئىچ-ئىچىدىن مەمۇن بولۇپ ئۇنىڭ تەلپى بويىچە باياتىن يازغان باتۇر قادىرنى پاش قىلىش خېتىنى چاڭ باۋشۇغا بېرىش مەقسىتىدە ئىشخانىدىن ئالدىراش چىقىپ كەتتى.
ئەتىسى چۈشكە يېقىن بىلىكىگە قىزىل بەلگە تاقىغان قېيۇم توختو بىلەن ۋاڭ دويى كىرىپ كەلدى. ئۇلار ليۇ شۈەينىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىپ لاۋگو بىلەن قىزغىن سۆھبەتلىشىپ كەتتى. قېيۇم توختى ئارقىسىدا تۇرغان ۋاڭ دويىدىن خەنزۇچە يېزىلغان ليۇ شۈەينى تۇتۇش بۇيرۇقىنى ئېلىپ ئۆزىنى سالماق تۇتقان لاۋگوغا كۆرسىتىپ ئۆزلىرىنىڭ قاراشەھەردىن ئالاھىدە بۇ يەرگە كېلىش مەقسىتىنى ئۇقتۇردى. تۇتۇش بۇيرۇقى چىقار-غان ”قىزىلبايراق“ گۇگشى ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتى قېيۇم توختى بىلەن ۋاڭ دويىنى ”جىنايىتىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتكەن“ ليۇ شۈەينى تۇتۇپ يالاپ ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇلار ئەسلىدە مەخسۇس ئەنزە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى باشقۇرىدىغان چاڭ باۋشۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرمەكچى ئىدى. بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغان بولغاچقا قىيا ئۇچۇق تۇرغان لاۋگونىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. قېيۇم توختى ئەينى ۋاقىتتا توقسۇن ناھىيىسىگە كېتىپ قالغاچقا، قارىبۇلاق يېزىسىغا چۈشكەن لاۋگو ئۇنىڭ ئۆگەي ئاتىسى ھوشۇر قارىنى سولىتىۋەتكەنلىكىنى ئۇقمايتتى. قېيۇم توخ-تىمۇ ليۇ شۈەينىڭ يول كۆرسىتىشىگە ئېرىشكەن تەلەيخان بىلەن رازىخاد-نىڭ دەل ئاچىسى ھاشىخاننىڭ قېيىن سىڭلىسى ۋە قېيىن ئانىسى ئىكەنلى-كىنى ئۇقمايتتى. قورغاستا تۇرغان چېغىدا ”سوۋېت ئىشپىيونى“ دەپ يالاپ ئېلىپ كەلگەن تەلەيخاننى قويۇۋەتكەن رازاق ھوشۇر ئۆزىنىڭ ئۆگەي ئاكىسى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئۇقمايتتى. ئۇ پەقەت تەلەيخان بىلەن رازىخان مۇشۇ شىركەت تەۋەلىكىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ليۇشۈەي چوقۇم ئۇلارنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ كېلىشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلغاچقا، لاۋگودىن ليۇ شۈەينىڭ ئىز دېرىكىنى قىلىپ بولۇپ ئاندىن تەلەيخان بىلەن رازىخاد-نىڭ ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى سورىدى.

—ليۇ شۇەي دېگەن ئادەم مەشەدە. ئۇنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىشقا قارشى كۆز قاراشتىكىلەرنى قوترىتىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇق. بىزمۇ تەدبىر قوللىنىشنى ئويلىنىپ تۇراتتۇق. سىلەر دەل ۋاقتىدا كەپسىلەر،—لاۋگو سۆزلەۋاتقاندا ئىشىك جالاقىدە ئېچىلىپ، سەپراسى ئۆرلەپ تۇرغان "ياڭ سىلىڭ" كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىشخانىغا كىرەر-كىرمەيلا قايناپ كەتتى:

—ئۆلەرمەن قېرى ليۇ خۇگېيۇەننىڭ بىر ئوغلى پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئاتام بىلەن تاغامنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى تاپماي قويمايمەن، دەپ چالۋاقاپ ھوقۇق تارتىۋېلىشقا قارشى بىرمۇنچە پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ يۈر-گۈدەك...

—بىز دەل ئۇنى ئىزدەپ تۇتقىلى كەلدۇق،—قېيۇم توختى خەنزۇ-چە سۆزلەپ ئاخىرىنى ئۇقتۇرالماي ۋاڭ دوپيگە كۆز ئىشارىسى قىلدى. بۇ—سەن سۆزلىگەن دېگىنى ئىدى. ۋاڭ دوپى گەپ قىلغۇچە روھى كۆتۈرەڭگۈ لاۋگو ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ھاياجانلانغان ھالدا ئۇقتۇرۇپ بولدى.

—دەل ۋاقتىدا كەپسىلەر، ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، قارشى ئالىمىز. ھازىر مەركەز ئۆز ئورنىدا ئىنقىلاب قىلىش چاقىرىقى چىقاردى. بۇ ئادەمنى شىركىتىمىز تەۋەسىدىن ئېلىپ كېتىڭلار. مەن باشلاپ باراي،—دېدى "ياڭ سىلىڭ" باياتىن تۇتۇلغان بولۇتتەك چىرايىنى ئېچىپ.

—ليۇ شۇەي ھازىر نەدە؟—دەپ سورىدى قېيۇم توختى "ياڭ سىلىڭ"غا ئۆمتۈلگىنى ھالدا ئوچۇق چىراي ئېچىپ.

—قەبرىستانلىقتىن يېنىپ باتۇر قادىرنىڭ ئۆيىگە بارماقچى ئىدى. باتۇر قادىرنىڭ ئۆيىگە ھازىرلا بارساق تاپالايمىز.

—باتۇر قادىر دېگەن كىم ئۇ؟

—رازىخان دېگەن تۇل خوتۇننىڭ ئوغلى. چەت ئەلگە باغلانغان سىڭلىسى تەلەيخانمۇ شۇ ئۆيدە ئولتۇرىدۇ. ئۇلار ئۆتكەن يىلى قاراشەھەر-گە چۇشۇرۇلگەن ئىدى، شىركەتنىڭ رۇخسىتىسىزلا قېچىپ كېلىۋالغاننىڭ ئۈستىگە ھوقۇق تارتىۋېلىشقا قارشى پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ يۈرىدۇ. ئۇلار —مەسىلىسى كېيىن بىر تەرەپ قىلىنىدىغان جىن-شەيتانلار.

لاۋگو قىزى تەلەيخاننىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئورنىدا تۇرال-ماي ئورۇندۇقنى يۆلەپ تامغا تىرەپ قويدى. ئۇ تاتىرىشقا باشلىغان يۈزىنى دېرىزە تەرەپكە قىلىپ تاماكا چېكىش ئارىلىقىدا ”ياڭ سىلىڭ“نىڭ گېپىنى ئۈزۈپ تاشلىدى:

—ئىشتىن چۈشەيلى. چۈشتىن كېيىن سۆزلەشمەمدۇق، قاچقۇن نەگە قاچالايدۇ. بارىدىغان يېرى تايىنلىق شۇي خەيلۇگىنىڭ ئۆيى، ئاتىسىدىن قالغان مال-مۈلۈكلىرىنى شۇي خەيلۇگىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟

قېيۇم توختى بىلەن ۋاڭ دويى ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئۇلار لاۋگودىن كۆرە ”ياڭ سىلىڭ“غا قىزغىنلىقنى بىلدۈرۈپ ئۆزلىرىنى ھازىرلا تەلەيخان بىلەن رازىخاننىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ”ياڭ سىلىڭ“ ئۇلارنىڭ شۇنچىۋالا يىراق جايدىن كېلىپ بىر-ئىككى كۈن ئارامىمۇ ئالماي ”قېچىپ كەتكەن“ ئادەمنى تۇتۇشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنى باتۇر قادىرنىڭ ئۆيىگە باشلاپ ماڭدى. لاۋگو ئىشخانىسىدىن ئاخىرىدا چىقىپ ئىشكنى تاقاپ بولۇپ خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى.

× × ×

بۈرۈن خىش زاۋۇتى قىلىنغان پاكار تاغ باغرى چۆلدەرەپ قالغان. كەڭ كۆلەملىك قۇرۇلۇش قىلىش توختاپ قالغانلىقتىن خىش زاۋۇتىنىڭ خۇمدانلىرىنى ئايلىنىپ يۈرىدىغان ئادەملەر يوق. بۇ جايغا بىر چاغلاردا شوپۇر لاۋلىيۇ كۆمۈر باسقان كونا ماشىنىسىنى گۈرۈلدىتىپ ھەيدەپ كېلىپ تۇرغان، رازىخان بىلەن تەلەيخانمۇ بېشىغا كۈن چۈشكەندە چوخچىيىپ تۇرغان تاغ باغرىدىكى ئاۋۇ قارا خۇمداندىن سوۋۇشقا باشلىغان پىششىق خىشلارنى كۆكسىگە قەدەر تىزىپ سىرتقا توشۇغان، ئەمدى بۇ جايدا خىش پىشۇرىدىغان، توشۇيدىغان بىرمۇ ئادەم يوق، چوڭ-كىچىك باللارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئۇلار ئۆز تەقدىرىنى ئوگشاش ئۇچۇن شەھەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يۆتكىلىپ كەتكەندۇ، بەزىلىرى بەلكى شەھەرنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا كوچا تاملىرىغا چوڭ خەتلىك گېزىت، شوئار چاپلاپ

يۇرىدىغاندۇ.

لىيۇ شۇەي بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ تاغىسى شۇي خەيلۇڭنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە تاغ باغرىغا دەپنە قىلىنغان لىيۇ خۇڭيۇەن ۋە تاغىسى لىيۇخۇڭلىنىڭ بىر يەرگە قويۇلغان قوشماق قەبرىسىگە يېقىنلاشتى. ئۇلارنى رازاق ھوشۇر بىلەن تەلەيخان باشلاپ ئېلىپ چىقان ئىدى. لىيۇ شۇەي بىلەن لىيۇ خۇڭلىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەكلىرىگە قارىلىق تاقىغان بولۇپ قوللىرىدا سۈتتەك ئاق قەغەز بولاقلىرى تۇراتتى. ئەركىشىنىڭ كۆزلىرىدىن ئادەتتە ئاسانلىقچە ياش چىقمايدۇ. لىيۇ شۇەي ئاتىسى بىلەن تاغىسىنىڭ قەبرىسى يېنىغا بازاردىن سېتىۋالغان يوغان بىر تۇتام ئاپئاق قەغەزنى يېيىپ، ئۈستىگە بىر تال سەرەڭگىنى ياندۇرۇپ تاشلىدىدە، ئۆرە تۇرۇپ بېشىنى تۆۋەن قىلدى. ئوت يالقۇنلىرى ئۇنىڭ ياشاڭغۇراپ تۇرغان كۆزلىرىگە ئاتىسى لىيۇ شۇەي: ”بالام، سەن نەدە؟“ دەۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئويلايتتى: ئاتا، سىز بىر ئۆمۈر جاپا چېكىپ بىرئازمۇ راھەت كۆرمەي ياشىدىڭىز. سىزنىڭ بىر ئۆمۈر جاپا تارتىشىڭىز بىز ئۈچۈن ئىدى، بىز ئۈچۈن شۇ قەدەر جاپا تارتقانلىقىڭىز ئۈچۈن تەقدىرىمىز ياخشىلىنىشى كېرەك ئىدى، ئەمما بىز خانىۋەيران بولدۇق. ئاپام ئەكسىيەتچىلەرنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچراپ ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كەتتى. شياڭگاڭغا مەجبۇرىي ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن سىڭلىمنىڭ تەقدىرى قانداق؟ ئۇنى بىلىش ئىمكانىيىتى يوق. تەقدىر بىزنىمۇ ئايرىۋەتتى. ھەر ئىككىمىز ھايات تۇرۇقلۇق ئۇچرىشالماي بىربىرىمىزدىن مەڭگۈ ئايرىلدۇق. مەن سىزنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى تاپماي قويمايمەن. شۇنىسى بۇ قاتىل بىر ئادەم ئەمەس. جاھالەت قولى جان جىگەر ئۇكىڭىز لىيۇ خۇڭلى تاغامنىمۇ ھالاك قىلدى، پاجىئەگە يول ئاچىدىغان بۇ قول ماڭىمۇ يېقىنلاشماقتا. ئەمما مەن قورقمايمەن. جاھان ھەرگىزمۇ مۇشۇ پېتى كېتىۋەرمەيدۇ...

لىيۇ شۇەي خىيال سۈرۈۋېتىپ ئويلىنىشقا باشلىدى: ”مەن چوقۇم بېيجىڭغا بارىمەن. رازاق ھوشۇر دېگەن بۇ تەرجىمان كادىر مەنمۇ باراي دەۋاتىدۇ. بېرىدىغان ئەرز ۋە دەرد-ئەھۋالغا ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان ئۇ

كادىرمۇ گۇۋاھچى بولسا مەركەز ئەستايىدىل قاراپ بىرنېمە دېيىشى مۇمـ
كىن...»
ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەننىڭ قەبرىسىنى يوقلاشقا چىققانلار لىۇشۇەيىنىڭ
كۆز يېشى قىلىپ خىيال سۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ گەپ-سۆز قىلىشماي
ئۇ يەردىن-بۇ يەردىن كۆتۈرەلىگۈدەك يوغان-يوغان تاشلارنى ئىزدەپ
تېپىپ قەبرىگە تىزىشقا باشلىدى. قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدە بىردەمدىلا يىراقتىن
قارىغاندىمۇ ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدىغان تاش دۆڭ پەيدا بولدى. قەبرە
يوقلاشقا چىقىش ئالدىدا تەلەيخان ئاپىسى رازىخانغا لىۇ شۇەيىنى چوقۇم
ئۆيگە باشلاپ كېلىمەن، ياخشىراق تاماق ئەتكىن» دەپ ئېيتىپ قويۇپ
كەلگەن ئىدى. ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەننىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ بولۇپ قايتىـ
دىغان چېغىدا ئۇ ھەممىسىنى ئاكىسى باتۇر قادىرنىڭ ئۆيىگە تەكلىپ
قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئاخىر لىۇشۇەي بىلەن رازاق ھوشۇر بارىدىغان
بولۇپ، باتۇر قادىرنىڭ ئائىلىسىگە قاراپ يول ئالدى.
بەشىنچى ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ھاۋا خېلىلا ئىسسىپ بولۇق
ئۆسكەن يوغان قارىغاي شاخلىرى بۇ ھويلىنى يېشىللىققا پۈركىگەن ئىدى.
ئالقاغا، ياۋا كەپتەرلەر قارىغاينىڭ قۇرۇپ قالغان شاخلىرىغا ئاستا قونۇپ
سايرىشىپ ئۆگزىگە چۈشۈشكە ئىنتىلمەكتە. ئالدى بىلەن قورسىقى ئاچ
قالغان قۇشقاچلار شاخ ئۈستىدە «ۋىچىر-ۋىچىر» قىلىپ سايرىشىپ رازىخان
ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چۈشۈشكە تەمشەلدى. رازىخان ھەر پەيشەنـ
بە، جۈمە كۈنى مەرھۇم يولدىشى قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ روھىغا ئاتاپ
ئۆگزىسىگە بىر ئوچۇم بۇغداي دېنى چېچىپ تۇرغاچقا، ئۇچار قۇشلار بۇ
ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە قونۇپ بەھۇزۇر دانلاشقا ئۆگەنگەن ئىدى. تائەت-ئىبا-
دەت قىلىشقا، نەزىر-چىراغ قىلىشقا قۇربى يەتمىگەندە ئۇچار قاناتلارغا بىر
سىقىم دان چېچىپ بەرسىمۇ قازا قىلغانلارنىڭ ئەرۋاھىغا يېتىپ بارىدۇ،
دەپ ئاڭلىغان رازىخان بۈگۈنمۇ ئۆگزىسىگە بىر سىقىم بۇغداي دېنى
چېچىۋەتكەن ئىدى، دەسلەپتە بىر توپ قۇشقاچ، كەينىدىنلا ئۈچ-تۆت
كەپتەر قاناتلىرىنى قېقىشىپ ئۆگزىسىگە چۈشۈشكە باشلىدى.
باتۇر قادىر، ئائىلى ھاشىخان ۋە تەلەيخان بۈگۈن ئىشقا بارمىدى.

ئۇلار ئۇزۇندىن بېرى يېقىن ئۆتكەن قەدىناس شوپۇر لاۋليۇنىڭ قاراشەھەردىن كەلگەن ئوغلى ليۇ شۇەينى كۈتۈۋېلىشقا تەقەززا بولۇپ تۇراتتى. ئۇلار چۈشتىن كېيىنمۇ كەلمىگەچكە، باتۇر قادىر ئۇلارنى ئىزدەپ ئالدىغا چىقماقچى بولۇپ ئۆيدىن سىرتقا ماڭدى. ئۇ سىرتقا چىقىپ كېتىپ يىگىرمە نەچچە مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۆيگە دەسلەپ ليۇ شۇەي، ئاندىن رازاق ھوشۇر، ئارقىدىن تەلەيخان كىرىپ كەلدى. ئۆيدىكىلەر ئالدىراپ-تېنەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ليۇ شۇەينى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

ليۇ شۇەينىڭ ئەسلىدە بۇ ئۆيگە كىرىش رايى يوق ئىدى لېكىن لاۋگونىڭ "باتۇر قادىرنىڭ تاغىڭىز ليۇ خۇڭلىنى ئۆلتۈرگەن قاتىللىق ئەنزىسى تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ" دېگەن سۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ باتۇر قادىرنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى. ئۇ ليۇ خۇڭلىنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ باتۇر قادىر دېگەن بۇ ئادەمنى ئالتايدا ھەربىي سەپتە چېغىدا تاغىڭىز پارتىيىگە تونۇشتۇرغان، ئۇلار شىركەتتە خېلى يېقىن ئۆتكەن ئىدى، تاغىڭىزنى ئۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى، دېيىشكە تىلىمىز بارمايدۇ، دېگىنىنىمۇ ئېسىگە ئالدى-دە، ئۇنىڭ ئۆيىگە تۇزۇت قىلىپ تۇرمايلا كېلىۋەردى.

ئۆينىڭ تۆرىدە بىر كارىۋات، كارىۋاتنىڭ ئالدىدا ئېگىزرەك تۆت چاسا ياغاچ جوزا، جوزىنىڭ ئەتراپىغا كونا-يېڭى تۆت ئورۇندۇق قويۇلغان ئىدى، ھويلىدىكى قېرى قارىغاينىڭ قويۇق ئۆسكەن يېشىل يوپۇرماقلىرى كۈن نۇرىنى توسۇپ تۇرغاچقا، دېرىزىسىدىن ئۆينىڭ تۆرىگە يورۇقلۇق تولۇق چۈشمەيتتى. تەلەيخان ئالدىراپ-تەمتىرەپ ئۆينىڭ لامپۇچكىسىنى يورۇتتى. ليۇ شۇەينىڭ ئالدىدىكى جوزىغا رازىخان بىلەن تەلەيخان ياققان بىرقانچە تونۇر نېنى قويۇلغان ئىدى. ھاشىخان ئالدىراپ-تېنەپ چوڭ بىر ناننى تەستە ئۈشتۈپ ليۇ شۇەينى، ئاندىن رازاق ھوشۇرنى نان بىلەن چايغا تەكلىپ قىلدى. كۆپ ئۆتمەي ھەممەيلەننىڭ ئالدىغا ئارا چىنىدە گاڭفەن ئېلىپ كېلىندى. ليۇ شۇەي ئۆيدىكىلەرگە چىرايىدا قىزغىن، ئەمما گەپ-سۆزدە ئېغىر-بېسىق، تەمكىن بولۇۋالغان ئىدى. رازىخان بىلەن تەلەيخان كىچىك چىنىلەرگە چاي قويۇۋاتقان ھاشىخاننىڭ ئالدىدا بىرئاز تەڭلىكتە قالدى. ھاشىخان ليۇ شۇەينى ياقتۇرمىدىمۇ، چىرايىنى تۈرۈپ

قوپال مۇئامىلە قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئۇ: ”نېمانچە يېقىمسىز، سوغۇق ئادەم بۇ. تايىنلىق، تاغىسى شۇي خەيلۇڭنى باتۇر قادىر ئۆلتۈرگەن دېگەن پىتنە-ئىغۋانى كېلىپلا ئاڭلىغان ئوخشىمامدۇ؟ قارىغاندا پىتنە-پاسات گەپ-لەرگە ئىشىنىپ قالغاندەك تۇرىدۇ...“ دەپ ئويلىدى. ئۇ كۆڭلىدىكى غەشلىكنى مېھمانغا بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشىپ ھەربىرەيلەنگە چاي قۇيۇپ بولۇشقا سىرتتىن ھىرىپ-چارچاپ كەتكەن باتۇر قادىر كىرىپ كەلدى.

— ھە، شوپۇر لاۋلىۇ ئۇستامنىڭ ئوغلى لىۇ شۇەي سىز بولامسىز؟ قانداق ئەھۋالىڭىز؟ ياخشىمۇ سىز؟ — باتۇر قادىر قىزغىنلىق بىلەن لىۇ شۇەيگە قولىنى ئۇزاتتى.

لىۇ شۇەي ئورنىدىن ئاستا تۇردى-دە، چىرايىنى سەل ئاچتى، ئۇ زورمۇزور قول سۇنۇپ ئۇن چىقارماي بېشىنى بىلىنەر-بىلىنمەس لىڭشىتتى. ئۆينى جىمجىتلىق باستى. ھەممەيلەن بىربىرىگە تەئەججۇپ بىلەن قارىشىپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغىنىدا لىۇ شۇەي يەۋاتقان گاڭفەننى سەل نېرىغا سۈرۈپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

— كېلىپلا ئىدارەڭلەرنىڭ دەرۋازا باققان ئىككى ئادىمى ۋە غوللۇق كادىرى لاۋگو بىلەن كۆرۈشكەن ئىدىم. تاغام ۋە ئاتامنىڭ ئۆينى ئۇلارنىڭ ياردىمىدە تاپتىم. ئۇلار تاغام لىۇخۇڭلىنىڭ ئائىلىسىنى كۆرسىتىپ قويۇش-تى. ئالدىراشچىلىقتا تەرەپپال قۇرۇق كېلىپ قالدىم. كەچۈرگەيسىز.

— ياخشى بوپتۇ، بالدۇرراق كەلگەن بولسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولاتتى...

— شۇنى دېمەمسىز، بۇنىمۇ بىر تەقدىر دېيىش كېرەك، ئەمما بۇ پاجىئەلىك تەقدىرنى ئېنىقلىماي بولمايدۇ. مەن چوقۇم ئېنىقلايمەن. جاھان ھەرگىزمۇ مۇشۇنداق كېتىۋەرمەيدۇ.

— كوممۇنىستىك پارتىيە بار ئىكەن، جۇڭگودا ئېنىقلانمايدىغان مە-سىلە يوق، — دەپ قوشۇپ قويدى باتۇر قادىر.

تاماقلىنىۋاتقانلار چوكىلىرىنى نانىنىڭ، بەزىلىرى داستىخان ئۈستىدى-كى قاچىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇپ لىۇ شۇەي بىلەن باتۇر قادىرنىڭ زىددىيەتلىك گەپ-سۆزلىرىگە دىققەت قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئىككىسىنىڭ

مەنىلىك سۆھبىتىنى ئاڭلاپ بىر بىرىگە قاراشتى. لىۇ شۇەينىڭ تۈرۈلگەن چىرايىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتمىدى. لىۇ شۇەينىڭ ”يا بالدۇر، يا كېيىن ئىنقىلاماي قويمايمەن“ دېگەن سۆزى بىرئاز ئۈنلۈكرەك ئېيتىلغاچقا، ئولتۇرغانلار: ”لىۇ شۇەي دېگەن بۇ مېھمان ئۆيگە كىرەر-كىرمەيلا باتۇر قادىردىن گۇمانلىنىۋاتامدۇ—نېمە؟“ دېگەن ئويغا كېلىشتى. ھاشىخان تېڭىرقاپ قالدى. رازىخان لىۇ شۇەينىڭ ئاغزى-دىن لاۋگو دېگەن ئىسمنى ئاڭلاپ سەسكىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى: ”لاۋگو دېگەن بۇ جوھۇت يەنىلا بىزنىڭ ياشىشىمىزغا پۇتلىكاشاڭ بولۇپ يۈرۈپتۇ. ئۇ ئوغلۇمنىڭ ئاتىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپلا قالماي، شىركەت مۇدىرى شۇي خەيلۇڭ شۇجىنىڭ جېنىغىمۇ زامىن بولغان. شوپۇر لاۋلىيۇ-نىڭ پاجىئەسىنى پىلانلىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ ئەھۋاللارنى دېسەم سورايدىغان يەر، ئاڭلايدىغان ئادەم بارمىدۇ؟“ دەپ ئويلىدى رازىخان پەرىشان ھالەتتە. ”ھەقىقەت ئىنقىلابچە شۇجى لىۇ شۇەينى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ باشلاپ كەلمىسەم بوپتۇكەن“ دەپ ئويلىدى تەلەيخان نېمە دېيىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغان ئاپىسىغا قاراپ. رازاق ھوشۇر يەنە سۆز قىلاي دەپ تۇرغان باتۇر قادىرنى ئىشارەت قىلىپ توسۇپ ئۆزى گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋىدى، ھويلا ئىشىكىنىڭ بىردىنلا جالاقىدە ئېچىلغى-نى، ئاندىن ”ياڭ سىلىڭ“نىڭ ”مۇشۇ ئۆي شۇ“ دېگەن قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى، ئاندىن ئۆيگە ئىجازەتسىزلا ”ياڭ سىلىڭ“، كەينىدىن قېيۇم توختى، ۋاڭ دويى كىرىپ كەلدى.

ئۆيدىكىلەر سىرتتىن كىرگەن ئۈچەيلەننى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالدى ۋە لىۇ شۇەيدىن باشقىلىرى دەررۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئالدى بىلەن ھاشىخان ئۈچ-تۆت يىلدىن بېرى كۆرۈشمىگەن ئۇكىسى قېيۇم توختىنىڭ ئۆيگە ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال ھالدا باتۇر قادىرنىڭ ئالدىدىن سۇرۇلۇپ ئۆتۈپ يېنىغا كەلدى ۋە قىزغىن ھال-ئەھۋال سورىدى:

—ئۇكام، سېنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى. تىنچ كەلدىڭمۇ؟ ئاپام تىنچلىقمۇ؟

—ئاچا، بۇ سىزنىڭ ئۆيۈڭما؟ مېنى شەرق شاملى ئۇچۇرۇپ كەلدى.
بىز بىر مۇھىم ئىش بىلەن كەلدۇق،—دېدى قېيۇم توختى سىرتقى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىنى ئۇلۇك قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ،—ليۇ شۈەي دېگەن كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان قاچقۇن ھوقۇقدارنى تۇتقىلى كەلدۇق.
قېيۇم توختىنىڭ تەرىنى تۇرۇپ قىلغان قوپال سۆزلىرىنى ئاڭلىغان رازىخان بىلەن تەلەيخان ھاڭ-تاڭ قالدى. باتۇر قادىر ئەجەبلىنىپ يولدىشى ھاشىخانغا ”سىزنىڭ بۇنداقمۇ ئۇكاڭ بارمىدى“ دېگەندەك قىلىپ سوغۇق نەزەردە قارىدى. رازاق ھوشۇر قاپىقىنى تۈرۈپ ليۇ شۈەينىڭ ئالدىدىن مەردانە قەدەم تاشلاپ ئۆتتى-دە، قېيۇم توختىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى:
—سىلەر قايسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن؟ بۇ ئادەمنى نېمىشقا تۇتىسىلەر؟ نېمە ئاساسىڭلار بار؟
—رازاق ئەپەندى، سىز بۇرۇن ماۋۇ چەت ئەلگە باغلانغان نايناق جىن-شەيخاننى تۇتۇپ ئالدىڭىزغا ئېلىپ كىرسەك، ئۇنى قوغداپ قويۇپ بەرگەن ئىدىڭىز، ئەمدى ماۋۇ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان قاچقۇن ھوقۇقدارنى تۇتقىلى كەلسەك، پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتىسىز. سىز قايسى مەيداندا تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟
—تەكشۈرۈپ ئېنىقلىماي تۇرۇپ قارىسىغا ئادەم تۇتۇش توغرا ئەمەس،—دېدى باتۇر قادىر ئۆيگە كىرگەن ئۈچ ئادەمگە ھومىيىپ قاراپ.
—سىز قانداق كادىرسىز؟ قېچىپ كەلگەن كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارنى يوشۇرۇپ زىياپەت بەرگىنىڭىزنى ئاز دەپ، بىزنىڭ تۇتۇش بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشىمىزغا قارشى چىقماقچىمۇ؟—دېدى قېيۇم توختى قوپاللىق بىلەن ۋە يېنىدىكى ۋاڭ دويىگە باتۇر قادىرنىڭ گېپىنى يېرىم-ياتا تەرجىمە قىلىپ ئۇنىڭ سۆز قىلىشىنى كۈتتى. ئانغىچە ھاشىخان قولىنى باتۇر قادىرنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ تېز ئىنكاس قايتۇردى:
—ئۇكام، بۇ—سىزنىڭ قېيىن ئاكاڭ بولىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئۆي، قالايمىقان سۆزلىمە!
—ئاچا، پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئاكا-ئۇكا، تۇغقاندار-

چىلىقنى ئىپتىراپ قىلمايدۇ. كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار تەرەپتە تۇرساڭ، ھېلىغۇ قېپسەن ئاكا ئىكەن، ساڭمۇ يۈز قارىمايمەن.

—لىيۇ شۇەي شۇجى مۇسىبەتتە، ئۇنى ئېلىپ كېتىشكە بولمايدۇ، —دېدى تەلەيخان ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ،—سىلەر تۇتۇپ ئېلىپ كەتمىسەڭلارمۇ بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۆزى بارالايدۇ.

—ئاچا، بۇ ئۆيىنىڭ جىن-شەيتانلارنىڭ پانالىنىدىغان ئۇۋىسى بوپتۇ-غۇ، سېنىڭ جىن-شەيتانلارنىڭ ھامىيسى بولۇپ قالىدىغىنىڭنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن.

—ئاغزىڭىزنى چايقىۋېتىپ گەپ قىلىڭ، كىم جىن-شەيتان ئىكەن؟ ئاممىغا تۆھمەت چاپلاش—ئىنقىلاب قىلغانلىق ئەمەس. پرولېتارىيات سىيا-ستىمۇ ئەمەس،—دېدى رازاق ھوشۇر. زەردە بىلەن قېيۇم توختىغا ئالىيىپ.

لىيۇ شۇەي ئېغىر-بېسىق، تەمكىن ھالەتتە ئۆزى ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەرنى سەۋرلىك بىلەن ئاڭلىماقتا ئىدى. توساتتىن ئىككىنچى كالوندى-كى بىر تۈركۈم قىرى شوپۇرلار لاۋلىيۇنىڭ ئوغلى لىيۇ شۇەي قاراشەھەردىن ئاتىسىنى ئىزدەپ كەپتۇ، دەپ ئاڭلاپ ھويلىغا كىرىشكە باشلىدى. ئۇلارغا باشلامچى بولۇپ ۋاڭ دۈيجاڭ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن شىركەت تەۋەسىدىكى بىرمۇنچە ياشلار تالادا توپ-توپ بولۇشۇپ ئۆزئارا گۇدۇڭلاشماقتا ئىدى. ۋاڭ دۈيجاڭ ھويلىدىكى ئادەملەر ئارىسىنى يېرىپ ئۆتۈپ ئۆيگە ئىجازەتسىزلا ئۇسۇپ كىردى:

—نېمە قالايمىقانچىلىق بۇ؟ شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ ئوغلىنى مۇشۇنداق پاراكەندىچىلىكتە كۈتۈۋالدىڭلارما؟—دېدى ئۇ ئەمەلىي ئەھۋالنى ئۇقماي باتۇر قادىر بىلەن رازاق ھوشۇرنىڭ ئۆڭۈپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ. ئاندىن ئۆزىنى كۆرۈپ ئەمدى ئورنىدىن تۇرغان لىيۇ شۇەيگە قىزغىنلىق بىلەن چىرايىنى ئېچىپ ”ياخشىمۇ سىز، تىنچ كەپسىز؟“ دېگەن ھېسسى-ياتنى تەبەسسۇم بىلەن ئىپادىلەپ قولىنى سۇندى. لىيۇ شۇەي قىزغىن قول بېرىپ كۆرۈشتى.

—بىز تۇتۇش بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغىلى كەلدۇق. كاپىتالىزم يولىغا

ماڭغان قاچقۇن ھوقۇقدار ليۇ شۇەينى تۇتۇپ گۇڭشېمىزغا ئېلىپ كېتىمىز! —دېدى ۋاڭ دويى ئالدى بىلەن ليۇ شۇەيگە، ئاندىن ئۆيدىكىلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ،—شەھەردىكىلەر يېزىدىكى ئىنقىلابقا ئارىلاشمىغىنى ياخشى!

ئۆيگە يېڭى كىرگەن ۋاڭ دۈيجاڭمۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاڭ-تاڭ قالدى. ئۇ تاكاللاشماقچى بولۇۋىدى، باياتىن بېرى ئۆزىنىڭ پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرۈش نۆۋىتىنى كۈتۈپ تۇرغان "ياڭ سىلىڭ" قىسقا، كەسكىن گەپ قىلىپ ئۇنىڭ رايىنى قايتۇردى:

—يۇرتداشلار، مەركەزنىڭ: ھەممەيلەن ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئىنقىلاب قىلسۇن، دېگەن چاقىرىقىنى ئاڭلىدىڭلار. بىز بۇ ئۈچەيلەن تۇرغان گۇڭشېدىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغانلىقىمىز ئۈچۈن شىركەت تەۋەسىدىكىلەر ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمىغىنىمىز ياخشى.

ليۇ شۇەي ئۆيدىكى جىددىيلىكنى كۈچەيتىشنى خالىمىدى. ئۇ ئۆزىنى يوقاتمىغان ئىدى. چىرايىدا بىرئازمۇ قورقۇش ئالامىتى يوق ئىدى، ئۇ ھەقىقەتنىڭ ئاخىر ئۆزىگە تەۋە بولىدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنەتتى. ئۇ قېيۇم توختىنىڭ قورغاستىن قاراشەھەردىكى ئۆزى تۇرغان "قىزىلبايراق" گۇڭشېسىغا يۆتكىلىپ كېلىشىگە، ۋاڭ دويىنىڭمۇ "شەرق قىزاردى" دادۈيىگە، كېلىشىگە يۆتكىلىپ ئورۇنلىشىشىغا قوشۇلغان، ئەمەلىيەتتە ليۇ شۇەي بۇ ئىككىيلەننى شىمالىي شىنجاڭدىن يۆتكەپ ئېلىپ كېلىۋالغان ھېسابتا ئىدى. ھازىر، مانا بۇ ئىككىسى جان ئالىدىغان ئەزرائىلدەك ئالدىدا تۇرىدۇ. ليۇ شۇەي ئۆرە تۇرغانلارنىڭ ئارىسىدىن سۈرۈلۈپ قېيۇم توختىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گەپ قىلىش نۆۋىتى كەلگەنلىكىنى، ئۆز پوزىتسىيىنى بىلدۈرمىسە بولمايدىغانلىقىنى پەملەپ ئادەتتىكىچە ئاھاڭدا:

—تۇتۇش بۇيرۇقۇڭلار قېنى؟—دېدى ئۇ قېيۇم توختىغا. ۋاڭ دويى گەپ-سۆز قىلماي قېيۇم توختىنىڭ ئىشارىتى بويىچە ئالدىراپ-تېنەپ ئىچكى يانچۇقىدىن قىزىل تامغا بېسىلغان بىر ۋاراق قەغەزنى ليۇ شۇەيگە سۇندى. ليۇشۇەي ۋاڭ دويىنىڭ تىترەپ تۇرغان قولىدىن تۇتۇش بۇيرۇقىنى ئېلىپ تېزلا كۆز يۈگۈرتۈپ ئوقۇپ چىقتى-دە، ۋاڭ دويىگە سوغۇق

كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ قايتۇرۇپ بەردى.

—مەن قايسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ تۇتۇش بۇيرۇقى-كىن، دەپتىمەن. ئۆزۈم تۇرغان گۇڭشېنىڭ تۇتۇش بۇيرۇقى ئىكەنغۇ بۇ؟ —دېدى ليۇ شۆي دىمىقىدا كۈلۈپ مەنسىتمەسلىك بىلەن قېيۇم توختىغا قاراپ.

—ليۇ شۆي، بىز بىلەن ماڭامسەن-يوق؟—دېدى قېيۇم توختى قوينىدىن كىچىك بىر تاپانچىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا تەڭلەپ.

ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ دىمىقىدا كۈلۈۋاتقان ليۇ شۆي كالبىرى ئۆزىگە بەتلەنگەن تاپانچىنى كۆرۈپ كۈلكىسىنى توختىتىپتۇ، قىلچە جىد-دىيلەشمەي، ۋاڭ دويى بىلەن قېيۇم توختىغا:

—ئۆزۈم رەھبەرلىك قىلىۋاتقان گۇڭشېغا نېمىشقا بارمىغۇدەكمەن. تاپانچاڭنى قوينىڭغا سېلىپ قوي، كېيىن لازىم بولىدۇ. مەن تاپانچا تۇرماق، پىلىموت ، زەمبىرەكلەر يېنىدا يۈرۈپ چوڭ بولغان. قورقۇنچۇم يوق.

ئۆيدىكىلەر قېيۇم توختىنىڭ ليۇ شۆيگە تاپانچا تەڭلىشىنى كۆرۈپ ھەممىسى ئالاقزادە بولۇپ كەينىگە چېكىنىشتى.

—ئۇكام، نېمە قىلىۋاتىسەن؟—ھاشىخان چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ قېيۇم توختىغا زەردە بىلەن قايىنغىلى تۇردى. رازىخان بىلەن تەلەيخاننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ۋاڭ دۈيجاڭ بىلەن رازاق ھوشۇر قېيۇم توختىنىڭ قولىدىكى تاپانچىنى تارتىۋېلىش غەرىزىدە پېچىرلىشىشقا تەمشىلىۋىدى، ليۇ شۆي ئۈنلۈك سۆزلەشكە باشلىدى:

—يولداشلار، مەن ئۆز ئورنۇمغا قايتىمەن. گۇڭشېدىن مەن بۇ يەرگە قېچىپ ئەمەس، ئاتام بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەلگەن، ئىنقىلاب ئەگرى-توقاي، مۇرەككەپ بولىدۇ. بىز ھامان بىر كۈنى يەنە كۆرۈشىمىز. مەن يولداشلارنىڭ ئاۋازىمىزنى مەركەزگە يەتكۈزىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، —ليۇ شۆي تەرجىمان رازاق ھوشۇرغا ئىسمىنى ئاتماي مەنلىكرەك قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،—ئالتۇن بىلەن مىس ئوتتا، ھەق بىلەن ناھەق ئەمەلىيەت ئوچىقىدا ئايرىلىدۇ. ئەمەلىيەت تاغام بىلەن

ئاتامنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇۋالچىلىق ئىكەنلىكىنى، مېنىڭ كاپىتالىزم بولىغا ماڭغان ھوقۇقدار ئەمەسلىكىمنى، بەلكى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان قەيسەر كوممۇنىست ئىكەنلىكىمنى ئاخىر تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

قېيۇم توختى تاپاچىسىنى قولۇپلاپ چاپىنىنىڭ ئىچكى يانچۇقىغا ئاۋايلاپ سېلىۋېتىپ لىۇ شۈەيىنىڭ سىرتقا مېڭىشىغا چېكىنىپ يول بەردى. ھەممەيلەن لىۇ شۈەيگە ئەگىشىپ سىرتقا چىقىش ئۈچۈن ئالدىغا سۈرۈلۈشكە باشلىدى. ھاشخان ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

—ئۇكام، بۇ ئادەمنىڭ ھەسرىتى ئېغىر، يولدا كۆڭلىگە ئازار بەرمەي تېگىپ قويساڭ ئاقىۋەت ساڭىمۇ ياخشى كۆن يوق، جۇمۇ.

قېيۇم توختى ئاچىسىنىڭ تەھدىتى چىقىپ تۇرغان قاتتىق ئەسكەرتىشىنى ئاڭلىدىيۇ، ھېچبىر گەپ-سۆز قىلماي، ئاچىسىغا خوشمۇ دېمەي ھويلىسىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ ئاچىسىنىڭ: ئۇكامىنىڭ قايمۇقۇپ بۇنچىۋالا ئەسەبىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقماپتىمەن. ئاتىسىدىن ئايرىلغان بۇ ئادەمگە چېقىلىدىغان بولسا مەن ئۇكام دېمەيمەن، ئۇ ئاقىۋەت كۆرگۈلۈكىنى كۆرىدۇ، دېگىنىنى ئاڭلىدى. ئاچىسىنىڭ ساڭىمۇ ئاقىۋەت ياخشى كۆن يوق، دېگىنى روھىي دۇنياسىغا تاقالغان تەھدىتى ئېغىر ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى. ئۇ ئويلاشقا باشلىدى: "ئۆتكەن يىلى جىن-شەيتانلار تارتىپ چىقىرىلغان ئىدى، خاتا بولدى، بۇ يىل ھوقۇقدارلار تارتىپ چىقىرىلدى، بۇمۇ خاتا بولسا كېلەر يىللىقتا نۆۋەت تارتىپ چىقارغۇچىلارغا كېلەمدۇ، قانداق؟ ئەڭ ياخشىسى، ئويلىنىپ كۆرسەم بولغۇدەك..." قېيۇم توختى ئويلىنىپ ئاخىرى يول ئۈستىدە لىۇ شۈەيگە تەلۋىلىك قىلىشتىن يالتىيىپ قالدى.

لىۇ شۈەي ئۆزىنى ئورىۋالغان ۋاڭ دۈيجاڭ، رازاق ھوشۇر، رازىخان، تەلەيخانلارنى قېيۇم توختى بىلەن ۋاڭ دويگە قارشى قويۇپ شىركەت تەۋەسىگە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىشنى خالىمىدى. ئۇ ۋاڭ دۈيجاڭ، رازاق ھوشۇرلار بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ خوشلىشىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ھامان بىر كۈنى كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى-دە، ھويلىدىن چىقىپ قاتناش بېكىتى تەرەپكە كەتتى. باتۇر قادىر، ۋاڭ دۈيجاڭ، رازاق ھوشۇر، رازىخان،

تەلەيخانلار قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ھەسرەت ئىچىدە ئۇزىتىپ قويۇشتى. ھاشىخان بولسا ئۇكىسى قېيۇم توختىنىڭ ليۇ شۇەينى مەجبۇرىي ئېلىپ كەتكەنلىكىگە ئاچچىق يۇتۇپ ئۇزاتقىلى چىقماي ئۆيدە قالدى. ياڭ ”سى- لىڭ“ بولسا بۇ ئەھۋالنى قاتناش شىركىتىنىڭ ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىغا—گاۋ شىمىن بىلەن چاڭ باۋشۇلارغا دوكلات قىلىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.

# ئون بىرىنچى باب

# رازىخاننىڭ رازلىق خېتى

يىللار مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى.
قېرىتىمەن دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى.*

—ل. مۇتەللىپ

ساۋ شەنتاڭ ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن شىركەتنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈپ كەتتى. ھەرقايسى كالونىلاردىكى ئاپتوموبىل، ئاپتوبۇس شوپۇرلىرىمۇ كىمكى ئاپتوموبىل، ئاپتوبۇسلارنى ھەيدىمىسە، ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، ئازادلىق ئارمىيە شوپۇرلىرىنىڭ ھەيدىشىگە تاپشۇرۇلىدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، قاتناشنى تېز ئەسلىگە كەلتۈردى. ساۋ شەنتاڭ قەتئىي ئىدى. ئۇنى ھەممەيلەن ساۋجۇرىن دەپ ئاتايتتى. ئۇ شىركەتنىڭ سابىق مۇدىرى شۇي خەيلۇڭنىڭ بىئەجەل ئۆلۈپ كېتىشىگە قاتتىق ئېچىندى. ئۇنىڭ مەسىلىسى ھەققىدە تەشكىل تەرىپىدىن تېخى ھېچبىر يەكۈن چىقىرىلمىغان، دەلىل-ئىسپاتى تولۇق ئەمەس، ئەستايىدىل تەكشۈ-

* «ل. مۇتەللىپ ئەسەرلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1981-يىل نەشرى، ”يىللارغا جاۋاب“ ناملىق شېئىرىدىن.

رۇش جەرياندىن ئۆتمىگەن نا ئېنىق مەسلە، دەپ قارايتتى. شۇڭا گاۋ شىمىنغا شۇي خەيلۇڭنىڭ پاجىئەسىگە دائىر ئەنزىنى ئېنىقلاپ چىقىشنى تاپشۇردى. گاۋ شىمىن بولسا ئەنزە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكى چاڭ باۋشۇنى ئۆزى بىۋاستە قول سېلىپ ئېنىقلاشقا ئورۇنلاشتۇردى. چاڭ باۋشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە بۇرۇنقى چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا ”باتۇر قادىرنىڭ شۇي خەيلۇڭنى ئۆلتۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى“نى يېزىپ چىقتى. ”دوكلات“نىڭ بېشىغا ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن ئالېكسىينىڭ تەلەيخانىغا يازغان ئۇزۇن بىر پارچە خېتى قىستۇرۇلغان ئىدى. سەمەت موللىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىپ يازغان بىر پارچە خېتىمۇ ”تەكشۈرۈش دوكلاتى“نىڭ ئاخىرقى بېتىگە قىستۇرۇلۇپ ساۋجۇ-رىنغا تاپشۇرۇلدى.

قاتناش شىركىتى ھەربى ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ساۋ-جۇرىن ”تەكشۈرۈش دوكلاتى“نى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى. چاڭ باۋشۇ تەييارلىغان ”تەكشۈرۈش دوكلاتى“نىڭ ئاخىرى سەمەت موللىنىڭ پاش قىلىش ماتېرىياللىنى پرىنسىپقا كۆتۈرۈپ مۇلاھىزە قىلىش بىلەن تولغان ئىدى. ساۋ جۇرۇن ئىشخانىسىدا سېرىق ھەربىي شەپكىسىنى چىچى شالاڭ بېشىدىن ئېلىپ يېزىق ئۈستىلى ئۈستىگە قويدى. ئاق ئارىلىغان شالاڭ چېچىنى سىقىمداپ تۇتۇپ ئاستا قويۇۋەتتى. ھەربىي فورمىلىق چاپىنىنىڭ ياقىسىنى ئېچىۋېتىپ چوڭقۇر ئويلىنىشقا باشلىۋىدى، دەسلەپ چاڭ باۋشۇ، كەينىدىن گاۋشىمىن ”تەكشۈرۈش دوكلاتى“نىڭ ئۇچۇرىنى ئاڭلاشقا كى-رىپ كەلدى. چاڭ باۋشۇ ناھايىتى قەتئىي ئىدى. ئۇ باتۇر قادىرنى دەرھال قولغا ئېلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. گاۋ شىمىن بولسا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈشنى، شىركەت تەۋەسىدە نەزەربەند قىلىپ يەنە بىر نۆۋەت چوڭقۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى تەۋسىيە قىلاتتى. ساۋ جۇرىن چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن ئۇلارغا مۇنداق يوليورۇق بەردى:

—ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى بۇ ئىشقا بىۋاستە ئارىلىشىپ قولغا ئېلىشنى تەشەببۇس قىلىشقا بولمايدۇ. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگى-نىنىڭ تەستىقىسىز قولغا ئېلىشقا، ئىدارە ئىچىدە قاماپ نەزەربەند قىلىشقا

بولمايدۇ. شىركەتنىكى كەڭ ئاما، ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىرلىككە كېلىپ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشى ئۈچۈن تۇتۇپ تۇرۇشقا تاپشۇرۇپ بەرسە تۇسماڭلار، ئاممىنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولسۇن.

گاۋ شىمىن، چاڭ باۋشۇلار ساۋ جۇرىنىڭ بەرگەن يوليورۇقىنى ئاڭلاپ دەرھال شىركەت تەۋەسىدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ باشلىقلىرىغا يەتكۈزۈۋىدى، شۇي خەيلۇڭنى «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» دېگۈچىلەرمۇ، سوتسىيالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» دېگۈچىلەرمۇ مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇرماي باتۇر قادىرنى دەرھال جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. باتۇر قادىر جىددىي پەيتتە شۇي خەيلۇڭ بىلەن شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ جەسىتىنى خەلق مەيدانىغا ئاپىرىپ سازايى قىلىشقا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن ئۇ قېنى قىزىپ كەتكەن بىر قىسىم ئاممىغا سەت كۆرۈنۈپ قالغان ئىدى. لاۋگونىڭ ئاستىرتىن كۈشكۈرتۈشى بىلەن ھەر ئىككى تەرەپتىكى ئاما ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ باشلىقلىرىغا بېسىم پەيدا قىلغاچقا، باتۇر قادىرنى تۇتۇپ باغلاپ يىگىدىن تەييارلىغان پاش قىلىش ماتېرىيالىنى قوشۇپ جامائەت خەۋپسىزلىكى تارمىقىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى بېكىتتى. دەرۋەقە، «ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق» تەشكىلاتىدىكىلەر «ياڭ سىلىڭ»نىڭ تەشەببۇسى بىلەن شۇي خەيلۇڭنى ھىمايە قىلىدىغان قوغدىغۇچى ئاممىۋى تەشكىلاتتىكىلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ بىرلىككە كېلىپ باتۇر قادىرنى تۇتتى-دە، يالاپ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇشتۇمتۇت كۆتۈرۈلگەن بۇ ئاممىۋى دولقۇننى كۆرگەن ۋاڭ دۈيجاڭ، رازاق ھوشۇر قاتارلىقلار باتۇر قادىرنى قوغداپ بۇ ئۇۋالچىلىقنى توسۇشقا، قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنالمىدى. تۇشمۇتۇشتىن تۇۋلانغان «ئەنزە ئاغدۇرۇش شاملىغا قارشى تۇرايلى!» دېگەن شوئارلار قاتناش شىركىتى تاملىرىدىن ھالقىپ شەھەر كوچىلىرىنى قاپلاپ كەتكەچكە، ئىلگىرى «جىن-شەيتان» دەپ تارتىپ چىقىرىلغانلارنىڭ ئاۋازى بېسىقىپ، باتۇر قادىرغا ئۇۋال بولدى، دېگۈچىلەر ئاشكارا ھالدا ئوتتۇرىغا چىقالمىدى.

ۋاڭ دۈيجاڭ ئاخىر شۇي خەيلۇڭنىڭ ئائىسىدىكىلەر بىلەن مەخپىي

مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئارقا-ئارقىدىن يۈز بەرگەن بۇ ئۇۋالچىلىقلارنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن رازاق ھوشۇرنىڭ بېيجىڭغا بېرىشىنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، دەپ ھېسابلىدى. رازاق ھوشۇر ئۆزىنىڭ ئىرادىسى ۋە سابىق شىركەت مۇدىرى شۆي خەيلۇڭنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ، شوپۇر لاۋلىيۇ تۇرغان ئىككىنچى كالونىدىكى بۇرادەرلىرىنىڭ ۋە رازىخان بىلەن قىزى تەلەيخاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئەتە بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىقماقچى بولدى. شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ ئوغلى ليۇ شۇەيمۇ شۆي خەيلۇڭنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۆز جەمەتىنىڭ دەرد-ئەھۋالىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن رازاق ھوشۇرنى بېيجىڭغا يولغا سېلىپ قويۇشنى تاپىلىغان ئىدى.

ئانچە-مۇنچە زىددىيىتى بار كىشىلەرنىڭ چوڭ ئائىلىسى بىرەر پالاكەتكە يولۇققاندا ئۆتمۈش بولۇپ قالغان كېلىشەلمەسلىكنى، پارچە-پۇرات زىددىيەتلىرىنى كۆپىنچە بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇشۇشقا يۈزلىنىدۇ. ئۈچ كۈن بۇرۇن يۈز بەرگەن ئائىلە باشلىقى باتۇر قادىرنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلىپ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىشى بۇ ئائىلىنى ئېغىر ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. ھاشىخان ئۆتكەنكى ماجىرالارنى، ئۆزى بىلەن قېيىن ئاپىسى رازىخان ۋە قىزى تەلەيخان ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشەلمەسلىكلەرنى، رازاق ھوشۇر بىلەن بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن قوپال، يىرىك مۇناسىۋەتلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويدى. ئۇ ھەممەيلەننى يولدىشى باتۇر قادىرنى قولدىن كېلىدىغانلىكى بارلىق ئاماللارنى قىلىپ، تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشقا دەۋەت قىلدى. ھاشىخانمۇ، قېيىن ئاپىسى رازىخانمۇ، تەلەيخانمۇ باتۇر قادىرنى تۈرمىدىن قايتۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن رازاق ھوشۇرنى بېيجىڭغا ئەۋەتىشتىن باشقا يول يوقلۇقىنى بىلدۈردى. ئۇلار: رازاق ھوشۇر تەرجىمان بولغاچقا، بېيجىڭنىڭ ھەرقانداق يېرىگە بارالايدۇ، دەرد-ئەھۋالىمىزنى يەتكۈزەلەيدۇ. ئەڭ بولمىغاندا قاتناش مىنىستىرلىكىگە بېرىپ يېتىۋالسىمۇ دەرد-ئەھۋالىمىزنى ئاڭلاپ شىنجاڭغا تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتسە ئەجەب ئەمەس، دەپ قارىدى. ھاشىخان بېيجىڭغا مېڭىشى مۇقىملىشىپ قالغان رازاق ھوشۇرغا شۆي خەيلۇڭنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە ئىقتىسادىي

جەھەتتىن يار-يۆلەكتە بولۇپ پۈل يوللۇق تۇتتى. رازىخان بولسا قىزى تەلەيخان بىلەن بىرگە ياغلىق توقاچ نان يېقىپ رازاق ھوشۇرغا بېرىش ئۈچۈن بىر سومكىنى لىق تولدۇردى. رازىخاننىڭ رازاق ھوشۇرغا تۇتىدىغان يوللۇقى ئالاھىدە ئىدى. ئۇ مەخسۇس رازاق ھوشۇرنىڭ ئۆزىگە بېرىدىغان ئۇزۇن خېتىنى يېزىپ بولالمىغان ئىدى. ئۇ قىزى تەلەيخانغا ئۇقتۇرماي ئاياغلاشمىغان ئۇزۇن خېتىنىڭ ئىچىگە بىر تۈگۈچ تەبيارلاپ قاتتىق لىپاپ ئىچىگە سېلىپ ياغلىق توقاچ تولدۇرۇلغان سومكىنىڭ تېگىگە قويۇپ قويۇۋىدى، تەلەيخان سېزىۋالدىيۇ، ئالدىراشچىلىقتا ئاپىسىنىڭ ئۆزىدىن نېمىنىدۇر يوشۇرغىنىنى يۈزىگە سالمىدى. ئۇلار رازاق ھوشۇرنىڭ ئۇنىمغىنىغا قارىماي ھاشىخان، شۋي خەيلۇڭنىڭ ئايالى جاڭ يۈمېي، ۋاڭ دۈيجاڭ ۋە شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىزدىنىپ يۈرگەن بىرقانچە قەدىناس دوستلىرى بىلەن بىرگە پويىز ئىستانسىسىغا ئۇزاتقىلى چىقتى. رازىخان يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان رازاق ھوشۇر بىلەن ئاخىرقى قېتىم تەنھا سۆزلىشىۋېلىش ئۈچۈن قىزى تەلەيخاننى ئۆيدە غالىبجانغا قاراپ تۇرغىن دەپ جىكىلىگەن بولسىمۇ، تەلەيخان ئۇنىماي پويىز ئىستانسىسىغا ئەڭ ئالدىدا چىقىپ بولدى. نەۋرىسى غالىبجان يالغۇز ئۆيگە قاراپ قالدى.

ئالتىنچى ئاينىڭ باشلىرىدا شەھەرنىڭ ھاۋاسى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىنىڭ ھاۋاسىغا قارىغاندا سالقىنراق بولسىمۇ، چىڭقى چۈشتە خېلىلا ئىسسىپ كېتىدۇ. ئۆزىگە يارىشىملىق قىسقا يېشىل كۆڭلەك كىيگەن تەلەيخان پويىز ئىستانسىسىغا يېرىم سائەت بۇرۇن چىقىپ، چوڭ خەتلىك گېزىتلەر چاپلانغان كىرىش ئىشىكى ئالدىدا رازاق ھوشۇرنى ساقلاپ تۇردى. ئالتۇن رەڭلىك پوپايكىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىنى يېپىۋالغان تەپتەكشى قويۇق چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ پويىز ئىستانسىسى بېكىتىگە چىقىۋاتقان ئاپتوبۇسلارغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن قارىدى. ئۇ تىزىنى يېرىم-ياتا يېپىپ تۇرغان يېشىل كۆڭلىكىگە ماس ھالدا يوتىسىغا قەدەر ئۇزۇن ئەت رەڭ پايپاق تارتقان، پۇتىغا پاشنىسى سەل ئېگىزرەك يازلىق ئاياغ كىيگەن ئىدى. ئۇ رازاق ھوشۇرغا كۆڭلىدىكىنى ئېيتىشقا پېتىنالمىسىمۇ يارىشىملىق كىيىنىشى ۋە يۈرۈش-تۇرۇشى بىلەن يۈرەك

چوڭقۇردىكى ئېيتىشقا پېتىنالمىغان ھېسسىياتىنى ئوت يالقۇنىدەك ئىپادىلەپ
تۇراتتى. ئۇ ئەگمە قاشلىرىنى سەل كۆتۈرۈپ تال-تال كىرپىكلىرى ئاستى-
دىكى كۆزلىرىنى يېڭى كېلىپ توختىغان ئاپتوبۇس ئىشىكىگە يانتۇ تىكتى،
ئالدى بىلەن بېشىغا يارشىملىق چىمەن دوپپا، ئۇچىسىغا كۆل رەڭ ئىش-
تان-چاپان كىيگەن رازاق ھوشۇر، ئاندىن شوي خەيلۇڭنىڭ ئايالى جاڭ
يۈمېي ئاخىرىدا ئاكسىنىڭ ئايالى ھاشىخان بىلەن ئاپىسى رازىخان ئاپتو-
بۇستىن چۈشتى. ئۇلار تەلەيخانغا يېقىنلاشقىچە كەينىدىكى يەنە بىر
ئاپتوبۇس كېلىپ توختىدى. كۆپ ئۆتمەي ئاپتوبۇستىن ۋاڭ دۈيجاڭ بىلەن
شوي خەيلىڭنىڭ شىخەنزىدىن كەلگەن ئوغلى چۈشتى. بۇ ئىككىسىنى
كۆرگەن رازاق ھوشۇر كىرىش ئىشىكىدىن ئۇزاپ ئالدىغا مېڭىپ يىگىرمە
مېتىرچە ئارىلىق قالغاندا قول ئىشارىسى قىلىۋىدى، ئۇلارمۇ ئالدىراپ-تې-
نەپ يۈگۈرۈپ يېتىپ كېلىشتى.

ئۇزىتىشقا چىققانلار رازاق ھوشۇرنى ئىتتىرىپ، كىرىش ئىشىكى
ئالدىغا ئۆمتۈلگەن سان-ساناقسىز يولۇچىلار توپىغا قوشۇلۇپ بېيجىڭغا
قاراپ سوزۇلغان ۋاگونلارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە پاراۋۇزنىڭ قويۇق ئىس
چىقىرىپ گۈركىرىشى ئاڭلاندى. رازاق ھوشۇرنىڭ ۋاگونغا چىقىش ۋاقتى
توشۇپ قالغان ئىدى. ۋاڭ دۈيجاڭ بىلەن ھاشىخان رازاق ھوشۇرغا ئورۇن
تۇتۇپ تۇرماقچى بولۇپ ئالدىدىكى 14-ۋاگونغا چىقىپ كەتتى. پەستە
رازاق ھوشۇر بىلەن رازىخان ۋە تەلەيخان قالدى. پويىزنىڭ مېڭىش ۋاقتى
باغانىسېرى يېقىنلىشماقتا ئىدى. رازاق ھوشۇر ئۆزىدىن زور ئۈمىد كۈتۈۋات-
قان ئىككىيلەنگە قاراپ مېڭىش ئالدىدىكى ئاخىرقى سۆزىنى باشلىدى:

—مەن چوقۇم باتۇر قادىرنىڭ ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى مەركەز-
گە يەتكۈزۈپ ئېنىق جاۋاب ئېلىپ كېلىمەن. لاۋلىيۇ بىلەن شوي خەيلۇڭ-
نىڭ ئەڭ چوڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتىمەن. لىيۇ شۇەيىنىڭ
ۋە ھەرقايسىلىرىنىڭ مەركەزگە يازغان ئەرز، دەرد-ئەھۋالىنى يەتكۈزۈپ
ئېنىق جاۋاب ئېلىپ كېلىشكە ئىشەنچىم كامىل...

—يولۇچىلار، تېز چىقىڭلار، تېز!—يېشىل بايراق تۇتقان بىرسىنىڭ
كەينىدە تۇرغانلار رازاق ھوشۇر بىلەن رازىخان، تەلەيخان قاتارلىق خوش-

لىشۋاتقانلارغا قاراپ ۋارقىراشتى.

— رازاق ئوغلۇم، بۇ مەن ئۆز قولۇم بىلەن ياققان ياغلىق توقاچ، ئۆزلەگە يوللۇق بولسۇن. سومكىنىڭ تېگىدە ئۆزلەگە يېزىلغان خەت ۋە ئۆزلەگە تەئەللۇق بىر تۈگۈچ بار. بېيجىڭغا بارغىچە ۋاگوندا ئوقۇپ چىقىسىلا. بېشىمدىن كۆپ ئىشلار ئۆتتى. سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس. سومكىنىڭ تېگىدىكى خەت مېنىڭ ئۆزلەگە ئېيتىدىغان ئاخىرقى سۆزۈم بولۇپ قالدۇ. ئۆزلەگە ئاق يول بولسۇن. مۇبادا ئوغلۇم باتۇر قادىرنى تۈمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىسىلا بىللە ئۆتسىلە كۆزۈم يۇمۇلسىمۇ ئارمىنىم يوق، خەير-خوش...، — رازىخان گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي بىلىنەر-بىلىنمەس كۆز يېشى قىلدى. رازاق هوشۇر ئالدىراشچىلىقتا رازىخانىنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئاخىرقى گېپىنى تەھلىل قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. 14-ۋاگوننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر دېرىزىدىن هاشىخان بىلەن ۋاڭ دۈيجاڭنىڭ رازاق هوشۇرنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. رازاق هوشۇر رازىخانىنىڭ ئالدىدا تەلەيخان بىلەن تەپارتىپ يۈرمەي قىزغىن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى ۋە ۋاگونغا چىقىۋېتىپ رازىخان بىلەن تەلەيخانغا ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ”خەير-خوش!“ دەپ ۋارقىرىدى. كۆپ ئۆتمەي ۋاڭ دۈيجاڭ بىلەن هاشىخان قاتتىق ئورۇندۇقلۇق 14-ۋاگوندىن چۈشۈپ تەلەيخان بىلەن بىرگە دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ قولىنى پۇلاڭلىتىۋاتقان رازاق هوشۇرنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. رازىخان ئۆز ئورنىدا قىمىرلىماي تۇرۇپ ئاستا-ئاستا قوزغىلىۋاتقان پويىزنىڭ 14-ۋاگونىغا ئۈمىدۋار كۆزىدە قاراپ قالدى.

پويىز بېيجىڭغا قاراپ مېڭىپ بولغاندىن كېيىن رازاق هوشۇرنى ئۇزاتقىلى چىققانلار پويىز ئىستانسىسىدىن چىقىپ بولغان ئاخىرقى ۋاگون كۆزگە كۆرۈنمىگەنگە قەدەر قاراپ تۇردى. ئۇلار پويىز بارا-بارا يىراقلىشىپ بېكەت جىمجىتلىققا چۆككەندىن كېيىن قايتىش ئۈچۈن چىقىش يولىغا قاراپ چۈشۈشكە باشلىدى. تەلەيخان ئاپىسى رازىخان بىلەن بىللە ئاپتوبۇسقا چىقىش ئارىلىقىدا هاشىخانغا بىلدۈرمەي تۆۋەن ئاۋازدا پىچىرلىدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ ئۆزىدىن نېمىلەرنىدۇر يوشۇرۇپ يۈرگەنلىكىنى يازغان خېتىد-

نى ئۆزنگە تا هازىرغا قەدەر كۆرسەتمگەنلىككە قاراپ بىلىپ بولغان ئىدى. «ئاپامنىڭ مەن بىلمەيدىغان قانداق مەخپىي سىرى بولغىيتتى، مەندىن يوشۇرىدىغان قانداق سىردۇ ئۇ؟» دەپ ئويلىدى ۋە رازاق هوشۇرغا يازغان، ئۆزىدىن يوشۇرۇپ كەلگەن ئۇزۇن خېتىنىڭ مەزمۇنىنى سورىدى:

—ئاپا، رازاق هوشۇرغا يازغان نېمە خەت ئۇ، يازغانلىرىڭنى ماڭا بىرەر قېتىممۇ كۆرسەتمىدىڭغۇ، قانداق خەت ئۇ؟

—قىزىم، بالىنىڭ ئانىدىن يوشۇرىدىغان سىرى بولغىنىدەك، ئانىنىڭمۇ بالىسىدىن يوشۇرىدىغان نەرسىلىرى بولىدۇ. سەن سورىما، مەن ئېيتماي. كېيىن بىلىپ قالىسەن.

تەلەيخان ئاپىسىنىڭ «كېيىن بىلىپ قالىسەن» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. شوئارلار چاپلانغان بىر كوچا ئاپتوبۇسى كېلىۋىدى، رازاق هوشۇرنى ئۇزاتقىلى چىققانلار ئەڭ ئالدى بىلەن رازىخانىنىڭ ئاپتوبۇسقا چىقىشىغا يول بەردى. ئەڭ ئاخىرىدا تەلەيخان چىقتى. شۇي خەيلۇڭنىڭ ئايالى جاڭ يۈمېي بىلەن شىنخەنزىدىن كەلگەن ئوتتۇرانچى ئوغلى ۋە ۋاڭ دۈيجاڭ ئىككىنچى يول ئاپتوبۇسىنى ساقلاپ رازىخان بىلەن هاشىخان ۋە تەلەيخانلارغا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ خوشلاشتى. تەلەيخان ئاپتوبۇس ئىچىدىن سىرتقا قاراۋاتقان ئاپىسىغا قاراپ كۆڭلىدە مۇنداق ئويلىدى: «ئاپا، سەن ئېيمىساڭمۇ بىلىمەن، سەن چوقۇم رازاق هوشۇرغا مەن توغرىلىق خەت يازدىڭ. ئادەم ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ياراتقاندىلا ئېرىشكەن بەختىنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ. مەن ئۆز تەقدىرىمگە مۇناسىپ بەخت يارىتالىشىمغا ئىشىنىمەن. ئېھتىمال، رازاق مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئالېكسىينى ياخشى كۆرگىنىمنى ئەپۇ قىلمايدۇ. مەنمۇ ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا خار قىلىشقا ئىلاجىسىزمەن...»

هاشىخان قېيىن ئاپىسى رازىخان بىلەن تەلەيخاننى باشلاپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. باتۇر قادىر جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇچەيلەن روھىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كەلدى. ئۇلار ھەرقانداق ۋاقىتتىكىگە

قارىغاندا ئىناق ئۆتۈپ قىيىنچىلىقلارنى بىللە يېڭىشكە تەييار تۇردى. ئۇلار رازاق ھوشۇرنىڭ تېزرەك قايتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى.

× × ×

بېيجىڭغا قاراپ ماڭغان نۆۋەتتىكى پويىزنىڭ ھەممە ۋاگونلىرى يولۇچىلار بىلەن لىق تولغان. ھەرقايسى بېكەتلەردە چۈشۈپ قالىدىغان يولۇچىلارنىڭ ئورنىنى ئىگەللەش ئۈچۈن ئولتۇرىدىغان ئورنى يوق، ئۆرە تۇرغان يولۇچىلار ۋاگونلارنى ئارىلاپ، ئولتۇرىدىغان ئورۇن ئىزدەپ تىمىسقىلاپ يۈرمەكتە. ئۆرە تۇرغان يولۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ ئاۋىئاتسىيە ئىنىستىتۇتىنىڭ شىنجاڭغا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپ بولۇپ قايتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. رازاق ھوشۇر شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ مۈگدىشىپ ماڭدى. ئۇ جىياڭ چىڭنىڭ ”قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىپ ئەلەم بىلەن قوغدىنىش“ شوئارى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن شىنجاڭدا ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ئەۋج ئېلىپ ئۆزىنىڭ نەق مەيداندا ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كېتىشكە تاسلا قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى ۋە ئۆزىنى ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش دولقۇنىدىن قاچۇرۇپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ ئاۋازىنى تۆۋەن قىلىپ پىچىرلاپ: ”بۇ ئىنقىلابنىڭ ئايىغى چىقمايدىغاندەك قىلىدۇ“ دېدى ۋە گېپىنى دەپ بولۇپلا رازاقتىن چۆچۈپ:

—ئاداش، بۇ گەپنى ھېچكىمگە تىنماڭ. مەن سىزنى كۆرمىدىم، سىزمۇ مېنى كۆرمىدىڭىز، جۇمۇ!—دەپ ئاستا پىچىرلىدى.

رازاق ھوشۇر قايناق سۇ بىلەن نان يەپ لەنجۇغا كەلگەندە سەپەردىشىنىڭ تەكلىپى بويىچە پويىز ئاشخانىسىدا بىللە تاماقلاندى. ئۇلار ئەتىسى لەنجۇدىن ئۆتۈپ شىئەنگە قاراپ كېتىۋېتىپ يېرىم كېچىگىچە مۈگدىشىپ ماڭدى. ھېلىقى بويى پاكار، كۆزىنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ يەر تېگىدىن قارايدىغان، گېپىنىڭ ئاخىرىنى پىچىرلاپ ئىچىگە يۇتۇۋېتىدىغان ئوقۇغۇچى خەنزۇچە بىمالال ئاڭلىيالايدىغان، تولۇق سۆزلىيەلمەيدىغان

سەپەردىشى رازاق ھوشۇرغا پىچىرلاپ بىرمۇنچە ھېكايە سۆزلەپ بەردى.

پويىز كېچە-كۈندۈز مېڭىپ شىئەن شەھىرىگە كەلگەندە رازاق ھوشۇرنىڭ ھېلىقى سەپەردىشى چۈشۈپ قېلىپ، جېڭجوۇغا، بېيجىڭغا بارىدىغان بىرمۇنچىلىغان يولۇچىلار پويىزغا چىقتى. رازاق ھوشۇرنىڭ يېنىغا ھەمراھ بولۇپ يەنە بىر ياش بالا ئولتۇردى. ئۇ بالا رازاق ھوشۇرغا ئۆزىنىڭ ماۋجۇشىغا ئەرز، دەرد-ئەھۋالىنى ئېيتىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان ئاتىسىنىڭ تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىنىۋاتقانلىقىنى، مائاشىنى توختىتىپ ئېيىغا ئارانلا ئون ئىككى يۈەن تۇرمۇش پۇلى بېرىلىۋاتقانلىقىنى، ئائىلىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ۋەيران بولغانلىقىنى يىغلامسىراپ ھېكايە قىلىشقا باشلىدى. رازاق ھوشۇرنىڭ كۆڭلى دەككە-دۈككىگە چۈشتى. ئۇ ۋاگون ئىچىدە دېرىزىگە يۆلىنىپ ئويلىنىشقا باشلىدى: ”پويىزدا دەرد-ئەھۋالىنى ئېيتىش ئۈچۈن بېيجىڭغا قاراپ كېتىۋاتقان بىزدەك دەردمەنلەردىن يەنە نەچچە ئونى بولۇشى مۇمكىن، مەملىكەت بويىچە بېيجىڭغا قاتناۋاتقان پويىزلاردىكى بىزدەك نەچچە مىڭلىغان دەردمەنلەرنى كۈتۈۋالىدىغان ئورۇن نەدە، ئەرز، دەرد-ئەھۋالنى ئېيتىشقا بارغانلاردىن قانداق ئەھۋالىڭلار؟ دەپ ھال-ئەھۋال سورايدىغان ئادەم چىقامدۇ-يوق؟“—ئۇ ئۇنداق ئويلاپ، بۇنداق ئويلاپ بۇ قىلىۋاتقان سەپىرىدىن ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدى. ئۇ رازىخان بىلەن تەلەيخانغا باتۇر قادىرنى ئاقلاپ تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىمەن دەپ ۋەدە قىلغانلىقىنى، ھاشىخان بىلەن شۈي خەيلۇڭنىڭ ئايالى جاڭ يۈمېينىڭ ئۆزىنى زور ئۈمىد بىلەن بېيجىڭغا ئۇزاتقانلىقىنى ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ: ”جېڭجوۇغا بېرىپ لىيۇ شۈەي تەمىنلىگەن ئادرېس بويىچە شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى شاگىرتى ياڭ لۇشەن بىلەن كۆرۈشسەم، ئۇ بېيجىڭغا بارغىنىمدا قايسى ئورۇنلار بىلەن، قايسى رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ بەرسە سەپىرىم ئوڭۇشلۇق بولۇشى مۇمكىن، تېخى ياڭ لۇشەن دېگەن ئادەم ئۆزى مېنى باشلاپ بېيجىڭغا ئاپىرىشىمۇ مۇمكىن...“ دەپ ئويلىدى.

ئۇ ۋاگون دېرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ چوڭ خەتلىك گېزىتلەر چاپلانغان ۋاگونلارنىڭ يان يولدا قارىمۇقارشى ھالدا ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقاند-

لىقىنى كۆردى، يول بويى لوزىنكا-شوئارلار چاپلانغان پۇچۇق تاملار، سويۇلۇپ يىرتىلىپ كەتكەن چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنىڭ پارچىلىرى، قىزىل بەلگە تاقىغان ”ئىسيانچى“لارنىڭ شىلىم چېلەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ چوڭ خەتلىك گېزىت ۋە شوئارلار ھەدەپ چاپلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. رازاق ھوشۇر ھارغىن كۆزلىرىنى دېرىزىدىن ئېلىپ ئولتۇرغان ئورۇندۇقىنىڭ كەينىگە يۆلەندى-دە، قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ كونسىر-ۋا قۇتىسىغا قاچىلاقلىق سوۋۇپ قالغان قايناق سۇدىن بىر ئوتلام ئىچتى. ئاندىن رازىخان يوللۇق تۇتقان سومكىنى ئاچتى. ئۇ بىر ياغلىق تۇقاچنى ئېلىۋېتىپ، ئۇشتۇمتۇت ئۇرۇمچىدە پويىز ئىستانسىسىغا ئۆزىنى ئۇزىتىشقا چىققان رازىخان بىلەن تەلەيخاننى ئېسىگە ئالدى. رازىخاننىڭ: ”سومكى-نىڭ تېگىدە ئۆزىگە يېزىلغان خەت ۋە ئۆزلەگە تەئەللۇق بىر تۈگۈچ بار دېگەن سۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئالمان-تالمان ياغلىق توقاچ نان قاچىلانغان سومكىنىڭ تېگىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ سومكىدىكى ياغلىق توقاچ نانلارنىڭ تەكتىدىن ئاپئاق ياغلىققا ئورالغان خەت ۋە خەتنىڭ ئىچىدىن كىچىككىنە دوخاۋا تۈگۈچنى ئاۋايلاپ ئالدى. كىشىلەر ئېغىزىدىكى گەپ ۋە خەتتىن كۆرە ماددىي پاكىتنى كۆرۈشكە ئالدىرايدۇ. رازاق ھوشۇر خەتنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلغان قىزىل رەڭلىك دوخاۋا تۈگۈچنى يەشتى. ئۇنىڭ قولىدىكى ئېچىلغان كىچىككىنە بىر پارچە قىزىل دوخاۋىدا بىر جۈپ ئالتۇن ھالقا ۋە بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈك ۋاگون دېرىزىسىدىن چۈشكەن قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ يېنىدىكى سەپەرداشىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ رازىخان يوللۇق تۇتقان بىر جۈپ ئالتۇن ھالقا بىلەن ئالتۇن ئۈزۈكنى ئالدىراپ قوينىدىكى ئاق كۆڭلىكىنىڭ مەيدە يانچۇقىغا سېلىۋالدى. ئاندىن ئۇزۇن خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. پويىزنىڭ جاق-جۇق ئاۋازى، يولۇچىلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى، قىزىل بەلگە تاقىغانلارنىڭ ۋار-قىراپ-جارقىراشلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپمۇ قويمىدى. ئۇ خەتنىڭ ئاخىرقى بەتلىرىدىن مۇنۇ قۇرلارنى تاپتى-دە، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىچىدە ئوقۇشقا باشلىدى.

ھوشۇر ئاتىلىرى چېغىمىزدا چۈشۈرۈلگەن تۆۋەنگە . . .”

قارى باغراشتىكى ئايكەلدىدە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولدى. ئۇ ماڭا مەرھۇم ئاپىڭىزدىن قالغان بىر جۈپ ئالتۇن ھالقىنى ئوغلۇم توي قىلىدىغان چېغىدا لازىم بولۇپ قالار، دەپ ئۆزلەگە تاپشۇرۇپ بېرىشىمنى تاپىلىدى. ئۇ ئۆتمۈشنە ئۆزلەنى چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇش، خەۋەر ئېلىش ئىمكانىيىتىنىڭ بولمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاتىلىرى بىر-قانچە قېتىم بەدنام ۋە چوڭ تۆھمەتكە ئۇچراپ تۈرمىگە كىرىپ چىققانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بەردى. ئاتىلىرى ھازىرقى ۋاقىتتا ئۆزلەنى ئىزدەپ بارغىنىدا ئۆزلەنى تۈر-مىدىن چىققان پومېشچىك-پانتۈركىستنىڭ بالىسى دېگەن ھاقارەتكە قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ جەمئىيەت ئوڭشالغاندا ئۆزلەنى ئالاھىدە ئىزدەپ بارىدىغانلىقىنى ئېي-تىپ قويۇشۇمنى ئۆتۈندى...“

جېڭجۇغا كېتىۋاتقان پويىزنىڭ 14-ۋاگونى بىردىنلا قاراڭغۇلاشتى. ۋاگوننىڭ كۈن نۇرلۇق چىراغلىرى لاپپىدە يورۇۋىدى، ئوقۇۋاتقان خەتنىڭ بېتى خىرە كۆرۈندى، پويىز ئېگىز تاغنىڭ ئىچىنى كېسىپ ئۆتىدىغان تونىلغا كىرمەكتە ئىدى. بىردەمدىن كېيىن تونىلدىن چىققان پاراۋۇزنىڭ گۈدۈك ئاۋازى ئاڭلاندى. ۋاگون لامپۇچكىلىرى ئۆچۈپ قاراڭغۇلۇقنى قۇياشنىڭ ۋاگون دېرىزىلىرىدىن چۈشكەن سۈتتەك ئاپئاق نۇرلىرى ئىگەللىدى. دېرىزىدىن چۈشكەن يورۇقلۇق رازاق ھوشۇرنىڭ كۆرۈشكە تەقەززا كۆزلىرىگە رازىخان يازغان ئۇزۇن خېتىنىڭ مۇنۇ قۇرلىرىنى ئوچۇق كۆرسەتتى:

”... ئالتۇن ئۈزۈككە كەلسەك، بۇ ئۈزۈكنى تويىمىز بولغان كۈنى — ئوتتۇز نەچچە يىل بۇرۇن باتۇرنىڭ ئاتىسى قادىر ھەمدۇللايېۋ ئالاھىدە ماڭا سوۋغا قىلغان ئىدى. مەن 1933-يىلى باش ئەتىيازدا قۇمۇل-تۇرپان قوزغىلىڭىغا قاتناشقان قېيناتام ھەمدۇل پالۋان توخسۇنغا سەپەر قىلغان چېغىدا يوللۇق تۇتقان ئىدىم. بۇ ئۈزۈك بەختباش قىزىم ئارقىلىق ئۆز قولۇمغا قايتىپ كەلدى. بۇ ئۈزۈكنى

. ئۇۋان ئىۋانوۋىچ بىلەن لاۋگو توقسۇنغا قوزغىغۇلاچىلارنى باستۇرغىلى چۇشكەندە قېيناتامنى قەستلەپ ۋەھشىيلەرچە قىيناپ ئۆلتۈرۈپ ئېلىۋالغان، دەپ ئويلايمەن. بۇ ئۇزۇك قېرى ئورۇسنىڭ ئوغلى ئالېكسىي ئارقىلىق قىزىم تەلەيـ خاننىڭ قولىغا ئۆتكەن. بۇ ئۇزۇك قارا نىيەت تۇلكە لاۋگونىڭ مەرھۇم قېيناتامنى ئۆلتۈرگەنلىكىنىڭ، باتۇرـ نىڭ ئاتىسى مەرھۇم قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقىنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ. . .»

پويىزنىڭ پولات رېلىستىكى يوغان دۈگلەك پولات چاقلىرى بىر خىل رىتىمدا جاق-جۇق ئاۋاز چىقىرىپ زور كۈچ بىلەن ئالدىغا چۆرگۈلمەكتە. پويىز بىر خىل سۈرئەت بىلەن جېگجۇغا قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىمەكتە. رازاق ھوشۇر رازىخاننىڭ يازغان ئۇزۇن خېتىدىكى يوقىرىدىكى مەزمۇنلارـ نى تەھلىل قىلىۋېتىپ رازىخان ئۆزىگە يوللۇق تۇتقان بىر ياغلىق توقاچـ نىڭ پىرىمىنى ئۇشتۇپ يېيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قورسىقى ھەققەتەن ئاچقانىدى. يول بويى كونسىرۋا قۇتىسىدىكى سوۋۇپ قالغان قايناق سۇ بىلەن قۇرۇق نان يەپ سەپىرنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. ئۇ بىر ياغلىق توقاچنى يەپ بولۇپ ئۇزۇن خېتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ۋارىقنى پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

« . . . ئۆزلەگە، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمغا، ئوغلۇم باـ تۇر قادىرغا، قىزىمغا ئېيتىشقا ئۈيۈلىدىغان بىر مۇھىم مەخپىيەتلىك بار. بۇ مەخپىيەتلىكنى يىگىرمە يەتتە يىلـ دىن بېرى ھېچكىمگە ئېيتماي كەلدىم. ئېيتسام ئوغلۇم، قىزىم، كېلىنىم ۋە تۇغقانلىرىم ئالدىدا يۈزۈمنى كۆتۈـ رۈپ يۈرەلمەيمەن. ئېيتمىسام ئازابلىنىپ يۈرگىنىم يۈرـ گەن. ئاخىر مۇنداق ئازابلىنىپ يۈرگىچە ئۆلۈۋېلىش يوـ لى بىلەن ئاشكارىلىشىم لازىم دېگەن ئىرادىگە كەلدىم. ئاڭلايدىغان بولسىلا ئۆزلەمۇ ھەيران قالارلا. ئۆزلەگە راستىنى ئېيتسام، تەلەيخان قاتىل، قارا نىيەت لاۋگونىڭ قىزى. ئۇ مىنگونىڭ 28-يىلى باتۇرنىڭ ئاتىسى قادىر

ھەمدۇللايېۋنى شېڭ دۇبەنگە تۇتۇپ بەرگەندىن كېيىن
ماڭا زورلۇق قىلىپ چېقىلغان. قورسىقىمدا قالغان چاغدا
ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىغان بولسامۇ ئوغلۇم باتۇرغا تارتى-
شىپ، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى يوق قارا يېتىم بولۇپ قېلىشى-
نى خالىمىدىم...“

پويىز جېگجۇ شەھىرىگە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىمەكتە. رازاق
ھوشۇر خەتنى شۇ قەدەر بېرىلىپ ئوقۇدىكى، پويىزنىڭ بىر بېكەتتە قىسقا
ۋاقىت توختاپ يېنىدىكى بىر سەپەردىشىنىڭ ۋاگوندىن چۈشۈپ كېتىپ،
ئورنىغا باشقا بىر يولۇچى ئولتۇرغانلىقىنىمۇ تۇيمىدى. ئۇ ئويلىدى: ”ئا-
دەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان، خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمايدىغان ئاجايىپ
ئىشقۇ بۇ. تەلەيخان—لاۋگونىڭ قىزى، باتۇر قادىر بىلەن بىر قۇرساق،
لېكىن ئاتىسى باشقا-باشقا. بۇنى تەلەيخانمۇ، باتۇرمۇ بىلمەيدۇ. تەلەيخان
—قان قەرزى بار قاتىل لاۋگونىڭ قىزى...“ ئۇ تەلەيخاننىڭ چىرايىنىڭ،
بولۇپمۇ گازىر كۆزلىرىنىڭ لاۋگونىڭ قىيسىق گازىر كۆزلىرىگە قويۇپ
قويغاندەك ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى، پەقەت لاۋگونىڭ بويىنىڭ تەلەيخان-
نىڭ زىلۋا بويىغا قارىغاندا ئېگىزرەك ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.
ئۇ رازىخاننىڭ خېتىدىكى ئەينى ۋاقىتتا ئاتىسى ھوشۇر قارىنى لاۋگونىڭ
باغراش كۆلى رايونىدىكى قارىبۇلاق يېزىسىغا خىزمەت دۈيى بولۇپ
چۈشكەندە ناھەق قارىلاپ يېغىۋېلىش ئورنىغا، ئاندىن جامائەت خەۋپسىز-
لىكى ئورگىنىغا تۇتۇپ بەرگەنلىكىنى ئۇقتى. ئۇ چوڭقۇر ئويلىنىپ لاۋگو-
نىڭ شىركەت مۇدىرى شۆي خەيلۇڭغا زىيانكەشلىك قىلىپ باتۇر قادىرغا
دۆڭگەپ قويغانلىقىنى، قەغەز بۇلغۇچى ”ئىسيانچى“لارنى باسما زاۋۇتقا
كېلىشكە قۇترىتىپ شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقىنى جەزملەش-
تۈردى. ئۇنىڭ مېڭىسى لاۋگونى دەۋر قىلغان ھالدا ۋاگون ئاستىدىكى
رېلىستا ئايلىنىۋاتقان چاقتەك چۆرگىلىمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆتكەن يىلى
ئەتىيازدا تەلەيخاننىڭ ”باسما زاۋۇتقا ئورۇنلىشىپ قايتا ئىشقا چۈشۈشۈمگە
لاۋگو كوجاڭ ياردەم قىلدى“ دەپ لاۋگونى ناھايىتى قىزغىن ماختاپ
كەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. ”يۈز بەرگەن ناھەقچىلىك ۋە ئۇۋالچىلىقلار-

نى ئۆز ئورنىدا ئىنقىلاش تۈزۈك ئىكەندۇق، بېيجىڭغا بېرىپ ئەرز قىلغان
بىلەن مەركەزنىڭ تەكشۈرۈپ ئىنقىلاشقا ئادەم ئەۋەتىشى ناتايىن. مەركەز-
نىڭ ئەرزنى ئاڭلاشقا، كۆرۈشكە چولىسى تېگەمدۇ تېخى...“. رازاق
هوشۇر بۇ قېتىمقى سەپىرىدىن بېيجىڭغا بارماي تۇرۇپلا ئۈمىدسىزلەندى.
ئۆزىنى ئۇزىتىپ چىققانلارغا ئالدىنئالا ”بېيجىڭدىن چوقۇم خۇش خەۋەر
ئېلىپ كېلىمەن“ دەپ ۋەدە بېرىپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇ
رازىخاننىڭ ئۇزۇن خېتىنى داۋاملىق ئوقۇدى:

... ئاتىلىرى هوشۇر قارى مەن بىلەن ئايكەلدىدە ئۇچ-
راشقىنىدا ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىيەت ئوڭشالغاندا ئۆزلەنى
ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. هازىرچە ئوغلۇمغا مې-
نىڭ هايات ئىكەنلىكىم توغرىلىق ۋە قەيەردە تۇرۇۋاتقانلى-
قىم توغرىلىق ئېغىز ئاچماي تۇرسىڭىز دەپ قاتتىق تاپى-
لىغاچقا، ئۆزلەگە ئېغىز ئاچمىدىم. ئاتىلىرىنىڭ تۈرمى-
دىن چىقىشى ”جىن-شەيتانلارنى تارتىپ چىقىرىش“ دول-
قۇنىغا توغرا كېلىپ قالغاچقا هازىرغىچە نوپۇسى قولىدا،
ئۆزىنى يوشۇرۇپ باغراش كۆلىدە، تەكلىماكان چۆلىدە
تىل-هاقارەت، ئېغىر دۆشكەللەشلەردىن خالىي ياشماقتا
ئۇ ئۆزلەگە داغ كەلتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئالدىراپ
ئالدىلىرىغا بارماي، ئادەملەرگە يېقىنلاشماي چۆل-باياۋان-
لاردا يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇ ئۆزلەنىڭ قىزىم تەلەيخان بىلەن
بىرگە ئۆتۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇزۇندىن بېرى يو-
شۇرۇن ساقلاپ كەلگەن بىر جۈپ ئالتۇن هالقىنى ئۆزلە-
نىڭ تويىدا ئىشلىتىشلىرىگە قالدۇردى. شۇڭا ئاتىلىرىنىڭ
ئۈمىدىگە ئاساسەن ئۆزلەنى ئۆز ئوغلۇم دەپ بۇ خەتنى
يېزىشنى ئويلىدىم. ئۆزلە بېيجىڭدىن كەلگىچە مەن ئۇ
دۇنياغا—باقىي ئالەمگە كېتىپ قېلىشىم مۇمكىن. ئوغ-
لۇم باتۇر قادىر تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇ، كېلى-
نىم هاشىخان، ئۆزلە ۋە قىزىم تەلەيخان بىر گەۋدە بولۇپ
بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ياخشى ئۆتسىلە مېنىڭ ئارمىنىم
يوق. شوپۇر لاۋلىيۇ بىزگە ئېغىر كۈنلەردە كۆپ ياخشى-

لىق قىلغان. ئوغلى ليۇ شۇەينىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ
قويۇشنى ھەرقايسىلىرىدىن ئۆتۈنىمەن.

لاۋگوغا كەلسەك، ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىشقا قۇربىم
يەتمەيدۇ. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆز بېشىنى ئۆزى يەيدۇ.

ئۇنىڭ جىنايى قىلمىشى تۈپەيلى ھامان بىر كۈنى جازالى-
نىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن...

رازاق ھوشۇر بۇ قۇرلارنى ئوقۇپ، كىچىككىدىن تارتىپ ئۆزىگە
قاراش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئاتىسىنىڭ ھازىرغىچە چۆل-باياۋانلاردا سەر-
سان بولۇپ يۈرگىنىگە قاتتىق ئېچىنىپ ئاھ ئۇردى. خەتنىڭ مەزمۇنىدىن
رازىخاننىڭ ئىلاجسىز ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ
دەرھال قايتمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ قايتىپ رازىخاننى
ئۆلۈۋېلىش نىيىتىدىن ياندۇرۇپ بولۇپ تەلەيخان بىلەن ئۇچراشقاندىن
كېيىن ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈشەلمىگەن ئاتىسى ھوشۇر قارىنى ئىزدەپ
تاپماقچى بولدى. ئۇ شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىن قاتناش شىركىتىدە يۈز
بەرگەن پاجىئەلەرنى بىرمۇبىر ئېنىقلاش، باتۇر قادىرنى جامائەت خەۋپسىز-
لىكى ئورگىنىغا ئاپىرىپ بېرىشىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلاش، لاۋگو-
نىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاش نىيىتىگە كەلگەن ئىدى.

پويىز خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئاساسلىق چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى
بولغان جېڭجۇ شەھىرىگە كىردى جېڭجۇ—ئاھالىسى زىچ ۋە كۆپ، چوڭ
زاۋۇت، كان، كارخانىلىرى كېچە-كۈندۈز سىمېنا ئالمىشىپ ئىشلەيدىغان،
قوينىنى ئىس-تۈتەك قاپلىغان ئاۋات شەھەر. ھەر كۈنلۈكى نەچچە يۈزلى-
گەن ئاپتوموبىل، ئاپتوبۇسلار شەھەرنىڭ ئىچى-سىرتىغا ئۈزلۈكسىز قاتاپ
تۇرىدۇ. مەملىكەت بويىچە جەنۇبتىن شىمالغا، غەربتىن شەرققە ماڭىدىغان
پويىزلار جېڭجۇ شەھىرىگە كىرىپ ئالمىشىپ ئۆتۈپ تۇرىدۇ. غەربىي
شىمالدىن گۇاڭجۇغا، شاڭخەيگە ياكى بېيجىڭغا بېرىش ئۈچۈن جەزمەن
جېڭجۇدا توختاپ يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىش كېرەك. ھېلىمۇ ياخشى، كۆپنى
كۆرگەن جېڭجۇلۇقلار ئادەمنىڭ رايىغا باقىدىغان، بىرەر جاينىڭ ئادرېسىنى
سورىسا ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن كۆرسىتىپ قويىدىغان، سورىغان سوئالىغا

زىرىكمەي جاۋاب بېرىدىغان چىقىشقاق ئادەملەر ئىكەن. رازاق ھوشۇر پويىزدىن چۈشۈپ سان-سانىساقسىز ئادەملەر توپى بىلەن بىرگە بىكەتتىن چىققاندىن كېيىن بىر قېرى كىشىدىن لىۇ شۆەي تەمىنلىگەن ئادرېس بويىچە ياڭ لۇشەن تۇرغان قاتناش ئىدارىسىنىڭ قەيەردىلىكىنى سورىۋىدى، ئۇ كىشى قايسى كوچا ئاپتوبۇسىغا چۈشسە تېپىپ بارالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. رازاق ھوشۇر ئۇ كىشى كۆرسەتكەن كوچا ئاپتوبۇسىغا چۈشۈپ قىينالمايلا شەھەر سىرتىدىكى قاتناش بېكىتى ئالدىدا چۈشۈپ قېلىپ، ئائىلىلىكلەر قورۇسى ئىچىدىن ئىزدەپ سوراپ كۆرۈشمەكچى بولغان ياڭ لۇشەننىڭ ھويلىسىنى تاپتى.

رازاق ھوشۇر ھويلا ئىشىكىنى ئوچۇق تۇرسىمۇ ئۈچ قېتىم ئۇرۇپ تاقىلداتتى. ئىچكىرىكى ئۆيدىن 14 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا چىقىپ ”كىم؟“ دەپ ۋارقىرىدى ۋە ”ياڭ ئۇستامنىڭ ئۆيى مۇشۇمۇ؟“ دەپ سورىغان ناتونۇش رازاق ھوشۇرنى كۆرۈپ:

—دادا، ئىشىك ئالدىدا دوپپا كىيگەن بىر ناتونۇش ئۇيغۇر ئادەم تۇرىدۇ،—دەپ توۋلاپ ئۆي ئىچىگە كىرىپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي يېشى ئاتمىش ئەتراپىغا يېقىنلىشىپ قالغان، ئۆزىنى توختاتقان، ئوچۇق چىراي، ئېگىز زەك بىر ئادەم رازاق ھوشۇرنىڭ ئالدىغا چىقتى. بۇ ئادەم بۇرۇن شوپۇر لاۋلىيۇ بىلەن شاڭخەي شەھىرىدە بىر رېمونت زاۋۇتىدا بىللە ئىشلىگەن، باغراش كۆلى رايونىدىكى قارىبۇلاق يېزىسىدا ياڭ بوۋاي دېگەن ئاكىسى بار، رازاق ھوشۇر ئىزدەپ كۆرۈشمەكچى بولغان ياڭ لۇشەن ئىدى.

رازاق ھوشۇر ئۆيگە باشلاپ كىرگەن ياڭ لۇشەن دېگەن بۇ ئادەم يىگى كەلگەن مېھمىنىدىن ئۆيگە كىرەر-كىرمەيلا شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاكىسىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ كەتتى. رازاق ھوشۇر ئۈزلۈكسىز تۆردە سورالغان سوئاللارغا لايىقىدا بىرمۇبىر جاۋاب قايتۇرۇپ تۇردى. ئۇلار يېرىم كېچىگىچە مۇڭداشتى. ياڭ لۇشەن دېگەن بۇ ئادەم رازاق ھوشۇردىن قەدىناس ئۇستازى شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ ۋە ئۇكىسى لىۇخۇڭلىنىڭ، يەنى شۆي خەيلۇڭنىڭ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ھاڭ-تاڭ

قالدى. ھەر ئىككىسى ئۆزلىرى تۇرغان جاينىڭ ۋەزىيىتىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بىربىرىگە تەپسىلىي تونۇشتۇردى. ياڭ لۇشەن شىنجاڭ-دىكى ئاكىسى ياڭ بوۋاينىڭ ھايات ئىكەنلىك خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزگەن رازاق ھوشۇرغا مەمنۇن بولۇپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. رازاق ھوشۇر ئۆزىنى قىزغىن قارشى ئېلىۋاتقان ياڭ ئۇستامغا شۇي خەيلۇڭنىڭ ئايالى جاڭ يۈمېينىڭ، شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ ئوغلى ليۇ شۈەيىنىڭ مەركەزگە يازغان ئەرز ناملىرىنى ئاۋايلاپ سومكىسىدىن ئالدى.

—شىنجاڭدىن ئېلىپ كەلگەن بۇ ئەرزنامىلەرنى ماۋجۇشىغا ياكى جۇ ئېنلەي زۇڭلىغا يەتكۈزۈپ بەرگىلى بولارمۇ؟ بۇلارنى بېيجىڭغا بارماي سىزگە بېرىپ قويۇپ قايتايمىكىن، دەيمەن. تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىپ مەسلىھەت بەرسىڭىز ئىكەن.

—بولىدۇ، سىز بىر-ئىككى كۈن ئۆيدىن چىقماي گېزىت ئوقۇپ تۇرۇڭ. ھە راست، سىز شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇر بولغىنىڭىز ئۈچۈن دوپپىڭىزغا قاراپ سىزدىن ”سەن قايسى كۆز قاراشقا؟“ دەپ سوراپ كەتمەيدۇ. تالا-تۈزگە چىقسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەمما يىراققا كەتمەڭ. ئېزىقىپ قالىسىز. مەن ئەتە ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان كونىلاردىن سوراپ ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرەي.

رازاق ھوشۇر پويىزدا ئىككى يېرىم كۈن قاتتىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ چارچاپ كەتكەچكە، بالدۇرلا ئۇخلاپ قالدى. ياڭ لۇشەن رازاق ھوشۇر شىنجاڭدىن ئېلىپ كەلگەن خەتلەرنى بىرمۇبىر ئەستايىدىل ئوقۇپ چىق-قاندىن كېيىن يېرىم كېچىگىچە ئويلىنىپ ئاخىر ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىسى ئاۋۋال رازاق ھوشۇر، كېيىن ياڭ لۇشەن ئويغاندى. ياڭ لۇشەننىڭ ئايالى ئۇلاردىن بالدۇر ئورنىدىن تۇرۇپ نېرىقى ئۆيدە شىفەن ئەتتى. رازاق ھوشۇر شىنجاڭدىن ئېلىپ كەلگەن تۆت ياغلىق توقاچنى جوزا ئۈستىگە قويۇپ قويدى. ئۇلار ئەتىگەنلىك تامىقنى يەپ، چېيىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن باللىرى مەكتەپكە، ئايالى رېمونت زاۋۇتىغا كەتتى. ياڭ لۇشەن بېكەتكە ئىشقا چىقىش ئالدىدا مۇنداق دېدى:

—ھازىر ۋەزىيەت ئۆزگىرىشتىن يىراق، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ

قەيەرگە بېرىپ توختايدىغانلىقى ۋە قاچان ئاياغلىشىدىغانلىقى توغرىسىدا
هازىر ئالدىن بىرنېمە دېيىش تەس. شىنجاڭدىن ناھايىتى مۇھىم ماتېرىيال
ۋە ئەرزنامىلەر ئېلىپ كەلگەنلىكىڭ ئۈستىگە ئاكامنىڭ شىنجاڭدا ھايات
ئىكەنلىكى توغرىلىق ياخشى خۇش خەۋەر ئېلىپ كەپسىز. ئەڭ ياخشىسى،
سىزنىڭ بېيجىڭغا بارمىغىنىڭىز تۈزۈك. سىز ئېلىپ كەلگەن ماتېرىيال ۋە
ئەرزنامىلەرنى ئىشەنچلىك بىرسىدىن ئەۋەتىۋەتسەكمۇ بولىدىغۇ؟ مەن بې-
كەتكە چىقىپ كېلەي. سىز بىر يەرگە چىقىپ كەتمەي مېنى ئۆيۈمدە
ساقلاپ تۇرۇڭ.

رازاق ھوشۇر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ليۇ شۆەينىڭ تونۇشتۇرۇشى
بويىچە تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن ياڭ لۇشەننىڭ ئۆزىگە قارىتا قىلغان
قىزغىن مۇئامىلىسىدىن مەمنۇن بولۇپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇ قايتىشقا ئالدىرى-
دى. ئۆزى جېگجۇدا بولغىنى بىلەن كۆڭلى شىنجاڭدا ئىدى. ئۇ بېكەتكە
چىقىپ كەتكەن ياڭ لۇشەننىڭ تېزرەك قايتىپ كىرىشىنى تەقەززالىق بىلەن
كۈتكەچ رازىخانىنىڭ ئۈزۈن خېتىنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. بىر يېرىم
سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ياڭ لۇشەن ئۆيگە ئۈمىدسىز كەيپىياتتا بېشىنى
چايقاپ كىرىپ كەلدى.

—بىزنىڭ قاتناش سىستېمىمىزدىن بېيجىڭغا دەرد-ئەھۋالىنى ئېيتقى-
لى كەتكەن ئۈچەيلەن قايتىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ سۆزىگە قارىغاندا مەركەز
ئۇلارنىڭ ئەرزلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ: قايتىپ كېتىڭلار، بارلىق مەسىلىلە-
رىڭلار ئۆز ئورنىڭلاردا ھەل قىلىنىدۇ، ھەممە ئۆز ئورنىغا قايتىپ ئىنقىلاب
قىلىش لازىم؛ دەپتۇ. بىرسىنىڭ گېپى يەنە بىرسىنىڭكىگە زادىلا ئوخشىماي-
دىكەن. سىز بېيجىڭغا بارماي، شىنجاڭغا قايتىپ تۇرسىڭىز، مەن بىر ئامال
قىلىپ جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ كاتىپلىرىنىڭ بىرەرسىگە يەتكۈزەي. ھازىر
كادىرلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىش لازىملىقى توغرىسىدا ماقالىلەر ئېلان
قىلىنىشقا باشلىدى. ۋەزىيەت مۇشۇ پېتى كېتىۋەرمەي، ئوڭشىلىپ قېلىشىمۇ
مۇمكىن.

—سىزگە رەھمەت. ياڭ ئۇستام، مۇبادا شىنجاڭغا بارسىڭىز، سىزنى
قىزغىن قارشى ئالىمىز. سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمايمىز.

—ئاكامنى يوقلاپ شىنجاڭغا بېرىپ قېلىشىممۇ مۇمكىن. سىز ئاكام بىلەن ليۇ ئۇستامنىڭ ئوغلى ليۇ شۇەيگە يازىدىغان خېتىمنى ئالغاچ كېتەرسىز.

رازاق ھوشۇرنىڭ رايى بويىچە بولغاندا ھازىرلا شىنجاڭغا قايتىپ كەتكۈسى بار ئىدى. بىراق ياڭ ئۇستامنىڭ ئۆز ئاكىسىغا ۋە ليۇ شۇەيگە يازىدىغان ئىككى پارچە خېتى بار ۋە جىددىي ۋەزىپىسى بولغاچقا، رازاق ھوشۇرنىڭ ئەتە چۈشتىن كېيىنكى پويىزدا شىنجاڭغا قايتىشى مۇقىملاشتى.

× × ×

رازاق ھوشۇر ئۇۋالچىلىقلارنى مەركەزگە مەلۇم قىلىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كەتكەندىن كېيىن رازىخان بىرئاز يېنىكلەپ قالدى. ئۇ ئۆزىدىن بېرى يېزىپ كېلىۋاتقان خېتىنى رازاق ھوشۇرغا بېرىپ بولغاندىن كېيىن كۆڭلى تىندى. يېزىپ ئاياغلاشتۇرالمىغان ئۇزۇن خېتىنىڭ مەزمۇنىنى دەردمەن ئانا ئوغلىغا، قىزىغا، كېلىنىگە يۈز تۇرانە دېيەلمەيتتى. بۇ سىرنى لاۋگو بىلەن رازىخانلا بىلەتتى، مانا ئەمدى رازاق ھوشۇرمۇ بىلىپ بولدى. بۇ سىر ئاشكارىلانغاندا بىچارە ئانا قىزى، ئوغلى، كېلىنى ۋە قولۇم-قوشنىلىرى ئالدىدا قانداقمۇ يۈزىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلىسۇن؟ ئۇ ھەر قېتىم ئويلانغىنىدا روھىي چۈشۈپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولاتتى. ئويلاپ-ئويلاپ ئاخىر ھېچكىمگە تىنماي ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇنىڭ ئويىچە ئۆلۈم ئازابى قىسقا، ئۇزاققا بارمايدۇ. تىل-ھاقارەت، روھىي زەربە ئازابى، كېلىنى، باللىرى، قولۇم-قوشنىلىرى ئالدىدا بېشىنى كۆتۈرەلمەي ئىزا-ئاھانەتكە قېلىپ خارلىنىش ئازابى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلىدۇ. ئۇ مەرھۇم يولدىشى قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ، قېيىن ئاتىسى ھەمدۇل پالۋاننىڭ، شوپۇر لاۋليۇ بىلەن شۈي خەيلۇڭنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن لاۋگونى پاش قىلىشنى ئەمدى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، دەپ ھېسابلىدى. ئۇ ئوغلىنى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇشىغا ئاپىرىپ بېرىشنى ئاستىرتىن پىلانلىغان دەپ گۇمان قىلسىمۇ قولىدا دەلىل-ئىسپات بولمىغانلىقتىن ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقالمىدى. ئۆتكەن يىلى كۈزدە ”چەت ئەلگە باغلانغان جىن-شەيتانلار“ دەپ قىزى بىلەن بىللە

تۈۋەنگە چۈشۈرۈۋېتىلگەن رازىخان لاۋگوغا قارشى تىنىمسىز كۆرەش قىلىشقا پېتىنالمايتتى. ھوقۇق تارتىۋېلىش كومىتېتىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن لاۋگو ھەر كۈنى دېگۈدەك چاڭ باۋشۇ، گاۋ شىمىنلارنىڭ كەينىدە سىردىشىپ يۈرۈپ "تارتىپ چىقىرىلغانلار، چەت ئەلگە باغلانغان جىن-شەيتانلار مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا قارشى تەتۈر ھېساب ئېلىشقا باشلىدى" دەپ جاكارلىسا قاتتىق نەزەربەنت قىلىپ دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈشى ئېنىق ئىدى. "بۇنداق زەئىپ، چۈشكۈن، كۆڭۈل ئازابى تارتىپ ياشىغىچە ئۆلۈپلا تۈگىشىش كېرەك" دەپ ئويلىدى ئۇ.

رازىخان بۈگۈن ئورنىدىن سەھەر تۇردى. قارىياغاچلىق ھويلىسىنىڭ ئىچى-سىرتىنى تازىلاپ پاكپاكىز قىلىۋەتتى. قىزى تەلەيخان زاۋۇتتىن كەچ قايتقانلىقى ئۈچۈن باشقا كۈنلەرگە قارىغاندا كېچىكىپ ئويغاندى. ئۇ ئۆرۈلۈپ ئاپىسىنىڭ ئۆز يېنىدا يوقلۇقىنى بىلىپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ھويلىغا چىقىپ ھەممىلا يەرنىڭ پاكپاكىز تازىلانغانلىقىنى كۆرۈپ ئاپىسىنىڭ ھارغىن چىرايىغا تىكىلىپ قارىيالمىدى. ھاشىخانمۇ نېرىقى ئۆيىدىن چىقىپ ھويلىنىڭ جانان چىنىدەك پاكىزلىنىپ قالغانلىقىنى كۆردى.

—ئاپا، ھويلىنى ئۆزىمىز تازىلىۋېتەتتۇق ئەمەسمۇ، بەك ئاۋارە بولۇپ كېتىپىلا. يۇرسىلە، ئۆيگە كىرىپ ناشتا قىلايلى،—دېدى ھاشىخان ۋە چىرايىدا ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان ئاپىسى بىلەن يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولغان قېيىن سىڭلىسىنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۆيدە باتۇر قادىر: ئۈمىدۋار ۋارىسىم دەپ ئەكىلىۋېلىنغان ئوغلى غالىبجان داستىخاننىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرۇپ ئاپىسىنىڭ چاي بېرىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. رازىخان نەۋرىسىنىڭ مەكتەپكە مېڭىشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى بىلىپ بىر پارچە ناننى قاقتەك-قاقتەق ئۇشتۇپ غالىبجاننىڭ ئالدىدىكى ئارا چىنىگە سالدى، ھاشىخان دەملەنگەن بىر چەينەك چاينى ئېلىپ كىرىۋېتىپ قېيىن ئاپىسىنىڭ ئىككى دانە چاقماق قەننى يانچۇقىدىن ئېلىپ ئوغلىنىڭ چىنىسىگە سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: "رەھمەت دەڭ بالام" دېدى.

—ئاپا، ئاتام نەگە كەتتى، كەلمەيدىغۇ؟—دەپ سورىدى غالىبجان.

—يىراق جايغا خىزمەتكە كەتتى، —دەپ كۆلۈمسىرىدى يالغاندىن ئوغلىغا ھاشىخان.

باتۇر قادىر جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇشىغا ئاپىرىپ بېرىلگەن كۈندىن باشلاپ بۇ ئائىلىدە خۇشال-خۇراملىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. كۆلكىنىڭ ئورنىنى چوڭقۇر ھەسرەت، غەم-غۇسسە ئىگەللىگەن ئىدى. مانا بۈگۈن بىرىنچى بولۇپ ھاشىخان كۈلۈمسىرىدى. بۇ كۈلۈمسىرەش ئوغلى غالىبجاننى بەزلەش رولىنى ئوينىدى، بۇ كۈلۈمسىرەش يەنە بېيجىڭغا كەتكەن رازاق ھوشۇرنىڭ مەركەزدىن ”باتۇر قادىرنى قويۇۋېتىڭلار!“ دەيدىغان بىر ئالاقە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتىن پەيدا بولغان كۈلۈمسىرەش ئىدى.

رازىخان چاي ئىچىۋېتىپ گاھ كېلىنىگە، گاھ قىزىغا يەر تېگىدىن سەپسېلىپ قاراشقا باشلىدى. ئوغلىنىڭ ئۈمىدلىك ۋارىسىم، ئاخىرقى جەگگە ئاتاپ قويغان ئوغلۇم دەپ ئەكىلىتىدىغان نەۋرىسىگىمۇ گويا يىراق جايدىن ھازىرلا كەلگەن ئوغلىدەك كۆزلىرىنى ئۈزمەي تىكىلىپ قارايتتى. تەلەيخان ئاپىسىنىڭ ئۆزىگە ۋە كېلىنى بىلەن نەۋرىسىگە ئادەتتىن تاشقىرى زەڭ سېلىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەجەبلىنىپ سورىدى:

—ئاپا، بىزگە بۈگۈن ئەجەب باشقىچىلا قاراۋېرىسەنغۇ، ساڭا نېمە بولدى؟ —دەپ ھەيران قالغانلىقىنى بىلدۈردى.

—ئاكاڭ ئۆيگە قاچان قايتىپ كېلەركىن، دەپ ئىچىم تىت-تىت بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆيدە چوڭراق بىر ئەركىشى بولمىسا قانداق بولغىنى؟ دەپ تۆۋەن ئاھاڭدا جاۋاب بەردى.

—رازاق بېيجىڭدىن كەلسە ھەرگىزمۇ قۇرۇق كەلمەيدۇ. ئاكامنى قويۇۋېتىش توغرىلىق ئالاقە ئېلىپ كېلىدۇ...، —تەلەيخان ئاپىسىنىڭ نەۋرىسى غالىبجاننى بىلىپ قالمىسۇن، ”ئاكاڭ توغرىلىق سۆزلىمە“ دەپ كۆز قىرىدا ئىشارەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قىلىۋاتقان گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

ئۇلار ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ھاشىخان ئاشلىق پونكىتىغا، تەلەيخان باسما زاۋۇتقا غالىبجان

مەكتەپكە ماڭدى. رازىخان ئوغلىنىڭ ئۆيىدىن ئەڭ ئاخىرىدا چىقىپ هويلا ئىشىكىگە يۆلىنىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن يېنىك نەپەس ئالدى. ئۇلار-نىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەندىن كېيىن هويلا ئىشىكىنى ئىچىدىن تاقاپ قىزى بىلەن بىرگە ئولتۇرىدىغان ياندىكى ئۆز ئۆيىگە كىردى.

رازىخان قىزى بىلەن ئۆزى ياتىدىغان بۇ كىچىككىنە ئۆيدىكى نەرسە-كېرەكلەرنى جاي-جايىغا قويۇپ سەرەمجانلاشتۇرۇشقا باشلىدى. كېلىنى هاشىخانغا سەزدۇرمەي تۆت پۇتلۇق بىر كونا ئورۇندۇقنى تۇنۇگۈن ئوغلىنىڭ ئۆيىدىن ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ چىقىۋالغان ئىدى. قوش كارىۋىتى-نىڭ ئۇستىگە سېلىنغان كونا كىگىزنىڭ تۆۋەن ئۇچىنى يۇقىرىغا قايرىغاندا كارىۋات تېگىگە چوڭ كىشىنىڭ باش بارمىقىدەك توملۇقتىكى ئۇزۇنراق ئارغامچا كۆزگە چېلىقىدۇ. رازىخان بۇ ئارغامچىنى بۇرۇن بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەندە يوكتاقلىرىنى چىگىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن بولسا هازىر ئۆز بويىنىغا سىرتماق قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتمەكچى بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئوغلىغا، قىزىغا، كېلىنىگە دەيدىغان گېپىمۇ يوق، بارلىق گېپىنى يېزىپ رازاق هوشۇرغا تاپشۇرغان ئۇزۇن خېتىدە دەپ بولغان، خېتىدىكى ۋەسىيىتى بويىچە ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن رازاق هوشۇرنىڭ تەلەيخان بىلەن ئۆي ئوچاقلىق بولۇشىغا، ئوغلى باتۇر قادىرنىڭ تۈرمىدىن قايتىپ چىقىپ هاشىخان، رازاق هوشۇر، تەلەيخانلار بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ ئىناق ئۆتۈشىگە گۇمانى يوق ئىدى. ئۇ ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن ئورۇندۇقنى ئۆز يەرگە قويۇپ ئۇستىگە چىقىپ ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى ئۆينىڭ خەرە ياغاچ-تۈۋرۈكىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ ئارغامچىنىڭ ئىككى ئۇچىنى ئاستا-ئاستا تارتىپ يەر بىلەن ئارىلىقىنى بويى دەل يەتكۈدەك قىلىپ تەڭشەپ چىگىپ بولغاندىن كېيىن ئىككى قولىدا چىڭ تارتىپ سىناپ باقتى. ئۇ ئۆلسەك بارلىق جاپادىن قۇتۇلسەن دېگەن ماقالنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ ئويلىدى: „قېيناتام ھەمدۇل پالۋان، ئېرىم قادىر ھەمدۇللايېۋ خوشلاشقان بۇ دۇنيادا مېنىڭ تارتىشىدىغان نېمەم بولسۇن؟ مېنىڭ بۇ دۇنيادا يۈز كۆتۈرۈپ يۈرگىچىلىكىم قالمىدى. ھېچبىر گۇناھىمنىڭ يوقلۇ-قىنى بىلگەن خۇدايىم باقىي ئالەمگە بارغىنىمدا مېنى چوقۇم

كەچۈرىدۇ...“

رازىخان ئورۇندۇققا چىقىپ تورۇسقا ئېسىقلىق سىرتماقنى بوينىغا ئەمدى سالاي دەپ تۇرغىنىدا سىرتتىن بىرسى ھويلىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكىنى تاقىلدىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. ئاندىن مەكتەپكە كەتكەن نەۋرىسى غالىبجاننىڭ ”چوڭ ئاپا!“ دەپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. رازىخان نەۋرىسىنىڭ ئېخى چۈش بولار-بولماي مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەنلىكىگە ھەيران بولۇپ ئورۇندۇقتىن چۈشتى-دە، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇندۇقنى بىر چەتكە ئېلىپ قويۇپ ھويلىغا چىقتى. ئۇ ھويلىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكىنى ئېچىپ نەۋرىسىنىڭ بوغقۇچى ئۈزۈلۈپ كەتكەن بوخچىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ ئۆيگە كىرىشكە تەقەززا بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

—بالام، مەكتەپتىن ئەجەپ بالدۇرلا قايتىپ كەپسىزغۇ؟—دەپ سورىدى رازىخان چۈش بولماي كېلىپ بولغان غالىبجانغا ھەيران قېلىپ.

—مەكتەپ: چوڭلار نامايىشقا چىقىدۇ. سىلەر قايتىڭلار، دەپ قويۇۋەتتى،—دېدى غالىبجان ھويلىغا كىرىۋېتىپ چوڭ ئاپىسىنىڭ سوئالىغا جاۋابەن. ئۇ ئاپىسىنىڭ ھازىر يوقلۇقىنى بىلەتتى. شۇڭا چوڭ ئاپىسى بىلەن ئاچىسى تەلەيخان ئولتۇرىدىغان ياندىكى كىچىك ئۆيگە كىرىپ بوخچىسىنى كارىۋات ئۈستىگە ئاتتى-دە، تورۇسقا ئېسىقلىق سىرتماقنى كۆردى:

—چوڭ ئاپا، ماڭا گۈلەڭگۈچ ياساپ بەرمەكچى بوپسىز-دە، مەن ئولتۇرىدىغان تاختاي ئېلىپ كىرەي،—غالىبجان تۈنۈگۈن دانلاشقا چۈشكەن كەپتەرلەرنى تاماشا قىلغىلى ئۆگزىگە چىقىپ كۆرۈپ قويغان بىر تاختاينى ئېلىپ چۈشۈشكە سىرتقا يۈگۈردى. رازىخانمۇ چاندۇرماي نەۋرىسىنىڭ كۆڭلىگە يارىشا گۈلەڭگۈچ ياساشقا باشلىدى.

چۈشتە ئاشلىق پونكىتىدىن ھاشىخان، باسما زاۋۇتتىن تەلەيخان كېلىپ غالىبجاننىڭ كىچىك ئۆيدە گۈلەڭگۈچ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ”ئاپىمىز نېمىدېگەن ياخشى، زېرىكمەي غالىبجانغا گۈلەڭگۈچ ياساپ بېرىپتۇ“ دەپ ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇشۇپ چۈشلۈك تاماق ئېتىشكە باشلى-

ـدى. رازىخان سەي-پەي ئادالاپ، هويلىنىڭ ئوڭ بۇلۇڭىدىكى يازلىق ئوچاقتا قەغەز، ئوتۇن، كۆمۈر سېلىپ ئوت يېقىشقا تەقمۇ تەق قىلىپ قويغان ئىدى.

كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈۋەردى، ئارىدىن ئون كۈن ئۆتكەندە بېيجىڭغا بارماي جېڭجۇ شەھىرىدىن قايتىپ كەلگەن رازاق هوشۇر هويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئىدارىسىگە بېرىپ قاتناش شىركىتى ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىدىكى ساۋجۇدىن بىلەن كۆرۈ-شۈپ بۇ قېتىمقى سەپىرى ھەققىدە تولۇق سىردىشىپ بولغاندىن كېيىن رازىخان، تەلەيخان، ھاشىخانلار بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن ئىدى.

رازىخان رازاق ھوشۇرنىڭ ئالدىغا چىقىشتىن تەپ-تارتىپ، ئۆيىدىن ھويلىغا چىقمىدى. تەلەيخان بىلەن ھاشىخان رازاق ھوشۇرنى رازىخان بار ياندىكى كىچىك ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۆيدە رازىخان كارىۋاتنىڭ گىرۋىكىنى تۇتۇپ روھسىز ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆيگە كىرگەن رازاق ھوشۇرنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرىۋ، ئۇنىڭدىن غەمكىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ يەرگە قارىۋالدى.

—ھېلىمۇ ياخشى، سالامەت ئىكەنلا، كېلىپلا سىلىنى سورىغان ئىدىم.

رازىخان جاۋابەن ھېچبىر سۆز قىلماي يەرگە قارىدى ۋە ئۆيگە كىرگەن رازاق ھوشۇر بىلەن كېلىنى ھاشىخاننى كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ئۆزى ئىشىك يېنىدىكى ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا يۆتكەلدى. ھاشىخان بىلەن تەلەيخان كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئولتۇرغان رازاق ھوشۇردىن بېيجىڭغا بېرىپ نېمە خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلىكىنى قايتا-قايتا سورىدى. رازاق ھوشۇر ئېلىپ بارغان ئەرز ۋە ماتېرىياللارنى شوپۇر لاۋلىۇ بىلەن شۇي خەيلۇڭنىڭ جېڭجۇ شەھىرىدىكى يېقىن ئادىمى ياڭ لۇشەن ئارقىلىق جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ كاتىپىغا يەتكۈزگەنلىكىنى ئېيتتى. مەركەزنىڭ چىقارغان ھەممە ئۆز ئورنىغا قايتىپ ئىنقىلاب قىلىش كېرەك، دېگەن يولىيورۇقىغا بىنائەن بېيجىڭغا بارماي قايتىپ كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ قاتناش شىركىتىدە ھەق-ناھەقنى ئېنىقلاپ سىياسەتنى ئەمەلىي-

لەشتۇرۇش ئۇچۇن كۇرەش قىلىشقا بەل باغلىغانلىقىنى ئېيتتى.
— بۇ بىز بىلىدىغان، ئاڭلاپ بولغان گەپلەرغۇ، ئاكامنى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىن قاچان ئېلىپ چىقىدىكەن، — دېدى تەلەيخان ئۆرە تۇرۇپ.
— ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى بىلەن سۆزلەشتىم. مەن بىرمۇنچە ئەھۋاللارنى ئېيتقاندىن كېيىن دەرھال تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشنى ئورۇنلاشتۇردى. ساۋجۇرىن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا مېنىڭمۇ قاتنىشىشىمنى بەلگىلىدى، — دېدى رازاق ھوشۇر روھلىنىپ. ئۇ چەمەن دوپپىسى يېپىپ بولالمىغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ تېخىچە گەپ-سۆز قىلىشقا ئۇنىمىسىزلىنىپ تۇرغان رازىخانغا قارىۋىدى، بىر جۈپ كۆزى رازىخاننىڭ يەر تېگىدىن ئۆزىگە تىكىلگەن بىر جۈپ كۆزى بىلەن تەبىئىي ئۇچراشتى. رازاق ھوشۇر ئېيتىشقا تېگىشلىك دەپ قارىغان ئەھۋالار ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۇچەيلەن بىلەن يېرىم سائەتچە سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قاتتىق تۇتۇۋېلىشىغا قارىماي، مۇھىم ئىشىم بار، دەپ خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
رازىخان رازاق ھوشۇرنىڭ ناھايىتى تېز، قۇرۇق قايتىپ كېلىشىنى كۈتمىگەن ئىدى. ئۇ رازاق ھوشۇر كەتكەندىن كېيىن خىيال سۈرۈشكە باشلىدى: «ئۇ چوقۇم يازغان خېتىمدىكى مەزمۇنلارنى ئاساس قىلغان ھالدا ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى بىلەن سۆزلەشكەن بولسا كېرەك، ساۋجۇرىننىڭ رازاق ھوشۇرنى ئەنزە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزۈشى بەك ياخشى بوپتۇ. ئەمدى ئوغلۇم ئاقلىنىپ تۈرمىدىن چىقىدىغان بولدى. خېتىمدىكى مەزمۇنلارنى رازاق ھوشۇرغا بۇرۇنلا دېگەن بولسام قانداق بولاتتىكىن. يەنىلا قىزىمنىڭ يۈزى، مېنىڭ يۈزۈم، مېنىڭ ئوغلۇم ۋە كېلىنىم ئالدىدا بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشۈم تەس. رازاق ھوشۇرنىڭ خېتىمنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىنكى قىزىمغا بولغان كۆزقارىشى ئۆزگىرىپ قالدىمۇ تېخى...»
— ئاپا، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭ. ئاكامنى ئۇ ئاقلاپ چىقمەن دەۋاتسا قۇدۇقتا چۈشكەن تاشتەك جىم ئولتۇرىسەنغۇ، — دەپ سورىدى

تەلەيخان ئاپسىنىڭ چۈشكۈن روھىي ھالىتىگە ھەيران بولۇپ.
—ئاكاڭ تېزرەك ئاقلىنىپ چىقسا ياخشى بولاتتى، ئەنسىرەۋاتىمەن.
—كوجاڭ لاۋگومۇ شىركەتتىكى مۇھىم كادىرلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭدىن ئاكامنىڭ ئاقلىنىپ تۈرمىدىن قاچان چىقىدىغانلىقىنى سوراپ باقايمۇ-يە؟
—ياق-ياق، ئۇنىڭغا ئاكاڭ توغرىلىق گەپ قىلغۇچى بولما. سەن..سەن بىلمەيسەن.
—رازاقنى شۇنچە قاتتىق تۇتساقمۇ كېتىپ قالدى، يۇرسىلە، چوڭ ئۆيگە چىقىپ بىللە تاماق يەيلى،—دېدى ھاشىخان ئۆرە تۇرغان رازىخان بىلەن تەلەيخاننىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ كۈلۈمسىرەپ. بۇ—باتۇر قادىر تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا ئاپىرىپ بېرىلگەندىن كېيىنكى يىگى خۇش خەۋەر ئاڭلىغان ھاشىخاننىڭ يەنە بىر قېتىملىق كۈلۈمسىرىشى ئىدى. ئۇلار رازاق ھوشۇرغا تولۇق ئىشىنەتتى. ئۇلار رازاق ھوشۇرنىڭ كېلىپلا ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىغا كىرىپ ساۋجۇرىن بىلەن ئومۇميۈزلۈك، تەپسىلىي سۆزلەشكەنلىكىنى ئۇقمايتتى. شىركەتنىڭ سابىق مۇدىرى شۈي خەيلۇڭنى ئۆلتۈرگەن قاتىل باتۇر قادىر ئەمەس، لاۋگو دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى. ساۋجۇرىننىڭ يولىيورۇقى بويىچە رازاق ھوشۇرنىڭ ھېچكىمگە دېمەي مەخپىي ھالدا باتۇر قادىر شۈي خەيلۇڭنى ئۆلتۈرگەن قاتىل دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن سەمەت موللا بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ ئۇقمايتتى.

× × ×

رەزىل كىشىلەر جىنايىتى يوشۇرۇش ئۈچۈن ياخشى كىشىلەرنى پۇتلاشقا، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغانلارغا تۆھمەت چاپلاپ، پىتنە-ئىغۋا تارقىتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. لاۋگو دەسلەپتە شىركەت قارىمىقىدىكى ئۇچرىغانلىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە شوپۇر لاۋلىيۇنى باتۇر قادىرنىڭ تۇل ئاپىسىنى ئېلىش مەقسىتىدە ئۇلارغا كۆمۈر چۈشۈرۈپ بەردى، دەپ مەسخىرە قىلىپ گەپ تارقاتقان بولسا ھازىر كىشىلەرگە ئالتۇن چىشنى چىقىرىپ ھجىيىپ: ”رازاق ھوشۇر باتۇر قادىرنىڭ سىڭلىسىنى

ئېلىش مەقسىتىدە بىزدىن تەتۈر ھېساب ئېلىش ئۈچۈن بېيجىڭغا ئەرز
قىلغىلى كەتتى" دەپ گەپ تارقاتتى. بۇ گەپلەر شىركەت تەۋەسىدىكى
بىر قىسىم ئۇيغۇر ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدا خېلى بازار تاپتى. تۆھ-
مەت ۋە يالغان گەپنىڭ بازىرى ئىتتىك بولىدۇ. كىشىلەر بۇ گەپنىڭ
كىمنىڭ ئاغزىدىن چىققانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرماي شاخلىنىپ ئېقىپ
يۈرگەن بۇ گەپلەرگە قاتتىق ئىشىنىپ رازاق ھوشۇرنى ئارقىسىدىن خالىغى-
نىچە ئەيىبلەشتى. دەرۋەقە، رازاق ھوشۇر بېيجىڭغا بېرىش مەقسىتىدە يولغا
چىقىپ جىڭجۇ شەھىرىدىن قايتىپ كەلدى. بىر قىسىم ئىشچى-خىزمەتچى-
لەر: رازاق ھوشۇر بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەن ھامان ئاممىنى تەتۈر
ھېساب ئېلىشقا قۇترىتقانلىقى ئۈچۈن خىزمىتىدىن قالدۇرۇلۇپ نەزەربەنت
قىلىنىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغان ئىدى، كەڭ ئاما ئۇنىڭ قايتىپ كېلىپلا
خىزمەتكە چۈشكەنلىكىنى، روھىي ھالىتىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ياخشى
كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. كىشىلەرنىڭ تونۇشى، كۆز قاراشلىرىمۇ يۆتكى-
لىپ ئاقىدىغان دەرياغا، ئېقىش يولىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان سۇغا
ئوخشايدۇ. رازاق ھوشۇر خىزمەتكە چۈشۈپ ئۈچ-تۆت كۈن ئۆتەر-ئۆت-
مەيلا ئۇ ھەققىدىكى ئەپقاچتى گەپلەر كۆپۈككە ئايلاندى. ئۇ ئەنزە
تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ غوللۇق ئەزاسى سۈپىتىدە ئىلگىرى يېزىلىپ
يوللانغان "باتۇر قادىرنىڭ شۇي خەيلوڭنى ئۆلتۈرگەنلىكى توغرىسىدا
دوكلات"نى قايتا تەكشۈرمەكتە ئىدى. ئۇ شۇي خەيلوڭ نەزەربەنت
قىلىنغان دوختۇرخانا چېتىدىكى ئۆيگە قاراشقا قويۇلغان سەمەت موللىنىڭ
گۇۋاھلىق بېرىپ يېزىپ تاپشۇرغان خېتىنى ئاساس قىلىپ سەمەت موللا
بىلەن ئۈچ نۆۋەت سۆزلەشتى. تۆتىنچى نۆۋەت ئەستايىدىل سۆزلەشكەن-
دىن كېيىن سەمەت موللا باتۇر قادىرنى ئەيىبلەيدىغان بۇ يالغان ئىسپاتنا-
مىنى ماڭا لاۋگو مەجبۇرىي يازدۇردى، دەپ ئىقرار قىلدى. رازاق ھوشۇر
سەمەت موللىنىڭ تەكشۈرۈشنامىسىنى ئېلىپ سومكىسىغا سېلىپ بولۇپ
ئۆزىنىڭ بۇ ئىقرارنى ھازىرچە ھېچكىمگە قەتئىي دېمەسلىكىنى تاپىلىدى.
تەكشۈرۈشنامىدە لاۋگونىڭ ئەپتى-بەشىرىسى ئېچىپ تاشلانغان ئىدى.

جىنايى قىلمىشى ئېغىر كىشىلەرنىڭ مېڭىسى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ

مىڭىسىگە قارىغاندا سەزگۈر كېلىدۇ. ئۇلار يامان ئىش قىلغانلىقى توپەيلى
ئۆزلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ ھەر بىر كۈننى
ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. لاۋگو ئەھۋالنى كۆزىتىپ رازاق ھوشۇر ھەققىـ
دە ئامما ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن گەپ-سۆزلەرنىڭ بىردىنلا سۇغا
چۈشكەن تاشتەك جىمىپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ مېڭىش يولى
بارغانسېرى تارايماقتا ئىدى. ئۇنىڭ قىياس قىلىشىچە، شوپۇر لاۋليۇ بىلەن
شۈي خەيلۇڭنى ئاقلاشقا ئۇرۇنغانلار نەزەربەنت قىلىنىشى لازىم، باتۇر
قادىرنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا تۇتۇپ بېرىش خاتا بولدى، دەپ
شىكايەت قىلىش مەقسىتىدە بېيجىڭغا ئەرز قىلغىلى كەتكەن رازاق ھوشۇر
قايتىپ كەلگەن ھامان ئەنزە ئاغدۇرۇش شاملى چىقىرىپ تەتۈر ھېساب
ئالماقچى بولغانلار قاتارىدا قاتتىق بىرتەرەپ قىلىنىشى لازىم ئىدى. ئەمەلىـ
يەتتە بولسا رازاق ھوشۇر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نەزەربەنت قىلىنىش
بۇ ياقتا تۇرسۇن، كۈندە دېگۈدەك ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىغا
ئەركىن-ئازادە كىرىپ-چىقىپ يۈرمەكتە. ساۋجۇرىن بىلەن گاۋ شىمىن،
چاڭ باۋشۇلارنىڭ رازاق ھوشۇرغا خېلى قىزغىن مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى
كۆرگەن لاۋگونىڭ قورسىقىغا جىن كىردى. «باتۇر قادىرنىڭ شۈي خەيـ
لۇڭنى ئۆلتۈرگەنلىكى ھەققىدە ئىسپاتنامە» يېزىپ بەرگەن سەمەت موللىـ
نىڭ دەرۋازىغا قارايدىغانلار قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرگەن لاۋـ
گو پۈتى كۆيگەن توخۇدەك جىم تۇرالماي ئۇنىڭدىن-بۇنىڭدىن گەپ
سوراپ ئەھۋال ئىگەللەشكە باشلىدى. سەمەت موللىدىن سوراي دېسە ئۇ
دىر-دىر تىترەپ ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرمەكتە. لاۋگو ئۆزىنىڭ قىلمىشىنىڭ
پاش بولۇپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى. ئۇ قولىقى ئۇزۇن بىرقانچە
كىشىدىن رازاق ھوشۇرنىڭ شوپۇر لاۋليۇ بىلەن شۈي خەيلۇڭ ئۆلتۈرۈلـ
گەن كۈندىكى نەق مەيدان ئەھۋالىنى تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى، شۇ ۋاقىتتا
ئىدارىدە كىم بار، كىم يوق، نەگە كەتكەن،...دېگەن سوئاللارنى سوراۋاتـ
قانلىقىنى ئۇقتى. ”سەمەت موللا نېمە ئۈچۈن دەرۋازىغا قارايدىغانلار، يەنى
قوغداش خادىملىرى تەركىبىدىن چىقىرىۋېتىلگەندۇ، سەمەت موللا: باتۇر
قادىر توغرىلىق لاۋگو ماڭا مەجبۇرىي ئىسپاتنامە يازدۇرغان دەپ پاش

قىلىپ قويغان بولسا مېنىڭ تۆگەشكىنىم شۇ، دەرھال قېچىش كېرەك.
..“ دەپ ئويلىدى لاۋگو ئالاقزادە بولۇپ، ئۇ مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن
شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنلا خۇڭمازا دەپ لەقىمى بار گو كەيشېڭنى ئادەم
ئانچە كۆپ بارمايدىغان چوڭ ئۆستەڭ بويىغا ئېلىپ كەتتى. ئۈرۈمچى
دەرياسىنىڭ كونا ئورنى بولغان بۇ چوڭ سايلىقتىكى سېمونت ئۆستەڭ
بويى ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىدىن خالىي، تېپتىنچ ئىدى.
سېمونتلانغان چوڭ تاش ئۆستەڭدە كۆل رەڭ سۇ بىلىنەر-بىلىنمەس
شەپە چىقىرىپ يەر تۆۋىنىگە تېز ئاقماقتا. غەربكە قىڭغايغان قۇياشنىڭ
شالاڭ بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۆتكەن ئاپئاق نۇرلىرى بىر جۈپ قارا كۆلەڭگە
ھاسىل قىلغان. ئۆستەڭ بويىدىكى تاش ئۈستىدە لاۋگو بىلەن خۇڭمازا
بېشىنى تۆۋەن قىلىپ جىم ئولتۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆستەڭگە چۈشكەن
بىر جۈپ كۆلەڭگىسى سۇ ئېقىنىدا ئۈزۈراپ بېيىلىپ بۇزۇلماقتا ئىدى.
لاۋگونىڭ ئەلپازىمۇ بۇزۇلغان. زور ۋەھىمە، ئەندىشىگە چۈشكەن خۇڭمازد-
ىنىڭ چىرايىدا قان دىدارى يوق، ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن لاۋگونىڭ
ئەمدى قاچمىساق ئۆلگىنىمىز شۇ، دېگەن سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا
تەقەززا ئىدى.
— ھەربىي ۋەكىل بولۇۋالغان گاۋ شىمىننىڭ بىزگە قارىتا ئەلپازى
يامان، — دېدى لاۋگو قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئۇ ۋاڭ دۈيجاڭدىن شۆي خەي-
لۇڭنىڭ بېشىغا سەن مىخ قاققان كۈنى بىزنى ئىككىنچى كالونىغا كەلگەن-
مۇ، دەپ سورىغان ئىكەن، ۋاڭ دۈيجاڭ ئۇ كۈنى لاۋگو بىلەن گوكەيشېڭ
كەلمىدى، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مەندىن سورىغاندا بىز ئىككىنچى كالونىغا
كەتكەن ئىدۇق، نېمە ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكىنى ئۇقمىدۇق، دەپ جاۋاب
بەرگەن. دوختۇرمۇ بىزنىڭ ئىدارىدىن سىرتقا چىقمىغانلىقىمىزنى ئېيتىپتۇ.
گۇمان ھازىر بىزگە مەركەزلىشىپ قالدى. سەمەت موللىمۇ بىزنى باتۇر
قادىر توغرىلىق مەجبۇرىي ئىسپاتنامە يازدۇردى، دەپ پاش قىلغاندەك
تۇرىدۇ. رازاق ھوشۇر ھە دەپ كېچە-كۈندۈز تەكشۈرۈۋاتىدۇ. ئەڭ ياخشى-
سى، ئۇلار بىزنى سوراققا تارتىشتىن ئاۋۋال قېچىپ كەتمىسەك بولمايدۇ.
جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بەرسە ئىش چاتاق.

—ياخشىراق ئويلىنىپ كۆرەيلى. خوتۇن، بالا-چاقىمىزنى قانداق قىلىمىز؟—دەپ ئىككىلىنىپ سورىدى گو كەيشېڭ.

—خوتۇن، بالا-چاقىنى دەپ ئۆزىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرسەك بولامدۇ؟ ئاۋۋال ئۆزىمىزنىڭ غېمىنى يەيلى. تۇتۇلۇپ قالساق پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق.

—ئۇنداقتا يېتەرلىك پۇل، ئاشلىق بېلىتى ھەل قىلساق بولىدۇ، —دېدى گو كەيشېڭ چوقۇر يۈزىنى پۈرۈپ.

—پۇل بانكىدا، ئاشلىق بېلىتى ماگىزىندا. ھېلىقى تاپانچىنى ئىشلىتىدىغان ۋاقىت كەلدى،دېدى لاۋگو غەيرەتكە كېلىپ. خۇڭمازىنىڭ چوقۇر يۈزى بىلىنەر-بىلىنمەس مىدىرلىدى. ئۇ بانكىنى، ئاشلىق ماگىزىنىنى بۇلاشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇ لاۋگونىڭ بانكىنى، ئاشلىق ماگىزىنىنى بۇلاش تەشەببۇسىنى تېزلا مېڭىسىدىن ئۆتكۈزدى-دە، ئويلانغىنىدىن كېيىنكى پىكرىنى جىددىي ئوتتۇرىغا قويدى:

—گو جۇرېن، بانكىنى قوراللىق ساقچىلار قاتتىق قوغدايدۇ. بانكىنىڭ قۇلۇپلىرىنى ئېچىپ بولغىچە جېنىمىز چىقىپ بولىدۇ. مېنىڭچە، ئاشلىق ماگىزىنىغا تەگسەك دېيمەن. ئاشلىق ماگىزىنىدا پۇلمۇ، ئاشلىق بېلىتىمۇ ئاز ئەمەس.

—بۇمۇ بولىدىغان گەپ. باتۇر قادىرنىڭ خوتۇنى ئاشلىق ماگىزىنىدا. بۇ تەرسا خوتۇن ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن كەچتە كىرسەك، ئوغلىلا نۇرغۇن غەنىيمەتكە ئىگە بولىمىز-دە، شۇ كۈنىلا پويىز ئىستانسىسىغا چىقىپ كېتىمىز.

لاۋگو بىلەن گو كەيشېڭ ئۆستەڭ بويىدا بىر ھازا مەسلىھەتلەشتى. ئۇلار ھېچكىمگە، ئۆيدىكىلىرىگىمۇ تىنماي ئاشلىق ماگىزىنىنى بۇلاش ۋە قېچىپ كېتىش تەييارلىقىنى قايتقان ھامان تېز باشلىۋەتتى.

ھاشىخان ئىشلەۋاتقان ئاشلىق پونكىتى ئاپتوبۇسلار ئۆتۈپ تۇرىدىغان چوڭ يولدىن بىرئاز يىراقراق، ئاھالە زىچ ئولتۇراقلاشقان تار كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ماگىزىندا بار-يوقى سەككىز ئادەم ئىشلەيدۇ. ئاشلىق سىياسىتى قاتتىق بولغانلىقتىن مالىمانچىلىق ئەۋجىگە چىققان

كۆنلەردىمۇ كۆزقارىشى ئوخشاش بولمىغان مەزھەپ-گۇرۇپپىلارغا بۆلۈن-
گەن كىشىلەر ماگىزىن تامىلىرىنى "يوقالسۇن..." شوئارلىرى بىلەن بويى-
ۋەتكەن ھالەتتىمۇ ئاشلىق ماگىزىنىغا تېگىشكە ئانچە پېتىنالمايتتى. مەيلى
قايسى كۆزقاراشتىكىلەر بولسۇن، ئاشلىق ماگىزىنىدىن بىرەر خالتا ئۇن
ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى
بولمىغان بۇلاڭچىلىق دەپ بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئاشلىق ئىدارىسى ئۇ-
رۇش، چېقىش، بۇلاش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ،
ھەرقايسى ئاشلىق پونكىتلىرىغا قوغداشنى كۈچەيتىشنى ئۇقتۇردى ۋە بۇ
پونكىتنى ھەر كۈنى كېچىدە ئىككى ئادەم پوستا تۇرۇپ ساقلاش كېرەك،
دەپ بۇلىيورۇق بەردى. يولىيورۇقتا ئېرى باتۇر قادىرنىڭ جامائەت خەۋپسىز-
لىكى ئورگىنىغا ئاپىرىپ بېرىلگەنلىكى سەۋەبلىك ھاشىخان پوستا تۇرسا،
ئاشلىق بېلىتى، پۇل تۇتسا بولمايدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن ئىدى، ئۆزىنىڭ
قوغداش خىزمىتىگە قويۇلمايدىغانلىقىنى، ئەتىدىن باشلاپ ئاشلىق ماگىزى-
نىدا باشقا ئىشقا قويۇلىدىغانلىقىنى بىلگەن ھاشىخان پوستا تۇرۇشقا
بەلگىلەنگەن ئىككى خەنزۇ خىزمەتدىشىگە بانكىغا قويۇشقا تېگىشلىك
بىرمۇنچە پۇل ۋە ئاشلىق بېلىتىنىڭ ماگىزىن ئىشخانىسىدا ئىكەنلىكىنى،
ئەتە باشقا بىرسى ئۆتكۈزۈۋالىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە كۈتۈلمىگەن بىرەر
ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇخلاپ قالماسلىقىنى ئالاھىدە
جېكىلەپ قويۇپ ئۆيىگە كېتىپ قالدى.

ھاشىخان ئۆيىگە كەلگىنىدە رازاق ھوشۇر بىلەن قېيىن ئاپىسى
رازىخان بىلەن تەلەيخان قاتناش شىركىتىدىكى ناھەقچىلىق ھەققىدە، باتۇر
قادىرنىڭ چوقۇم ئاقلىنىپ چىقىدىغانلىقى ھەققىدە قىزغىن مۇڭدىشىۋاتات-
تى. ھاشىخان ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى زەڭ قويۇپ خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن
كېيىن ئۆزىنىڭ ئاشلىق ماگىزىنىدىكى خىزمىتىدە ئەتىدىن باشلاپ ئۆزگى-
رىش بولىدىغانلىقىنى، بىرمۇنچە پۇل ۋە ئاشلىق بېلىتىنى ئۆتكۈزۈۋالىدى-
غان خادىم كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىشخانىسىدا قالغانلىقىنى ئېيتىۋىدى،
رازاق ھوشۇر:

—بانكىغا قويۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن ئاشلىق، پۇل سوم-

كىسىنى ئۆيگە ئەكىلىۋالغىنىڭىز ياخشى ئىدى، — دېدى.
— ئىككى ئادەم پوستا تۇرىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ ئەكىلىۋالسام بولغۇ-دەك، — دېدى ھاشىخان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ.
— ئاچا، مەنمۇ بىللە بارايمۇ يە؟ — دېدى تەلەيخان
— ئۆزەملا باراي، بىردەمدىلا كېلىمەن، — دېدى ھاشىخان ھويلىغا چىقىپ بولۇپ.
رازاق ھوشۇر خاتىرجەم بولالماي ھويلىغا چىققىنىدا ھاشىخان ۋېلى-سىپتىنى مىنىپ سىرتقا چىقىپ بولغان ئىدى. ئۇ ئۆيگە قايتقاچ ھاشىخان-نىڭ كەينىدىن پىيادە ئاشلىق ماگىزىنىغا كەتتى. رازىخان بىلەن تەلەيخان ئۇنى ھويلىدىن سىرتقا چىقىپ قىزغىن ئۇزىتىپ قويۇشتى.

× × ×

كوچا ئاپتوبۇسلىرى توختىغان، رازاق ھوشۇرغا ھەمراھ بولىدىغان پىيادە كىشىلەر يوق دېيەرلىك، ئاندا-ساندا ۋېلىسىپىت مىنگەن كىشىلەر چىراق يورۇقىدا پەرۋاسىز كېتىۋاتماقتا ئىدى. رازاق ھوشۇر پىيادە يولغا چىققانلىقى ئۈچۈن ۋېلىسىپىت مىنىپ ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ خېلىلا كەينىدە قالدى. ئۇ ھاشىخاننى پۇل ۋە ئاشلىق بېلىتىنى ئەكىلىۋېلىشقا ئۇندەپ خاتىرجەمسىزلەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىمۇ خاتىرجەم بولالماي ئاشلىق ماگىزىنىغا تېز-تېز قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى.
كىنو كۆرۈپ چىققان توپ-توپ ئادەملەر چوڭ-كىچىك كوچىلارغا تارقىلىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى. چوڭ-كىچىك كوچىلاردا ئادەملەر بارغانسې-رى شالاڭلاپ ئاشلىق ماگىزىنى ئەتراپىنى جىمجىتلىق قاپلىدى. چوڭ يولدا ئارىلاپ جۈپ-جۈپى بىلەن ياشلار قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىشەتتى. تار كوچىدا بولسا بىرمۇ ئادەم يوق. ئاشلىق ماگىزىنىنىڭ قوش قاناتلىق ئالدى ئىشىكى ئۈستىدىكى لامپۇچكا كۆيۈپ كەتكەچكە، ماگىزىن ئەتراپىنى قارغا قانتىدەك قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئىدى. پوستا تۇرغان ئىككىيلەندىن بىرەيلەن ئۇخلىسا يەنە بىرەيلەن كۆز يۇماي تالا-تۈزنى ئايلىنىپ يۈرەت-تى. ئۇيقۇغا دەخلى يەتمەسلىكى ئۈچۈن پوستا تۇرغانلار ئاشلىق ماگىزىنى-نىڭ يېنىدىكى ئۆينىڭ لامپۇچكىسىنى ئۆچۈرۈۋېتەتتى. بىرىنى كېچە بولماي

تۇرۇپلا پوستا تۇرغانلارنىڭ ھەر ئىككىسى مۆگدەشكە باشلىدى. ئۇلارنى ئېغىر ئۇيقۇ ئۆز ئىسكەنجىسگە ئالدى.

يېرىم كېچە بولغاندا لاۋگو بىلەن خۇۋمازا تار كوچىنىڭ قاراڭغۇ تاملىرىنى ياقىلاپ ئاشلىق ماگىزىنىنىڭ كەينىگە يېقىنلاشتى. ئۇلار ئالدىن كۆرگەن ۋە مەسلىھەتلىشىۋالغان بولغاچقا، گەپ-سۆز قىلىشماي ماگىزىنىنىڭ كەينىدىكى ئۇن چۈشۈرىدىغان تۆمۈر ئىشىكنى قىينالمايلا تاپتى. لاۋگونىڭ ئوڭ قولىدا باتارېيىلىك قول چىرىغى، سول قولىدا سومكا، سومكىنىڭ ئىچىدە ئىشىكنىڭ قۇلۇپلىرىنى بۇزىدىغان سايمانلار تەقمۇ-تەق ئىدى. ئۇلار پۇل ۋە ئاشلىق بېلىتى بار ئۆيگە كىمنىڭ كىرىشى ھەققىدە بىر بىرىنى مەجبۇرلاپ بىرلىككە كېلەلمىگەندىن كېيىن كۈسۈرلىشىپ ئاخىر لاۋگو پۇل ۋە ئاشلىق بېلىتى ئېلىپ چىقىدىغان، گو كەيشېڭ بولسا ماگىزىنىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئۇنى ھەربىي ئورگانغا كىرىپ بولاپ مەخپىي ساقلاپ كەلگەن تاپانچىسى بىلەن قوغدايدىغانغا كېلىشكەن ئىدى. لاۋگو ئاشلىق پونكىتىنىڭ ئىسكىلاتى ۋە ئىشخانىسىنىڭ يورۇتۇلمىغانلىقىنى كۆ-رۈپ ئاشلىق ماگىزىنىنى باقىدىغان بىرمۇ قوغداش ئادىمى بولمىسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىپ يۆرەكلىك ھالدا ئىشخانىغا كىرىدىغان ئىشىكلەرنىڭ قاغتۇمشۇقلىرىنى يۇلۇشقا باشلىدى. گوكەيشېڭ بولسا ئاشلىق ماگىزىنىنىڭ سىرتىدا بەش مېتىرچە يىراقلىقتىكى كونا تامغا كەينىنى قىلىپ دۈگدىيىپ ئولتۇرۇپ لاۋگونىڭ ماگىزىندىن ئالىدىغان غەنىمەتلىرىنى ئېلىپ تېزرەك چىقىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇردى. ئۇ ئۆمرىدە قورال تۇتۇپ-ئىش-لىتىپ باقمىغان بولغاچقا، تاپانچا تۇتقان قولى دىر-دىر تىترەيتتى. ئۇ تام تۈۋىدە دۈگدىيىپ ئولتۇرۇپ قارغا قانتىدەك قاپقاراڭغۇدا بىر كونا ۋېلىسىپىت زەنجىرىنىڭ شاراقلاپ ماگىزىن يېنىدا چىپپىدە توختىغانلىقىنى سەزدى. قول چىرىغىنى ئۆيدە ئۇنتۇپ قالغان ھاشىخان يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ ماگىزىنغا ئوغرى كىرىپ كەتكەنلىكىدىن زادىلا خەۋىرى يوق ئىدى. ۋېلىسىپىتلىك بىر ئادەمنىڭ ماگىزىن يېنىدا پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى سەزگەن گو كەيشېڭ ئالاقزادە بولۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدى. دەل شۇ چاغدا ماگىزىن ئىشخانىسىنىڭ ئىچىدىن بىلىنەر-بىلىنمەس تىرىقلىغان

تۇيۇش ئاڭلاندى، ئاندىن پۇل ۋە ئاشلىق بېلەتى بار ئىشخانىنىڭ ئىچىدىن قول چىرىغىنىڭ لاپپىدە يانغانلىقى كۆرۈندى. ھاشىخان چۆچۈپ كېتىپ:

—كىم سەن؟—دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى دېرىزىگە قاراپ. ئۇنىڭ كۈچلۈك ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ قول چىرىغىنىڭ ئىشخانىدىكى يورۇقى لاپپىدە ئۆچۈپ قايتا يانمىدى. ھاشىخان ئالدىراپ-تېنەپ پوستا تۇرغانلا مۆگدەپ ياتقان چەتتىكى ئۆيگە ۋارقىرىدى:

—تېز تۇرۇڭلار تېز، ئوغرى كىرىپتۇ، ئوغرى كىرىپتۇ، ئوغرى!

پوستا قويۇلغانلار يۈگۈرۈپ ئاشلىق ماگىزىنىنىڭ يېنىغا كەلگەندە لاۋگو ئىشخانىدىن 3000 يۈەن پۇل ۋە بىر تۇتام ئاشلىق بېلەتىنى قوينىغا تىقىپ ئاشلىق پونكىتىنىڭ پاكار ئارقا تېمىدىن ئارتىلىپ گوكەيشېڭ ساقلاپ تۇرغان تار يولغا چىقىپ بولغان ئىدى. ماگىزىنغا قارايدىغانلار ئىشخانىغا كىرىپ لامپۇچكىنى يورۇتۇپ، بۇزۇلغان ئىشكافنى كۆرگەندىن كېيىن يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقتى. ھاشىخان ئوغرىنىڭ نەدىلىكىنى قاراڭغۇدا بىلەلمەي:

—ئوغرىنى تۇتۇڭلار! ئوغرىنى تۇتۇڭلار!—دەپ بار كۈچى بىلەن ۋارقىرىدى.

ئاشلىق ماگىزىنىڭ ئىشخانىسى يورۇق بولمىغاچقا، تار كوچا قاراڭغۇ ئىدى. گو كەيشېڭ ئىككىلەنىڭ قاراڭغۇدا ”ئوغرىنى تۇتۇڭلار!“ دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قورقۇپ قاچاي دەپ تۇرغىنىدا يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بىرسى ئۆزىگە لاپپىدە قول چىرىغىنى ياندۇردى. لاۋگونى تاشلاپ قېچىپ كېتىشكە تەمشىلىۋاتقان گو كەيشېڭ ئۆزىگە قول چىرىغىنى ياندۇرۇپ كېلىۋاتقان بىرسىگە ئالدىراپ تاپانچىسىدىن ئوق ئۈزدى. يەت-تە-سەككىز مېتىرچە يىراقلىقتىكى خىرە كۆلەڭگە ئالدىغا بىرلا سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى.

—ئا...ناڭنى...ئا...ناڭ..نى

بۇ ئوق تېگىپ يىقىلغان لاۋگونىڭ ئاۋازى ئىدى. گو كەيشېڭ: ”پوستا تۇرغانلار مېنى قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ“ دەپ ئويلاپ قاراڭغۇدا ئۆزى تەرەپكە قول چىرىغىنى ياندۇرۇپ قېچىپ كېلىۋاتقان لاۋگونى ئېتىپ

تاشلىغان ئىدى. ئۇ لاۋگونى ئېتىپ تاشلىغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈنۈپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىيۇ، قېچىپ كېتىشكە تەمشىلىپ بىردىنلا ئويلىنىپ قالدى: ”ئۇ ماگىزىندىن چوقۇم قۇرۇق چىقمىدى. پۇل بار سومكىسىنى ئېلىۋالاي...“ ئۇ ئويلىنىپ بولغىچە قوغلاپ كەلگەن ئىككى كۆلەڭگە ئۇنى كوچەي باستى. گو كەيشېڭ ئىككىيلەننىڭ ئاستىدا تىپىرلاپ تۇرۇپ تاپانچىسىنىڭ ئاغزىنى ئۇستىگە قارىتىشقا كوچىيەلمەي تەپكىسىنى بېسىۋىدى، ئوق هاشىخاننىڭ ئوڭ پۇتىنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىنى سۇرۇۋەتتى. پوستا تۇرغان يەنە بىرەيلەن گو كەيشېڭنىڭ تاپانچا تۇتقان قولىنى تىزى بىلەن كوچەپ بېسىپ تۇرۇپ ئىككى قولىدا ئۇنىڭ بېشىنى چېچى بىلەن قاماللاپ تۇتتى-دە، سېمونت يول گىرۋىكىگە بىرقانچە نۆۋەت ئۇستۇرۇپ گو كەيشېڭنى هالىدىن كەتكۈزدى. رازاق هوشۇر كېلىپ هاشىخاننىڭ هالىدىن خەۋەر ئالدى.

ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان قوشنا ئىدارىدىكى بىر قاراۋۇل يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاشلىق پونكىتىنى ساقلاۋاتقان ئىككىيلەنگە ياردەملەشتى. كۆپ ئۆتمەي ئىككى تەرەپتىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا جىددىي تېلېفون ئارقىلىق خەۋەر قىلىنىۋىدى، ئالدى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن، كېيىنرەك ئاشلىق ئىدارىسى بىلەن قاتناش شىركىتىدىن نەق مەيدانغا ئادەملەر كېلىپ جان تالىشىۋاتقان لاۋگو بىلەن هوشىدىن كەتكەن گو كەيشېڭنى كۆردى. قاتناش شىركىتىدىن كەلگەن گاۋ شىمىن بىلەن چاڭ باۋشۇ يەرگە چاپلاشقان لاۋگو بىلەن گو كەيشېڭنى كۆرۈپ هاڭ-تاڭ قېلىشتى. ئالدى بىلەن ئوق پۇتىنى سۇرۇۋەتكەن هاشىخان دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە رازاقنىڭ هەمراھلىقىدا ئېلىپ كېتىلدى. نەق مەيدان سۈرەتكە ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن لاۋگو بىلەن گو كەيشېڭ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلدى. گاۋ شىمىن تېڭىرقاپ قالغان چاڭ باۋشۇغا: ”بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزمۇ يوق ئەمەس. بۇزۇقلارنى جىنايەت يولىغا ماڭغانغا قەدەر تونۇيالماي ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپتۇق“ دەپ پىچىرلاپ جىپ ماشىنىسىغا چىقتى. چاڭ باۋشۇ هېچنېمە دېمىگىنى بىلەن كۆڭلى پەرىشان ئىدى. ئۇ لاۋگو بىلەن گو كەيشېڭنى هېچنېمىدىن قورقمايدىغان

ئىسيانچىلار، دەپ كۆچەپ ماختاپ يۈرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى-دە، ئىغىر ئۇ تارتىپ ئەڭ ئاخىرىدا ماشىنىغا چىقتى. ئۇلار تاڭ ئاتماي تۇرۇپ ئەتىكى ئىشلار ھەققىدە باش قاتۇرۇپ "قاتناش شىركىتىمىزدە مۇندىن كېيىنمۇ يەنە مۇشۇنداق پاجىئەلىك ۋەقەلەر يۈز بېرىپ قالارمۇ؟" دەپ ئويلىغاچ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

× × ×

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتتى. ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بۇ ۋاقىت ئىچىدە قاتناش شىركىتىدە خېلى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ساۋ جۇرىنىڭ ئايالى ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشقا قاتناشقانلارنى ئىلىپ ماڭغان بىر ئاپتوموبىل شوپۇرىنىڭ رولنى دەل پەيتىدە قايدۇرالمىغانلىقى نەتىجىسىدە قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا قىلدى. سەمەت موللىنىڭ پاش قىلىشى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان گو كەيشېڭنىڭ يازما تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسەن سابىق شىركەت مۇدىرى شۆي خەيلۇڭنى ئۆلتۈرگەن قاتىل باتۇر قادىر ئەمەسلىكى ئېنىقلانغاندىن كېيىن ئۇ تۈرمىدىن چىقىپ ئىدارىگە قايتىپ كەلدى. باتۇر قادىرنىڭ تۈرمىدىن قايتىپ چىقىشى بىلەن ھاشىخان، رازىخان، تەلەيخانلارنىڭ كۆڭلى خۇشاللىققا چۆمدى. ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىدىكى ساۋجۇرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە شىركەتنىڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى تەركىبىگە باتۇر قادىر، گاۋ شىمىن ۋاڭ دۈيجاڭ، رازاق ھوشۇر ۋە ئامىشۆي تەشكىلات ۋەكىلى ياكى "سىلىك"لار كىردى. گاۋ شىمىن، ۋاڭ دۈيجاڭلار مەخسۇس ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتتى، رازاق ھوشۇر سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، قوغداش ئىشلىرىغا چاڭ باۋشۇ بىلەن بىللە مەسئۇل بولدى. ساۋجۇرىن ئومۇمىي ئىشلارغا داۋاملىق يېتەكچىلىك قىلدى. شىركەتكە قارايدىغان ھەرقايسى تارماقلارنىڭ رەھبەرلىك تەركىبىدە ئۆزگىرىش بولماي شۇ پېتى قېلىۋەردى. شىركەتنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرى، ئاساسلىقى قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرى ھېچبىر توسالغۇغا ئۇچرىماي ئىلگىرىكىدەك يۈرۈشۈپ كەتتى.

رازاق ھوشۇر چوڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، شىركەتنىڭ سابىق مۇدىرى شۆي خەيلۇڭنىڭ چوڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش ئەنزىسىنى تەك-

شۇرۇپ، باتۇر قادىرنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا ئاپىرىپ بېرىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى يېتەرلىك دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن ئىنقىلاپ چىققاندىن كېيىن كۆڭلى ئارام تاپتى. ئاندىن ئالاھىدە ۋاقىت چىقىرىپ، ئەسلىدە بار بولسىمۇ ئۆزىنى يوشۇرۇپ يۈرگەن ئاتىسى ھوشۇر قارىنى بىر ئامال قىلىپ ئىزدەپ تېپىش ۋە لاۋشۈي بىلەن شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىق ئەنزىسىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ئىنقىلانىغانلىقنى يەتكۈزۈش مەقسىتىدە قارا شەھەرنىڭ قارىبۇلاق يېزىسىغا — لاۋلىيۇنىڭ ئوغلى ليۇ شۈەينىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۈچ كۈن تۇرۇپ كەلدى. ياڭ بوۋاينىڭ جېڭجۇ شەھىرىدىكى ئۇكىسى ياڭ لۇشەن بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، ياڭ لۇشەننىڭ شىنجاڭغا يوقلاپ چىقىش ئۈمىدىدە ئىكەنلىكىنى يەتكۈزدى ۋە يازغان خېتىنى تاپشۇرۇپ بەردى. قېيۇم توختى بىلەن ۋاڭ دويىلار ليۇ شۈەينى تۇتۇپ ”قىزىلبايراق“ گۇڭشېسىغا ئېلىپ كەلگەن ۋاقىت ”كادىرلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىش لازىم“ دېگەن چاقىرىق ئەمەلىيلىشىۋاتقان مەزگىلگە توغرا كېلىپ قالغانلىقتىن ”ياخشى قىلىپسىلەر“ دەيدىغان ئادەم چىقمايلا قالماس-تىن، ليۇ شۈەي ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن ئىنقىلابىي كومىتېت تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن ئىدى. ئۇ رازاق ھوشۇرنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئاتىسى ھوشۇر قارى بىلەن ئىلگىرى كۆرۈشكەن چېغىدىكى ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. قايتىدىغان چېغىدا ”ئاتىڭىز ھوشۇر قارىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغان ھامان ئىزدەپ تېپىپ سىزگە ئۇچۇرىنى يەتكۈزىمەن“ دېدى.

رازاق ھوشۇر قارىبۇلاق يېزىسىدا ليۇ شۈەينى ئاغدۇرىمىز، دەپ داۋراڭ سالغان قېيۇم توختىنىڭ ياۋاشلىشىپ قالغانلىقنى ئاڭلاپ ”موزاي-نىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە“ دېگەن ماقالنى ئېسىگە ئالدى. قېيۇم توختىمۇ، ھاشىخانمۇ ئاتىسى ھوشۇر قارىنىڭ ئۆگەي بالىلىرى، رازاق ھو-شۇر ئۇلاردىن، بولۇپمۇ قېيۇم توختىدىن ناھايىتى كۆپ ئاھانەت ئاڭلىغان. ئەينى ۋاقىتتا رازاق ھوشۇر چەت ئەلگە قاچماقچى بولغان تەلەيخاننى تۇتۇپ يالاپ ئېلىپ كەلسەك قويۇۋەتكەن، دەپ قاتناش شىركىتىگە ئالاھى-دە يازما پاش قىلىش ماتېرىيالى ئەۋەتىپ بېرىپ زور ئاۋارىچىلىققا سالغان ئىدى، ھازىر ئۇلارمۇ ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ياۋاشلىشىپ جىم

بولۇشۇپ قاپتۇ. رازاق ھوشۇر قارا شەھەرنىڭ باغراش كۆلى بويىدىكى قاربۇلاق يېزىسىغا بېرىپ لىۇ شۇەي بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ خېلى زور ئۈمىد بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى.

8-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېگىز-پەس تاغلار بىلەن ئورالغان شەھەرنىڭ ھاۋاسى خېلىلا سالقىنلىشىپ كىشىگە ھۇزۇر بەخش ئېتىدۇ. يامغۇر يېغىپ توختىغاندىن كېيىنكى ئاسفالت يوللاردا مېڭىۋاتقان كىشىلەرنىڭ يامغۇر سۈيى يۇيۇۋەتكەن تاملاردىكى يېرىمى يوق چوڭ چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى كۆرۈشكە ۋاقتى يوق، ئۇلار چوڭ خەتلىك گېزىت پارچىلىرىنى كۆرۈپ:

—قاراڭلار، ئەتىگەن چاپلانغان چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى يامغۇر سۈيى چۈشۈرۈۋېتىپتۇ، بىز يېرتىپ ئېلىۋەتكەن بولساق چوڭ بالاغا قالاتتۇق—دېيىشتى تۆۋەن ئاۋازدا. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىغا تاقالغان مەسىلىلەر ھەققىدە كېتىۋېتىپ خۇپىيانە پىچىرلاشماقتا. رازاق ھوشۇر بوش ۋاقتى يوق بولغانلىقتىن رازىخان بىلەن تەنھا تۆزۈكرەك مۇڭدىشىپ بولالمىغان ئىدى. بۈگۈن جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن بىر تاختا چاي ئېلىپ يوقلىغاچ رازىخان بىلەن چوڭقۇر مۇڭدىشىش مەقسىتىدە باتۇر قادىرنىڭ ئۆيىگە كەلدى. رازىخان ياندىكى ئۆيدىن چىقىپ قىزغىن قارشى ئالدى.

—كەلسىلە بالام، ئەجەبمۇ كەم دىدار بولۇپ كەتتىلە. سىلىنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى،—دېدى رازىخان رازاق ھوشۇرنى ئۆيگە باشلاپ. ئۇ ئاق ئارىلىغان چېچىدىن چۈشۈپ كېتەي دەپ قالغان كۆلرەڭ كونا ياغلىقنى بېشىغا تۈزەشتۈرۈپ تارتىپ تۇرۇپ ياندىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئۇلۇق ئاچتى.

—سىلى بىلەن مۇڭداشقۇم بار ئىدى، ئۇزۇن بولدى، سىلىنى يوقلاپ كېلەلمىدىم،—دېيەلىدى رازاق ھوشۇر تارتىنىپ خىجىل بولۇپ. رازىخان ئالدىراپ-تېنەپ تۆرگە يېڭى تىكىلگەن يېشىل رەڭلىك كۆرپە سالدى.

—تۆرگە چىقسىلا، تۆرگە.

ئۇلار تىنچلىق سورىشىپ بولۇپلا ئاھايىتى قىزغىن سۆھبەتكە چۈ-
شۈپ كەتتى. كەچۈرمىش كۆپ كىشىلەرنىڭ سۆزى، ئۆز ئارا سۆھبىتى
تېز تۈگمەيدۇ. رازىخان رازاق ھوشۇرغا مەرھۇم قېيىن ئاتىسى ھەمدۇل
پالۋاننىڭ، شۇنداقلا يولدىشى قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ لاۋگو تەرىپىدىن
قەستلەپ ئۆلتۈرگەنلىكى ھەققىدە بىلگىنى، پەرەز قىلغىنى بويىچە تەپسىلىي
سۆزلەپ بەردى. يولداش قادىر ھەمدۇللايېۋ شىڭ شىسەي تۈرمىسىگە
تۇتۇپ كېتىلگەندىن كېيىن لاۋگونىڭ زورلۇق بىلەن ئۆز نومۇسىغا تەگ-
كەنلىكىنى ئېيتىشقا ئۇيۇلۇپ يەرگە قارىدى.
—يازغان ئۇزۇن خەتلىرىنى پويىزدا ئوقۇۋېتىپ، ئۆزەمنىڭ سەپەرگە
ئالدىراپ چىقىپ قالغانلىقىمغا ئېغىر پۇشايمان قىلدىم. ھېلىمۇ ياخشى،
ئۆلۈۋېلىش نىيىتىدىن يانغانلىرى ئوبدان بوپتۇ. ئادەم بۇ دۇنياغا تەبىئىي
كەلگەن ئىكەن، زۆرۈرىيىتى بولمىغان شارائىتتا ئۆزىنى بىئەجەل ئۆلۈمگە
تۇتۇپ بەرمەي تەبىئىي كېتىشى لازىم. ئەسلى بېيجىڭغا بېرىشىم كېرەك
ئىدى، سىلىدىن ئەنسىرەپ جېڭجۇغا بېرىپلا يېنىپ كەلدىم. قەبىھ كىشىلەر
ئۆز بېشىنى يەيدۇ، دېگەن گەپ بار، مانا، لاۋگو ئۆز بېشىنى ئۆزى يېدى.
كۆنلەر ھەرگىز بىر خىل مالىمانچىلىق ئىچىدە ئۆتۈۋەرمىگىنىدەك، ۋەزىيەتمۇ
شۇ پېتى كېتىۋەرمەيدۇ.
رازىخان رازاق ھوشۇرنىڭ ئۈمىدۋارلىققا تولغان سۆزلىرىنى ئاڭلاۋې-
تىپ، مىيىقىدا كۈلۈمسىرىدى ۋە بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ:
—ۋوي، گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ سىلىگە چاي قۇيمىغىنىمنى،
مەن نېمىدېگەن ھاڭۋاقتى،—دەپلا باتۇر قادىرنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كېتىپ
بىردەمدىلا دەملەنگەن بىر چايدان قايناق چاينى كۆتۈرۈپ كىردى. ئۆيدە
نان ۋە چىنىلەر تەق ئىدى. ئۇلار چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ رازاق ھوشۇرنىڭ
ئاتىسى ھوشۇر قارى ھەققىدە، شوپۇر لالىيۇ بىلەن ئەينى ۋاقىتتا تېپىشالمى-
غان ئوغلى لىيۇ شۈەي ۋە ئۇكىسى شۈي خەيلۇڭ مۇدىر ھەققىدە، ئۇزاق
پاراڭلاشتى. ئوغلى باتۇر قادىر بىلەن كېلىنى ھاشىخان ۋە ھاشىخاننىڭ
ئۇكىسى قېيۇم توختى ھەققىدىمۇ خېلى توختالدى. ھاشىخان بىلەن قېيۇم
توختى ھوشۇر قارىنىڭ ئۆگەي بالىلىرى بولغانلىقتىن ئۇلار رازاق ھوشۇر-

غىمۇ تۇغقان كېلىدىغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم ئىدى. بۇ ھەقتە رازىخانمۇ، رازاق ھوشۇرمۇ ئېغىز ئاچمىدى. گەپ تەلەيخانغا يۆتكەلدى.

—قىزىم: مەن كۆرسەم بولمايدىغان قانداق خەت ئۇ، دەپ بېشىمنى ئاغرىتىپ سوراپ كېتىۋاتىدۇ، لاۋگو سېنىڭ ئاتاڭ بولىدۇ، ئۇ باتۇر ئاكاڭنىڭ ئاتىسىنىڭ، چوڭ ئاتىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان، دەپ قانداق ئېيتالايمەن؟ بالىلىرىم، كېلىنىم ئاڭلايدىغان بولسا مېنىڭ يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشۈم تەس. شۇڭا ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىغان ئىدىم. ئۆلۈۋالىدىغان چېغىمدا نەۋرەم غالىبجان كىرىپ كەلدى. ماڭا تەنھا ئۆلۈۋېلىشمۇ نېسىپ بولمىدى. ئۆلگۈر لاۋگو بېشىنى يېگەندىن كېيىن بىر ئاز يېنىكلەپ قالغان بولسامۇ قىزىم: «رازاق ئوقۇغان خەتنى مەن ئوقۇسام نېمىشقا بولمايدىكەن» دەپ، ئوك-تەتۈر سوئاللارنى سوراپ بېشىمنى گاڭگىرىتىپ قويدى. نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

—تەلەيخان مەندىنمۇ ئۇ خەتنى بىرقانچە قېتىم سۈرۈشتۈردى، ئۇ سىلى ماڭا بەرگەن تۈگۈچ ۋە ئۈزۈن خەتنى سومكىدىكى نانلارنىڭ تەكتىگە سېلىۋاتقانلىقلىرىنى كۆرگەن ئوخشايدۇ. مەن: ئاپىڭىز ماڭا خەت بەرمىدى، دەپ يالغان ئېيتىشقا پېتىنالمىدىم. يالغان ئېيتىشمۇ بىرخىل سەنئەت بولسا كېرەك، مەن يالغان ئېيتىشنى قاملاشتۇرالمايدىغان ئادەم. مېنىڭچە، سىلى بەرگەن ئۇ تۈگۈچ ۋە ئۈزۈن خەتنى قىزلىرىغا بەرگىنىم تۈزۈكمىكىن، دەيمەن. يوشۇرۇش—ئەقىدە ۋە ئىشەنچنى بەربات قىلىدۇ.

—ئۇ تۈگۈچ ئاتىلىرى ھوشۇر قارىنىڭ سىلىگە ۋە قىزىمغا يالدامىسى. مەن ئۇ خەتنى سىلىنىڭ ماڭا توغرا قارايدىغانلىقلىرىغا ئىشىنىپ بەرگەن. سىلى توغرا قارايدىغانلا بولسىلا قىزىم باشقىچە قاراپ كەتمەس. بەرسىلە مەيلى. ئوقۇپ كۆرسۇن،—دېدى رازىخان مەيۈسلىنىپ. ئۇ: ”سىلىنىڭ مېنى مەرھۇم ئاپىلىرىدەك كۆرۈشلىرىگە ئىشىنىمەن“ دېمەكچى بولۇپ دېيەلمەي ئۇ گەپنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. چۈنكى رازىخان رازاق ھوشۇرنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆزىگە بىرقانچە قېتىم قويغان ئۆيلىنىش تەلىپىنى رەت قىلغانلىقىنى ئېسىگە ئالغان ئىدى. رازاق ھوشۇر گېپىنى يۇتۇۋەتكەن رازىخانغا مۇنداق دېدى:

—مەن سىلىگە توغرا قارايمەن. ئادەم ئۆزىنىڭ كىمدىن، نەدە، قاچان تۇغۇلىدىغانلىقىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ. تۇغۇلغاندىن كېيىن چوڭ بولىغاندا ماڭىدىغان يولنى بەلگىلىيەلەيدۇ. قىزلىرى تەلەيخان بۇنى مەندىنمۇ ياخشىراق چۈشىنىدۇ.

ئۇلار ئىككى سائەتتىن ئارتۇقراق سۆھبەتلەشتى. ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى كۆپ بولغاچقا، ئۇن سائەتلەپ سۆھبەتلەشسىمۇ، گېپى تۈگىمەيتتى. رازاق هوشۇر ئۆزىنى بىلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا باتۇر قادىر، هاشىخان، تەلەيخان ۋە نەۋرىسى غالىبجانلار قايتىپ كەلسە رازاق هوشۇرنىڭ ئوڭايسىزلىنىشى تەبىئىي. گەرچە ئۇلارنىڭ رازاق هوشۇرنى ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك هۆرمەتلىشى مۇقەررەر بولسىمۇ، رازاق هوشۇرنىڭ ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇن قايتىشى ئۆز ئىززىتىنى ساقلىغانلىق ئىدى. قاتتىق تۇتۇۋالغىنىغا قارىماي رازاق هوشۇر رازىخان بىلەن قىزغىن خوشلىشىپ، مۇندىن كېيىن پات-پات كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئىدارىسىگە قايتتى.

رازاق هوشۇر ئەتىسى رازىخاننىڭ ئۆزىگە يوللۇق تۇتۇپ بەرگەن ئۇزۇن خېتىنى بوپكىسىغا سېلىپ كەچ ئىشتىن چۈشۈشكە ئاز قالغاندا باسما زاۋۇتقا كەلدى. ئىشتىن چۈشكەن تەلەيخان ئىككى شاگىرت نابورچىك قىز بىلەن بىرگە ياتىقىغا كېتىۋاتاتتى. ئۇ زاۋۇت ئىشخانىسىغا يانداپ سېلىنغان بىر قەۋەتلىك ياتاق ئۆيلەرگە قايرىلىدىغان تار يول ئېغىزىدا رازاق هوشۇرنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

—ۋاي رازاق ئاكا، كېلىپ قاپسىز. ماڭا خۇش خەۋەر بارمۇ-يە؟ يۈرۈڭ، ياتاققا كىرەيلى،—دېدى ئۇ گۈلدەك ئېچىلىپ. ئۇنىڭ يۈزى يېڭىدىن قىزىرىشقا باشلىغان ئانار رەڭگىنى ئالدى. ئۇ زىلۋا بەدىنىگە يارىشىملىق فىكۇس گۈلىنىڭ يوپۇرمىقىدەك ياپىپېشىل قىسقا كۆڭلەكنىڭ ياقىسىنى ئالتۇن رەڭلىك قىسقا پوپايكىسىنىڭ ياقىسىدىن سەل چىقىرىپ تۈزەشتۈردى. يېنىدىكى ئىككى شاگىرت نابورچىك قىز ياتىقىنى تۈزەشتۈرۈشكە كىرىپ كەتتى. تەلەيخان پاشنىسى سەل ئېگىزرەك تانكىست سېرىق ئاياغ كىيگەن، يوتىسىغا قەدەر ئۇزۇن ئەترەڭ پايپاق تارتقان، ئىنچىكە

بىلىنى قورۇپ تۇرغان ساپسېرىق پوپايكىسى بىلەن قىسقا ياپپېشىل كۆڭلەـ ىكى يىگرمە سەككىز ياشقا كىرگەن تەلەيخاننى ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەن چىرايلىق قىزدەك كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ رازاق ھوشۇرنى ئادەتـ تىن تاشقىرى قىزغىنلىق بىلەن ياتىقىغا باشلاپ كىردى. بالدۇر كىرىپ كەتكەن ئىككى نابورچىك قىز ئورۇن-كۆرپىلىرىنى رەتلىك تىزىپ ياتاقنى سۈپۈرۈپ قول ياغلىقىدا سۈرتكەن ئەينەكتەك پاكپاكىز قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇلار بۇ ئىككىسىنىڭ سۆزلىشىدىغان ئايرىم گېپى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئاستاغىنا زاۋۇت ئاشخانىسىغا چىقىپ كەتتى.

تەلەيخان تولا راق باسما زاۋۇت ياتىقىدا ياتاتتى، تىزىدىغان كىتاب، ماتېرىياللار جىقراق كېلىپ ئىش ئالدىراش بولۇپ قالغان چاغلاردا چوڭ ئۆيگە ئىككى-ئۈچ كۈن بارمايمۇ قوياتتى. ئاكىسى باتۇر قادىر جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا ئاپىرىپ بېرىلگەندىن كېيىن باسما زاۋۇتتىن قاتـ ناش شىركىتى قوغداش بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كەتكەن چاڭ باۋشۇ: ئاكاڭ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار، چەت ئەلگە باغلانغان ئەكسىيەتچى تەشكىـ لاتقا قاتناشقان مەسىلىلىرىڭنى تاپشۇر، دەپ قىيىن-قىستاققا ئالغان كۈنـ لەردە چوڭ ئۆيگە ھەپتىلەپ بارمىغان چاغلىرىمۇ بار. كۆڭلى سۇنغان، سوراققا تارتىلغان ئېغىر كۈنلەردە نېمىشقا تۇغۇلۇپ قالغاندىمەن، دېگەن ھېسسىياتقىمۇ كەلگەن. ھازىرقى ئەھۋالى خېلى ياخشى، ئاكىسى باتۇر قادىر ئاقلىنىپ رەھبەرلىك تەركىبىگە كىرگەندىن كېيىن بولسا خېلى روھلىنىپ قالغان ئىدى، بۈگۈن كەچ ئىشتىن چۈشكەن چېغىدا رازاق ھوشۇرنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىشى ئۇنى تېخىمۇ روھلاندۇرۇۋەتتى...

—ئاپامنىڭ سىزگە بەرگەن خەتلىرىنى ئېلىپ كەلدىڭىزغۇ، دەيمەن. ئاپامنىڭ يازغىنىنى مەن كۆرسەم نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ئىشتىن چۈشۈپ ئالدىڭىزغا بېرىپ سوراپ ئېلىپ كېلەي دەپ تۇراتتىم. بىلگەندەك ئۆزىڭىز ئېلىپ كەپسىز.

—كۆرسىڭىز كۆرۈڭ، ئەمما ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ،—دېدى رازاق ھوشۇر سومكىسىدىن رازىخان يازغان خەتنى چىقىرىپ،—مەن قايتاي. كېيىن يەنە كېلىمەن.

تەلەيخان خەتنى كۆرۈش قىزغىنلىقىدا رازاق ھوشۇرنى چىڭ تۇتمى-دى. ئۇ رازاق ھوشۇرنى بىر قەۋەتلىك ياتاق ئۆيلەرنىڭ ئەڭ چېتىدىكىچە قىزغىن ئۇزىتىپ قويىدى.

ئىككى شاگىرت نابورچىك قىز باسما زاۋۇت ئاشخانىسىدىن سەي، موما ئېلىپ كىرگىنىدە رازاق ھوشۇر كېتىپ بولغان ئىدى. تەلەيخان ئۆزىگە ۋە رازاق ھوشۇرغا ئاتاپ ئېلىپ كىرگەن تاماق بىلەن تويغۇچە غىزالاندى. ئىككى نابورچىك قىز ئۇنى كىنو كۆرۈشكە تەكلىپ قىلىشىدى، ئۇ ئىككىيلەنگە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئۆزىنىڭ مىجەزى ئانچە يوقلۇقىنى ئېيتىپ، كىنو كۆرگىلى بېرىشقا ئۇنىمىدى. ئاخىر ئىككى نابورچىك قىز كىنو كۆرگىلى چىقىپ كەتتى. تەلەيخان ياتاقتا يالغۇز قالدى.

ئېغىر سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ئادەمنىڭ يالغۇز قالغان چېغىدىكى روھىيتى قايناپ تاشىدۇ. تەلەيخان ئۆزىنى ياساپ-تۈزەپ يۈرگىنى بىلەن يالغۇز قالغاندا ۋاقتىنى كۆپىنچە بىھۇدە خىيال سۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. بۈگۈنكى كەچلىك بوش ۋاقتىنى خىيال سۈ-رۈش بىلەن ئەمەس ئاپىسىنىڭ رازاق ھوشۇرغا بەرگەن ئۇزۇن خېتىنى ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزمەكتە. ئۇ ياتاقنى ئىچىدىن تاقاپ قويۇپ كارىۋىتى ئۈستىگە چىقىپ ئاپىسىنىڭ ئۇزۇن خېتىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئوقۇماق-تا. ئۇ كۈننىڭ قارامتۇل قىزىرىپ غەرپكە پاتقىنىنى ياتاقنىڭ ئىچى قاراڭغۇلاشقاندىن كېيىن بىلىپ چىراغنى يورۇتتى. ئۇ كىنو تۈگىگىچە ئارىلىقتا خەتنىڭ بېرىمىنى دېگۈدەك ئوقۇپ بولدى. خەتنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ ئۇنىڭ چىرايى بۇلۇتتەك تۇتۇلاتتى. گاھ تېگىرقاپ بېشىدىكى قىسقا قويۇق چېچىنى سول قولىدا قامالاپ تارتىپ قوياتتى. ئاپىسىنىڭ ھەسرىتى ئىپادىلەنگەن قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ لەۋلىرىنى چىشلەيتتى: ”قىزىمنىڭ ئاتى-سى لاۋگو، ئۇ ئېرىم قادىر ھەمدۇللايېۋقا، قېيىن ئاتام ھەمدۇل پالۋانغا زىيانكەشلىك قىلغان. ئاتىلىرى ھوشۇر قارىغىمۇ يامانلىق قىلغان. شىركەت مۇدىرى شۇي خەيلوگىمۇ زىيانكەشلىك قىلىپ، گۇناھنى ئوغلۇم باتۇر قادىرغا ئارتىپ قويىدى. پاش قىلاي دېسەم قىزىمنىڭ ئاتىسى لاۋگو ھوقۇق

تارتىۋېلىش كومىتېتىدا بولغانلىقتىن مېنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشىشقا ئاجىزمەن. قىزىم تەلەيخاننىڭ لاۋگو ئەينى ۋاقىتتا ماڭا زورلۇق قىلغانلىقى تۈپەيلى تېپىلىپ قالغانلىقىنى ھازىرغىچە يوشۇرۇپ كەلدىم. ئاشكارىلىغىنىمدا بالىلىرىمنىڭ ئوڭايسىزلىنىشىدىن مېنىڭ ئوڭايسىزلىنىشىم گۆرگە كىرىشىمدىنمۇ ئېغىرراق بولىدۇ. شۇڭا ئۆزلەڭلا ئاشكارىلاپ قويۇپ ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەلدىم. ئۆزلەنىڭ قىزىمنى ئەپۇ قىلىپ ئۆي تۇتۇپ بىللە ئۆتۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن..“ تەلەيخان ئاپىسىنىڭ رازاق ھوشۇرغا يازغان ئۇزۇن خېتىنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ لاگودىن تېپىلىپ قالغانلىقى سەۋەبلىك ئاپىسىنىڭ شۇنچىۋالا كۆپ رىيازەت چېكىپ يۈرگەنلىكىنى بىلدى ۋە ھەقىقەتەن دۇنياغا ئارتۇقچە تۆرۈلۈپ قالغان بىچارە بەندە ئىكەنمەن دەپ ئىچىدە پىچىرلىدى. ئۇ مۇنداق ئويلىدى: ”مېنىڭ ئاتامنىڭ كىم بولۇشىنى مەن قانداق بەلگىلىيەلەيتتىم؟ گەپ مېنى تاپقان ئاتامنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىدە. مەن ئۇنى قانداقسىگە ئاتام دېيەلەيمەن؟ يەنە كېلىپ ئۇ ئاكامغا، ئاكامنىڭ ئاتىسىغا، چوڭ ئاتىسىغا زىيانكەشلىك قىلغان. شىركەت مۇدىرى شۆي خەيلۇڭنى، لىيۇ شۆەينىڭ ئاتىسى لاۋلىيۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن. رازاقنىڭ ئاتىسىنىمۇ ئېغىر كۈنگە قالدۇرغان. ئاپام مېنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوغلى ۋە كېلىنى ئالدىدا يۈزىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشنى نومۇس قىلىپ تا ھازىرغىچە تىنماي كەپتۇ. رازاق ئۆزىنىڭ ئاتىسىنى شۇ قەدەر ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە دۇچار قىلغان ئاشۇنداق بۇزۇقنىڭ قىزىنى ياخشى كۆرەرمۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن ئۆمۈرۋايەت بىرگە ئۆتۈش مۇمكىنمۇ؟ ياق، مۇمكىن ئەمەس. رازاق بىلەن ئۆي تۇتۇپ ئۇنىڭ ماڭا قېيىن ئاتا بولىدىغان ئاتىسى ھوشۇر قارىغا قانداق قارىيالايمەن؟ نېمىشقا كىچىك چېغىمدىلا ئۆلۈپ كەتمىگەندىمەن؟ ئاھ خۇدا، ئۆلۈم دېگەن قانداق نېمە، ئۆلۈم قانداق بولىدىغاندۇ؟ ئۆلسەم بارلىق تىل ھاقارەتلەردىن، قوپال دۆشكەللەشلەردىن بىراقلا قۇتۇلىمەن...“ تەلەيخان ئويلاپ-ئويلاپ ئاخىرى ھېچكىمگە بىلدۈرمەي ياتىقىدا ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ كىنو كۆرۈپ يانغان ئوغۇل-قىزلارنىڭ سىرتتىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىنى ئاڭلاپ،

ئاپسىنىڭ خېتىنى ئالدىراپ يىغىشتۇردى. ئىككى نابورچىك قىز كىنو كۆرۈپ بولۇپ ياتاققا كىرگىنىدە تەلەيخان ئورۇن-كۆرپىلىرىنى سېلىپ يېتىپ بولغان ئىدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بۈگۈن شەنبە كۈنى، رازاق هوشۇر باتۇر قادىرنىڭ ئائىلىسىگە هال سوراپ كەلدى. ئۇ باتۇر قادىرنىڭ ئۆيىگە كىرىپلا تەلەيخاننى سورىدى. رازىخان قىزى تەلەيخاننىڭ باسما زاۋۇتتىن كەلمىگىنىگە ئۈچ كۈن بولغانلىقىنى ئېيتتى. رازاق هوشۇرنىڭ مېڭىسىگە ئۇشتۇمتۇت باسما زاۋۇتقا دەرهال بېرىپ بېقىشىم كېرەك، دېگەن ئوي كەلدى. ئۇ باسما زاۋۇتتا تىزىدىغان هۆججەت-ماتېرىياللارنىڭ يوقلۇقىنى، ئىشنىڭ ئانچە جىددىي ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇهىم بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى، مۇمكىن بولسا، ئەتە چوقۇم كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزرىخالىق بىلدۈردى-دە، باتۇر قادىر، هاشىخان، رازىخانلارنى هەيران قالدۇرۇپ تېزلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

رازاق هوشۇر باسما زاۋۇتقا كەلگىنىدە تاغ كەينىگە پېتىۋاتقان قۇياش باسما زاۋۇتنىڭ ئاشخانا تۈرخۈنىدىن قارايغان قان داغلىرىدەك قارامتۇل قىزغۇچ نۇرلىرىنى يىغىۋالغان ئىدى. زاۋۇت ئاشخانىسىنىڭ كەينىدىكى بىر قەۋەتلىك ياتاق ئۆيلەر قاراڭغۇ، پەقەت تەلەيخان بار ئۈچىنچى ياتاق خىرە يورۇق ئىدى. رازاق هوشۇر يېنىك قەدەم تاشلاپ ئۈچىنچى ياتاقنىڭ دېرىزىسىدىن ياتاقنىڭ ئىچىگە بويىنىنى سوزۇپ قاراشقا تەمشىلىپ توختاپ قالدى. دېرىزە ئەينەكلىرىگە يوغان تاختا قەغەزلەر ئىچىدىن چاپلىۋېتىلگەن بولغاچقا، ياتاقتا ئادەم بارمۇ ياكى يوقمۇ، بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ تەلەيخاننىڭ ياتىقىنىڭ ئىشكىنى ئىتتىرىۋىدى، ئىچىدىن ئېتىۋېتىلگەن ئىشىك قىمىرلاپمۇ قويمىدى. ئۆينىڭ ئىچى يورۇق، سىرتى قاراڭغۇلاشقان ئىدى. ئۇ ئىشكنى بىر هازا ئۇردى.

—تەلەيخان، ئىشكنى ئېچىڭ. باشقا بىرسى ئەمەس، مەن كەلدىم. نېمە قىلىۋاتىسىز؟

ياتاقنىڭ ئىشكى قىيا ئېچىلىپ تەلەيخاننىڭ سۇلغۇن چىرايى كۆرۈندى. رازاق هوشۇر هېچبىر ئىجازەتسىزلا ياتاققا ئۇسۇپ كىردى. ئۇنىڭ

ياتاققا كىرىپ ئەڭ دەسلەپ كۆرگىنى تورۇستىكى ئادەم كۆتۈرەلىگۈدەك يان ياغاچتىن بارماقتەك توملۇقتىكى ئارغامچا ئۆتكۈزۈلگەن سوزۇنچاق چەمبەرسىمان سىرتماق بولدى، تەلەيخان ئارغامچىنى تۆپلەش سېخىدىن جۈمە كۈنى كەچتە ئاچقىۋالغان ئىدى.

— تۇغۇلۇپ ئاز دەرد تارتمىدىم. ئويلىسام، ماڭا ئۆلۈۋېلىشتىن باشقا يول قالماپتۇ، — دېدى تەلەيخان ئالتۇن رەڭلىك پوپايكىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئالمىدەك كۆكسىنى نازۇك بىلىكى بىلەن يېپىپ تۇرۇپ، — مەن سىزگە، ئاتىڭىزغا، ئاپامغا، ئاكا-ئاچىلىرىمغا يۈز كېلەلمەيمەن. شىركەت مۇدىرى شۈي خەيلۇڭنىڭ تۇغقانلىرىغا، بىزگە ئېغىر كۈنلەردە ئەسقاتقان شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ ئوغلى ليۇ شۇەيگە مەن قانداقمۇ لاۋگونىڭ قىزى سۈپىتىدە قارىيالايمەن؟ بەربىر ئۆلۈپ كېتىدىغان بولغاندىكىن، بالدۇرراق ئۆلۈۋالغىنىم تۈزۈك ئىدى، سىز كېلىپ قالدىڭىز. مەن سىزنى كېلىپ قالار دەپ ئويلىماپتىمەن، — تەلەيخان كېيىنكى سۆزلىرىنى تۆۋەن ئاھاڭدا پىچىرلاپ ئاياغلاشتۇردى-دە، سىرتماقنى يېشىپ ئېلىپ بولغان رازاق ھوشۇرنى ئولتۇرۇشقا كارىۋىتىدىن جاي كۆرسەتتى.

— قىلغۇلۇقنى لاۋگو قىلدى، سىز قىلمىدىڭىز. جەمئىيەت ئالدىدا ياكى تۇغقانلار ئالدىدا بولسۇن، سىز يۈز كېلەلمىگۈدەك ھېچبىر ئىش ئۆتكىنى يوق، — دېدى رازاق ھوشۇر روھىي چۈشكۈن تەلەيخاننىڭ كارىۋاتتىكى قىزىل ئەدىيالنى سىقىمدىغان سول قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈشكە تەۋە، ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ، ئون بەشى يورۇق دېگەن گەپ بار. سىز ھامان يورۇقلۇققا چىقىسىز. ئاپىڭىزنىڭ، ئاكىڭىزنىڭ تەقدىرىمۇ تامامەن ئوڭشىلىدۇ، روھىي ئازادلىككە ئېرىشكەندە ئاتامۇ بىزنى ئىزدەپ كېلىشى مۇمكىن، بىز ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىماي، ئالدىمىزغا قارايلى. مەن رازىخان ئاپىمىزنىڭ ئۈمىدى بويىچە سىزگە ئۆمۈرۋايەت ھەمراھ بولۇشنى خالايمەن.

تەلەيخان سۆزىنى تۈگەتكەن رازاق ھوشۇرغا يالت ئېتىپ قارىغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۆزىگە قىزغىن ئىنتىلىپ ئويناپ تۇرغان قوي كۆزىدە يەتتە يىل ئىلگىرىكى ئۇچقۇندىغان مۇھەببەت ئوتىنى ئېنىق كۆردى. ئۇ رازاق

ھوشۇرنىڭ ئۆزىگە ھېلى ئېيتقان گېپىدىكى ”رازىخان ئاپىمىز“ دېگەن ئىككى ئېغىز سۆزىدىن ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن توي قىلىپ ئۆمۈرۋايەت بىرگە ئۆتۈش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

—رازاق، سىز ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەلەمسىز؟—دەپ سورىدى ئۇ بىرئاز روھلىنىپ. ئۇ بۇ سوئالنى سورىشىدا ئۆزىنىڭ بۇرۇن ئۇنى ياراتماي ئالېكسىي بىلەن توي قىلغانلىقىنى ۋە ئالېكسىي بىلەن بىرگە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان ئىدى. رازاق ھوشۇر ئۇدۇل، قىينالمايلا جاۋاب بەردى:

—ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تەييار، ئەمما سىزنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن.

تەلەيخان قەسەمدەك تۇيۇلغان بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ مىيىقىدا كۈلۈمسىرىدى. ئۇ گويا گۆر ئاغزىدىن قايتىپ كەلگەن ئادەمدەك خۇشاللاندى. ئۇ رازاق ھوشۇرنىڭ باياتىن سىرتماقنى يېشىپ ئېلىۋاتقىنىدا ئېچىلىپ قالغان چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى تۈتۈپ چاپىنىنى ئېتىپ قويۇشقا تەمشەلگەن ئىدى، رازاق ھوشۇر سول قولىنى چاپىنى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان تەلەيخاننىڭ ئىنچىكە-نازۇك بىلىگە ئۆتكۈزۈپ ئۆزىگە ئىتتىك تارتىپ قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ بەش يىلدىن بېرى ھېچكىمنىڭ قولى تېگىپ باقمىغان چىڭ بەدىنى رازاق ھوشۇرنىڭ قۇچىقىدا يۇلقۇنۇپ گاھ ئۇ ياققا، گاھ بۇ ياققا تەۋرىنەتتى. رازاق ھوشۇر ”ئۇنداق قىلماڭ“ دەپ پىچىرلاۋاتقان تەلەيخاننىڭ ئۆزىدىن قاچۇرۇۋاتقان ئاقۇچ مەڭزى ۋە قىزغۇچ لەۋلىرىگە سۆيدى. رازاق ھوشۇرنىڭ قۇچىقىدا سۆيۈشتىن ئۇلۇق-كىچىك تىنغان تەلەيخان يۇلقۇنۇشتىن توختاپ ياتاقنىڭ ئىچىدىن ئېتىلمىگەن ئىشىكىگە قاراپ، يوتىسىغا قەدەر سۇرۇلگەن قىسقا يېشىل كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈشكە تىرىشتى. ئەسلىدىكى مۇھەببىتىنىڭ تۇرتكىسىدە غەيرەتكە كەلگەن رازاق ھوشۇر تەلەيخاننى قۇچاقلاپ تېخىچە قويۇۋەتمەي يۇمران ئىللىق كۆكسىگە جەينىكىنى تىرەپ تۇرۇپ قانغىچە سۆيمەكتە ئىدى.

—رازاق، ئىشىك ئېتىك ئەمەس، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ. بىرسى كىرىپ قالمىسۇن يەنە،دەپ ئاستا پىچىرلىدى تەلەيخان يەردىن بېشىنى

كۆتۈرۈپ.

—سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىشىڭىزنى مەن نەقەدەر ساقلاپ كەلـ-گەن، شۇڭا ئۆزۈمنى قانداق تۇتالايمەن؟—دېدى رازاق هوشۇر قۇچقىدا تۇرغان تەلەيخانغا تەلمۈرۈپ. رازاق هوشۇرنىڭ تىزى تەلەيخاننىڭ ئىسسىق يوتىسىغا تېگىپ سۈركىلىپ تۇرغاچقا، هەر ئىككىسى ئۆزلىرىلا بىلىدىغان قايناق هىسسىيات ئىچىگە كىرمەكتە ئىدى.

—ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىمەن، دېگەن ئىدىڭىزغۇ؟—دەپ دەرگۇماندا سورىدى تەلەيخان.

—ئەمما سىزنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن-دە، هە، راست، سىزگە سوۋغا، —دېدى رازاق هوشۇر چاپىنىنىڭ ئىچكى يانچۇقىدىن كىچىككىنە دۇخاۋا تۇگۈچنى چىقىرىپ،—بۇ ئاتامنىڭ ئىككىمىزگە ئاتىغان يالدامىسى.

رازاق هوشۇر تەلەيخاننىڭ بېلىنى ئاستا قويۇۋەتتى. تەلەيخان رازاق هوشۇرنىڭ قولىدىن دۇخاۋا تۇگۈچنى ئالدىراپ ئېلىپ يەشتى. ئۇنىڭ قولىغا چىققىنى باغراش كۆلى بويىدىكى ئايكەلدىدە ئەينى ۋاقىتتا هوشۇر قارىنىڭ ئوغلۇمغا ۋە بولغۇسى كېلىنىمگە بېرىپ قويۇشنى تاپىلاپ رازىخانغا بەرگەن بىر جۈپ هالقا ۋە بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈك ئىدى.

تەلەيخان ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلۇپ قايتا هاياتقا قايتىپ كەلگەن ئادەمدەك روهلىنىپ كەتتى. رازاق هوشۇرمۇ خۇشال ئىدى. ئۇلار مۇۋاپىق پەيتتە توي قىلىشنى بېكىتتى. هەر ئىككىسى ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئەسكە ئالماسلىق، ئېغىر رىيازەت چەككەن ئاپىسىنى ئوڭايسىزلاندۇرماسلىق توغـ-رىلىق كېلىشىۋالدى.

رازاق هوشۇر تەلەيخاننىڭ ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ئالاقزادە بولۇپ كەلگەن ئىدى، قايتىشىدا ئۇنىڭ قويۇق مۇهەببىتىنى ئېلىپ كەتتى. رازىخاننىڭ رازىلىق بېرىپ يازغان خېتى شىركەتتە يۈز بەرگەن بىرقانچە زور ۋەقەنىڭ ئېنىقلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، چېچىلىپ كەتكەن ئادەملەرنى بىرلەشتۈردى، تەلەيخان بىلەن رازاق هوـ-شۇر مەڭگۈ ئايرىلمايدىغان بىر گەۋدىگە ئايلاندى.

## ئون ئىككىنچى باب

# داغدام يولدا جەم بولغانلار

يول قانداق نېمە؟ ئۇ ئىز باسمىغان
يەردىن، تىكەندىن باشقا نەرسە
بولمىغان يەردىن ئېچىلغان.*

—لۇشۈن

ساۋ شەنتاڭنىڭ ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ يەرلىككە ئالمىششى دەل لىن بياۋ قاتارلىقلارنىڭ چەت ئەلگە قېچىپ كېتىۋېتىپ ھالاك بولغاندىن كېيىنكى ۋەزىيەتكە توغرا كەلدى. لىن بياۋنىڭ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ چەت ئەلگە قېچىش سەپرىدە ھالاك بولۇشى ھەربىر جۇڭگولۇقنىڭ مېڭىسىدە غايەت زور سىلكىنىش پەيدا قىلدى. مۇبادا لىن بياۋ يەنە بىر قانچە يىل ياشىغان بولسا تارتىپ چىقىرىلغان باتۇر قادىر، رازىخان، تەلەيخان، ليۇ شۇەي ۋە رازاق ھوشۇر قاتارلىق سان-ساناقسىز كىشىلەر تېخىمۇ زور ئازاب-ئوقۇبەتكە دۇچار بولۇشى، ھەتتا ھاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىشىمۇ تەبىئىي ئىدى. ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى قايت-قاندىن كېيىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگىنى ساۋ شەنتاڭنىڭ

* «تاللانغان ئەقلىيە سۆزلەر» شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى، 1981-يىل 9-ئاي 1-نەشرى، 26-بەت.

ئەھۋالنى ئىگەللەپ، ئۇ بىر مەزگىل قاتناش شىركىتىدە تۇرغاچقا، قاتناش شىركىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ھەرقايسى كالون، رېمونت زاۋۇت ۋە باسما زاۋۇتلارنىڭ ئەھۋالىنى سۇدەك بىلىدۇ، ئۇ قاتناش شىركىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ ياخشى ۋەزىيەت يارىتالايدۇ. دەپ قاراپ ئۇنى قاتناش شىركىتى پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇنىڭ مەسلىھەت بېرىپ كۆرسىتىشى ۋە مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشىگە ئاساسەن ئالتايدا ھەربىي سەپتە پەيجاڭ بولغان باتۇر قادىر پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسى-نىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، رازاق ھوشۇر بىلەن ۋاڭ دېيجاڭ پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى. شىركەتنىڭ سابىق مۇدىرى شۈي خەيلۇڭنىڭ ئايالى جاڭ يۈمېي پولات زاۋۇتىدىن يۆتكەپ كېلىنىپ پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاندى. قاتناش شىركىتى ۋەزىيىتىدە ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئوخشىمايدىغان غايەت زور بۇرۇلۇش مەيدانغا كەلدى.

ساۋ جۇرىن قاتناش شىركىتىگە قايتىپ كېلىپ ئەتىسلا ئىشخانىسىغا گاۋ شىمىن، جاڭ باۋشۇ، ياڭ "سىلىڭ"لارنى چاقىردى. ياڭ "سىلىڭ" ساۋ جۇرىننىڭ ئۆزىنى ئىشخانىسىغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ رېمون زاۋۇتىغا جىمجىتلا كېتىپ قالدى. ئۇ ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئالدىن قىياس قىلىپ ئەسلىدىكى ئورنى رېمونت زاۋۇتىغا كەتكەن ئىدى. ساۋجۇرىن ئىشخانىسىغا كىرگەن گاۋ شىمىن بىلەن جاڭ باۋشۇغا يۇقىرىنىڭ ئۆزلىرىگە چىقارغان ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇردى. ئۇقتۇرۇشتا ئۇلارنىڭ شىركەتتىكى بارلىق ۋەزىپى-لىرىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقى ۋە ئەتىدىن باشلاپ ئۈچ كۈنگىچە "7-ماي" كادىرلار مەكتىپىگە تېزىمغا ئالدۇرۇپ يۆتكىلىپ بولۇشى بەلگىلەنگەن ئىدى. ياڭ "سىلىڭ"غا بولسا ئەسلىدىكى ئىش ئورنى رېمونت زاۋۇتىغا قايتىش ئۇقتۇرۇشنى ئۆزى يەتكۈزمەكچى بولدى. گاۋ شىمىن بىلەن جاڭ باۋشۇ ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ساۋ جۇرىننىڭ ئىشخانىسىدىن روھسىز چۈشكەن پېتى قايتىپ چىقتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن شىركەت تەۋەسىدە ئۇلارنىڭ ھېچبىر قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

× × ×

هاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ، ئۇچار قاناتلارنىڭ ھەرىكىتىمۇ ئۆزگىرىدۇ. ئۇلار بوران چىققاندا ياكى يامغۇر ياغقاندا ئۇۋىسىدىن چىقماي، كۈننىڭ ئېچىلىشىنى، بوران ياكى يامغۇرنىڭ توختىشىنى كۈتىدۇ. ئادەم-لەرمۇ شۇنداق. ھوشۇر قارىمۇ ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئايىكەلدىدە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ ئۇچىسىغا نىمكەش ئەستەرلىك يەكتەك، پۇتىغا كونا مەسە، بېشىغا رېزىنكە كالاچ، بېشىغا قاما تۇماق كىيگەن ئىدى. ئۇ قارىبۇلاق يېزىسىغا ئەينى ۋاقىتتىكى ئايالى ئايىسخاننى، ئۆگەي ئوغلى قېيۇم توختىنى ئەمەس، لىۇ شۇەينى ئىزدەپ كېتىپ باراتتى. يولدا كالا ھارۋىسىغا لىق ئوت-چۆپ باسقان جېلىل راخمان ئۇچراپ قالدى.

جېلىل راخمان ئەينى ۋاقىتتا ”قىزىلبايراق“ گوڭشىسىدىن تۈرمىگە ئېلىپ كېتىلگەن ھوشۇر قارى بىلەن يېقىن ئۆتكەن، بوش ۋاقىت تاپسىلا ھەر ئىككىسى ئۆزلىرىنى چوڭ-كىچىك دېيىشمەي بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا سۆزلىشەتتى. جېلىل راخمان ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان ھوشۇر قارىنى كالا ھارۋىسىنىڭ يېنىدا كۆرۈپ ھەيران قالدى.

ئۇ ھوشۇر قارىنى تەستە تونۇدى. ھوشۇر قارى بۇرۇن تولۇق ئاقىرىپ كەتمىگەن كەكە ساقاللىق، سېمىزرەك تېمەن كىشى ئىدى، ھازىر ئۇ ئورۇقلاپ، قاردەك ئاقىرىپ كەتكەن ساقىلىنى بولۇشىغا قويۇۋەتكەن ئورا كۆز بوۋايغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

—ھوشۇرقارىكا، بارمۇ سىلى؟ ئۆيلىرىگە كېتىۋاتامدىلا؟ ئايىسخان سىلى تۈرمىدە چاغلىرىدا ئاجراشقىنىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ ھازىرغىچە سىلىنى ساقلاۋاتىدۇ. ئايىسخان ماڭا: ”ھوشۇرقارى تۈرمىدىن چىققان ھامان ئۆيگە كەلسۇن، ئېيتىپ قويسىلا“ دەپ جېكىلىگەن ئىدى. تۈرمىدىن چىقىپ نەلەردە يۈردىلە؟“ دەپ سورىدى جېلىل راخمان.

—ئايىسخاننى ئەمەس، لىۇ شۇەي شۇجىنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن، —دېدى ھوشۇر قارى تەمكىن ھالدا. ئۇ جېلىل راخماننىڭ كېيىنكى سوئالىغا جاۋاب بېرىشتىن باش تارتىپ، قالغان سۆزىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. جېلىل راخمان: ”ئۆگەي بولسىمۇ ئوغۇل-دە بۇ ئادەم قويۇۋەتكەن

بولسمۇ يېنىشۋالمەن دەپ كۆتۈۋاتقان ئايالنى ۋە ئوغلى قېيۇم توختىنى ئىزدىمەي خەنزۇ شۇجىنى ئىزدەپ كېتىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان“ دەپ ئويلىدى. ئۇ ھوشۇر قارىنىڭ ئەھۋالىنى، رازىخانغا بولغان چوڭقۇر سىغىد-نىشىنى ئۇقمايتتى. ھوشۇر قارى گەپنىڭ مەزمۇنىنى يۆتكەپ ئىگىز-پەس يولدا ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ ماڭدى. جېلىل راخمانمۇ ئۆزى-نىڭ بىشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ ئىچىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئىغىر ئەمگەك قىلغانلىقتىن قارىداپ كەتكەن چىرايىنى ئىچىپ سۆزلە-ۋاتقىنىدا ھوشۇر قارى گەپ ئارىلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قوياتتى. ئۇلار قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغاندا ”قىزىلبايراق“ دادۈينىڭ قىشلىق كالا قوتىنىغا يېتىپ كەلدى. جېلىل راخمان ھارۋىدىن ئوت-چۆپلەرنى چۈشۈ-رۈۋېتىپ، بىردەم ئارام ئالدى، ئاندىن كالىنى ئوت-چۆپلىرى مول قوتانغا سولىۋېتىپ، ھوشۇر قارىنىڭ يېنىغا كەلدى.

—ئەپۇ قىلىسىلا. سىلىنى ساقلىتىپ قويدۇم.—دېدى جېلىل راخمان ھوشۇر قارىدىن خىجىل بولۇپ. ئەمگەك قىلىپ چېنىقىپ كەتكەن بىچارە زىيالىي قوتاننىڭ ھويلىسىدا ھارۋىنى زەنجىرلەپ بولغاندىن كېيىن ھوشۇر قارىنى ئۆيىگە باشلاپ ماڭدى.

ھوشۇر قارى كەچ كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن لىۇ شۇەي شۇجى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئەتىگە قالدۇردى. ئۇ جېلىل راخمانغا ئەگىشىپ كېتىۋېتىپ، يىگىرمە مېتىرچە يىراقلىقتىكى سوقما تام يېنىدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ كېتىۋاتقان ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆگەي ئوغلى قېيۇم توختىنى كۆردى. قېيۇم توختىمۇ ھوشۇر قارىنى كۆرۈپ تۇرغان يېرىدە توختاپ گاھ ئەينى ۋاقىتتىكى ئاتىسىغا، گاھ يەرگە قاراپ ئالدىغا مېڭىشقىمۇ، ھوشۇر قارىنىڭ ئالدىغا بېرىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. ھوشۇر قارى چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ قېيۇم توختىغا يالت ئېتىپ يەنە بىر قېتىم قارىدى-دە، بويىنى جېلىل راخمان كېتىۋاتقان يان كوچىغا ئىتتىك بۇراپ ئۇنچىقماي كېتىپ قالدى.

ھوشۇر قارى ئەتىسى مەسچىتكە بارماي جېلىل راخماننىڭ ئۆيىدە سەھەر تۇرۇپ بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. ئۇ مەسچىتكە بارغىنىدا قارىبولاق-

تىكى ئىلگىرى ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان قىرلار بىلەن ئۇچرىششقا توغرا كېلەتتى. ئۇ ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئادەملەرنىڭ كۆزىگە چېلىقماسلىققا تىرشاتتى. ئىلگىرى ئۇ قاربۇلاقتا ئايىسخان، قېيۇم توختى، ھاشىخانلار بىلەن بىر مەزگىل بىرگە ئۆتكەچكە، مەھەللىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنى تونۇيتتى. ئۇ جېلىل راخمان بىلەن بىرگە ئايكەلدىدىن قايتىپ كېلىپ بىر يېرىم كۈن ئۆتمەيلا مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭ قاربۇلاق كەنتىدە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇقۇپ بولدى. ”ھوشۇر قارى كەپتۇ. ئۇ ئايىسخان بىلەن يارىشىۋالىدىغان بوپتۇ“ دېگەن گەپ-سۆزلەرمۇ تارقالدى. جېلىل راخمان ئايىسخاننىڭ يارىشىۋېلىش تەلىپىنى يەنە بىر قېتىم يەتكۈزۈۋىدى، ھوشۇر قارى قاپىقىنى تۈرۈپ قەتئىي ھالدا: ”بۇ گەپنى ئىككىنچىلەپ ئېغىزغا ئالمىسىلا. يەرگە تۈكۈرۈۋەتكەن تۈكۈرۈكنى ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدۇ“ دەپ بىراقلا رەت قىلىۋەتتى. ئۇ جېلىل راخماننىڭ ئۆيىدە قازا قىلغان نامىزىنى ئوقۇپ تائەت-ئىبادەت قىلىپ چۈشكە يېقىن ”قىزىلبايراق“ گۇڭشېسىنىڭ ئىشخانىسىدىن قايتىپ چىقىدىغان ليۇ شۇەي شۇجىنى ئۆستەڭ بويىدىكى بۈكلۈكتە كۈتۈپ تۇردى.

10-ئاينىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا قاربۇلاق كەنتى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. ئالتۇن كۈز پەسلىدە ساپسېرىق دان تۇتقان قوناقلىقلار، ئوخشىغان كۆكتاتلىقلار ئۆز گۈزەللىكى بىلەن كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. پىلەك تارتقان تاۋۇزلۇقلار، پىلەكلىرى سېرىق رەڭگە كىرىۋاتقان قوغۇنلىرىنى يوشۇرۇپ تۇرغان قوغۇنلۇقلار كىشىگە ئالتۇن رەڭ دۇنيانى ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭ كۆزى بۇ گۈزەل مەنزىرىدە بولغىنى بىلەن كۆڭلى خېلى ۋاقىتتىن بېرى كۆرۈشۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان ليۇ شۇەي شۇجىدە ئىدى. ئۇ ليۇ شۇەيدىن ئوغلى رازاقنىڭ خەۋىرىنى، رازىخاننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاڭلاشقا تەقەززا ئىدى. لىن بياۋ ھالاك بولغاندىن كېيىن ۋەزىيەتنىڭ بىرئاز تىنچىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ ئۈرۈمچىگە بېرىش، ئوغلى رازاق بىلەن، رازىخان بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتىگە كەلگەن ئىدى. ئۇ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ۋەزىيەتتىن خەۋىرى بار ليۇ شۇەي بىلەن كۆرۈشۈش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ ”قىزىلبايراق“

گۇڭشېيسىنىڭ ئىشخانىسى ئالدىغا كەلدىيۇ، ليۇ شۇەيىنىڭ ئىشخانىسىغا ئۇسسۇپ كىرىشتىن تەپتارتتى. ‹‹ئىشخانىسىدا چوقۇم ليۇ شۇەيىنىڭ باشقا خىزمەتداشلىرىمۇ بار، ئۇنىڭ بىلەن تەنها كۆرۈشۈشۈم كېرەك›› دەپ ئويلىدى ھوشۇر قارى.

گۇڭشې ئىشخانىسىدىن دەسلەپ ئىككى كادىر، كەينىدىن ليۇ شۇەي شۇجى پوپكىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ چىقتى. ئۇ ئىككى كادىر بىلەن خوشلىشىپ بولۇشىغا، بەش مېتىرچە نېرىدىكى ئۆستەڭ بويىدىن ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ كېلىۋاتقان ھوشۇر قارىنى كۆردى. ليۇ شۇەي ياشانغان مۇسۇلمان كىشىلەر ئالدىدا تاماكا چېكىش ئەدەبسىزلىك بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا كۆز ئالدىدا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالغان موللا سۈپەت ھوشۇر قارىنى كۆرۈپ ھەيران قالغىنىچە قولىدىكى تاماكىسىنى يەرگە تاشلاپ دەسسىۋەتتى.

—ھوشۇر قارى ئاخۇن، ياخشى تۇردىلىمۇ؟—دەپ ئۇيغۇرچە ھەجىلەپ ھال سورىدى ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىنى خەنزۇچە داۋاملاشتۇردى، —سىلىنى ئىزدەپ سوراپ تاپالماي يۈرگەنتىم، ياخشى كەپتۇلا.

—ياخشىمۇ سىز، ليۇشۇجى،—دېدى ھوشۇر قارى. ليۇشۇەي ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ زولىغان ئىدى. ھوشۇر قارى زادىلا ئۇنىمىدى. قوغۇنلۇقلارغا، قوناقلىقلارغا قاراپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيىنىڭ پەس ئاۋازدا رىتىملىق شارقىرىشى بۇ ئىككىيلەننىڭ قىزغىن سۆھبىتىگە تەڭكەش بولماقتا ئىدى.

—ئوغۇللىرى رازاق ھوشۇر يېزىمىزغا كېلىپ ئەھۋال ئىگەللەپ كەتتى. ئۇ سىلىنى ئالاھىدە سورىدى. بۇ يەرگە چۈشكەن تەلەيخان بىلەن توي قىلغانلىقىنى ئېيتتى. كېيىنكى خېتىدە ئۇ ئۆزىنىڭ قاتناش شىركىتىگە كاتىپ بولغانلىقىنى، نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ئەسلىگە كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مەن ئەتە ئۈرۈمچىگە يىغىنغا باراتتىم. بۇ قېتىم بىللە بارايلى. مەن رازاق ھوشۇرغا: ئاتىڭىزنى ئۇچراتقان ھامان ئۈرۈمچىگە يولغا سېلىپ قويۇمەن ياكى ئۆزۈم بىللە ئاپىرىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان ئىدىم. كەلگەنلىرى ناھايىتى ياخشى بوپتۇ...،—ليۇ شۇەي بىر ئاز توختىۋالغاندىن كېيىن

سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،— ئاتامنىڭ ۋە تاغام ليۇ خۇڭلىننىڭ جېنىغا زامىن بولغان لاۋگومۇ لىن بىياۋغا ئوخشاش ئۆز بېشىنى يەپتۇ. مەن ئاتام بىلەن تاغامنى ئۆلتۈرگەن قاتىل باتۇر قادىر بولسا كېرەك، دەپ خاتا ھالدا گۇمانلىنىپ يۈرۈپتىمەن. ئۇلاردىن ئەپۇ سورىمىسام بولمايدۇ. يۈرسىلە، ئۆيگە بارايلى.

ھوشۇر قارى ليۇ شۇەينىڭ ئۆيگە بېرىشقا زادىلا ئۇنىمىدى. ئۇلار ئۆستەڭ بويىدا بىرىم سائەتچە مۇڭدىشىپ، قالغان سۆزلىرىنى كېيىن قىلىشىدىغان بولۇپ بىر-بىرىگە كۆزى قىيمىغان ھالدا ئايرىلىشتى.

ليۇشۇەي ئاتىسى لاۋليۇغا ئوخشاش كۆپ ئىشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن بۇ ئۇيغۇر بوۋاينىڭ كەينىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ قالدى. ھوشۇر قارىنىڭ ھازىرقى سالاپىتى ئايكەلدىدە ئۇچراشقىنىدىكى زەئىپ قىياپىتىگە تۈپتىن ئوخشىمايتتى. ئايكەلدىدە ئۇچراتقان چېغىدىكى گويا كۈنى تەستە ئالىدىغان تىلەمچىگە ئوخشاپ قالغان بۇ ئۇيغۇر بوۋاي ھازىر ھالى خېلى ياخشى، كىيىنىشى رەتلىك، ئۆزىنى خېلى تۇتۇۋالغان ئوبدان بىر مويسىپىتقا ئوخشاپ قالغان ئىدى. كىيىم-كېچەك ئادەمنىڭ تاشقى قىياپىتىنى ئىپادىلەيدىغان ھالى خاراپ تىلەمچىگە ياكى كۈنى ياخشى ئۆتۈۋاتقان بايۋەچچىگە ئوخشىتىۋېتىدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە. ليۇ شۇەي: مۇبادا ئاتام ۋە تاغام ھايات بولغان بولسا مۇشۇ ئادەمدەك ئوبدان كۈنلەرنى كۆرمەسمىدى، دەپ ئويلاپ كۆڭلى بىرئاز بۇزۇلدى.

× × ×

ساۋشەنتاڭ قاتناش شىركىتى پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنىدا خۇلاسە سۆز قىلىپ، جاڭ باۋشۇنىڭ ئورنىغا قوغداش بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن جاڭ يۈمىينىڭ رازاق ھوشۇر بىلەن بىرگە تەييارلىغان سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لايىھىسىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. رازاق ھوشۇر ئىلگىرى تەكشۈرۈپ رەتلىگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا تۈزۈلگەن ئەسلىگە كەلتۈرۈش لايىھىسىدە سابىق شىركەت مۇدىرى شۈي خەيلۇڭ، شوپۇر لاۋليۇ، باتۇر قادىر، تەلەيخان قاتارلىقلارنىڭ تىزىملىكى رەتكە تۇرغۇزۇلغان ئىدى. جاڭ يۈمىي قوغداش بۆلۈمىدە ساقلانغان، گاۋ شىمىننىڭ يولىيورۇقى

بۇيىچە سابىق قوغداش بۆلۈم باشلىقى چاڭ باۋشۇ تەرىپىدىن مەخپىي تۇتۇلغان ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا سۇندى. قارا ماتېرىياللار ئىچىدە شۈي خەيلۇڭ توغرىلىق ئويدۇرۇپ چىقىلغان ماتېرىياللار گەۋدىلىك ئىدى، ئالېكسىينىڭ تەلەيخانغا يازغان ئادەتتىكى خېتى، ”سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاچماقچى بولغان تەلەيخاننى تۇتۇپ يالاپ ئېلىپ كەلسەك رازاق ھوشۇر قويۇۋەتتى“ دېگەن مەزمۇندىكى قېيۇم توختىنىڭ گۇۋاھلىق خېتىمۇ كۆپتۈرۈپ يېزىلغان. ”شۈي خەيلۇڭنى باتۇر قادىرى ئۆلتۈرۈۋەتكەن“ دېگەن تۆھمەت ۋە تەلەيخان توغرىسىدىكى پاكىتى يوق ئەيىبنامىلەر ئۇن نەچچە نەتىنى ئىگەللىگەن ئىدى. لاۋگونىڭ بېسىمى تۆپەيلى سەمەت موللىنىڭ يېزىپ تاپشۇرغان ”باتۇر قادىر شۈي خەيلۇڭنى ئۆلتۈرگەن قاتىل“ دېگەن مەزمۇندىكى گۇۋاھلىق خېتىمۇ بار ئىدى. رازاق ھوشۇر بىلەن جاڭ يۈمېي بۇ قارا ماتېرىياللارنى رەت قىلىش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ توپلىغان ئىسپاتنامە، گۇۋاھچىلارنىڭ قول يازمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ماتېرىياللارمۇ يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇپ چىقىشىغا تارقىتىپ بېرىلدى.

رازاق ھوشۇر بىلەن باتۇر قادىر ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تەلەيخانغا يازغان ئالېكسىينىڭ خېتىنى ئوقۇپ چىقتى. ئالېكسىينىڭ ھېچقانداق سىياسىي مەزمۇنى بولمىغان خېتىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققاندىن كېيىن ئاتىسى ئىۋانوۋىچنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشتا بەختلىك بولالماي تەلەيخانى سېغىنغانلىقى يېزىلغان ئىدى: ”...ئاتام مەي سورۇنىدا جىق ئىچىۋەتكەچكە، يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قازا قىلدى. تۆمۈريولدا ئىشلەيدىغان بىر ئايال بىلەن توي قىلغان ئىدىم، ئۇ مېنى تاشلاپ كەتتى. شىنجاڭغا قايتىپ كەلگىلى بولارمۇ؟ مۇھەببەتنىڭ چېكى بولمىغىنىدەك چېگرىسىمۇ بولمايدۇ. قېرىلار مۇھەببەتنى بىز ياشلاردەك چۈشەنسە ئىدى، دۇنيامۇ، ئۆزلىرىمۇ نەقەدەر ياشىرىپ كەتكەن بولاتتى...“ باتۇر قادىر بىلەن رازاق ھوشۇر دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھېچبىر سىياسىي مەزمۇنى يوق بۇ خەت تۆپەيلى تەلەيخان بىلەن

ئۆزى ۋە ئاپىسىنىڭ بىرقانچە يىللاردىن بېرى ئاز جاپا تارتمىغانلىقىنى ئەسلەشتى. ئۆزلىرىمۇ ئالېكسىينىڭ تەلەيخانىغا يازغان بۇ خېتى تۈپەيلى ناھايىتى ئېغىر گۇماندا قېلىپ چەتكە قېقىلغان ئىدى.

باتۇر قادىر بىلەن رازاق ھوشۇر ئۆزلىرى ھەققىدىكى قارا ماتېرىيال-لارنى بىرمۇبىر كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ”بىز بىلمەيدىغان ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلار بار ئىكەن“ دەپ ھەيران قېلىشتى. ساۋ جۇرۇن شىركەت-نىڭ سابىق مۇدىرى شۈي خەيلۇڭنىڭ لاۋگو تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدا ”مەن شىركەتكە كەلمىگەن چاغ بولغانلىقتىن مەسئۇلىيىتىم يوق دەپ يېنىك نەپەس ئېلىپ بېشىنى كۆتۈردىيۇ، باتۇر قادىرنى جامائەت خەپسىزلىكى ئورگىنىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتە مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ھېس قىلىپ باتۇر قادىرنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇپ يەرگە قارىدى...

ۋاڭ دۈيجاڭ بارلىق ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن غەزىپىنى باسالماي راسا قايناپ سۆزلەپ كەتتى:

—تارىختىي ئەكسىلئىنقىلاپچى لاۋگو قاتناش شىركىتىمىزدە، ئەتىۋا-لاپ ئىشلىتىلگەنلىكتىن مۇنەۋۋەر كادىرىمىز شۈي خەيلۇڭدىن، ئېسىل شوپۇرىمىز لاۋلىيۇدىن ئايرىلىپ قالدۇق. بىز مۇشۇنداق پاجىئەلەرنىڭ سەۋەبچىسى بولغان گاۋ شىمىن، چاڭ باۋشۇلارنى ئىدارىمىزگە ئېلىپ كېلىپ نېمىشقا كۆرەش قىلمايمىز؟ ئەسلىدە ئۇلارنى تارتىپ چىقارساق توغرا بولاتتى. چوڭ يىغىن ئېچىپ ئۇلارنى كۆرەش قىلايلى.

—ئۇلار ”7-ماي“ كادىرلار مەكتىپىدە. ئۇلارغا قانداق چارە كۆرۈش بىزنىڭ دائىرىمىزدىكى ئىش ئەمەس. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، ئەمدى ئۇلار ھەرگىز رەھبەرلىك ۋەزىپىسى ئۆتىمەيدۇ؛—دېدى ساۋجۇرىن يىغىن ئاخىر-رىدا ۋاڭ دۈيجاڭ غەزەپلىنىپ قويغان سوئالغا جاۋابەن.

يىغىن تۈگىدى. ساۋجۇرىن يىغىن ئاياغلاشقاندىن كېيىن باتۇر قادىر، رازاق ھوشۇر، جاڭ يۈمىيلارغا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلەر ھەققىدە مەخسۇس ھۆججەت تەييارلاپ شىركەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا تارقىتىشنى بۇيرۇ-دى. جاڭ يۈمىي ساۋجۇرىندىن سورىدى:

—يالغان، خاتا ئەنزىلەر ھەققىدىكى قارا ماتېرىياللارنى قانداق قىلى-

مىز؟ — دەپ سورىدى.
— تۆھمەت خاراكتېرىنى ئالغان بارلىق قارا ماتېرىياللارنى زىيانكەشـ
لىككە ئۇچرىغانلار ئالدىدا كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك، — دەپ جاۋاب بەردى
ساۋجۇرىن، — خاتالىق بولىدىكەن، تۈزىتىش لازىم. سىياسەتنى ئەمەلىيـ
لەشتۈرۈشنى مۇشۇنداق چىڭ تۇتۇپ ئىشلىسەك، ئاممىنىڭ بىزگە بولغان
ئىشەنچىسى ئاشىدۇ. ئاكتىپچانلىقىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.
جاڭ يۈمېي ئىشخانىدا ئەتە كۆيدۈرۈلىدىغان قارا ماتېرىياللارنى چوڭ
قەغەز خالتىغا پۇرلاپ سالدى. ئىشخانىدا ساۋ جۇرىن بىلەن جاڭ يۈمېيلا
قالغان ئىدى. جاڭ يۈمېي ماتېرىياللارنى رەتلەۋېتىپ ساۋ جۇرىنغا قارىدى.
ئۇ ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ مەخسۇس ئىشكاپىنىڭ تۆۋەن تارتمىسىغا سېلىۋېـ
تىپ ساۋ جۇرىننىڭ ئۆزىگە يەر ئاستىدىن پۈتۈن دىققىتى بىلەن قاراۋاتـ
قانلىقىنى سەزدى. باتۇر قادىر، رازاق ھوشۇر، ۋاڭ دۈيجاڭلار يىغىن
تۈگىگەندىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى
ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىشكەن ئىدى. جاڭ يۈمېي ئۆزىگە ئادەتتىن تاشقىـ
رى دىققەت قىلىپ قاراۋاتقان ساۋجۇرىننىڭ ئايرىم دەيدىغان مۇھىم گېپى
بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدى. ئۇ ئاق ئارىلىغان چېچىنى تۈزەشتۈرۈۋېـ
تىپ، بېشىنى كۆتۈرۈشكە ساۋ جۇرىن:
— جاڭ يۈمېي، سىزگە دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار ئىدى، — دېدى.
جاڭ يۈمېي ساۋ جۇرىننىڭ ئۆزىگە گەپ قىلىشقا تارتىنىۋاتقانلىقىنى
سەزدى.
— قانداق يوليورۇقىڭىز بار. شىركەتنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرى سىزنىڭ
ئەقىل-پاراستىڭىزگە موھتاج. بىزگە كۆپلەپ ياردەم قىلىشىڭىزنى ئۈمىد
قىلىمىز، — دېدى.
— يولدىشىڭىز شۈي خەيلۇڭ ئارمىيىدىن يەرلىككە ئالماشقان ئەڭ
ئېسىل كوممۇنىست ئىدى. ئۇنىڭ نامىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى كېچىكـ
تى. بۇنىڭ سەۋەبىنى مەندىن كۆرمەيدىغانسىز؟
جاڭ يۈمېي ئۆزىگە تىكىلىپ قاراۋاتقان ساۋجۇرىنغا يەر ئاستىدىن
قاراپ قويۇپ تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

—ساۋ جۇرىن، ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋاقتى-سائىتى بولىدۇ. يولدى-شىمنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ كېتىشىدىن تارتىپ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنگە قەدەر بولغان جەرياندىكى ئىشلارنى قانداقمۇ سىزدىن كۆرگىلى بولسۇن؟ ھېلىمۇ ياخشى، سىز شىركەتكە قايتا كېلىپ سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، يولدىشىمنىڭ ۋە ئاكىمىز لاۋليۇنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردىڭىز. باتۇر قادىر، رازاق ھوشۇر قاتارلىق ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرىمىزمۇ سىزدىن ناھايىتى مەمنۇن، —جاڭ يۈمېي ئورنىدىن تۇرۇپ ئاۋازىنى پەسەيتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، —مەدەنىيەت زور ئىن-قىلابىدا خاتالىق بار دېيىلسە يولدىشىم شۈي خەيلۇڭغا ئوخشاش ئېسىل كوممۇنىستلارنىڭ، ئاكىمىز لاۋليۇدەك ئۆمۈر بويى جاپا چېكىپ سەرسان بولغان ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەنلى-كىنى، باتۇر قادىر، رازاق ھوشۇر، رازىخان، تەلەيخانلارنىڭ ئازار يەپ ئۆلۈپ كېتىشكە تاس قالغانلىقىنى دېسەك بولىدۇ. ئالدىمىزدا يەنە قانداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ. ئەمەلىيەتكە قاراپ بىرنېمە دېيىشكە توغرا كېلىدۇ، —جاڭ يۈمېي يۇمۇلاق يۈزىگە چۈشۈپ قالغان چېچىنى قۇلىقىنىڭ كەينىگە قىستۇرۇپ بولۇپ ئۆزىدىن كۆزىنى ئالماي قاراپ تۇرغان ساۋ جۇرىننىڭ نېمىشقىدۇر ئوڭايسىزلىنىپ تۇرغان چىرايىغا قارىدى.

ساۋ جۇرىن ۋەزىيەتنى كۆزىتىشكە ماھىر جاڭ يۈمېينىڭ سۆزلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ ئۇنىڭغا چىرايىنى ئاپتاپتەك ئېچىپ قايىللىقىنى بىلدۈردى.

—جاڭ يۈمېي، سىزگە دەيدىغان يەنە بىر گېپىم بار ئىدى. دېسەم خاپا بولمايدىغانسىز؟

—نېمىگە خاپا بولاي، ساۋ جۇرىن، دەۋېرىڭ. نېمە گەپ ئىدى ئۇ؟

—مۇبادا، مەن قەلبىڭىزدە مەرھۇم يولدىشىڭىز شۈي خەيلۇڭنىڭ ئورنىنى ئالالىسام، قانداق ياخشى بولاتتى، ئويلىنىپ كۆرسىڭىز.

ئىشخانىدىن ئالدى بىلەن چىقىشقا تەمشەلگەن جاڭ يۈمېي تۆت يانچۇقلۇق ئەستەرلىك چاپىنىنىڭ ياقىسىنى تۇتۇپ ئۆزىگە بايىقىدەك تىك قارىيالماي ئۈمىدۋار كۆزلىرىنى قاچۇرۇشقا ئۈلگۈرگەن ساۋ جۇرىنغا يالت ئېتىپ قارىدى. ئۇ ساۋ جۇرىننىڭ ئۆزىگە توي قىلىش تەلىپىنى

قويدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى. ئادەم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىشلارغىمۇ جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. جاك يۇمبې ساۋ جۇرىننىڭ سوئالىغا دەررۇ جاۋاب بەرمەي بىرنەم مىنۇتچە ئويلاندى-دە، ئۆز پوزىتسىيىسىنى بىلدۈردى:

—ساۋ جۇرىن، تەكلىپىڭىزنى ئويلىنىپ كۆرەي. بۇنىڭغا ھازىرچە ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمەن. شىخەنزىدىكى ئوغلۇم ليۇ ۋېنشۇ نېمە دەيدۇ، يولدىشىم شۇي خەيلۇڭنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى ليۇ شۇەي نېمە دەيدۇ. ئۆزۈممۇ چوڭقۇر ئويلىنىش كېرەك. باياتىن ئېيتقاندەك مەن سۆزىڭىزگە خاپا بولمايمەن، سىزمۇ خاپا بولمىسىڭىز. ئالدىمىزدا قاتناش-ترانسپورت شىركىتىمىزنىڭ بىزنىڭ ئىشلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان نۇرغۇن ئىشلىرى تۇرۇپتۇ. ئاساسىي زېھنىي كۈچىمىزنى شىركىتىمىزنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا قارىتىپ، بىللە ئىشلەپ كەتسەك دەيمەن. شەخسىي تۇرمۇشۇمنى ئويلىنىپ كۆرۈشكە يەنە ۋاقىت چىقىدۇ. شۇ چاغدا كەڭ-كۇشادە سۆزلىشەرمىز.

ئۇلار بىر بىرىگە تىكىلىپ قارىيالماي سىرتقا چىقىشتى. ھەرقايسىسى بۇ مەخپىي سۆھبەتنىڭ تەسىرىدە خىيال سۈرۈپ ئۆيلىرىگە قاراپ كېتىپ قېلىشتى.

كەچ كىرىپ قالغان ئىدى. قاتناش شىركىتىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇ-سىغا ماڭىدىغان تار كوچىنى چوڭ يولنىڭ ئېگىز ستولبىسىدىكى ھېلىلا يانغان لامپۇچكا خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى. جاك يۇمبې ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كەلگىچە ئويلىنىپ ماڭدى. ئۇ تار ھويلىسىدا شۇي خەيلۇڭ ھايات چېغىدا ئورنىتىپ قويغان قىرىق ۋاتلىق لامپۇچكىنىڭ يورۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، „ئوغلۇم ليۇ ۋېنشۇ كەلگەن ئوخشايدۇ“ دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ ئويى خاتا ئەمەس ئىدى. ئوغلى ليۇ ۋېنشۇلا ئەمەس، قارا شەھەرنىڭ باغراش كۆلى رايونىدىن لاۋلىيۇنىڭ ئوغلى ليۇ شۇەي بىلەن ھوشۇر قارىمۇ كەلگەن ئىدى.

جاك يۇمبې يوپيورۇق ھويلىغا كىرىپلا مېھمانخانا ئۆيىنىڭ ئىچىدىن ليۇ شۇەينىڭ گاھ بىر ئۇيغۇر بوۋاي بىلەن، گاھ ليۇۋېنشۇ بىلەن قىزغىن سۆھبەتلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. جاك يۇمبې ئۆيگە كىرىۋىدى، ئۇچەيلەن

قىلىشۋاتقان سۆھبىتىنى دەررۇ توختىتىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ تىنچ-لىق سوراشتى. جاك يۇمىيىنىڭ قىزى ئوتتۇرىدىكى ئاشخانا ئۆيدە سەي قورۇۋاتاتتى.

—قىزىم، ئاكاڭ باشلاپ كەلگەن ئۇيغۇر بوۋايغا تۇخۇم پىشۇرغىن،

—دېدى ئۇ قازان بېشىغا كېلىپ. جاك يۇمىي شىنجاڭدا يىگىرمە نەچچە يىل ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى، مېھمان كۈ-تۈش قائىدىسىنى بىلەتتى. مىللىي يولداشلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغىنىدا ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە دىققەت قىلاتتى. ئۇ مېھمانخانىغا قايتىپ كىر-گىنىدە ليۇ شۈەي بىلەن ھوشۇر قارىنىڭ سۆھبىتى ئۆزىگە يۆتكەلدى.

—جاك ئاچا، پولات زاۋۇتىدىن شىركەتكە يۆتكىلىپ كېلىپ، شىر-كەتتە ئاتامنىڭ ۋە ئاكام ليۇ خۇڭلىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرمەپسىز. ئاڭلىسام خىزمىتىڭىز ئۆسۈپتۇ.

—دۆلەتنىڭ ئېھتىياجى، تەشكىلنىڭ تەقسىماتى دېسەك بولىدۇ. ئۆ-سۈپ نەگە باراتتۇق؟ ئۆز ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟ سىزنى يۆتكىلىپ كېلەم-دىكىن، دەپ ئويلىغان ئىدىم. قاراشەھەردە، باغراش كۆلى رايونىدا ئۇزۇن تۇرۇپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن.

—ئەھۋالىم ياخشى. مەن قاراشەھەرگە، باغراش كۆلى رايونىغا كۆنۈپ قاپتىمەن. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك مېنى ئارمىيىدىمۇ، يەر-لىكتىمۇ ئىشلىيەلەيدىغان كادىر، ئوبلاستقا ياكى ئاپتونوم رايونغا يۆتكەيمىز، دېگەن ئىدى، قارىبۇلاق يېزىسىدىكى ئاما، قاراشەھەردىكى يولداشلار مېنى ھىمايە قىلىپ يۆتكىمىسۇن دەپ چىك تۇرۇۋالدى. مەنمۇ قاراشەھەر-گە، باغراش كۆلى رايونىغا كۆنۈپ قاپتىمەن. مېنى ھېچ نەگە يۆتكىمەس-لىكنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلدىم. مەندە ھازىر يۆتكىلىش ئويى يوق. تۇرغان ئورنۇمدىن رازى مەن.

—ئۇنداقتا سىزگە تەئەللۇق بولغان ئاتىڭىز لاۋلىيۇنىڭ مىراسىنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ بەرسەك بولغۇدەك. بۇمۇ سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش دائىرىسىگە كىرىدۇ.

—سىزدە تۇرۇپ تۇرسا بولامدىكىن، شىياڭگاڭدىكى سىڭلىم بارمۇ-

يوق، سوروشتورۋاتمەن. سىگلىم تېپىلىپ قالسا ئۇنىڭغا قاراش مەجبۇرى-يىتىمنى ئادا قىلىشىم كېرەك،— دېدى ليۇ شوەي. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا باسما زاۋۇتتا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قازا قىلغان ئاتىسى لاۋليۇنىڭ مال-مۈلۈك-لىرىنى شوي خەيلوڭنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ جاڭ يۈمېينىڭ قاراپ قويۇشىنى ئۆتۈنگەن ئىدى.

—ئۇ چاغدا بىزمۇ قاراپ تۇرمايمىز. ۋاقتى كەلگەندە بۇ ھەقتە سۆزلەشمەمدۇق. لاۋليۇ، شوي خەيلوڭلارنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. باتۇر قادىر، رازىخان، تەلەيخانلارنىڭ نامىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ھەقى-قەت ئۆز ئورنىنى تاپتى. بىز بۇرۇن نەزەربەنت قىلىنغان، تارتىپ چىقىرىل-غان ئىدۇق، ھازىر رەھبەرلىك ئورنىغا يۆتكەلدۇق. بۇ خۇددى لاتقىلىق دەريانىڭ يۆتكىلىپ توغرا ئېقىشىغا ئاقسىنىدەك بولدى. ئەمدى تەقدىرىمىزدە چوڭ داۋالغۇش بولمايدۇ.

—جاڭ ئاچا، ئۆز تەقدىرىمىز ئۈچۈن بىز ئاز بەدەل تۆلىمىدۇق، —ليۇ شوەي پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى ئەسلىمەكچى بولۇپ پىنىدا ئۆزى باشلاپ كەلگەن ھوشۇر قارىنىڭ تۇرغانلىقىنى ئېسىگە كەلتۈردى.

—بۇ ئادەم رازاق ھوشۇرنىڭ ئاتىسى بولىدۇ، ئوغلى بىلەن كۆرۈش-مىگىلى خېلى يىللار بولغان ئىكەن، مەن بىلەن بىللە ئوغلىنى ئىزدەپ كەلدى. بۇ ئادەم ئاتامنىلا ئەمەس، شوي خەيلوڭ ئاكامنىمۇ تونۇيدىكەن.

جاڭ يۈمېي ليۇشوەي بىلەن ھوشۇر قارىنىڭ ئالدىغا پاكىز سۈرتۈل-گەن جوزىنى قويدى. ئوغلى لېۇ ۋېنشۇ يوغان بىر لىگەن موما ئېلىپ كەلدى. قىزى چوڭ بىر تەخسە سەي بىلەن بىر سىقىم چوكىنى ئېلىپ كىردى. جاڭ يۈمېي ئاشخانا ئۆيىگە چىقىپ قىزى پىشۇرۇپ قويغان يوغان بىر تەخسە تۇخۇمنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كىردى.

ھوشۇرئاخۇن، سىلىگە ئايرىم تۇخۇم پىشۇردۇق. ئېغىز تېگىپ باقسىلا.

—مەن ئالدىرايتتىم. ليۇ شۈجى مېنى ئوغلۇمنىڭ ئۆيىگە ئاپارماقچى ئىدى.

—مەنمۇ بىللە بارىمەن. بۈگۈن رازاق بىلەن تەلەيخان ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە بارماقچى. تاماقلىنىپ بولۇپ بارساقمۇ كېچىكمەيمىز،—دېدى جاك يۇمبىي ۋە كونا خاتىرە ئالبۇمىدىن بىر رەڭسىز سۈرەتنى ئاختۇرۇپ تېپىپ:

—مانا بۇ يولدىشىم لىيۇخۇگىلى بولىدۇ. قۇربان بولغان بىر پەيجاڭنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىسمىنى ئۇ پەيجاڭنىڭ ئىسمىغا، يەنى شۈي خەيلۇڭغا ئۆزگەرتىۋالغان،—دېدى جاك يۇمبىي ئۆزى بىلەن بىرگە ئوننەچچە يىل ئىلگىرى چۈشكەن سۈرەتنى ھوشۇر قارىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ،

—بۇزۇق ئۇنسۇر لاۋگو يولدىشىمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئىدى، كۆپ ئۆتمەي ئۆزىمۇ يامان ئاقىۋەتكە قېلىپ ئۆز بېشىنى ئۆزى يېدى.

—كىم خەققە يامانلىق قىلسا ئاخىر ئۆزىگە يانىدۇ، دېگەن گەپ بار. ياخشى ئادەمگە ئۇۋال قىلىپ ئۆز جاجىسىنى يەپتۇ،—دېدى ھوشۇر قارى قىسقا كەكە ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ. ئۇ جاك يۇمبىينىڭ قولىدىكى بىرئاز كونىراپ كەتكەن رەسىمنى قولىغا ئالدى-دە، دىققەت بىلەن قارىدى. ئوغلى رازاق ھوشۇر بىلەن يېقىن ئۆتكەن شۈي خەيلۇڭنىڭ چىرايى گويا تىرىك كىشىدەك يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. لىيۇ شۈەي كېيىنكى قېتىم قاراشەھەردىكى ئۇچرىشىشتا ھوشۇر قارىدىن ئاتىسى لاۋلىيۇ بىلەن شۈي خەيلۇڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تولۇق ئىگەللەپ، تەكشۈرۈشكە كەلگەن رازاق ھوشۇرنى دەلىل-ئىسپاتلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى.
١ ئۇ ھوشۇر قارىنىڭ ئەسلىمىسىدىن كېيىنكى جىمجىتلىقنى تاماقلىنىپ بولغاندىن كېيىن باتۇر قادىرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ رازاق ھوشۇر، تەلەيخان، رازىخانلار بىلەن بولىدىغان سۆھبەتكە يۆتكىدى.

—قېنى، تاماقلىنايلى. باتۇر قادىرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تېخى قانغىچە مۇڭدىشىمىز. ھەممەيلەننىڭ ئورنى، خىزمىتى، ئىشى بولغاچقا، مۇنداق جەم بولۇپ كۆڭۈللۈك ئۇچرىشىش پۇرسىتى يوق دېسەكمۇ بولىدۇ،—دېدى لىيۇ شۈەي تاماقلىنىۋېتىپ.

ھەممەيلەن باشلىرىنى لىڭشىتىپ لىيۇ شۈەينىڭ سۆزىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان سۆھبەتنىڭ مەزمۇنى باتۇر قادىر، ھاشىخان، رازىخانلارنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىغا، توي قىلىپ قايتا يىگى

ئائىلە قۇرغان رازاق ھوشۇر بىلەن تەلەيخانلارنىڭ قوشماق مېغىزدەك يېقىن ئۆتۈۋاتقانلىقىغا مەركەزلەشتى. تاماقلىنىپ بولغاندىن كېيىن جاڭ يۈمبى كەچتە لىيۇ شۈەي بىلەن ھوشۇر قارىنى ئوغلى رازاق ھوشۇر، كېلىنى تەلەيخان بىلەن كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن باتۇر قادىرنىڭ ئائىلىسىگە باشلاپ ماڭدى. ئۈچرىشىش پۇرسىتى بولمىغان، ئۇزۇنغىچە كۆرۈشەلمىگەن ئاتا-بالىنىڭ كۆرۈشۈشى ئۈچۈن كېچىمۇ كۈندۈزگە باراۋەر ئىدى.

× × ×

رازىخان ئوغلى باتۇر قادىرنىڭ ئۆيىگە جۈمە كۈنى كەچتە تەلەيخان بىلەن رازاق ھوشۇرنىڭ يوقلاپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن ھاشىخان پولو ئېتىشكە تۇتۇش قىلدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۇلار كېلىۋىدى، باتۇر قادىر قەدىناس دوستى رازاق ھوشۇرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ھويلىغا چىقتى. كەينىدىن رازىخان، كېلىنى ھاشىخان ۋە نەۋرىسى غالىبجانمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قىزغىنلىق بىلەن چوڭ ئۆيگە باشلاپ كىردى.

بىر بىرىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلگەن، دەردىگە دەرمان بولغانلارنىڭ سۆھبىتى قىزغىن بولىدۇ، سۆھبەتنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. ئېغىر كۈنلىرىنى ئەسلەشمۇ، غەمدىن خېلى خالاس بولغان ھازىرقى كۈنلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشمۇ تۈگىمەس ھېكايىغا ئايلىنىدۇ. تەقدىرى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن رازاق ھوشۇر ئاتىسىنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ئاتىسىنىڭ كۆز ئالدىدا بۈگۈن يا ئەتە پەيدا بولىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنەتتى. ئۇ باتۇر قادىر بىلەن قىزغىن سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتتى. سۆھبەت ئۇلارنىڭ ئۆتمۈش بولۇپ قالغان ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىگە يۆتكەلگىنىدە رازاق ھوشۇر ئۈنچىقماي جىم ئولتۇردى. ئۇ ئۆتمۈشكە ئايلانغان، ئادەمنى كۆڭۈلسىزلەندۈرىدىغان بۇ ئەسلىمىنى قايتا تىلغا ئالماسلىققا ۋەدە بېرىپ، تەلەيخانتى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىيىتىدىن ياندۇرۇپ، توي قىلغان بولغاچقا، بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشقا بولمايتتى. رازىخان، تەلەيخان، رازاق ھوشۇرلا بىلىدىغان بۇ مەخپىيەتلىك مەڭگۈ ئېچىلمايدىغان تۇۋاق سۈپىتىدە يېپىقلىق تۇرۇشى كېرەك ئىدى. رازىخانمۇ ئوغلى بىلەن كۈيئولىنىڭ قىلىۋاتقان سۆھبىتىنىڭ مەزمۇنىغا

يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ مېھمانخانىغا كىرىپ-چىقىپ يۈرەتتى. مېھمانخانىغا ياندىش ئاشخانا قىلىنغان كىچىك ئۆيدىن مەززىلىك ئېتىلگەن پولونىڭ خۇشبۇيى ھىدى كېلىشكە باشلىدى.

ئۇيغۇرلاردا «ياخشى مېھمان تاماق ئۈستىگە كىرىدۇ» دېگەن گەپ بار. پولو دەم يەپ بولغان چاغدا ھويلىنىڭ تار ئىشىكى چېكىلىپ جاڭ يۈمېي، ھوشۇر قارى، لىيۇ شۇەيلەر كىرىپ كەلدى. باتۇر قادىر ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىققىچە رازىخان ئاۋۋال چىقىپ ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى.

—ۋۇي، ھوشۇر قارىكا، سىلىمۇ كەپتۇلا،—دېدى رازىخان ھويلىغا كىرىپ كەلگەن ھوشۇر قارىنى ئۆيگە باشلاپ. ھوشۇر قارى بېشىغا قارا قاما تۇماق كىيگەن، چاچ-ساقاللىرىنى بىر ئاز قىسقىراق قىلىپ ئالدۇرغان، موينۇق جىلتىكىسى ئۈستىگە ئەستەرلىك كۆل رەڭ يەكتەك كىيىۋالغان، موللا قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئىدى. «تووا، كىيىم-كېچەكمۇ ئادەمنى تونۇ-غۇسىز ھالغا كەلتۈرەلەيدىكەن، تونۇيالمىغىلى تاسلا قاپتىمەن تاشلانمىغان تېرە جۇۋىلىق بۇ بوۋاينى» دەپ ئويلىدى رازىخان كۆڭلىدە ئۇ قۇدىسىغا ئايلانغان ھوشۇر قارىنىڭ كەلگىنىگە خۇشال ئىدى. ھويلىدىكى 60 ۋاتلىق لامپۇچكىنىڭ يورۇقىدا رازىخانىڭ قورۇق چۈشكەن يۈزىگە يۈگۈرگەن كۈلكە روشەن ئەكس ئەتتى. ئانچە لىيۇ شۇەي ئېغىز ئېچىپ:

—رازاق ھوشۇرغا بەرگەن ۋەدەم بويىچە مەن باشلاپ كەلدىم،—دېدى.

—ئوغلۇم رازاق، ئاتىڭىز كەپتۇ،—رازىخان رازاق ھوشۇرنى چاقىردى.

رازاق ھوشۇر ھويلىغا چىققىچە باتۇر قادىر ھوشۇر قارى بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى.

—ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تىنچ-ئامان كەپتۇلا، ھوشۇر قارىكا.

—ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سىز مەرھۇم ھەمدۇل پالۋاننىڭ نەۋرىسى باتۇر قادىر بولامسىز؟ پاھ، چوڭ ئادەم بولۇپ كېتىپسىز!

رازاق ھوشۇر كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن يىللار بولغان ئاتىسىنى ئۆزىگە

تكىلىپ تۇرغان يوغان كۆزىدىن تونۇيالىدى.

—ئاتا!—رازاق ھوشۇر خۇشاللىقتىن تامچىلىغان كۆز يېشىنى يېڭى بىلەن سۈرتكىنىچە ھوشۇر قارىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى.

رازاق ھوشۇر، باتۇر قادىر، غالىبجانلار ھوشۇر قارىنى خۇددى ھەرەمدىن قايتىپ كەلگەن ھاجىدەك قۇچاقلاپ قارشى ئالدى.

—تىنچ-ئامان كەپتۇلا، ئاتا،—دېدى ھاشىخان ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆگەي ئاتىسى ھوشۇر قارىنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ.

—ھە، بۇ قىزىم ھاشىخانمۇ؟

—شۇ، دەل شۇ ھاشىخان. سىلىگە ئېيتتىمغۇ، ئۆزلەنىڭ قىزلىرى ھاشىخان مېنىڭ ئەتىۋارلىق كېلىنىم بولىدۇ،—دېدى رازىخان ئۆيگە كىرىپ پەگادا ئۆرە تۇرغان ھوشۇر قارىنى تۆرگە تەكلىپ قىلىپ. ھوشۇر قارى يېڭى كالىچىنى سېلىۋېتىپ تۆرگە چىقتى-دە، پاتىھەگە قول كۆتۈردى. رازىخان، باتۇر قادىر، رازاق ھوشۇر، تەلەيخانلارمۇ ھوشۇر قارىغا ئەگىشىپ دۇئا قىلدى. جاڭ يۈمىي، ليۇشۈەيلەر قاملاشتۇرالمىسىمۇ، دۇئا قىلىۋاتقانلارغا ئەگىشىپ ئىككى قولىنى ئېچىپ ئېگىز كۆتۈردى.

ھوشۇر قارىنىڭ ئۆزىگە بۇرۇندىنلا تونۇش بولغان بۇ شەھەرگە كېلىشى ئالدى بىلەن ئوغلىنى كۆرۈش، تويىنى مۇبارەكلەش، ئاندىن قالسا كۆپ يىللاردىن بېرى ھاياتىنى ھەسرەت ئىچىدە ئۆتكۈزگەن رازىخاننى ئۆزى خالىغان تەقدىردە توخسۇن ناھىيىسىدىكى قورو جايىغا ئېلىپ كېتىش ئىدى. شۇڭا بىر تەرەپتىن ئوغلى رازاق ھوشۇرغا دىققەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن رازىخاننىڭ سۆز-ھەرىكىتىگە كۆز يۈگۈرتمەكتە ئىدى.

تۆرگە قايتىدىن چوڭ داستىخان سېلىندى. ھاشىخان چوڭ ئىككى لىگەن پولۇ ئېلىپ كىردى. ھەممەيلەن تاماقلىنىۋېتىپ، ئۆزئارا قىزغىن سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتتى. ليۇ شۈەي مىتال قوشۇقنى لىگەندىكى پولۇغا ئاستا ئۇزۇتۇۋېتىپ:

—باتۇر ئاخۇن، ئاتام ۋە شۈي خەيلۇڭ ئاكام توغرىلىق ئاز بولمىغان ئازار يەپ قالدىڭىز، مەنمۇ سىزنى قاتىل دەپ گۇمانلىنىپ قوپاللىق قىپتىمەن. سىزدىن كەچۈرۈم سوراي. كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋەتسىڭىز ئى-

كەن،—دېدى.

—نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز؟ سىزنىڭ باغراش كۆلى رايونىغا چۈشۈرۈلگەن ئاپام بىلەن سىڭلىمغا قىلغان ياخشىلىقىڭىزغا قانداق جاۋاب قايتۇرۇشنى بىلمەيۋاتىمىز. سىزدىن بەكمۇ مىننەتدارمىز.

لىۇ شۇەي تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن قاپقىنى تۇرۇپ تەمكىن، ئېغىر بېسىق بولۇۋالغان باتۇر قادىرنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇمنى كۆر-دى-دە، مىيىقىدا كۈلۈمسىرىدى. ئۇ هوشۇر قارىنى باشلاپ كېلىپ باتۇر قادىرغا قەلپ ئىزهارىنى ئىپادىلەپ بولغاندىن كېيىن جاڭ يۈمېيغا قايتىش توغرىلىق بېشارەت بەردى. جاڭ يۈمېيمۇ ئۇلارنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى كۆرۈشەلمەي كەلگەن هوشۇر قارى بىلەن مۇڭدىشىشىۋېلىشىغا كاشىلا قىل-ماسلىق ئۈچۈن بالدۇرراق قايتىپ كېتىش زۆرۈرلۈكىنى هېس قىلدى. هوشۇر قارى ئۇلارنى ئۇزىتىش ئۈچۈن ئولتۇرغان ئورنىدىن قوزغالغان ئىدى، لىۇ شۇەي بىلەن جاڭ يۈمېي ئۇنۇمىدى. ئىككىسىنى باتۇر قادىر بىلەن رازاق هوشۇر ئۇنىمىغىنىغا قارىماستىن سىرتقا قەدەر ئۇزىتىپ چىقتى.

هوشۇر قارى ئوغلى رازاق هوشۇرنىڭ تەلەيخان بىلەن توي قىلىۋال-غانلىقىدىن مەمۇن ئىدى. ئۇ قويىنىدىن بىر تۇتام پۇلنى چىقىرىپ، دستىخاننىڭ چېتىگە قويدى.

—ئاتىلىق بۇرچۇمنى ۋاقتىدا ئادا قىلالمىدىم. بۇ ئازغىنە پۇلنى كۆپ ئورنىدا كۆرۈپ قوبۇل قىلىڭلار. تويۇڭلارغا مۇبارەك بولسۇن!

—ۋاي ئاتا، ئېغىر كۈنلەردە بىز ئۆزلەگە قاريالماي قالدۇق. خىجىل بولۇپ يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولۇۋاتساق، بۇنېمە قىلغانلىرى؟ دېدى رازاق هوشۇر. تەلەيخانمۇ:

—ئاتا، رەهمەت، بۇ پۇل ئۆزلەدە قالسۇن. سىلگىمۇ پۇل لازىم بولىدۇ،—دېدى.

—ئوغۇلنى ئۆيلەش ئاتىنىڭ بۇرچى. تويۇڭلاردا سىلەر بىلەن بىرگە بولالمىدىم. ئاز كۆرمەي قوبۇل قىلىڭلار، باللىرىم.

هوشۇرقارى تاماقلىنىپ بولغاندىن كېيىن دۇئاغا قولىنى كۆتۈرۈۋەد-

ـدى، ھەممەيلەن ھوشۇر قارىغا ئەگىشىپ قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى.
پۇلنى رازاق ھوشۇر داستىخاندىن ئېلىپ تەلەيخانغا بېرىۋىدى، ئۇ بېشىنى چايقاپ ئالغىلى ئۇنىمىدى، قېيىن ئاپىسى رازىخانغا بېرىۋىدى، ئۇمۇ: ”رەھمەت بالام، ئۆزلەدە تۇرسۇن“ دەپ ئالماي قويدى. ئاخىر پۇل رازاق ھوشۇردا قالدى.

ھوشۇر قارى ئۆتمۈشنى ئەسلەشنى خالىمىغاچقا، ئۆزى ھەققىدە ھېچبىر گەپ-سۆز قىلمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە يارىشا، ئوغلىمۇ، باتۇر قادىرمۇ يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى قانداق جاپا-مۇشەققەتلىك كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى سورىمىدى.

بېرىم كېچە بولۇپ قالغان ئىدى. غالىبجان ئۇيقۇغا كەتتى. ھاشىمخان:

ئاتا، سىلى بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ قالسىلا. ئاپامنىڭ ئۆيىگە ئورۇن سېلىپ قويدۇم. باتۇر سىلىگە ھەمراھ بولسۇن،—دېدى. رازاق ھوشۇر ئاتىسىنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قايسى ئائىلىدە قونۇپ قېلىش ئاخىر ھوشۇر قارىنىڭ ئىختىيارىدا قالدى. ھوشۇرقارى ئانچە ئويلىنىپ تۇرمايلا باتۇر قادىر بىلەن ھاشىمخاننىڭ تەلپى بويىچە بۇ ئۆيدە قونۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھەممەيلەن ئورنىدىن بىربىرلەپ قوزغالدى. رازاق ھوشۇر بىلەن تەلەيخان ئاتىسىنى ئەتە ئۆيىگە ئاپىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ھوشۇر قارى بىلەن خوشلاشتى.

—مەن ئاپارسامۇ بولىدۇ. ئەتە باتۇر بىلەن ھاشىمخان خىزمەتكە بارىدۇ.. ئۇلار ئۆيۈڭلەرگە چۈشتە بارسۇن،—دېدى رازىخان ئۇلارنى ھويلىسىغا قەدەر ئۇزىتىپ چىقىپ رازاق ھوشۇر بىلەن تەلەيخان ئۆيىگە بېرىم كېچىدە خۇشال كېتىپ قالدى.

رازىخان كېلىنى ھاشىمخان، نەۋرىسى غالىبجانلار بىلەن بىرگە چوڭ ئۆيدە ياتتى. ھوشۇر قارى بىلەن باتۇر قادىر ئاپىسىنىڭ كىچىك ئۆيدە ياتتى. ئىلگىرى ھويلىنىڭ يان تېمىغا تاقاپ سېلىنغان بۇ كىچىك ئۆيدە رازىخان بىلەن تەلەيخان ياتتى. تەلەيخان توي قىلىپ رازاق ھوشۇرنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن يالغۇز قالغان رازىخانغا نەۋرىسى غالىبـ

جان ھەمراھ بولۇپ يېتىپ كەلگەن ئىدى. باتۇر قادىر بىلەن ھوشۇر قارى رازىخانىنىڭ كىچىك ئۆيىدە ئۇخلاشتىن ئاۋۋال قىزغىن سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتتى. چىراغ ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ سۆھبىتى قىزغىن داۋاملاشتى. ھوشۇر قارى باتۇر قادىرغا شاڭخەيدىن شىنجاڭغا قايتىشىدا شوپۇر لاۋلىيۇ بىلەن گەنسۇغىچە بىرگە ماڭغان چېغىدىكى كۆرگەن ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى. ھەمدۇل پالۋاننىڭ توقسۇندا لاۋگو تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، ئاتىسى قادىر ھەمدۇللايېۋنىمۇ شىڭ شىسەي تۈرمىسىگە لاۋگو تۇتۇپ بېرىپ جېنىغا زامىن بولغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بەردى. ھوشۇر قارى باتۇر قادىرنىڭ قېيىن ئاپىسى ئايىسخاننىڭ قىزى ھاشىخاننى كۈشكۈرتۈپ ئۆزىگە ئەسكىلىك قىلغانلىقىنى، تۈرمىدىكى چېغىدا ئاجرىشىش تەلىپىنى قويۇپ ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتمىدى. ياشىنىپ قالغاندا مۇڭداشقاق، ئەپۇچان كېلىدىغان ئادەملەرمۇ بار. ھوشۇر قارى دەل شۇنداق مۇڭداشقاق، ئەپۇچان بولۇپ قالغان ئىدى. ھاشىخان قۇدىسى رازىخاننىڭ كېلىنى بولغاچقا، ھوشۇرقارى ھاشىخاننىڭلا ئەمەس، قېيۇم توختىنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئىلگىرىكى قوپاللىقلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تەييار، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاپىسى ئايىسخان بىلەن يېنىشىۋېلىش نىيىتى يوق ئىدى. ھوشۇر قارى رازىخاننى ئەمرىگە ئالغان تەقدىردىمۇ باتۇر قادىر، ھاشىخان، قېيۇم توختى، رازاق ھوشۇر، تەلەيخانلار ئۆزى بىلەن رازىخاننى چۆرىدىگەن ھالدا تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرەتتى. شۇڭا ھوشۇر قارى باتۇر قادىرغا ھاشىخان، قېيۇم توختىلار توغرىلىق ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى.

باتۇر قادىر ئاپىسىدىن كۆرە ھوشۇر قارىدىن دادىسى ھەمدۇل پالۋان بىلەن ئاتىسى قادىر ھەمدۇللايېۋنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى تولۇقراق ئاڭلاپ قاتتىق ئېچىندى. ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا جەمەتى ھەققىدە، ئۆزىنىڭ سابىق لىيەنجاڭى ۋە شىركەت مۇدىرى شۈي خەيلۇڭ ھەققىدە، شوپۇر لاۋلىيۇنىڭ ۋەيران بولغان ئائىلىسى ھەققىدە ئويلاپ-ئويلاپ ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىسى ھوشۇر قارى بالدۇر ئورنىدىن تۇردى. ھويلىدا يۈز-كۆزىنى

يۈيۈپ بولغاندىن كېيىن بامدات نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن تەرەت ئالدى. ئۇ ئىمكانىيىتى بولسىلا بەش ۋاخ نامازنى قازا قىلمايتتى. ئەتىگەن تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن ھوشۇر قارى ھويلىدا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن جايناماز قىلغان يوغان قۇرۇق ئىككى تاغارنى قېقىپ قاتلاۋېتىپ، ھاشىخاننىڭ بىر بوپكىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ھوشۇر قارى رازىخاننىڭ نەۋرىسى غالىبجانغا «بالام، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. باتۇر قادىرمۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

بۈگۈن ھەممەيلەن ئۆيقۇدىن بالدۇراق ئويغانغان ئىدى. باتۇر قادىرنىڭ ئائىلىسىدە رازىخاندىن باشقىلىرى مەكتەپكە، ئىدارىلىرىگە ئالدىرايتتى. چوڭ چايداندا دەملەنگەن چاي تەييار ئىدى، ھاشىخان ناۋايخانىدىن قان ئېلىپ كىردى.

—ئاتامنىڭ ئالدىغا قېتىپ قالغان قاتتىق نان قويۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. ھېلىلا ياقتان ئىسسىق نان ئېلىپ كىردىم،—دېدى ئۇ.

ئۇلار ئالدىراپ چاي ئىچىشكە باشلىدى. ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىنمۇ خىزمەتكە ماڭىدىغانغا يېرىم سائەتتىن ئارتۇقراق ۋاقىت بار ئىدى. ھوشۇر قارى ئۇلارنى مېڭىشقا ئالدىراتقىلى تۇردى ۋە ئۆزىمۇ ئوغلى رازاق ھوشۇرنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا ئالدىرىدى. باتۇر قادىر، ھاشىخانلار رازاق ھوشۇرنىڭ ئۆيىگە چۈشتە خىزمەتتىن چۈشۈپلا بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئوغلى غالىبجاننى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. رازىخان ھەر ئىككى ئۆينى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولۇپ، ئۆي ۋە ھويلا ئىشىكىنى قۇلۇپلىدى-دە، ھوشۇر قارىنى باشلاپ چوڭ يولغا چىقتى.

ئەتىگەنلىكى خىزمەتكە ۋېلىسىپىتلىق، پىيادە ماڭغان كىشىلەر ناھايىتى ئالدىراش كېتىۋاتاتتى. ھوشۇر قارى يول باشلاپ كېتىۋاتقان رازىخانغا ئېغىز ئېچىش پۇرسىتى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

—رازىخان، باغراش كۆلى رايونىدا دېگەن گېپىمنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز-ھە! بىز نىكاھلىق بولۇپ قاراشەھەرگە ياكى توقسۇن ناھىيىسىگە كەتسەك قانداق؟

رازىخان ھوشۇرقارىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قەدىمىنى ئاستىلاتتى، بۇ ھوشۇر قارىنىڭ ئۆزىگە توي قىلىش تەلىپىنى ئۈچىنچى قېتىم قويۇشى ئىدى.

—ھوشۇر قارىكا، سىلى مېنىڭ قۇدام تۇرسىلا، سىلىنىڭ ئەمرىلىرىگە ئۆتسەم قانداق بولار؟ خەق نېمە دەپ قالار؟—دېدى رازىخان بىرئاز قىزىرىپ كۆزىنى يەردىن ئالالماي.

—نىكاھىمىز قانۇنغا ئۇيغۇن بولسا، كۆڭلىمىز ئەمىن تاپسا خەقنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن نېمە كارىمىز؟ بىز ئاڭلىغان گەپلەر ئازمىدى؟ بالىلىرىمىزنىڭ تەقدىرى ئۇڭشالدى. ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە ئويلىنايلى. مۇبادا يەنە ئۇنۇمسىز توقسۇنغا ياكى باغراش رايونلىرىغا كېتىمەن.

رازىخان ھوشۇر قارىنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئاڭلاپ، ماڭغان يېرىدە چىپپىدە توختاپ، ھوشۇر قارىغا يالت ئېتىپ قارىدى.

—ئۇنىمايدىغان ئىش يوق. ئوغلۇم باتۇر قادىر نېمە دەيدىكىن، گاڭگىراپ قالدىم.

—ئۇنىسىز ئامال تېپىلىدۇ. ئوغلۇم رازاقما دەيمەن. ئۇ تەلەيخانغا دەيدۇ. تەلەيخان باتۇر قادىرغا يەتكۈزىدۇ.

—ئۇلارغا دېسەك بولماس. مەن رازاق بىلەن قىزىمىنىڭ تويىغا ئەلچى بولغان ئايال قوشنام ئارقىلىق ئوغلۇمغا توي قىلىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىمىزنى يەتكۈزەي.

—بومۇ بولىدىغان گەپ ئىكەن،—دېدى ھوشۇر قارى خۇشال بولۇپ.

—توقسۇنغا ئەمەس، تۇرپانغا كەتسەك دەيمەن. توقسۇندا قېيىن ئاتام ھەمدۇل پالۋان شېھىت بولغان. ئۇ يەرگە بارسام كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ. قاراشەھەرگە بارساق، ئۇ يەردە كېلىنىمنىڭ ئاپىسى ۋە ئوغلى قېيۇم توختىلار بار. كۆڭلىمىز ئارام تاپمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى، تۇرپانغا كېتەيلى. تۇرپان يېزىلىرى ياخشى، توغقانلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس.

ئۇلار كوچا ئاپتوبۇسى بېكىتىگە كېلىپ بىردەم ساقلىغاندىن كېيىن

ئۇزۇن ئاپتوبۇس ئالدىغا كېلىپ توختىۋىدى، ئاپتوبۇسقا ئاۋۋال رازىخان، كەينىدىن ھوشۇر قارى چىقتى-دە، قاتناش شىركىتى ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىكى رازاق ھوشۇرنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

ھوشۇر قارى ئۆزىنى باشلاپ كەلگەن رازىخان بىلەن بىرگە ئوغلىنىڭ كاتتا كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. چۈشتە باتۇر قادىر، ھاشىخان، غالىبجانلارمۇ كەلدى. تەلەيخان قېيىن ئاتىسى ھوشۇر قارىنىڭ تەلپىي بويىچە پىيىپ لەگمەن ئەتتى. ھوشۇر قارى ھەممەيلەن بىلەن قىزغىن مۇڭداشتى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئۆي ئوچاقلىق بولۇۋالغانلىقىغا، ئوغلى، بىلەن كېلىنى تەلەيخاننىڭ تۇرمۇشىنىڭ خېلى ياخشى، كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتقىنىغا مەمنۇن بولۇپ كۆڭلىدە ”ئوغلۇم ھەقىقەتەن بەختلىك ئىكەن، خاتىرجەم بولسام بولغۇدەك“ دېدى. چۈشتىن كېيىن رازاق ھوشۇر، تەلەيخان، باتۇر قادىر، ھاشىخانلارنى ”سىلەر ئىدارەڭلەرگە خىزمەتكە بېرىۋېرىڭلار، مەن ئارام ئالغاچ ئۆيۈڭلەرنى ساقلايمەن. بۈگۈن بۇ يەردە قونۇپ قېلىپ ئەتە كەتمىسەم بولمايدۇ“ دېدى. رازىخان ھوشۇر قارىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى. رازاق ھوشۇر ئاتىسىنى بىرەر ئاي تۇرغۇزۇشتا چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، ئاتىسى ئوغلىنىڭ تەلىپىنى چىرايلىق رەت قىلدى.

باتۇر قادىر، ھاشىخان، رازاق ھوشۇر، تەلەيخانلار ئىدارىسىگە، غالىبجان مەكتىپىگە كەتتى. ”باتۇر قادىرنىڭ ئۆيىدە ھېچكىم يوق، ئۆي يالغۇز قالمىسۇن“دەپ رازىخانمۇ كەتتى. رازىخاننىڭ ئالدىراپ مېڭىشىنى ئۆزى بىلەن ھوشۇر قارىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى.

رازىخان ئۆيىگە كېلىپلا رازاق ھوشۇر بىلەن تەلەيخاننىڭ توي ئىشىغا ئارىلاشقان بويى ئېگىز رەك ئايال قوشنىسى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۆزىنىڭ ھوشۇر قارىغا ياتلىق بولىدىغانلىقىنى ئوغلى باتۇر قادىرغا يەتكۈزۈپ ئۇنىڭ پىكرىنى ئېلىپ كېلىشنى تاپىلىدى. بويى ئېگىز رەك قوشنا ئايال شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى باتۇر قادىر بىلەن ھاشىخانغا ئاپىسىنىڭ ئارزۇسىنى يەتكۈزۈۋىدى، ھەر ئىككىسى قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ خۇشال بولۇپ كېتىشتى. ھوشۇر قارى ئوغلى بىلەن كېلىنىنىڭ، باتۇر قادىر بىلەن ھاشىخاننىڭ ”ئۆيلىرىمىزدە بىر كۈندىن قونسىلا“ دېگەن

تەلپىگە قوشۇلۇپ، دۈشەنبە كۈنى پويىزدا تۇرپانغا رازىخاننى ئېلىپ قايتماقچى بولدى. ھەممەيلەن قىزغىن كۈتۈۋېلىش، كۆڭۈللۈك سۆھبەت تۈپەيلى ئىككى كۈننىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى.

دۈشەنبە كۈنى ھەممەيلەن رازاق ھوشۇرنىڭ ئۆيىگە قايتا جەم بولۇپ تاماقلاندى. تەلەيخان چۈشتىن كېيىن ماڭىدىغان پويىز بېلەتنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. ھەممىسى ھوشۇر قارى بىلەن رازىخاننى خىجىل قىلماسلىق ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نىكاھلىنىشى توغرىلىق ئېغىز ئاچمىدى. ھوشۇر قارى باتۇر قادىر بىلەن ھاشىخانغا، رازاق ھوشۇر بىلەن تەلەيخانغا، نەۋرىسى غالىبجانغا بىر قۇر سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن خوشلىشىش ئالدىدىكى يۈرەك سۆزىنى باشلىدى:

—ھەممىڭلار ياخشى تۇرۇپسىلەر، ئوغلۇم رازاق بىلەن تەلەيخانمۇ بىر ئوبدان ئۆي تۇتۇۋاپتۇ. ئەمدى ۋەزىيەت يامانلىشىپ كەتمەيدىغانلىقىغا، بىز كۆرگەن يامان، ئېغىر كۈنلەرنى كۆرمەيدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن. ئېسىل پەزىلەت، پېتەرلىك بايلىق، سالامەتلىك—ئادەم ھاياتىنىڭ ئۈچ ئەڭگۈشتىرى ھېسابلىنىدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇشىنى توسۇپ قالالمىغىنىدەك، ئۆز بېشىغا كېلىدىغان ئەجىلنىڭ مۇقەررەرلىكىدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرالمايدۇ. سەۋەنلىكىمىز بولسا ئاللا بىزنى كەچۈرىدۇ. بىزمۇ سىلەرنى يوقلاپ چىقىپ تۇرىمىز سىلەرمۇ بىزنى ئىزدەپ تۇرپانغا چۈشۈپ تۇرۇڭلار.

باتۇر قادىر بىلەن ھاشىخان ئۆزلىرى بىلەن مەيۈس خوشلىشىۋاتقان ئاتا-ئانىسىغا قاراپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. رازاق ھوشۇر بىلەن تەلەيخان ھوشۇر قارىنىڭ ئۇزۇن كۆل رەڭ يەكتىكىنى سىلاپ تۇرۇپ:

—ئاتا، ئاپا، بىز ئۈچۈن سىلەر كۆپ جاپا چەكتىڭلار. سىلەرنىڭ بىزگە قىلغان ئەجرىڭلارنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايمىز. كۆپرەك چىقىپ تۇرۇڭلار، بىزمۇ يوقلاپ بارىمىز...

سىرتتا، رازاق ھوشۇرنىڭ ھويلىسىنىڭ يېنىدا بىر قارا پىكاپنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلادى. كۆپ ئۆتمەي، ساۋ جورىن، بىلەن جاڭ يۈمېي ئۆيگە ئۆزلىرىنىڭ ئاتىغان سوۋغا، يوللۇقلىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ

كەلدى:

—رازاق ئاخۇن، باتۇر ئاخۇن، يولغا چىقىدىغان ئاتا ئانائىلارنى بىزنىڭ پىكاپ پويىز ئىستانسىسىغا ئاچىقىپ قويىسۇن. بىزمۇ ئاتا-ئانائىلار بىلەن خوشلاشقىلى كەلدۇق،—دېدى ساۋ جۇرېن رازاق ھوشۇر بىلەن باتۇر قادىرغا قاراپ يوغان ئىككى تاختا چاينى سۇنۇپ.

—ئۇنداق قىلمىساڭلارمۇ بولاتتى. ئۆزىمىز ئاپتوبۇسقا ئاچىقىپ قو-ياتتۇق ئەمەسمۇ؟—دېدى رازاق ھوشۇر.

—بۇ شۇي خەيلۇڭ ئولتۇرغان پىكاپ. مەرھۇم شۇي خەيلۇڭ ھايات چېغىدا ھوشۇر قارىغا ئوخشاش ئاق كۆڭۈل مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار. باتۇرقادىر، رازاق ھوشۇرغا ئوخشاش ئازسانلىق مىللەت كادىرلى-رىنى قەدىرلەڭلار، دەپ ۋەسىيەت قىلغان ئىدى. بىز پارتىيىنىڭ غەمخور-لۇقىنى چامىمىزنىڭ يېتىشىچە يەتكۈزۈشكە تىرىشىمىز،—دېدى جاڭ يۇمېي باتۇر قادىر بىلەن رازاق ھوشۇرغا قىزغىن ھېسسىيات بىلەن قاراپ.

ھوشۇر قارى بىلەن رازىخان ئۆزلىرىنى ئۇزىتىدىغان باتۇر قادىر، رازاق ھوشۇرلار بىلەن بىرگە پىكاپقا چىقىش ئارىلىقىدا تەلەيخان، ھاشىخان-لارنىڭ كۆز يېشى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى:

سىلەر نېمىشقا يىغلايسىلەر، باللىرىم، بىز قەبرىستانغا ئەمەس، گۈل-لىستانغا كېتىۋاتىمىز. كۆڭلۈڭلارنى يېرىم قىلماڭلار،—دېدى ھوشۇر قارى پىكاپقا چۈشۈۋېتىپ،—سىلەرنى دائىم ئىزدەپ تۇرىمىز، خوش!

× × ×

ھەش-پەش دېگۈچە ئارىدىن سەككىز يىل ئۆتۈپ كەتتى.

1979-يىلى نورۇز ئېيىدا ھوشۇر قارى بىلەن رازىخان كۆرۈشمىگىلى يېرىم يىل بولغان باللىرىنى يەنە يوقلاپ ئۈرۈمچىگە چىقتى. ئىناق ئائىلە قۇرۇۋالغان بۇ ئىككىيلەن ئەينى يىللاردا شىبەنت بولۇپ كەتكەن ھەمدۇل پالۋان دەپنە قىلىنغان توقسۇن ناھىيىسىنىڭ جىگدىدىكى قارىياغاچلىقتا پات-پات دۇئا-تىلاۋەت قىلغىلى بېرىپ تۇراتتى. بۇ قېتىم ئېتىز-ئېرىق ئىشىنى تېزلا تۈگىتىپ باتۇر قادىر، رازاق ھوشۇر، ھاشىخان، تەلەيخانلارنى ئالاھىدە يوقلاپ چىقىشى ئىدى.

كەچ كىردى. قۇياش غەربىي تاغقا ئولتۇرۇشقا ئاز قالدى. قىزغۇچ نۇرلىرى قاتناش شىركىتىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئىشتىن چۈشكەن ئىشچى-خىزمەتچىلەر توپ-توپ بولۇشۇپ ئۆيلىرىگە تارقىلىشماقتا. باتۇر قادىر بىلەن رازاق ھوشۇر كۆرۈنمەيتتى. ئىشتىن چۈشۈپ يېرىم سائەتتىن كېيىن تەلەيخان ئوغلى شەپقەتجان ئاكىسىنىڭ ئوغلى شەۋكەتجاننى يېتىلەپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. قېيناتىسى ھوشۇر قارى بىلەن ئاپىسى رازىخان بۈگۈن چۈشتە تۇرپاندىن چىققان ئىدى. تەلەيخان باللارنى ھويلىسىغا كىرگۈزۈۋېتىپ، ئۆيگە ئانچە يىراق بولمىغان دوقمۇشتىكى ناۋايخانىدىن ئىسسىق نان ئېلىپ كەلدى. ھاشىخانمۇ ئىشتىن چۈشۈپ ئاشلىق پونكىتىدىن قايتىپ كەلدى. ھەر ئىككىسى ئالدىراش ئۆيگە كىردى.

باتۇر قادىر بىلەن ھاشىخان، غالىبجانلار يەنە ئىلگىرىكى بىر تۈپ چوڭ قارىغاي بار ئۆيدە، رازاق ھوشۇر بىلەن تەلەيخان بولسا قاتناش شىركىتىدە تۆت ئېغىزلىق يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ چىققان ئىدى. ھوشۇر قارى بىلەن رازىخان ئۆيدە تۆت ياشتىن ئاشقان نەۋرىلىرىنىڭ يۈگۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇش بولدى. باتۇرقادىر تۇغۇلغان كېيىنكى ئوغلىنىڭ ئىسمىنى شەۋكەتجان قويغان بولسا، رازاق ھوشۇر ئوغلىغا تەلەيخان بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن مەنىلىك قىلىپ شەپقەتجان دەپ ئىسىم قويغان ئىدى.

ھوشۇر قارى ئۇلارغا قاراپ ئويلىنىپ قالدى.

—باللىرىمىز قىينىلىپ قاپتۇ. غالىبجان ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان تۇرسا، باللىرىغا كىم قارايدۇ؟ يەسلىگە كۈندە ئاپىرىپ-ئەكىلىپ بېقىش ئاسان ئەمەسقۇ دەيمەن،—دېدى يۆتىلىپ.

—ئۆزىمىزنىڭ باققىنى تۈزۈك، ئۇلارنى يۇرتىمىزغا ئېلىپ كەتسەكمىكىن دەيمەن،—دېدى رازىخان ئاقارغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ.

ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزلىرىگە يېقىنلىشىشقا تارتىنىۋاتقان نەۋرىلىرىنى بېقىش توغرىلىق سۆزلىشىۋاتقانلىقىنىڭ ئۈستىگە تەلەيخان بىلەن ھاشىخان كىرىپ كەلدى. ئۇلار ھوشۇر قارى بىلەن رازىخاننىڭ تۆت ياشتىن ئاشقان

بۇ ئوماق باللارنى قانداق بېقىۋاتقانلىقىنى سورىشىغا دەل جايىدا جاۋاب بەردى.

—بىز شەپقەتجان بىلەن شەۋكەتجاننى بېقىشتا قىينىلىۋاتقاندەلىقىمىزنى ھەرقايسىلىرىغا دېيەلمەي تۇراتتۇق،—دېدى ھاشىخان.

—ئاپا، ئاكام يۇقىرى پارتىيە مەكتىپىگە—بېيجىڭغا ئوقۇشقا بارىدىغان بوپتۇ. رازاقمۇ ساۋ جۇرىن بىلەن بىرگە مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنى ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىش كۇرسىسىغا بارماقچى، قاتنىشىدىغان يىغىنلىرىمىزمۇ كۆپ. باللىرىمىزنى يەسلىگە ئاپىرىپ-ئەكىلىش تەس، مەشەگە چىقىپ شەپقەتجان بىلەن شەۋكەتجاننى بېقىپ بەرسەڭلار دېيىشكە تىلىمىز بارمايۋاتىدۇ. ئېغىر كۆرمەي بۇ يىل كۈزگىچە باللىرىمىزنى بېقىپ بەرسەڭلار بوپتۇكەن،—دېدى تەلەيخان مىڭ بىر خىجالەتتە ھوشۇر قارىدىن تارتىنغان ھالدا ئاپىسى رازىخانغا يالۋۇرۇپ.

يەتمىش ئالتە ياشقا كىرگەن ھوشۇر قارىنىڭ سالامەتلىكى دېيەرلىك ياخشى ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەمدى رازىخاندىن ئايرىلالمايتتى. ئۆزى بىلەن تەڭ قۇرامدىكى قېرىلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە، ئۆزىنىڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى دەپنە ئىشلىرىنى ئويلايتتى. قېرىلىق يەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىگە تۇرپاندا ياتىدىغان يەرلىك كولتىپمۇ قويغان، ئۇ ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئەندىشىگە چۈشۈپ رازىخانغا قارىدى.

دۇنيادا باللىرىنى ئويلىمايدىغان، باللىرىنىڭ ھالىغا يېتىشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەيدىغان بىرمۇ ئاتا يوق. رازىخان يولدىشى ھوشۇر قارىدىن ھېچبىر مەسلىھەت سورىمايلا نەۋرىلىرىنى بېقىپ بېرىشكە قوشۇلدى. تەلەيخان بىلەن ھاشىخان ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى.

باتۇر قادىر كەچتە رازاق ھوشۇرنىڭ ئۆيىگە ئاتا-ئانىسى بىلەن مۇڭداشقىلى كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن تەلەيخان ھويلىدىكى 60 ۋاتلىق لامپۇچكىنى يورۇتۇپ كەچكى تاماق تەييارلىقىنى باشلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ ھاشىخان بىلەن بىرگە ئاشخانىدا سەي قورۇپ بولۇپ چاي دەملەۋاتقىنىدا ھويلىنىڭ تار ئىشىكى تاراققىدە ئېچىلدى. تەلەيخان دەسلەپ رازاق ھوشۇرنى، كەينىدىن ساۋجۇرىن بىلەن جاڭ يۈمېينى كۆردى. ئىككىسىنى

باتۇر قادىر قىزغىنلىق بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلماقتا ئىدى.

ساۋجۇرىن بىلەن جاڭ يۇمېي رازاق ھوشۇرنىڭ باشلىشى بىلەن مېھمانخانىغا كىردى. ھوشۇر قارى قېينىلىپ ئورنىدىن تۇرغىچە ساۋجۇرىننىڭ ئالدىغا بېرىپ قول بېرىپ كۆرۈشتى. رازاق ھوشۇر ئىككىيلەننى تۆرگە چىقىشقا تەكلىپ قىلىۋىدى، ئۇلار ئۇنۇمىدى.

—بىزمۇ ئالدىراش، تەييارلىق قىلمىساق بولمايدۇ. كەچكى تاماققا ئولتۇرالمايمىز. ئاتا-ئانىلارنىڭ تۇرپاندىن چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، كۆرۈشۈپ ئۆتەيلى دەپ كىردۇق،—ساۋ جۇرىن ئۆرە تۇرغان پېتى رازاق ھوشۇر بىلەن باتۇر قادىرغا، ئاندىن ھوشۇر قارى بىلەن رازىخانغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،—باتۇر قادىرنىڭ بېيجىڭغا—يۇقىرى پارتىيە مەكتىپىگە بېرىشى مۇقىملاشتى. تەلەيخان شىركىتىمىزنىڭ باسما زاۋۇتىدا ئىشەپچىقىرىش-تېخنىكا-سۈپەت بۆلۈم باشلىقى بولغانلىقتىن كۆپ ۋاقتى زاۋۇتتا ئۆتىدۇ. بالىسىنى يەسلىگە ئاپىرىپ-ئەكىلىشتىن قىينىلىشى تۇرغان گەپ. دەل ۋاقتىدا چىقىپسىلەر.

رازىخان بىلەن ھوشۇر قارى ئوغلى بىلەن قىزىنىڭ خىزمىتىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

—يەنە بىر گەپ، رازىخان، سىلى باسما زاۋۇتتىن خاتا ھالدا چىقىرىۋېتىلگەن بولغاچقا، سىلىگە بۇ يىل 1-ئايدىن باشلاپ ئايمۇئاي تۇرمۇش پۇلى بېرىلىدىغان بولدى. سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە بېكىتىلگەن بۇ قارارنى ھەرقايسىلىرىغا يەتكۈزۈپ قويغىلى كىردۇق،دېدى جاڭ يۇمېي رازىخانغا قاراپ. رازاق ھوشۇر ئۇنىڭ سۆزىنى قېيناپىسىغا تولۇق تەرجىمە قىلىپ بەردى. رازىخان بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولدى. ئۇ ئون يىلدىن بېرى بۈگۈنكىدەك خۇشاللانمىغان ئىدى. ئۇ: ”مەرھۇم يولدىشىم قادىر ھەمدۇللايېۋ كۈتكەن كۈنلەر كېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئىسىت، ئۇ بۇ كۈنلەرنى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىدا بۇ كۈنلەرنى بالىلىرىم كۆرۈۋاتىدۇ“ دەپ ئويلىدى. ئۇ تەلەيخان بىلەن ھاشىخانغا كۆز ئىشارىسىدە داستىخان سېلىشنى بۇيرۇدى. ساۋ جۇرىن سېرىق شەپكىسىگە سىغماي قالغان ئاق ئارىلىغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ

جاڭ يۈمېي بىلەن بىرگە رازاق ھوشۇرنىڭ توسۇشىغا قارىماي خوشلىشىپ
سىرتقا ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىپ مېڭىۋاتقانلىقىغا قاراپ توي
قىلغىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ئەر-خوتۇن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىلى
بولاتتى. ساۋ جۇرىن قايتا-قايتا تەلەپ قويۇپ جاڭ يۈمېي بىلەن توي
قىلىپ، شۈي خەيلۇڭنىڭ ئىنقىلاب ۋە تۇرمۇشتىكى ۋارىسىغا ئايلانغان
ئىدى. بۇ ئىككىيلەننى تۆردە ئولتۇرغان ھوشۇر قارى بىلەن رازىخاندىن
باشقىلىرى ھويلىنىڭ سىرتىغا قەدەر ئۇزىتىپ چىقتى.

ھوشۇر قارى بىلەن رازىخان داستىخان كۆتۈرۈپ كىرگەن تەلەيخان
بىلەن ھاشىخاننى كۆرۈپ، ئۆينىڭ تۆرىدە ئۇخلاپ قالغان نەۋرىلىرىنى
ئويغاتتى. باتۇر قادىر بىلەن رازاق ھوشۇر ئىككى چەتكە بۆلۈنۈپ، ھوشۇر
قارى بىلەن رازىخاننىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ھەممىسى ئادەتتىن تاشقىرى
قىزغىن كەيپىياتتا داستىخاننى چۆرىدەپ چاي ئىچىشكە باشلىدى.

ئاتا-ئانا، ئوغۇل-كېلىنلەر، نەۋرىلەر بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ بىربىد-
رىگە قارىشىپ خۇشال كەيپىياتتا تاماقلىنىش نەقەدەر كۆڭۈللۈك-ھە!
ھەممىسى ۋەھىمىدىن قۇتۇلغان، كۆڭلى ئۈمىدكە تولغان ئىدى. باتۇر قادىر
بىلەن تەلەيخان ئاتىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ تۇرپانغا قايتماي بالىلىرىنى
بېقىپ بېرىشكە قوشۇلغانلىقىغا ناھايىتى خۇشال، ئۇلارمۇ ئوغۇللىرى بىلەن
قىزلىرىنىڭ تەقدىرىنىڭ يىلدىن يىلغا ياخشىلىنىۋاتقانلىقىغا خۇشال ئىدى.
ئەتە ئۇلار 3-ئومۇمىي يىغىن ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىش كۇرسىغا بارىدۇ.
باتۇر قادىر كەينىدىنلا يۇقىرى پارتىيە مەكتىپىگە—بېيجىڭغا ئوقۇشقا
بارىدۇ. ساۋ جۇرىن بىلەن باتۇر قادىرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ليۇ شۈەي
قاراشەھەر باغراش كۆلى رايونىدىن ئاپتونوم رايونغا يۆتكىلىپ كەپتۇ.
ئۇ ئىزدەپ-سوراپ ئۆتمۈشتە شياڭگاڭغا مەجبۇرىي ئاچقىپ كېتىلگەن
سىڭلىسىنىڭ ھايات ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاپتۇ. باتۇر قادىر
يۇقىرى پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېڭى، تېخىمۇ
چوڭ خىزمەتكە قويۇلۇشى مۇمكىن. رازىخان بالىلىرىنىڭ تەقدىرىدىكى
بۇ زور ئۆزگىرىشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قېيناتىسى ھەمدۇل پالۋاننى،
مەرھۇمنىڭ ئوغلى مەرھۇم قادىر ھەمدۇللايېۋنى، شوپۇر لاۋليۇ بىلەن

ئۇكسى شوي خەيلۇگنى ئەسلىدى: «ئۇلار ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، كېيىن-كى ئەۋلادلارنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ياشىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جاپا چەككەن ئەۋلادلىرىنىڭ تەقدىرىنىڭ ئوڭشالغانلىقىنى، ئۆزلىرى كۆتكەن پارلاق كېلىچەككە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتقاندىمۇ؟...»

—بۇ كۈنلەر يىگىرمە يىل بۇرۇن كەلگەن بولسا مەنمۇ سەرسان بولۇپ يۈرمەيتتىم، باللىرىم، ئاجايىپ ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈر-دۇق-ھە،—دېدى ھوشۇر قارى ئوغلى رازاق ھوشۇرغا. ئاندىن سوئال نەزەرىدە خيال سۈرۈۋاتقان رازىخانغا مەنىلىك قاراپ قويدى.

رازىخان خيال سۈرۈشتىن توختاپ. يولدىشىغا بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرىدى.

—ئاتا، ئۇ كۈنلەرنى ئەسلەۋەرمەي ئالدىغا قارايلى. دەرد تارتمىغان كىم بار؟ ھازىر ۋەزىيەت ياخشىلىنىپ، ئىشلار توغرا ئىزغا چۈشتى،—دېدى رازاق ھوشۇر كۆڭلى يېرىم بولغان ئاتىسىغا قاراپ تەسەللى بېرىپ.

—توغرا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قى-لىش»نى توختاتتى. ئىقتىسادنى مەركەز قىلىش يۆنىلىشى بەلگىلەندى. ئادەمنىڭ قەلبىنى جاراھەتلەندۈرىدىغان مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئەمدى مەڭگۈ ئېلىپ بېرىلمايدۇ. مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئېچى-لىشىنى دۆلىتىمىز تارىخىدىكى ئەڭ زور بۇرۇلۇش دېيىشكە بولىدۇ. بىز ئەمدى تېخىمۇ ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشىمىز،—دېدى باتۇر قادىر چاي ئىچىپ بولۇپ.

ھوشۇر قارى تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلىۋىدى، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دۇئاغا قوللىرىنى كۆتۈرۈشتى. دۇئادىن كېيىن باتۇر قادىر:

—ئاتا، ئاپا، بىز ئەتە ئەتىگەن ئۆگىنىش كۇرسىغا بارماقچى ئىدۇق. بالدۇرراق قايتايلى،—دېدى ۋە خوشلىشىپ سىرتقا ماڭدى. ئۇلارنى رازاق ھوشۇر بىلەن تەلەيخان قىزغىن ئۇزىتىپ قويدى.

ئەتىسى رازاق ھوشۇر بىلەن تەلەيخان ئورنىدىن سەھەر تۇردى. تەلەيخان ئاشخانا ئۆيدىكى ئوچاققا ئوت قالىدى. رازاق ھوشۇر ناۋايخانى-

دىن ئىسسىق نان ۋە سۈت ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن سىرتقا ماڭدى.
3-ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى باش باھار بولغىنى بىلەن ھاۋا خېلىلا
سوغۇق ئىدى. كۆن چىققاندا سوغۇق كەينىگە يېنىپ، تالا-تۈزگە ئەستەر-
لىك چاپان ۋە پوپايكا كىيىپ چىققىلى بولاتتى. كوچا ئاپتوبۇسلىرى
كوچا-كوچىلاردا غۇيۇلداپ قاتنىماقتا. ئىش ئورنى يىراقراق بولغان ئىش-
چى-خىزمەتچىلەر ۋېلسىپىت مىنىپ ئۆتمەكتە. مەركىزىي خەلق رادىيو
ئىستانسىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي
يىغىنى قارارلىرىنى قىزغىن ھىمايە قىلىۋاتقانلىقىنى ئېپتىخارلىق بىلەن
ئاڭلاتماقتا.

شەرقىي تاغدىكى كۈن قىزىرىپ چىقىپ، قاتناش شىركىتىنىڭ بىنا-
لىرى بىلەن بىر قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر قورۇسىنى يورۇتتى. مانا، باتۇر
قادىر بىلەن ھاشىخانمۇ كەلدى. ئۇلارمۇ ئەتىگەن تۇرۇپ ناشتىلىق قىلىپ
بولۇپ كەلگەن ئىدى. قاتناش شىركىتىنىڭ ئالدىدا بىر ئاپئاق پىكاپ
مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىن ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىش كۇرسىغا
بارىدىغانلارنى ئاپىرىش ئۈچۈن يېرىم سائەت ئىلگىرى كېلىپ بولغان
ئىدى.

ھوشۇر قارى بىلەن رازىخان ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ بولۇپ
نەۋرىلىرىنى يېتىلەپ رازاق ھوشۇر بىلەن باتۇر قادىرنى ئۇزاتقىلى قاتناش
شىركىتى دەرۋازىسى ئالدىغا چىقتى. ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي ساۋ
جۇرىنمۇ پەيدا بولدى. ئەتىگەن كەلگەن ئىشچى-خىزمەتچىلەر جاڭ يۈ-
مېي، ۋاڭ دۈيجاڭلار بىلەن بىرگە ساۋ جۇرىن، باتۇر قادىر، رازاق ھوشۇر-
لارنى ئورىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش كۇرسىغا بېرىپ قايتىشىدا ئۆزلىرىگە
ئەڭ ياخشى خەۋەرلەرنى ئېلىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلدى. پىكاپقا سومكىسىد-
نى كۆتۈرۈپ ساۋ جۇرىن ئەڭ ئالدىدا چىقتى. باتۇر قادىر بىلەن رازاق
ھوشۇر ئۆزلىرىنى ئۇزاتقىلى چىققان جاڭ يۈمېي بىلەن ۋاڭ دۈيجاڭغا ۋە
ئاممىغا مىيىقىدا كۈلگىنىچە بېشىنى لىڭشىتىپ خوشلاشتى. قوللىرىنى
پۇلاڭلىتىپ ئىچ-ئىچىدىن خۇشاللىققا چۆمگەن ئاپىسى رازىخان بىلەن
ئاتىسى ھوشۇر قارىغا ۋە باللىرىغا قول ئىشارىسى قىلىپ خوشلىشىپ

ساۋجوُرىنىنىڭ كەيىندىن پىكاپقا چىقتى، شەپقەتجان بىلەن شەۋكەتجان ئاتىلىرىغا ئەگىشىپ يىغلاشقا باشلىۋىدى، رازىخان يانچوُقىدىن بىر سىقىم كەمپوْت چىقىرىپ ئىككى نەۋرىسىنى مەلىكە قىلدى. پىكاپ قاتناش شىر- كىتى دەرۋازىسى ئالدىدىن ئاستا-ئاستا قوزغىلىپ چوڭ يولغا چوْشتى-دە، غوُيوُلداپ مىڭىپ كەتتى.

ئۆتكەن كوْنلەر قايتىپ كەلمەسكە كەتتى. تىللاردا داستان بولىدى- غان نوُرغوْن نامسىز پالۋانلار بىلەن زور ۋەقەلىكلەرنى ئۆز بىشىدىن ئۆتكوْزگەن زىمىندا ئادەملــەرنىڭ تەقــدىرى يۆتكىلــىپ، يېــڭى هايات باشلاندى.

1978—1997-يىللار، كورلا.

[General Information]
书名=改道的河　维吾尔文
SS号=40300767